# ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك

مىللەتلەر نەشرىياتى

# سۆزلۈكنىڭ تۈزۈلمىسى

بۇ «سۆزلۈك»تىكى سۆزلەر ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن كونا ئۇيغۇر ئېلىپبەسى تەرتىۋى بويىچە تىزىلدى.

سۆزلەرنىڭ قەدىمكى يېزىلىش شەكلى تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ، ئايرىم بېرىلدى.

ئەرەپچە سۆزلەرگە "ئ"، پارسچە سۆزلەرگە "پ" دىگەن شەرتلىك بەلگە بېرىلدى؛ بۇ ئىككى تىلدىن بىرىكتۈرۈپ ياسالغان سۆزلەرگە "ئپ" بەلگىسى بېرىلدى؛ تۈركى سۆزلەرگە ھىچقانداق بەلگە بېرىلمىدى.

كۆچمە مەنىدىكى (مەجاز) سۆزلەرگە "كۆچ:" دىگەن بەلگە بېرىلدى.

مىسال كەلتۈرۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئالدىغا قوش چېكىت (:) بەلگىسى قويۇلۇپ، مىسال سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرمىلىرى ئارىلىغا ئۇزۇن سىزىق (—) بېرىلدى.

كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ باشقا-باشقا مەنىلىرى چېكىتلىك پەش (؛) بىلەن ئايرىلدى.

شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىگە 1، 2، 3، دىگەن رەقەملەر قويۇلۇپ، ئايرىم-ئايرىم بېرىلدى. مەسىلەن: تاب$^{1}$، تاب$^{2}$، تاب$^{3}$؛ دار$^{1}$، دار$^{2}$ دىگەندەك.

قەدىمكى ئەسەرلەردە ئىملا قائىدىلىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن، سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى تۈرلۈكچە شەكىللەردە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئات — ئاد؛ ئارباغ — ئەرباغ؛ باشاق — بەشاق؛ ئاتارۇد —

ئەتارۇد: بائەدەب ــ بەئەدەب ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. بۇنداق سۆزلەر ئۆزىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىغا قاراپ، ئايرىم-ئايرىم ھەرپلەر بۆلۈمىگە كىرگۈزۈلۈپ، بىر مەنىدە چۈشەندۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەردە قايتىلىنىش يۈز بەردى.

تۈركى سۆزلەرنىڭ بىرنەچچە خىل تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىرى ئۆزىنىڭ كېلىش ئورۇنلىرىغا قاراپ ئايرىم بېرىلدى، مەسىلەن: ئاداق ــ ئازاق ــ ئەياق (پۇت، ئاياق)؛ ئادىغ ــ ئادۇق ــ ئايىغ ــ ئايۇق (ئېيىق)؛ ئادىن ــ ئازىن (باشقا، ئۆزگە)؛ يازۇق ــ يازىق (گۇنا، ئەيب) دېگەندەك.

تىلىمىزدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغان بەزىبىر ئەرەپچە-پارسچە سۆزلەر، مەسىلەن، ئەدالەت (ئادالەت)، ئەزاب (ئازاپ)، ئەيال (ئايال)، ئەلامەت (ئالامەت) جەھان (جاھان)، جەھانگىر (جاھانگىر)، جەراھەت (جاراھەت)، جەسارەت (جاسارەت)، ھەيات (ھايات)، ھەيۋان (ھايۋان) دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر "ئا" ھەرپىگە ئەمەس، "ئە" ھەرپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يەنى ئەرەپچە-پارسچە تەلەپپۇز قىلىنىشى بويىچە بېرىلدى. شۇڭا، بۇنداق سۆزلەر "ئا" ھەرپىدىن ئىزدەلمەي، "ئە" ھەرپىدىن ئىزدەلسە بولىدۇ.

قەدىمكى ئەسەرلەردە "ج" ۋە "چ" ھەرپلىرى تولاراق "ج" شەكلىدە، "ب" ۋە "پ" ھەرپلىرى "ب" شەكلىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، چالما ــ جلما؛ لاچىن ــ لاجن؛ چايان ــ جازەن؛ كىتاپ ــ كىتاب؛ زەرداپ ــ زەرداب دېگەندەك. بۇنداق سۆزلەر تىزناق ئىچىدە "ج"، "ب" شەكلى بويىچە بېرىلدى.

بەزى سۆزلەرنىڭ بىرلىك-كۆپلۈك مەنىلىرى شۇ سۆزلەرنىڭ يېنىدا تىزناق ئىچىدە ئۇقتۇرۇلدى.

# سۆزلەرنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى


ئا (آ) ........ 1
ب (ب) ........ 36
پ (پ) ........ 91
ت (ت ط) ........ 107
ج (ج) ........ 158
چ (چ) ........ 174
خ (خ) ........ 183
ھ (ح ه) ........ 213
د (د) ........ 237
ر (ر) ........ 268
ز (ز ذ ض ظ) ........ 299
س (ث س ص) ........ 322
ش (ش) ........ 378
غ (غ) ........ 403
ق (ق) ........ 415
ف (ف) ........ 450
ك (ك ک) ........ 469
گ (گ) ........ 500
ئە (ا ع) ........ 518
ئى (ا ع) ........ 559
ي (ى) ........ 591
ل (ل) ........ 606
م (م) ........ 620
ن (ن) ........ 733
ۋ (و) ........ 758
ئو (ا او) ........ 772
ئۆ (ا او) ........ 775
ئۇ (ا او) ........ 778
ئۈ (ا او) ........ 785

# تۈزگۈچىدىن

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى يارىتىش جەرياـنىدا، ئېلىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس مەدەنىي بايلىقلارنى قوشقان. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئاشۇ مەدەنىي بايلىقلارنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋىي قىسمى.

ئۇيغۇر خەلقى بۈگۈنكى كۈندە ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى ئېلىپ قوبۇل قىلىش پىرىنسىپى بويىچە، ئۆزىنىڭ بۇ مەدەنىي مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك بولغان مىللىي مەدەنىيىتىنى يارىتىماقتا ۋە گۈللەندۈرمەكتە.

ئازاتلىقتىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى ئارقىسىدا، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ياخشى ئۈلگىلىرى كىتاب ۋە ژۇرناللاردا تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن تونۇشتۇرۇلدى ۋە تونۇشتۇرۇلماقتا. بەزى يىرىك ئەسەرلەرمۇ قايتا بېسىپ چىقىرىلدى ۋە چىقىرىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. شۇنداقلا، ئوتتۇرا ۋە ئالى مەكتەپلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگىمۇ بۇ ئەسەرلەردىن پارچىلار كىرگۈزۈلۈپ، كەڭ ئوقۇغۇچىلارغا دەرس قىلىپ ئۆتۈلمەكتە. بولۇپمۇ ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى بىللە، مەدەنىي مىراسلارنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا قىزىقىدىغان تەتقىقات خادىملىرىنىڭ

قاتىرى ئۆلغىيىپ، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ئىشلىرى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلمەكتە.

بىراق، كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنىڭ يېزىق شەكلىنىڭ ۋە تىلىنىڭ ھازىرقى يېزىق شەكلى ۋە تىلىمىزدىن كۆپ يىراقلىشىپ كەتكەنلىكى، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئەرەپچە-پارسچە سۆز-ئىبارىلەر بەك كۆپ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كەڭ كىتابخانلىرىمىز بۇ ئەسەرلەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا كۆپ قىيىنچىلىقلارغا دۇچكەلمەكتە. بۇ ھال كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەرەپچە-پارسچە ۋە قەدىمكى تۈركى سۆز-ئىبارىلەرنى ھازىرقى تىلىمىزدا يېشىپ بېرىدىغان مەخسۇس سۆزلۈكلەرنىڭ بولۇشىنى جىددى تەلەپ قىلىدۇ. ئەلۋەتتە. كەڭ كىتابخانلىرىمىزنىڭ بۇ تەلىپىنى باشلانغۇچ قەدەمدە قاندۇرۇش مەقسىتىدە بۇ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» تۈزۈپ چىقىلدى.

بۇ «سۆزلۈك»نى تۈزۈپ چىقىش ۋە تەھرىرلەش داۋامىدا بىرمۇنچە پېشقەدەم يازغۇچى، شائىر ۋە تىلچىلىرىمىز ئۆزىنىڭ قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى بەردى، بولۇپمۇ ئابدۇلھەمت مەخسۇم ۋە ئەھمەت زىيائى قاتارلىق پېشقەدەملىرىمىز كۆزدىن كەچۈرۈپ، قىممەتلىك پىكىر ۋە ياردەملىرىنى بەردى، بىز ئۇلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز.

بۇ «سۆزلۈك»نى تۈزۈش ۋە تەھرىرلەشتە، چەت ئەللەردە ۋە ئېلىمىزدە چىققان كىلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر تۈرلۈك لۇغەت، سۆزلۈك ۋە ماتىرىياللاردىن پايدىلىنىلدى. كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز-نىڭ يىرىك ۋەكىللىرى بولغان لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى، ناۋايى، نىزارى، تەجەللى، فىرقەتى ۋە موللا بىلال قاتارلىق يازغۇچى ۋە شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىن تۈرلۈك سۆز-ئىبارىلەر ۋە تىگىشلىك مىساللار تاللاپ ئېلىندى.

بۇ «سۆزلۈك» تەخمىنەن 15 مىڭچە سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇنىڭغا مۇھەممەت تۇرسۇن ئىبراھىمى ۋە خوجا ئەخمەت يۇنۇس يولداشلار توپلاپ ۋە رەتلەپ ئەۋەتكەن تۆت مىڭچە سۆزلۈك ماتېرىيالدىن تەخمىنەن 3 مىڭچە سۆز تاللاپ ئېلىندى. بۇ سۆزلەرنىڭ ئازغىنا بىر قىسمى قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامانقى (چاغاتاي دەۋرىدىكى) تۈركى سۆزلەر بولۇپ، قالغان مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەينى زاماندا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوللىنىلغان ئەرەپچە-پارسچە سۆزلەردۇر. بۇ سۆزلەرنىڭ ئازغىنا بىر قىسمى ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ساقلىنىپ قالغاندىن تاشقىرى، قالغان كۆپ قىسمى ئىستېمالدىن قېپقالغان. شۇڭا، بۇ سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمىدىن بولۇپمۇ ئەرەپچە-پارسچە سۆزلەردىن پەقەت مەدەنىي مىراسلارنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش قورالى سۈپىتىدىلا پايدىلىنىشقا بولىدۇكى، ئۇلارنى داۋاملىق قوللىنىشقا بولمايدۇ.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقى ۋە بۇنداق سۆزلۈكنى تۇنجى قېتىم ئىشلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭدا تۈرلۈك كەمچىلىك، ئەۋەنلەرنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ. كەڭ كىتابخانلىرىمىزنىڭ بۇ كەمچىلىك ۋە ئەۋەنلەر ئۈستىدە تەنقىدىي پىكىرلەر بېرىشىنى سورايمىز.

# ئا

**ئا** (آ) پ. چاقىرىق، تىلەك، مۇراجىئەت، ھەيرانلىق مەنە-لىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ئۈرغۇ. م: مۇبادا، خۇداۋەن-دا. خوشنا: "ئاقا" سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلى.

**ئاب** (آب) ئوۋ، شىكار.

**ئاب** (آب) پ. سۇ، سۇيۇق-لۇق؛ شۆلگەي، سېرىق سۇ، شالا؛ مەنى، مەنى سۇيۇق-لۇغى؛ شىرنە، شىرنە سۇيى؛ يۈز، ئابروي؛ پارلاق، پارقى-راق؛ يېڭى، ياش؛ دېڭىز، دەريا: ئاب بان — مىراپ، كۆكبېشى؛ ئاب ئەنبار — سۇ ئامبىرى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: بەناگاھكى تۆكتى ياشىنى سەھاب، ھەمە كىمە ئىچرە قالۇب قالدى ئاب. (ئا. نىزارى)

**ئابا** (آبا) ئاپا، ئانا.

**ئاباجى** (آباجى) پ. ئاچا، ئىگىچە، ھەدە؛ ئاپا.

**ئاباچى** (آباجى) ھۆجۇ، ئالۋاستى: ئاباچى كەل-دى — ئالۋاستى كەلدى.

**ئاباد** (آباد) پ. ئاۋات، گۈللەنگەن، مەمۇر؛ ئادەم قويۇق يەر؛ زىرائەتلىك؛ ئېچىلغان؛ بەللى! قالتىس!

**ئابادان** (آبادان) پ. "ئاباد"قا قاراڭ.

**ئابادسال** (آبادسال) پ. مول ھوسۇللۇق يىل.

**ئابادى** (آبادى) پ. ئاۋاتلىق، گۈللىنىش، مەمۇرچىلىق؛ مەھەللە، ئاھالە جايلاشقان يەر.

**ئاباقى** (آبا قى) قارانچۇق.

**ئاباڭ** (آبانگ) ئەگەر،

مۇبادا.

**ئاباﺋ** (آباء) ئ. ئاتىلار، ئاتا-بوۋىلار، ئەجداتلار. (بىرلىكى "ئەب").

**ئابام بىرۇك** (آبام بروك) "ئاباڭ"غا قاراڭ.

**ئابام ئۇلۇغ** (آبام اولوغ) ئەبدى، مەڭگۈ، دائىملىق.

**ئابباره** (آبباره) پ. توغان، سۇ توسمىسى.

**ئابچام** (آبجام) لوڭقا، شىشە: قاش ئابچام — قاش تېشىدىن ئىشلەنگەن لوڭقا ياكى قۇتا.

**ئابدار** (آبدار) پ. سۇلۇق، سۇغىرىلغان، پارقىراق، يالت-يۇلت، ياخشى تاۋلانغان؛ كۆچ: ئاق يۈزلۈك گۈزەل؛ سۆيۈملۈك يارنىڭ لېۋى: لەئلى ئابدار — پارقىراق تاش، ساپ تاش؛ ئابدار نوكتە — ئۇچۇق، روشەن ۋە ھېكمەتلىك سۆز، پىكىر. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: چەشمەئى خۇرشىد نۇر ئەمۋاجى بىرلە دەھرىنىڭ، يۈپ-يۈزىدىن قارەسىن كۆزگۈدەك ئەتتى ئابدار. (تەجەللى)

**ئابدارخانه** (آبدارخانه) پ. چايخانا.

**ئاب داغ** (آب داغ) پ. داغسۇ، قىزىق سۇ.

**ئابدان** (آبدان) پ. "چەلەك؛ كۆلچەك.

**ئابدەست** (آبدەست) پ. تاھارەت ئالماق، يۇيۇنماق؛ ئەپچىل، چاققان؛ توغرا، تۈز.

**ئابدەستخانه** (آبدستخانه) پ. ھاجەتخانا، تاھارەتخانا.

**ئابخور** (آبخور) پ. سۇ مەنبەئى؛ مال سۇغىرىلىدىغان جاي؛ بەخت، تەلەي.

**ئابخورد** (آبخورد) پ. سۇ ئىچىلىدىغان جاي؛ ئولتۇراقلىق جاي. كۆچ: نەسىبە، قىسمەت، تەلەي.

**ئابخورىشت** (آب حورشت) پ. تېتىتقۇلۇق، تەم-تېتىق شىرنىسى.

**ئابروي** (آبروى) پ. ئاب-

روي، يۈز، ئىناۋەت، ھۆرمەت، قەدىر، ئۆيات (تۈپ مەنىسى يۈز سۈيى).

**ئاب زۇلال** (آب زلال) پ. سۈزۈك سۇ.

**ئابسال** (آبسال) پ. باھار، ئەتىياز؛ گۈللۈك باغ؛ ئۈزۈم-لۈك باغ.

**ئابشار** (آبشار) پ. شار-قىراتما.

**ئابكش** (آبكش) پ. سۇچى، سۇ تارتقۇچى (بۇ سۆز ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا "ئەپ-كەش" دەپ ئىيتىلىپ، سۇ ياكى يۈك تاق كۆتىرىدىغان بالداقنى بىلدۈرىدۇ).

**ئابگاھ** (آبگاه) پ. كۆلچەك، كۆل؛ سۇ ئامبىرى.

**ئابگىر** (آبگير) پ. كۆل، كۆلچەك؛ سۇ بەرگۈچى؛ قىرغاق؛ قاينام؛ چىلەك، سوغا.

**ئابگىرە** (آبگره) پ. توغان توسما.

**ئابگىنە** (آبگينه) پ. شىشە، ئىستاكان؛ ئەينەك.

**ئابگۇن** (آبگون) پ. سۈزۈك، كۆككۆمتۈلرەڭ؛ ئەينەك: چەرخى ئابگۇن — ئاسمان؛ پەردە ئابگۇن — ئاسمان مەنزىرىسى (كۆچمە مەنىدە).

**ئابگۇنە** (آبگونه) پ. سۈيۈق، سۈيۈقلۇق.

**ئابەست** (آبست) پ. تىرىلغان يەر.

**ئابەستە** (آبسته) پ. يەر تىرىماق: ماتكا.

**ئابەستەن** (آبستن) پ. ئىغىرئاياق، ھامىلدار؛ يېتى-لىۋاتقان، يوشۇرۇنغان.

**ئابەشت** (آبشت) پ. يوشۇ-رۇنغان؛ جاسۇس، تىڭچى.

**ئابەشتگاھ** (آبشتگاه) پ. يوشۇرۇنىدىغان جاي؛ ھاجەتخانا.

**ئابيار** (آبيار) پ. سۇغار-غۇچى، كۆكبىشى، مىراب.

**ئاب يەخ** (آب يخ) پ. مۇز سۈيى.

**ئابناك** (آبناك) پ. سۈيۈق، سۇ ئارىلاش، سۈيۈقلۇق، سۇلۇق.

**ئاب نەدارای** (آب نداری)
پ. سۇسىز، قۇرۇق، قۇرغاق.
**ئاب نەمەك** (آب نمك) پ.
تۇز ئېرىتمىسى.
**ئاب نەم** (آب نم) پ. نەم؛
كۆپۈك.
**ئابنۇس** (آبنوس) پ. قارا؛
قارا تۇسلۇك قاتتىق ۋە خۇش-
پۇراق دەرەخ: تەختى
ئابنۇس — ئابنۇس ياغىچى-
دىن ياسالغان تەخت.
**ئابى**[1] (آبى) پ. سۇلۇق،
سۇ ئۇستىدىكى؛ هاۋارەڭ،
كۆك؛ ئۆستەڭ سۇيى بىلەن
سۇغىرىلىدىغان.
**ئابى**[2] (آبى) پ. بىيە، بىهى:
شەربەتى ئابى — بىيە
شەربەتى.
**ئابى باز** (آبباز) پ. سۇ
ئاستىدا شۇڭغۇپ ئۈزگۈچى.
**ئابى بىنى** (آب بينى) پ.
ماڭقا، بۇرۇن سۇيى.
**ئابى بەقا** (آب بقا) پ.
تىرىك سۇ، ئاقار سۇ.
**ئابى بۇزۇر** (آب بزور) پ.
ئەملىنىش ئۈچۈن ئىچىلىدى-
غان شەربەتلەرنىڭ بىرى.
**ئابى پاش** (آب پاش) پ.
سۇ سەپكۈچ.
**ئابى تاب** (آب تاب) پ.
داغلانغان سۇ؛ يېتىلمەك،
ۋايىغا يەتمەك، ياشىنماق:
ئۈزۈملەر تازا پىشىپ ئابى
تابىغا كېپتۇ.
**ئابى تەراۋەت** (آب تراوت)
ئپ. تازا سۇ، تازىلىق
سۇيى.
**ئابى جارى** (آب جارى)
پ. ئېقىن سۇ.
**ئابى جۇش** (آب جوش)
پ. قايناقسۇ.
**ئابى چاھ** (آب چاه) پ.
قۇدۇق سۇيى.
**ئابى چەشم** (آب چشم) پ.
كۆز يېشى، ياش.
**ئابى ھەيات** (آب حيات) ئپ.
ھاياتلىق سۇيى، تىرىكلىك
بېغىشلىغۇچى سۇ، ئۆلمەسلىك
سۇيى (چۆچەكلەردە ئېيتىلى-
دىغان بۇلاق، بۇ بۇلاقنىڭ
سۇيىنى ئىچكەن كىشى مەڭگۈ
ياشارمىش).

**ئابى ھەيۋان** (آب حيوان)
ئىپ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
ئىپتىدادا بۇ ۋۇجۇد ئەتمىش
قارالىقدىن زۇھۇر، ئابى
ھەيۋان چەشمەسى تاپمىش
قارالىقدا قارار.
(تەجەللى)

**ئابىد** (عابد) ئە. ئىبادەت
بىلەن شۇغۇللانغۇچى
تەقۋىدار ئادەم (ئەر).

**ئابىدە** (عابده) ئە. ئىبادەت
قىلغۇچى تەقۋىدار ئايال.

**ئابىدە** (آبيده) پ. مەڭگۇ
تاش، تاشپۈتۈك؛ مازار،
خاتىرىلىنىدىغان جاي؛ قەبرە
ئۈستىگە ئورنىتىلغان يادى-
كارلىق: ئورخۇن ئابىدى-
لىرى — ئورخۇن مەڭگۇ
تاشلىرى.

**ئابى دەھەن** (آب دهن) پ.
ئېغىز سۈيى، شۆلگەي.

**ئابىدى** (عابدى) ئە. تەقۋى-
دارلىق، ئېتىقات؛ تەقۋىدارلىق
تۇرمۇش.

**ئابى دىدە** (آب ديده) پ.
كۆز يېشى، ياش.

**ئابى دىنار** (آب دينار) پ.
ئەمەلىنىش شەربەتلىرىنىڭ
بىرى، دىنار شەربەتى.

**ئابىر** (عابر) ئە. يولۇچى،
ئۆتكۈنچى.

**ئابى راۋان** (آب روان) پ.
ئاقار سۇ، راۋان سۇ.

**ئابى رەھمەت** (آب رحمت)
ئىپ. رەھمەت ياغدۇرغۇچى
سۇ (قار، يامغۇر سۈيى).
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
تەشنە بولدۇم ئابى رەھمەت-
تىن تىلەرمەن ساقىيا، قەترە-
ئى ئالغان بىلەن دەريايى
ئەممان ئۆكسىمەس.
(زەلىلى)

**ئابى زار** (آبى زار) پ.
ئېتىزلىق، ئېكىنزارلىق.

**ئابى زەمزەم** (آب زمزم)
پ. زەمزەم سۈيى (مەككىدە
ھەرەمنىڭ يېنىدىكى زەمزەم
قۇدۇغىنىڭ سۈيى)

**ئابىس** (عابث) ئە. چاقچاق-
چى، ھەزىلكەش، قىزىقچى.

**ئابىس** (عابس) ئە. قاپىغى

تۇرۇك، غەمكىن چىراي؛ سۇرلۇك. ("ئەبۇس"كە ئوخشاش).

**ئابى شىرىن** (آب شیرین) پ. تۇزسىز سۇ، تاتلىق سۇ، ئىچىلىدىغان سۇ.

**ئابىشخور** (آبشخور) پ. سۇ ئىچىلىدىغان جاي؛ سۇ ئامبىرى؛ تەقدىر، تەلەي.

**ئابى كەۋسەر** (آب کوثر) ئپ. كەۋسەر سۈيى. "كەۋسەر"گە قاراڭ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئۇد ئەنبەر تۇپرىغىدۇر ئابى كەۋسەردۇر سۈيى، دۇررى مارجان تاشلىرىدۇر كوھسارى كاشغەر. (گۇمنام)

**ئابلە** (آبله) پ. قاپارتقۇ، قاداق؛ چىچەك: شېئىردا مۇنداق كەلگەن: يۈزى سارىغ ئولدى قولى ئابلە، شكەنجى زامانغا بولۇپ شامىلە. (ئا. نىزارى)

**ئابى مەئدەنى** (آب معدنی) ئپ. مەدەن سۈيى، مىنېراللىق سۇ.

**ئابى مەنى** (آب منی) ئپ. مەنى، ئىسپېرما.

**ئابى نەبات** (آب نبات) پ. ناۋات شەرۋىتى. كۆچ: پوستى سىرىق، ئالا ئەتلىك تاتلىق قوغۇن.

**ئابنۇز** (آبنوز) پ. "ئابنۇس"قا قاراڭ.

**ئابۇ** (آبو) پ. باتاناق، ياتما نىلۇپەر.

**ئابۇتاب** ( آب وتاب ) پ. كۆپتۈرمەك، مۇبالىغە قىلماق، ئاشۇرۇۋەتمەك.

**ئابۇجارۇ** ( آب وجارو ) پ. تازىلىق قىلماق، سۈپۈرمەك.

**ئابۇخاك** ( آب وخاك ) پ. يەر، زېمىن، تېرىتورىيە؛ ۋەتەن.

**ئابۇ ھەۋا** (آب وهوا) ئپ. ھاۋا رايى، ئىقلىم، كىلىمات.

**ئابۇدانە** ( آب ودانه ) پ. ئوزۇقلۇق، يېمىلىك؛ تۇرمۇش ۋاستىسى، تىرىكچىلىك پىلانى.

**ئابۇ رەڭ** (ئاب ورنگ) پ. يورۇقلۇق، نۇر، ۋال-ۋۇل؛ سۇ بوياق؛ سۇ بوياق رەسىم.

**ئابۇشقە** (آبوشقه) تەر، كۆياۋ؛ چال، قېرى؛ شېئىردا مۇنداق كەلگەن: بىر ياندىن ئۇغۇل غەم شىكەنجى، بىر ياندىن ئابۇشقە دەردۇرەنجى.

(ناۋايى)

**ئابۇگىل** ( آب وگل ) پ. سۇ ۋە لاي؛ تۇغما خىسلەت، تۇغمىلىق؛ تۆۋي.

**ئابۇ كەن** ( آبوكن ) ئ. ئۇلۇغ بوۋا، جەد.

**ئاپام بىرۇك** (آپام بيروك) "ئابام بىروك"قا قاراڭ.

**ئات** (آت) "ئاد"غا قاراڭ.

**ئاتابىك** (آتابيك) تەربىيىچى (ئوردا تەربىيىچىسى)؛ دۆلەت ۋەزىرى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ھەم ئول فەرھادقا ئېردى ئاتابىك، كۆرۈپ ئانى فەرھاد خۇد ئانى ئاتادىك.

(ناۋايى)

**ئاتاخان** (آتاخان) يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**ئاتاچى** (آتاجى) تېۋىپ، دوختۇر، ئەمچى.

**ئاتار-تۇتار** (اتار توتار) چاقچاقلىق؛ مەرگەنلىك.

**ئاتاش** (آتاش) ئاتداش، ئىسمداش، نامداش.

**ئاتاساغۇن** (آتاساغون) "ئاتاچى"غا قاراڭ.

**ئاتاقى** (آتاقى) "ئاتىكام" مەنىسىدە كېلىدۇ.

**ئاتاي** (آتاى) باشكا، ئۇچار-قانات بالىسى: ئۇچ كۆكۈرچىكەن ئاتايى — ئۇچ كەپتەر باشكىسى.

**ئاتالا** (آتالا) ئاتىلا، ئۇماش.

**ئاتامان** (آتامان) باشلىق، سەردار.

**ئاتان** (آتن) ئاتان تۆگە (ئەركەك تۆگە): ئاتان يۈكى ئاش بولسا، ئاچقا ئاز كۆرۈنۈر.

(ماقال)

**ئاتغۇلاماق** (آتغولاماق) تىرئەندازلىق قىلماق، قىلىچۋازلىق ياكى نەيزىۋازلىق قىلماق.

**ئاتقاغىسىز** (آتقاغسز) غەمئەندىشىسىز.

**ئاتقاماق** (آتقاماق) قىرائەت ۋە تىلاۋەت قىلماق.

**ئات ياڭا** (آت يانكا) مال چارۋا.

**ئاتى** (آتى) ئ. كېلەچەكتىكى، كەلگۈسىدىكى؛ ئاستىدىكى.

**ئاتىر** (عاطر) ئ. بۇيلۇق، پۇراقلىق، ئەتىربۇيي چېچەپ تۇرىدىغان، كۆپ؛ ياخشى، قاملاشقان؛ ئەتىر پۇرىغىنى ياخشى كۆرىدىغان. خاتىر ئاتىر — ياخشى مەسلەھەت، ياخشى ئەقىل.

**ئاتىش** (آتش) ئۇرۇش، ئېتىش، جەڭ، ئېتىشىش.

**ئاتىش** (آتش) پ. "ئاتەش"كە قاراڭ.

**ئاتىق** (عاتق) ئ. ئەركىن، قويۇپ بېرىلگەن؛ قېرى قىز.

**ئاتىقماق** (آتيقماق) ئات چىقارماق، ئاتانماق، داڭ چىقارماق، نام ۋە شۆھرەت قازانماق.

**ئاتىف** (عاطف) ئ. كىشىنى خوش قىلىدىغان؛ مېھرىبان، شەپقەتلىك، مۇرۇۋۋەتلىك.

**ئاتىفە** (عاطفه) ئ. مۇھەببەت، ھېس، تۇيغۇ؛ ھېسداشلىق، ياخشى نىيەت؛ (كۆپلۈگى "ئەۋاتىف، ئاتىفات")

**ئاتىك** (آتيك) ئۆتۈلۈك، ئۆتەك.

**ئاتىكە** (عاتكه) ئ. قىز ياش؛ ئايال قەھرىمان.

**ئاتىل** (عاطل) ئ. كېرەكسىز، پايدىسىز، ئەھمىيەتسىز، ئەرزىمەس؛ يوق، كەم؛ بوش، بىكار، خىزمىتى يوق ئىشسىز.

**ئاتىم**[1] (آتيم) مەنزىل، مۇساپە، بىر ئوق ئېتىم يەر. (مىقدار سۆز)

**ئاتىم**[2] (آتيم) مەرگەن، پالۋان: ئالپ ئاتىم — باتۇر مەرگەن.

**ئاتىنچۇ** (آتنجو) تاشلانغان، ئېتىلغان.

**ئاتەش** (آتش) پ. ئوت، يالقۇن، غولا، ئولا.

**ئاتەش ئالۇد** (آتش آلود) پ. ئوتلۇق، يالقۇنلۇق.

**ئاتەشپەرەست** (آتش پرست) پ. ئوتقا باش ئۇرغۇچى، ئوتقا تېۋىنغۇچى، مەجۇسى.

**ئاتەشرىز** (آتش ريز) پ. ئوت سالغۇچى، كۆيدۈرگۈچى، ياندۇرغۇچى، ئوت تۆككۈچى.

**ئاتەشرىزە** (آتش ريزه) پ. چوغ، ئۇچقۇن، كىچىك ئوت.

**ئاتەش زەبان** (آتش زبان) پ. سۆزمەن، سۆز بىلەن يۈرەكنى ئېرىتكۈچى.

**ئاتەش زەدە** (آتش زده) پ. ئوت كەتكەن، ئوت تۇتاشقان، ئۆرتەنگەن.

**ئاتەشكەدە** (آتش كده) پ. ئوتقا چوقۇنغۇچىلار ئىبادەتخانىسى.

**ئاتەشگاھ** (آتشگاه) پ. ئىبادەتخانا؛ ئوچاق، ئوت يېقىپ تۇرىدىغان جاي.

**ئاتەشگەھ** (آتشگه) پ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**ئاتەش ئەنگىز** (آتش انگيز) پ. ئوت قوزغىغۇچى، ئوتلۇق.

**ئاتەشىن** (آتشين) پ. ئوتلۇق، يالقۇنلۇق، قىزغىن: ئاتەشىن ۋەرەد — ئوتتەك قىپ-قىزىل.

**ئاتەشناك** (آتشناك) پ. ئوتلۇق، يالقۇنلۇق، قىزغىن: ئاتەشناك ئىشق — قىزغىن مۇھەببەت. كۆچ: لەئلى ئاتەشناك — سۆيۈملۈك يارنىڭ لېۋى: قىزىل مەي.

**ئاتلاغۇ** (آتلاغو) جازا يۈرۈشى.

**ئاتلا-تۇتلا** (آتلا توتلا) تېز، تېزلىك؛ شىددەت، شىددەتلىك، دەبدەبە.

**ئاتلىغ يۈزلۈگ** (آتليغ يوزلوگ) مەنسەپدار؛ ئابرويلۇق؛ ئاتارمەن-چاپارمەن.

**ئاج** (عاج) ئ. پىل چىشى. كۆچ: ئاق، روشەن، يورۇق: ئاج ئولماق — روشەن بولماق، يورۇق بولماق.

**ئاجال** (آجال) ئ. "ئەجەل" (ئۆلۈم)نىڭ كۆپلۈكى.

**ئاجرىق** (آجريق) ئوت-چۆپ، چىمەن ("ئاچرىق" ياكى "ئەجرىق" دەپمۇ

("ئاچۇن"، "ئازۇن" دەپمۇ ئېيتىلىدۇ).

**ئاچارى** (آجارى) ئۆلىما، ئالىم، باخشى.

**ئاچاق** (آچاق) قۇچاق، ئاغۇش.

**ئاچىرىغ** (آچريغ) "ئاجىرىق"قا قاراڭ.

**ئاچىغ** (آجغ) مۇكاپات، تارتۇق، خان-پادىشالار تەرىپىدىن بېرىلىدىغان مۇكاپات ياكى تارتۇق.

**ئاچىق** (آجق) چوڭ ئاكا: ئاچىقىم — چوڭ ئاكام.

**ئاچۇن** (آجون) "ئاجۇن"گە قاراڭ.

**ئاخ** (آخ) پ. ئەپسۇس، نادا، دەرت، پىغان، ئاپىرىن مەنىلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ئۈملىق سۆز.

**ئاخال** (آخال) پ. ئەخلەت، تاشلاندۇق.

**ئاختە** (آخته) پ. چىقىپ كەتكەن؛ ئاختا قىلىنغان.

**ئاختەچى** (آختەجى) ئاتباقار، مىراخور، جولودار.

ئېيتىلىدۇ).

**ئاجى** (آجى) موما، چوڭ ئانا.

**ئاجىرغانماق** (آجيرغانماق) مەرھەمەت قىلماق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئول دەم ئاجىرغىندى بىر ئەھلى قوبۇل، كىم بۇ كىشلەر ئېرۇر ئەركىن فەزۇل. (ناۋايى)

**ئاجىز** (عاجز) ئ. ئاجىز، كۈچسىز؛ مېيىپ؛ قارغۇ، كۆزى كۆرمەس كىشى.

**ئاجىز نەۋاز** (عاجزنواز) ئ. رەھىملىك، كۆڭلى يۇمشاق.

**ئاجىل** (آجل) پ. كەلگۈسىدىكى، كېيىنكى؛ قەرەللىك.

**ئاجىل** (عاجل) ئ. تېز، دەرھال، نەق، ئالدىرىغۇچى.

**ئاجۇر** (آجر) پ. خىش: ئاجىرپەز — خىش قۇيغۇچى.

**ئاجىنە** (آجنه) ئ. جىن، شەيتان؛ زىيان.

**ئاجۇن** (آجون) دۇنيا، بۇ دۇنيا، جاھان، ئالەم

**ئاخسوم** (آخسوم) ھەملە، ھۇجۇم، ئېتلماق؛ مەسلىك؛ كەك، كىنا.

**ئاخەر** (آخر) پ. باشقا، بۆلەك؛ ئاخىر، ئاياق.

**ئاخۇر** (آخور) پ. ئاتقۇتان، ئاتخانا؛ كالا قوتنى.

**ئاخۇرسالار** (آخورسالار) پ. پادىشانىڭ ئېتىنى يېتىلگۈچى.

**ئاھا** (آھا) پ. دەل، خۇددى! توغرا!

**ئاھاد** (آحاد) ئ. "ئەھەد" نىڭ كۆپلۈگى.

**ئاھادىناس** (آحادناس) ئ. ئادەملەرنىڭ ھەر بىرى.

**ئاھار** (آھار) پ. شىلىم: ئاھاردار — شىلىملانغان.

**ئاھى سەرد** (آەسرد) پ. سوغاق ئاھ.

**ئاھستەرەۋ** (آھسترو) پ. ئاستا ماڭىدىغان.

**ئاھە** (آھە) قەدىمقى ئۇرۇش قورالىرىنىڭ بىرى.

**ئاھەستە** (آھستە) پ. ئاستا، بوش، يېنىك.

**ئاھەن** (آھن) پ. تۆمۈر.

**ئاھەن رەبا** (آھن ربا) پ. ماگنىت تېشى، تۆمۈرنى تارتقۇچى، ئاھاڭرابا.

**ئاھەنىن چەڭ** (آھنين چنگ) پ. تۆمۈر پەنجە.

**ئاھەنىن دىز** (آھنين دز) پ. تۆمۈر قورغان، مۇستەھكەم قەلئە.

**ئاھەنگەر** (آھنگر) پ. تۆمۈرچى.

شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

چۇ ئاھىنگەر ئۇلدى بىراۋ

شول زامان، جاھان ئىچرە

كەسپىنى قىلدى ئايان.

(غېرىبى)

**ئاھەنگەران** (آھنگران) پ. تۆمۈرچى: شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

جاھان بولدى

بازارى ئاھەنگەران، بولۇپ

يەر يۈزى قان بىلەن لالەرەڭ.

(موللا شاكىر)

**ئاھەن گۇداز** (آھن گداز) پ. تۆمۈر ئېرىتكۈچى، تۆمۈرچى؛ ئېغىر.

**ئاھەڭ**[1] (آھنك) پ. قەست، نىيەت، ئىستەك، ئىنتىلىش؛ يۈنۈلۈش؛ ئاھاڭ، كۈي،

ئاۋاز، ئۈن، ناخشا: ئاھەڭ
دار — ئاھاڭلىق؛ ئاھەڭ
ساز — ناخشىچى، كومپوزىتور؛
ئاھەڭ ئىتتىب — نىيەت قىلىپ.
**ئاھەڭ²** (آهنك) پ.
رەۋىش، تەرز، ئۇسۇل،
ئوخشاش، كەبى: ئايىنە
ئاھەڭ — ئايىنەككە ئوخشاش.
**ئاھۇ¹** (آهو) پ. كىيىك،
جەرەن.
**ئاھۇ²** (آهو) پ. ئەيىپ،
ئەۋەن، قۇسۇر، گۇنا: ئاھۇ
گىرلىك — ئەۋەن تاپقاقلىق،
قۇسۇر تاپقاقلىق.
**ئاد** (آد) ئات، نام، ئىسىم؛
كۆتەل، تۆپە، ئىگىز يەر
("ئات"قا ئوخشاش)
**ئادا** (آدا) ئاپەت، بالا -
قازا؛ ئارال، جەزىرە: ئار تاغ
ياۋۇز ئادالار — ئىنتايىن
يامان بىر بالايى - ئاپەت.
**ئاداب** (آداب) ئ. "ئەدەب"
نىڭ كۆپلۈگى.
**ئادات** (عادات) ئ. "ئادەت"
نىڭ كۆپلۈگى.
**ئاداتۇدا** (آداتودا) خەۋپ-
خەتەر؛ ئاپەت. بالا - قازا،
زىيان - زەخمەت.
**ئاداش** (آداش) پ.
"ئاتاش"قا قاراڭ.
**ئاداشچى** (آداشجى) يولباشچى
رەھبەر، باشلىق.
**ئاداق** (آداق) ئاياق، پۇت؛
ئاخىر، سوڭ؛ ساھىل، كانارا؛
مەۋسۇم، پەسىل؛ ئارال،
جەزىرە؛ قىسمەت: ئاداق-
قىچە — ئاخىرغىچە. شىئىردا
مۇنداق كەلگەن: قەزا بىرلە
سانچىلۇر ئاداققا تىكەن،
قەزابىرلە ئىلىنۇر تۇزاققا
ئەلىك.
(يۈكنەكى)
**ئاداقلىق** (آداقلىق) ئۇزۇم-
لۈك باغلاردا بىدىشقا تىرەك
قىلىنىدىغان ياغاچ.
**ئاداك** (آداك) پ. ئارال.
**ئاداي** (آداى) ئەتىۋارلىق.
**ئادان** (آدان) "ئادىن"،
"ئازىن"غا قاراڭ.
**ئادرۇق** (آدرق) پەرق،
ئايرىما، ئايرىملىق.
**ئادە** (آدە) پ. قونداق؛

كىرىستى (خىرىستىيانلارنىڭ دىنىي بەلگىسى).

**ئادەت** (عادت) ئ. ئادەت، ئۆرپە، ئۇدۇم، ئەنئەنە.

**ئادەخ** (آدخ) پ. بەختلىك، تەلەيلىك، ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى بار.

**ئادەرەڭ** (آدرنگ) پ. دەرت، قايغۇ، ئەلەم.

**ئادەم** (آدم) ئ. ئادەم، كى- شى؛ خىزمەتچى، خىزمەتكار؛ ئىنجىلدا ئېيتىلىدىغان "ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ بوۋىسى" يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام.

**ئادەمخار** (آدم خوار) ئىپ. ئادەم يىگۈچى؛ ياۋۇز، ياۋايى ئادەم.

**ئادەمخور** (آدم خوار) ئىپ. "ئادەمخار"غا قاراڭ.

**ئادەم رۇبائى** (آدم ربائى) ئىپ. تۇتۇپ كەتمەك، ئېپقاچ- ماق (ئادەمنى).

**ئادەمكۈش** (آدم كش) ئىپ. ئادەم ئۆلتۈرگۈچى، قاتىل.

**ئادەمكۈشانە** (آدم كشانه) ئىپ. ئادەم ئۆلتۈرگەن، قاتىللىق قىلغان: سىياسەت ئادەمكۈشانە — قاتىللىق سىياسىتى.

**ئادەمكۈشى** (آدم كشى) ئىپ. ئادەم ئۆلتۈرمەك، قاتىل- لىق قىلماق، قاتىللىق.

**ئادەمى** (آدمى) ئ. ئادەم، كىشى؛ ئادەمنىڭ، ئىنساننىڭ.

**ئادەمىيەت** (آدميت) ئ. ئادەم تەبىئىتى، ئادەملىك؛ ئادەملەرنىڭ گۈزەل ئەخ- لاقى؛ ئىنسانلار، كىشىلىك.

**ئادەميانە** (آدميانه) ئىپ. ئادەمچە، ئىنسانچە.

**ئادەمى ۋەش** (آدمى وش) ئىپ. ئادەم سۈپەت، ئادەمگە ئوخشاش.

**ئادەمەك** (آدمك) ئ. پاكى- نەك، پەتەك، كىچىك ئادەم؛ ئادەم قونچاق.

**ئادى**[1] (عادى) ئ. ئاددى، ئادەتتىكى؛ ئادەتلەنگەن، ئادەت بولۇپ قالغان.

**ئادى**[2] (عادى) ئ. تاجاۋۇزچى

دۇشمەن، ياۋ.
**ئادىر** (آدير) يىتىم بالا.
**ئادىل** (عادل) ئ. ئادىل، توغرا، ئادىل كىشى.
**ئادىن** (آدين) باشقا، باشقىلار، ئۆزگە، ئۆزگىلەر.
**ئادىنە** (آدينه) پ. جۈمە كۈنى.
**ئادىنچىغ** (آدينچيغ) باشقىچە، بۆلەكچە، ئالاھىدە، ئۆزگىچە، پەۋقۇلئاددە، ئاجايىپ، تائسۇق.
**ئادىنماق** (آدينمق) ھەيران قالماق، بۆلەكچە بولماق.
**ئادۇغ** (آدوغ) ئېيىق.
**ئادۇن** (آدون) يىلقا: ئادۇنچى — يىلقىچى.
**ئار** (عار) ئ. نومۇس، ئۇيات؛ ئەپسۇس؛ ئۇياتماق.
**ئارا** (آرا) پ. "بېزەك، زىننەت، بېزىگۈچى، زىننەتلىگۈچى" دېگەنگە ئوخشاش ئۇقۇملارنى ئائلىتىدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە: دىلارا — كۆڭۈلنى شادلاندۇرغۇچى، سۆيۈملۈك؛ جىلۋە ئارا — چىرايلىق جىلۋىلەر قىلغۇچى؛ مەجلىس ئارا — يىغىننى قىزىتقۇچى؛ ئارا ئەيلىمەك — بېزىمەك، زىننەتلىمەك؛ ئالەم ئارا — دۇنيا بېزىگى؛ خۇد ئارالىغ — مەغرۇرلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك.
**ئاراستە** (آراسته) پ. بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن.
**ئاراغ** (آراغ) ئېرىق، پاكىز، تازا.
**ئارايىش** (آرايش) پ. بېزەك، زىننەت، پەدەز؛ پاراۋانلىق: ئارايىش قىلماق — بېزىمەك، پەدەزلىمەك.
**ئارائ** (آراء) ئ. رايلار، ئويلار، پىكىرلەر (بىرلىگى "راي").
**ئارام** (آرام) پ. راھەتلىك، تىنچلىق؛ يۇرت، بۆلمە.
**ئارام ئاي** (آرام آى) 1-ئاي (كونا يىل ھىساۋىدا)
**ئاراماق** (آراماق) يوقلىماق. ئەگىمەك.
**ئارامجۇي** (ارامجوى) پ.

تېچلىق ئىزدىگۈچى، تېچ جاي
قىدىرىغۇچى، ئۆز تېچلىغىنى
تىلىگۈچى.

**ئارامگاھ** (آرامگاه) پ.
ئارام ئالىدىغان، راھەتلىنىدى-
غان جاي؛ قەبرىستانلىق؛
ياتاق، ياتاقخانا.

**ئارامگىر** (آرامگير) پ. تىنچ-
لانغۇچى، ئارام ئالغۇچى،
ئورناشقان، جايلاشقان.

**ئارامىدە** (آراميده) پ.
تېچ، ئارام ئالغان؛ ئارامىدە
بولماق — تېچلانماق، ئارام
ئالماق.

**ئارامىش** (آرامش) پ. تېچ-
لىق، تىنجىش.

**ئاران** (آران) ئېغىل.
قوتان؛ هاۋاسى مۆتىدىل يەر.

**ئاربا** (آربا) ئارپا.

**ئارباغ** (آرباغ) ئەپسۇن،
سېھىر، كۆز باغلاش، نەي-
رەڭ، ھىلە-مىكىر، ئەپسانە.

**ئارباغان** (آربغان) ئارپىغان.

**ئارباغچى** (آرباغجى) سې-
ھىرچى، ئەپسۇنگەر، كۆز
باغلىغۇچى، ھىلىگەر.

**ئارباماق** (آرباماق) ئەپسۇن
ئوقۇماق، سېھىر قىلماق؛
پەندى-نەسىھەت قىلماق.

**ئار بۆرى** (آبورى) چىل
بۆرە، سىرتلان.

**ئار پارغان** (آرپارغان)
ئارپىغان ("ئارباغان"غا
ئوخشاش).

**ئارت** (آرت) ئارقا؛ تاغ
ئاغزى.

**ئارتاق** (آرتاق) بۇزۇق،
بۇزۇلغان؛ ئارتاق نەڭ —
بۇزۇق نەرسە؛ بۇ مەنىڭ
ئەت ئۆزۈم ئارتادى —
مېنىڭ بۇ تېنىم بۇزۇلدى؛
ئۇقۇش بىرلە ئاسلۇر كىشى
ئارتاقى — كىشىلەرنىڭ بۇزۇق-
لۇغى ئەقىل بىلەن بىلىنىدۇ.

**ئارتاناماق** (آرتانماق) ئاش-
ماق، ئېشىپ ئۆتمەك: تاغ
ئارتاناماق — تاغ ئاشماق.

**ئارتىمە** (آرتيمه) ئۇ.
شېئىرنىڭ بىر تۈرى.

**ئارتۇت** (آرتت) سوغا،
تەقدىم، ھەدىيە، شېئىردا مۇن-
داق كەلگەن: ئاياقىل تورۇت

مەدە ئۆتۈنگەل قانى، مەن
ئارتۇت قىلايىن شاھىمغا ئانى.
(يۈكنەكى)

**ئارتۇچ** (آرتوج) ئارچا
("ئاردۇچ"مۇ دېيىلىدۇ).

**ئارچى** (آرجى) بوخچا،
خالتا.

**ئارد** (آرد) ئارقا، ئارت،
كەينى.

**ئارداچ** (آرداج) قارا ئارچا.

**ئاردوق** (آردوق) ئالاھىدە،
ناھايىتى، بەك، بەكمۇ، بۆلەك-
چىلا: ئاردۇق ئەدگۈ — بەك
ياخشى.

**ئارزى** (آرزى) ئەۋلىيا، پىر،
پەرىشتە، خىزىر.

**ئارزۇخاھ** (آرزوخواه) پ.
ئارزۇ قىلغۇچى، خالىغۇچى؛
ئۈمىتۋار.

**ئارسقماق** (آرسقماق) ئازماق،
ئالدانماق.

**ئارغا** (آرغا) ئاقار سۇ.

**ئارغاغ** (آرغاغ) قارماق
(بېلىق تۇتىدىغان).

**ئارغدال** (آرغال) خۇيى-
سىز، بەتخىسلەت ئادەم؛ تاغ
بېلى، يوتا، چىغىر يول؛ دام؛
تۇزاق، قىلتاق، ھىلە: ئارغى-
داللىق — خۇيسىزلىق.

**ئارغداماق** (آرغداماق)
ئالداماق، ھىلە-مىكىر
ئىشلەتمەك.

**ئارغۇ** (آرغو) ئىككى تاغ
ئارىسى.

**ئارغۇچ** (آرغج) ئازدۇر-
غۇچ، قايمۇقتۇرغۇچ: ئارغۇچ
ئاجۇن — ئازدۇرغۇچ دۇنيا.

**ئارغۇشتەك** (آرغوشتك) بىر
تۈرلۈك چالغۇ ھەم ئويۇن.

**ئارغۇن**[1] (آرغون) قوتاز
بىلەن كالىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن
تۇغۇلغان كالا؛ شالغۇت:
ئارغۇنلاشتۇرماق — شالغۇت-
لاشتۇرماق.

**ئارغۇن**[2] (آرغون) ئاغمىخان.

**ئارغنۇن** (آرغنون) ("ئەر-
غەنۇن"مۇ دېيىلىدۇ) بىر خىل
چالغۇ، شېئىردا مۇنداق كەل-
گەن: سۇرۇرى ئەرغەنۇن
ئالەمگە تولسۇن، پىغاندىن
قىيامەت قايىم ئولسۇن.
(زەلىلى)

**ئارقاغۇلچە** (آرقاغولجه) بىر خىل قىزىل كىيىك.

**ئارقاش** (آرقش) كارۋان ("ئارغىش"مۇ دېيىلىدۇ).

**ئارقاق** (آرقاق) ئارقاق يىپ، گىلەم توقۇغاندا كۆندىلەڭ ئۆتكۈزۈلىدىغان يىپ ۋە ماتانىڭ كۆندىلەك يىپى؛ سىزىق، يول، بوي: ئارىش ئارقاغ — ئۇرۇش - ئارقاق.

**ئارقاماق** (آرقاماق) تايانچ بولماق، يۆلەنچۈك بولماق.

**ئارقۇچى** (آرقوجى) ۋاستىچى (تويدا قىز تەرەپ بىلەن ئوغۇل تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يۈرىدىغان ئەلچى).

**ئارقۇرۇ - تۇرقۇرۇ** (آرقرو - تورقرو) ھەممىلا يەردە.

**ئارقۇق** (آرقق) ئىككى تام ياكى ئىككى تۈۋرۈك ئارىسىغا توغرا قويۇلىدىغان ياغاچ؛ تەرسا ئادەم؛ جاھىللىق.

**ئارقۇن** (آرقون) شالغۇت ئات (ياۋا ئات بىلەن ئۆي ئېتى ئوتتۇرىسىدىن چىققان ئات).

**ئارەستە** (آرسته) پ. بېزەمەك، ياساندۇرماق.

**ئارى** (آرى) پ. توغرا، راست، دەرۋەقە؛ راھەتلىك، تىنچلىق.

**ئارى** (عارى) ئ. خالى؛ يوق؛ يالىڭاچ: شۈبھەدىن ئارى — شۈبھەدىن خالى، شۈبھىسىز؛ ئارى ئولماق — خالى بولماق، بوشىماق؛ ئارى قىلماق — تازىلىماق؛ ئارىلانماق — تازىلانماق.

**ئارى** (آرى) ھەرە، بوغۇن.

**ئارى-ئارى** (آرى آرى) پ. راست، ئەلۋەتتە، بەللى.

**ئارىتى** (آريتى) بارلىق، پۈتۈنلەي.

**ئارىز** (عارض) ئ. يۈز، چىراي، جامال؛ يۈز بەرگەن، كۆرۈلگەن، ھاسىل بولغان؛ ئەرز قىلغۇچى، دەرت تۆككۈچى.

**ئارىزە** (عارضه) ئ. ھادىسە، بەختسىزلىك ئاقىۋەت، تەسىر.

**ئارىش** (آرش) ئۇرۇش: ئارىش ئارقاغ — ئۇرۇش - ئارقاق.

**ئارىق-سلىق** (آرىق سىلىق) كېلىشكەن، چىرايلىق، گۈزەل.

**ئارۇت** (آروت) يىللىغان: ئارۇت ئوت — يىللىغان ئوت.

**ئاز** (آز) پ. ئۈمىد؛ ئاچكۆزلۈك؛ غەم، قايغۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: قاراغۇ ئەيلەپدۇر كۆزۈڭ ھەرس-ئاز، سەندە نە ئىمان، نە زەۋقى نەماز. (زەلىلى)

**ئازادەكش** (آزادكش) پ. نازۇك تەبىئەتلىك.

**ئازادەۋەش** (آزادوش) پ. ئازادە سۈپەت، ئەركىن؛ ساپ كۆڭۈل؛ پاكىز، تازا.

**ئازاردە** (آزارده) پ. ئازار يېگەن، غەمكىن، كۆڭلى قالغان.

**ئازاراقى** (آزاراقى) پ. كۆچۈلا.

**ئازاغ** (آزاغ) خاتالىق، سەۋەنلىك.

**ئازەر** (آزر) پ. ئوت، يالقۇن: ئازەرپەرەس — ئوتپەرەس، ئوتقا چوقۇنغۇچى.

**ئازەرم** (آزرم) پ. شەرم، ھايا، ئۇيات. نومۇس.

**ئازىتماق** (آزتماق) يوقىتىپ قويماق، ئاداشتۇرماق.

**ئازىغ** (آزغ) مەسلىكى يېشىلگەن ھوشيار كىشى.

**ئازىم** (عازم) ئ. كۆڭلىگە پۈككەن، نىيەت قىلغان: يۈرگۈچى، كەتكۈچى، سەپەرگە چىققۇچى.

**ئازىن** (آزىن) "ئادىن"غا قاراڭ.

**ئازمايىش** (آزمايش) پ. سىناق، ئىمتىھان.

**ئازمۇدە** (آزموده) پ. چىنىققان، پىشقان، سىنالغان.

**ئازۇ** (آزو) يا، ياكى؛ كەلۈرمۇسەن، ئازۇ بارىرمۇسەن؟ — كېلەمسەن يا بارامسەن؟

**ئازۇت** (آزوت) ئوچ، ئوچۇم: بىر ئازۇت — بىر ئوچۇم.

**ئازۇردە** (آزرده) پ. كۆڭلى ئاغرىغان، رەنجىگەن، ئازار چەككەن.

**ئازۇن** (آزون) "ئاچۇن"، "ئاجۇن"گە قاراڭ.

**ئارىق** (آرىق) ئېرىق، ئۆستەڭ.

**ئارىف** (عارف) ئ. بىلگۈچى، تونۇغۇچى: ئارىف ئاللاھ — ئاللاھنى تونۇغان كىشى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كىم قەدەم قويسا بۇ يولغا
پاي تا پەرقى كۆيەر، ئارىفى
بىللا ئۆزۈم دەپتى بالاغامەن
باراي.
(مەشرەپ)

**ئارىيە** (عاريه) ئ. يالغان، ياسما، سۈنئى؛ ئۆتنە ئالغان.

**ئارىيەت** (عاريت) ئ. ئۆتنە؛ ئۆتنە پۇل؛ يالغان، سۈنئى؛ ۋاقىتلىق.

**ئارىنجۇ** (آرنجو) گۇنا، ئەيىپ.

**ئارماق** (آرماق) زەئىپ، ئاجىز، ناتىۋان، ئاۋاق.

**ئارمغان** (آرمغان) ھەدىيە، تۆھپە، تەقدىم. يادىگار.

**ئارمۇت** (آرمت) ئامۇت.

**ئارمۇدۇن** (آرمدون) چۇلۇك دەرىخى.

**ئارنا** (آرنا) دەريا ۋە كۆللەردىن ئايرىلغان بىر قول سۇ.

**ئارۋاش** (آرواش) ئەپسۇن: قام ئارۋاش ئارۋادى — ياخشى ئەپسۇن ئوقۇدى.

**ئارۋاق** (آرواق) "ئارماق" قا قاراڭ.

**ئارۋىشچى** (آرويشچى) سېھىرچى، سېھىرگەر.

**ئاروق** (آرق) ھارغىن: ئارۇق ئەر — ھارغىن ئادەم.

**ئاس** (آس) پ. تۈگمەن تېشى.

**ئاسا** (آسا) پ. باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، "تېپچلاندۇرغۇچى، راھەتلەندۇرگۈچى"؛ "كەبى، ئوخشاش، سىڭىرى" دېگەن ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ: دىل ئاسا — كۆڭۈل راھەتى؛ راۋان ئاساجان كەبى، جاندەك.

**ئاسار** (آسار) ئ. "ئەسەر" (ئىز، بەلگە) نىڭ كۆپلۈگى: ئاسارە — ئەتىقە — بۇرۇنقى نەرسىلەر، ئارخېئولوگىيىلىك

ئەستلىكلەر، يالدامىلار.

**ئاسايىش** (آسايش) پ. تىنچ-
لىق، ئارام، خاتىرجەملىك،
راھەت؛ تەرتىپ.

**ئاسايىشگاھ** (آسايشگاه) پ.
دەم ئېلىپ داۋالىنىدىغان
ئورۇن، كۆتۈنۈش جايى،
ساناتورىيە، خەستەخانا.

**ئاستان** (آستان) پ. بوسۇغا،
ئاستانە؛ پايتەخت، ساراي؛
بىرەر كىشىنىڭ ھوزۇرى.

**ئاستان بوس** (آستان بوس)
پ. خىزمەتكارلىق.

**ئاستانى قەبۇل** (آستان
قبول) ئىپ. قوبۇل جاي، ھەم-
مىنى قوبۇل قىلىدىغان جاي.

**ئاستىن** (آستين) پ. يەڭ.

**ئاسرا** (آسرا) پ. ئاست،
تۆۋەن،

**ئاسرى** (آسرى) قاپلان.

**ئاسى** (عاصى) ئە. ئىسيانچى،
توپىلاڭچى، قوزغىلاڭچى؛
ئىش تېرىغۇچى، چاتاق چە-
قارغۇچى؛ قارشى چىققۇچى؛
ئازغۇن؛ جىنايەتلىك، يامان
ئىشلارنى كۆپ قىلغان؛ پە-

چاق كەسكەندىن كېيىن قان
ئېتىلىپ چىققان تومۇر.

**ئاسىب** (آسيب) پ. ئاپەت،
كۈلپەت، بەختسىزلىك؛ زى-
يان؛ مۇسىبەت؛ تىنچسىزلىق؛
ئاسىپ زامان — زامان كۈل-
پەتلىرى.

**ئاسىغ** (آسيغ) پايدا، مەن-
پەئەت، نەپ؛ تىل ئاسىغى
تەلىم بار — تىلنىڭ كۆپ
پايدىسى بار.

**ئاسىغ-تۇسۇ** (آ سيغ توسو)
پايدا-مەنپەئەت.

**ئاسىق** (عاصق) ئە. ئىنگىش-
كەن؛ شىددەتلىك؛ بوران،
چاپقۇن.

**ئاسىم** (عاصم) ئە. قوغدىغۇچى،
ساقلىغۇچى؛ توسىغۇچى؛
توسالغان، قوغدالغان،
ئىپپەتلىك.

**ئاسىمە** (عاصمه) ئە. پايتەخت،
چوڭ شەھەر؛ ئىپپەتلىك
ئايال، گۇنالىق ئىشلاردىن
ساقلانغۇچى پاك ئايال.

**ئاسىيا** (آ سيا) پ. تۈگمەن،
ئاسىيا ئابى — سۇ تۈگمىنى.

**ئاسلا** (آصلا) ئ. ئەسلا، ھەرگىز، ھېچ، ھېچبىر.

**ئاسمانە** (آسمانە) پ. تورۇس، شىپ؛ بۇلۇت.

**ئاسۇ** (آسو) "ئازۇ"غا قاراڭ.

**ئاسۇدە** (آسودە) پ. تېچلانغان، خاتىرجەملىك، ئامان، ئامانلىق: ئاسۇدە خاتىر — كۆڭلى تېچ، تەشۋىشسىز.

**ئاشارى** (آشارى) بەك كۆپ، بەك زىيادە.

**ئاشام** (آشام) يېمەك، ئىچمەك.

**ئاشلاقا** (آشلاقا) داستىخان.

**ئاشلىق** (آشلق) ئاشخانا.

**ئاشيان** (آشيان) پ. ئۇۋا، ئىن، ماكان، ياتاق، ئۆي قەۋىتى.

**ئاش ئىچكۇ** (آش اچكو) يېمەك-ئىچمەك، زىياپەت.

**ئاشىر** (عاشر) ئ. ئون، ئونىنچى؛ ئوندىن بىر.

**ئاشىرەن** (عاشرا) ئ. ئونىنچى.

**ئاشۇب** (آشوب) پ. تەشۋىش، غەۋغا، توپىلاڭ، ئەنسىزلىك، ماجىرا.

**ئاشۇقماق** (آشوقماق) ئالدىرىماق، ئالدىراش. م: چۇ مەھۋەش سارى ئاشۇقۇپ قويدى گام.

**ئاشۇفتە** (آشوفتە) پ. ھاياجانلانغان، ھودۇققان، پەرىشان بولغان؛ ئاشىق، شەيدا، بولغان، بېرىلگەن، مەپتۇن بولغان؛ تارقاق، توزۇغان: ئاشۇفتە دەستار — سەللىسى چۇۋۇلغان: ئاشۇفتە مىزاج — ئەھۋالى پەرىشان؛ ئاشۇفتە ھال — پەرىشان ھال؛ ئاشۇفتە نىھاد — پەرىشان تەبىئەت، بىقارار.

**ئاشنۇ** (آشنو) پ. ئالدىدا، بۇرۇن، ئاۋال، ئىلگىرى.

**ئاغا** (آغا) ئاكا، تاغا؛ يۇرت ئاقساقىلى؛ مەنسەپ نامى: ئاغاسىز ئەل بولماس، ياقاسىز تون (ماقال). شېئىردا مۇنداق كەلگەن: شاھى كە ئاتاڭ ئاگا ئاغادۇر، ئەل ساگا ئاتادۇر ۋە ئاغادۇر.

(ناۋايى)

**ئاغاچە** (آغاچە) ئاغىچە، خانىم، خوتۇن.

**ئاغار** (آغار) قاتتىق: ئاغار ئىناغ ــ قاتتىق ئىخلاس.

**ئاغاز** (آغاز) پ. باشلاش، باشلامچى، باشلىنىش: ئاغاز ئەيلىمەك ــ باشلىماق.

**ئاغى** (آغى) ئۇنچە ـ مەرۋا ـ يىت، چىنتاش؛ ئىسل يىپەك رەخت؛ سوغا ـ سالام، سوغا.

**ئاغى بارى** (آغى بارى) بايلىق، مال ـ مۈلۈك، بارى ـ يوقى.

**ئاغىتماق** (آغتماق) چېكىنـ دۈرمەك، قايتارماق.

**ئاغىچى** (آغيجى) غەزىنىچى، ئامبارچى.

**ئاغىر** (آغير) قىممەت، قەدىر؛ ئاغىر مال ــ قىممەت باھالىق مال؛ كىشىگە تىل ئاغىرلار ــ تىل كىشىنىڭ قەدرىنى ئاشۇرىدۇ؛ ئاغىر ساتقۇچى ــ قىممەت باھالىق نەرسىلەر ساتقۇچى.

**ئاغىرلاماق** (آغيرلاماق) ھۆرمەتلىمەك، قەدىرلىمەك.

**ئاغىزلاماق** (آغزلاماق) مېھمان قىلماق، زىياپەت بەرمەك.

**ئاغىزئۇرماق** (آغزاورماق) تېتىپ كۆرمەك. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئۇلۇغلار نى بېرسە يېماسەن دىمە، ئىلىك سۇن ئاغىز ئۇر يىماساڭ يىمە.

(يۈكنەكى)

**ئاغىش** (آغش) ئۆرلىمەك، ئاشماق.

**ئاغىلىق** (آغلىق) غەزىنە، ئامبار، ساك.

**ئاغلاق** (آغلاق) بوز يەر، خالى يەر.

**ئاغلاقچى** (آغلاقجى) خەت ـ ئالاقە توشۇغۇچى. كۆچ: گەپ توشۇغۇچى.

**ئاغۇ** (آغو) ئۇغا، زەھەر: ئاغۇلاماق ــ زەھەرلىمەك؛ ئاغۇ ناناماق ــ زەھەرلەنمەك.

**ئاغۇز** (آغوز) دەريا، غول؛ مالنىڭ ئۇغۇز سۈتى.

**ئاغۇش** (آغوش) پ. قۇچاق، باغىر؛ قوللاش: ئاغۇشىغە

ئالدى ــ قۇچاقلدى، قوينغا ئالدى.

**ئاغۇشته** (آغوشته) پ. قوشۇلغان، ئارلاشقان، بۇلغانغان، ملەنگەن.

**ئاق** (عاق) ئ. باش تارتقان، يۈز ئۆرۈگەن؛ سەركەش؛ قاغش تەككۈر.

**ئاقا** (آقا) پ. بەگ، تۆرە، باي، غوجا، ئەپەندى.

**ئاقارتش** (آقارتش) مەرپەت، مائارپ.

**ئاقازاده** (آقازاده) پ. بەگزاده، بايۋەچچە.

**ئاقاقيه** (آقاقيه) پ. تۇخۇمەك دەرخى.

**ئاقايەزنە** (آقايزنه) پ. يەزنە ئاقا (ئگچسنڭ ئېرى).

**ئاق تۇيغۇن** (آق تويغون) بوز قارچۇغا.

**ئاقسوم** (آقسوم) "ئاخسوم"غا قاراڭ.

**ئاقسەقەل** (آق سقل) كەنت باشلقى، يېزا باشلقى.

**ئاقى** (آقى) سېخى، مەرت:

ئەگلمەز كۆڭۈلنى ئاقى ئەر ئەگەر ــ ئېگلمەس كۆڭۈلنى سېخى ئادەم ئېگدۇ.

(ماقال)

**ئاقد** (عاقد) ئ. ئەقدە قلغۇچى، توختام قلغۇچى، توختام قلغۇچە.

**ئاقر** (عاقر) ئ. تاقر، ھېچنەرسە ئۈنمەيدغان (يەر)؛ تۇغماس، قسر.

**ئاقلا** (عاقلا) ئ. ئەي ئاقل كشى (ختاپ سۆز).

**ئاقن** (آقن) سەل، قيان، ئېقن.

**ئاقنچى** (آقنجى) كېچسى ياۋ ئۈستدن بېسپ چۈشكۈچى ئەسكەر.

**ئاقنامە** (عاقنامه) ئۇپ. مراسلق ھوقۇقنى بكار قلپ قالدۇرۇلغان ۋەسيەتنامە.

**ئاقۇرو** (آقورو) ئاستا: ئاقۇرۇ-ئاقۇرۇ بارسقا ياقن بارتى ــ ئاستا-ئاستا يولۋاسنڭ قېشغا باردى.

**ئافاق** (آفاق) ئ. ئۇپۇقلار

(بىرلىگى "ئۇپۇق" كۆچ: دۇنيا، دۇنيادىكى ھەممە ئەللەر: مەشھۇر ئافاق — دۇنياغا داڭقى كەتكەن ئەللەر.

**ئافات** (آفات) ئ. "ئافەت" نىڭ كۆپلۈگى.

**ئافتاپ** (آفتاب) پ. ئاپتاپ، قۇياش: ئافتاپ خاۋەرى — شەرق قۇياشى، قۇياش: ئافتاپ رو — قۇياشقا قارىغان؛ قۇياش يۈزلۈك، قۇياشتەك گۈزەل.

**ئافىيەت** (عافيەت) ئ. ساقلىق، ساغلام، سالامەتچىلىك؛ بەخت: شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئېتىقادىم ئول خۇدا تۇتقاي ھەمىشە ئافىيەت، خىزمەتىدە ئۆلگىچە تۇرسامكى تەييار ئالدىدا.

(نۆۋىتى)

**ئافەرىدە** (آفريده) پ. بارلىققا كەلگەن، يۈز بەرگەن، يارىتىلغان، مەخلۇق.

**ئافەرىدىگار** (آفريدگار) پ. ياراتقۇچى، بىنا قىلغۇچى.

**ئافەرىن**[1] (آفرين) پ. ياخشى، ياشا، بەللى، بارىكاللا، يارايدۇ؛ ماختاش.

**ئافەرىن**[2] (آفرين) پ. ياراتقۇچى، پەيدا قىلغۇچى: جان ئافەرىن — جان ياراتقۇچى.

**ئافەرىنىش** (آفرينش) پ. يارىتىلماق، ۋۇجۇتقا كەلمەك.

**ئاڭ** (آنگ) ئەڭ: ئاڭ ئىلىك — ئەڭ ئاۋال.

**ئاڭار** (آنكار) ئۇ، ئۇنىڭغا: ئاڭار ئايدىم — ئۇنىڭغا ئېيتتىم؛ ئاڭار پەندى نەسىھەت ئاسىغسىز ئەرۇر — ئۇنىڭغا پەندى-نەسىھەت پايدىسىزدۇر.

**ئاڭاغۇ** (آنكاغو) چىراي، تۇرق، قىياپەت: ئانۇڭ ئاڭاغۇسۇ — ئۇنىڭ قىياپىتى، تۇرقى.

**ئاڭداماق** (آنكداماق) پايقىماق، پايلىماق، پېيىغا چۈشمەك، مارىماق؛ دىققەت قىلماق، ئاۋايلىماق. ھ: ئول ئانى ئاڭدىدى — ئۇ ئۇنىڭ

پېيغا چۈشتى. شېئىردا
مۇنداق كەلگەن: خىلۋەتتە بۇ
نوھەلەر ئىش، ئاڭدىپ ئاناسى
كەمىندە ئېرمىش.
(ناۋايى)

**ئاڭقاۋ** (آنكقاو) نادان،
بىغەم، بىخوت.

**ئاڭلىقى** (آنكيلىقى) تۇنجى،
چوڭ.

**ئاڭمىتتىن** (آنكمينتين)
ئەسلىدە، دەسلەپتە.

**ئائىدە** (عائده) ئ. پايدا؛
كىرىم؛ باج.

**ئاي** (آى) ئېيىت؛ ئېيتماق؛
ھەي، ئەي: ئاي بۆگۈ —
ئەي دانا.

**ئايا¹** (آيا) ئەي، ھەي،
ھاي (خىتاپ سۆز) شېئىردا
مۇنداق كەلگەن: ئايا سۇلتان
ساتۇق ئالەمگە سىزنى شاھ
دەپ كەلدىم، خەلايىق
ھالىدىن شامۇ سەھەر ئاگاھ
دەپ كەلدىم.
(زەلىلى)

**ئايا²** (آيا) ئالقان.

**ئايات** (آيات) ئ. "ئايەت"
نىڭ كۆپلۈكى.

**ئاياز** (آياز) ساپ، تىنىق،
ئوچۇق، تازا؛ قۇرۇق
سوغۇق، ئاچچىق سوغۇق. شې-
ئىردا مۇنداق كەلگەن: سەيد
بىپەرۋا يۈرۈر گەر شەھ-
بازى بولماسا، مەملەكەت
ۋەيران بولۇر شاھنىڭ
ئايازى بولماسا.
(زەلىلى)

**ئاياس** (آياس) تازا، ساپ،
تىنىق، ئوچۇق: ئاياس
كۆك — سۈزۈك ئاسمان،
ئوچۇق ھاۋا.

**ئاياغ** (آياغ) كاسە، قەدەھ.

**ئاياغچى** (آياغجى) ساقى
(شاراپ قۇيغۇچى). شېئىردا
مۇنداق كەلگەن: ئىچكىل
ئاياغچى بولغىل، بىر-بىرد-
مىزكا يېتكۈركىل (موللا
مۇھەممەت نىيازى «داستانى
مەنسۇر»).

**ئايايىن** (آيايين) ئېيتاي:
ئايايىن ساڭا — ئېيتاي ساڭا.

**ئايالغۇ** (آيالغۇ) ئاھاڭ،
نەغمە، نوتا؛ ئۆلەڭ.

**ئاياق** (آياق) "ئاياغ"نىڭ مەنىسىگە ئوخشاش. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: تۇتار ئېردى ساقى دەمادەم ئاياق، بولۇپ مەست ھېچكىم ئەمەس ئاندا ساق.
(ئا. نىزارى)

**ئايان** (آيان) نۇرلۇق، ئوچۇق.

**ئايتىش** (آيتش) تېپچىلىق سورىشىش، ئامان-ئېسەنلىك سورىشىش ("ئايتىغ"مۇ دېيىلىدۇ).

**ئايتمان** (آيتمان) ئېيتمايمەن.

**ئاي تەتىگ** (آى تەتيگ) ۋەسىيەت خېتى.

**ئايرو** (آيرو) ئايرىم، باشقا.

**ئايغاق** (آيغاق) چېپچىلغاق، بىھۇدە سۆز قىلغۇچى.

**ئايغاقچى** (آيغاقچى) پايلاقچى، ئىزچى؛ چېقىمچى.

**ئايغان** (آيغان) ئېيتقان.

**ئايغۇچى** (آيغوچى) مەسلىھەتچى، مۇشاۋىر.

**ئايى** (آيى) ناھايىتى، بەك: ئايى ئىراق — بەك يىراق.

**ئايد** (عايد) ئ. ئىگە بولغان، ئېرىشكەن؛ كىرىم قىلغان؛ قايتقان، يانغان؛ كىرىم، كىرگەن پۇل.

**ئايدات** (عايدات) ئ. پايدا؛ كىرىم، كىرگەن پۇل: ئايدات خالىس — ساپ پايدا، ساپ كىرىم؛ ئايدات سالىيانە — يىللىق كىرىم.

**ئايداتى** (عايداتى) ئ. دۆلەت خەزىنىسىنىڭ، دۆلەت خەزىنىسىگە كىرگەن؛ جامائەتتىن كىرگەن.

**ئايدى** (عايدى) ئ. كىرىم، ئىش ھەققى، تاپقان پۇل، تاپاۋەت؛ پۇل سانىغۇچى.

**ئايرمان** (آيرمان) ئايرىمايمەن.

**ئايىش** (عايش) ئ. تىرىك، ياشاۋاتقان؛ راھەت ياشاۋاتقان.

**ئايىغ** (آيغ) ئېيىق؛ نىمە دېگەن، نەقەدەر؟ يامان، ئەسكى، ياۋۇز.

**ئايىق** (آيق) ئېيىق؛ ۋەدە: ئانىڭ ماڭا ئايىقى بار — ئۇ ماڭا ۋەدە بەرگەن.

**ئايىق** (عايىق) ئ. توسقۇن، توسقۇن بولۇۋاتقان؛ توسقۇنلۇق، توسالغۇ.

**ئايىقە** (عايىقە) ئ. توسالغۇ، توسقۇنلۇق؛ توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان (كۆپلۈكى "ئەۋايىق").

**ئايىلە** (عايىلە) ئ. ئائىلە، بالا ـ چاقا؛ خوتۇن؛ ئايىلەدار ـ بالا ـ چاقىلىق، ئۆيلۈك؛ ئايىلە مەند ـ بالا ـ چاقىلىق.

**ئايىلماق** (آيلماق) ھوشىغا كەلمەك، ئۆزىگە كەلمەك.

**ئايىن** (آيىن) پ. ئادەت، رەسىم ـ قائىدە، نىزام، رەۋىش، تەرز، ئۇسۇل، مۇراسىم؛ ئوخشاش، كەبى.

**ئايىنە** (آئىنە) پ. ئەينەك كۆزگۈ؛ ئايىنە ئايىن ـ ئەينەككە ئوخشاش.

**ئايىنەدار** (آئىنەدار) پ. ئەينەك ساقلىغۇچى، ئەينەك تۇتقۇچى؛ ساتراچ.

**ئايىنەسان** (آئىنەسان) پ. ئەينەكتەك.

**ئايىنەگون** (آئىنەگون) پ. ئەينەك رەڭ، ئەينەكتەك.

**ئايىنەفام** (آئىنەفام) پ. ئەينەك رەڭ، تىنىق، سۈزۈك.

**ئايىنەما** (آئىنەما) پ. چىرايلىق، بىزەلگەن.

**ئايماق** (آيماق) ئۇرۇغ، قەبىلە؛ يۇرت، ۋىلايەت، ئوبلاست.

**ئايمانچ** (آيمانچ) قورقۇنچ، ۋەھىمە.

**ئايىنقسا** (آينيقسا) بولۇپمۇ، خۇسۇسەن.

**ئايىنغ** (آينيغ) خەۋپ، خەتەر، يامان.

**ئايۇر** (آيور) ئېيىتىدۇ، دەيدۇ، بايان، قىلىدۇ.

**ئايۇق** (آيوق) قوغدىغۇچى، مۇھاپىزەتچى، قورۇقچى.

**ئايەت** (آيەت) ئ. بەلگە، نىشان؛ قۇرئان جۈملىسى.

**ئايەندە** (آيەندە) پ. كەلگۈچى، كېلىدىغان.

**ئال**[1] (آل) ھالرەڭ، ئوترەڭ، قىزىل؛ بادەئى ئال ـ قىزىل مەي؛ ئال

ئەيلىمەك ــ قىزىل قىلماق، قىزارتماق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: قانلەر ئىلە ئارزىنى ئال ئېتىپ، يۈزىدە كۆزمەردىنى خال ئېتىپ.
(ناۋايى)

**ئال²** (آل) ھىيلە، ئامال، چاما: ئال ئالىتاغ ــ ھىيلە، ھىيلە-مىكىر؛ تەدبىر.

**ئال³** (آل) ئالدى، ئالدى ياق، ھوزۇرى؛ قارشى، ئۇدۇل؛ چېكە، ماڭلاي: ئالنىغا ــ ئالدىغا.

**ئال** (آل) ئ. ئائىلە، خانەدان، قېرىنداش، ئۇرۇغ، بالا-چاقا، ئۆي ئىچى.

**ئالا** (آلا) ئاستا، ئالدىرىماي: ئالا-ئالا ــ ئاستا-ئاستا.

**ئالات** (آلات) ئ. "ئالەت" نىڭ كۆپلۈكى.

**ئالاخان** (آلاخان) يەرسىز، ماكانسىز، ساياق، بىكارچى، ئىشسىز.

**ئالاچى** (آلاجى) جاللات، قاتىل، ئۆلتۈرگۈچى.

**ئالاچۇ** (آلاجو) ئالچۇق، كەپە.

**ئالاچۇق** (آلاجوق) ئالچۇق، باراك، چەللە.

**ئالا قاراق** (آلا قاراق) ئات ۋە كالىلاردا بولىدىغان بىر تۈرلۈك كۆز ئاغرىقى؛ چالا-بۇلا، ئالا-قۇرا.

**ئالاقماق** (آلاقماق) تارمار بولماق، بەربات بولماق.

**ئالاڭ** (آلانك) ئۇچۇق، ئۇچۇقچىلىق، ھاللاڭ: ئالاڭ يازى ــ ئۇچۇق تۈزلەڭلىك، تۈز يېزىق ("يالاڭ"غا قاراڭ).

**ئالاڭغىراماق** (آلانكغراماق) ئېچىرقاپ كەتمەك، قوسىغى ئېچىپ ھالى قالماسلىق، ھالسىزلانماق.

**ئالاي¹** (آلاى) ئالا، ئارىلاشقان، بويالغان: مەي ئالاي ــ مەي ئارىلاش؛ چېھرە ئالاي ــ يۈز بويىغۇچى، قەللاپ.

**ئالاي²** (آلاى) جامائەت، گۇرۇھ، توپ، يىغىن: جىنازە ئالاي ــ جىنازىغا يىغىلىشقانلار؛ ئەسكەر ئالاي ــ ئەسكەرلەر توپى.

**ئالايىش** (آلايش) چىرىك-لىك، ئىپلاسلىق، چىركىنلىك، بۇلغىناق.

**ئالام** (آلام) ئ. "ئەلەم" نىڭ كۆپلۈگى.

**ئالامان** (آلامان) مۇنتە-زىمسىز، باشباشتاق لەشكەر؛ بۇلاڭچىلار، باسمىچىلار: ئالا-قانات، ئالىڭەدەن.

**ئالامانچى** (آلامانجى) بۇلاڭچى، باسمىچى، تاجا-ۋۇزچى.

**ئالان** (آلان) مەيدان، بوشلۇق، تەرەپ.

**ئالاۋ** (آلاو) ئوت، يال-قۇن، ئۇلا؛ ئالاۋلاناماق — يالىنجىماق؛ غەزەپلەنمەك.

**ئالاۋان** (آلاوان) تىمساخ.

**ئالباغۇت** (آلباغت) يېگىت-مەس باتۇر، قەھرىمان.

**ئالبوتو** (آلبوتو) زىننەت، تاج.

**ئالبۇرغا** (آلبورغا) قۇلاق ھالقىسى، زىرە.

**ئالپ** (آلپ) باتۇر، قەھ-رىمان.

**ئالپاغۇت** (آلپاغوت) "ئالبا-غۇت"قا قاراڭ.

**ئالتايى** (آلتايى) قىزىل تۈلكە، ئالتاي تۈلكىسى ۋە ئۇنىڭ تېرىسىدىن ئىشلەنگەن جۇۋا.

**ئال تامغا** (آل تامغا) قىزىل تامغا، خان يارلىقلىرىغا بېسى-لىدىغان تامغا.

**ئالتىن** (آلتن) ئاستىن، تۆۋەن: ئالتىن يانتا — ئاستىن تەرەپ.

**ئالچاق** (آلجاق) بۇ سۆز-نىڭ بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى مەنىسى بار: بىر مەنە-سى رەزىل، پەست، ياۋۇز؛ جاسۇس، خائىن؛ بۇزۇق، يامان، ھەييار؛ يانا بىر مەنىسى يۇۋاش، كۆڭلى يۇمشاق، مۇلايىم: ئالپ ياغىدا، ئالچاق چوغىدا — باتۇر يېغىدا بىلە-نەر، ئالچاق جاڭجالدا.

(ماقال)

**ئال-چاۋىش** (آل جاوش) ئۇسۇل-چارە.

**ئالچىق** (آلچىق) "ئالچاق"قا

قاراڭ.

**ئال ـ چەۋىش** (آل جەوش) "ئال چاۋىش"قا قاراڭ.

**ئالداق** (آلداق) ئالدام، ھىلە، نەيرەڭ.

**ئالغىن** (آلغين) توپ، جەمىيەت.

**ئالغىنچى** (آلغينچى) توپلىغۇچى، يىققۇچى

**ئالغۇ** (آلغو) ھەممە، بارلىق، بارچە، جىمى: ئالغۇ بۇرقانلار — بارلىق بۇرھانلار.

**ئالغۇن** (آلغون) تۆپە، دۆڭ، كۆتەل، كىچىك تاغ.

**ئالقاماق** (آلقاماق) دۇئا ئوقۇماق، ماختىماق، مەدھىيە
بەرمەك، ياخشىلىق تىلىمەك.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
سىندا ناز ئولدى ناۋايىدا نىياز
ئىيرماس ئەجەب، كىم سىنى
ئانى قارغاغان سايى سىنى ئول
ئالقامىش.

(ناۋايى)

**ئالقۇ** (آلقو) "ئالغۇ"غا قاراڭ

**ئالقۇزۇ** (آلقوزو) قاتار، قاتار ـ قاتار.

**ئالىس** (آليس) ئۇزاق، يىراق.

**ئالىش** (آلش) ئىبلىش، كۆللەرنىڭ ئىبلىشى (توغان).

**ئالىيە** (عاليە) ئ. يۇكسەك، ئۇلۇغ، بۈيۈك ("ئالى"نىڭ يىپىق تۈرى).

**ئالىمان** (آليمان) توپ، كۆپچىلىك، ئاممە، ئادەملەر توپى. شېئىردا مۇنداق
كەلگەن: جەمئى ئىكەن مەدرە-
سەدە ئالىمان، رەۋشەن
ئولۇپ ھەر بىرى شەمئى
جەھان.

(زەلىلى)

**ئالىن** (آلين) ماڭلاي، پىشانە.

**ئاللە** (آلە) ئاللەي (بوۋاقلارنى بەزلەپ ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز). قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:
ئاللە دىسەم ئۇيقۇ كىلۇر،
قادىر ئىگەم رەھمى كىلۇر.

**ئالەت** (آلت) ئ. جابدۇق، سايمان، قورال: ئالەت تاناسىل — ئەركەكلەرنىڭ جىنسى ئەزاسى، زەكەر.

**ئالەمتاپ** (عالمتاب) ئىپ. ئالەمنى يورۇتقۇچى، قۇياش؛ قۇياش يۈزلۈك گۈزەل.

**ئالەم سۆز** (عالم سوز) ئىپ. جاھاننى ئۆرتىگۈچى.

**ئالەمگىر** (عالمگر) ئىپ. ئالەمنى ئالغۇچى، جاھانگىر؛ جاھاننى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغۇچى.

**ئالمان** (آلمان) ئالالماي، قىلالماي. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: جەمالىڭ دەپتەرىدىن نۇكتەنى شەرھى ئېتە ئالمان، يىلى ئۆمرۈم ئىچىدە ئەي پەرى يۈزىڭ كىتاپ ئەيلەپ.

(زەلىلى)

**ئالملا** (آلملا) ئالما.

**ئالۇد** (آلود) پ. سۆز بېرىكمىسىگە قوشۇلۇپ، ئارىلاش، بولغانغان، يارىماس دېگەن ئۇقۇملارنى ئاڭلىتىپ كېلىدۇ: خاب ئالۇد — ئۇيقۇ باسقان، ئۇيقۇسىرىغان، ئۇيقۇ ئارىلاش؛ كۆڭلى ئالۇدە بولماق — كۆڭلى ئېلىشماق؛ زەھەر ئالۇد — زەھەر ئارىلاشقان، زەھەرلىك؛ ئالۇدىلىق — ئىپلاسلىق، بىھۇدىلىك، بۇلغانغانلىق.

**ئالۇدە** (آلوده) پ. پاسكىنا، بۇلغانغان: ئالۇدە دامان — ئەخلاقسىز، ئىستىلى بۇزۇق؛ گۇنا قىلغان، چۈشكۈنلەشكەن؛ زىناخور.

**ئالۇفتە** (آلوفته) پ. بېرىلگەن، ئاشىق؛ نازۇك تەبىئەت؛ ئالىپتە، كېلىشكەن.

**ئام[1]** (عام) ئ. يىل، بىر يىل.

**ئام[2]** (عام) ئ. ئورتاق، ھەممە، بارچە، ئومۇمى؛ چاكىنا، قوپال؛ ئاددى خەلق؛ زىرەك ئەمەس: ئام بولماق — ئومۇمى بولماق، يېيىلماق؛ بارى ئام — ئومۇمى رۇخسەت، ئومۇمى قوبۇل؛ ئامۇخاس — كۆپچىلىك ۋە شەخسلەر.

**ئاماچ[1]** (آمج) قارا، قورول، نىشانە، چىنەك (ئوق ئېتىپ كۆنۈكۈش ئۈچۈن قويۇلغان قورول تاختىسى).

**ئاماچ[2]** (آمج) بوقۇسا،

ياغاچ ساپان.
**ئاماچلق** (آمجلق) قارىغا
ئاتىدىغان مەيدان، مەشق
جايى، ئاماچگاھ.
**ئامادە** (آمادە) پ. تەييار،
تەييارلانغان: ئامادە ئەيلە-
مەك — تەييارلىماق.
**ئامار** (آمار) پ. ھېساپ، سان،
ھېساۋات.
**ئامارگەر** (آمارگر) پ. ھېساپ-
چى، تىزىمچى، ئىستا-
تىستىكچى.
**ئامارى** (آمارى) نۇرغۇن
كىشلەر، بىرقانچە.
**ئامال** (آمال) ئ. ئۈمىتلەر،
تىلەكلەر، ئىستەكلەر (بىرلىگى
"ئەمەل").
**ئامتى** (آمتى) ئەمدى.
**ئامرانچ** (آمرانج) خۇشال-
لانماق، شادلانماق.
**ئامرانماق** (آمرانماق) كۆيۈ-
مەك، سۆيمەك، مۇھەببەت
باغلىماق. ئىشقى چۈشمەك؛
شادلانماق.
**ئامرانمس** (آمرانميس)
شەھۋانى، نەفسانى: ئامراد-
مىس كۆڭۈلنى — شەھۋانى
كۆڭۈل بىلەن.
**ئامى** (عامى) ئ. ساۋاتسىز،
بىلىمسىز.
**ئامد** (عامد) ئ. قەستەن،
مەقسەتلىك، غەرەزلىك.
**ئامر** (عامر) ئ. ئادىمى كۆپ،
ئادەم قويۇق؛ ئېچىلغان؛ ئاچ-
قۇچى؛ قېرى، ئاجىز ئادەم.
**ئامز** (آميز) پ. سۈپەت
ياسىغۇچى قوشۇمچە: ئامز-
گار — چېقىشقاق، مۇلايىم؛
مۇھەببەت ئامز — دوستانە؛
مۇنايىم، يېقىملىق.
**ئامزش** (آميزش) ئ. ئارد-
لاشما؛ بېرىش-كېلىش؛
جىنسى مۇناسىۋەت.
**ئامزشى** (آميزشى) ئ. سىپ-
لىس، سىپلىس كېسىلى.
**ئامل**[1] (عامل) ئ. گۇماشتا؛
جاسۇس، تىڭچى؛ باجگىر؛
ۋالى، ئۆلكە باشلىقى، زۇڭ-
دۇ؛ ئىشچى؛ ئىش بېجىر-
گۈچى، ئەمەلدار؛ ئىجرا
قىلغۇچى.
**ئامل**[2] (عامل) ئ. ئامىل،

سەۋەپ؛ نەسىللىك مال؛ پاتال، ئاكتىپ، ھەركەتچان؛ پىشقان، چىنىققان.

**ئامىل ئاغلاق** (آميل آغلاق) تىنچ راھەت جاي.

**ئامىلىيەت** (عامليت) ئ. ئىقتىدار، يارام، ھېكمەت؛ تىزگىنلىمەك.

**ئامىن** (آمين) ئ. "قوبۇل قىلغىن، ماقۇل دېگىن" دېگەن ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاممە** (عامه) ئ. كۆپچىلىك. ئاددى خەلق، پۇقرا: ھەممە، بارلىق؛ ئادەتتىكى، ئاددى.

**ئامۇختە** (آموخته) پ. ئۆگىتىلگەن، كۆندۈرۈلگەن (ھايۋانلارغا قارىتىلىدۇ)؛

**ئامۇختەن** (آموختن) پ. ئۆگەتمەك؛ ئۆگەنمەك.

**ئامۇرزىش** (آمرزش) پ. گۇناھنى كەچۈرمەك، ئەپۇ قىلماق.

**ئاموز** (آموز) پ. سۆز بىرىكمىسىدە "ئۆگەنگۈچى، بىلگۈچى، بىلەرمەن، **ئالغۇچى**" دېگەن ئۇقۇملارنى ئاڭلىتىپ كېلىدۇ: ئىلىم ئاموز — بىلىم ئالغۇچى.

**ئاموزىش** (آموزش) پ. تەربىيە، ئۆگىتىش؛ ئۆگىنىش؛ تەلىم، تەلىمات.

**ئاموزىشگاھ** (آموزشگاه) پ. مەكتەپ، بىلىم يۇرتى.

**ئامۇل** (آمل) تىنچ، جىم تۇرغان؛ يۇۋاش.

**ئامەدەن** (آمدن) پ. كەلمەك، پەيدا بولماق؛ ئوي، خىيال؛ پەرەز، قىياس.

**ئان**[1] (آن) ئ. ۋاقىت، چاغ، پەيىت، دەم: بىر ئان — بىر دەم.

**ئان**[2] پ. ئۇ، ئاشۇ.

**ئاناچ** (آناج) زىرەك قىز.

**ئانت** (آنت) قەسەم، ۋەدە، ئەھد.

**ئانتا** (آنتا) ئۇ يەردە، ئاندىن، ئۇندىن: ئانتادا ئادان تاقى — ئۇندىن باشقا يانا؛ ئانتا ئۇتۇرۇ-ئاندىن كېيىن.

**ئانچاقتا** (آنجاقتا) بىر ئازمۇ، زادىلا؛ خېلىدىن كېيىن.

**ئانچىنان** (آنچنان) پ. شۇ

قەدەر.

**ئانچۇلاماق** (آنجولاماق) تەقدىم قىلماق، ھەدىيە قىلماق.

**ئانجاق** (آنجاق) مايىل: لۇتفى سۆزىنىڭ لۇتفىنە تەبئىڭ يېتەر ئانجاق. (لۇتفى)

**ئانجىرغا** (آنجرغا) ئاۋاق، يىگىنى چىرايىغا چىقمايدىغان.

**ئاند** (آند) "ئانت"قا قاراڭ.

**ئانزىماق** (آندماق) ئاڭدىماق، چۈشەنمەك.

**ئانداغارماق** (آنداغارماق) قەسەم ئىچكۈزمەك؛ پەملىمەك.

**ئانسىز** (آنسيز) ئۈنىڭسىز.

**ئانغا** (آنغا) ئاڭغا، يارىماس.

**ئانىن** (آنين) شۇڭا، ئاندىن.

**ئانۇق** (آنوق) تەييار، تەييار نەرسە.

**ئاۋلاق** (آولاق) ئوۋ مەيدانى، شىكارگاھ.

**ئاۋار** (آۋار) پ. چاك-تۇزاك؛ خىش-كېسەك پارچىلىرى، خارابە؛ ئېغىر بېسىم، يۈك؛ كۆمتۈرۈلۈپ چۈشكەن؛ سەرسان، سەرگەردان، ماكانسىز، ساياق؛ قىزىق، ھارارەت، ئوت.

**ئاۋارە** (آۋارە) پ. سەرسان، سەرگەردان، ئىگە-چاقىسىز، ماكانسىز، ساياق؛ بەختسىز، قىيىنچىلىقتا قالغان؛ ھېساپ-كىتاب دەپتىرى.

**ئاۋاز** (آواز) پ. ئاۋاز، ئۈن، تاۋۇش، سادا؛ ناخشا، ناخشا ئاۋازى، كۈي؛ ئەكس سادا؛ نام، ئاتاق؛ ھېكايە؛ خەۋەر.

**ئاۋازە** (آوازە) پ. ناخشا، رىتىم؛ ئاھاڭ، ئاۋاز؛ رىۋايەت، خەۋەر؛ نام، ئاتاق.

**ئاۋازەخان** (آوازەخوان) پ. ناخشىچى، كۈيچى، قوشاقچى.

**ئاۋەرد** (آورد) پ. ئۇرۇش، جەڭ، جەڭ مەيدانى.

**ئاۋران** (آوران) كان ئوچاق، ئوچاق تونۇر.

**ئاۋرىندى** (آوروندى) تاشلاندۇق.

**ئاۋىچقا** (آوجقا) قېرى، ياشانغان كىشى، ئاقساقال.

**ئاۋىز** (آۋيز) پ. سۆز بىرىك-

مىسىدە ئېسىلغان، ئېسقلىق مەنىسىدە كېلىدۇ: دەستە ئاۋىز — قولدا ئېسىلغان ۋاستە؛ قۇتۇلۇش ۋاستىسى؛ ئاسقۇ، ئاسقۇچ؛ ئاسما چىراق.

**ئاۋىزە** (آويزە) پ. ئاسما، ئېسىلغان، ئېسقلىق؛ ھالقا، زىرە: ئاۋىزە قىلماق — ئاسماق، تاقاپ قويماق.

**ئاۋىن** (آون) گۆل بولماق، ئالدانماق: ئاۋىنما — گۆل بولما.

**ئاۋىنچ** (آونچ) كۆنمەك، كۆنۈكمەك؛ راھەتلەنمەك، راھەت.

**ئاۋىنچو** (آونجو) كۆڭۈلنى ئالدىغان نەرسە، ئويۇنغۇچ، ئاۋۇنچۇق.

**ئاۋىناماق** (آوناماق) كۆڭۈل ئاچماق، ئوينىماق.

**ئاۋۇت** (آوت) ئوچ، ئوچۇم، چاڭگال، شاپىلاق.

**ئاۋۇتماق** (آوتماق) كۆتەرمەك، ئۆستۈرمەك، بەزلىمەك.

شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
مېھمان غەمىڭ تاكى كۆڭۈلنى ئاۋۇتۇپدۇر، كەۋنەيىن ھاۋاسى سەراسەر ساۋۇتۇپدۇر.
(زەلىلى)

**ئاۋۇچ** (آوچ) چاڭگال، شاپىلاق، ئوچ، ئوچۇم، چاۋاك: ئاۋۇچ ئاچماق — شاپىلاق ئاچماق؛ ئاۋۇچ قاقماق — چاۋاك چالماق. ئاۋۇچلىماق — چاڭگاللىماق، شاپىلاقلىماق.

شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
قىش كۈنى دەريانى قىلدىڭ شىشە پۇش، بىر ئاۋۇچ تۇفراقدىن يۇز ئەھلى ھۇش.
(زەلىلى)

# ب

**با** (با) پ. ئۇيغۇرچىدىكى "لىق، چى، چە" قوشۇمچە-لىرىنىڭ مەنىسىدە كېلىدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ۋە "بىلەن، ئارقىسىدا، ئاستىدا، ئەھۋالدا، بار" دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەردە كېلىدىغان ياردەمچى سۆز: باخەبەر — خەۋەرى بار، خەۋەردار؛ بائەدەپ — ئەدەپلىك؛ بائاب-روي — ئابرويلۇق؛ باقەلەم — قەلەم بىلەن؛ باتەرتىپ — تەرتىپ بىلەن؛ باكۆمەل دوستان — ئاغىنىلەرنىڭ يار-دىمى ئاستىدا (بۇ قوشۇمچە "بە" دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. م: بەقۇۋ-ۋەت — قۇۋۋەتلىك، كۈچلۈك).

**باب** (باب) ئ. ئىشىك، دەر-ۋازا، قوۋۇق، قاپقا؛ بوغاز؛ بۆلۈم، بۆلەك، پاراگراف؛ ماددا، تارماق؛ ئىش، تېما؛ جەھەت، توغرىسىدا؛ مۇۋاپىق، لايىق؛ ئاتا، دادا؛ بابىلمە-مات — ئۆلۈم ئىشىكى؛ دەر-باب — بۇ جەھەتتە، بۇ توغرى-دا؛ ئاممىباب — ئاممىغا لايىق؛ بابىلمەندەب — قىزىل دېڭىز بوغۇزى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: كى شاھزادە ئاچتى كەرەم بابىنى، كۆرۈپ شاھى فەغفور بۇ ئىنئامىنى.
(ئا. نىزارى)

**بابا** (بابا) پ. بوۋا، بوۋاي؛ ئاتا، دادا؛ بىر جەمەت پېشۋا-سى؛ دوست، بۇرادەر: بابا بۇزرۇگ — ئۇلۇغ بوۋا؛ باباجان — جېنىم دادا، ئوب-دان دادا.

**بابزەن** (بابزن) پ. زىخ، كاۋاپ زىخى.

**بابەت** (بابت) پ. توغرىسىدا، ھەققىدە، مۇناسىۋەت، ئىش؛ تۈر، ماددا؛ ھېساب.

**بابەركەت** (بابركت) پ. بەرىكەتلىك، مول، باي، بەختلىك، بەك ياخشى؛ ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان، بەخت ئېلىپ كېلىدىغان.

**بابەزائەت** (بابضاعت) ئې. باي، پاراۋان، باياشات.

**بات** (بات) پات، تېز، تېزلىكتە: بات ئەيلىمەك — تېزلەتمەك؛ باتراغ — تېزرەك.

**باتراق** (بتراق) بايراقچە، ئەلەمچە، كىچىك بايراق.

**باتلاق** (باتلاق) پ. پاتقاق، پاتقاقلىق يەر.

**باتلىغ** (باتليغ) تېزلىك، ئىلداملىق.

**باتىل** (باطل) ئ. بۇزۇلغان، بۇزۇق، بىكار قىلىنغان، بىھۇدە، خاتا، ئاساسسىز، پايدىسىز، ئۈنۈمسىز، كېرەكسىز، قۇرۇق؛ يالغان: باتىل ئەيلىمەك — يوق قىلماق، يوققا چىقارماق، بۇزماق.

**باتىم** (باتيم) چوڭقۇر تېرەن، پاتماق.

**باتىن** (باطن) ئ. ئىچ، ئىچكى؛ كۆڭۈل، روھ، ئىچكى تۇيغۇ.

**باتىنەن** (باطناً) ئ. ئىچتىن، ئىچىدىن، يوشۇرۇن.

**باتىنىيە** (باطنيه) ئ. ئىچكى، ئىچىدە بولغان.

**باتمان**1 (باتمان) ئېغىرلىق ئۆلچىمى: باتمان تاش — پاتمان ئېغىرلىقىدىكى تاش.

**باتمان**2 (باتمان) پاتمايمەن، سىغمايمەن.

**باتمۇل** (بتمل) پىلپىل.

**باتۇ** (باتو) زور، قاتتىق، مۇستەھكەم، زەبەردەس.

**باتۇرغاق** (باتورغاق) بودۇشقاق.

**باتۇق** (باتوق) ئېغىر، ۋەزمىن.

**باجەمال** (باجامال) پ. چىرايلىق، گۈزەل.

**باجگاھ** (باجگاه) پ. تاموژنا، چېگرا بېجى ئالىدىغان ئورۇن.

**باجى** (باجى) پ. ھەدە

(تونۇش بولمىغان ئايالـلار
شۇنداق چاقىرىلىدۇ).
**باجىن** (باجين) بېيجىڭ.
**باجىناق** (باجناق) باجا،
ئىككى قىز قېرىنداشنىڭ
كۈيۈلرى.
**بىلگە** (بلكا) بىلىملىك، ئالىم، دانىشمەن، پەيلاسوپ، ھېكىم، ئاقىل.

**بىلگۈت** (بيلكوت) تۈركى ئۇرۇقلارنىڭ بىرى.

**بىلگۈر-** (بيلگور-) بىلدۈرمەك.

**بىلىك** (بيليك) ئىلىم، بىلىم: ئادەم بىلىك بىلەن، ھايۋان ئىلىك.

(ماقال)

**بىلفەرەز** (بالفرض) ئ. پەرەز قىلساق، پەرەز قىلايلۇق، ئېيتايلۇق.

**بىلفىئىل** (بالفعل) ئ. ئەمەلىي سۈرەتتە، ئەمەلدە، چىندىن.

**بىلىس** (بليس) "ئىبلىس"كە

قاراڭ.

**بەلئىتتىفاق** (بالاتفاق) ئ. بىرلىشىپ، بىرلىكتە، ئۇيۇشۇپ.

**بەلئىستىقلال** (بالاستقلال) ئ. ئۆزلۈگىدىن، ئىختىيارى بىلەن، مۇستەقىل رەۋىشتە.

**بەلئەيىن** (بالعين) ئ. كۆز بىلەن.

**بىلمان** (بلمان) بىلمەيمەن.

شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ھەيرەتتە قالدىم ئانچە بىلمان
ئۆزۈمنى ھەرگىز، ئىستەپ
جاھاننى كەزدىم ھېچيەردە
يوق مىسالىڭ.

(مەھزۇنى)

**بىلە** (بيله) بىلەن، بىرگە، بىرلىكتە.

**بىلەگۇ** (بلاكو) بىلەي.

**بىلۇجام** (بى لوجام) ئ. يۈگەنسىز، قائىدىسىز، تۈزۈمگە بويسۇنمايدىغان.

**بىللۇر** (بلور) پ. پارقىرايدىغان ئاق خرۇستال ئەينەك: بىللۇر بولماق — پارقىرىماق، تىنىق كۆرۈنمەك.

**بىللۇرىن** (بلورين) پ. بىللۇرغا ئوخشاش، بىللۇردەك ئاق.

**بىم** (بيم) قورقۇش، خەۋپ: بىم ئەيلىمەك — قورقماق.

**بىمار** (بى مار) پ. ئاغرىق، كېسەل.

**بىمايە** (بى مايه) پ. ھېچنەرسىسى يوق، سەرمايىسىز.

**بىمانەند** (بى مانند) پ. مىسلىسىز، تەڭداشسىز.

**بىمىقدار** (بيمقدار) ئىپ. ئۆلچەمسىز؛ كىچىك، ئاز، كەم.

**بىمەھار** (بيمهار) يۈگەن، چۇلۋۇر.

**بىمەھاسىل** (بى محاصل) ئىپ. پايدىسىز.

**بىمەدارا** (بى مدارا) پ. مۇرەسسەسىز، كېلىشمەس.

**بىمەرام** (بى مرام) پ. مەقسەتسىز.

**بىمەسەل** (بى مثل) ئىپ. ئوخشاشلىقى يوق، تەڭدىشى يوق.

**بىمەلال** (بى ملال) ئىپ. ئېغىر كۆرمەسلىك، ئەركىن، تۇسالغۇسىز.

**بىمۇرۇۋۋەت** (بى مروت) پ. ئادەمگەرچىلىكى يوق.

**بىمۇھەسسەل** (بى محصل) ئىپ. مەھسۇلسىز، ئۈنۈمسىز.

**بىمۇنتەھا** (بى منتها) ئىپ. ئاخىرى يوق، نىھايەتسىز، چەكسىز.

**بىن** (بن، بنى) ئ. ئوغۇل، بالا.

**بىناگاھ** (بناگاه) پ. "بەناگاھ"غا قاراڭ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: بىناگاھ سۇ چايقاپ چىقاردى گۆزار، كى دەريا قىراغىدا ياتتى نىگار.

(ئا. نىزارى)

**بىنائ** (بناء) پ. ئىمارەت؛ ئاساس. ئۇل، تايانچ: بىر نەرسىنىڭ ياكى ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشى، قۇرۇلمىسى: ئەدەپ بىناسى — ئەدەپ ۋە ئەخلاق تۈزۈمى، ئۇلى، ئاساسى؛ بىنا قىلماق — قۇرماق، تىكلىمەك؛ لەفز بىناسى — سۆز تۈزۈلۈشى، ئۇسلۇب.

**بىنت** (بينت) ئ. قىز. قىز بالا.

**بىنىياز** (بى نياز) پ. ھاجەتسىز. ئېھتىياجسىز: كۆپ: بىنىيازلىق — ئېھتىياجسىزلىق، بايلىق.

**بىنەدامەت** (بى‌ندامت) ئىپ. نادامەتسىز، پۇشايمانسىز، ئۆكۈنچسىز.

**بىنەزىر** (بى‌نظير) ئىپ. تەڭسىز، مىسلىسىز، ئوخشىشى يوق، تەڭدىشى يوق، تەڭداشسىز.

**بىنەۋا** (بينوا) پ. پەقىر، مەھرۇم، يوقسۇل، بىچارە؛ ئۆلۈشسىز، بەھرىسىز: بىنەۋالىق — بىچارىلىك، كەمبەغەللىك.

**بىۋايە** (بى‌وايه) پ. بەختسىز، تەلەيسىز.

**بىۋە** (بيوه) پ. تۇل، ئەرسىز، بۇۋە.

**بىۋەھىم** (بى وهم) پ. قورقۇنچسىز، ۋەھىمىسىز.

**بىۋەزن** (بى‌وزن) پ. قەددى قامىتى كېلىشكەن.

**بىۋەقار** (بى وقار) ئىپ. يېگىل-

تەك، يەڭگىل، يەڭگىل
تەبىئەت.
**بۇ** (بۇ) پ. همد، ئىس: مۇش-
كىن بۇ — مۇشك همدى.
**بۇت** (بوت) پۇت، ئاياق.
**بۇت** (بوت) پ. بۇت، بۇتپە-
رەسلەرنىڭ چوقۇنىدىغان
خۇداسى. كۆچ: يار، مەشۇقە،
ھېيقمايدىغان، رەھىم قىلماي-
دىغان مەھبۇب؛ بۇتى
ئازارى — بۇت سۆيگەن يار.
**بۇتا** (بوتا) هاۋانچا تىشى.
**بۇتاۋ** (بوتاۋ) پۇتۇن، كەم-
چىلىكسىز، زەخىملەنمىگەن.
**بۇت تەراش** (بت تراش) پ.
بۇت ياسىغۇچى ئۇستا.
ھەيكەلتاراش.
**بۇتراماق** (بوتراماقه) تارقى-
ماق، توزىماق. پاراكەندە
بولماق، پەرىشان بولماق.
چاچرىماق: بۇتراتماق —
پاراكەندە قىلماق، توزۇتماق،
تارقاتماق.
**بوتقا** (بوتقا) ئۇماش، ئارىلاشما
تاماق.
**بۇت فىگەن** (بت فكن) پ.
بۇتنى ئېلىپ تاشلىغۇچى،
بۇتنى سۇندۇرغۇچى، بۇتنى
چاققۇچى.
**بۇتگەر** (بتگر) پ. بۇت ياسى-
غۇچى ئۇستا، بۇتتاراش.
**بوتلان** (بالان) ئ. پايدىسىز،
كېرەكسىز، ئۇنۇمسىز؛ يالغان،
ساختا، ئىشەنچسىز.
**بوته** (بوته) ئالتۇنچىلارنىڭ
مەدەن ئېرىتىدىغان ئىدىشى.
**بۇتىغ** (بوتيغ) پۇتاق، شاخ.
**بۇتون** (بطون) ئ. قېرىنلار،
قېرىن - قۇرساقلار ("بىرلىكى
بەتن")
**بۇتۇگە** (بوتوگه) پېدىگەن،
چەيزە.
**بوتو** (بوتو) بوتا، تايلاق.
**بۇتۇرغاق** (بترغاق) بۇدۇشقاق.
**بوجەن** (بوجن) توشقان
بالىسى.
**بۇخار** (بخار) ئ. بۇغ،
تۇمان؛ پار، هور، پو.
**بوخسۇق** (بخسق) تۇتقۇن ۋە
قۇللارنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان
زەنجىر.
**بۇخل** (بخل) ئ. قىزغانچۇق-

لۇق، بېخىللىق.

**بۇخۇر** (بخور) ئ. ئۇتقا تاشلىسا خۇشبۇي پۇراق چېقىدىغان ۋە دورا ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان كۆكتاتلار، ئېرىق سېلىنىدىغان ئوتلار.

**بۆھران** (بحران) پ. خەۋپ-خەتەر، ئۇشۇقچىلىق، كاسات-چىلىق، كىرىزىس: بوھران ئامىز — بوھرانلىق.

**بود** (بود) بوي، بەدەن؛ سايە، قارا؛ قەبىلە.

**بۇد** (بود) پ. بارلىق، ۋۇجۇت: بۇدۇ نابۇد — بارۇ يوق؛ بار ئىدى، يوق ئىدى.

**بودا** (بودا) كۆزى يورۇماق: كۆزى يارىب بودادى.

**بۇدىك** (بدىك) ئۇسۇل (ئوينايدىغان).

**بۇدرۇماق** (بودروماق) سۇس ھەركەت قىلماق، قىمىرلىماق؛ بەدەنگە بىر نەرسە تاشىماق؛ ۋاراقلاپ قاينىماق.

**بۇدەر** (بودر) ساقىيۇر، ساقىيىدۇ: بات بۇدەر — تېز ساقىيىدۇ.

**بۇدۇرسىن** (بودورسىن) بۇ-دۇنە.

**بودۇن** (بودون) خەلق، ئادەم، ئاممە، خالايىق.

**بودۇن-بوچۇن** (بودون بوجون) خەلق ئاممىسى، خەلق، ئاممە.

**بۇدۇنلۇغ** (بدنلوغ) بۇدۇنلۇغ كىشى — ئۇرۇق جەمەتلىك كىشى.

**بور[1]** (بور) بوران، چاپقۇن.

**بور[2]** (بور) ئۈزۈم؛ ئۈزۈم ھارىغى.

**بۇراق** (براق) ئ. دىنى قاراش بويىچە، مۇھەممەت پەيغەمبەر ئاسمانغا چىققان كېچىسى مىنگەن ئات.

**بۇراقۇ بەرق** (براقو برق) پ. چاقماقتەك چاپقۇر ئات.

**بۇرران** (بران) پ. ئۆتكۈر، كەسكىن.

**بۇرانغار** (برانغار) ئۇرۇشتا قوشۇننىڭ ئوڭ يېنىدا تۇر-غۇچى چېرىكلەر، قوشۇننىڭ ئوڭ قانىتى.

**بۇربۇغا** (بربوغا) تۆمۈر

قوزۇق يۇلتۇزى، شىمالىي
قۇتۇپ.

**بۇرتا'** (برتا) ئالتۇن ۋەرەق.

**بورتاغ** (بر تاغ) ئىگىز - پەس
يەر، ئويگىۇل - دوگىۇل يەر؛
بورتاغلىق — ئوي - دۆڭلۈك،
تەكشىسىزلىك.

**بۇرج** (برج) ئ. سېپىلنىڭ
چوخچىيىپ تۇرغان تۆت
بۇرجىگى؛ قەدىمقى ئاسترو-
نومىيىدە قۇياشنىڭ يىللىق
ھەركەت دائىرىسىدىكى ئون
ئىككى نۇقتىنىڭ ھەر بىرى؛
بۇرجى ئاب — جەدى، دەلۋ،
ھوت بۇرجلىرى يەنى قىش
ئايلىرى؛ بۇرجى ئاتەش —
ساراتان، ئەسەد، سۇنبۇل
بۇرجلىرى يەنى ياز ئايلىرى
دىگەنگە ئوخشاش.

**بۇرچىن** (بورجىين) تىشى
ئۆدەك ("بەرچىن" مۇ
دىيىلىدۇ).

**بۇرچەك** (برجك) ماگىلاي
چاچ، ئاتنىڭ كوكۇلىسى.

**بۇرخان** (برخان) تەڭرى،
بۇددا تەڭرىلىرى، ئىلاھ.
(بۇ سۆز "بۇرھان" دەپمۇ
ئېيتىلىدۇ).

**بۇرھان** (برهان) ئ. دەلىل،
ھۆججەت، گۇۋا، دەستەك،
ئىسبەندۇرۇش ئۈچۈن كۆرسە-
تىلگەن سۆز ياكى نەرسە؛
كۆچ: مەيخانا باشلىغى؛
بۇرھانى قاتى — كەسكىن
دەلىل.

**بورغان** (برغان) بوران.

**بۇرقى** (برقى) پۇرۇم،
قورۇق، پۇرۇلگەن نەرسە.

**بۇرقە** (برقه) يۈزگە تۇتىدى-
غان چۈمپەردە، نىقاپ؛

**بۆرك** (بورك) بۆك، تەلپەك،
قالپاق.

**بوركە** (بوركه) كۆلچەك،
كىچىك كۆل.

**بۇركۇرنەك** (بوركورمك)
ھۆركۇرىمەك، قاتتىق
ۋاقىرىماق.

**بورىلىغ** (بوريليغ) ياۋۇزلۇق،
زالىملىق؛ بورىلىغ قىلماق —
زۇلۇم قىلماق، جەبرى
قىلماق.

**بورىيا** (بوريا) پ. بورا؛ بورد-

يابار ـــ بورا توقۇغۇچى.

**بورلانغان** (بورلانغان) ئاقلانغان.

**بورلۇق** (بورلوق) ئۈزۈملۈك، تەكلىك.

**بورلۇقچى** (بورلۇقچى) باغۋەن.

**بۇرنا** (برنا) دەسلەپ، بۇرۇن، ئاۋال، ئىلگىرى. ئالدىن.

**بۇرناغى** (برناغى) ئىلگىرىكى، بۇرۇنقى.

**بۇرۇدەت** (برودت) پ. سالقىنلىق، سوغۇقلۇق.

**بۇرۇنچا** (بورونجا) ئادەت بويىچە.

**بۇرۇنچەك** (برونجك) نازۇك توقۇلغان يىپەك رومال؛ يېلىك يېپىنچا؛ يۈزگە تۇتۇلىدىغان يىپەك پەردە.

**بۇزاغ** (بزاغ) موزوي ("بۇزاغۇ"مۇ دېيىلىدۇ).

**بۇزاغۇباشى** (بزاغوباشى) موزويۋېشى.

**بۇزاغۇتىلى** (بزاغو تلى) كۆسۈتكە.

**بۇزاۋ بۇرنى** (بزاوبورنى) تىرناقلارغا چىقىدىغان يارا، زەخىم.

**بۇزكۇش** (بزكش) پ. ئۆچكە سويغۇچى قاسساپ؛ ئۇلاقچى؛ ئەرزىمەس نەرسە ئۈچۈن تالاشقۇچى پەس ئادەم.

**بۇزرۇگ** (بزرك) پ. ئۇلۇغ، زور، چوڭ؛ ئۇلۇغ كىشى: بۇزرۇگلۇق ـــ ئۇلۇغلۇق، ئۇلۇغۋارلىق.

**بۇزرۇگۋار** (بزركوار) پ. ئۇلۇغۋار، ئالىي دەرىجىلىك.

**بۇزغۇلۇق** (بوزغولوق) بۆلەك، پارچە.

**بۇزلۇق** (بزلق) مۇزلۇق، مۇزخانا.

**بۇزۇغ** (بزوغ) بۇزۇق، ۋەيرانە، خاراپ. كۆچ: غەمكىن، قايغۇلۇق كۆڭۈل.

**بۇزۇن** (بزون) خەلق، مىللەت، قەۋم ("بۇدۇن"غا ئوخشاش) ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يەر باسرۇقى تاغ، بۇزۇن باسرۇقى بەگ. (ماقال)

**بۇزۇرغان** ( بزورغان )
چوقماق، توقماق.

**بۇزۇملا** (بزوملا) نەشپۈت.

**بوس** (بوس) پ. سۆيۈش،
ئۆپۈش، پاي بوس — ئاياق
ئۆپۈش، سۆيۈش. كۆچ:
ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
بۇلار ھەرقايسىدۇر بىر
بىرىگە تاۋۇس، قاچان قىلغان
ئۇلار بىر بىرىنى پابوس.
(خىرقىتى)

**بوساغا** (بوساغە) بوسۇغا؛
پەس يەر.

**بوستان** (بستان) پ. باغ،
گۈلزار، چىمەن.

**بوستان سەرا** (بستان سرا)
پ. چىمەندە سايرىغۇچى.

**بوستان ئەفرۇز** (بستان
افروز) پ. تاجىگۈل.

**بوسە** (بوسە) پ. "بوس"قا
قاراڭ.

**بوسەگاھ** (بوسەگاھ) پ. لەب،
قاچار، مەگىز (شېئىردا)؛
مۇقەددەس جاي.

**بۇسۇش** (بوسوش) مۈك،
قايغۇ، غەم.

**بوسۇشلۇغ** (يوسوشلوغ) مۈڭ-
لۈق، قايغۇ-ھەسرەتلىك،
غەم-قايغۇلۇق.

**بۇسۇغ** (بوسوغ) يوشۇرۇن-
ماق، مۆكمەك؛ تۇزاق.

**بۇسماق** (بوسماق) تۇزاق
قۇرماق؛ يوشۇرۇنماق،
قاچماق، مۆكۈنمەك.

**بوش** (بوش) ئاسان.

**بۆش** ( بوش ) غەزەپ،
ئاچچىق.

**بوشغوت** (بشغت) شاگىرت،
ھۈنەر ئۆگەنگۈچى.

**بوشغۇرمىش** (بشغورمش)
يېتىشتۈردى، ئۆگەتتى.

**بۇشۇرماق** ( بوشورماق )
غەزەپلەندۈرمەك.

**بوغ** (بغ) پ. ئىگە، ئاللاھ،
ئىلاھ؛ بۇت.

**بۇغرا** (بغرا) بۇرغا، ئىككى
ئۆركەچلىك ئايغىر تۆگە.

**بوغرا** (بغرا) پ. ياۋا چوشقا،
قاۋان.

**بوغرۇل** (بغرل) بۇرۇل؛
بۇغرۇل قوي — بوغوزى ئاق

قوي.

**بۇغز** (بغض) ئ. كەك، كىنا،

ئۆچ، دۈشمەنلىك.

**بۇغۇ** (بوغو) بۇغا.

**بوغۇزلاغۇ** (بوغزلاغو) بوغۇز-

ماق.

**بۇقاچ** (بقاچ) ساپال قاچا:

ئاشاچ-بۇقاچ — قازان-

قومۇش.

**بۇقاغۇ** (بقاغو) بوقۇغۇ (ئوغ-

رىنىڭ پۇتىغا سېلىنىدىغان

قوۋۇق).

**بوقال** (بوقال) چېگرا ساق-

چىسى، ئەقسپ قىلغۇچى،

ئىز قوغلىغۇچى؛ قاماقىقا

ئالغۇچى.

**بۇقتاز** (بوقتاز) پىر، ئەۋلىيا،

پەيغەمبەر.

**بوقشۇت** (بوقشوت) قائىدە-

نىزام؛ تەلىم-تەربىيە

("بوقسۇت"مۇ دېيىلىدۇ).

**بۇقەلەمۇن** (بوقلمون) پ.

پىل قۇش؛ ئۆزگىرۈچان؛

تۇرلۇك تۈسكە كىرىۋالىدىغان

بىر خىل ھايۋان يەنى سۇسە-

مار، خامېلېئون. كۆچ: ۋاپا-

سىز: بۇقەلەمۇن دىسار —

تۇرلۇك تۇسكە كىرگۈچى،

ئۆزگىرۈچان، ۋاپاسىز.

**بوقئە** (بقعه) ئ. جاي، دىيار،

بىنا؛ خانىقا؛ ساراي.

**بۇكائ** (بكاء) ئ. يىغلىماق؛

بۇكائى مۇفروت — قاتتىق

يىغلىماق.

**بۆكتىر** (بوكتر) بۆكتىر

(تاغنىڭ ئىگىز-پەس يېرى).

**بۆكتەل** (بكتل) گەۋرى

ئادەم: بۆكتەل ئەر — گەۋرى

ئادەم.

**بۆكسەك** (بكسك) خوتۇنلارنىڭ

كۆكسى.

**بۇڭ** (بونك) مۇڭ، غەم.

**بۇڭاد** (بونكاد) مۇڭلانماق،

غەم يىمەك.

**بۇڭار** (بونكار) بۇنىڭغا.

**بۇڭسۇز** (بونكسوز) مۇڭسىز،

غەمسىز.

**بۇڭۇغ** (بونكوغ) مۇڭۇگىنى،

غېمگىنى.

**بۆگدە** (بكده) خەنجەر.

**بۆگەن** (بوگن) سوقۇر

ئۈچەي.

**بۇي** (بوى) پ. پۇراق، ئىس، ھىد.

**بۇيان** (بويان) بەخت، سائادەت، ياخشىلىق، ساۋاپ. ئەدەپ - ئەخلاق، ئەردەم.

**بۇيانچى** (بويانچى) ئەدەپ - ئەخلاقلىق كىشى، ساۋاپلىق ئىش قىلغۇچى.

**بۇيرۇق** (بويىروق) قوماندان، ئەمىر.

**بۇيۇت** (بيوت) ئ. "بەيت" نىڭ كۆپلۈكى.

**بۇئد** (بعد) ئ. يىراق، ئۇزاق؛ ئۇزۇنلۇق (كۆپلۈكى "ئەبئاد").

**بۇل** (بول) ئۇرۇقلارنىڭ نەملىكتە ئۆز ئىچىدىن ئۇنۇپ قىلىشى؛ ئىچ - ئىچىدىن تىت - تىت بولۇش.

**بۇلاماغ** (بلاماغ) بۇلماق (ئۇن، توخۇم، ياغ، شىكەردىن ياسالغان بىر خىل باللار تامىقى).

**بۇلباد** (بولباد) ئەسلى، كونا، قەدىمقى.

**بۇلبەشەر** (بوالبشر) ئ. كىشىلىكنىڭ ئاتىسى (ئەبولبەشەرنىڭ قىسقارتىلمىسى).

**بولجار** (بلجار) مۆلچەر، قىياس.

**بۇلجار** (بلجار) قوشۇننىڭ يۈرۈش قىلىش ئالدىدا توپلىنىدىغان جايى؛ يۈرۈش ئالدىدا قوشۇنغا قىلىنىدىغان ۋەدە: جارۇ بۇلجار — ۋەدە جايى؛ توپلىنىش پەيتى؛ چاقىرىلغان جاي، جەڭ كۈنى يىغىلىدىغان ئورۇن.

**بۇلھەۋەس** (بوالهوس) ئ. ھەۋەسكار، ھەۋەسلىك؛ ئاشىق، نەرسىلەرگە ھەۋەس قىلغۇچى؛ تۇراقسىز، تۇترۇقسىز.

**بۇلدۇرگە** (بلدورگه) قامچا سېپى.

**بولسار** (بولسار) بولسا، ئەگەر ئۇ بولسا.

**بۇلغاغ** (بلغاغ) بۇلغاق، تەشۋىش، داۋالغۇش، ئەنسىزلىك، غەۋغا، پاتىپاراق؛ قالايمىقانچىلىق، پىتنە - پاسات ("بۇلغاق"مۇ دېيىلىدۇ).

**بۇلغاش** (بلغاش) تەشۋىش، قورقۇنچ، ۋەھىمە.

**بۇلغاشماق** (بلغاشماق) قوز-غالماق، توپىلاڭ چىقارماق، ئىلىشماق.

**بۇلغاما** (بلغما) بۇلماق.

**بۇلغانچۇلۇق** (بلغانچولوق) توپىلاڭ، قوزغىلاڭ؛ پىتنە-پاسات.

**بۇلغۇنا** (بلغنا) بۇلغۇن.

**بۇلكوللەپ** (بلكوللەب) ئىپتىپ-تىپتىپ؛ سان-ساناقسىز.

**بۇلئەجەب** (بوالعجب) ز. بەك قىزىق، قىزىقارلىق.

**بولامىش** (بولامش) بول-مايدۇ، بولمىغان. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: قىلىپ تەقدىرگە تەدبىر بولامىش سود زىيان پەيدا، جاپا تاشنى باشىغا ياغدۇرۇپ نابوت ئېتەر گەردۇن.

(مەھزۇنى)

**بۇلنا** (بلنا) ئەسىر، تۇتقۇن؛ ئازدۇرماق، مەپتۇن قىلماق، شەيدا قىلماق: بۇلنادى — ئەسىر قىلدى، مەپتۇن قىلدى ("پۇلنا"مۇ دېيىلىدۇ). قوشاقتا مۇنداق كەلگەن: بۇلنار مېنى ئۇلاس كۆس، قارا مىڭىز قىزىل يۈز (شەيدا قىلۇر مېنى خۇمار كۆز، قارا خال-لىق قىزىل يۈز).

**بۆلەك** (بولك) "بەلەك"كە قاراڭ (بۇ سۆزنىڭ يەنە "بەلىك" دىگەن تۈرىمۇ بار: بەلىكلەمەك — سوغا قىلماق، تارتۇق قىلماق).

**بۇلەغا** (بلغاء) ز. ئۇستا ۋە سىلىق سۆزلىگۈچىلەر؛ قايىل قىلارلىق؛ ئۇنۇملۇك، ھەقىقى، راست (بىرلىكى "بەلىغ").

**بۇلۇغ** (بلوغ) ز. ئېرىشمەك، بويىغا يەتمەك، بالىغ بولماق.

**بولۇش** (بلش) پايدا، نەپ.

**بۇلۇن** (بولون) تۇتقۇن، ئەسىر ("بۇلنا"غا ئوخشاش).

**بۇم**[1] (بوم) ز. ھۇقۇش، باي-قۇش: بۇمى مەنهۇس — شۇم بايقۇش.

**بۇم**[2] (بوم) ز. جاي، مۇلۇك؛

تېرىلمىغان يەر.

**بوم** (بم) پ. تۆۋەن ئاۋاز؛ تۆۋەن ئاۋازلىق تار؛ تۆۋەن ئاۋازلىق ناخشىچى.

**بوم** (بوم) سۈپەتكە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ بەلگىسىنى ئاشۇرىدۇ؛ بوم بوز — قاتتىق بوزارغان.

**بۇن** (بن) پ. ئۇل، تۈپ، ئاساس.

**بۇنگاھ** (بنگاه) پ. سايمان-جابدۇق قويۇلىدىغان ئامبار؛ ئەسكەر چۈشىدىغان جاي.

**بۇنياد** (بنياد) پ. ئۇل، ئاساس؛ سەۋەپ؛ ۋۇجۇتقا چىقارماق: بۇنياد ئەتماك — ۋۇجۇتقا چىقارماق، بىنا قىلماق، ياساماق، تۇرغۇزماق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

مېنىڭ ھالىمنى گەر ئىشق
ئەھلى كۆرسە زار يىغلايدۇ،
ئەگەر دەردى غېمىمگىدىن
زەررەئى بۇنيادلار قىلسام.
(مەشرەپ)

**بۇنيان** (بنيان) پ. تۈپ، ئاساس، ھەر بىر نەرسىنىڭ تۈپ تومۇرى.

# پ

**پا** پ. پاي، ئاياق، پۇت، تاپان:
ئۇل، تەگ، ئاست: تاغ باغ-
رى. شېئىردا مۇنداق كەل-
گەن: كۆرۈبان بەزى ئاشىق-
لاركى ھەلقە-ھەلقە زۇلفۇڭ-
نى، ئەزەلدىن بىرگە سالغان
بۇ ھەممە زەنجىرى پادەرلەر.
(زەلىلى)

**پابەرجا** (پابرجا) پ. قاتتىق، مۇقىم، بىر يەردە قىمىرلىماي تۇرىدىغان.

**پابەست** (پابست) پايبەست، ئايىغى باغلانغان. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: زۇلفۇڭ
گىرىھىغە پايبەست ئولمىشمەن،
لەئلىڭ مەيىدىن بادەپەرەسى
ئولمىشمەن.
(ناۋايى)

**پابەند** (پابند) پ. كىشەن، چۈشەك؛ پۇتى باغلانغان.

**پابەندان** (پابندان) پ. كەپىللىك قىلغۇچى، ھۆددىگە ئالغۇچى.

**پابۇس** (پابوس) پ. پۇتىنى سۆيمەك. كۆچ: بويسۇنماق، ئىستائەت قىلماق؛ تازىم قىلماق، ھۆرمەت قىلماق.

**پاپۇش دۇزى** (پاپۇش دوزى) پ. ئاياق تىكمەك، ئاياق ياماق.

**پاتاتۇ** (پاتاتو) پاختا.

**پاترۇش** (پترش) پاترۇش سۇ - لاي سۇ، دۇغ سۇ.

**پاتسىغ** (پاتسغ) كۆنپېتىش، غەرب، كۈنپاتار.

**پاتغا** (پاتغا) تۇماق تىكىلىدىغان تېرە ۋە كىگىزنى قويۇپ كېسىدىغان كېسىم تاختىسى.

**پاچارى** (پاچارى) پ. قىڭغىر

پاچاق.

**پاچه** (پاچه) پ. پاچاق.

**پاداش** (پاداش) پ. مۇكاپات، ھەق؛ جازا.

**پادزەھەر** (پادزھر) پ. زەھەرنى قايتۇرۇش دورىسى.

**پادەست** (پادست) پ. توختام، كېلىشىم.

**پارسا** (پارسا) پ. ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغۇچى، سالماق؛ پارسالىق — ساپ، تازا كۆڭۈل ئىگىسى بولماق.

**پارسال** (پارسال) پ. ئۆتكەن يىل.

**پارىنە** (پارينه) پ. ئۆتكەن يىلقى، بۇرۇنقى، كونا، قەدىمقى.

**پارۇ** (پارو) پ. پالاق، كۈرەك (كېمە-قېيىق پالىغى).

**پارە** (پاره) پ. بۆلەك، ئۈلۈش، بۆلۈم.

**پارەنج** (پارنج) پ. سۆيۈنچە، مۇكاپات.

**پاس** (پاس) پ. رىئايە، ئېتىۋار، ھۆرمەت: پاس ئەيلىمەك — ئېتىۋار بەرمەك.

**پاسانچ** (پاسانج) راھىپ: پاسانچ ئىسلەر — راھىبە.

**پاسبان** (پاسبان) پ. قاراۋۇل، ساقچى، كۈزەتچى.

**پاسدار** (پاسدار) پ. ساقچى، قاراۋۇل.

**پاسگاھ** (پاسگاه) پ. قارا-ۋۇلخانا، قاراۋۇل.

**پاسۇخ** (پاسخ) پ. جاۋاب.

**پاش** (پاش) پ. باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، "سەپكۈچى، چاچ-قۇچى" دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: زەرپاش — ئالتۇن چاچقۇچى؛ نۇرپاش — نۇر چاچقۇچى ئاب پاش — سۇ سەپكۈچى.

**پاشەندە** (پاشنده) پ. سەپكۈچى، چاچقۇچى.

**پاشكەستە** (پاشكسته) پ. چولاق، پۇتى سۇنۇق؛ كۆچ: ئاجىز، ناتىۋان، كۈچسىز.

**پاشنە** (پاشنه) پ. پاشنا، سوڭ، سونجاق؛ سەييارە، پىلانىتا.

**پاغارلى** (پاغارلى) سەييا-رە، پىلانىتا.

**پاكباز** (پاكباز) پ. سادا-
قەتلىك، ھالال؛ چىن ئاشىق
(ئەسلى مەنىسى: قىمارنى
ھالال ئوينىغۇچى).

**پاك تەجرىد** (پاك تجرىد)
ئې. بارلىق ھەۋەسلەردىن
تۈگەل كەچكەن.

**پاكراي** (پاكراى) پ. ياخ-
شى پىكىرلىك، بىلىملىك،
ئەقىللىق، زىرەك؛ ئاقكۆڭۈل.

**پاكزادە** (پاكزادە) پ. ئاق-
سۆڭەك، ئېسىلزادە.

**پاكى** (پاكى) پ. پاكىز،
تازا؛ پاكىرەۋلەر — پاك يول
ئىگىلىرى.

**پافشار** (پافشار) پ. قەي-
سەر، ئېگىلمەس، كۈچلۈك.

**پاي** (پاي) پ. "پا"غا قاراڭ.

**پاياب** (پاياب) پ. تېيىز،
تەخسە، كېچىپ ئۆتكىلى
بولىدىغان سۇ؛ تەخسە
ساسلىق؛ كۈچ، ۋاستە.

**پايان** (پايان) پ. چەك،
ئاخىر، ئاياق، تۈگەللىمە؛
چېگرا.

**پايان ئابە** (پايان آبە) پ.
سۇنىڭ تەكتى؛ دۇغ، تىنما.

**پايبۇس** (پاي بوس) پ.
ھۆرمەت، تازىم، بويسۇنۇش.

**پايخانە** (پاي خانە) پ.
تەرەتخانا، ھاجەتخانا.

**پايدار** (پايدار) پ. مەڭگۈ،
دائىمى، چىڭ؛ پايدار
بولماق — ئۇزاق تۇرماق.

**پايدام** (پايدام) پ. يەمچۈك،
ئازدۇرغۇچ؛ تارتىش كۈچى،
جازىبى كۈچ ("پادام"مۇ
دېيىلىدۇ).

**پايدان** (پايدان) پ. دەسسە-
كۈچ تاختا؛ تۇرلۇك ئاياق-
لار.

**پايكار** (پايكار) پ. خىزمەت-
كار، چاكار، دوغا.

**پايگاھ** (پايگاھ) پ. بازا؛
مەرتىۋە، دەرىجە.

**پايمال** (پايمال) پ. ئاياق ئاس-
تىدا قالغان، يەنچىلگەن؛
پايمال ئەيلىمەك — ئاياق
ئاستى قىلماق.

**پايە** (پايە) پ. پەلەمپەي؛
دەرىجە؛ دەسسىگۈچ؛ ئۇل،
تۈپ، ئاساس.

**پايەدار** (پايەدار) پ. پۇتلۇق،
تىرەكلىك؛ يۆلەنچۈكى بار؛
ئاساسى بار؛ مەرتىۋىلىك.
**پايەندە** (پارىندە) پ. قەتئى،
چىڭ، بەك، مۇستەھكەم.
**پائىز** (پائىز) پ. كۈز، كۈز
پەسلى ("پايىز"مۇ دېيىلىدۇ).
**پائىن** (پائىن) پ. ئاستى،
ئاستىنقى بۆلۈگى.
**پالا** (پالا) پ. سۈزگۈچ:
بادە پالا — مەي سۈزگۈچ؛
پالاندە — سۈزۈش، ئۆتكۈ-
زۈش،
**پالاۋان** (پالاوان) پ. ئۆتكەمە،
سۈزگۈچ، غەلۋۇر.
**پالۇدە** (پالودە) پ. سۈزۈك،
تىنىق، سۈزگۈچتىن ئۆتكۈ-
زۈلگەن: پالۇدىلىق — تازى-
لىق، سۈزۈكلۈك، ساپلىق (بۇ
سۆز "پالىدە"مۇ دېيىلىدۇ).
**پامال** (پامال) پ. "پايمال"غا
قاراڭ.
**پامەرد** (پامرد) پ. بولۇشقۇچى،
يان باسقۇچى، ئارىچى، مەدەت
بەرگۈچى: پامەردلىك —
مەدەتكارلىق ("پايمەرد"مۇ
دېيىلىدۇ).
**پەژمان** (پژمان) پ. غەمكىن،
سولغۇن.
**پەژمۇردە** (پژمرده) پ.
غەمكىن، سولغۇن، پىيىلىگى
سولغان، قورۇغان، پەرىشان.
**پەژوھ** (پژوه) پ. ئاختۇرغۇچى:
دانىش پەژۇھ — ئىلىم
ئاختۇرغۇچى.
**پەچكۇم** (بجكم) ئۆيىنىڭ
سۇپىسى، سۆكە.
**پەخش** (پخش) پ. تارقاتماق،
ئاڭلاتماق؛ بۆلمەك، تەقسىم
قىلماق: پەخش ئەيلىمەك —
تارقاتماق.
**پەخشنامە** (پخشنامه) پ.
ئېلان، ئۇقتۇرۇش.
**پەخمە** (پخمه) پ. بولۇمسىز،
قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان؛
دۆت، پاڭقۇش، قاپاقۋاش؛
ھورۇن.
**پەخمەگى** (پخمگى) پ. دۆت،
ئەخمەق، كالۋا.
**پەھلەۋى** (پهلوى) پ. قەدىمقى
پارس تىلى؛ پەھلەۋى خان-
دانلىقى؛ ئىراننىڭ بىر خىل

ئالتۇن پۇلى (تىللا).

**پەھلۇ** (پهلو) پ. يان، بىق-
قىن: پەھلۇشكانى — بىقىننى
تېشىپ ئۆتكۈچى (ئوقتا
قارىتىلىدۇ).

**پەدرۇد** (پدرود) پ. ۋىدالاش-
ماق، خەيرلەشمەك: پەدرۇد
ئەيلىمەك — خەيرلەشمەك.
ۋىدالاشماق، خوشلاشماق.

**پەدىد** (پديد) پ. پەيدا
بولغان، كۆزگە كۆرۈنگەن:
پەدىد بولماق — پەيدا بول-
ماق؛ پەدىد قىلماق — كۆزگە
كۆرسەتمەك.

**پەدىدار** (پديدار) پ. پەيدا
بولغان، ئاشكارا، كۆرۈنگەن:
پەدىدار ئولماق — پەيدا
بولماق، كۆرۈنمەك؛ پەدىدار
قىلماق — پەيدا قىلماق،
كۆرسەتمەك.

**پەدەر** (پدر) پ. ئاتا، دادا:
پەدەرانە — ئاتىلارچە؛ پەدەر
ۋامادەر — ئاتا-ئانا؛ پەدەر
بۇزرۇگ — ئۇلۇغ بوۋىسى.

**پەر** (پر) پ. پەي، قانات:
پەردار — قاناتلىق.

**پەرران** (پران) پ. تېز،
راۋان، ئۇچىدىغان: پەرران-
لىق — ئۇچقۇرلۇق.

**پەرتاب** (پرتاب) پ. ئاتماق
(ئوق ئېتىش).

**پەرتەۋ** (پرتو) پ. نۇر،
يورۇقلۇق، شولا: پەرتەۋ-
لىك — روشەنلىك.

**پەرخاش** (پرخاش) پ.
جەڭ، ئېلىشىش، ئۇرۇش.

**پەرداخت** (پرداخت) پ. زىنى-
نەت، بىزەك: جىلا بەرمەك.

**پەرداز** (پرداز) پ. باشقا
سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، "بىر
ئىشنى قىلغۇچى، ئۇستا"
دىگەن مەنىلەردە كېلىدۇ:
نۇكتە پەرداز — گۈزەل سۆز
ئۇستىسى؛ كىنە پەرداز —
ئاداۋەت ساقلىغۇچى.

**پەردە** (پرده) پ. پەردە،
توسقۇچ، توسۇق؛ چالغۇ
(ساز) بوغۇنلىرى: پەردە ئى
راز — سىر پەردىسى؛ سىر؛
پەردەئى شەرم — هايا پەر-
دىسى. ئۇيات؛ پەردە ئى
شام — تۈن، كېچە (كۆچمە

مەنندە)؛ پەردەئى ئابگۇن —
ئاسمان مەنزىرىسى (كۆچمە
مەنندە).

**پەردەباف** (پردەباف) پ.
پەردە توقۇغۇچى.

**پەردە دەر** (پردەدر) پ.
پەردە يىرتقۇچى، سىر ئاچقۇ-
چى؛ شەرمەندە قىلغۇچى.

**پەردەدار** (پردەدار) پ.
پەردە تۇتقۇچى، ئىشىك
باقار.

**پەردە پۇش** (پردە پوش)
پ. پەردە ياپقۇچى، پەردى-
لىگۈچى؛

**پەردە تىراز** (پردە تيراز) پ.
پەردە ئىچىدە ئولتۇرغۇچى:
پەردە بىلەن بېزەنگۈچى.

**پەردەگىي** (پردەگى) پ.
پەردىلىك؛ يوشۇرۇن.

**پەردەئى پىندار** (پردەپندار)
پ. خىيال پەردىسى؛ تەكەب-
بۇرلۇق.

**پەردەئى مۇشكىن** (پردەمش-
كين) پ. قارا پەردە، كۆچ:
قاراڭغۇ كېچە.

**پەردەئى ئىسمەت** (پردەعص-
مەت) ئىپ. پاكلىق پەردىسى.

**پەرەندە** (پرندە) پ. پەررەندە،
قۇش، ئۇچار قانات،
ئۇچىدىغان: پەرەندە شناس —
قۇش شناس، ئۇچار قاناتلار
مۇتەخەسسىسى.

**پەرزەدە** (پرزدە) پ. قانات
قاققان؛ قانىتى قىرقىلغان؛
چەككۈچ بىلەن چېكىلگەن.

**پەرسا** (پرسا) پ. تىلىمەك
(سەدىقە تىلىمەك)

**پەرسۇدە** (پرسودە) پ. هال-
سىزلانغان، پاراكەندە بولغان؛
لالەدەك پەرسۇدە جىسمىنى
قان ئەيلەدىڭ — هالسىزلان-
غان تېنىمنى لالىدەك قىزىل
قان ئەيلىدىڭ.

**پەرگار** (پرگار) پ. دۈگۈ-
لەك، ئەندىزە، سىركۇل.
كۆچ: يەتتى پەرگار (يەتتى
قات ئاسمان).

**پەرگالە** (پرگالە) پ. پارچە-
پارچە، بۆلەك، يىرتىلغان.

**پەركەند** (پركند) پ. يوقۇرىغا
ئوخشاش.

**پەركەندە** (پركندە) پ. قانىتى

يولۇنغان.

**پەرى** (پرى) پ. پەرى. كۆچ: چىرايلىق قىز، گۈزەل. سۆيۈملۈك: پەرى پەيكەر — پەرى سۈرەت، گۈزەل، چىرايلىق: پەرى چېھرە، پەرى رۇخسار — پەرى يۈزلۈك، گۈزەل، چىرايلىق.

**پەرىخانلىق** (پرى خوانلىق) پ. پىرىخونلۇق (خۇراپى ئادەت بويىچە كېسەلنى كۆچۈرۈش ئۇسۇلى).

**پەرىزاد** (پرى زاده) پ. پەرىزات. كۆچ: جانان، چىرايلىق قىز، گۈزەل.

**پەرىزادە** (پرى زاده) پ. يۇقۇرىقىغا ئوخشاش.

**پەرى كاھ** (پرى كاه) پ. سامان.

**پەرى ۋەش** (پرى وش) پ. پەرى يۈزلۈك، گۈزەل. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: پەرىۋەشىم لەبىگىزدىن ئىدى مېنىڭ تىلەگىم، بۇ ئەرزىم ئەيغىلى كىرگەندە تىترەدى يۈرەگىم.

(گۇمنام)

**پەرۋا** (پروا) پ. قورقماق، تارتىنماق.

**پەرۋارى** (پرواری) پ. بېقىلغان، بوردالغان.

**پەرۋاز** (پرواز) پ. ئۇچماق، قانات كەرمەك.

**پەرۋانە** (پروانه) پ. چىراق چۆرىسىدە ئايلىنىدىغان كېپىنەك: پىرقىرىماق، ئۇچۇپ ئايلانماق. كۆچ: بېرىلگەن، مەپتۇن: پەرۋانەۋار — پەرۋانىدەك: بېرىلگەن: پەرۋانىلىق — بېرىلگەنلىك، مەپتۇنلۇق.

**پەرۋانەچى** (پروانەچى) پ. ۋەزىر ئورۇنباسارى، پەرمان ئىجرا قىلغۇچى.

**پەرۇبال** (پروبال) پ. قانات-قۇيرۇق.

**پەرۇزە** (پروزه) كۆك رەڭ، كۆك رەڭلىك چىنتاش.

**پەرۋەر** (پرور) پ. باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، تەربىيىلىگۈچى، قۇۋۋەتلىگۈچى، جانلاندۇرغۇچى، سۆيگۈچى

دىگەن مەنىلەردە كېلىدۇ:
خەردپەرۋەر — ئەقىللىق،
دانىشمەن؛ جانپەرۋەر —
جانلاندۇرغۇچى، كۆچلەندۈر-
گۈچى.

**پەرۋەرد** (پرورده) پ. باشقا
سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، "تەر-
بىيلەنگەن، ئۆسكەن" دىگەن
مەنىلەردە كېلىدۇ: دەردپەر-
ۋەرد — دەرت بىلەن ئۆسكەن،
دەرتلىك؛ نازپەرۋەرد — ناز
قىلىشقا ئۆگەنگەن؛ پەرۋەر-
دىگار — بارچە مەخلۇقاتنى
تەربىيلىگۈچى تەڭرى.

**پەرۋەرىش** (پروش) پ. تەر-
بىيلىمەك، بېقىپ-ئاسراپ
ئۆستۈرمەك؛ پەرۋەرىشگاھ —
تەلىم-تەربىيە ئورگىنى.

**پەرۋېزەن** (پرويزەن) پ.
غەلۋىر؛ ئەگلەك.

**پەرەهنە** (پرهنه) پ. يالاڭغاچ.

**پەرەستار** (پرستار) پ. تې-
ۋىنغۇچى؛ خىزمەتكار، چۆرە؛
غەمخورلۇق قىلغۇچى.

**پەرەستىش** (پرستش) پ.
تېۋىنماق، چوقۇنماق.

**پەرەستەندە** (پرستنده) پ.
تېۋىنغۇچى، قۇللۇق قىلغۇچى؛
خىزمەتچى، چۆرە.

**پەزىر** (پزير) پ. باشقا سۆز-
لەرگە قوشۇلۇپ، "قوبۇل
قىلغۇچى، ياققۇچى" دىگەن
مەنىلەردە كېلىدۇ: دىلپە-
زىر — كۆڭۈلگە ياققۇچى،
يېقىملىق؛ نەسىھەت پەزىر —
نەسىھەتنى قوبۇل قىلغۇچى،
نەسىھەتنى ئاڭلىغۇچى.

**پەزىرە** (پزيره) پ. قوبۇل
قىلماق، قارشى ئالماق؛
بىرەر كىشىنىڭ ئالدىغا
بارماق.

**پەس** (پس) پ. كېيىن،
سوڭ؛ دىمەك.

**پەسكوچا** (پس كوجا) پ. تار
كوچا.

**پەسىچ** (پسيچ) پ. تەييار،
تەييارلاپ قويۇلغان يۈك؛
قىممەتلىك.

**پەشى** (پشه) پ. پاشا؛ پەشى
بەند — پاشىلىق.

**پەشىز** (پشيز) پ. ئەرزىمەس.

**پەشمىن** (پشمين) پ. يۇڭدىن

توقۇلغان، يۇڭلۇق: پشمىن
كىسۋەت — يۇڭدىن ئىشـ
لەنگەن كىيىم.
**پەشم** (پشم) پ. يۇڭ، موي؛
ئۇششاق ئىش، ئەرمەس
ئىش.
**پەشمنە** (پشمينه) پ. يۇڭ
توقۇلما، يۇڭ كىيىم: يۇڭدىن
ئىشلەنگەن.
**پەشنەد** (پشند) پ. يېقىمسىز.
**پەغنە** (پغنه) پ. باسقۇچ،
پەلەمپەي.
**پەف** (پف) پ. پۈركىمەك،
پۈف دىمەك؛ كۆپمەك، ئىشـ
شىماق: پەف ئالۇد — كۆپكەن،
ئىششىغان.
**پەگاھ** (پگاه) پ. ئەتىگەن،
سەھەر، تاڭ.
**پەي**[1] (پى) پ. ئاياق، ئىز،
تاپان، تاپان ئىزى؛ ئۇل،
تەكت، ئاساس؛ چۈشەنمەك؛
قوغلاشماق، ئىز قوغلاشماق؛
كۈچ، چىدام؛ ئۇچۇن؛
قەدەم: پەي سالماق — ئىزنىغا
چۈشمەك، پېيىغا چۈشمەك؛
فەرخ پەي — قۇتلۇق قەدەم.

**پەي**[2] (پى) پ. پەي، سىڭىر
نېرۋا.
**پەيام** (پيام) پ. خەۋەر،
دېرەك، سىرتىق.
**پەياپەي** (پياپى) پ. توختىـ
ماي، دائىم، ئارقا-ئارقىدىن.
**پەيدەر-پەي** (پيدەرپى) پ.
بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى،
پەيدىن-پەي.
**پەيرەۋ** (پيرو) پ. ئەگەشـ
كۈچى، ئىزىدىن ماڭغۇچى.
**پەيغارە** (پيغاره) پ. تەنە،
بۆھتان، سۆكۈش، تىللاش.
**پەيك** (پيك) پ. خەۋەرچى،
ئەلچى، خەت ئېلىپ كەلگۈچى.
**پەيكار** (پيكار) پ. ئۇرۇش،
جەڭ.
**پەيكان** (پيكان) پ. ئوق
(ئوقيانىڭ ئوقى)، ئوق
ئۇچىدىكى مىتال؛ ۋاشاق؛
تىكەن؛ كۆچ: كىرپىك. شېـ
ئىردا مۇنداق كەلگەن: كۆز
ئۇچى بىلە باقتى تەگرى
تىرەمژگانى، سىنەم ئۆزرە
پەيكانى رەخنە قىلدى ۋەيران
قىز.

(نوبىتى)

**پەيك ئەھمەر** (پيك احمر) پ. خۇشخەۋەر.

**پەيكەر** (پيكر) پ. يۈز، چىراي سۇرەت؛ گەۋدە، قىياپەت:

غەرق ئېتتىبدۇر پەيكەرىمنى
ئاھىم گىردابى غەم، كىم
سالامەت قالغۇسى ئالەمدە
بۇ توپان بىلە.

(ئا. نىزارى)

**پەيما** (پەيما) پ. باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، "ئۆلچىگۈچى، تارتقۇچى، يۈرگۈچى، "كەزگۈچى مەنىسىدە كېلىدۇ: بەھر پەيما — دەريا كەزگۈچى، دېڭىز ساياھەتچىسى؛ بادە پەيما — مەي تۇتقۇچى، كۆچ: ساقى؛ ۋاپەيما — ئۇچقۇ، ئايروپىلان.

**پەيمان** (پيمان) پ. ۋەدە، سۆز، ئەھد؛ كېلىشىم، شەرتنامە، توختام، پۈتۈم.

**پەيمان شكەن** (پيمان شكن) پ. ۋەدىنى بۇزغۇچى.

**پەيمانە** (پيمانه) پ. جام، قاچا، قەدەھ. كۆچ: مەي؛ ئۆلچەم، ئۆلچەم بىرلىكى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

سېپقۇراي ئول بادەنى
يار ۋەفاسىز ئىشقىدە، قالمەسە
پەيمانەدە ھەم تولدۇرۇپ
سەن يانە تۇت.

(موللا بىلال)

**پەيمانەكەش** (پيمانه كش) پ. قەدەھ كۆتەرگۈچى، ھاراق خۇمار.

**پەيۋەست** (پيوست) پ. تۇتاشقان، ئۇلاشقان، قوشۇلغان؛ ھەمىشە، دائىم، ئۇزلۇكسىز؛ قوشۇمچە، تولدۇرما؛ چاپلانغان، قوشۇلغان.

**پەيۋەستگان** (پيوستگان) پ. ئۆز كىشىسى، تۇققىنى؛ بىرلەشكۈچى؛ قاتناشقۇچى.

**پەيۋەند** (پيونده) پ. تۇتاشماق، يېتىشمەك، ئۇلاشماق؛ ئۆيلەنمەك، نىكالاشماق؛ قانداشلىق مۇناسىۋىتى؛ ئۇلىماق، قىستۇرماق؛ كۆچۈرمەك (ئۆسۈملۈكنى)؛ بوغۇم، ئۆگە؛ تەرتىپ؛ سىڭىر، پەي؛ پەيۋەند ئەنگۈشت — بارماق

ئۆگىلىرى؛ پەيۋەندە قەلب —
يۇرەكنى كۆچۈرۈش؛ دەرت
پەيۋەند — دەرتلىك؛ فەسانە
پەيۋەند — داستانچى، ھېكا-
يە ئېيتقۇچى.

**پەلەڭ** (پلنگ) پ. قاپلان.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
مەئانى بېشەسىدە شىر-ئەژ-
دەھالار بار، پەلەڭ جەئفەرى
سادىقنى ئۈستىخارە قىلاي.
(زەلىلى)

**پېچ** (پيچ) پ. تولغانماق،
ئورالماق، بۇرۇلماق، پۇكلەن-
مەك، چىرمالماق: دەست
پېچ — قولغا ئورىماق، چېڭ
تۇتماق؛ كۆچ: ئەسۋاپ،
ۋاستە؛ پېچ بەرمەك — ئور-
ماق؛ پېچ ئۇرماق — تولغان-
ماق، بۇرۇلماق؛ پېچ دەر
پېچ — ئۇستى-ئۇستىگە
ئورالغان، قاتمۇ-قات،
چېڭ، مەككەم.

**پېچان** (پيچان) پ. ئورالغان،
تولغانغان.

**پېچا پېچ** (پيچا پيچ) پ.
چىرماشقان، پۇرلاشقان؛ كۆچ:
مۇشكۇل، قىيىن.

**پېچ-پېچ** (پيچ - پيچ) پ.
ئىرماش-چىرماش.

**پېچغىل** (بجغل) قول ۋە پۇت-
تىكى يېرىقلار.

**پېچغاس** (بجغاس) پۇتۇم،
كېلىشىم، ۋەدە، ئەھد.

**پېچىش** (پيچش) پ. تولغان-
ماق، ئورالماق، چىرماشماق.

**پېچىدە** (پيچيده) پ. ئورال-
غان، چىرمالغان؛ تولغانغان.

**پېچىن** (پيچين) پ. چىگىش،
مۇرەككەپ، قىيىن.

**پېچۇ تاب** (پيچ وتاب) پ.
تولغانماق؛ كۆچ: سىقىلماق،
قىينالماق.

**پىر**[1] (پر) پ. قېرى، پىشقە-
دەم، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن
ئادەم: پىرى بەدەۋلەت
بولۇڭ — ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈڭ
ۋە راھەت-پاراغەتتە ياشاڭ.

**پىر**[2] (پير) پ. ئاقساقال، قې-
رى، ئىشان، سوپىلار باشلى-
غى؛ بىرەر كەسپىنىڭ ئاسا-
چىسى؛ بىرەر كەسپىنى بەك
ياخشى ئىگەللىگەن كىشى،

ئۇستاز.

**پىرايە** (پیرایه) پ. بېزەك، زىننەت، بېزەنگەن؛ پىرايە ئەيلىمەك — بېزەنمەك، ياسانماق.

**پىراھەن** (پراهن) پ. كۆينەك.

**پىراستە** (پیراسته) پ. بېزەلگەن؛ تەرتىپلىك.

**پىروز** (پیروز) پ. غالىپ، يەڭگۈچى؛ بەختلىك، تەلەيلىك؛ راھەت.

**پىريان** (پریان) پ. راھىپلار ئۆيى.

**پىرەزەن** (پیر زن) پ. قېرى خوتۇن، موماي.

**پىسەر** (پیسر) پ. بالا.

**پېش** (پیش) پ. ئالدى؛ ئالدىن، ئىلگىرى، بۇرۇن؛ ئالد قوشۇمچە؛ پەش (،) بەلگىسىنىڭ ئىپتىلىشى؛ پېش نەزەر — كۆز ئالدىدا تۇتماق؛ پېش قەدەم — ئالدىدا ماڭغۇچى، ئالدىنقى؛ پېشۋا — يولباشچى، يول باشلىغۇچى؛ پېشۋاز — ئالدىغا چىقماق، قارشى ئالماق؛ پېشۇ-پەس — ئالدىن-كېيىن.

**پېشاب** (پیشاب) پ. سۈيدۈك؛ پېشابدان — سۈيدۈك قاچىسى.

**پېش ئامەد** (پیش آمد) پ. ئۆزگىرىش، ۋەقە؛ ئەھۋال، ھالەت، ئۇشتۇمتۇتلۇق؛ يۈز بەرمەك، تۇغۇلماق.

**پېشاپېش** (پیشاپیش) پ. ئالدى تەرەپتە؛ ئاللىبۇرۇن، ئىلگىرى؛ ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل.

**پېشار** (پیشار) پ. سۈيدۈك (تەجرىبىخانىدا ئىشلىتىلىدىغان)

**پېشان** (پیشان) پ. باشلىنىش، باشلىنىش نۇقتىسى. چىقىش نۇقتىسى؛ ئەجداتلار.

**پېشانى** (پیشانی) پ. ماڭلاي؛ تەقدىر، تەلەي؛ ئىقتىدار، كۈچ.

**پېشباز** (پیشباز) پ. قارشى ئالماق، كۈتۈۋالماق.

**پېشخانە** (پیشخانه) پ. قوبۇلخانا؛ پېشايۋان.

**پېشتاز** (پیشتاز) پ. ئالدىدىنى

بارار قىسىم، ئوچ قىسىم.
ئاۋانگارت؛ باشلامچى، يول
ئاچقۇچى، تەشەببۇسچى؛
ئىلغار.
**پېشرەۋ** (پیشرو) پ. ئالدىدا
ماڭغۇچى، يول باشلىغۇچى.
**پېشكار** (پیشکار) پ. باشقۇر-
غۇچى، خوجىدار، گۆھنجا،
بارتۇ، گۆگتۇر.
**پېشكەش** (پیشکش) پ. تارتۇق،
سوغا، تۆھپە.
**پېشقەدەم** (پیشقدم) پ.
ئىلغار، ئالدىدا ماڭغۇچى؛
باشلامچى.
**پېشگاھ** (پیشگاه) ھوزۇر،
ئالدى؛ ئوردا ئىشخانىسى،
ئوردا، قەسىر؛ پېشايۋان.
**پېشگام** (پیشگام) پ. ئىلغار،
ئالدىدا ماڭغان؛ ئالدىدا
ماڭغۇچى. پېشۋا.
**پېشگۇفتار** (پیش گفتار) پ.
كىرىش سۆز، مۇقەددىمە.
**پېشە** (پیشه) پ. ھۈنەر،
كەسپ، ئادەت: پېشەۋەر —
ھۈنەرۋەن، كاسىپ؛ پېشە
قىلماق — ھۈنەر قىلماق؛

خىرەد پېشە — ئويلاپ ئىش
قىلغۇچى، ئەقىللىق، دانا؛
ھەم پېشە — كەسپداش.
پېشەگاھ — ئىش مەيدانى.
**پېشنەھاد** (پیشنهاد) پ. تەك-
لىپ، پىكىر، پىلان، لايىھە؛
باھا.
**پېشۋا** (پیشوا) پ. رەھبەر،
داھى، يولباشچى، يېتەكچى؛
يول باشلىغۇچى؛ ئىمام.
**پېشۋاز** (پیشواز) پ. قوبۇل
قىلماق، كۆرۈشمەك.
**پېشۋائى** (پیشوائی) پ. رەھ-
بەرلىك، يېتەكچىلىك؛ ئىمام.
**پۇتراماق** (پتراماق) تارقال-
ماق، چېچىلماق، پاراكەندە
بولماق.
**پۈتۈك** (پوتوك) يېزىق،
كىتاب، خەت: پۈتۈك
ئەيلىمەك — يېزىش بىلەن
شۇغۇللانماق.
**پۇچغاق** (بجغاق) بۆلۈك،
بۆلۈك — پۇچقاق.
**پۇد** (پود) پ. ئارقاق: تارۇ
پۇد — ئۆرۈش - ئارقاق.
**پۇر** (پر) پ. كۆپ، تولا،

تولۇق، پۈتۈنلەي.

**پۇرتاب** (پرتاب) پ. تاشلىماق، ئاتماق؛ چىداملىق.

**پۇرپىچ** (پرپيچ) پ. چىرماش، تۇرۇم-تۇرۇم بولۇپ كەتكەن.

**پۇرجۇش** (پرجوش) پ. قايناق، زوقلۇق، خۇشال، ھاياجانلىق.

**پۇرچىن** (پرچين) ماڭلاي ۋە يۈز قورۇقلىرى، سىزىقلىرى؛ چىڭگىلەك چاچ.

**پۇرچىن ئارىز** (پرچين عارض) ئىپ. قورۇق باسقان يۈز.

**پۇرخەتەر** (پرخ) ئىپ. بەك خەتەرلىك، قورقۇنچلۇق.

**پۇرخەم** (پرخم) پ. تاشلىماق، ئاتماق.

**پۇرخۇمار** (پرخمار) مەست؛ كۆزى خۇمارلاشقان، سۈزۈلگەن.

**پۇرھەزىن** (پرهزين) مەيۈس، غەمكىن.

**پۇردان** (پردان) پ. بىلىمدان، كۆپ بىلگۈچى.

**پۇردەرد** (پردرد) پ. دەرتكە تولغان، دەردى كۆپ، بەك قايغۇلۇق.

**پۇردىل** (پردل) پ. باتۇر، قەھرىمان، پالۋان، چوڭ يۈرەك.

**پۇرزىننەت** (پرزينت) پ. بەك ياسىداق، بەك زىننەتلىك.

**پورسو** (پرسو) پ. يورۇق، نۇرلۇق: چىراغ پورسۇ — يورۇق چىراق.

**پۇرشۇر** (پرشور) پ. شاۋقۇن-سۈرەنلىك؛ ھاياجانلىق، جانلىق، قىزغىن.

**پۇركار** (پركار) پ. قولىدىن ئىش كېلىدىغان؛ چىداملىق، ئەمگەكچان.

**پورگار** (پرگار) پ. ئايلانغۇچى، دۈگىلەك سىزغۇچ، دۈگىلەك.

**پۇرگۇ** (پركو) پ. كۆپ گەپ قىلىدىغان، سۆزمەن، ۋات-ۋات: پۇرگۇيلۇق — كاس-كاسلىق، ۋات-ۋاتلىق.

**پۇرفەن** (پرفن) پ. نەيرەڭۋاز، ھىلىگەر.

**پۇرفۇسۇن** (پرفسون) پ. نەيرەڭلەر، ھىلىلەر.

**پۇر ئەلەم** (پرالم) ئې. ئەلەمگە تولغان. بەك قايغۇلۇق.

**پۇرنۇر** (پرنور) ئې. پارلاق، نۇرلۇق.

**پۇرنەكە بات** (پرنەكەبات) ئې. دەرت-ئەلەم بىلەن تولغان.

**پۇرنەم** (پرنم) پ. كۆزى ياشلىق.

**پۇزىش** (پوزش) پ. ئۆزرە، كەچۇرۇم.

**پۇست** (پوست) پ. تېرە (هايۋان تېرىسى)

**پۇستۇلى** (پستلى) لويلا.

**پۇستىن** (پوستين) پ. جۇۋا.

**پۇش** (پوش) پ. كىيىم؛ يېپىنچا؛ دوبۇلغا-ساۋۇت.

**پۇش** (پوش) پ. باشقا سۆزگە قوشۇلۇپ، "كىيگۈچى، كىي-گەن" مەنىسىدە كېلىدۇ: ئەخزەرپۇش — يېشىل كىيىم-لىك؛ پۇست پۇش — تېرە كىيگەن. كۆپ: دېۋانە.

**پۇشت** (پوشت) پ. ئارقا؛ قوزاق، پوست، تېرە؛ پۇشت پا ئۇرماق — تەرك ئەتمەك، كەچمەك، ئېتىۋارسىز قالدۇرماق (كۆچمە مەنىدە).

**پۇشتبان** (پشتبان) پ. تۇۋرۇك، تىرەك، تايانچ.

**پۇشتە** (پشته) پ. تۆپىلىك، ئېگىزلىك، دۆڭ.

**پۇشتەكەش** (پشتەكش) پ. پاخال، بوغداي پايىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى كۆتىرىپ توشۇغۇچى.

**پۇشىدە** (پوشيده) پ. يوشۇ-رۇن، مەخپى، بېكىك؛ ياپ-ماق؛ كېيىنگەن: چېھرەسىن پۇشىدە تۇت — يۈزىنى ياپ.

**پۇشم** (پشم) پ. يۇڭ؛ ئەر-زىمەس ئىش: پۇشم ئالۇد — يۇڭلۇق، يۇڭى كۆپ.

**پۇيە** (پويه) پ. يۇرۇش، ئوت-تۇرا تېزلىكتە مېڭىش: پويە سالماق — يۇرۇش قىلماق؛ پۇيە پاش قىلماق — قەدەم تاشلىماق؛ پۇيە تاپماق — يۇرۇشكە ئىگە بولماق؛ پۇيە ئۇرماق — ئېلىپ يۈرمەك.

**پۇيەزەن** (پويەزن) پ. قەدەم

باسقۇچى، يۇرگۈچى.

**پۈيەسز** (پـويەسـز) تې. ھەركەتسز، يۈرمىگەن.

**پۈيەگەر** (پويەكر) پ. يۈرگۈچى، يۈگۈرگۈچى.

**پۈيەندە** (پويندە) پ. كەزگۈچى يۈرگۈچى.

**پۈلەك** (پـولەك) كامانـنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئورنىتىلغان قارا يۈملاق مۈڭگۈز.

**پۈل پۈش** (پول پـوش) پ. باسـتۇرما؛ كەپـە؛ ئاسـما كۆۋرۈك.

**پۈلنا** (پلنا) ئەسر، تۇتقۇن؛ مەپتۇن قىلماق، بەنت قىلماق. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن: ئوغراغىم كەندۇ يىراق، پۈل-نادى مەنى قاراق (مەنزىلىم ئىدى يىراق، ئەسر قىلدى بىر قاراپ).

# ت

**تا** (تا) پ. بىر ئىشنىڭ ئاداققى چېكىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ: تا بۈگۈنگىچە.

**تاب[1]** (تاب) كۈچ، قۇۋۋەت، چىدام، تاقەت، ماجال، مادار: بىتاب — كۈچسىز، ھالسىز، ساقسىز.

**تاب[2]** (تاب) پ. يورۇق، پارلاق، نۇرلۇق، پارقىراق: ئىسسىقلىق، ھارارەت، ئىسسىتما: جاھانتاب — ئالەمنى يورۇتقۇچى؛ تاب سالماق — ئىسسىتماق، قىزىتماق؛ تابلاب — قىزىتىپ، كۆيدۈرۈپ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: دىلبەرا ھۆسنۈڭ شۇئائى نەقشى تابىدۇر پەلەك، ئەيشى خىلۋەت ئىچرە ھەمتازىڭ ئەمەس ئەردى مەلەك.

(گۇمنام)

**تاب[3]** (تاب) پ. تولغىماچ، ئەشمە، ئۆرۈمە: تاب بەرمەك — يىپ ئەشمەك، پۇكمەك، كۆچ: يەگمەك؛ تاب ئۇرماق — چىرمالماق؛ تولغانماق.

**تابا** (تابا) يۆنۈلۈش، تەرەپ، تامان، شۇ ياق، شۇ تەرەپكە قاراپ، غا، قا، كە، تەرەپكە: تاباردى — شۇ تەرەپكە قاراپ كەتتى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: گۈلشەنى گۈلزارى باغىمنىڭ گۈلى تاباردى تاغ، قويدى پۈرقەتتىن مېنىڭ جانىمغا يۈزمىڭ دەرداغ.

(قەلەندەر)

**تابار** (تبر) مال، نەرسە.

**تاباق** (تاباق) پ. توقماق، كالتەك.

**تابالاماق** (تابالاماق) تاپا

قىلماق، جىسىلىمەك، ئەيىپ-لىمەك، تىلللىماق.

**تابان** (تابان) تاپان، پاشنا، ئۆكچە.

**تابان** (تابان) پ. يورۇق، نۇرلۇق، پارلاق، يارقىن، يالتىراق، كۆز چاقنىغان؛ قىزىق: بەرقى تابان — پارقىرىماق، يالتىرىماق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: جاھان باغى ئارا نەخلى قەدىڭ سەرۋى خىرامانىدۇر، قەدىڭ سەرۋى ئۇز، گۈلدەك يۈزۈڭ خۇن مېھرى تاباندۇر. (گۇمنام)

**تابخانە** (تابخانە) پ. پارنىك، ئىسسىق بۆلمە؛ مونچا.

**تابدار** (تابدار) پ چىداملىق، پۇختا، بەك؛ پارقىراق، يورۇق، نۇرلۇق؛ دولقۇنسىمان، ئەگ-رى-بۈگرى، بۇدرە-بۇدرە: زۇلفى تابدار — تولغىماچ چاچ.

**تابدان** (تابدان) پ. ئوچاق؛ تۇرخۇن.

**تابستان** (تابستان) پ. ياز، ياز كۈنلىرى: تابستانى — يازلىق، يازغا تېگىشلىك، يازغى.

**تابش** (تابش) پ. ئىسسىق-لىق، قىزىقلىق؛ يالتىراق. نۇر. كۆچ: كۈچ، قۇۋۋەت.

**تابئ** (طابع) ئ. ھەرپ تىزغۇچى، كىتاپ باسقۇچى؛ تامغا، مۆھۆر؛ خۇلق.

**تابئ** (تابع) ئ. ئەگەشكۈچى، بىراۋنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغۇچى، بويسۇنغۇچى؛ قاراشلىق، قارىمىغىدىكى؛ پۇقرا، خەلق (كۆپلۈكى "تاۋابىئ").

**تابە** (تابە) پ. تاۋا، تاپا (نان پىشۇرىدىغان تۆمۈر قاچا).

**تابەدان** (تابدان) پ. ئىشىك ئۈستىگە ئورنىتىلغان تۈنۈك.

**تابەندە** (تابندە) پ. تاۋلان-غان، نۇرلانغان، پارقىرىغان.

**تابۇت پۇش** (تابوت پوش) ئىپ. تاۋۇت ئۈستىگە يېپىل-دىغان يوپۇق.

**تابۇغ** (تابوغ) بويسۇنماق،

ئىتائەت؛ ئىبادەت؛ ھوزۇر، ئالدى؛ خىزمەت: تابوغ ئەيلمەك — تەزىم قىلماق، يۈكۈنمەك؛ تابۇغىندا — ئالدىدا.

**تابۇكەي** (تابكى) پ. ھازىر-غىچە، ھىلىغىچە: شېئىردا مۇنداق كەلگەن: بۇلبۇلى خاموش بولۇپ تابۇ كەي، بەند ئەسرى غەزەلۇ چەگۈنەي. (زەلىلى)

**تاپ**¹ (تاپ) ھال-ئەھۋال.

**تاپ**² (تاپ) يېتەرلىك، كۇپايە: بۇ ماڭا تاپ بول-دى — بۇ ماڭا يېتەرلىك بولدى.

**تاپا** (تاپا) "تابا"غا قاراڭ.

**تاپاغچى** (تپاغچى) خىزمەت-چى، خىزمەتكار: سانساز تاپاغچىلارى تاپىنو ئۇدۇنۇ تۇرۇر — سان-ساناقسىز خىزمەتكارلىرى ھۆرمەت كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

**تاپاغ-ئۇدۇغ** (تپاغ اودوغ) تائەت-ئىبادەت؛ ئىززەت-ئىكرام؛ تاۋاپ؛ ھۆرمەتلىك.

**تاپچان** (تپچان) قول يەت-مەيدىغان يەردىكى ئۇزۇم-لەرنى ئۈزۈشتە دەسسەپ تۇرۇلىدىغان ئۈچ پۇتلۇق ئورۇندۇق.

**تاپىغساق** (تاپغساق) سادىق، ۋاپادار، كۆيۈمچان.

**تاپىنغو** (تاپىنغو) ھۆرمەت، ئىھتىرام.

**تاپىنۇ** (تاپينو) ھۆرمەت بىلدۈرمەك؛ تىۋىنماق.

**تاپلاغ** (تاپلاغ) رازىلىق.

**تاپۇزغاق** (تاپوزغاق) تىپىش-ماق ("تاپۇزغۇ، تاپزۇغ" دەپمۇ ئېيتىلىدۇ).

**تاپۇغ** (تاپوغ) ئىش، خىزمەت؛ ئالد: تاپۇغلۇق ئەر — خىزمەتلىك ئادەم.

**تاپۇغچى** (تاپوغچى) "تاپاغ-چى"غا قاراڭ ("تاپىغچى"مۇ دېيىلىدۇ).

**تاتاغلاغ** (تاتاغلاغ) لەززەت-لىك، مەزىلىك، تاتلىق.

**تاتىر** (تاتر) تىتىر، تىقىر: تاتىر يەر — تىتىر يەر.

**تاتىرغا** (تاترغا) ئاشلانغان

ئاق تېرە.

**تاتىغ** (تاتىغ) تەم، تاتلىق: تاتىغلىق ــ تەملىك، مەزد-لىك؛ تېتىماق.

**تاتماچ** (تاتماچ) "تۇتماچ"قا قاراڭ.

**تاجانماق** (تاجانماق) باش تارتماق، قايتۇرماق، رەت قىلماق.

**تاجدار** (تاجدار) ئپ. تاج كىيگەن؛ پادىشا.

**تاج دىھ** (تاج دە) ئ. تاج بەرگۈچى. كۆچ: زور ۋە قۇدرەتلىك پادىشا.

**تاجسەر** (تاج سر) ئپ. باشتىكى تاج.

**تاجىر** (تاجر) ئ. تىجارەت قىلغۇچى، سودىگەر.

**تاجى خۇرۇس** (تاج خروس) پ. تاجىگۈل.

**تاجۋەر** (تاجور) پ. تاج كىيگەن، تاجدار، پادىشا.

**تاھىر** (طاھر) ئ. پاك، تازا (كۆپلۈگى "ئەتھار ــ اطلھار").

**تار[1]** (تار) پ. تالا، يىپ؛ چاچ.

**تار[2]** (تار) پ. قاراڭغۇ: شەبى تار ــ قاراڭغۇ كېچە.

**تاراج** (تاراج) پ. بۇلاڭ-تالاڭ.

**تاراجگەر** (تاراجگر) پ. بۇلاڭچى، قاراقچى.

**تارايچى** (تارايجى) ئېكىنچى، دىخان، قوش سۆرگۈچى.

**تارام** (تارام) پارە، پارچە، جۇزئى، ھەسسە، بۆلەك.

**تارانە** (تارانە) پ. مەغرۇرلۇق بىلەن سۆزلىمەك. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: تۇرۇپ ئەردى ناگاھ پاشانە تۇزۇپ، تۆمۈرچى يۈگۈردى تارانە تۇزۇپ.

(«كىتاب غېرىبى»)

**تارباق** (تارباق) چاشقان ئۇۋىسى؛ چاشقان.

**تار-تار** (تار تار) پ. تالا-تالا. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: بىراۋ قىلدى نەساجلىق ئىختىيار، يازىپ ئەبرەشىم ئەيلەدى تار-تار.

(«كىتاب غېرىبى»)

**تارتاغىن** (تارتاغين) تارمار؛ پەرىشان، پاراكەندە.

**تارتىشقۇ** (تارتيشقو) ئېرىسـ
يەت، ئۇرۇغنى تارتماق.

**تارتىغ** (تارتغ) خاقان
چاقىرىغى؛ ھەدىيە، يادىكار.

**تارغاچى** (تارغاجى) مۇھاجىرلار
گۇرۇھى، ئۆز ئېلىنى
تاشلاپ چىقىپ كەتكۈچىلەر.

**تارقاماق** (تارقاماق)
پاراكەندە بولماق، پەرىشان
بولماق.

**تارقۇغ** (تارقوغ) تارتىنماق،
ئىزا تارتماق.

**تارى** (طارى) ئ. تويۇقسىز
يۈز بەرگەن، توساتتىن.

**تارىخچە** (تارىخچە) ئېپ.
كۈندىلىك خاتىرە، كۈندىـ
لىك تەزكىرە، تەرجىمىھال،
قىسقىچە تارىخ.

**تارىخدان** (تارىخدان) ئېپ.
تارىخشۇناس، تارىخقا ئۇستا
كىشى.

**تارىغ** (تارىغ) زىرائەت،
ئېكىن، دانلىق زىرائەتلەر؛
بۇغداي.

**تارىغلاغ** (تارىغلاغ) ئېرىلـ
غۇلۇق، ئېتىزلىق.

**تارىغلىق** (تارىغلىق) ساك،
ئاشلىق ئامبىرى؛ ئېتىزلىق.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
تارىغلىق دەپ ئايىمىش
ئاۋۇنىنى رەسۇل، تارىغلىقتا
قاتلان تارى ئەتكۈلۈك.
(يۈكنەكى)

**تارىغۇچى** (تارغۇچى) دىخان،
تېرىقچى، تېرىمچى.

**تارىك** (تارك) ئ. تەرك قىلـ
غۇچى، تاشلىغۇچى: تارىك
دۇنيا — دۇنيانى تاشلىغۇچى.

**تارىك** (تارىك) پ. قاراڭغۇ؛
گۇڭگا، تۇتۇق؛ ئېپلاس،
يامان.

**تارىق** (طارق) ئ. سەھەر
يۇلتۇزى (زۆھرا)؛ كېچە
يولۇچىسى.

**تارىقماق** (تارقماق) زىرىكمەك،
سىقىلماق.

**تارىم** (تارم) كۆل ۋە قۇملۇقـ
لارغا قويۇلىدىغان دەريا
تارماقلىرى.

**تارەم** (طارم) ئ. گۈمبەز،
ئۈستى گۈمبەزلىك
ئېگىز ئۆي؛ قۇببە؛ قاشا.

كۆچ: ئاسمان، كۆك: تارەمى ئەئىلا — ئاسمان، كۆك؛ تارەمى مىنۇ — ئاسمان.

**تارلاغۇ** (تارلاغو) ئېتىز، ئېتىزلىق؛ دالا.

**تارلاغۇسىز** (تارلاغوسىز) بوز يەر، تېرىلمىغان.

**تارۇپۇد** (تاروپود) ئارقاق - ئۇرۇش.

**تارۇس** (ترس) تورۇس، شىپ.

**تازە** (تازە) پ. يېڭى، يېپ - يېڭى، ئەمدىگىنە: تازە بەھار — باش ئەتىياز؛ يېڭى كۆل.

**تازيانە** (تازيانە) پ. قامچا، چۇۋۇق.

**تازى** (تازى) ئ. ئەرەبىستان، ئەرەپچە، ئەرەپنىڭكى، ئەرەبى؛ ئەرەپ: زەبان تازى — ئەرەپ تىلى؛ ئوۋ ئىتى، تايغان:

**تازبان** (تازبان) ئىپ. ئوۋچى.

**تاس** (طاس) پ. داس، تەلەگگە؛ تاز، بېشىدا چېچى يوق (بۇ سۆزلەر "تاس، طاس" شەكىللىرىدە يېزىلىدۇ).

**تاسباز** (طاس باز) پ. ئەيرەگۋاز، ئويۇنچى، سېرىكچى.

**تاسغراق** (تاسغراق) قەدەھ، كاسە، پىيالە، ئاياغ.

**تاسكەش** (طاس كش) پ. قولغا سۇ قۇيغۇچى، ئاپتاۋچى؛ ھامال.

**تاس نگۇن** (تاس نگون) پ. ئاسمان، كۆك، (كۆچمە مەنىدە): فەلەك تاسى — كۆك گۈمبىزى، ئاسمان.

**تاش** (تاش) تاشقىرى، تاش؛ سەككىز چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى ئارىلىق.

**تاش** (تاش) پ. ھەمرا، ئىنداش؛ سۆز ياسىغۇچى ئارقا قوشۇمچە.

**تاشتەق** (تاشتق) بىر خىل ياي، كامان.

**تاشرا** (تشرا) سىرتتا، تاشقىرىدا.

**تاشغارۇن** (تشغرون) تاشقىرى.

**تاشرقان** (تشرقان) تاشرقان

كۆزلۈگ ـــ بادراڭ كۆزلۈك.
پۈلتۈ كۆزلۈك.

**تاشق** (تاشىق) تاشقىن، جوش.

**تاغ** (تاغ) پ. قوملۇقتا ئۆسىدىغان بىر خىل يوپۇرماقسىز دەرەخ.

**تاغايى** (تاغايى) پ. تاغا، كىچىك دادا.

**تاغام** (تاغام) تام.

**تاغتىن** (تاغتىين) شىمال، شىمال تەرەپ.

**تاغى** (طاغى) ئ. زالىم پادىشا؛ توپىلاڭچى.

**تاغە** (تاغە) "تاغايى"غا ئوخشاش.

**تاغستان** (تاغىستان) پ. بولجالىق، كىچىك ئورمان، دەرەخلىك.

**تاغۇراق** (تاغوراق) تېز، ئىتتىك.

**تاغۇزماق** (تغزماق) دىقماق: تاغۇزماق ئەر ـــ دىقماق ئادەم.

**تاغۇق** (تاغوق) "تاۋۇق"قا قاراڭ ("تاغوغ"مۇ دېيىلىدۇ).

**تاڭ سارى** (تانك سارى) كۈنچىقىش، شەرق، تاڭ ئاتار تەرەپ.

**تاڭ يوق** (تانك يوق) ئەجەپ ئەمەس، ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: گۈلىستانىم ئولدى بۇ يەڭلىغ نەزان، ئۇچۇرماقىغە تاڭ يوق ياپۇشا بوران.
(ئا. نىزارى)

**تاڭلاتقى** (تانكلاتقى) ئەتىسى.

**تاڭلاغى** (تانكلاغى) ئەتىكى.

**تاڭلاماق**[1] (تانكلاماق) تىڭشىماق، قۇلاق سالماق، ئۇقماق.

**تاڭلاماق**[2] (تانكلاماق) تاڭ قالماق، ھەيران قالماق.

**تاڭلانچىغ** (تانكلانچىغ) ئاجايىپ، قالتىس، ھاڭ ـ تاڭ قالغۇدەك.

**تاق** (طاق) پ. گۈمبەز، پەشتاق؛ ئىشىك، گۈمبەز، مېھراپ ۋە تەكچىلەرنىڭ ئۈستىددىكى يېرىم دائىرىلىك ئەگمەچ جاي: كۆك تاقى ـــ كۆك گۈمبىزى، ئاسمان؛ تاقى

ئەفلاك ـــ ئاسمان ئېگىزلىگى.

**تاقاغۇ** (تاقاغو) "تاۋۇق"قا قاراڭ ("تاقىغۇ"مۇ دېيىلىدۇ).

**تاقاۋچى** (تاقاوجى) تاقىچى؛ نالچى؛ مىراخور، جولودار.

**تاقاۋۇتقە** (تاقاوتقە) تاقا، نال ("تاقاۋ"مۇ دېيىلىدۇ).

**تاقچە** (تاقچە) پ. ئۆي تەكچىسى؛ قۇش ئۇۋىسى؛ كالتەك.

**تاقى** (تاقى) تېخى، يانا.

**تائىپ** (تائب، تايىپ) ئ. تۆۋە قىلغۇچى، تۆۋە قىلغان، پۇشايمان قىلغان.

**تائىر** (طائر، طاير) ئ. ئۇچى-دىغان؛ قۇش.

**تائىف** (طائف، طايف) ئ. تاۋاپ قىلغۇچى، ئايلانغۇچى، زىيارەت قىلغۇچى.

**تائىفە** (طائفە، طايفە) ئ. بۆلەك، باشقا، ئايرىم بىر جامائەت، قەۋم. قەبىلە، گۇرۇھ.

**تائەت** (طاعت) ئ. بويسۇن-ماق، ئىبادەت قىلماق.

**تائۇن** (طاعون) ئ. ۋابا، قىرغىن، چوما.

**تالاس** (تلس) ئات بەيگە-سىدە مەيدانىنىڭ چېكىگە تارتىلىدىغان ئارغامچا.

**تالغاماق** (تالغاماق) ئىلغىماق، ئاجرات-ماق، تاللىماق، پەرق ئەتمەك.

**تالغان** (تالغان) تۇتقاق كېسىلى.

**تالقا** (تلقا) غورا ئۈزۈم.

**تالقىغ** (تالقغ) تاغلارنىڭ تۇتاشقان يېرى؛ بىر ئىشنى ئارقىغا سۈرمەك.

**تالى** (تالى) پ. ۋارىسلىق قىلغۇچى، ئەگەشكۈچى؛ ئورۇنباسار.

**تالى** (تالى) يەنە، قايتا.

**تالىب** (طالب) ئ. تەلەپ قىلغۇچى، خاھلىغۇچى، ئىس-تىگۈچى.

**تالىھ** (طالح) ئ. يامان، ياۋۇز.

**تالىئ** (طالع) ئ. چىققۇچى، كۆرۈنگۈچى (كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار توغرىسىدا)؛ بەخت، تەلەي: تالىئ بول-ماق ـــ چىقماق، كۆرۈنمەك.

**تالۇس** (تالوس) ياخشى،

نەپس، نادىر، خىللانغان؛ سەردار، جەۋھەر.

**تام** (تام) ئ. تولا، تولۇق، بارلىق، پۈتۈنلەي.

**تامات** (طامات) ئ. ئاپەت، بالا؛ ئاخىر زامان؛ بىھۇدە سۆزلەر (بىرلىكى "تامە. طامە").

**تاماغۇ** (تاماغو) تۇمو، زۇكام.

**تامان** (تامان) تەرەپ، ياق.

**تامغاق** (تامغاق) تاماق، تاڭلاي.

**تامغالىق** (تمغلق) كىچىك ئۆرۈق؛ بىر كىشىلىك داستىخان.

**تامەئ** (طامع) ئ. تاماگەر، بىراۋدىن بىرەر نەرسە ئۈمىت قىلغان، ئاچكۆز.

**تامۇغ** (تاموغ) دوزاخ، جەھەننەم، تومۇغ.

**تانۇق** (تانوق) گۇۋا، شاھىت: تانۇقلادى — گۇۋالىق بەردى، ئىسپاتلىدى.

**تاۋارسۇقلۇق** (توارسوقلوق) مالپەرەسلىك، دۇنياپەرەسلىك. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: كۆڭۈلدىن چىقارغىل تاۋارسوقلۇقنى، كەدىم بىرلە تاپ تۈت قارىن توقلۇقنى. (يۇكنەكى)

**تاۋارلۇق** (توارلوق) مال قويۇلىدىغان جاي، خەزىنە.

**تاۋان** (تاۋان) پ. ئىشتىراپ؛ تۆلەم ("تەبان"مۇ دېيىلىدۇ).

**تاۋران** (تاوران) تارلانغان يىپ.

**تاۋىلغۇچ** (تولغوج) تېۋىلغا ("تاۋىلغۇ"مۇ دېيىلىدۇ).

**تاۋۇس** (طاوس) پ. توز، تاۋۇس پەيكەر — توزشەكىللىك؛ گۈزەل كۆرۈنۈشلۈك.

**تاۋۇش** (توش) ھىس-تۇيغۇ؛ تىۋىش، شەپە.

**تاۋۇشقان** (تاوشقان) توشقان.

**تاۋشالماق** (تاوشالماق) ئېزىلمەك، يەنچىلمەك، زەئىپلەنمەك.

**تاۋۇق** ( تاوق ) توخو، شېئىردا مۇنداق كەلگەن: قىرىق بەچچەگا قىرىق پىچاق، يەنە بەردى قىرىق

تاۋۇق.
(«داستان مەنسۇر»)
**تەئاتى** (تعاطى) ئ. بىرىش-
مەك، بىر بىرىگە بەرمەك.
**تەئادۇل** (تعادل) ئ.
بىر بىرىگە تەڭ كەلمەك،
باراۋەرلىك.
**تەئارۇز** (تعارض) ئ. قار-
شىلاشماق، بىر بىرىگە قارشى
بولماق، مۇخالىپ كەلمەك.
**تەئاقۇپ** (تعاقب) ئ. ئارقە-
مۇ-ئارقا يۈرمەك، بىرىنىڭ
كەينىدىن بىرى يۈرمەك،
سوگداشماق.
**تەئالى** (تعالى) ئ. يۇقۇرى-
لىماق، ئىگىزلىمەك.
**تەئالىم** (تعاليم) ئ. تەلىم-
نىڭ كۆپلۈگى.
**تەئامۇل** (تعامل) ئ. مۇئامىلە
قىلماق، ئىش يۈرۈتمەك.
**تەئاۋۇن** (تعاون) ئ. ياردەم
قىلىشماق.
**تەب** (تب) پ. ئىسسىتما،
بەزگەك.
**تەبابەت** (طبابت) ئ. تىۋىپ-
لىك، دوختۇرلۇق، ئەمچىلىك.

**تەبباھ** (طباح) ئ. ئاشپەز.
**تەباھ** (تباه، تبه) پ. چىرىك،
چۈشكۈن، بۇزۇق، خاراپ.
**تەباھكار** (تباه‌كار) پ. جىنا-
يەتچى، بۇزۇق.
**تەباھەروزگار** (تباەروزكار)
پ. تۇرمۇشى بۇزۇلغان،
گۇناكار.
**تەبادۇر** (تبادر) پ. ئويغا
كەلمەك، ئەسكە چۈشمەك.
**تەبادۇل** (تبادل) ئ. ئالماش-
ماق، ئۆزگەرمەك، ئىككىنچى
تۈرلۈك ھالغا كەلمەك.
**تەبارەك** (تبارك) ئ. مۇبا-
رەك ۋە بەركەتلىك بولماق.
**تەباشىر** (تباشر) ئ. خۇشخە-
ۋەرلەر (بىرلىگى "تبشير").
**تەباشىر** (تباشير) پ. ئاق
بور، تەبەششۇر ("طباشير"
شەكلىمۇ بار).
**تەبايىئ** (طبايع) ئ. خۇلۇق،
پەيل، مىجەز، (بىرلىگى
"تەبىئەت").
**تەبايۇئ** (تبايع) پ. ئۇقەت-
**تەبار** (تبار) پ. قېرىنداش،
ئەۋلات: خېش تەبار—

ئەۋلات، قېرىنداش، ئۇرۇغ.
چىلىك، سودىگەرچىلىك.

**تەباين** (تبايـن) ئ. ئىككى
ئارىنىڭ يىراق بولۇشى؛ بىر
بىرىنىڭ ئەتۇرسىچە بولۇشى،
ئايرىمچە بولماق ("تەبايۇن"
مۇ دېيىلىدۇ).

**تەبائىد** (تـباعد) ئ. يىراقـ
لاشماق ئۇزاقلاشماق.

**تەبائەت** (طباعت) ئ. باسماق
(كىتاپ).

**تەبان** (تبان) "تاۋان"غا قاراڭ.

**تەبخالە** (تبخاله) پ. ئۇچۇق.

**تەبخ** (طبخ) ئ. پىشۇرماق.

**تەبدىل** (تبدىل) ئ. تىگىشـ
ۋەتمەك، ئۆزگەرتمەك.
ئالماشتۇرماق، باشقا تۈسكە
كىرگۈزمەك.

**تەبرىيە** (تبريه) ئ. ئاقلانماق؛
قۇتۇلماق، يىراقلاشماق.

**تەبشىر** (تبشير) ئ. شاتلانـ
دۇرماق. سۆيۈندۈرمەك؛
خۇشخەۋەر، خۇشخەۋەر
يەتكۈزمەك (كۆپلۈگى
"تەباشىر").

**تەبئ¹** (تبع) ئ. تەبىئەت،
خاراكتىر، مىجەز، تالانت:
تەبئى سەلىم — ساپ تەبىـ
ئەت؛ تەبئى خاھ — كۆڭلى،
مىجەزى تارتقان؛ تەبئى
مەۋزۇن — خوش تەبىئەت؛
شائىر؛ گۈزەل.

**تەبئ²** (طبع) ئ. كىتاپـ
گېزىت باسماق، باسما.

**تەبئە** (تبعه) ئ. پۇقرا، خەلق
قەۋم.

**تەبئخانە** (طبعخانه) ئپ.
باسمىخانە، مەتبەئە.

**تەبئىيەت** (تبعيت) ئ. بويسۇـ
نۇچىلىق، تەۋە بولماقلىق.

**تەبىئەت** (طبيعت) ئ. خاراكـ
تىر، خۇلق، مىجەز، پەيل.

**تەبىئيات** (طبيعيات) ئ. تەبىـ
ئەت توغرىسىدىكى ئىلىملەر.

**تەبىئيۇن** (طبيعيون) ئ.
تەبىئەت ئىلمى ئالىملىرى.

**تەبل** (طبل) ئ. دۇمباق،
ناغرا.

**تەبلىغ** (تبليغ) ئ. تەشۋىق،
تەرغىب؛ ئۇقتۇرۇش، ئاگلەـ
تىش (كۆپلۈگى "تەبلىغات").

**تەبلەك** (طبلك) پ. كىچىك

ناغرا.
تەبە (تبه) تۆگە.
تەبەخخور (تبخر) ئ. هورغا ئايلىنىپ كەتمەك.
تەبەر (تبر) پ. پالتا.
تەبەررا (تبرا) ئ. چەتلەشمەك، ئۆزىنى قاچۇرماق.
تەبەرخۇن (طبرخون) پ. قىزىل نوتىلىق تال؛ كۆچ: قىزىل رەڭلىك.
تەبەررۇد (تبرد) ئ. سوۋۇتماق، سالقىنلاتماق.
تەبەسسۇم (تبسم) ئ. كۈلۈمسىرىمەك، جىلۋە بىلەن كۈلمەك، كۈلمەك.
تەبەقات (طبقات) ئ. قاتلاملار، قەۋەتلەر (بىرلىكى "تەبەقە").
تەبەيىن (تبيين) ئ. ئېچىلماق، زاھىر بولماق، ئاڭلىشىلماق.
تەبەۋۋۇل (تبول) ئ. سىيمەك: بالا تەبەۋۋۇل ئەتتى — بالا سىيدى.
تەپىز (تپيز) ئوتلاق، يايلاق دالا.
تەپىزلىك (تپزلىك) كۆرەل-

مەسلىك، ھەسەت.
تەتابۇئ (تتابع) ئ. ئارقا-ئارقىدىن كەلمە، تۇتاشماق.
تەتبىق (تطبيق) ئ. سېلىشتۇرماق، ئۇيغۇنلاشتۇرماق، مۇۋاپىقلاشتۇرماق.
تەتھىر (تطهير). ئ. تازارتماق، پاكلىماق، تازىلىماق.
تەترو (ترو) تەتۈر.
تەتىزلىك (تتزلك) قىرتاقلىق، قاڭسىقلىق.
تەتەببۇئ (تتبع) ئ. تەكشۈرمەك، ئىزدىمەك، تەپتىش قىلماق.
تەتەييۇر (تطير) ئ. شۇملانماق، ئۇدۇم قىلماق، يامانلىققا تارتماق.
تەتۋىل (تطويل) سوزماق، ئۇزارتماق: تەتۋىل كالام — سۆزنى ئۇزاتماق.
تەجاھۇل (تجاهل) ئ. بىلمەسكە سالماق، بىلمىگەن بولماق، يالغان تۇسكە كىرىۋالماق.
تەجاسۇر (تجاسر) ئ. بىشەملىك، قورقماسلىق؛ يامانلىق، ياۋۇزلۇق.

**تەجالىس** (تجالس) ئ. ئول-
تۇرۇشماق، يىغىلىشماق، مەج-
لىستە ئولتۇرۇشماق.
**تەجانۇب** (تجانب) ئ. چەت-
نىمەك، داجىماق، ئۆزىنى
قاچۇرماق.
**تەجانۇس** (تجانس) ئ. ئوخ-
شاش، بىر خىل، بىردەك،
بىر تۇردىكى.
**تەجاۋۇر** (تجاور) ئ. خوشنا،
يېقىن، چېگرىداش.
**تەجاۋۇز** (تجاوز) ئ. چېگ-
رىدىن ئۆتمەك، تەگمەك،
تاجاۋۇز، ئىسيان؛ ئۆتۈپ
كەتمەك.
**تەجهىز** (تجهيز) ئ. جاھازلى-
ماق؛ تەييارلىماق؛ ئۆلۈكنى
يۇيۇپ كېپەنگە ئالماق.
**تەجهىل** (تجهيل) ئ. نادان،
ئەخمەق، يىگىلتەك، قارام.
**تەجدىد** (تجديد) ئ. يېڭىلى-
ماق، ئىسلاھ قىلماق، يېڭى
قىلماق، يېڭى بولماق.
**تەجرىد** (تجريد). ئ. ئاجرات-
ماق، ئايرىماق، يەككىلى-
مەك؛ چەتلەشتۇرۇلگەن، يەك-
لەنگەن.
**تەجزىئە** (تجزئه) ئ. جوزئى-
لەرگە بۆلمەك، بۆلەكلىمەك،
پارچىلىماق.
**تەجلىد** (تجليد) ئ. كىتاپ
تۇپلىمەك، دەپتەر تاش-
لىماق.
**تەجنىس** (تجنيس) ئ. شەكىل-
داش سۆز؛ ئەدەبىياتتا
شەكىلداش سۆزلەر ئارقىلىق
سۆز ئويۇنى قىلماق، تويۇق.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
چۈن پەريۈ هوردۇر "ئاتىڭ"
بېگىم، سۇرئەت ئىچرە دۇئى-
رۇر "ئاتىڭ" بېگىم. ھەر
خەدەڭگىكىم ئۇلۇس ئاندىن
قاچار، ناتەۋان جانىم سەرى
"ئاتىڭ" بېگىم.
(ناۋايى)
**تەجەددۇد** (تجدد) ئ. يېڭىلان-
ماق، يېڭى بولماق.
**تەجەررۇد** (تجرد) ئ. ئالاقى-
سىزلىق، چەتلىمەك، ھەممە
نەرسىدىن كەچمەك، يالغۇز-
لۇق؛ تەركى دۇنيا بولماق.
**تەجەررۇئ** (تجرع) ئ. غۇرتۇل-

داپ ئىچمەك.

**تەجەررەت** (تجرد). ئ. ئۆيگە كىرەكلىك چىقىملار.

**تەجەسسۇس** (تجس) ئ. ئىزدىمەك، چارلىماق، ئاختۇرماق، تەكشۈرمەك. (كۆپلۈكى "تەجەسسات").

**تەجەسسۇم** (تجسم) ئ. كونكرېتلاشماق، ئوبرازلاشماق، گەۋدىلەنمەك: تەسەۋۋۇر: قۇدرەت تەجەسسۇم — تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى.

**تەجەللى** (تجلى) ئ. نۇرلىنىپ كۆرۈنمەك، جىلۋىلەنمەك، جىلۋە، نۇر.

**تەجەللىيات** (تجليات) ئ. جىلۋىلەر، جىلۋىلىنىك كۆرۈنۈشلەر ("تەجەللى"نىڭ كۆپلۈكى).

**تەجەممۇل** ( تجمل ) ئ. بېزەك، ياسداق، زىننەت: ھەشەمەت، ئەيش - ئىشرەت: تەجەممۇل ئەھلى — دۆلەتمەن كىشىلەر، زىبۇ - زىننەتلىك كىشىلەر. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: تەجەممۇل تەختىدە خانىغا تەقابۇل، تەكىچە مىرغەزەپ كۇندۇز ياساۋۇل. (زەلىلى)

**تەجەممۇئ** (تجمع) ئ. يىغىلماق، توپلانماق.

**تەجەننۇن** (تجنن) ئ.مەجنۇن بولماق، جىنلاشماق، ساراڭ بولماق، ئەقلىدىن ئازماق، دىۋانە بولماق، ساراڭ بولۇۋالماق.

**تەجۋىد** (تجويد) ئ. قىرائەتنى چىرايلىق ئوقۇماق، قۇرئاننى توغرا ئوقۇماق.

**تەجۋىز** (تجويز) ئ. راۋا كۆرمەك، جائىز كۆرمەك، ئىجازەت.

**تەجۋىف** (تجويف) ئ. بىر نەرسىنىڭ ئىچىنى كاۋاك قىلماق.

**تەختگاھ** (تختگاه) پ.تەخت بولغان يەر، پادىشا - خانلار تۇرىدىغان شەھەر، پايتەخت: تەخت گىر — تەخت ئالغۇچى، كۆچ: كۈچلۈك پادىشا، مۇستەقىل پادىشا.

**تەختە** (تختە) پ. ياغاچ تاختا.
كىتاپ تەكچىسى: تەختە-
سەڭ — تاش تاختا، تاختا
تاش.
**تەخرىب** (تخريب) ئ. بۇزماق،
يىمىرماق، خاراپ قىلماق،
ۋەيران قىلماق.
**تەخسىس** (تخصيص) ئ. خاس-
لىماق، تەيىنلىمەك بەلگىلە-
مەك، بىر نەرسىنى شۇنىڭغىلا
تېگىشلىك دەپ ئېيتماق.
**تەخلىس** (تخليص) ئ. قۇتقۇز-
ماق. خالاس قىلماق.
**تەخلىل** (تخليل) ئ. ئايرىلاش-
تۇرماق، بۇلغىماق.
**تەخلىيە** (تخليە) ئ. بوشات-
ماق، بوش قالدۇرماق، خالى
قىلماق.
**تەخمىر** (تخمير) پ. ئايرىلاش-
تۇرماق؛ خېمىر قىلماق.
**تەخۋىف** (تخويف) ئ. قورقۇت-
ماق، خەۋپلەندۈرمەك.
**تەخەييۇل** (تخيل) ئ. خىيال
قىلماق، ئويلىماق، كۆز ئال-
دىغا كەلتۈرمەك.
**تەخەللۇس** (تخلص) ئ.
خالىس: دۇغىسىز، سۇزۇك
سۇ: ئەدىبىي لەقەم.
**تەخەلخۇل** (تخلخل) ئ.
بۆلەكلەنمەك، بۆلەكلەرگە
ئاجرالماق، بىر بىرىدىن
ئايرىلماق.
**تەخەللۇف** (تخلف) ئ. ئىختى-
لاپ، باشقىلىق، مۇۋاپىقسىز-
لىق، توغرا كەلمەسلىك.
ئارقىدا قالماق.
**تەھ-بەتەھ** (تەبتە) ئ. قاتمۇ-
قات.
**تەھت** (تحت) ئ. تەگ، ئاست.
**تەھتانى** (تحتانى) ئ. ئاستى-
دىكى، تېگىدىكى.
**تەھدىد** (تهديد) ئ. قورقۇت-
ماق، دوق قىلماق.
**تەھدىد** (تحديد) ئ. چېگرا،
چەك. چېگرا قۇرماق ياكى
ئورناتماق، چەكلىمەك:
تەھدىد سەرمايە — كاپىتالنى
چەكلىمەك.
**تەھرىر** (تحرير) ئ. يازماق،
تۈزمەك، تەھرىرلىمەك؛
قويۇپ بەرمەك، ئازات قىل-
ماق (كۆپلۈكى "تەھارىر".

تەھرىرات").

**تەھرىرات** (تحريرات) ئ. يېزىلىپ چىققان كىتاپلار، يېزىش - سىزىشلار (بىرلىكى "تەھرىر").

**تەھرىز** (تحريض) ئ. قىزىقتۇر-ماق، قوتراتماق، ئۆگەتمەك.

**تەھرىس** (تحريص) ئ. ھىرس-لاندۇرماق، ھىرسىنى قوزغى-ماق، ئويغاتماق، تەمە قوزغاتماق.

**تەھرىق** (تحريق) ئ. يانماق، كۆيمەك.

**تەھرىپ** (تخريف) ئ. يېزىل-غان سۆزلەرنى ئۆزگەرتمەك. بۇزماق، بۇرمىلىماق، ئويدۇر-ماق (كۆپلۈگى "تەھرىفات").

**تەھرىك** (تحريك) ئ. قوترات-ماق، كۆشكۈرتمەك، دەي - دەيگە سالماق؛ قىمىرلاتماق؛ قوزغىماق (كۆپلۈگى "تەھ-رىكات").

**تەھرىم** (تحريم) ئ. مەنئى قىلماق، ھارام قىلماق، ھاراملىققا چىقارماق.

**تەھزىب** (تهذيب) ئ. تازى-لىماق، پاكلىماق.

**تەھسىل** (تحصيل) ئ. قولغا كەلتۈرمەك، ئىلىم ئالماق، ئوقۇماق، ھاسىل قىلماق.

**تەھسىن** (تحسين) ئ. ياخشى كۆرمەك، ياراتماق، ماختىماق، ئافىرىن بىلدۈرمەك، تەقدىرلە-مەك، ماقۇللىماق.

**تەھقىر** (تحقير) ئ. كەمسىت-مەك، خارلىماق.

**تەھقىق** (تحقيق) ئ. تەكشۈر-مەك، تەتقىق قىلماق؛ چارلى-ماق، سوراق قىلماق (كۆپلۈ-گى "تەھقىقات").

**تەھلىل** (تحليل) ئ. ئايرىماق، بۆلەكلىمەك، يەشمەك، ئاچماق؛ ھەزىم قىلماق؛ تارقاتماق.

**تەھىيات** (تحيات) ئ. تەب-رىكلەشلەر، سالاملار (بىرلىكى "تەھىيە، تەھىيەت").

**تەھىيەت** (تحيت) "تەھىيات"قا قاراڭ.

**تەھەممەتەن** (تحمتن) پ. باتۇر، پالۋان؛ رۇستەمنىڭ لەقىمى.

**تەھەتتۇك** (تهتك) ئ. پەردە

يىرتىلماق، شەرمەندە بول-
ماق. رەسۋالىق.
**تەھەررۇك** (تحرك) ئ. قىمىر-
لىماق، ھەركەتلەنمەك.
**تەھەسسۇر** (تحسر) ئ. ھەسرەت
چەكمەك، ئەپسۇسلەنمەك.
**تەھەككۇم** (تحكم) ئ. ھۆكۈم
سۈرمەك، زورلۇق بىلەن
ھۆكۈم قىلىنماق، ئۈستۈن
چىقماق.
**تەھەففۇز** (تحفظا) ئ. ساقلان-
ماق، قوغدانماق، ئۆز ئۆزىنى
ساقلىماق.
**تەھەققۇق** (تحقق) ئ. توغرى-
لانماق، دۇرۇسلانماق،
تەھقىقلانماق.
**تەھەييۇر** (تحير) ئ. ھەيران
قالماق.
**تەھەييۇرات** (تحيرات) ئ.
"تەھەييۇر" (ھەيران قىلىش)
نىڭ كۆپلۈگى.
**تەھەييۇز** (تحيز) ئ. ئورۇن
ئىلىپ تۇرماق.
**تەھەممۇل** (تحمل) ئ. چىداما-
لىق كۆرسەتمەك، تۆزمەك.
ئېغىرلىقنى كۆتەرمەك. شېئىر-

دا مۇنداق كەلگەن: نەچچە
ۋاقىت ئەيلەپ تەھەممۇل
ئەي بىلال بولغىل خەمۇش،
مەرھەمەت ئەيلەر سىتەم
يەتكەندە غەمخارىم كېلىپ.
(موللا بىلال)
**تەھەۋۋەل** (تحول) ئ. ئايلان-
ماق، ئۆزگەرمەك، بىر ھالدىن
ئىككىنچى ھالغا كۆچمەك.
**تەھۇر** (طهور) ئ. پاكلىق،
تازىلىق (خوتۇنلارنىڭ ئاي
كۆرۈشتىن تازىلانغان ۋاقتى).
**تەدابىر** (تدابير) ئ. تەدبىرلەر،
چارە - ئاماللار (بىرلىكى
"تەدبىر").
**تەداخۇل** (تداخل) ئ. بىر
بىرىنىڭگە كىرمەك.
ئارىلاشماق.
**تەدارۇك** (تدارك) ئ. ئورنىغا
كەلتۈرمەك؛ ئىزدەپ تاپماق.
قولغا كىرگۈزمەك؛ ئىلاج،
چارە.
**تەدافۇئ** (تدافع) ئ. ئۆزىنى
قوغداپ دۈشمەنگە قارشى
تۇرماق.
**تەداۋى** (تداوى) ئ. داۋالىماق،

ئەملىمەك.

**تەداۋىر** (تداور) ئ. پىلانىنىڭ هەرىكەت دائىرىسى.

**تەدرىس** (تدريس) ئ. دەرس بەرمەك، ئوقۇتماق.

**تەدەييۇن** (تدين) ئ. دىنلىق بولماق، دىندار بولماق.

**تەدەننى** (تدنى) ئ. ئارقىدا قالماق، تەرەققى قىلماسلىق، تۆۋەنلىمەك.

**تەدۋىن** (تدوين) ئ. ئايرىم-ئايرىم يازمىلارنى توپلاپ بىر كىتاپ قىلماق، توپلام قىلماق.

**تەر** (تر) پ. ھۆل، نەم؛ يېڭى، تازا: تەر ئەيلىمەك — ھۆل قىلماق، ھۆللىمەك؛ ئۆيالدۇرماق، ئۆيالدۇرۇپ تەرگە چۆمدۈرمەك؛ تەرۇ-تازا — ياشانغان، گۈللەنگەن.

**تەراجىم** (تراجم) ئ. تەرجەمىلەر، كۆچۈرمىلەر (بىرلىگى "تەرجىمە").

**تەراخى** (تراخى) ئ. تەگلىك. ئەركىنلىك.

**تەررار** (طرار) ئ. ئوغرى، ھىلىگەر.

**تەرراري** (طرارى) ئ. ئوغرىلىق، ھىلىگەرلىك.

**تەرراھ** (طراح) ئ. نەققاش، ئويمىچى؛ ئارخىتېكتور.

**تەرازىي** (تراضى) ئ. رازى بولماق؛ تەرازى قىلماق — رازىلاشماق.

**تەرازۇ** (ترازو) پ. تارازا، ئۆلچىگۈچ.

**تەراش** (تراش) پ. يونۇماق، قىرماق، يونىغۇچى.

**تەراكىپ** (تراكيب) ئ. تەركىپلەر، بىرىكمىلەر (بىرلىگى "تەركىب").

**تەراكىمە** (تراكمه) ئ. تۈركمەنلەر (بىرلىگى "تۈركمەن").

**تەرانە** (ترانه) پ. ناخشا، ئاھاڭ، كۈي، مۇقام؛ ئارۇز ئىلمىدە رۇبائىي ۋەزنىنىڭ نامى: تەرانە سۈرمەك — كۈيلەپ ئوقۇماق، سۆزلىمەك؛ تەرانە تۈزمەك — ناخشا ئېيتماق، كۈيلىمەك.

**تەرانغۇ** (ترانغو) بىر خىل ياۋايى دەرەخ، تورانغى.

**تەراۋەت** (طراوت) ئ. ياشارماق، يېڭىلىق، تازىلىق.
**تەراۋىش** (تراۋش) ئ. تامماق، سىزىپ چىقماق.
**تەربىئ** (تربيع) ئ. تۆتكە بۆلمەك.
**تەرجىھ** (ترجيح) ئ. ئارتۇق كۆرمەك، ئۈستۈن بىلمەك: تەرجىھ تاپماق — ئۈستۈن بولماق؛ قۇۋۋەتلىمەك، ياقلىماق.
**تەرجىئ** (ترجيع) ئ. قايتۇرماق، تەكرارلىماق: ئەكس سادا چىقارماق.
**تەرچى** (ترچى) كۆنلۈكچى، مەدىكار.
**تەرھ** (ترح) ئ. تاشلىماق؛ ئېلىپ تاشلىماق، ئېلىش، ئايرىۋەتمەك: بەشتىن بىرنى تەرھ قىلسا، تۆت قالىدۇ دىگەندەك.
**تەرھىب** (ترهيب) ئ. قورقۇتماق، كۆڭلىگە قورقۇنچ سالماق.
**تەرھىب** (ترحيب) ئ. خوش كەلدىڭىز، مەرھەبا! دەپ ئېيتىش.
**تەرخان** (ترخان) سېلىق ۋە ئەيىپلىنىشتىن ئازات قىلىنغان ئىمتىيازلىق كىشى. بۈيۈك مەنسەپدار، ۋاڭ، كىنەز ("تارخان" مۇ دېيىلىدۇ).
**تەرخىم** (ترخيم) ئ. بىر سۆز ياكى بىر ئاتنى قىسقارتىپ ئېيتماق. مەسلەن، ئابدۇشۈكۈرنى ئابدۇش دەپ تەرھىم قىلىپ ئېيتقاندەك.
**تەرد** (طرد) ئ. سۈرمەك، قوغلىماق.
**تەردامەن** (تردامن) ئىپلاس، بۇزۇق، ئەخلاقسىز.
**تەردىد** (ترديد) ئ. شەكلەنمەك، رەت قىلماق، قايرىۋەتمەك؛ بىر قارارغا كەلمەسلىك.
**تەرز** (طرز) ئ. سۈرەت، رەۋىش، يوسۇن، تەرتىپ.
**تەرزىق** (ترزيق) ئ. رىزىقلاندۇرماق، ئاش بەرمەك، يىگۈزمەك.
**تەرس** (تريس) پ. قورقماق.
**تەرسا** (ترسا) پ. خرىستىيان، ناسارا؛ قورقۇنچاق.
**تەرسگار** (ترسكار) پ. پەرھىزچى، ئۆزىنى ساقلىغۇچى.

**تەرسناك** (ترسناك) پ. قور-
قۇنچلۇق.
**تەرسىئ** (ترصيع) ئ. بىر نەر-
سنى چىنتاشلار بىلەن بېزە-
مەك، زىننەتلىمەك؛ شېئىردا
بىرىنچى قۇر سۆزلىرى بىلەن
ئىككىنچى قۇر سۆزلىرىنى
بىر بىرىگە ئاھاڭداش،
ۋەزىنداش ۋە قاپىيداش
قىلىپ كەلتۈرمەك.
**تەرسىل** (ترسيل) ئ. ئەۋەتمەك،
يوللىماق.
**تەرسىم** (ترسيم) ئ. بىر نەر-
سىنىڭ سۈرىتىنى (تۇسىنى)
ياسىماق، سۈرەت سىزماق
(كۆپلۈگى "تەرسىمات").
**تەرغىپ** (ترغيب) ئ. قىزىق-
تۇرماق، ئۈندىمەك، رىغبەت-
لەندۈرمەك.
**تەرفىھ** (ترفيه) ئ. تېچلىق،
خاتىرجەملىك.
**تەرفىئ** (ترفيع) ئ. مەرتىۋە-
سىنى كۆتەرمەك، ئۇلۇغلىماق.
**تەرقىق** (ترقيق) ئ. ئىنچكە-
لىمەك، ئىنچكە قىلماق.
**تەرقىم** (ترقيم) ئ. رەقەم،
نومۇرلار قويماق، يازماق.
**تەرك** (ترك) ئ. كەچمەك،
تاشلىماق، قويماق، قالدۇر-
ماق.
**تەرك** (ترك) تېز: تەرك
كەل — تېز كەل.
**تەركىپ** (تركيب) ئ. قوشماق،
يىغماق، بىر يەرگە توپلىماق،
بىرىكتۈرمەك؛ بىرىكتۈرمە،
قۇراشتۇرۇش.
**تەركىن** (تركن) تېز، تېزدىنلا؛
تۇرغۇن، توختام: تەركىن
سۇ — توختام سۇ؛ تەركىن
تاۋراتى — بىر دەمدىلا.
**تەركە** (تركه) ئ. ئۆلگەن
كىشىدىن قالغان مال ۋە
نەرسىلەر.
**تەركەن** (تركن) بىر خىل
مەنسەپ، ئاتاق، ئۇنۋان.
**تەرگى** (ترگى) داستىخان.
**تەرگۇ** (ترگو) داستىخاندىكى
نازۇ-نېمەتلەر، مەزە.
**تەري** (طرى) ئ. يېڭى؛
گۈزەل، تازا.
**تەرىد** (طريد) ئ. خىتاپ؛
نەئرە؛ قاتتىق ھۇجۇم: تەرىد

ئەيلىمەك ــ قاتتىق ھوجۇم
قىلماق.

**تەرىد** (ترىد) ئ. توغرام،
توغرالغان نان: تەرىد
قىلماق ــ توغرىماق.

**تەرىق** (طرىق) ئ. يول، مەسـ
لەك، ئەمەل، ئۇسۇل،
قائىدە.

**تەرىقەت** (طرىقت) ئ. ئىبادەت
ۋە زىكرى قىلىش ئۈچۈن
تۈزۈلگەن يول، ئىشانلىق
يولى: تەرىقەت ئەھلى ــ
سوپىلار.

**تەرىڭ** (ترنك) چوڭقۇر،
تېرەن.

**تەرۋىج** (ترويج) ئ. راۋاجـ
لاندۇرماق، يولغا سالماق.

**تەرۋىھ** (ترويح) ئ. راھەت،
راھەتلەندۇرمەك، خۇشبۇي
قىلماق.

**تەرەب** (طرب) ئ. شادلىق،
خۇشاللىق: تەرەبناك ــ
خۇشال بولماق: تەرەب
ئەنگىز ــ شادلىق كەلتۈرمەك؛
تەرەبلىك ــ شادلىق.

**تەرەبخىز** (طرب خيز) ئىپ.
شاد - خۇراملىقنى قوزغىـ
غۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى.

**تەرەب فىزا** (طرب فزا) ئ.
شادلىقنى ئاشۇرغۇچى،
شادلاندۇرغۇچى.

**تەرەھھۇم** (ترحم) ئ. رەھىم
قىلماق، سىيلاماق، مەرھەمەت
بىلەن قارىماق، ئېچىنماق،
ئايىماق، رەھىم - شەپقەت
قىلماق. شېئىردا مۇنداق
كەلگەن: ئەرزىم ئىشتكىل ئى
بالاتاقەت، قىلغىل تەرەھھۇم
ئەيلەپ سافائەت.
(موللابىلال)

**تەرەددۇد** (تردد) ئ. تەشـ
ۋىش، ئىككىلىنىش، ئاۋارىچىـ
لىق: ھەرىكەت، تىرىشىش.

**تەرەسسۇد** (ترصد) ئ. دىقـ
قەت بىلەن كۈتۈپ تۇرماق،
قارىماق، كۆز تىكمەك،
مارىماق.

**تەرەششۇھ** (ترشح) ئ.
سۇيۇقلۇقنىڭ تېمىپ چىقىشى.
كۆچ: بىلىنىپ قالماق،
سېزىلىپ قالماق.

**تەرەفەين** (طرفين) ئ. ئىككى

تەرەپ، ئىككى ياق، ھەر ئىككى تەرەپ.

**تەرەففۇ** (ترفع) ئ. يۇقۇرلماق، يۈكسەلمەك.

**تەرەيان** (طريان) ئ. بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشى، ۋەقە.

**تەرەننۇم** (ترنم) ئ. سايرىماق، جور بولماق، مۇزىكا ئاۋازىغا قوشۇلماق، بوش ئاۋاز بىلەن كۈيلىمەك.

**تەرەننۇمگەر** (ترنمگر) ئىپ. چالغۇ؛ سازەندە.

**تەزائۇف** (تظاعف) ئ. ئىككى ئۈلۈش بولماق، قات-قات بولماق، ئىككى ھەسسە بولماق.

**تەزھىب** (تذهيب) ئ. زەر بەرمەك، ئالتۇن يالاتماق. ئالتۇن قاپلىماق.

**تەزكىر** (تذكر) ئ. ئەسكە كەلتۈرمەك، ئەسلىمەك.

**تەزكىرە** (تذكره) ئ. ئەسلىمە، خاتىرە، ئەسكە چۈشۈرمەك؛ شەخسلەرنىڭ تەرجىمە ھالىنى تۈرلۈك ۋەقەلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر، م: «تەزكىرە بۇغراخان»، «تەزكىرە ئەرسلانخان» دىگەندەك.

**تەزيىد** (تزييد) ئ. ئارتتۇرماق، كۆپەيتمەك، زىيادە قىلماق.

**تەزيىن** (تزيين) ئ. بېزىمەك، زىننەتلىمەك: تەزيىن تاپماق — بېزەنمەك.

**تەزكىيە** (تزكيه) ئ. تازارتماق، پاكلىماق.

**تەزىك** (تەزىك) ۋە ھەمە، قاشقاش.

**تەزئىف** (تضعيف) ئ. ئىككى قاتلىماق، بىرنى ئىككى قىلىپ ياسىماق.

**تەزلىل** (تظليل) ئ. ئازدۇرماق، توغرا يولدىن چىقارماق.

**تەزمىن** (تضمين) ئ. بىراۋنىڭ مەلۇم بىر شېئىرىنىڭ ئايرىم مىسرالىرىنى ئۆز شېئىرى ئىچىگە كىرگۈزمەك؛ زىياننى تۆلىمەك.

**تەزەررۇ** (تزرو) ئ. قىرغاۋۇل، ياۋا توخۇي.

**تەزەررۇئ** (تضرع) ئ. يېلىنماق.

قاقشماق.
**تەزەييۇق** (تضيق) ئ. تار-
لانماق، سقلماق، قسلماق.
**تەزەلزۇل** (تزلزل) ئ. تىت-
رىمەك، دىرىلدىمەك، سلكىن-
مەك.
**تەزەللۇل** (تذلل) ئ.
ئۆزىنى پەس تۇتماق، خار
تۇتماق، كەمستمەك.
**تەزەللۇم** (تظلم) ئ. شكايەت
قىلماق، زۇلۇمدىن داد
ئېيتماق، زۇلۇم چەكمەك،
زۇلۇم: تەزەللۇم تىرى
دەۋراندىن، قۇتۇلماي ئاھ
ئەفغاندىن.
(ئا. نىزارى)
**تەزەۋۇۋج** (تزوج) ئ.
ئۆيلەنمەك، جۈپلەنمەك.
**تەزۋىر** (تزوير) ئ. ئالدام،
ھىلە.
**تەساھول** (تساهل) ئ. ھورۇن-
لۇق، سەل قاراش. شېئىردا
مۇنداق كەلگەن: خەت يازۇرغا
بۇ تەساھول بائىسى سەندىن
ئىدۇر، قىلدى كاغەزنى قارا
دەپ خاندىن ئىشتىتگىمۇ جار.

(تەجەللى)
**تەسادۇف** (تصادف) ئ.
توغراكەلمەك، ئۇچراشماق،
توساتتىن.
**تەسادۇم** (تصادم) ئ.
توقۇنۇش، تالاش-تارتىش.
**تەسانىف** (تصانيف) ئ. "تەس-
نىف" (يازماق، تۈزمەكنىڭ
كۆپلۈگى).
**تەساقۇت** (تساقط) ئ. چۈش-
كۈنلەشمەك، يىقىلماق.
**تەساۋى** (تساوى) ئ. تەكشى
بولماق، تەكشىلىك.
**تەساۋىر** (تصاوير) ئ. تەس-
ۋىرلەر، سۈرەتلەر، رەسىملەر
(بىرلىكى "تەسۋىر").
**تەسبىھ** (تسبيح) ئ. تەسۋى؛
پاكلىق بىلەن يادلىماق،
تائەت.
**تەسھىج** (تصحيح) ئ. تۈزەت-
مەك، توغرىلىماق.
**تەسھىر** (تسحير) ئ. سىھىر
قىلماق، سىھىرلىمەك.
**تەسخىر** (تسخير) ئ. قولغا
كىرگۈزمەك، رام قىلماق، ئىلىن-
دىرمەك. بېقىندى قىلماق.

**تەسدىر** (تصدير) ئ. تۆرگە چىقارماق. باشلىماق؛ بۇيرۇق چۈشۈرمەك.

**تەسرىھ** (تصريح) ئ. ئوچۇق ۋە ئېنىق ئىپادىلىمەك.

**تەسرىف** (تصريف) ئ. ئالماشتۇرماق، ئۆزگەرتمەك.

**تەسغىر** (تصغير) ئ. كىچىكلەتمەك.

**تەسكىن** (تسكين) ئ. بىر ئورۇندا تۇرغۇزماق، شۈك تۇرغۇزماق، توختاش، توختاتماق، ئارام بەرمەك.

**تەسلىم** (تسليم) ئ. تاپشۇرماق، بەرمەك؛ تەسلىم جان — جان تاپشۇرماق.

**تەسمىم** (تسميم) ئ. ئوغىلماق، زەھەرلىمەك، ئوغا بەرمەك.

**تەسمىيە** (تسميه) ئ. ئاتىماق، ئات قويماق.

**تەسنىف** (تصنيف) ئ. يازماق، تۈزمەك (كۆپلۈگى "تەسانىف").

**تەسۋىر** (تصوير) ئ. ئوخشىتىش، سۈرەت، تەسۋىر، ئوبراز.

**تەسۋىرات** (تصويرات) ئ. سۈرەتلەر، تەسۋىرلەر، ئوبرازلار.

**تەسۋىيە** (تسويه) ئ. تەكشى ۋە تەڭ قىلماق، بىردەك قىلماق، تىڭگىزلىمەك. باراۋەر قىلماق.

**تەسەتتۇر** (تستر) ئ. پەردىلەنمەك، قاپلانماق، پۈركۈنمەك.

**تەسەددۇق** (تصدق) ئ. بىر نەرسىنى بىراۋ ئۈچۈن پىدا قىلماق، ئۆزىنى بېغىشلىماق (سەدىقەدىن كېلىپ چىققان سۆز).

**تەسەررۇف** (تصرف) ئ. قولغا ئالماق، ئىختىيارىغا ئالماق، ئۆزلەشتۈرمەك، تارتىپ ئالماق، ئىگەللىمەك: شېئىردا مۇنداق كەلگەن: يۈز تۈمەن ئەرمان زېمىنى كىم مېنىڭ كۆڭلۈم ئېرۇر، دەرت ئاڭا ساھىب تەسەررۇف غەم ئۇنىڭ ئورتاغىدۇر.

(تەجەللى)

**تەسەررۇفات** (تصرفات) ئ.

"تەسەررۇف"نىڭ كۆپلۈكى.

**تەسەلسۇل** (تسلسل) ئ. بىر بىرىگە كىرىشكەن، ئۇلاشقان، چىگىشكەن، زەنجىردەك چېتىشىپ كەتكەن.

**تەسەللى** (تسلى) ئ. كۆڭۈل ياسىماق، ھال سورىماق.

**تەسەللۇت** (تسلط) ئ. ھۆكۈم يۈرگۈزمەك، ئۆزىگە قاراتماق، ئىشغال قىلىۋالماق.

**تەسەللۇف** (تصلف) ئ. ماختانچاقلىق، بىلەرمەنلىك قىلماق.

**تەسەۋۋۇر** (تصور) ئ. كۆڭۈلدە سۈرەت ياسىماق، كۆڭۈلگە كەلتۈرمەك؛ ئويلىماق، قىياس قىلماق.

**تەسەۋۋۇف** (تصوف) ئ. سوپىلىق، سوفىزىم، مىستىكا.

**تەشابىھ** (تشابه) ئ. بىر بىرىگە ئوخشاتماق.

**تەشارىك** (تشارك) ئ. ئورتاق بولماق، شېرىك بولماق.

**تەشاكى** (تشاكى) ئ. بىر بىرىدىن زارلانماق، شىكايەت قىلىشماق.

**تەشاكىل** (تشاكل) ئ. ئۆزئارا ئوخشاشلىق.

**تەشائۇر** (تشاعر) ئ. ئۆزىنى شائىر قىلىپ كۆرسەتمەك، شائىرلىق دەۋاسى قىلماق.

**تەشاۋىر** (تشاور) ئ. كېڭەشىش، مەسلىھەتلىشىش

**تەشبىھ** (تشبيه) ئ. ئوخشاتماق، چېقىشتۇرماق.

**تەشھىز** (تشحيذ) ئ. بىلىمەك، قايرىماق، چاقلىماق.

**تەشھىر** (تشهير) ئ. مەشھۇر قىلماق، ھەممىگە بىلدۈرمەك.

**تەشخىس** (تشخيص) ئ. تونۇۋالماق، ئايرىتىۋالماق، ئېنىقلىۋالماق، پايقىۋالماق.

**تەشدىد** (تشديد) ئ. قاتتىقلىق، قاتتىقلاندۇرماق، كۈچەيتمەك، ئېغىرلاشتۇرماق؛ ئەرەبچىدە ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ قايتىلاپ ئېيتىلىشى؛ قايتىلاپ ئېيتىلىدىغان تاۋۇشلار ئۈستىگە قويۇلىدىغان بەلگە "تەشدىد" دېيىلىدۇ.

**تەشرىھ** (تشريح) ئ. شەرھى قىلماق، يېشىپ بايان قىلماق.

**تەشرىپ** (تشريف) ئ. ئۇلۇغ-
لىماق، ھۆرمەت قىلماق،
بىراۋنىڭ ئالدىغا بارماق،
كەلمەك.
**تەشرىپات** (تشريفات) ئ.
پادىشالار تەرىپىدىن بىرەر
كىشىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن
بېرىلگەن ئۇستىباش؛ رەسمى-
يەت؛ تەرتىپ؛ رەسىم-
يۇسۇن، قائىدە-يۇسۇن؛
مۇراسىم؛ مېھمان كۈتۈش
ئىشلىرى: تەشرىپات
رەسمى — رەسمىي رەسمى-
يەت، ھۆكۈمەت رەسمى-
يۇسۇنلىرى؛ ئىدارەئى
تەشرىپات — مېھمان كۈتۈش
مەھكىمىسى (ئىدارىسى).
**تەشرىپاتچى** (تشريفاتچى)
ئىپ. مېھمان كۈتۈش بېگى،
سىيى.
**تەشرىپ ئاۋەرى** (تشرف
آورى) ئىپ. زىيارەت
قىلماق، يوقلىماق، قەدەم
تەشرىپ قىلماق.
**تەشرىق** (تشريق) ئ. كۈنچى-
قىشقا يۈزلەنمەك؛ گۆشنى
قۇرۇتماق؛ يورۇتماق،
تەرەپ-تەرەپكە نۇر چېچىپ
تۇرماق.
**تەشرىك** (تشريك) ئ. قاتناش-
ماق، شىرىك بولماق.
**تەشرىئ** (تشريع) ئ. دىنىي
قانۇن چىقارماق.
**تەشقىق** (تشقيق) ئ. يارماق،
ئۇۋاتماق.
**تەشكىل** (تشكيل) ئ.
ئۇيۇشتۇرماق، بىر شەكىلگە
كىرگۈزمەك.
**تەشئىب** (تشعيب) ئ. بۆلەك-
لىمەك، تارماقلىماق.
**تەشئىر** (تشعير) ئ. چاچ،
ساقال قويماق.
**تەشك** (تشيك) ئاچكۆز،
تويماس.
**تەشيىئ** (تشييع) ئ. ئەگىشىپ
ئارقىدىن بارماق، ئۇزىتىپ
بارماق، ئۇزاتماق.
**تەشمىر** (تشمير) ئ. يۆگىمەك،
تۈرمەك (كۆينەكنى)؛
ئالدىراش بولماق.
**تەشمىس** (تشميس) ئ. ئاپتاپقا
قاقلىماق؛ قاتتىق ئاپتاپ.

**تەشمم** (تشميم) ئ. ئىسكىمەك، پۇرىماق.

**تەشنە** ( تشنه ) ئ. تەشنا، سۇسىزىماق، ئۇسسۇزلۇق: تەشنەلەب — ئۇسسۇز.

**تەشنى** (تشنيع) ئ. ئەيىپلە-مەك، قارىلىماق.

**تەشۋىر** (تشوير) ئ. ئەپسۇس-لەنمەك؛ ھاياجانلانماق، تەسىرلەنمەك؛ دەككە-دۈك-كىگە چۈشمەك؛ كۆرسەتمەك؛ قول بىلەن ئىشارە قىلىپ چاقىرماق.

**تەشۋىش** (تشويش) ئ. بىئارام بولماق، بىتاقەت بولماق؛ قورقماق، سارسىماق.

**تەشۋىق** (تشويق) ئ. قىزىق-تۇرماق، ئۈندىمەك.

**تەشەببۇھ** (تشبه) ئ. ئوخشاش-لىق، ئوخشىتىش.

**تەشەددۇد** (تشدد) ئ. قاتتىق-لاشماق، قاتتىقلىق پەيدا قىلماق.

**تەغافۇل** (تغافل) ئ. تۇيۇقسىز يۈرمەك، غەپلەتتە قالماق، بىلمەسلىككە سالماق: تاغافۇل پىشە — ئۆزىنى بىلمەسلىككە سالغان كىشى.

**تەغەيۇر** (تغير) ئ. ئۆزگەر-مەك، باشقا تۈسكە كىرمەك.

**تەغەننى** (تغنى) ئ. كۈيلىمەك، ناخشا ئېيتماق؛ بېيىماق.

**تەقاتۇر** (تقاطر) ئ. تامچىلى-ماق، تامچە.

**تەقادۇم** (تقادم) ئ. قەدىم، قەدىمقى دەۋر؛ بۇرۇنقى.

**تەقارۇب** (تقارب) ئ. يېقىن-لاشماق، يېقىن كەلمەك؛ ئارۇز ۋەزنىنىڭ بىر تۈرى: بەھرتەقارۇب.

**تەقازا** (تقاضا) ئ. تەلەپ، قەتئى تەلەپ، خالىماق، ئىستەك (تەقەززا)

**تەقبىل** (تقبيل) ئ. سۆيمەك، ئۆپمەك.

**تەقتى** (تقطيع) ئ. كەسمەك؛ بۆلەكلەرگە بۆلمەك، پارچىلى-ماق؛ شېئىردا مىسرالارنى ئايرىم بۆلەكلەرگە ئاجرىتىپ، ۋەزنىنى ئۆلچىمەك.

**تەقدىس** (تقديس) ئ. پاك، مۇبارەك ۋە قۇتلۇق ھېساپ-

لىماق، مۇقەددەس بىلمەك،
ئەزىز بىلمەك.
**تەقاس** (تقاص) ئ. ئۆچ، ئىنتىقام؛ تۆلىمەك، تولۇقلىماق.
**تەقاسىر** (تقاصر) ئ. پەرۋا-سىزلىق، ئېرەنسىزلىك.
**تەقرىب** (تقرب) ئ. يېقىنلاشقان، يېقىنلاشتۇرۇلغان، تەخمىن.
**تەقرىر** (تقرير) ئ. تاپشۇر-ماق، ئېيتماق، مەقسەتنى ئاغ-زاكى ئاڭلاتماق (كۆپلۈگى "تەقارىر")
**تەقبە** (تقبيح) ئ. يامانلىققا گۇۋالىق بەرمەك، يامانلىماق.
**تەقرىز** (تقريض) ئ. بىر كىتاپنى ماختاپ يېزىلغان ماقالا.
**تەقسىر** (تقصير) ئ. قىسقارتى-ماق؛ كەمچىلىك، ئەۋەن، نۇقسان، ئەيىپ كۆرسەتمەك.
**تەقى** (تقى) تىخى، يەنە.
**تەقلىل** (تقليل) ئ. ئازايتماق، كەمەيتمەك.
**تەقۋا** (تقوا) ئ. يامان ئىشلاردىن يىراق بولماق،

دىندارلىق.
**تەقۋىيە** (تقويه) ئ. كۈچ-لەندۈرمەك؛ ياردەم بەرمەك؛
**تەقۋىم** (تقويم) ئ. ۋاقىت-چاغنى بىلمەك ئۈچۈن تۈزۈل-گەن نەرسە، يىلنامە.
**تەقەببۇل** (تقبل) ئ. قوبۇل قىلماق.
**تەقەددۇم** (تقدم) ئ. ئىلگە-رىلىمەك، ئالدىدا بولماق.
**تەقەررۇپ** (تقرب) يېقىنلاش-ماق، قەدەم تەشرىپ قىلماق.
**تەقەييۇد** (تقيد) باغلانماق.
**تەف** (تف) پ. قىزىتما، بەزگەك.
**تەفاخۇر** (تفاخر) ئ. پەخىر-لەنمەك، ماختانماق.
**تەفازۇل** (تفاضل) ئ. ئارتۇقچىلىق.
**تەفاسىر** (تفاسير) ئ. تەفسىرلەر (بىرلىگى "تەفسىر") ئايرىم-ئايرىم بايانلار.
**تەفاۋۇت** (تفاوت) ئ. ئايرىما، ئايرىملىق، پەرق، ئىككى نەرسىنىڭ بىر بىرىدىن ئايرىمىسى.
**تەفائۇل** (تفاءل) ئ. "تەفەئ-

. ئۇل"غا قاراڭ.

**تەفتىش** (تفتيش) ئ. تەكشۈرمەك، ئىزدىمەك، نەقلەپ سۈرۈشتۈرمەك.

**تەفرىت** (تفريط) ئ. بىرەر ئىشقا سۈسلۇق بىلەن قارىماق.

**تەفرىھ** (تفريح) ئ. خۇشال قىلماق، شادلاندۇرماق.

**تەفرىد** (تفريد) ئ. يالغۇز قالماق، ئۆزىنى يالغۇزلۇقتا تۇتماق.

**تەفرىق** (تفرىق) ئ. ئايرىلماق-بۆلۈنمەك، پەرقلەنمەك، توپ-توپ بولۇپ ئايرىلماق.

**تەفرىقە** (تفرقه) ئ. ئايرىملىق، ئىتتىپاقسىزلىق، پەرىشانلىق.

**تەفزىھ** (تفضيح) ئ. رەسۋا قىلماق، شەرمەندە قىلماق، بەدنام چاپلىماق.

**تەفزىل** (تفضيل) ئ. ئەۋزەل تۇتماق، ئاشۇرماق.

**تەفھىم** (تفهيم) ئ. پەملەتمەك، ئۇقتۇرماق.

**تەفسان** (تفسان) پ. بەك قىزىق، ئىسسىق، تاۋلانغان.

**تەفسەندە** (تفسنده) پ. قىزىغان، ئىسسىق، قايناق، قىزغىن.

**تەفسىر** (تفسير) ئ. شەرھ، ئىزاھ، چۈشەندۈرمە، يەشمە.

**تەفسىل** (تفصيل) ئ. ئۇزۇنراق ئېيتىپ بايان قىلماق.

**تەفەررۇج** (تفرج) ئ. كۆڭۈل ئاچماق، قۇۋانماق، شاتلانماق، سەيرى-تاماشا قىلماق.

شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تەفەررۇج قىلىڭ توي ھەنگامەنى، ئاتىمغە پۈتۈك ئىشق ئارا نامەنى.

(ئا. نىزارى)

**تەفەررۇس** (تفرس) ئ. پەم بىلەن بىلىۋالماق، پايقىۋالماق.

**تەفەرئۇن** (تفرعون) ئ. تەكەببۇرلەنمەك، ئۆزىنى بەك چوڭ ساناپ، كىبىرلىك قىلماق.

**تەفەھھۇس** (تفحص) ئ. تەكشۈرمەك، ئاختۇرماق، سوراقلىماق.

**تەفەھھۇم** (تفهم) ئ. پەملىمەك، بىلمەك.

**تەفەئئۇل** (تفاُل) ئ. پال ئاچماق؛ تەخمىنلىمەك.

**تەك** (تك) پ. تەگ، ئاست؛ سوققا، زەربە.

**تەك** (تك) پەقەت، ...لا.

**تەكاسۇل** (تكاسل) ئ. هورۇنلۇق قىلماق، ئېرىنمەك.

**تەكالىف** (تكاليف) ئ. تەكلىف-لەر، يۈكلەنگەن ئىشلار، بۇي-رۇقلار (بىرلىكى "تەكلىف").

**تەكاۋۇر** (تكاور) ئ. يۈرۈشلۈك ئات، ياخشى ئات.

**تەكبىر** (تكبير) ئ. ئۇلۇغلىماق.

**تەكرىم** (تكريم) ئ. هۆرمەت-لەمەك، ئۇلۇغلىماق، تەزىم.

**تەكرو** (تكرو) پ. تاكى، غىچە. شېئىردا مۇنداق بولگەن: بەلكى كۆرمەس كەلدۇم ئەي جانان جامالىڭ دائىما، تەتىرىكمەن هەشرىگە تەكرو ئۈزۈمنى زار ئېتەي. (موللا بىلال)

**تەكزىب** (تكذيب) ئ. يالغانغا چىقارماق.

**تەكسىر** (تكسير) سۇندۇرماق؛ سۇنماق؛ يونۇماق.

**تەكسىر** (تكثير) ئ. كۆپەيتمەك.

**تەكفىن** (تكفين) ئ. ئۆلۈكنى كېپەنلىمەك.

**تەكىيە** (تكيه) ئ. يۆلەنچۈك، ياستۇق؛ دەرۋىشلەر تۇرىدىغان ئورۇن: تەكىيەئى خارا — تاش ياستۇق؛ تەكىيەگاھ — تايىنىدىغان، ئېتىمات قىلىدىغان ئورۇن، تايانچۇق. كۆچ: ياردەم بەرگۈچى.

**تەكەسسۇر** (تكسر) ئ. سۇنماق.

**تەكەففۇل** (تكفل) كېپىل بولماق.

**تەكمىل** (تكميل) ئ. كامالغا يەتكۈزمەك، كامىل قىلماق، تولدۇرماق، مۇكەممەللەشتۈر-مەك.

**تەكەللۇف** (تكلف) ئ. تارتىنماق، قورۇنماق؛ قىينالماق، هەرەج تارتماق، ئاۋارە بولماق، جوۋىماق.

**تەكەللۇم** (تكلم) ئ. سۆزلىمەك، گەپ قىلماق، سۆزلەشمەك.

**تەكەممۇل** (تكمل) ئ. يېتىش-مەك، پۈتمەك، پۈتۈن بولماق.

**تەكۈزلىك** (تكزلك) قاشقا (ئاتنىڭ قاشقىسى).

**تەگرە** (تكره) ئەتراپ: تەگرەكى — ئەتراپتىكى.

**تەگزىنچ** (تگزينچ) گىرداپ، قىرغاق؛ دائىرە، مۇھىت.

**تەگرمە** (تكيرمه) دۈگىلەك (تۈگمەن تېشىغا ئوخشاش دۈگىلەك نەرسە).

**تەگرمەك** (تكرمك) كاجۇۋا (تۆگىگە ئارتىدىغان).

**تەگرمەن** (تكرمن) تۈگمەن.

**تەگىش** (تكش) ئىشنىڭ ئايىغى، تۈگىشى؛ لوقما يېدۈرمەك.

**تەگىملىگ** (تگمليك) تېگىشلىك، زۆرۈر، لازىم.

**تەگىمسىز** (تگيسز) لايىق ئەمەس، مۇناسىپ ئەمەس.

**تەگىن** (تكين) قۇل، بەندە.

**تەگىنچ** (تگينچ) تەگىمىش، ھەق؛ ھوسۇل، ئېرىشكەن نەرسە.

**تەگلىك** (تگلك) دەك، تەك، خۇددى، ...ئوخشاش.

**تەئبىيە** (تعبيه) ئ. تەرتىپكە سالماق، جاي ـ جايىغا قويماق، راسلىماق، تۈزمەك.

**تەئبىر** (تعبير) ئ. تۈش ئۆرمەك، تۈشكە كىرگەن نەرسىلەر بويىچە كېلىچەكتىكى ئىشلاردىن ئۇچۇر بەرمەك؛ بىرەر ئىشقا باھا بەرمەك، تەئبىرنامە — تۈش ئۆرۈش توغرىسىدا يېزىلغان كىتاپ، تۈش كىتاۋى.

**تەئتىر** (تعطير) ئ. ياخشى پۇراق بىلەن پۇراتماق، ئەتىرلىمەك.

**تەئتىل** (تعطيل) ئ. توختىماق، توختايدىغان.

**تەئجىل** (تعجيل) ئ. ئالدىراتماق، تېزرەك بولۇشنى تىلىمەك، ئالدىراقسان. ئۇپۇل ـ توپۇل، چاپسان سۈرئەت. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ساباتەئجىل ئېتىپ تاكىردى يولغا. قىلىپ سۈرئەت قاراماي ئوڭ ۋە سولغا

(خىرقىتى).

**تەئخىر** (تأخير) ئ. تەخىر، كېچىكمەك، ھايال، توختاپ

تۇرماق، كېچىكتۈرمەك.
**تەئداد** (تعداد) ئ. سانىماق، بىر-
دىن-بىردىن ئايرىپ چىقماق.
**تەئدىپ** (تأديب) ئ. جازا
بەرمەك، ئەدىۋىنى بەربەك.
**تەئدىل** (تعديل) ئ. توغرى-
لىماق، تەكشىلىمەك.
**تەئرىپ** (تعريف) ئ. تەرىپ،
تونۇتماق، بىلدۈرمەك، بايان
قىلماق، ئاڭلاتماق؛ تەقدىرلە-
مەك، ماختىماق؛ تەسۋىرلە-
مەك؛ بەلگىلىمەك، ئېنىقلى-
ماق.
**تەئزىب** (تعذيب) ئ. ئازاپ-
لىماق، رەنجىتمەك.
**تەئزىيە** (تعزيه) ئ. بىراۋنىڭ
يېقىن كىشىسى ئۆلگەندە،
ئۇنىڭغا قايغۇ بىلدۈرۈپ
يېزىلغان سۆز، كۆڭۈل
سوراش.
**تەئزىر** (تعزير) ئ. كايىش،
جازالىماق: تەئزىر بىلمال —
مال بىلەن بولغان جازا،
ئىشتىراپ.
**تەئزىپ** (تعزيف) ئ. بىر سانىنى
ئىككىگە كۆپەيتمەك، ئىككى

باراۋەر قىلماق.
**تەئزىم** (تعظيم) ئ. ئۇلۇغ-
لىماق. چوڭ بىلمەك، باش
ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈرمەك.
**تەئقىپ** (تعقيب) ئ. تەقىپ،
ئىزىغا چۈشمەك، پېيىغا چۈش-
مەك، سوڭلىماق، پايلىماق،
ئىزدىمەك: كۈن بىلەن تۈن
بىر بىرىسىنى تەقىپ قىلىدۇ.
**تەئلىق** (تعليق) ئ. ئاسماق،
ئېسىپ تۇرماق؛ ئېسىلىپ
تۇرماق.
**تەئلىف** (تأليف) ئ. سازلىماق،
كېلىشىملىك قىلماق؛ تۈزمەك،
ئەسەر يازماق.
**تەئلىل** (تعليل) ئ. سەۋەپ،
باھانە كۆرسەتمەك.
**تەئن** (طعن) ئ. تەنە، سۆكۈش،
شىلتە.
**تەئم** (طعم) ئ. تەم، تېتىق.
**تەئمىر** (تعمير) ئ. تۈزىمەك،
ئوڭلىماق، ياسىماق، يامىماق،
يېڭىلىماق؛ تۈزەتمەك، ياخشى-
لىماق: تەئمىرگاھ — ئوڭلاش
زاۋۇدى.
**تەئمىق** (تعميق) ئ. چوڭقۇر-

لاشماق، چوڭقۇر پىكىر قىلماق.

**تەئمىم** (تعميم) ئ. ئومۇملاشـ تۇرماق، كېڭەيتمەك، يايماق، يولغا قويـماق.

**تەئۋىل** (تأويل) ئ. سۆز مەنىسىنى باشقا نەرسىگە بۇرىماق؛ تۇش ئۆرمەك.

**تەئۋىز** (تعويز) ئ. تۇمار؛ پانا تىلىمەك.

**تەئۋىز** (تعويض) ئ. بىر نەرسىنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى نەرسىنى قويماق.

**تەئۋىق** (تعويق) ئ. قايـ تۇرماق، كېچىكتۈرمەك. مەنئى قىلماق، رەت قىلماق.

**تەئەب** (تعب) ئ. قىينىچىلىق، ھېرىش، تېلىش.

**تەئەببۇد** (تعبد) ئ. قۇللۇق، بەندىلىك، قۇلچىلىق.

**تەئەبناك** (تعبناك) ئې. قىينالغان؛ قىين.

**تەئەججۇب** (تعجب) ئ. ھەيران قالماق، ئەجەپلەنمەك.

**تەئەددى** (تعدى) ئ. زۇلۇم؛ تاجاۋۇز؛ يولسىزلىق، زورلۇق؛

**تەئەددۇد** (تعدد) ئ. كۆپ سانلىق، كۆپلەپ، كۆپ.

**تەئەررۇز** (تعرض) ئ. قار- شىلىق كۆرسەتمەك؛ تەگمەك، دەخلى قىلماق، چېقىلماق.

**تەئەززۇم** (تعظم) ئ. ئۇلۇغـ سىنماق، كىبىرلەنمەك، ئۆزىنى چوڭ كۆرسەتمەك، چوڭچىلىق قىلماق.

**تەئەسسۇب** (تعصب) ئ. تەلۋىـ لىك، جاھىللىق، ئۆز پىكرىنىلا توغرا دەپ بىلىپ، باشقىـ سىنى قوبۇل قىلماسلىق؛ مەزھەپچىلىك.

**تەئەسسۇف** (تأسف) ئ. ئېچىنماق، ئىچ ئاغرىتماق؛ پۇشايمان قىلماق، ئەپسۇسلەنمەك.

**تەئەققۇل** (تعقل) ئ. ئەقىل يۈر- گۈزمەك، ئەقىلگە كەلتۈرمەك.

**تەئيىن** (تعيين) ئ. بەلگىـ لىمەك. خاسلىماق، بېكىتمەك.

**تەئەييۇن** (تعين) ئ. ئېنىقـ لانماق؛ ئاشكارا بولماق؛ تەئىن قىلىنماق؛ شۆھرەتلەنـ مەك، ئاتانماق.

**تەئەييۇنات** (تعينات) ئ. بارلىق، مەۋجۇدات، دۇنيادا

بار نەرسلەر.

**تەئەللۇق** (تعلق) ئ. باغلىق، قاراشلىق، تەۋە؛ تېگىشلىك.

**تەئەللۇل** (تعلل) ئ. ئاغرىماق، كېسەل بولماق؛ بانا قىلماق، بانا كۆرسەتمەك.

**تەئەممۇل** (تأمل) ئ. چوڭقۇر پىكىر قىلماق، ئويغا چۆممەك، مۇلاھىزە قىلماق.

**تەئەننى** (تأنى) ئ. ئاستىلىق، ئېغىرلىق، ئالدىرماي ھەرىكەت قىلماق.

**تەئيىد** (تأييد) ئ. تەكىتلىمەك، قۇۋۋەتلىمەك.

**تەي** (طى) ئ. يۆرمەك، كەزمەك.

**تەييىب** (طيب) ئ. خۇش، ياخشى، ماقۇل، ئوبدان، پاك: كەلىمەتەييىبە — پاك سۆز.

**تەييىبات** (طيبات) ئ. پاك نەرسىلەر. ھالال رىزىقلار، كۆڭۈل خوش كۆرگەن نەرسىلەر؛ تەيىبلىك — ياخشىلىق.

**تەير** (طير) ئ. ئۇچماق؛ قۇش.

**تەييار** (طيار) ئ. ئۇچىدىغان، ئۇچقاندەك.

**تەييارە** (طياره) ئ. ئۇچقۇ.

**تەيران** (طيران) ئ. ئۇچماق، يۇقۇرى كۆتۈرۈلمەك.

**تەيەققۇز** (تيقظ) ئ. ئۇيقۇدىن ئويغانماق.

**تەيەققۇن** (تيقن) ئ. پۈتۈنلەي بىلمەك، ئېنىق بىلمەك.

**تەيەممۇم** (تيمم) ئ. سۇ تېپىلمىغاندا توپا بىلەن تاھارەت ئالماق.

**تەل** (تل) ئ. تۆپە، ئېگىزلىك.

**تەلاتۇم** (تلاطم) ئ. دولقۇنلارنىڭ بىر بىرىگە ئۇرۇلۇشى، شارىلدىغان ئاۋاز، دولقۇن.

**تەلاھىق** (تلاحق) ئ. تۇتاشماق، قوشۇلماق.

**تەلاج** (تلاج) ئ. قېيىق كۆز، ئالىغاي.

**تەلاش** (تلاش) ئ. قاتتىق ئۇشۇقماق.

**تەلايە** (طلايه) ئ. قوشۇننىڭ ئىلغار قىسمى، ھىمايىچى ئەترەت.

**تەلاق** (طلاق) ئ. تالاق، خوتۇننى قويۇۋەتمەك.

**تەلاقى** (تلاقى) ئ. ئۇچراشماق، يولۇقماق.

**تەلالا** (تـلالا) ئ. ئاخشـا. ئاهاڭ، كۈي؛ هايقىرىق.

**تەلامىز** (تلاميز) ئ. ئوقۇغۇ-چىلار، شاگىرتلار، تەلەبەلەر.

**تەلبىس** (تلبيس) ئ. مىكىر، ئالدامچىلىق، يالغان.

**تەلبە** (تـلبە) پ. ساراڭ، ساراڭ قىپتىش، تەلۋە.

**تەلخ** (تلخ) پ. ئاچچىق، تېتىقسىز: مىۋەئى تەلخ — ئاچچىق يىمىش.

**تەلخىس** (تلـخيص) ئ. بىر سۆزنى قىسقارتماق، خۇلاسىلە-ماق.

**تەلخكام** (تلخ كام) پ. قايغۇ-لۇق؛ ئۈمىتسىز: تەلخكام ئولماق — قايغۇلانماق، قىينى-لىپ كۈن كۆرمەك.

**تەلقىن** (تلقين) ئ. كۆڭۈلگە، زېھنىگە سالماق، ئۆگىتىپ ئېيتماق، باشقىلارنىڭ ئاغزىغا گەپ سېلىپ بەرمەك.

**تەلك** (تلك) ئېغىز، تۆشۈك؛ جىرا.

**تەلئە** (طليعه) ئ. قوشۇننىڭ ئالدىدا بېرىپ، يول ئاچقۇچى ۋە دۈشمەننىڭ ئەھۋالى، تۇرغان جايى ھەققىدە مەلۇ-مات ئېلىپ كەلگۈچى چېرىك، ئىلغار.

**تەلم** (تلم) كۆپ، نۇرغۇن، تولۇق، تولغان.

**تەلئىن** (تلعيـن) ئ. قاغاش، قاغىشـلاش، لەنەت ئوقۇش، خورلاش.

**تەلئەت** (طلـعت) ئ. يۈز، چىراي، گۈزەللىك.

**تەلەبە** (طلبه) ئ. تەلەپ قىل-غۇچىلار؛ ئىلىم ئالغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار.

**تەلەتتۇف** (تلطف) ئ. يۇمشاق مۇئامىلە قىلماق، ئەركىلىمەك، مۇلايىملىق.

**تەلەھھۇب** (تلهب) ئ. ئىچ ئاغرىتماق؛ يالقۇنلانماق، ئوت-يالقۇن كۆتىرىلمەك.

**تەلەززۇز** (تلذذ) ئ. لەززەت-لەنمەك.

**تەلەززۇات** ( تـلذذات ) ئ. لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر.

**تەلەف** (تلف) ئ. يوق بولماق، نابۇت بولماق، هالاك بولماق.

**تەلەففۇز** (تلفظ) ئ. تاۋۇش، ئاهاڭ؛ سۆزلىمەك، ئېيتماق.

**تەلەققى** (تلقى) ئ. ئالماق، قوبۇل قىلماق.

**تەلەممۇز** (تلمز) ئ. شاگىرت-لىق، ئوقۇغۇچىلىق.

**تەلەۋۋۇن** (تلون) ئ. رەڭ-مۇ — رەڭ بولماق، ئۆزگىرىپ تۇرماق، تاۋلانماق. كۆچ: تۇترۇقسىزلىق.

**تەلۈك** (تلوك) هاياجان، جىددىيلىك.

**تەم** (تم) تىرەك، دەم. قاپۇغ تەملەدى: ئىشىككە دەم سالدى.

**تەماس** (تماس) ئ. بىر بىرىگە تېگىپ تۇرۇش.

**تەماسىل** (تماثيل) ئ. تەمسىل-لەر (بىرلىگى "تەمسىل").

**تەمجىد** (تمجيد) ئ. ئۇلۇغلا-ماق، تازىم قىلماق، هۆرمەت-لىمەك، ماختىماق.

**تەمدىد** (تمديد) ئ. سوزماق، ئۇزارتماق، ئۇزاققا تارتماق.

**تەمدۇ** (تمدو) ئ. تۇتـرۇق، ئوت.

**تەمر** (تمر) ئ. خورما، يېمىش.

**تەمسىل** (تمثل) ئ. ئوخشىتىش، مىسال قىلىپ كەلتۈرمەك.

**تەمغا** (تمغا) تامغا، مۆهۆر؛ بەلگە، نىشانە.

**تەمكىن** (تمكين) ئ. بوي سۇنماق، سۆزىگە كىرمەك؛ تىكلىمەك؛ هوقۇق، قۇدرەت، ئابروي، نوپۇز.

**تەمىز** (تميز) تازا، پاك، ئېرىق.

**تەمىز** (تميز) ئ. ئاجراتماق، ئايرىماق، پەرق قىلماق.

**تەممە** (تم) ئ. پۈتتى، تامام بولدى، سوڭ، ئاخىر.

**تەمەتتۇئ** (تمتع) ئ. بەهرى-لەنمەك، پايدىلانماق.

**تەمەخسۇر** ( تمخسور ) ئ. تەنە، مەسخىرە.

**تەمەددۇن** (تمدن) ئ. مەدەنىيەت هاسىل بولۇشى، ئىلىم ۋە مائارىپنىڭ يۈكسىلىشى، مەدەنىيلىشىش.

**تەمەسسۇك** ( تمسك ) ئ.

يېپىشماق، تۇتاشماق.
**تەمەئ** (طمع) ئ. ئاچكۆزلۈك، تويماسلىق، كىشىدىكى نەر- سىنى تىلىمەك، ھىرس.
**تەمەللۇق** (تملق) ئ. كىشىگە يېلىنىپ يۈرمەك، خۇشامەت قىلماق.
**تەمەللۈك** (تملك) ئ. مۈلۈك- لەنمەك، ئىگە بولماق، خوجا بولماق.
**تەمەننا** (تمنا) ئ. تىلەك، ئىستەك، ئارزۇ، ئۈمىت.
**تەمەۋۋەج** (تموج) ئ. دول- قۇنلانماق، ئۆركەش ياسىماق، چايقالماق.
**تەمەۋۋۇل** (تمول) ئ. مال- دارلىق، بايلىق.
**تەمۆرلۈك** (تمرلك) تۆمۈر ئېرىتىدىغان يەر.
**تەمۆز** (تموز) تومۇز، يازنىڭ ئەڭ ئىسسىق پەيتى.
**تەمۇغ** (تموغ) دوزاخ، جەھەننەم، تامۇغ.
**تەنازۇئ** (تنازع) ئ. نىزالى- شىش، تالىشىش، تارتىشىش.
**تەناسۇب** (تناسب) ئ. بىر بىرىگە ئۇيغۇن كەلمەك، نىسبەت پەيدا قىلماق.
**تەناسۇخ** (تناسخ) ئ. جاننىڭ بىر تەندىن ئىككىنچى تەنگە كۆچۈپ يۈرۈشى (خۇراپى قاراش).
**تەناسۇل** (تناسل) ئ. ئۇرۇغ، نەسلىنىڭ كۆپىيىشى.
**تەناقۇز** (تناقض) ئ. ئىككى سۆزنىڭ بىر بىرىگە قارىمۇ- قارشى كېلىشى.
**تەناقۇس** (تناقص) ئ. كېمەي- مەك، ئازايماق.
**تەنافۇر** (تنافر) ئ. بىر بىرى- دىن نەپرەتلەنمەك، بىر بىرىنى ياراتماسلىق.
**تەناۋۇل** (تناول) ئ. تاماقنى ئېلىپ يېمەك، غىزالانماق، ئېغىز تەگمەك، تېتىپ باقماق.
**تەنناز** (تناز) پ. نازلانغۇچى، جىلۋىلىك، كېلىشكەن؛ چاقچاق قىلغۇچى، زاڭلىق قىلغۇچى.
**تەنبول** (تنبل) پ. يالقاۋ، ئېرىنچەك، كۆچ: سېمىز.
**تەنتەنە** (طنطنه) ئ. كۆپچە-

لىك، شاۋشۇۋ.

**تەن پۇش** (تن پوش) پ. كيىم، يىپىنچا.

**تەنزىيە** (تنزيه) ئ. ئەيبتىن پاكلىماق، ئەيبسىز دەپ ئېيتماق.

**تەنسىق** (تنصيق) ئ. بىر نەرسىنى ئىككى بۆلەككە ئاجراتماق.

**تەنزىم** (تنظيم) ئ. تەرتىپكە سالماق، مۇنتەزىملىمەك.

**تەنقىھ** (تنقيح) ئ. بىر نەرسىنىڭ كىرەكسىز ۋە ئارتۇق يەرلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، قىسقارتىپ تۈزەتمەك.

**تەنقىس** (تنقيص) ئ. كېمەيتمەك، ئازايتماق، كەمچىلىك كۆرسەتمەك.

**تەننۇر** (تنور) ئ. مەش؛ تونۇر.

**تەنۋىر** (تنوير) ئ. نۇرلاندۇرماق، يالتىراتماق، روشەن قىلماق.

**تەنە** (تەنە) تەنە (مىقدار سۆز)

**تەنەززۇئ** (تنزع) ئ. زاۋال، جان تالىشىش.

**تەنەززۇل** (تنزل) ئ. تۆۋەنلىمەك، پەستكە چۈشمەك، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتماق.

**تەنەققۇل** (تنقل) ئ. ئىچكىلىك بىلەن ئازغىنا يىمەك كەلتۈرمەك، كەزەك كەلتۈرمەك.

**تەنەففۇر** (تنفر) ئ. يىرگىنمەك، نەپرەتلەنمەك.

**تەنەئئۇم** (تنعم) ئ. ھوزۇرلانماق، يىمەك-ئىچمەكتىن پايدىلانماق، راھەتلەنمەك، نېمەت.

**تەنەند** (تنند) پ. يالقاۋ. تەنبەل.

**تەنەۋۋۇر** (تنور) ئ. نۇرلانماق، يالتىرىماق.

**تەنەۋۋۇئ** (تنوع) ئ. تۈرلەنمەك، تۈرلۈك-تۈرلۈك بولماق.

**تەڭ** (تنك) پ. تار، سىقىق، قىستىلاڭ، زىچ؛ تارتىما، تاسما، باغ، ئايىل؛ توپ، تاي، باغلام: دىلتەڭ — يۈرىگى سىقىق؛ تەڭ نەپەس — زىققى

نەپەس؛ نەپسى سقلش؛
تەڭ شارابلىغ — مەينى
كۆتىرەلمەسلك.

**تەڭسىز** (تنكسز) ...گە يەت-
مەسلك، تەڭ كەلمەسلك.

**تەڭناي** (تنك ناي) پ. تار
يول؛ بوغۇز، ھەلقەم.

**تەڭ-تەڭ** (تنك-تنك)
پ. توپ-توپ، تاي-تاي.

**تەڭۇر بۇشۇك** (تنكور بوشوك)
قۇدا-باجا، تۇققان.

**تەۋابىئ** (توابع) ئ. ئەگەش-
كۈچىلەر، بويسۇنغۇچىلار
(بىرلىگى "تابىئ").

**تەۋاتۇر** (تواتر) ئارقمۇ-
ئارقا تارقالماق؛ بىر خەۋەرنىڭ
ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ
راستقا ئايلىنىپ كېتىشى.

**تەۋاچى** (تواچى) پادىشانىڭ
بۇيرۇق ۋە تاپشۇرۇقلىرىنى
تېگىشلىك يەرلەرگە يەتكۈز-
گۈچى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى
ئەمەلدار.

**تەۋارىخ** (تواريخ) ئ.
"تارىخ"نىڭ كۆپلۈگى.

**تەۋازۇئ** (تواضع) ئ. ئۆزىنى
تۆۋەن تۇتماق، كەمتەرلىك.

**تەۋازۇن** (توازن) ئ. بارا-
ۋەرلەشمەك، تەڭلەشمەك.

**تەۋاف** (طواف) ئ. بىر نەر-
سىنىڭ ئەتراپىنى ئايلانماق،
زىيارەت؛ تەۋاف قىلماق —
ئەتراپىنى ئايلانماق، زىيارەت
قىلماق.

**تەۋافۇق** (توافق) ئ. بىر
بىرىگە مۇۋاپىق بولماق، توغرا
كەلمەك، جىپسلاشماق، ياپسا
كەلمەك.

**تەۋائىف** (طوائف) ئ. "تائىفە"
نىڭ كۆپلۈگى.

**تەۋان** (توان) پ. كۈچ، قۇۋۋ-
ۋەت، چىدام.

**تەۋانا** (توانا) پ. كۈچلۈك،
ساغلام.

**تەۋالى** (توالى) ئ. تۇتاش
كەلمەك، بىرىنىڭ ئارقىدىن
بىرى كەلمەك.

**تەۋبە** (توبه) ئ. گۇنادىن
قايتماق، گۇنا قىلىشتىن
توختىماق.

**تەۋبىخ** (توبيخ) ئ. سۆكمەك،
خورلىماق، شىلتىلىمەك.

**تەۋجىيە** (توجيه) ئ. بۇرى-
ماق، يۈزنى بىر تەرەپكە
بۇرىماق.
**تەۋھىد** (توحيد) ئ. يەككە
ياكى يالغۇز دەپ ھېساپلىماق.
**تەۋدىئ** (توديع) ئ. خوشلاش-
ماق، ۋىدالاشماق، خەير-
لەشمەك.
**تەۋر** (طور) ئ. رەۋىش،
يوسۇن، ئادەت، قىلىق، تەرز،
ئۇسۇل، تەرتىپ.
**تەۋرات** (تورات) ئ. يەھۇ-
دىلارنىڭ دىنىي كىتابى
(دىنىي قاراش بويىچە ئاللاتا-
ئالادىن مۇسا پەيغەمبەرگە
ئەۋەتىلگەن كىتاب).
**تەۋزىھ** (توضيح) ئ. ئىزاھلى-
ماق، روشەنلەشتۈرمەك.
**تەۋزىئ** (توزيع) ئ. تارقاتماق،
بۆلۈپ تارقاتماق.
**تەۋسىت** (توسيط) ئ. ئارىغا
كىرگۈزمەك، بىر نەرسىنى
بىر ئىشكە ۋاستە قىلماق.
**تەۋسىف** (توصيف) ئ. سۈپەت-
لىمەك، ماختىماق.
**تەۋسىئ** (توسيع) ئ. كېڭەيت-
مەك؛ كەڭلىك.
**تەۋسەن** (توسن) پ. ئاساۋ ئات،
تۇسۇن، شوخ؛ ئويناق ئات،
تەۋسانى تەخەييۇل — خىيال،
خىيال ئېتى.
**تەۋسىيە** (توصيه) ئ.
تونۇشتۇرماق؛ ۋەسىيەت
قىلماق؛ بىر ئىشنى تاپشۇرماق.
**تەۋق** (طوق) ئ. مارجان،
مونچاق؛ بويۇنغا ئاسىدىغان
باغ گۇناكارلارنىڭ بويىنىغا
سېلىنىدىغان ھالقا: تەۋقى
لەنەت — لەنەت ھالقىسى،
**تەۋقىر** (توقير) ئ. ئۇلۇغلى-
ماق، ھۆرمەتلىمەك.
**تەۋقىف** (توقيف) ئ. توختات-
ماق، توختىتىپ قويماق.
**تەۋقىئ** (توقيع) ئ. پادىشانىڭ
يارلىق، بۇيرۇق ۋە پەرمان-
لىرىغا قويۇلغان مەخسۇس
بەلگە؛ شۇنداق بەلگە قويۇل-
غان بۇيرۇق. پەرمان، يارلىق؛
قول قويماق.
**تەۋكۇر** (توكور) ھىلىگەرلىك،
سېھىرگەرلىك.
**تەۋف** (طوف) ئ. زىيارەت،

ئايلانماق، يۈزىنى سۈرتمەك:
تەۋفى ۋەدائ — خوشلىشىش
چېغىدىكى كۆرۈشۈش.

**تەۋفگاھ** (طوفگاه) ئىپ. زىد-
يارەتگاھ، تاۋاپ قىلىنىدىغان
جاي.

**تەۋفىر** (توفير) ئ. ئاشۇ-
رۇش، كۆپەيتىش، پايدا:
تەۋفىر ئەتمەك — كۆپەيتمەك.

**تەۋفىق** (توفيق) ئ. توغرى-
لانماق، مۇۋاپىق كەلمەك،
ئۇيغۇنلۇق.

**تەۋئ** (طوع) ئ. رغبەت،
مەيل، خاھىش؛ بويسۇنماق،
ئىتائەت قىلماق.

**تەۋىل** (طويل) ئ. ئۇزۇن.

**تەۋە** (توه) تۆگە.

**تەۋەججۇھ** (توجه) ئ. يۈز
تۇتماق، يۈزلىنىش، بىر ياققا
قاراپ كەتمەك.

**تەۋەھھۇم** (توهم) ئ. قورق-
ماق، ۋەھىمىگە چۈشمەك.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن؛ كى
بىر خۇشكىدا ئولتۇرۇپ ئىر-
دى ئۇل، تەۋەھھۇم بىلە
باقىبان ئوخشۇ سول.

(ئا. نىزارى)

**تەۋەسسۇل** (توسل) ئ. ۋاستە
قىلماق؛ تايانماق، بانا،
سەۋەپ.

**تەۋەققۇف** (توقف) ئ. توختى-
ماق، تىك تۇرماق.

**تەۋەققۇئ** (توقع) ئ. ئۈمىت،
ئىستەك، ئىلتىماس،
ئۆتۈنۈش.

**تەۋەللا** (تولا) ئ. دوست
تۇتماق؛ يالۋۇرماق، ئۈمىت
قىلماق.

**تەۋەللۇد** (تولد) ئ. تۇغماق،
تۇغۇلماق.

**تەۋەنگەر** (توانگر) پ. مۇلۇك-
دار، كۈچلۈك، باي.

**تىب** (طب) ئ. تىۋىپلىك
ئىلمى، مېدىتسىنا.

**تىباھ** (طباع) ئ. تەبىئەت،
خۇلۇق، ئادەت، قىلىق.

**تىبائەت** (طباعت) ئ. باسمى-
چىلىق، مەتبەچىلىك.

**تىتىگ** (تتنگ) لاي، شورلۇق.

**تىترۇم** (تيترم) تەسرلىك؛
تىترۇم تەرىك — تەسرلىك
ۋە چوڭقۇر.

**تىدىگ** (تيديگ) لاي، شورلۇق.

**تىدىغسىز** (تيديغسز) توسال-
غۇسىز، بىمالال.

**تىترەتمە** (تيتراتما) تىترەك،
بەزگەك.

**تىترەتكۈچ** (تيتراتكوچ) بېزەك
ئۈچۈن كىيىملەرنىڭ بېشىغا
سانچىپ قويۇلىدىغان جىغا.

**تىر** (تير) پ. ئوق (ئوقيانىڭ
ئوقى): تىرى خەدەڭگى —
كامان ئوقى؛ تىرى باران —
ئوق يامغۇرى؛ تىرى مىژ-
گان — كىرپىك ئوقى؛ تىرى
زەن — ئوق ئاتقۇچى؛ مەرگەن؛
تىرى ئىشق — ئىشق ئوقى.

**تىراز** (طراز) ئ. يىپەك جە-
يەك؛ زىننەت، بېزەك، نەقش؛
ئۇسلۇپ، رەۋىش؛ تەرز.

**تىرازى** (طرازى) ئ. بېزەك-
لىك، زىننەتلىك، چىرايلىق.

**تىرزىق** (تىرزيق) ئ. بىر
بىرىگە باغلىنىشسىز رەۋىشتە
بىرىككەن سۆزلەر.

**تىرگىن** (تيرگين) توپ،
جامائەت، گۇرۇھ ("تىرىن"مۇ
دېيىلىدۇ).

**تىرىگ بارغۇ** (تيريگ بارغو)
ئەسىر، تۇتقۇن.

**تىرىنلىك** (تيرينليك) يىغىلە-
دىغان جاي.

**تىزىغ** (تزغ) تىيىق، بىر ئىشتىن
تىيىش، ئۆزىنى تارتىش.

**تىزىگلىك** (تيزيگليگ) ساياھەت
قىلىنىدىغان جاي.

**تىزىلدۇرۇك** (تىزلدورك)
ئۆتۈكنىڭ تۇمشۇغىغا قويۇلە-
دىغان بېزەكلىك تەڭگىلەر.

**تىشرە** (تشرە) تاشقىرى.

**تىشەك** (تشك) ئىككى تىشلىق
قوي.

**تىغراق** ( تغراق ) باتۇر،
قورقماس، تايماس، غەيرەت-
لىك: تىغراق ئەر — باتۇر
ئادەم.

**تىغىل** (طغل) ئ. گۆدەك،
كىچىك بالا.

**تېقى** (تقى) تېخى.

**تىگرو** (تكرو) گىچە، گە،
قەدەر.

**تىكىرمەن** (تيكيرمەن)
تىكۈچى، سەيپۇڭ.

**تىكىسىز** (تيكيسيز) شاۋقۇن-

ـسز، گۇلدۇر ـ تاراقسز.
**تىگن** (تيگكن) بوشقا، بكارغا،
هەقسىز، پۇلسز: چاكار،
خزمەتكار.
**تىكن** (تيكين) شاهزاده
("تىگن"مۇ دىيىلىدۇ).
**تىبەت** (طيبيت) ئ. ياخشلىق،
خۇشتەبىئەتلىك، خۇشبۇيلۇق.
**تىره** (تيره) پ. قاراڭغۇ، قارا؛
بۇلغانچ؛ غەم ـ غۇسسلىق:
تىره تۇتماق ـ قاراڭغۇلۇقتا
قالدۇرماق؛ تىره بولماق ـ
قارايماق.
**تىرەچاه** (تيرەچاه) پ. قاراڭغۇ
زىندان.
**تىرەخاك** (تيرەخاك) پ. قارا
توپا.
**تىرەراي** (تيرەراي) قارا
پىكىر، نادان، كالتا پەم.
**تىرەرو** (تيرەرو) پ. قارا
يۈزلۈك. كۆچ: قورقۇنچلىق؛
بەختسز، يارىماس.
**تىره روز** (تيرەروز) پ.
قارا كۈنلۈك، قايغۇلۇق.
**تىرەزات** (تيرەزات) پ. قاراڭ-
غۇلۇقتا، جاهالەتتە قالغان

كىشى.
**تىرەسەهاب** (تيرەسەهاب)
پ. قارا بۇلۇت.
**تىرەشاخ** (تيرە شاخ) پ.
قاراڭغۇ كېچە.
**تىرە ئەختەر** (تيرە اختر)
پ. تەلەيسز، بەختسز.
**تىرەگەرد** (تيرەگرد) پ.
قويۇق چاڭ، قىلن توزاڭ،
قاراڭغۇلۇق.
**تىرەماه** (تيرەماه) پ. كۆز،
كۆزلۈكى.
**تىرەنهاد** (تيرەنهاد) پ.
غەملىك؛ يامان تەبىئەتلىك؛
كۆڭلى قاراڭغۇ.
**تئداد** (تعداد) ئ. سانىماق،
هېساپلىماق: تئداد
ئەيلىمەك ـ سانىماق، بىر بىر
ساناپ چىقماق.
**تىل** (تل) تىل، سۆز؛ ئەسىر،
تۇتقۇن.
**تىلتاغ** (تلتاغ) سەۋەب،
نىمشقا، نىمە ئۈچۈن: ئانىڭ
تىلتاغى نەگۇ ـ ئۇنىڭ سەۋە-
بى نىمە؟
**تىلسم** (طلسم) ئ. سېهرى

كۆچۈ بىلەن بىر جايىنى سىر-
لىق ۋە خەۋپلىك جايغا ئاي-
لاندۇرماق ۋە شۇنداق سىرلىق
كۆرۈنىدىغان شەكىللەر.

**تىلكۇ** (تلكو) تۈلكە. كۆچ:
قىز بالا.

**تىلگە** (تلكا) تىلىم، كېسىم،
تارتىم.

**تىلماچ** (تلماج) تەرجىمان،
سۆز ئۆرگۈچى.

**تىلمىز** (تىلميز) ئ. ئوقۇغۇچى،
شاگىرت.

**تىلاۋەت** (تلاوت) ئ. ھەيۋەت
تاۋۇش ۋە قائىدە بىلەن
ئوقۇش (قۇرئان ئوقۇشقا
قارىتىلىدۇ).

**تىم**¹ (تم) بازاردىكى ئۈستى
يېپىق رەستىلەر؛ كارۋان
ساراي.

**تىم**² (تم) تامچە. قەترە.

**تىمار** (تيمار) پ. ھەرىكەت،
خىزمەت؛ قايىغۇرماق،
غەمخورلۇق.

**تىمارخانە** (تيمارخانە)
پ. ئەقلىدىن ئازغان كىشىلەرنى
ئوگلاش ئۈچۈن سېلىنغان
دوختۇرخانا، ساراڭلار
دوختۇرخانىسى.

**تىمچە** (تمچه) كىچىككىنە تىم
("تىم"غا قاراڭ).

**تىمسال** (تمثال) ئ. سۈرەت،
رەسىم، ھەيكەل، نەمۇنە، مى-
سال؛ بىر نەرسىنىڭ ئوخشىشى،
كۆچ. پادىشا يارلىغى.

**تىن بوسماق** (تىن بوسماق)
دەم سىقىلماق.

**تىينەت** (طينت) ئ. يارىتىلىش،
خۇلق، تەبىئەت، خاراكتىر.

**تو** (تو) پ. كۆچ. چىدام.

**تۆبرە** (توبره) تورۋا.

**تۆبتو** (تبتو) قاتمۇ-قات،
ئۈستى-ئۈستىگە، ئۈستمۇ-
ئۈست.

**تۆبەرتۇ** (توبرتو) "تۆبتو"گە
قاراڭ.

**توبى** (طوبى) ئ. دىنى ئېتى-
قات بويىچە جەننەت دەرىخى
دەپ پەرەز قىلىنىدىغان گۈ-
زەل دەرەخ؛ كۆچ: كېلىشكەن
قامەت.

**توبۇلغا** (توبولغا) تولغاق؛
ئاشقازان ئۈچىيدە بولىدىغان

يەل تولغاق.

**توبۇلغاق** (توبولغاق) تۆۋلغا.

**توپۇرغان** (تبرغان) توپۇرغان يەر — توپلاك يەر.

**توپۇنلۇغ** (تبنلغ) توپۇنلۇق تارىغ — توپانلىق بۇغداي.

**تۇت** (توت) پ. ئۇجمە، ئۇجمە دەرىخى.

**تۇتسۇغ** (توتسوغ) تۇتۇلۇپ قالماق، ئەسرگە ئېلىنماق.

**تۇتغاق** (تتغاق) كېچىسى دۇشمەنىنىڭ گۇزەتچىلىرى بىلەن ئايغاقچىلىرىنى تۇتۇشقا ئەۋەتىلگەن ئاتلىق قىسىم.

**تۇتۇرقان** (تترقان) گۇرۇچ.

**تۇتۇش** (تتش) كايىماق، قاتتىق گەپ قىلماق.

**تۇتۇلۇنچ** (تتولۇنچ) ئۇرۇش، جەڭ.

**تۇتۇق** (تتق) ئاختا، پىچۋېتىلگەن.

**تۇتۇق** (تتوق) ئۆلكە نازىرى، ۋىلايەت نازىرى، ئادەتتە "تۇتۇقبەگ" دېيىلدۇ).

**تۇتۇغ** (تتغ) گۆرە، رەنە؛ تۇتقاق كېسەل.

**تۆھپە** (تحفە) ئ. سوغا، تارتۇق.

**تۇججار** (تجار) ئ. سودىگەرلەر (بىرلىگى "تاجىر").

**تۇد** (تود) پ. ئۇجمە دەرىخى ۋە مېۋىسى.

**تۇدە** (تودە) دۆۋە، دۆڭ.

**تۇدەش** (تودش) تۇردەش، ئوخشاش، جىنىسداش.

**تۇدۇڭ** (تودونك) باشلىق: تارىغچى تۇدۇڭلارى — تېرىقچىلار باشلىغى.

**تۇدۇن** (تودون) كۆپمەك؛ توسۇلماق.

**تۇد ئۇچۇز** (توداوچوز) بەختسىزلىك.

**تۇدۇنچسىز** (تودونچسز) تويماسلىق، تويمىغۇر.

**تور** (تور) پ. تور، تورتوقۇلما، تور ياغلىق.

**تۇراپ** (تراب) پ. توپا، تۇپراق، يەر: ئەھلى تۇراپ — ئۆلگەن، ۋاپات بولغان كىشىلەر (كۆچمە مەنىدە).

**تۇران** (توران) پ. تۇركىستانىنىڭ قەدىمقى ئاتىلىشى.

**تۆرتار** (تورتار) تۆرتتىن.
**تۇربەت** (تربت) ئ. تۇپراق، يەر؛ قەۋرە.
**تۇررە** (طـره) پ. كوكۇلا، ئۆرۈم چاچ: تۇررە پەرخەم- جىڭگىلەك چاچ.
**تۇررەھات** (ترهات) ئ. قۇرۇق سۆزلەر (بىرلىگى "تۇرھە").
**تۇرقارۇ** (تـرقارو) دائىم، ھەمىشە.
**تۇرقاق** (ترقاق) داۋاملىق، دائىم.
**تۇرقۇ** (ترقو) دوردۇن، تورقا، يىپەك.
**تۇرفە** (طرفه) ئ. ئاجايىپ، ھەيران قالغۇدەك، يوچۇن، قىزىق؛ سىرتتىن يېڭى كەل- گەن ئادەم. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ياتار يۇلدۇز كەبى ئارتۇشدا ھەريان تۇرفى بۇزرۇگلار، ۋە لېكىن ھەز- رەتى سۇلتان ساتۇقنى ماھ دەپ كەلدىم.
(زەلىلى)
**تۇرك** (ترك) تازا، راسا: تۇرك يىگىت — تازا قۇرامىغا يەتكەن يىگىت.
**تۇركانە** (تركانه) پ. تۇرك- لەرچە، تۇركلەرنىڭكىدەك، تۇركى؛ تۇركانەساز — تۇرك- چە چالغۇ (ساز)، تۇركچە كۈيلىمەك.
**تۇركىگوي** (تركى گوى) پ. تۇركچە يازغۇچى، تۇركچە قوشاق ياكى ناخشا ئېيتقۇچى.
**تۇرناچى** (ترناجى) قاتارلىغۇچى، سەپلىگۈچى (قوشۇننى).
**تۆرۈ** (ترو) قانۇن، قائىدە، يوسۇن، نىزام، مۇراسىم. ئۆرپ-ئادەت: تۆرۈگ قاز- غاندى — ئۆرپ-ئادەتنى ئەسلىگە كەلتۇردى؛ بەدۆك تۆرۈ تۇرغۇزدىلار — كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزدى.
**تۇرۇب** (تـرب) پ. تۇرپ، لوبو، ئاقتۇرما.
**تۆرۈتۇغ** (تروتغ) مۇراسىم.
**تۆرۈتتى** (ترتتى) ياراتتى.
**تۇرۇس** (تـرس) ياتاق، ئۆي.
**تۇرۇغ** (ترغ) ئۆي، خانا؛ تۇراق؛ تۇرا.

**تۇرۇغلاغ** (ترغلاغ) تۇرالغۇ، تۇرىدىغان يەر.

**تۇرۇق** (ترق) ئۇرۇق: تۇرۇقلۇق — ئۇرۇقلۇق.

**تۇرۇق** (طروق) ئ. ئەمەل-لەر، يوللار (بىرلىكى "تەرىق").

**تۇرۇلۇگ** (ترولوگ) نىزام، قائىدە، قانۇن، يوسۇن، تەرتىپ.

**تۇرۇم** (ترم) ئىگىزلىك ۋە چوڭقۇرلۇق ئۆلچىمى (ئادەم بويى كېلىدىغان).

**توزاقچى** (تزاقچى) قاپقانچى، ئوۋچى.

**تۇغرا** (تغرا) گېرب، دۆلەت بەلگىسى، خاننىڭ يارلىغى ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن خاس بەلگە؛ خەتنىڭ بېشىغا بېرىلىدىغان مەخسۇس سۆزلەر.

**تۇز ئۇغۇش** (توز اوغوش) ئۇرۇق، نەسىل-نەسەب.

**تۇز ئۇلۇش** (توز اولوش) تەڭ مىقدار، تەڭ نىسبەت.

**تۇزۇن** (توزون) مۇلايىم، تۈز، كەمتەر.

**تۇزلاق** (توزلاق) تۇز كانى، تۇز چىقىدىغان يەر.

**تۇس** (توس) ۋاقىت، چاغ؛ كەيپىيات: بۇ تۇستا — بۇ چاغدا.

**تۇس** (توس) ئۇرۇق، نەسىل، زادە؛ خاراكتېر، مىجەز، تۇغما خۇسۇسىيەت.

**توستاغان** (توستاغان) ياغاچ كاسە، ئاياق، جام، قەدەھ.

**تۇسلۇق** (توسلوق) ئالىجاناپ خىسلەت، مۇنەۋۋەر، ئېسىل-زادە.

**توسقال** (توسقال) توسقاۋۇل، يول قاراۋۇلى، يول مۇھاپى-زەتچىسى، پاسبان

**تۇسۇ** (توسو) پايدا، مەنپەئەت.

**تۇسۇغ** (توسوغ) يۇقۇرىدى-كىگە ئوخشاش.

**تۇسۇغلۇغ** (توسوغلوغ) پايدا-مەنپەئەتلىك، پايدىلىق.

**تۇش** (توش) ھەمرا، تەڭتۇش يار؛ تامان، تەرەپ؛ روبرا، دۇچ.

**تۇش** (توش) پايدا، ئۆسۈم؛ يېمىش، مېۋە؛ نەتىجە؛

مۇكاپات.

**توشۇق** (توشوق) بولۇش، باراۋەر، ئوخشاش؛ يۇك.

**تۆشەكلىك** (توشەكلىك) يوتقان - كۆرپىلىك رەخت.

**توشمەل** (توشمل) ۋەزىر؛ دانا، دانىشمەن.

**توشۇك** (توشوك) ھورۇن، لامزەللە: توشۇك كىشى — ھورۇن كىشى.

**توك - تولۇك** (توك - تولوك) توك - پۇك، موي.

**توغدارى** (تغدارى) توغداق نامىلىق بىر خىل يوغان قۇش.

**توغرائ** (طغراء) ئ. دۆلەت بەلگىسى، گىرىب، پادىشانىڭ بارلىق پەرمان ۋە قارارلىرى يېزىلغان قەغەزنىڭ تۆپىسىگە چۈشۈرۈلگەن مەخسۇس بېزەكلىك بەلگە؛ مەكتۇپلەرنىڭ تۆپىسىگە سىزىلغان مەخسۇس سىزىقلىق رەسىم: خوجەستە توغرا — قۇتلۇق توغرائ.

**توغراغو** (تغراغو) كەسمە، پارچە.

**توغرىل** (تغرل) مىلىڭ ئۆدەكنى ئۆلتۈرۈپ بىرنىلا يەيدىغان بىر خىل يىرتقۇچ قۇش؛ كىشى ئىسمى.

**توغرۇ** (تغرو) توغرا: توغرۇ تومىلىدۇ — پۇتۇنلەي خاتاسىز.

**تۇغساق** (توغساق) تۇل، تۇل خوتۇن، تۇل - تۇغساق.

**توقساۋۇل** (توقساول) پاسبان، قوغدىغۇچى،

**تۇغسۇغ** (توغسوغ) نەرسىنىڭ ئۇستىگە چۈشۈرۈلگەن بەلگە؛ كۇنچىقىش، شەرق.

**توققاش** (توقاش) ئارام، راھەت؛ مەنزىل.

**تۇغيان** (طغيان) ئ. تاشماق، تاشقىنلىماق (سۇ)، كەلكۈن؛ توپىلاڭ، قوزغىلاڭ، ئىسيان: تۇغيان ئاب — سۇ ئاپىتى.

**تۇغماخان** (توغمە خان) خانەزات، قۇل، ئابدۇ مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

**تۇغمۇش** (توغمش) ياراتقان.

**توقۇرقا** (تقرقا) جوغا (چورغا).

**توقامغ** (توقيليغ) كىلىش-
كەن، قاملاشقان، گۈزەل.
**توقۇشغان** (تقشغان) سوقۇش-
قاق، جىدەلچى.
**توقۇش** (تقش) توقۇنۇش،
ئۇرۇش.
**توكا** (توكا) قەبرە، گۆر:
توكا نامتى — قەبر تېشى.
**تۆكەللىگ** (توكلليگ) بارلىق،
پۈتۈنلەي، سانسىز: ۋە،
ھەم.
**تۆكۈز** (توكوز) تۆكۈس،
تولۇق، مۇكەممەل: تەل-
تۆكۈس.
**تۆكۈن** (توكون) توي، مەرىكە.
**توڭا** (توڭا) باتۇر، قەھرىمان،
ئالىپ.
**توڭراغو** (تونكراغو) چىڭغىراق،
قوڭغۇراق.
**تۆگەل** (توكل) تولۇق،
كامىل، ھەممە: توگەل بىلگە
تەڭرى تەڭرىسى — ھەممىگە
قادىر تەڭرى تەڭرىسى.
**تۆگەن** (توكان) داغ، بەلگە:
تۆگەن قوپماق — بەدەنگە
يارا تاشماق.

**تۆگەنمەك** (توكانماك) تامام-
لانماق، تۆگمەك.
**تۆگۈلۈش** (تونكولوش)
ئايىنىش، بۇزۇلۇش.
**توفان** (طوفان) ئ. تاشقىن،
كەلكۈن؛ كۆچ: زور غەۋغا،
توپىلاڭ.
**تۇفەيل** (طفيل) ئ. چاقىرىل-
مىغان مېھمان.
**تۇفۇلىيەت** (طفوليت) ئ.
بالىلىق، گۆدەكلىك.
**تۇئمە** (طعمه) ئ. ئۇزۇق،
تاماق، لۇقمە.
**توين** (توين) راھىپ،
شبخ: توينلار — راھىپلار.
**تۇيۇر** (طيور) ئ. قۇشلار
(بىرلىگى "تەير").
**تۇيۇق** (تويوق) "تەجنىس"
كە قاراڭ.
**تۇل** (طول) ئ. ئۇزۇنلۇق،
بوي ئۇزۇنلۇغى: تۇل
ھايات — ئۆمۈر ئۇزۇنلۇغى.
**تولى** (تولى) پۈتۈنلەي.
**تولان** (تولان) بەش ياشار
ئات.
**تۇلانى** (طولانى) ئ. ئۇزۇنە-

سىغا، ئۇزۇنچاق.

**تۆلۆك** (تولوك) كۈچ، قۇۋۋەت.

**تۆلۆگلۆك** (تولوگلوگ) تۆكلۆك.

**تۇلۇئ** (طلوع) ئ. چىقماق، كۆرۈنمەك، بالقىماق، ئاتماق، زاھىر بولماق: قۇياش تۇلۇئ-ئەتتى.

**تۇلۇم** (تولوم) قورال: تۇلۇم-لۇغ — قوراللىق.

**تولون** (تولون) بەركامال، تولغان.

**تۇم** (تم) سوغاق.

**تۇماغۇ** (طوماغو) تۇمو، زۇكام؛

**تۇماغە** (توماغە) يېڭى ئۈگىتىلگەن قۇشنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويۇلىدىغان قېپىش تۇماق.

**تۇمتاراق** (طمطراق) ئ. تەن-تەنە، دەبدەبە، شاۋ-شۇۋ.

**تۇملۇغ** (تملغ) سوغۇق، سوغۇق نەرسە.

**توملۇن** (تملون) مەرۋايىت.

**تۇمەن** (تمن) ئون مىڭ؛ يېزا، رايون.

**تومىش** (تومىش) ساپ، تازا، پاكىز.

**تومۇرماق** (تمرماق) ناماق، ئاقماق.

**تۇنبان** (تنبان) ئىشتان.

**تۇنبەك** (تنبك) قولتۇق دۇمبىغى.

**تۇنچە** (تنچە) ئىۋرىق، ئاپتاۋا، قۇمغان ئابدەست.

**تۇند** (تند) پ. ئاچچىق؛ غەزەپ، غەزەپلىك؛ ئاساۋ، شوخ: تۇندخۇي — خۇيى يامان؛ تۇند بادى — ئاچچىق هاراق.

**تۇند باد** (تند باد) پ. قاتتىق شامال، بوران.

**تۇندخو** (تندخو) پ. ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرماق، گېپى گەپ؛ چۇست. م: زەلىلى تەلبەلىكىمدىن نە تۇندخو بولدۇم.

(زەلىلى)

**تونقاتار** (تونقاتار) پادىشا تۇرغان جاينىڭ تۈن قاراۋۇلى؛ تۈن قاراۋۇلى.

**تون-كەدىم** (تون كدم) كىيىم-كېچەك.

تۈن ياڭاق (تون ينكاق) شمال.

تۈۋ (تو) تۆك.

تۈۋەكلك (توكلك) پاختۆر-
مەك.

# ج

**جا** (جا) پ. جاي، يەر، ئورۇن، ماكان: جا بولماق — جايلاشماق؛ جاقىلماق — جايلاشتۇرماق.

**جا بەجا** (جابجا) پ. ئۆز جايىدا، ئۆز ئورنىدا، دەرھال. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئىلاھا نەسىپ ئەيلە جەننەتتە جا، كى رىزۋان ئارا ئەيلىگىل جا بەجا.

(ئا. نىزارى)

**جابىر** (جابر) ئ. جەبرى قىلغۇچى، زالىم؛ كىشى ئىسمى.

**جابىرانە** (جابرانه) ئىپ. ياۋۇزلۇق بىلەن، زالىملارچە.

**جابىس** (جابس) لەشكەر باشلىغى.

**جاھ** (جاه) پ. مەنسەپ، دەرىجە، مەرتىۋە، ئورۇن: ئالى جاھ — يۈكسەك مەرتىۋە، ئورۇن؛ جاھى جەلالەت — ئەلا ئورۇن؛ جەم جاھ — ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئۇلۇغ پادىشا.

**جاھىد** (جاهد) ئ. تىرىشقۇچى، ئىجتىھات قىلغۇچى.

**جاھىل** (جاهل) ئ. نادان، بىلىمسىز، ئىلىمسىز، قارا.

**جاھىلىيەت** (جاهليت) ئ. نادانلىق، جاھىللىق، قارىلىق.

**جاددە** (جاده) ئ. ئۇلۇغ يول؛ قائىدە، نىزام.

**جادۇ** (جادو) پ. ئارۋاق، ئەپسۇن، سېھرى، كۆز باغلاش: جادۇكۆزلەر — سېھىرلىك، جازىبىلىك، مەپتۇن قىلىدىغان كۆزلەر.

**جادۇگەر** (جادوگر) پ. كۆز

باغلىغۇچى، جادۇ قىلغۇچى،
ئاۋراق قىلغۇچى، ئەپسۇنگەر

**جار** (جار) پ. ۋاقىرىماق، چاقىرماق؛ بۇيرۇق، ئېلان؛ جارلاماق — ئېلان قىلماق، ۋاقىراپ يەتكۈزمەك؛ جارچى — ئېلانچى، ئېلان قىلغۇچى.

**جار** (جار) ئ. خوشنا، ھەقەمسايە.

**جاراڭ** (جارانک) ئەكس سادا كېلىدىغان تام (جاراڭ تام)، ئەكس سادا.

**جارى** (جارى) ئ. ئاققۇچى، يۈرىدىغان؛ ئاقىدىغان؛ جارى بولماق — يۈرمەك، ئىشقا ئاشماق؛ ئاقماق.

**جارىھ** (جارح) ئ. جاراھەت- لەندۈرگۈچى، يارىلاندۇر- غۇچى.

**جارىيە** (جاريه) ئ. خىزمەتچى خوتۇن، كېنىزەك، چۆرە،

**جارۇبۇلجار** (جاروبولجار) پ. چاقىرىلغان جاي، جەڭ كۈنى يىغىلىدىغان جاي.

**جارۇپ** (جاروب) پ. سۈپۈرگە.

**جارۇبكەش** (جاروب كش) پ. خىزمەتكار، سۈپۈرگۈچى.

**جازىب** (جازب) ئ. ئۆزىگە تارتقۇچى، جەزب قىلغۇچى.

**جازىبە** (جازبه) ئ. ئۆزىگە تارتىش كۈچى؛ جازىبە ئەرز — يەرنىڭ ئۆزىگە تارتىش كۈچى.

**جازىم** (جازم) ئ. جەزم قىل- غۇچى، مۇقەررەر قىلغۇچى.

**جاساق** (جساق) چەك، چەك- لەنگەن، مەنئى قىلىنغان؛ سىياسەت؛ بىرەر يۇرتنى بىر كىشىنىڭ نامىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەك. مەسلەن، مەكتەپتە تاماكا چېكىش جاساقتۇر؛ پالانچى جاي پالانچى پادى- شاغا جاساقتۇر، دىگەندەك.

**جاقىراق** (جاقراق) تاقىرباش، تاز.

**جاي** (جاى) پ. ئورۇن، ماكان، يەر

**جايىز** (جايز) ئ. دۇرۇس، مۇۋاپىق، مۇمكىن، يارارلىق، لايىق، باپ.

("جا"غا ئوخشاش).

**جايىگىر** (جاى‌گير) پ. ئورۇن ئالغان.

**جاله** (جاله) ئ. قالپاق.

**جالىب** (جالب) ئ. جەلب قىلغۇچى، ئۆزىگە تارتقۇچى.

**جالىز** (جاليز) پ. كۆكتات:

**جالىز بان** (جاليزبان) پ. كۆكچى، كۆكتاتچى.

**جالىس** (جالس) ئ. ئولتۇر-غۇچى: جالىس تەخت سەل-تەنەت — پادىشالىق تەختىدە ئولتۇرغۇچى.

**جام** (جام) پ. قەدەھ، ئاياق، پىيالە، كاسە؛ مىس دۇمباق؛ جاڭ؛ رەڭلىك ئەينەك؛ گۈل تاجىسى؛ دانە، پارچە.

**جام باز** (جام باز) پ. مەي قۇيغۇچى؛ كۆز بويامچى.

**جامىئ** (جامع) ئ. كەڭ، ئېب-ىنىق، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ بارلىق، ئومۇمى، ئورتاق؛ يىغقان، ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ مەسچىت: شەرھ جامىئ — ئېنىق شەرھ قىلماق؛ جامىئۇل ئۇلۇم — ھەممە ئىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ قامۇس؛ قامۇستەك؛ ھەممىنى بىلگۈچى.

**جامىئىيەت** (جامعيت) ئ. تولۇقلۇق، مۇكەممەللىك؛ قاپساپ ئالغانلىق؛ كوللىكتىپ؛ كوللىكتىپچىلىق، ئۆملۈك.

**جامىئە** (جامعه) ئ. جەمئى-يەت، بىرلەشمە، ئۇيۇشما، ئىتتىپاق، گۇرۇھ؛ كىشىلەر توپى؛ زوق، ئىشتىياق؛ زەنجىر.

**جامىئە شۇناس** (جامعه‌شناس) ئىپ. جەمىيەتشۇناس.

**جامە** (جامه) پ. كىيىم؛ جامەنى چاك ئېتىش — كىيىمنى يىرتىش.

**جامەباف** (جامه‌باف) پ بۆز-چى، رەخت توقۇغۇچى، باپكار.

**جامەدان** (جامەدان) پ. چامادان، ساندۇق؛ كىيىم ئىشكاۋى.

**جامەگاھ** (جامەگاھ) پ. كى-يىم ئىشكاۋى؛ كىيىم قويۇش بۆلمىسى.

**جامەدۇز** (جامەدوز) پ.

تىكۈچى (كيىم تىكۈچى).

**جان**[1] (جان) پ. تىرىك، ھايات، جان؛ روھ؛ ماھىيەت، مۇھىم نۇقتا؛ كۈچ، غەيرەت؛ سۆيۈملۈكى، سۆيگىنى، قەدىرلىكى.

**جان**[2] (جان) پ. قورال (قەدىمقى تىلدا).

**جان ئاسا** (جان آسا) پ. ئادەمگە ئوخشاش، ئادەم كەبى.

**جان ئافرىن** (جان آفرىن) پ. ياراتقۇچى، ئاللاھ، خۇدا، تەڭرى.

**جان باز** (جان باز) پ. قارام، جان بىلەن ئويناشقۇچى؛ سىرىكچى.

**جان پەرۋەر** (جان پرور) پ. جانلاندۇرغۇچى، قۇۋۋەت بەرگۈچى.

**جان خاكسارلىغ** (جان خاكسارلىغ) كەمسىتىلگەنلىك؛ ئۆزىنى سۇنۇق تۇتقانلىق.

**جاندار** (جاندار) پ. جانلىق، تىنلىق، جانۋار، تىرىك، ھايۋان.

**جان رەگى** (جان رگى) پ. قان تومۇرى.

**جان سۇز** (جانسوز) پ. جان كۆيدۈرەر، جاننى كۆيدۈرگۈچى، ئۆرتىگۈچى، قىينىغۇچى.

**جان سىپارلىغ** (جان سپارلىغ) سادىقلىق، جان پىدالىق.

**جانفزا** (جانفزا) پ. جانغا راھەت بەرگۈچى، ئارامىجان.

**جان فىشان** (جان فشان) پ. جاننى پىدا قىلغۇچى.

**جانگاھ** (جان كاه) پ. جاننى ئاغرىتقۇچى، ئازاپلىغۇچى.

**جان گۇداز** (جان گداز) پ. جاننى قىيىنغۇچى، ئازاپلىغۇچى.

**جانى** (جانى) ئ. جىنايەتچى، قاتىل، كىشى ئۆلتۈرگۈچى.

**جانىب** (جانب) ئ. تەرەپ، يان، ياق، جەھەت: جانىب تۇتماق — باشقا كىشىنىڭ تەرىپىگە ئۆتمەك.

**جان نىسار** (جانسار) پ. جان پىدا قىلغۇچى.

**جانىستان** (جان ستان) پ.

جان ئالغۇچى، ھالاك قىلـ
غۇچى.
**جانىشىن** (جانشين) پ.
ۋەكىل، ئىز باسار؛ ئورنىنى
باسقۇچى.
**جاۋرۇنچى** (جاورنچى)
پالچى، ئىرقچى؛ ئەپسۇنگەر.
**جاۋىد** (جاود) پ. مەڭگۈ،
ئەبەدى، دائىمى: جاۋىد
بولماق ــ مەڭگۈ بولماق.
**جاۋىدان** (جاودان) پ. مەڭـ
گۈلۈك، ئەبەدى.
**جاۋىدانى** (جاودانى) پ.
مەڭگۈلۈك، دائىملىق.
**جاۋىدانە** (جاودانە) پ. دائىمى
رەۋىشتە.
**جەب** (جب) ئ. ئارۇز
قائىدىلىرىدىن بىرى.
**جەبانەت** (جبانت) ئ.
قورقاقلىق، يۈرەكسىزلىك.
**جەببار** (جبار) ئ. قۇدرەت ۋە
ئۇلۇغلۇق ئىگىسى؛ جەبىر
قىلغۇچى، غەزەپ قىلغۇچى.
**جەبھە** (جبهه) ئ. ماڭلاي،
پىشانە: جەبھەئى ھۆر ــ ھۆر
يۈزلۈك، گۈزەل؛ كۆچ: ئاي.

**جەبر** (جبر) ئ. زۇلۇم، زور-
لىماق، قىستىماق.
**جەبىرە** (جبيره) ئ. جاراھەت
ئۈستىگە تېڭىلغان لاتا.
**جەبىن** (جبين) ئ. ماڭلاي،
پىشانە: مەجبىن ـ گۈزەل
(كۆچمە مەنىدە).
**جەبەرۇت** (جبروت) ئ. بۈ-
يۈك؛ ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك.
**جەبەل** (جبل) ئ. تاغ: جە-
بەلى ــ تاغنىڭكى، تاغدىن
چىققان.
**جەھان بان** (جهان بان)
پ. جاھاننى ئىدارە قىلغۇچى،
ھۆكۈمدار، پادىشا.
**جەھان بىن** (جهان بين)
پ. جاھاننى كۆرسەتكۈچى،
يىراقنى كۆرەلىگۈچى: چەش-
مى جاھان بىن ــ يىراقنى
كۆرەلىگۈچى كۆز.
**جەھان پاناھ** (جهان پناه)
پ. جاھان ھامىسى، جاھاننى
ئۆز پاناھىغا ئالغان كىشى.
**جەھان پەيما** (جهان پيما)
پ. جاھاننى كەزگۈچى،
جاھانكەشتە.

**جەھان تاب** (جهان تاب) پ. جاھاننى يورۇتۇپ تۇرد- دىغان، قىزىتىپ تۇرىدىغان.

**جەھاندار** (جهاندار) پ. جاھاننى ئىگەلىگۈچى، جاھاننى ئىدارە قىلغۇچى، بۈيۈك شاھ؛ قۇدرەتلىك.

**جەھان سۆز** (جهان سوز) پ. جاھاننى كۆيدۈرگۈچى، بەك قىزىتقۇچى.

**جەھان كۇشاي** (جهان كشاى) پ. جاھاننى بىسىپ ئالغۇچى، جاھاننى ئاچقۇچى.

**جەھانگەرد** (جهانكرد) پ. جاھاننى كەزگۈچى، جاھان- كەشتە.

**جەھاننەماي** (جهان نماي) پ. جاھاننى كۆرسەتكۈچى (ئەينەك).

**جەھد** (جهد) ئ. تىرىشماق، ئىجتىھات قىلماق، چىلىش- ماق،

**جەھر** (جهر) ئ. كىگەيمەك، ئاشكارا، سەممى، تۈز، توپ - توغرا؛ يۇقۇرى كۆتەر- مەك (ئاۋازنى)؛ ھەممىگە

مەلۇم.

**جەھىم** (جحيم) ئ. دوزاق، جەھەننەم، تامۇغ.

**جەھل** (جهل) ئ. بىلىمسىزلىك، نادانلىق؛ ئاچچىق قىلماق.

**جەدد** (جد) ئ. بوۋا؛ ئاتا- بوۋىلار؛ بەخت؛ قىرغاق.

**جەدال** (جدال) ئ "جەدەل" گە قاراڭ.

**جەدىد** (جديد) ئ. يىڭىلىق، يىڭى چىققان؛ ئۇسۇل جەدى- د — يىڭى ئۇسۇل بىلەن ئوقۇتۇش.

**جەدەل** (جدل) ئ. تالاش- تارتىش، مۇنازىرە؛ ئۇرۇش- ماق، جاڭجاللاشماق، جە- دەللەشمەك؛ مۇشتلاشماق؛ تىرىشماق: جەدەل ئەتمەك — تىرىشماق.

**جەددە** (جده) ئ. مومای، قىبرى ئانا.

**جەر** (جر) پ. جار، جارسال- ماق، بىلدۈرمەك، ئېلان.

**جەراھەت** (جرحت) ئ. يارا، قوتۇر، يىغىر.

**جەرراھ** (جراح) ئ. تاشقى

ئاغرىقلار دوختۇرى (يارا-
شىرىق دوختۇرى).
**جەررار** (جرار) بەك كۆپ؛
ئۇرۇشقاق، قورقماس؛
جەررارلىق — جەڭگىۋارلىق،
باتۇرلۇق.
**جەرائىد** (جرائد) ئ. گېزىت-
لەر، جەرىدەلەر (بىرلىگى
"جەرىدە").
**جەرائىم** (جرائم) ئ. گۇنالار،
ئەيىپلەر، جەرىمەلەر
(بىرلىگى "جۇرم").
**جەرھ** (جرح) ئ. يارا، جارا-
ھەت؛ رەت قىلماق، رەدىيە
بەرمەك (كۆپلۈگى "جەرۇھ").
**جەرد** (جرد) ئ. تەخت؛ تىرە
سويماق؛ كونا كىيىم؛ بوزيەر.
**جەرز** (جرز) ئ. كېسىپ
ئېلىۋەتمەك.
**جەرىب** (جريب) ئ. يەر
ئۆلچىمى.
**جەرىدە** (جريده) ئ. گېزىت،
خەۋەرلەر بېسىلىپ چىقىدى-
غان قەغەز؛ دەپتەر؛ يەككە،
تەنها.
**جەرىمە** (جريمه) ئ. گۇنا،

ئەيىب؛ ئىشتىراك.
**جەرەس** (جرس) ئ. قوڭغۇ-
راق، كولدۇما.
**جەريان** (جريان) ئ. ئاقماق،
ئېقىپ كەتمەك، يۈرمەك.
**جەزائىر** (جزائر) ئ. ئارال-
لار، جەزىرىلەر (بىرلىگى
"جەزىرە").
**جەزالەت** (جزالت) ئ. ئۇلۇغ-
لۇق؛ موللۇق، ئارتۇقلۇق،
مۇستەھكەملىك.
**جەزائ** (جزاء) ئ. ئىشلىگەن
ئىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان
مۇكاپات؛ كىشى ياخشى ئىش
قىلسۇن، يامان ئىش قىلسۇن،
ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرمەك،
جازا، چارە؛ ئىشتىراپ.
**جەزايىر** (جزاير) ئ. "جەزىرە"
نىڭ كۆپلۈگى.
**جەزب** (جذب) ئ. تارتماق،
شۈمىمەك.
**جەزبە** (جذبه) ئ. غەزەپنى
كەلتۈرمەك، ئوغىسىنى
قايناتماق.
**جەزەبات** (جذبات) ئ.
"جەزبە"نىڭ كۆپلۈگى.

**جەزەئ** (جزع) ئ. قاتتىق
خاپىلىق، تاقەتسىزلىك،
خاتىرجەمسىزلىك.
**جەزەئكار** (جزع كار) ئىپ.
تاقەتسىزلەنگۈچى، بىئارام
بولغۇچى.
**جەزىرە** (جزيره) ئ. چۆل،
ئارال.
**جەزىل** (جزيل) ئ. كۆپ،
مول.
**جەسارەت** (جسارت) ئ.
باتۇرلۇق، جۈرئەت.
**جەسامەت** (جسامت) ئ.
گەۋدە؛ سېمىزلىك، يوغانلىق،
بويىۇكلۈك.
**جەساۋەت** (جساوت) ئ.
قاتتىق، قاتتىقلىق.
**جەستە** (جسته) پ. سەكرىگەن،
ئىرغىپ چىققان: جەستە-
جەستە — ئۇ يەردىن-
بۇ يەردىن؛ ئاستا-ئاستا،
بىرۋاراقى.
**جەستۇخىز** (جستوخيز) پ.
سەكرىمەك، ئىرغىماق.
**جەسەد** (جسد) ئ. تەن،
بەدەن، گەۋدە، ئۆلۈك تەن.

**جەسىم** (جسيم) ئ. گەۋدىلىك،
يوغان، چوڭ.
**جەسۇر** (جسور) ئ. يۈرەك-
لىك، باتۇر، غەيرەتلىك،
قورقماس.
**جەفا** (جفا) ئ. ئېغىرچىلىق،
جەۋرلىمەك، زۇلۇم.
**جەفاجو** (جفاجو) ئىپ. جاپا
قىلغۇچى، زالىم.
**جەفا پەرداز** (جفاپرداز)
ئىپ. جاپا قىلغۇچى، زۇلۇم
قىلغۇچى، زالىم.
**جەفا گۇستەر** (جفاكستر)
ئىپ. جاپا قىلغۇچى، جاپاگەر.
**جەفاكىش** (جفاكش) ئىپ.
جاپا قىلىشقا ئادەتلەنگەن.
**جەڭ** (جنك) پ. سوقۇش،
ئۇرۇش.
**جەڭجوي** (جنكجوي) پ.
ئۇرۇشقاق، جەڭگىۋار.
**جەڭگاھ** (جنك گاه) پ.
ئۇرۇش مەيدانى.
**جەڭگەلبان** (جڭگلبان) پ.
ئورمان باققۇچى.
**جەڭگى سەخت** (جنكسخت)
پ. قاتتىق جەڭ.

**جەيب** (جيب) پ. كىيىمنىڭ ياقىسى؛ چۆنتەك، قويۇن. كۆچ: كۆڭۈل، دىل: جەۋھەرى جەيب — كۆڭۈلنىڭ نازۇكلۇغى.

**جەيخۇن** (جيخون) پ. ئامۇ- دەرياسى.

**جەيران** (جيران) ئ. جەرەن، كىيىك، ئاھۇ.

**جەيش** (جيش) ئ. ئەسكەر، چېرىك، قوشۇن.

**جەئبە** (جعبه) ئ. ئوقدان.

**جەئد** (جعد) ئ. سىكىلەك، چاچ، كوكۇلا؛ بۇدرە.

**جەئل** (جعل) ئ. ياسما، يالغاندىن ياسالغان، ساختا: جەئل ساز — يالغاندىن ياسىغۇچى، ئويدۇرمىچى؛ جەئلى — يالغان، ساختا.

**جەلا** (جلا) ئ. ئايرىلىش: جەلايى ۋەتەن — ۋەتەندىن ئايرىلىش.

**جەلا جىل** (جلاجل) ئ. قوڭغۇراقچە.

**جەلا دەت** (جلادت) ئ. ھەيبەتلىك، باتۇرلۇق، دادىللىق، جاسارەتلىك، چاققانلىق.

**جەلال** (جلال) ئ. ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك.

**جەلالەت** (جلالت) ئ. داغ- دۇغا، ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك.

**جەلد** (جلد) ئ. چاققان، تېز ھەرىكەت قىلغۇچى: جەلدلىك — چاققانلىق، جەڭگىۋارلىق، شجائەت.

**جەلسە** (جلسه) ئ. ئولتۇرۇش، مەجلىس، يىغىن.

**جەلى** (جلى) ئ. ئوچۇق، روشەن، ئاشكارا، كۆزگە كۆرۈنەرلىك: جەلى- جەلال — روشەنلىك، يورۇق- لۇق.

**جەلسات** (جلسات) ئ. "جەلسە"گە قاراڭ.

**جەلىس** (جليس) ئ. ھەمسۆھ- بەت، بىرگە ئولتۇرغۇچى.

**جەلىق** (جليق) ئ. قوپال، تېرتەك، مىجەزى ئوسال ئادەم.

**جەلىقە** (جليقه) ئ. جىلىتكە.

**جەلىل** (جليل) ئ. ئۇلۇغ،

يۇقۇرى مەرتىۋىلىك، شەرەپلىك.

**جەلىلە** (جليله) ئ. قەدىر- لىك، مەرتىۋىلىك.

**جەلۋاد** (جلواد) ئ. يامان ئادەت، يامان قىلىق.

**جەم** (جم) ئ. جەمشىدنىڭ قىسقارتىلمىشى ("جەمشىد"گە قاراڭ): جەم ئىقتىدار — جەمشىتتەك ئىقتىدارلىق، زور ئىقتىدارلىق؛ جەمشىدقەدر — جەمشىد مەرتىۋىلىك.

**جەمازە** (جمازه) ئ. يۈگۈرۈك تۆگە.

**جەمال** (جمال) ئ. كۆركەم- لىك، چىرايلىق. كۆچ: يۈز، چىراي.

**جەمالىيەت** (جماليت) ئ. مېھرىبانلىق، مەرھەمەت،

**جەماد** (جماد) ئ.جانسىز ۋە ئۆسمەيدىغان نەرسە (تاشقا ئوخشاش)

**جەمرى** (جمرى) ئ. تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ.

**جەمرە** (جمره) ئ. ئوتلۇق كۆمۈر، چوغ؛ ھەج قىلغان كىشىلەرنىڭ بەلگىلىك ئورۇن- دا تاش ئېتىشى.

**جەمشىد** (جمشيد) پ.ئۇلۇغ پادىشا؛ ئىراننىڭ قەدىمقى ئەپسانىۋى پادىشالىرىدىن بىرى.

**جەمشىد جاھ** (جمشدجاه) پ. يۇقۇرى مەرتىۋىلىك، ئۇلۇغ پادىشا.

**جەمىل** (جميل) ئ. كۆركەم، گۆزەل، چىرايلىق: جەمىلە — گۆزەل، ساھىبجامال.

**جەمەل** (جمل) ئ. ئەركەك تۆگە.

**جەنب** (جنب) ئ. يان، يان تەرەپ.

**جەناب** (جناب) ئ. ئاستانا، بوسۇغا، دەرگاھ؛ ئېھتىرام ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز: مەرتىۋىلىك، دەرىجىلىك.

**جەناھ** (جناح) ئ. قانات، تەرەپ: جەناھەين — ئىككى قانات.

**جەنازە** (جنازه) ئ. تاۋۇتقا سېلىنغان ئۆلۈك؛ مېيىت، جەسەت (كۆپلۈكى "جەنا

ئىز").
**جەننات** (جنات) ئ. جەننەتلەر؛ باغلار، بوستانلار (بىرلىكى "جەننەت").
**جەندەر** (جندر) ئ. چاپان، كىيىم: جەندەرخانە — كىيىم قويىدىغان بۆلمە.
**جەنىبەت** (جنيبت) ئ. پادىشالار بىرەر جايغا ئاتلىنىپ چىققاندا ئېھتىيات ئۈچۈن بىرگە ئېلىپ بارىدىغان ئات.
**جەنىن** (جنين) ئ. ئادەم ياكى ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى بالا.
**جەۋ** (جو) ئ. ھاۋا تۇرىدىغان بوشلۇق، ھاۋا: جەۋھەۋا — ھاۋانىڭ ئىچى.
**جەۋاھىر** (جواهر) ئ. جەۋھەرلەر، ئېسىل چىنتاشلار.
**جەۋاد** (جواد) ئ. سېخى، قولى ئوچۇق.
**جەۋارىھ** (جوارح) ئ. بەدەن ئەزالىرى: قول، پۇت، تىل ۋە باشقىلار.
**جەۋاز** (جواز) ئ. توغرىلىق، دورۇسلۇق، جائىزلىق.
**جەۋۋالە** (جواله) ئ. بەك جەۋلان قىلماق.
**جەۋامىئ** (جوامع) ئ. توپلىغۇچىلار، جەم قىلغۇچىلار.
**جەۋان** (جوان) پ. يىگىت؛ جەۋانلىق — ياشلىق.
**جەۋانىپ** (جوانب) ئ. تەرەپلەر، ياقلار (بىرلىكى "جانىب").
**جەۋھەر**[1] (جوهر) ئ. ئېسىل ماددا. كۆچ: نەرسىنىڭ تۈپ ئۆزىكى، مېغىزى، يۈرىكى.
**جەۋھەر**[2] (جوهر) ئ. قىممەت باھا تاش. كۆچ: يالتىراق.
**جەۋھەردار** (جوهردار) ئې. يالتىراق، جىۋىرلاپ تۇرىدىغان، جىلۋىلىك.
**جەۋھەرفرۇش** (جوهرفروش) ئې. ئېسىل چىنتاشلارنى ساتقۇچى.
**جەۋھەرىي** (جوهری) ئ. جەۋھەرشۇناس، قىممەت باھا تاشلارنى تونۇيدىغان كىشى؛ چىنتاشلار ساتقۇچى.
**جەۋد** (جود) ئ. سېخىلىق، قولى ئوچۇقلۇق.
**جەۋشەن** (جوشن) ئ.

ساۋۇت، قۇياق، ئۇرۇشتا كىيىدىغان سىم چاپان.

**جەۋف** (جوف) ئ. كاۋاك جاي؛ فەلەك جەۋفى ــ كۆك (ئاسمان) بوشلۇغى.

**جەۋلان** (جولان) ئ. كەزمەك، يۈرمەك.

**جىبال** (جبال) ئ. تاغلار (بىرلىگى "جەبەل").

**جىبە** (جبه) ئ. قەدىمقى ئۇرۇش كىيىمى.

**جىبىللى** (جبلى) ئ. تۇغما، تەبىئى.

**جىهات** (جهات) ئ. تەرەپلەر، ياقلار، جەھەتلەر؛ يەر، نەرسە، بۇيۇم، ئەسۋاب، ئەشيا، دۆلەت، مال ـ مۈلۈك.

**جىهاد** (جهاد) ئ. ئۇرۇش، سوقۇش، جەڭ.

**جىهاز** (جهاز) ئ. ئۆي جابدۇقلىرى، نەرسە، بۇيۇم، مال، ئەشيا.

**جىهەت** (جهات) ئ. تەرەپ، تامان، ياق؛ سەۋەپ، ۋەج.

**جىدد** (جد) ئ. تىرىشماق، ئىجتىهات، چىلىشماق.

**جىدا** (جدا) نەيزە.

**جىدار** (جدار) ئ. تام، توساق.

**جىدال** (جدال) ئ. جىدەل، تالاش، غوغا، نىزا؛ ئۇرۇشماق، مۇشتلاشماق ("جەدەل" گە ئوخشاش).

**جىددى** (جدى) ئ. چىن، تىرىشقاق، ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن بولمىغان، قارىدا، جىددى، قاتتىق.

**جىر** (جر) ناخشا، قوشاق، ماختاش ياكى مەدھىيلەش ناخشىلىرى.

**جىرغا** (جرغا) دەنجا، ناسىلكا؛ يامغۇر سۈيىدىن ھاسىل بولغان ئۇششاق ئېرىقلار.

**جىرم** (جرم) ئ. گەۋدە، يەر ۋە يۇلتۇزلارغا ئوخشاش جىسىملار.

**جىسەك** (جسك) چارلاش، باشقۇرۇش، ساقچىلىق قىلىش؛ ئەسكەرلەر شەھەرنى جىسەيدۇ.

**جىغا** (جيغا) تاج؛ خاقانلارنىڭ ئالتۇن بۆكى.

**جىيان** (جيان) جاھىل، ياۋۇز،

يىرتقۇچ؛ قەھرلىك.

**جىيبەچى** (جيبەچى) خان ئوردىسىدىكى قورال - ياراق ئامبىرىنىڭ باشلىغى.

**جىيفە** (جيفە) ئ. ئۆلۈمتۈك؛ ئۆلۈمتۈك مال، ھارام مال، تاپ.

**جىلائ** (جلاء) ئ. يالتىراق، پارقىراق.

**جىلد** (جلد) ئ. تېرە؛ توم، توپلام؛ مۇقاۋا، قاپ؛ دانە (تېرىسىنىڭ دانە سانى) جىلدگەر، جىلدساز — كىتاپ تۈپلىگۈچى.

**جىلۋە** (جلوە) پ. يالتىراقلىق، نۇرلانماق؛ قاش - كۆزلىرىنى ئويناتماق، غىلجىڭلىماق، ناز قىلماق؛ ياسانماق.

**جىلۋەساز** (جلوەسز) پ. جىلۋە قىلغۇچى، يالتىراق كۆرۈنگۈچى.

**جىلۋەگەر** (جلوەكر) پ. جىلۋە قىلغان، ئويناقلىغان. يالتىرىغان؛ چىرايلىق؛ گەۋدىلەنگەن، كۆرۈنگەن.

**جىلۋەنەماي** (جلوەنماى) پ. جىلۋە كۆرسەتكەن، ناز قىلغۇچى، غىلجىڭلىغۇچى، ئۆزىنى ئويناتقۇچى،

**جىلۇۋ** (جلو) پ. ئالد، ئالد تەرەپ، ئالد قىسىم، ئۇدۇل؛ ئالدىغا؛ ئالدىدا؛ نوختا، جولو، تىزگىن.

**جىلۇۋخان** (جلوخان) پ. ئالد ئۆي، ئارىلىق؛ ئۆي ئالدىدىكى بوشلۇق. ئۆينىڭ ئۇدۇل تەرىپى.

**جىلۇۋدار** (جلودار) پ. ئالدىن بارار قىسىم، ئاۋانگارت قىسىم؛ ئات يېتىلىگۈچى، جولودار.

**جىنان** (جنان) ئ. جەننەتلەر، باغلار؛ مۇپتاھىل جىنان — جەننەتلەرنىڭ ئاچقۇچى.

**جىنان ۋەش** (جناوش) ئپ. جەننەتكە ئوخشاش، باقىقا ئوخشاش.

**جىنس** (جنس) ئ. قىسىم، تۈر؛ ئەركەك - چىشىلىق؛ ماتا، مال؛ كىيىملىك.

**جىنكەش** (جن كش) پ. جىنلارنى ئۆزىگە تارتقۇچى،

داخان.

**جۇۋار** (جوار) ئ. يېقىن، خوشنا، يان، ئەتراپ.

**جو** (جو) پ. ئېرىق ("جوي" دىن قىسقارغان)

**جۇببە** (جبه) ئ. تېرە كىيىم، جۇۋا؛ سىرت كىيىم: جۇببە جەۋشەن ـــ ساۋۇت، تۆمۈر كىيىم.

**جۇبجو** (جوبجو) پ. ئاستا ـ ئاستا، بىر ۋاراقى.

**جۇجە** (جوجه) ئ. چۈجە، جۇجەك.

**جۇھەلا** (جهلا) ئ. جاھىللار، نادانلار.

**جۇد** (جود) پ. قارا يامغۇر، قاتتىق يامغۇر.

**جۇد** (جد) ئ. ئىنئام، ئېھسان. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: مەتبەخى جۇدۇڭدىن ئېيتسپ رىزق خار، ئادەمۇ، ھەيۋانۇ، جىنۇ مورۇمار.

(زەلىلى)

**جۇدا** (جدا) پ. ئايرىم، يىراق.

**جور** (جور) پ. تۇر، خىل، دەرىجە؛ بىر جۈپ.

**جوراب** (جوراب) پ. پايپاق.

**جۇرئە** (جرعه) ئ. ئوتلام، يۇتۇم. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: جېنىمغا ناۋائەتتى كۆڭلۈمگە خۇرۇش، بىر جۇرئە بىلە مۇغبەچەئى بادەنى پۇرۇش.

(ناۋايى)

**جۇرم** (جرم) ئ. گۇنا، ئەيىب، قاباھەتلىك.

**جۇزئ** (جزء) ئ. باشقا، بۆلەك، ئۆزگە، يات.

**جۇزئى** (جزئى) ئ. ئايرىم، بۆلەك، قىسمەن.

**جۇز ئىيات** (جز ئيات) ئ. پارچىلەر، بۆلەكلەر (بىرلىگى "جۇزئى").

**جۇستجۇ** (جستجو) پ. ئىزدىمەك، ئاختۇرماق، قىدىرماق؛ شېئىردا مۇنداق كەلگەن: سىدىقى بىرلە جۇستجۇقىل يارنى ئى نوبىتى، قالمىدى سەبرى تەھەممۇل دىلفىگارىم كەلدىمۇ؟

(نۆبىتى)

**جۇستجوي** (جستجوي) پ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**جۇش** (جوش) پ. قاينىاق، قاينىماق، كۆتۈرۈلمەك، دولقۇن؛ قىزغىنلىق. كۆچ: غەۋغا، غۇلغۇلا، توپىلاڭ؛ جوش باھار — باھار تاشقىنى؛ جۇش ئۇرماق — قاينىماق؛ جۇش سالماق — غەۋغا چىقارماق.

**جوشان** (جوشان) پ. قايناپ تۇرغان، دولقۇنلىنىپ تۇرغان.

**جوشش** (جوشش) پ.قاينىماق، قايناق.

**جۇف** (جوف) ئ. بوشلۇق، قۇرۇق؛ ئىچ، ئىچى؛ قورساق.

**جۇۋ** (جوع) ئ.ئاچلىق: جوئۇل بەقەر — ئاچ، نەپسى تويماس، ئوپقان.

**جوئان** (جوعان) ئ. ئاچ قالغان، ئاچ.

**جۇي** (جوى) پ. ئېرىق: جۇيچە ـ كىچىك ئېرىقلار.

**جوي** (جوى) پ. ئىستىگۈچى، تەلەپكار: دىلجوي — كۆڭۈل ئىستىگۈچى كۆڭۈل سورىغۇچى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: نەچانىم بۇلبۇلى ھەمدىنگغە يۈزمىڭ تىل بىلە گويا، گۈلى سۇنىشۇك تاماشاسىغە بەررى بەھرىدۇرجويا. (زەلىلى)

**جۇيبار** (جويبار) پ. ئېرىقغوللار كۆپ جاي؛ ئېرىق-ئۆستەڭ قىرغاقلىرى.

**جۇيۇش** (جيوش) ئ. ئەسكەرلەر، چېرىكلەر (بىرلىگى "جەيش").

**جۇل** (جل) پ. يوپۇق: جۇل چىمەن — چىمەن يېپىلغان.

**جۇللاب** (جلاب) پ. گۇلاب (گۈل سۈيى بىلەن ھەسەل ياكى شېكەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىغان شەربەت).

**جۇلەيل** (جليل) ئ. ئات يوپۇغى، ئات يېپىنچىسى.

**جۇلۇس** (جلوس) ئ. ئولتۇرۇش، مەجلىس: تەختكە ئولتۇرۇش: يەۋم جۇلۇس — پادىشانىڭ تەختكە ئولتۇرغان كۈنى. شېئىردا مۇنداق

كەلگەن؛ يېتىپ كەلدى نەچچە
خىرەد مەلد ئۈلۈس، كى
شەھىنىڭ بىساتىدا قىلدى
جۇلۇس.
(ئا. نىزارى)

**جۇند** (جند) ئ. ئارمىيە،
قوشۇن؛ شەھەر.

**جۇنۇن** (جنون) ئ. ساراڭ-
لىق؛ يېپىلماق، يوشۇرۇن
بولماق، ئاشىق؛ ئەقلىدىن
ئازماق، مەجنۇنلۇق.

**جۇمھۇر** (جمهور) ئ. ئەل،
خەلق، ئەلكۈن، جامائەت،
توپ، گۇرۇھ؛ ھەممە،
پۈتۈن، بارچە.

**جۇنقار** (جونقار) سول قول،
سول قانات، سول قانات قوشۇن.

**جۇۋال** (جوال) پ. تاغار،
ئاشلىق تاغىرى.

**جۇۋالدوز** (جوال دوز) پ.
تاغار تىككۈچى؛ تۆمۈنە،
جۇۋالدۇرۇز.

**جۇۋانغار** (جوانغار) "جۇنقار"
غا قاراڭ.

# چ

**چابۇك** (چابك) پ. تېز، ئىلدام يۈگۈرۈك؛ چەۋەنداز؛ ئۇيناقى، شوخ: چابۇك ئەندىشە — تېز پىكىر، ئۆتكۈر زېھىن؛ چابۇك دەست — چاققان، ئەپچىل. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: چۇسەفھىگە چەكتىيۇ چابۇك رەقەم، نەقۇلان سەتردە چاپتى قەلەم. (ئا. نىزارى)

**چابۇك پا** (چابك پا) پ. ئايىغى چاققان، تېز، تېز يۈرەر، ئۇچقاندەك.

**چابۇك سەۋار** (چابك سوار) پ. ئاتقا مىنگەن، ئاتلىق، ئاتقا. چاققان مىنگۈچى، چەۋەنداز. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ساۋرور` كۆككە ۋۇجۇدۇم تۇپراغىن دەم ئەيلەبان، ئول كىيىك يەڭلىغ قارە كۆز پەرقىدەك چابۇكسۋار. (تەجەللى)

**چابۇكلۇك** (چابكلوك) چاققانلىق، تېزلىك.

**چابۇن** (چابن) پەردە: چابۇن قىلماق — پەردىلىمەك، توسماق.

**چاپ** (چاپ) پ. باسما، مەتبەئە؛ بېسىلغان سۈرەت.

**چاپ** (چاپ) يالغان، يالغان سۆز، ئويدۇرما؛ بۇلىماق، تالىماق.

**چاپار** (چاپار) خەتچى، خەت سۇنغۇچى، خەۋەرچى، پوچتالىيون: چاپارخانا — پوچتىخانا (قەدىمچە).

**چاپاۋۇل** (چپاول) ھۇجۇم، بېسىپ كىرمەك، تەگمەك؛ بۇلاش، تالاش، بۇلاڭ - تالاڭ.

**چاپخانا** (چاپخانا) پ. باس-
مخانا، مەتبەئە.
**چاپچى** (چاپچى) كىتاپ
باسقۇچى، باسما ئىشچىسى.
**چاپغۇلاش** (چاپغۇلاش)
ئۇرۇش، جەڭ، غوغا، بىر
بىرىنى قىرماق، چاپماق.
**چاپغۇنچى** (چاپغۇنچى) ھۇجۇم-
چى، بېسىپ كىرگۈچى،
بۇلاڭ - تالاڭچى.
**چاپغۇن** (چاپغۇن) بوران،
شۇرغان؛ تالان - تاراج،
توپىلاڭ؛ چاپغۇن سالماق —
توپىلاڭ چىقارماق، تاراج
قىلماق.
**چاپۇ** (چاپو) بۇلماق، تال-
ماق؛ تاجاۋۇز قىلماق.
**چاپۇل** (چاپول) "چاپاۋۇل"
غا ئوخشاش.
**چاتما** (چاتما) كەپە، باراڭ.
**چاتمە** (چاتمە) پ. قونداقلىق
مىلتىق.
**چاچۇل** (چاچول) يۇرت
كىزەر؛ كۆز بويامچى،
ئالدامچى.
**چاھ** (چاھ) پ. قۇدۇق، ئورا،
يەر ئاستى كەمە: چاھى
بابىل — چۆچەكلەردە ئېيتىل-
دىغان ئەپسانىۋى قۇدۇق؛
چاھى زەقەن — كۆلگەندە
يۈزدە ھاسىل بولىدىغان
زىناق.
**چاخان** (چاخان) پ. تەخسە-
كەشلىك، كۆتۈرمىچىلىك؛
كۆز بويىمچىلىق؛ كۆتۈرمە-
چىلىك قىلىدىغان، گۆپپاڭچى-
لىق: چاخانباز — كۆتۈرمىچى،
گۆپپاڭچى: كۆز بويىمچى.
**چادان** (چادان) چايان،
سېرىق ئىشەك.
**چادىر** (چادر) پ. چېدىر.
**چادىرشەب** (چادرشب) پ.
چايشاپ، شالدىرشاپ؛
كىرلىك؛ يالاڭ ئەدىيال
("چادىرشەۋ"مۇ دېيىلىدۇ).
**چاراكى** (چراكه) پ. چۈنكى،
سەۋەبى.
**چارپارە** (چارپاره) پ. يىر-
تىق، پارچىلانغان، تۆت
بۆلەك: چارپارا تون —
يىرتىق تون.
**چارتاق** (چارطق) پ. تۆت

بۇرجەكلىك چېدىر: تۆت گۇمبەز.

**چارچوپ** (چارچوپ) پ. كىشەك، رامكا.

**چارچلىغ** (چارچليغ) خىراجەت.

**چارداي** (چارداى) پ. تۆتلۈك، تۆت قەۋەت.

**چاردەرچار** (چاردرچار) پ. تۆت ئۇستىگە تۆت؛ سەككىز قىرلىق.

**چارسۇ** (چارسو) پ. تۆت بۇرجەكلىك؛ تۆت كوچىنىڭ بىرلەشكەن جايى؛ تۆت كوچا ئاغزى.

**چارقەب** (چارقب) پ. زەرباپ، زەرباب بىلەن تىكىلگەن كەشتە؛ شاھلار كىيىدىغان زەرباب تون.

**چاريەك** (چاريك) پ. تۆتتىن بىر ئۇلۇش، چارەك.

**چارىك** (چاريك) قوشۇن، لەشكەر، ئەسكەر، ئارمىيە.

**چارە پەرداز** (چارەپرداز) پ. چارە قىلغۇچى، ئىلاج قىلغۇچى.

**چارە پەيۋەندە** (چارەپيوند) پ. چارە تاپقۇچى، ئىلاج قىلغۇچى.

**چارەجۇ** (چارەجو) پ. چارە ئىزدىگۇچى، ئىلاج تاپقۇچى.

**چارەخا** (چارەخواە) پ. چارە ئىستىگۇچى.

**چارەرەس** (چارەرس) پ. ئىلاج قىلغۇچى.

**چارەساز** (چارەساز) پ. چارە قىلغۇچى.

**چارەسەنج** (چارەسنج) پ. چارە تاپقۇچى.

**چارەسگال** (چارەسگال) پ. چارە كۆرگۈچى.

**چارە كۇش** (چارەكوش) پ. تىپىشقا كىرىشكۈچى، جان كۆيەر.

**چارەگەر** (چارەگرى) پ. چارە كۆرگۈچى.

**چارە ئەندىش** (چارەانديش) پ. ئويلاپ كۆرۈش؛ چارە-تەدبىر ئىزدەش.

**چارمىخ** (چارميخ) پ. گۇناكارنى ئىككى قول ۋە ئىككى پۇتىنى باغلاپ ئازاپلاش

ئۇچۇن تۈت تەرەپكە
قىقىلغان مىخ؛ كۆچ: تۈت
ئۇنسۇر.

**چارۇق** (چاروق) چورۇق.

**چاشت** (چاشت) پ. چۇش
ۋاقتى.

**چاشتگاھ** (چاشتكاه) پ.
چۇشكە يېقىن قالغان ۋاقىت.
چۇش پەيتى: چاشتلىق —
چۇشلۇك تاماق.

**چاشنى** (چاشنى) پ. مەزە،
تەم، تېتىق؛ بەھرە؛ تېتىماق،
مەززىسىنى تېتىپ كۆرمەك:
چاشنىلىق — مەززىلىك .
تاتلىق؛ شېرىن.

**چاغىر** (چاغير) پ. مەي، ئىچ-
كۈلۈك، شاراپ: چاغىرلاي —
مەينىڭ ئاستىدا قالغان دۇغى.

**چاقساپۇت** (چاقساپوت)
12 ـ ئاي (دىخانلارنىڭ يىل
ھېساۋى بويىچە).

**چاقى** (چاقى) پ. ساغلام،
سېمىز؛ تولۇق.

**چاقىر** (چاقير) پ. "چاغىر"غا
قاراڭ.

**چاقىر قانات** (چاقيرقنات)
ئۆدەك بالىسىنىڭ ئالا ـ بۇلا
قانات چىقارغان دەۋرى.

**چاك** (چاك) پ. يىرتىق،
يېرىق، دەز، يوچۇق؛
تىلىنغان.

**چاك ـ چاك** ( چاك چاك ) پ.
تىلىم ـ تىلىم.

**چاكەر** (چاكر) . چاكار،
خىزمەتچى، يۇگۈر ـ يېتىمچى،
قۇل.

**چاڭ چاغانە** (چانگ چغانه)
ساز ۋە ناز ئويۇنى.

**چال** (چال) پ. خەندەك،
ئورا: چالاب — سۇ ئورىگى.

**چالاك** (چالاك) پ. تېتىك،
ئىلدام، چاققان؛ كىلىشكەن.

**چالىغ** (چاليغ) پ. يۇگۈرۈك،
تېز، ئۆتكۈر.

**چالماق** (چالماق) باغلىماق؛
تاقىماق؛ ئۇرماق؛ كەسمەك،
ئۈزمەك، چاپماق: بەلگەكەمەر
چالماق؛ چالغۇ چالماق؛ چالىپ
ئۆلتۈرمەك.

**چام** (چام) مۆلچەر، قىياس؛
ئىمكانىيەت، كۈچ، ماجال؛
چامدام، قەدەم.

**چاۋ** (چاو) شۆھرەت، نام، ئاتاق. ئابروي: چاۋاگىنى چىقا يايما — نامىنى بۇلغىما، ئابرويۇڭنى تۆكمە.

**چاۋلك** (چاويك) شۆھرەت ئىگىسى.

**چاۋىق** (چاوىق) تېز.

**چاۋۇش** (چاوش) پ. ھۇدەيچى (ئەرز ئېيتقۇچىلارنى شاھقا مەلۇم قىلغۇچى ئەمەلدار).

**چەپ** (چپ) پ. سول، تەتۈر، تەسكىرى، ئەكسى، كاج؛ چەپ قول — سول قول؛ چەپ بايان — تەتۈر بايان.

**چەتر** (چتر) پ. چېدىر. كۆچ: چەتر ئىقبال — بەخت، تەلەي.

**چەپاۋۇل** (چپاول) "چاپاۋول"غا قاراڭ.

**چەپان** (چپان) پ. كونا ۋە يىرتىق كىيىم.

**چەپانى** (چپانى) پ. كىيىملىرى جۇل-جۇل؛ كەمبەغەل، نامرات.

**چەپەر** (چپر) پ. قاشا، شادا، چىتلاق، توسۇق: "چاپار"غا ئوخشاش.

**چەپروى** (چەپروى) پ. سولچىل.

**چەپدەست** (چەبدست) پ. سولغاي.

**چەھار** (چھار) پ. تۆت: چەھاريار — تۆت يولداش.

**چەھرە** (چھرە) پ. يۈز؛ تۇش؛ سۇرەت.

**چەھەرپا** (چھارپا) پ. تۆت ئاياقلىق مال.

**چەھەرپايە** (چھارپايە) پ. ئورۇندۇق.

**چەرا** (چرا) پ. ئوتلىماق؛ ئوتلاق.

**چەراغ** (چراغ) پ. چىراق، شام؛ بەخت، تەلەي. كۆچ: بالا، پەرزەنت.

**چەراغان** (چراغان) پ. رەڭگارەڭ نۇر، يالتىراق، پارلاق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: زەلىلى تەلبەگە ئالەم قاراڭغۇ بولسا غەم يەرمۇ، چەراغان ئەيلەدى ئالەمنى گويا داغى ھىجرانىم.

(زەلىلى)

**چەراگاھ** (چراگاھ) پ. يايلاق.

ئوتلاق.

**چەرخ** (چرخ) پ. چاق، ئاي-لانغۇچى؛ چەمبىرەك، دۆگ-لەك؛ ئاسمان، پەلەك، كۆك؛ كۆچ: دەۋر، زامان؛ تەقدىر. تەلەي: چەرخ آب — سۇ چاقى، سۇ تۈگمىنى.

**چەرخاب** (چرخاب) پ. قاينام، گۆم؛ سۇ تۈگمىنى.

**چەرخ زەن** (چرغزن) پ. ئۇسسۇلچى، ئۇسسۇل ئوينى-غۇچى.

**چەررەندە** (چرەندە) پ. ئوتلىغۇچى ھايۋانلار.

**چەرم** (چرم) پ. چەم، كالا تېرىسىدىن ئىشلەنگەن قېلىن رەخت. چەرم دان — پۇل سالىدىغان سومكا؛ چەرم ساز — تېرىچى، كۆنچى.

**چەسبان** (چسبان) پ. يېپىـ-شىپ تۇرغان.

**چەش** (چش) پ. سۆز بىرىك-مىسىدە قىلغۇچى مەنىسىدە كېلىدۇ: رىياچەش — رىياكار، رىيا قىلغۇچى؛ تازىلانغان بۇغداي؛ لايلىرى ئادالانغان قوم.

**چەشم** (چشم) پ. كۆز؛ بۇلاق؛ چەشم زەخمى — كۆز تىكىش؛ چەشم دەرد — كۆز ئاغرىغى؛ چەشم خانە — كۆز چانىغى، چاناق؛ چەشم بەند — كۆز باغلىغۇچى.

**چەشن** (چشن) پ. تەنتەنىلىك يىغىلىش، بەزم؛ چەشن تۈزمەك — بەزم قۇرماق.

**چەغانە** (چغانە) پ. ساپايى (سەپايىل).

**چەغداوول** (چغداول) قوشۇن بىلەن بىرگە چېكىنگەن پۇقرا؛ ئارقا مۇھاپىزەتچى.

**چەكمە** (چكمە) پ. ئۆتۈك؛ چەكمەدوز — ئۆتۈكچى، موز-دۇز.

**چەمەن** (چمن) پ. ئۆيلەك، ئوتلۇق؛ گۈللۈك، چىمەن.

**چەمەنزار** (چەمەنزار) پ. يايلاق، ئوتلاق؛ گۈلزارلىق، چىمەنزار.

**چەناق** (چناق) ئۈزەڭگىنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئورنىتىلغان نەرسە؛ تۈگمەن چانىغى.

**چەنبەر** (چنبر) پ. چەمبەر، دۈگىلەك، ھالقا، ئىگىرىك، گەردىش.

**چەند** (چند) پ. نەچچە، بىر ئاز.

**چەندان** (چندان) پ. شۇنداق، ئالاھىدە، ھەسسە، كۆپ خىل.

**چەنداۋول** (چنداول) "چەغداۋول"غا قاراڭ.

**چەنگال** (چنگال) پ. چاڭگال، ئىلمەك، ئارا.

**چىبىن** (چبن) چىۋىن، قارا پاشا.

**چىپان** (چپان) چىپقان.

**چىھرە** (چهره) پ. يۈز، چىراي، بەت، ئەفت.

**چىرغاناق** (چرغناق) شات ئۆمۈر كەچۈرمەك، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلمەك.

**چىرك** (چرك) پ. پاسكىنا، بۇلغانغان؛ يىرىڭ.

**چىركىن** (چركين) پ. پاسكىنا، قاسماق؛ سەت.

**چىرە** (چره) چاقچان، جاسارەتلىك، غالىپ.

**چىرمانماغ** (چرمانماغ) ئۇرالماق، چىرمالماق.

**چىز** (چز) نەرسە.

**چىغ** (چغ) داد پەريات، چاقىرىق، سادا. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: چىنى تۈركىستان زەمىنىڭ خەلقىغە چىغىم كېلۇر، شەھرى ماچىندىن ئۆتۈپ تەۋفى ئىمامان ئەيلەمەس.

(زەلىلى)

**چىغاي** (چغاي) پېقىر، يوقسۇل، كەمبەغەل، نامرات: چىغايلىق — يوقسۇللۇق، كەمبەغەللىك.

**چىغرى** (چغرى) ئالەم، ئاسمان جىسىملىرى.

**چىلتەن** (چلتن) پ. قىرىق، قىرىق ئەۋلىيا (سوپىلىق قارىشىدا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قىرىق تەن بار دەپ سۆزلىنىدۇ).

**چىللە**[1] (چله) پ. دەرۋىشلەرنىڭ قىرىق كۈنگىچە تاشقىرىغا چىقماي ئىبادەت قىلىشلىرى: چىللە ئولتۇرماق — ئىبادەت ئۈچۈن بىر جايدا

قىرىق كۈن ئۇلتۇرماق: قىش
ۋە ياز كۈنلىرىنىڭ قاق ئوتتۇ-
تۇرىسىدىكى قىرىق كۈن.
**چىللە**² (چله) پ. ئوقيانىڭ
يىپى.
**چىللە پۇرۇش** (چلەفروش) پ.
كامان يىپىنى ساتقۇچى.
**چىللەۋار** (چلەوار) پ. "چىل-
لە"گە (ئوقيانىڭ يىپىگە)
ئوخشاش.
**چىن**¹ (چين) پ. سۆز بىرىكمە-
سىدە تېرىنغۇچى مەنىسىدە
كېلىدۇ: خۇشەچىن — باشاق
تېرىنغۇچى.
**چىن**² (چين) پ. پۇرۇم:
بۇجغۇر
**چىن چىن** (چين چين) تال-
تال، قات-قات. پۇرۇم-
پۇرۇم: بۇجغۇر-بۇجغۇر.
**چىنار** (چنار) پ. بەك ئىگىز
ئۆسىدىغان يىمىشسىز دەرەخ.
**چىنان** (چنان) پ. ئوخشاش،
بۇنداق: چىنانچە، ئانداق،
شۇنداق، مەسلەن.
**چىنبارلىق** (چينبارلق) رىيال-
لىق، رىياللىزىم، ئەمىلىيەت.

**چىنتاش** (چىنتاش) ئىسىل
تاش، ئۈنچە-مەرۋايىت.
**چىنچىل** (چنچل) راستچىل.
ھەققەتپەرۋەر.
**چىندان** (چندان) پ. قاتتىق
ياغاچلىق بىر خىل دەرەخ.
سەندەل.
**چىنگداۋۇل** (چنكداول)
قوشۇن ئارقىسىدىن يۈرىدى-
غان ساقچى ئەترەت ("چەن-
داۋول"غا ئوخشاش)
**چۇ** (چو) پ. كەبى، ئوخ-
شاش، چۈنكى، قاچانكى.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
چۇ دەريا رەۋشەن ئۇلدى
خاتىرىم سەير جەھان ئەت-
كەچ، ھەياتى خىزر تاپتىم قەتئى
مەنزىل تەرك جان ئەتكەچ.
(زەلىلى)
**چۆب** (چوب) پ. دەرەخ،
ئورما.ھ: چوبىن — تاياق،
ياغاچ.
**چۆبدار** (چوبدار) پ. تاياق-
توقماق كۆتۈرگۈچى.
**چۇبۇك** (چبوك) چۆنق.
**چۇبۇيان** (چوبويان) پ.

لەززەتلىك.

**چوپان** (چوپان) پادىچى، يىلقىچى.

**چۆركە** (چوركە) ئۆردەكنىڭ بىر تۈرى.

**چۆزۈك** (چوزوك) كىرەكسىز.

**چۇس خۇر** (چوس خور) پ. ئاچكۆز، تويماس.

**چۇس نەفەس** (چوس نفس) پ. قۇرۇق سۆز، كاسكاس. بەش ئىغىز، ۋالاقتەككۈز.

**چۇست** (چست) پ. چاققان، تېز؛ تەييار؛ مەككەم.

**چۇستجو** (چوست جو) پ. ئىزدىمەك.

**چۇغى** (چوغى) ماجرا، ئۇقۇش-ماسلىق، ئىختىلاپ.

**چۇغز** (چغز) بايقۇش، ھۇقۇش.

**چۇغىن - چامىن** (جوغن جامن) سۇر - ھەيۋەت بىلەن: ئۇلۇغ چوغىن - چامىن بالىقتىن ئۇنۇپ — زور ھەيۋەت بىلەن شەھەردىن چىقىپ.

**چوغۇل** (چغول) چىقىمچى، غەيۋەتچى، ئىغۋاگەر.

**چوق** (چوق) تولا، كۆپ.

**چۇفغا** (چۇفغا) باشلامچى.

**چۇن** (چون) پ. چۇنكى (قىسقارتىلما سۆز).

**چۇنان** (چنان) پ. بانا، سەۋەپ، نىمىشقا؟

**چۇن چىرا** (چون چرا) پ. نىمە ئۈچۈن، نىمىشقا.

**چۇن چەرە** (چون چره) پ. ئۇچۇق، ئىنىق، يوشۇرماستىن. ئۇيىقۇ؛ چۇش، ئوي، خام خىيال.

# خ

**خاب** (خواب) پ. ئۇيقۇ؛ چۈش؛ ئوي، خام خىيال سەزمەسلىك: خاب غەپلەت — غەپلەت ئۇيقۇسى؛ شەكەر خاب — شىرىن ئۇيقۇ؛ گەران خاب — قاتتىق ئۇيقۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ياردىن ئايرىلغالى شەيدا كۆڭۈل بى خاب كۆز، ھەر زامان زاھىر قىلۇر سەۋدا كۆڭۈل خۇناب كۆز.

(ناۋايى)

**خاب ئالۇد** (خواب آلود) پ. ئۇيقۇ ئارىلاش، ئۇيقۇ باسقان، ئۇيقۇسىرىغان.

**خاب جامە** (خواب جامە) پ. ئۇيقۇ كىيىمى.

**خاب خەرگوشى** (خواب خرگوشى) پ. بىلمەسلىككە سالماق، خۇپسەنلىك قىلماق؛ پەرۋاسىزلىق، ئېرەنسىزلىك قىلماق.

**خاب خانە** (خواب خانە) پ. "خابگاھ"غا قاراڭ.

**خابگاھ** (خواب گاە) پ. ئۇخلاش ئورنى، ياتاق.

**خابگە** (خوابگە) پ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**خابى ئەدەم** (خاب عدم) ئەپ. يوقلۇق (دۇنياسىنىڭ ئۇيقۇسى.

**خاتىب** (خاطب) ئە. سۆزلەشكۈچى، سۆزلىگۈچى؛ ئەرز قىلغۇچى، ئىلتىماس قىلغۇچى؛ تۇرمۇش قۇرۇشنى تەلەپ قىلغۇچى.

**خاتىر** (خاطر) ئە. كۆڭۈل، ئوي، ئەس، خىيال؛ روھ، ئىرادە؛ پىكىر؛ كەيپىيات؛ كۆڭۈلدە بىرنەرسىنى ساق-

لىماق، ئەسلىمەك؛ (كۆپلۈگى "خەۋاتىر")؛ پەرىشان خاتىر — ئىسى ئۆزىدە ئەمەس، جايىدا ئەمەس؛ ئىرەنسىزلىك؛ يورۇق خاتىر — ئۇچۇق پىكىر، ئۇچۇق كۆڭۈل؛

**خاتىرات** (خاطرات) ئ. "خاتىر"نىڭ كۆپلۈگى.

**خاتىر ئازار** (خاطر آزار) كۆڭۈلنى ئاغرىتىماق؛ ئالدىغۇچى.

**خاتىر بەست** (خاطربست) ئپ. كۆڭلىنى باغلىغان، بىرىلگەن؛ بىرىلمەك.

**خاتىرخاھ** (خاطر خواه) ئپ. يار، سۆيۈملۈگى؛ سۆيگەن، ياخشى كۆرگەن، كۆڭلى چۈشكەن، كۆڭلىگە ياققان، رازى بولغان.

**خاتىرپەزىر** (خاطرپزىر) ئ. يېقىملىق، كۆڭلىگە ياققان.

**خاتىر دارى** (خاطر دارى) ئپ. قوللىماق؛ قوشۇلماق، ماقۇل بولماق.

**خاتىرشناس** (خاطرشناس) ئپ. ئىسىدە ساقلىغۇچى، كىشى كۆڭلىنى تاپقۇچى.

**خاتىره** (خاطره) ئ. "خاتىرات"قا قاراڭ.

**خاتىرى مەھزۇن** (خاطرمحزون) ئپ. كۆڭلى قايغۇلۇق.

**خاتىرمەند** (خاطرمند) ئپ. كۆڭلى قالغان، ئاغرىنغان.

**خاتىرنىشان** (خاطرنشان) ئپ. ئەسلەتمەك، ئەسكەرتمەك، ئەسكە سالماق؛ ئەستە ساقلىماق.

**خاتىرنەۋاز** (خاطر نواز) ئپ. خوش قىلىدىغان، جەلب قىلارلىق؛ مۇلايىم، مېھرىبان.

**خاتىف** (خاطف) ئ. تېز، چاپسان؛ قاماشتۇرىدىغان، چاقنىتىدىغان؛ چاقماق، چېقىن؛ بەرقى خاتىف — كۆز قاماشتۇرغۇچى چاقماق.

**خاتىمه** (خاتمه) ئ. سوڭ، ئاخىر، ئاياق، تۈگەللىمە؛ يەكۈن، ئاخىرقى سۆز.

**خاتەم** (خاتم) ئ. تامغا، تامغىلىق ئۈزۈك، مۆھۈر؛

ئۈزۈكنىڭ كۆزى؛ سوگىي.
ئاخىرقى، تۈگەنچى؛
خاتەمكار،خاتەمساز — نەقش
سالغۇچى (ئىشچى)؛ خاتەمى
لەئل — ياقۇت كۆزلۈك
ئۈزۈك، كۆچ:ئېغىز، چىرايلىق
ئېغىز.
**خاتۇن** (خاتون) ئ. خانىم،
خېنىم، ئاپپاي، ئاپپاق؛
خوجايىن خوتۇن. ئوخ:خاتون
جەھان — قۇياش؛ دۇخا-
تۇن — قۇياش ۋە ئاي؛ كۆز.
**خاچ** (خاچ) پ. كىرىست،
خىرىستىيانلارنىڭ قوشۇش
بەلگىسىدەك قىلىپ ياسىغان
بەلگىسى.
**خاچ پەرەست** (خاج پرست)
پ. خىرىستىيان، خىرىستىيان
مۇرىتى.
**خاجە** (خواجە) پ. خوجا،
غوجا، بەگ، تۆرە، ئەپەندى؛
باي؛ خوجايىن، ئىگە؛ ئوقۇت-
قۇچى، ئۇستاز؛ بوۋاي؛
ھەرەم ئاغىسى (كۆپلۈگى
"خواجگان")؛ خاجەۋار —
خوجىلاردەك، خوجايىنلاردەك.

**خاجەسەرا** (خواجەسرا) پ.
ھەرەم ئاغىسى.
**خاج** (خاچ) پ. "خاج"غا
قاراڭ.
**خاخام** (خاخام) پ. پوپ.
**خاھ** (خواه) پ. سۆز ياسى-
غۇچى ئارقا قوشۇمچە بولۇپ،
تىلىمەك، ئىستىمەك، خالىماق،
ئارزۇ قىلماق مەنىلىرىدە
كېلىدۇ: ناخاھ — تىلەر-
تىلىمەس، خالار-خالىماس؛
باغلىغۇچى سۆز بولۇپ، ياكى،
مەيلى، يەنىلا، قانداق بول-
مسۇن مەنىلىرىدە كېلىدۇ:
خاھ مەخاھ — خالىسۇن ياكى
خالىمىسۇن.
**خاھان** (خواھان) پ. تىلىگەن،
خالىغان، تەلەپ قىلغان،
ئۆتۈنگەن.
**خاھىش** (خواھش) پ. تەلەپ،
تىلەك، ئىستەك، ئارزۇ.
**خاھىشمەند** (خواھشمند) پ.
ئۈمىت قىلغۇچى، ئارزۇ
قىلغۇچى، تىلىگۈچى.
**خاھەر** (خواھر) پ. ئىگىچە-
سىڭىل.

**خاھەندە** (خـواھـنـدە) پ.
تەلەپ قىلغۇچى، ئۆتۈنۈش
قىلغۇچى.
**خادىئ** (خادع) ئ. ئالدىغان؛
ئالدامچى، ئىككى يۈزلىمچى،
**خادىم** (خـادم) ئ. خىزمەت-
كـار، مۇلازىـم، يالـلانـما،
يالـچـى؛ ھەرەم ئاغـىـسى؛
خىزمەت قىلىدىغان.
**خادىمە** (خـادمە) ئ. خىز-
مەتكار خوتۇن ۋە قىز.
**خادە** (خـادە) پ. ئـۇزۇن
ياغـاچ، خـادا؛ موماياغـاچ؛
قىپىق پالىغى.
**خار**[1] (خوار، خور) ئ. قەدىر-
سىز، ئېتىبارسىز.
**خار**[2] (خـوار، خور) ئ. سـۆز
ياسـىغۇچـى ئارقا قوشۇمـچە
بولۇپ، يىگۈچى، ئىچكۈچـى
مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: ھارام-
خار ــ ھـارام يـىـگـۈچـى،
قەدەھخار ــ مەي ئىچكۈچى.
**خار** (خار) پ. تىكەن؛ ئۈچ:
خارى ئەزاب ــ ئازاپلىغۇچى
تىكەن. كۆچ: قىيناق.
**خارا** (خارا) قىممەت باھالىق
بىر خىل يىپەك توقۇلما.
**خارا** (خارا، خارە) پ. قاتتىق
تاش، گـىـرانـىـت: خـارا
تـەراش ــ تاشچـى، تـاش
كېسەر، تاشتاراچ.
**خارا شىگاف** (خاراشگاف) پ.
تاش تەشكۈچى، قازغۇچـى.
كۆچ: ئات تۇۋىقى.
**خارافىگەن** (خارافگن) پ.
تاش قازغۇچى؛ تاش ئاتقۇچى.
**خاراكەن** (خاراكن) پ. تاش
قازغۇچى.
**خارا كۇب** (خـارا كوب) پ.
تاش يونۇغۇچـى: خـاراكۇب
قىلماق ــ تاش يەنـچـمەك.
**خار بار** (خاربار) پ. تىكەن-
لىك، تىكەنزارلىق.
**خارخار** (خارخار) پ. قوپال
سۆزلۈك، قوپال تىكىنى بار؛
تاتـلـىـماق؛ سـۈركـمەك؛
قىتشىق.
**خاردار** (خـاردار) پ. تىكەن-
لىك، تىكىنى كۆپ، تـىـكىنى
بار.
**خاركەش** (خـاركـش) پ.
ياتتاق، تىكەن، ئوت-خەشەك-

لەرنى تېرىپ ساتقۇچى.

**خارستان** (خارستان) پ. تىكەنلىك، تىكەنزار.

**خارئەفشان** (خارافشان) پ. تىكەنلىك، تىكەنزار. كۆچ: قوپال سۆزلۈك.

**خارە** (خارە) پ. "خارا"غا قاراڭ.

**خارەبۇر** (خارەبر) پ. تاش كەسكۈچى، تاش ئويغۇچى.

**خارەپەرداز** (خارەپرداز) پ. تاشنى تاراشلاپ پەدەزلىگۈچى.

**خارەپەيماي** (خارەپيماى) پ. تاغ-تاشلارنى كەزگۈچى.

**خارەرىز** (خارەريز) پ. تاش ئۇۋاتقۇچى.

**خارە ئەنداز** (خارەانداز) پ. تاش قوپۇرغۇچى: تاش ئاتقۇچى.

**خارە كاۋ** (خارەكاو) پ. تاش كولىغۇچى، تاش قازغۇچى.

**خارىج** (خارج) ئ. تاشقى، تاشقىرىدىكى، دۆلەت سىرتىدىكى:...دىن تاشقىرى؛ غەلىتە، يوچۇن؛ تاش، سىرت، تاشقى دۇنيا، دۆلەت سىرتى. خارىجە ــ تاشقى، تاشقىرىدىكى، چەتئەلنىڭكى، چەتئەلدىكى: چەتئەل، باشقا دۆلەت: خارىج دەم ــ يامان سۆزلۈك؛ خارىج ئەندىشە ــ ئەندىشىسىز: ھېساپتىن خارىج ــ ھېساپنىڭ سىرتىدا؛ خارىج ئەيلەمەك ــ چىقارماق: خارىجىندە ــ تېشىدا.

**خارىجى** ( خارجى ) ئ. تاشقى، تاشقىرىدىكى: چەتئەلدىكى: چەتئەللىك، يات ئەللىك؛ يات ئادەم: يات دىنلىق.

**خارىجىيە** (خارجيه) ئ. چەتئەلدىكى، تاشقىرىدىكى.

**خارىق** (خارق) ئ. بۇزغۇچى، يارغۇچى، يىرتقۇچى. خارىقى ئادەت ــ ئادەتنى بۇزغۇچى، ئادەتتىن تاشقىرى.

**خازىن** ( خازن ) ئ. خەزىنىچى، خەزىنىگە قارىغۇچى؛ قورۇقچى، ساقچى، پاسبان.

**خاس** (خاص) ئ. بىرگىنە

نەرسىگە ياكى بىرگىنە ئىشقا تېگىشلىك، مەخسۇس؛ ئەڭ يېقىن؛ يۇقۇرى تەبىقە؛ خاس ئولماق — يېقىن بولماق، يېقىنلاشماق؛ خاس ئەتمەك — لايىق كۆرمەك، بەلگىلىمەك؛ خاس ۋە ئام — ئايرىم تەبىقە ۋە ئاممە.

**خاست** (خواست) پ. خاھىش، ئىستەك، تىلەك؛ سوراش، تەلەپ.

**خاستگاھ** (خاستگاه) پ. باشلام، باشلىنىش جايى، كېلىپ چىقىش مەنبەئى.

**خاسە** (خاصە) ئ. بىر نەرسىنىڭ ياكى كىشىنىڭ ئۆزىدىلا تېپىلىدىغان ھال؛ ئادەمنىڭ خاسەسى سۆزلەمەكتۇر.

**خاسىر** (خاسر) ئ. زىيان كۆرگۈچى، زەرەر كۆرگەن، يېڭىلگەن.

**خاسىيەت** (خاصيت) ئ. ئۆزىگە تېگىشلىك ھال، سۈپەت، خۇسۇسىيەت، ئۆزگىچىلىك، ئالاھىدىلىك؛ تەسىر، ئۇنۇم؛ خاسىيەت بەرمەك — ئۇنۇم بەرمەك.

**خاشە** (خاشە) پ. ئەخلەت، چۆپچۆرەندە، خەشەك؛ خاشاك ئەتمەك — چۆپچۆرەندىگە ئايلاندۇرماق، قۇرۇتماق؛ خاشەكى خاۋاتىر — بىھۇدە خىياللار، ئۇششاق-چۈششەك خىياللار.

**خاشاك رۇب** (خاشاك روب) پ. خەس-خەشەك سۈپۈرگۈچى.

**خاك** (خاك) پ. توپا، تۇپراق؛ توزاڭ؛ تېررىتورىيە، دۆلەت تۇپرىغى؛ يەر يۈزى. بۇ سۆز كۆچمە مەنىدە مۇنداق قوللىنىلىدۇ: خاك ئەتمەك — ئۆلتۈرمەك؛ خاك بولماق — ئۆزىنى پەس تۇتماق؛ خاكى سىياھ ئەيلىمەك — پۇلنى قارا تۇپراقتەك سورىماق، ئورۇنسىز چېچىپ خەجلىمەك.

**خاك ئالۇد** (خاك آلود) پ. چاڭ-توزاڭ باسقان؛ بۇلغانغان.

**خاك بار** . (خاك باد) پ. چاڭ

كۆتىرىلمەك، سىرىق توپا ياغماق.

**خاكبۇس** (خاكبوس) پ. تۇپراقنى ئۆپمەك. كۆچ: قۇللۇق قىلماق، ھۆرمەتلىمەك. بويسۇنماق، ئىتائەت قىلماق. خىزمەتكە تەييار تۇرماق: زىيارەت قىلماق. خاكبۇس ئولماق — خىزمەتكە تەييار تۇرماق، زىيارەتكە كەلمەك. بويسۇنماق.

**خاك پاي** (خاك ياى) پ. باسقان ئىز: ئاياق ئاستى توپىسى: ئاددى خەلق، قارا خەلق: كەمبەغەل.

**خاك تۇدە** (خاك توده) پ. توپا دۆڭ، تۆپە، تۆپىلىك.

**خاكدان** (خاكدان) پ. ئەخلەت ساندۇقى، ئەخلەت: خارابە، بۇزۇندا؛ ئوخ: دۇنيا، ئالەم: تىرە خاكدان — يەر يۈزى.

**خاكرىز** (خاكريز) پ. قاش، كۆتەمە: خەندەك.

**خاك رەڭ** (خاك رنگ) پ. توپارەڭ.

**خاكرۇب** ( خاكروب ) پ. سۈپۈرمەك: يەر سۈپۈرگۈچى.

**خاكزاد** (خاكزاد) پ. توپىدىن تۆرەلگەن: ئادەم، ئىنسانىيەت، ئىنسان.

**خاكسار** (خاكسار) پ. توپا بىلەن تەڭ. چاڭ-توزاڭ بېسىپ كەتكەن نەرسە ياكى كىشى. توپىغا بۇلغانغۇچى. كۆچ: تۆۋەن، پەس، خار، ئەرزىمەس: خاكسار ئەيلىمەك — ئاياق ئاستى قىلماق، يەنچىمەك: خاكسارلىق — تۆۋەنلىك، كەمتەرلىك: توپىدا ياتقان.

**خاكسۇد** (خاك سود) پ. توپىغا بۇلغانغان: يۈزنى خاكسۇد ئەيلىمەك — يۈزنى توپىغا سۈرتمەك، تازىم قىلماق؛ قەدەم خاكسۇد قىلماق — يۈرمەك، يۈرۈش قىلماق.

**خاكى** (خاكى) پ. توپىدىن بولغان، توپىغا مۇناسىپ: توپارەڭ، كۈلرەڭ: چاڭ-توزاڭلىق، پاسكىنا: كەمتەر:

يىرگىنىشلىك، پەس. خاكى
نىهاد — ئەسلى تۇپراقتىن
بولغان (كۆپلۈكى "خاكيان").
**خاكى راھ** (خاك راه، خاك
ره) پ. يول توپىسى؛ ئۆزىنى
تۆۋەن تۇتقۇچى، كەمتەر:
خاكى رەھ بولماق — ئۆزىنى
تۆۋەن، كەمتەر تۇتماق:
خاكى رەھلىك — خىزمەت-
كارلىق، قۇللۇق.
**خاكىستەر** (خاكستر) پ.
كۈل: خاكىستەرى —
كۈلرەڭ.
**خاكى ۋەش** (خاك وش)
پ. تۆۋەن، كەمتەر؛ توپىدەك.
**خاي، خا** (خاى، خا) پ.
سۆز ياسىغۇچى ئارقا قوشۇم-
چە بولۇپ، چاينىغۇچى، تىش-
لىگۈچى مەنىسىدە كېلىدۇ:
ئەنگۈشت خاي — بارماق
تىشلىگۈچى.
**خايە** (خايە) پ. تۇخۇم،
ئۇرۇق؛ تاشاق.
**خايىف** (خايف). ئ. قورققۇچى،
قورققاق.
**خال** (خال) ئ. تەندىكى
قارا چېكىم، مەڭ: خال-
خەت — مەڭ.
**خالدار** (خالدار) ئپ. مەڭ-
لىك، مېڭى بار، چېكىم-
چېكىم.
**خالى** (خالى) ئ. بوش،
ئەركىن، ئىچىدە ھېچنەرسە
بولمىغان.
**خالە** (خالە) ئ. كىچىك ئانا
ياكى چوڭ ئانا، ئانا بىلەن
بىر تۇققان قېرىنداش، ئانى-
نىڭ سىڭلىسى ياكى ئاچىسى:
خالەزادە — خالەنىڭ بالىسى.
**خالىد** (خالد) ئ. ھەمىشە
بولغۇچى، مەڭگۈ بولغۇچى،
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچى.
ئەبۇخالىد — ھەمىشە بولغۇ-
چىنىڭ دادىسى.
**خالىس** (خالص) ئ. ساپ،
تازا؛ ھەقىقى، چىن.
**خالىق** (خەلق) ئ. ياراتقۇچى،
بار قىلغۇچى؛ خۇدا، ئاللاھ
(كۆپلۈكى "خالقين"):
خالىقىيەت — ياراتقۇچىلىق.
**خالىقى** (خالق) ئ. كېرەكسىز،
قىممىتى يوق؛ ئەخمىقانە،

دۆت؛ غەيرى، نورماللسىز.

**خام** (خام) پ. خام، پىشمە-
غان؛ تەبئى؛ تەجرىبىسىز؛
سالما؛ قەلەم؛ كۆك قومۇش؛
خام خىيال — قىلىقسىز، بول-
مىغۇر؛ ئەتراپلىق ئويلانمە-
غان؛ قۇرۇق خىيال؛ خام
پەخت — چالا پىشقان؛ خام
دەست — چىنىقمىغان، پىشمە-
غان؛ يېڭىباچە. خام راي —
ئاقىلانە بولمىغان، پىششىق
ئويلانمىغان؛ باللارچە؛
خام سەر — دۆت، قاپاقباش،
ئەخمەقلەرچە؛ خام سۆز —
خام تىرە؛ چالا پىشقان؛
خام تەبئ — دۆت، ئەخمەق؛
خام تەمەئ — ئاچكۆز، خام
خىيال؛ خام ئەندىش —
خام خىيالچى.

**خامباجى** (خامباجى) پ.
ئىگىنچە ـ سىڭىل.

**خام رىش** (خام ريش) پ.
تەجرىبىسىز، قولىدىن ئىش
كەلمەيدىغان، بىچقىم.

**خام كارى** (خام كارى) پ.
كالىتا پىكىرلىك، ئىش
كۆرمىگەن، دۆتلۈك، دۆت،
قولىدىن ئىش كەلمەسلىك؛
دەسلەپكى پىششىقلىما.

**خامە** (خامه) پ. قەلەم؛ خامە
ئۇرماق — يازماق؛ خامە
چەكمەك — قەلەم يۈرگۈزمەك،
يازماق؛ خامەدان — قەلەم-
دان.

**خامەران** (خامەران) پ. ياز-
غۇچى؛ خامەرانى — يازماق،
كىتاب يازماق.

**خامىس** (خامس) ئ. بەشىنچى.

**خامۇت** (خاموت) پ. بوغا
(ئاتنىڭ)؛ ھارۋىغا قوشۇلغان
ئات.

**خامۇش** (خاموش) پ. شۈك،
جىم، ئۈندىمەس؛ ئۈچكەن؛
ئاچرەڭ (رەڭگە قارىتىلىدۇ)؛
خامۇش ئەيلىمەك — جىم
قىلماق؛ ۋادى خامۇشان —
قەبرىستانلىق.

**خان**[1] (خوان) پ. پېپىل
ئۈزىگى، سۆز ياسىغۇچى
ئارقا قوشۇمچە بولۇپ، ئوقۇ-
غۇچى دىگەن مەننى بىلدۈ-
رۇپ كېلىدۇ؛ دۇئاخان —

دۇئا ئوقۇغۇچى؛ دەرسخان —
دەرس ئوقۇغۇچى؛ تەئزىيە-
خان — تەزىيە ئوقۇغۇچى.

**خان²** (خوان) پ. داستىخان،
تاماق شىرەسى: خان ئاچ-
ماق — داستىخان ياىماق؛
خان تارتماق — داستىخان
يېيىپ، ئاش تارتماق، زىيا-
پەت بەرمەك. خان پايە —
داستىخان.

**خان** (خان) پ. ساراي، مېھمان-
خانا؛ دۇكان؛ ئۇۋا.

**خانا** (خوانا) پ. ئوچۇق،
روشەن، ئېنىق، ئوقۇلۇشى
ئاسان.

**خانبالىغ** (خانبالغ) يۈەن
سۇلالىسى دەۋرىدىكى بېي-
جىڭنىڭ ئاتىلىشى، پايتەخت؛
قەدىمقى جۇڭگونىڭ بىر خىل
سۇپەتلىك قەغىزى.

**خانچە** (خانچه) پ. دۇكانچاق
(كىچىك دۇكان)؛ تەخسە،
تاۋاق.

**خان خانى** (خان خانى) پ.
فېئودال ھۆكۈمرانلىق؛
فېئوداللىق؛ ھۆكۈمەتسىزلىك.

باشباشتاقلىق.

**خاندە** (خوانده) پ. ئوقۇپ
بولۇنغان، ئېيتىپ بولۇنغان
(ناخشا).

**خان سالار** (خوان سالار) پ.
داستىخانچى. پادىشاھوزۇرىدا
ئاش تارتىش ئىشلىرىنى
باشقۇرغۇچى؛ چوڭ ئائىلىلەر-
نىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىنى
باشقۇرغۇچىسى، خوجىدار،
بارتو.

**خانگاھ** (خانگاه) ئې.
"خانقاھ" غا ئوخشاش.

**خانگە** (خانگه) ئې. "خان-
گاھ"غا ئوخشاش.

**خاندان** (خاندان) پ. ئۆي،
ئۆي ئەھلى، ئائىلە؛ ئۇرۇق،
نەسىل - نەسەب؛ خاندانلىق،
سۇلالە.

**خانىقاھ** (خانقاه) ئ. خانقا،
چوڭ مەسچىت، زىكرى ۋە
ئىبادەت ئورنى؛ ھوجرا.

**خانمان** (خانمان) پ. ئۆي
ۋە ئۆي جابدۇقلىرى، مۈلۈك،
روزىغار، مەنقۇلات؛ ئائىلە،
ئائىلىدىكى كىشىلەر.

**خانمانسۇز** (خانمان سوز) پ. خانىۋەيران بولغان، بار-يوقى كۆيۈپ تۈگىگەن.

**خانە** (خانە) پ. ئۆي، تۇرالـ غۇ، ئائىلە؛ ئۇۋا؛ كاتەك. كاتەكچە؛ تاتما، سىرتمە؛ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، جاي، ئورۇن مەنە- سىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ: خانە خۇدا — مەككە؛ مەسچىت

**خانە باف** (خانە باف) پ. ئۆيدە توقۇلغان.

**خانە پەردازى** (خانەپردازى) پ. ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇر- غۇچى، ئۆي ئىشلىرىنى قىلغۇچى

**خانە پەرۋەر** (خانەپرور) پ. ئائىلە تەربىيىسىنى كۆرگەن؛ ئائىلىدە تەربىيىلەنگەن؛ ئۆگىتىلگەن، كۆندۈرۈلگەن. تەجرىبىسىز؛ ئەركە چوڭ بولۇپ قالغان.

**خانە-خانە** (خانە خانە) پ. كاتەكچە-كاتەكچە.

**خانە خاھ** (خانەخواه) پ. دائىملىق مېھمان، يېقىن دوست؛ يېقىنى، دائىم كېلىش-بېرىش قىلىپ تۇرىدىغان.

**خانە دار** (خانەدار) پ. ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئۇستا، ئۆيى بار؛ ئۆي ئىگىسى؛ كاتەكچىسى بار، كاتەكچىلىك.

**خانەزاد** (خانەزاد) پ. ئۆي قۇلى، ئۆي چاكىرى؛ يەرلىك.

**خانە سالار** (خانە سالار) پ. ئۆي باشلىقى، ئائىلە چوڭى.

**خانە سىياھ** (خانەسياه) پ. خانىۋەيران، بەختسىز.

**خانە سۇز** (خانە سوز) پ. ئۆيىنى ئۆرتىگۈچى، بىراۋغا زىيان يەتكۈزگۈچى.

**خانە گۇر** (خانەگور) پ. ئۆيدىن تاشقىرىغا چىقمىغۇچى.

**خانەندە** (خوانندە) پ. كىتاب ئوقۇغۇچى، ئوقۇپ بەرگۈچى؛ كىتاپخان؛ ناخشىچى، قوشاقچى.

**خانەۋادە** (خانەوادە) پ. ئائىلە؛ نەۋلات، ئۇرۇق؛ تۇر (ھايۋانلارغا قارىتىلىدۇ).

**خانەۋار** (خانەۋار) پ. ئائىلە، ئۆي، تۇتۇن: خانەۋار دهقانى — دىخان ئائىلىسى.

**خانۇم** (خانوم) پ. خانىم، خېنىم، ئاپپاي؛ خوتۇن؛ ئانا، ئاپا: خانۇم باز — خوتۇنپەرەس، ئويناش قىلىشقا ئامراق ئادەم؛ خانۇم جان — خانىم، خېنىم، ئاپپاي؛ خانۇم كۆچەك ياكى كۆچۈلو — قىز، قىزچاق.

**خاۋ** (خاو) پ. تۈۋت (دوخاۋا، مەخمەلگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ)، تۈۋتلۈك موي.

**خاۋەر** (خاور) پ. كۈنچىقىش، شەرق؛ غەرپ، غەرپ ئەللەر (قەدىمدا)؛ قۇياش: ئافتابى خاۋەرى — شەرق قۇياشى.

**خاۋەران** (خاوران) پ. شەرق ۋە غەرپ؛ شەرق.

**خاۋەرى** (خاورى) پ. كۈنچىقىش تەرەپتىكى؛ شەرقلىق (ئادەم).

**خاۋەرشىناس** (خاورشناس) پ. شەرقشۇناس.

**خەباسەت** (خباشت) ئ. بۇزۇقلۇق، يامانلىق، ئىپلاسلىق.

**خەبباز** (خباز) ئ. ناۋاي، نان ياققۇچى.

**خەبت** (خبط) ئ. يېڭىلىشماق، ئاداشماق، خاتا؛ يېڭىلتەكلىك: خەبت دىماغ — ئەقلىدىن ئازماق؛ خەبت ئولماق — يېڭىلىشماق.

**خەبىر** (خبير) ئ. خەۋەردار؛ خەۋەر بەرگۈچى

**خەبىس** (خبيث) ئ. يامان، يارىماس، ئىپلاس.

**خەبەر** (خبر) ئ. خەۋەر، ئۇچۇر.

**خەبەر گۇزار** ئپ. خەۋەر بەرگۈچى، مۇخبىر.

**خەت** (خط) ئ. سىزىق، ئىز؛ يېزىق، خەت؛ يېڭى چىققان بۇرۇت، مويلاۋ: خەت بەرخەت — سىزىقمۇسىزىق؛ خەتتى ئىستىمالەت — چاقىرىق خېتى؛ خەتتى راز — سىرلىق، مەخپى

يېزىق؛ خەتتى خەرمان — ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى؛ خەتتى غۇبار — چىرايلىق يېزىش سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى؛ ئاستىغا خەت تارتماق — نامىنى ئۆچۈرمەك.

**خەتا** (خطا) ئ. خاتا، يېڭىلىش، يېڭىلىشلىق.

**خەتاكار** (خطاكار) ئپ. خاتا قىلغۇچى.

**خەتا كۆش** (خطا كوش) ئپ. گۇنا ئىشلار كەينىدىن يۈرگۈچى.

**خەتىب** (خطيب) ئ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى، سۆزمەن، خۇتبە ئوقۇغۇچى.

**خەتىر** (خطير) ئ. خەتەرلىك، قىيىن، ئېغىر.

**خەتەر** (خطر) ئ. قورقۇنچ.

**خەتەرات** (خطرات) ئ. خەۋپ-خەتەرلەر، قورقۇنچلار.

**خەتەرناك** (خطرناك) ئپ. خەتەرلىك، خەۋپلىك.

**خەتم** (ختم) ئ. تۈگىمەك، پۈتمەك، تاماملانماق، ئاخىرىغا يەتكۈزمەك؛ مۆھۈر باسماق؛ خاس. مەخسۇس؛ خەتم بولماق — تۈگىمەك، تامام بولماق؛ مۆھۈر بېسىلماق؛ خەتم ئەتمەك — تاماملىماق، مۇقەررەر قىلماق؛ خەتم بەرمەك — توختاتماق؛ خەتمى كىتاب — كىتاپ ئاخىرى، خاتىمىسى.

**خەد** (خد) ئ. ياڭاق، مەڭىز (يۈزنىڭ قىزىرىپ تۇرغان يېرى)؛ گۈلخەد — گۈليۈزلۈك، چىرايلىق، گۈزەل.

**خەدەم** (خدم) ئ. خادىملار، خىزمەتچىلەر، مالايلار (بىرلىگى "خادىم").

**خەدەمە** (خدمه) ئ. يۇقۇردىكىگە ئوخشاش.

**خەدەنگ** (خدنك) پ. ئوق (يانىڭ ئوقى)؛ خەدەڭ تارتماق — ئوق ئاتماق.

**خەر** (خر) پ. ئېشەك؛ مەردەكى خەر — ئەخمەق ئادەم.

**خەراب** (خراب) پ. بۇزۇق. ۋەيران؛ يامان، ناچار ئەھۋال؛ خەرابى — ۋەيرانلىق.

**خەرابات** (خرابات) پ. ۋەي-

ران جاي، بۇزۇندىلىق.
كۆچ: مەيخانا؛ ساراي،مېھمان-
خانا؛ خەرابات ئەھلى —
مەيخانا كىشىلىرى، مەيخانىغا
بارغۇچىلار.
**خەراباتى** (خراباتى) پ.
مەيخانا ئەھلى، مەيخانىغا
بارغۇچى؛ بىكار تەلەپ،
ئاقنانچى.
**خەرابە** (خرابه) پ. خارابى-
لىق، بۇزۇندا؛ تاشلىنىپ
قالغان، چۆل بولۇپ قالغان .
**خەراج** (خراج) ئ. سېلىق،
تارتۇق، باج، پاراق (ئىس-
لام دۆلىتىنىڭ كاپىرلاردىن
ئالىدىغان نوپۇس بېجى)
**خەراج گۇزار** (خراج گذار)
ئپ. تارتۇق تاپشۇرغۇچى،
تارتۇق ئېلىپ كەلگۈچى،
تارتۇقچى، سېلىق تاپشۇر-
غۇچى، باج تاپشۇرغۇچى.
**خەرراج** (خراج) ئ. بۇزۇپ
چاچقۇچى، ئىسراپخور؛
جانلىق، چاقىقان.
**خەرراز** (خراز) پ. موزدوز؛
كىيىم-كېچەك دوكىنىنىڭ
خوجايىنى.
**خەراس** (خراص) پ. خاراز،
ياغۇنچاق، ھايۋان كۈچى
بىلەن ئايلىنىدىغان تۈگمەن.
**خەرراس** (خراض) ئ.
ئويدۇرمىچى، يالغانچى، تۆھ-
مەتچى.
**خەراش** (خراش) پ. يونۇ-
ماق، تاراشلىماق؛ تاتىلىماق،
تىرنىلىماق؛ قىرماق؛ قاشلى-
ماق. خىرىلىلىماق، تاۋۇش
بوغۇلماق. كۆچ: ئازاپلىماق،
قىينىماق. خەراش ئۇلماق —
تىرنىلانماق، تاراشلانماق؛
خەراش ئەيلىمەك — تىرنىلى-
ماق؛ خەراش تاپماق —
خىرىلىلىماق، قىرىلماق؛
خەراشى خامە قىلماق —
قەلەم يونىماق، يازغاندا
قەلەم تاۋۇشىنى چىقارماق؛
كۆكۈلگە خەراش سالماق —
تەشۋىش سالماق كۆچ:
يازغۇچىلىق.
**خەراشدە** (خراشده) پ.
قىرىلغان؛ بوغۇق، خىرىللى-
غان. خەراشدە بولماق —

خىرىللىماق.

**خەر پۇشتە** (خرپشته) پ. ئېككى يېقى يېپىسى چېدىر.

**خەرج** (خرج) ئ. سەرپ، چىقىم، خىراجەت؛ باج، تارتۇق، سېلىق؛ پۇل، ھەق؛ مىقدار؛ كۆرۈلمەك، ئىپادىلەنمەك: خەرج سەفەر — يول خىراجىتى.

**خەرچەنگ** (خرچنك) پ. قىسقۇچ پاقا.

**خەرخشە** (خرخشه) پ. يامان گەپ، قۇلاق ئاغرىتىدىغان گەپ.

**خەرگاھ** (خركاه) پ. "خىرگاھ"قا قاراڭ.

**خەرگوش** (خركوش) پ. توشقان.

**خەرىتە** (خريطه) ئ. خەرىتە، جاھان سىزىغى؛ خالتا، تورۋا، قاپ؛ ياماقلىق.

**خەرق** (خرق) ئ. يىرتماق، يارماق، ئايرىماق.

**خەرىف** (خريف) ئ. كۈز ۋاقتى، كۈز كۈنلىرى.

**خەرمەن** (خرمن) پ. چەمبە-رەك.

**خەرمان** (خرمان) پ. ئاشلىق يەنچىيدىغان ئورۇن، خامان.

**خەرۋار** (خروار) پ. بىر ئېشەكلىك يۈك، بىر ئۇلاغلىق يۈك (ئېغىرلىق ئۆلچىمى).

**خەرۋار - خەرۋار** (خروار-خروار) پ. توپ-توپ، ئۆيۈر-ئۆيۈر، دۆۋە-دۆۋە.

**خەزان** (خزان) ئ. كۈز، كۈز پەسلى، كۈز كۈندە ياپراقلارنىڭ تۆكۈلۈشى: بادى خەزان — كۈز شامىلى؛ خەزان ئايەمى — كۈز كۈنلىرى؛ خەزان ئاسىبى — كۈز ئاپىتى.

**خەزايىن** (خزاين) ئ. خەزىنىلەر (بىرلىكى "خەزىنە")

**خەزانى** (خزانى) ئ. سېرىق رەڭلىك: خەزانى ئەيلەمەك — سارغايتماق؛ خەزانى بەرگ — سارغايغان بەرگ.

**خەزانە** (خزانه) ئ. خەزىنە: خەزانە خاس — پادىشانىڭ خۇسۇسى خەزىنىسى؛ خەزانە

سەنج — خەزىنە ئىگىسى.

**خەزرا** (خضرا) ئ. يېشىل، كۆكۈمتۇل: چەرخى خەزرا — يېشىل ئاسمان؛ گۈمبەزى خەزرا — يېشىل گۈمبەز؛ خەزرا رەڭ — يېشىل رەڭ.

**خەزەف** (خزف) پ. ساپال.

**خەس** (خس) پ. چاڭ-توزاڭ، ئەخلەت.

**خەسارەت** (خسارت) ئ. زەرەر، زىيان: بى خەسارەت — زىيانسىز، زەرەرسىز.

**خەسايىس** (خصايص) ئ. خۇسۇسىيەتلەر، خاسىيەتلەر، مەخسۇس سۈپەتلەر (بىرلىگى "خاسىيەت").

**خەسايىل** (خصايل) ئ. خىسلەتلەر (خىسلەتنىڭ كۆپلۈگى).

**خەستە** (خسته) پ. ئاغرىق، ئاغرىق كىشى.

**خەستەۋار** (خستەوار) پ. ئاغرىقتەك.

**خەستەخانا** (خسته خانه) پ. ئاغرىقلارنى داۋالايدىغان ۋە باقىدىغان ئورۇن.

**خەسى** (خصى) ئ. پىچىلغان، ئاختا: خەسى قىلماق — ئاختا قىلماق، پىچماق.

**خەسىس** (خسيس) ئ. پىخسىق، بېخىل، ئىچى تار؛ خەيرسىز.

**خەسلەت** (خصلت) ئ. تەبىئەت، خۇلۇق، مىجەز.

**خەسم** (خصم) ئ. دۈشمەن، رەقىپ، قارشى، مۇقابىل، مۇخالىپ: خەسمەلىك — دۈشمەنلىك.

**خەشىن** (خشن) ئ. قوپال، داغال؛ ئاساۋ؛ سەركەش، يىرىك.

**خەشخاش** (خشخاش) ئ. كۆكنار، كۆكنار ئۇرۇغى.

**خەشم** (خشم) ئ. ئاچچىق، غەزەپ.

**خەشمناك** (خشمناك) ئىپ، ئاچچىقلانغان، تېرىككەن.

**خەشەب** (خشب) ئ. ياغاچ، ئوتۇن.

**خەفا** (خفا) ئ. يوشۇرۇنلۇق، مەخپىلىك: خەفا ئەيلەمەك — يوشۇرماق، مەخپى

تۆتماق.

**خەفتان** (خفتان) پ. كاتتا
تون؛ ئۈرۈش كىيىمى.
كەفتان.

**خەفقان** (خفقان) ئ. قوزغالماق.
سالماق: خەفقان قەلب —
يۈرەك سېلىش.

**خەفي** (خفى) ئ. يوشۇرۇن.
مەخپى.

**خەفىيە** (خفيه) ئ. يوشۇرۇن
ساقچى، ئۆزىنى باشقا تۇسكە
كىرگۈزۈۋېلىپ يۈرگۈچى.
ئىشپىيون.

**خەفىف** (خفيف) ئ. يەڭگىل.
ۋەزنى ئېغىر ئەمەس؛ ئارۇزدا
"سەۋەب" خوسۇسىيىتىنىڭ
بىر تۈرى.

**خەير** (خير) ئ. ياخشىلىق،
ئەزگۈلۈك؛ ئىنئام - ئېھسان:
خەيرخاھ — كىشىگە ياخشى-
لىق تىلىگۈچى؛ خەيرچى —
تىلەمچى.

**خەيرات** (خيرات) ئ. ياخ-
شىلىقلار، خەير - ئېھسانلار:
خەيرات ئەھلى — خەير-
ساخاۋەت قىلغۇچىلار، ياخشى-
لىق قىلغۇچىلار.

**خەيرباد** (خيرباد) ئپ. خوش-
لىشىش، ۋىدالىشىش: خەير
بار ئەتمەك — خەيرلەشمەك،
خوشلاشماق.

**خەيرى بەشەر** (خيربشر) ئ.
كىشىلەرنىڭ ياخشىسى.

**خەييات** (خياط) ئ. تىكۈچى،
ماشىنىچى (كىيىم تىككۈچى).

**خەيال** (خيال) ئ. بىر نەرسە-
نىڭ كۆڭۈلدىكى سۈرىتى،
خىيال.

**خەير ئەندىش** (خيرانديش)
ئپ. ياخشىلىق ئويلىغۇچى،
ياخشى پىكىرلىك.

**خەيرۇن** (خيرن) ئ. ياخشىراق.

**خەيزەران** (خيزران) ئ. بام-
بۇك (ھىندى قومۇشى)؛
يۇلغۇن.

**خەيل** (خيل) ئ. گۇرۇھ،
توپ، دۆۋە؛ ئوت - ئۇلا
دۆۋىسى: تۈن خەيلى — تۈن
قاراڭغۇلىغى؛ خەيلى نۇجۇم
— يۇلتۇزلار توپى؛ خەيلى
زۇلمەت — قارا، گۇرۇھ،
نادان، جاھىل كىشىلەر.

**خەيل خانا** (خيل خانە) ئپ. ئاتخانا.

**خەيمە** (خيمە) پ. چېدىر:
خەيمە دوز — چېدىر تىكۈچى.

**خەلاب** (خلاب) پ. لاي.

**خەلاس** (خلاص) ئ. قۇتۇ-
لۇش، قۇتقۇزۇلۇش.

**خەلائ** (خلاء) پ. خالى جاي،
بوش جاي، بوشلۇق.

**خەلائىق** (خلائق) ئ. خەلق-
لەر، ئادەملەر، كىشىلەر،
جامائەت.

**خەللاق** (خلاق) ئ. ياراتقۇچى،
ياسىغۇچى، خەلق قىلغۇچى:
خەللا قۇل مەنائى — مەنىلەر
ياراتقۇچى.

**خەلخال** (خلخال) ئ. ئاياقىقا
تاقىلىدىغان ئالتۇن ياكى
كۈمۈش ھالقا.

**خەلق** (خلق) ئ. يارىتىش،
بار قىلىش، ياساش؛ بارلىق؛
ئادەملەر.

**خەلئ** (خەلع) ئ. قوپارماق،
ئېلىپ تاشلىماق، ئورنىدىن
چۈشۈرمەك.

**خەلە** (خلە) ئ. سانجىق؛
قىيناق.

**خەلەف** (خلف) ئ. ۋارىس،
مىراسخور، ئورۇنباسار،
ئەۋلات، نەسىل.

**خەلەق** (خلق) ئ. يىرتىق،
توزىغان.

**خەلەل** (خلل) ئ. كەمچىلىك،
ئەۋەن، نۇقساق: خەلەل يەت-
مەك — نۇقسان يەتمەك؛
خەلەل سالماق — نۇقسان
يەتكۈزمەك، زەرەر يەتكۈز-
مەك.

**خەلىفە** (خليفە) ئ. ئىزباسار،
ئورۇنباسار.

**خەلىق** (خليق) ئ. خۇش-
خۇيلۇق، ياخشى تەبىئەتلىك،
ئەخلاقلىق.

**خەلىل** (خليل) ئ. دوست،
يار.

**خەللى** (خل) ئ. سىركە.

**خەم** (خم) پ. ئېگىلگەن، ئېگىش-
كەن، پۈكۈلگەن؛ ئەگرى،
ئەگرى - دوناي: خەم ئول-
ماق — ئېگىلمەك، پۈكۈلمەك؛
خەم ئەتمەك — ئەگمەك،
پۈكمەك.

خەم ـ خەم (خم خم) پ. ئەگرى ـ بۈگرى.

خەممار (خمار) پ. مەي سودىگىرى، ھاراق ـ شاراپ سودىگىرى.

خەممارخانە (خمارخانه) پ. مەيخانا، قاۋاقخانا.

خەممارە (خماره) پ. يوقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

خەماش (خماش) پ. تاشلاندۇق، كېرەكسىز چىققان نەرسە.

خەمان (خمان) پ. ئەگرى؛ ئەگمە، ياي؛ ھەسەن ـ ھۈسەن.

خەم بەخەم (خم بخم) پ. تولغانغان، بۆرالغان، تولغىماچ بولۇپ كەتكەن.

خەمخەمە (خمخمه) پ. دىمىغدا گەپ قىلماق.

خەمدار (خمدار) پ. ئەگرى ـ بۈگرى، ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن.

خەمر (خمر) ئ. ھاراق، شاراپ.

خەمرىي (خمرى) ئ. ئىچكۈچى، ئىچەرمەن، ئىچكۈلۈككە بېرىلگەن؛ قىزىل.

خەمرىيات (خمريات) ئ. كۈچلۈك ئىچىملىك؛ مەي شېئىرى.

خەمس (خمس) ئ. (خەمسە) بەش، بەشلىك؛ بەش داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان توپلام.

خەمسەتەين (خمستين) ئ. ئىككى بەشلىك؛ ئىككى "خەمسە"؛ ئىككى قول بارماقلىرى.

خەمقەد (خمقد) ئپ. قەددى پۈكۈلگەن.

خەمىدە (خميده) پ. ئېگىلگەن، پۈكۈك، پۈكچەيگەن؛ خەملىك ـ پۈكۈكلۈك، پۈكۈلگەنلىك.

خەمىيازە (خميازه) ئ. ئەسنەك.

خەممار (خمار) ئ. ئىچكۈلۈك ياسىغۇچى، ئىچكۈلۈك ساتقۇچى.

خەمۇل (خمول) پ. پەسكەش، يەرگىنىشلىك؛ قاراڭغۇ، خىرە؛ نامسىز.

خەمۇش (خموش) پ. ئۈندىمەس، جىمغۇر؛ جىم، تىچ

("خاموش"مۇ دېيىلىدۇ).

**خەندە** (خنده) پ. كۈلۈش، كۈلكە: شەكەر خەندە — شېرىن ۋە يېقىملىق كۈلمەك، كۈلۈمسىرەش؛ گۈلى خەندە — گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرماق.

**خەندان** (خندان) پ. كۈلەدىغان، كۈلگۈچى؛ شادخۇرام: خەندان ئەيلەمەك — كۈلدۈرمەك، شادلاندۇرماق؛ خەندان قىلماق — كۈلمەك، كۈلدۈرمەك، خوشال قىلماق؛ خەندان بولماق — كۈلمەك، شاد بولماق؛ خەندان يۈز — كۈلۈپ تۇرغان، ئوچۇق يۈز.

**خەندەق** (خندق) ئ. خەندەك، ئورا، ئويمان، دۈشمەن ئۆتەلمىسۇن ئۈچۈن قېزىلغان ئويمانلىق.

**خەند ناك** (خندناك) پ. كۈلۈپ تۇرغان؛ زاڭلىق قىلىپ كۈلگۈچى، زاڭلىق قىلغۇچى.

**خەنناس** (خناس) ئ. شەيتان، ئازدۇرغۇچى.

**خەنناق** (خناق) ئ. ئادەم ئۆلتۈرگۈچى، جاللات، قاتىل، بوغۇپ ئۆلتۈرگۈچى.

**خەۋاتىر** (خواطر) ئ. "خاتىر"نىڭ كۆپلۈكى.

**خەۋارىق** (خوارق) ئ. خارىقلار، بۇزغۇچىلار، يارغۇچىلار "خارىق"نىڭ كۆپلۈكى.

**خەۋاس** (خواص) ئ. خاسىيەتلەر، خاسىلەر "خاسىيەت"نىڭ كۆپلۈكى؛ پادىشا يېقىنلىرى؛ بىلىملىك ۋە ئېتىۋارلىق كىشىلەر.

**خەۋانىق** (خوانق) ئ. "خانىقا"نىڭ كۆپلۈكى.

**خەۋز** (خوض) ئ. چۆمۈش، شۇڭغۇش.

**خىبرەت** (خبرت) ئ. تەجرىبە.

**خىتاب** (خطاب) ئ. ئالدىدىكى كىشىگە (ئىككىنچى شەخسكە) سۆزلەش.

**خىتتە** (خطه) پ. ئەتراپ، چېگرا؛ مەملىكەت، ئۆلكە؛ يەر يۈزى.

**خىتتەپاك** (خطەپاك) پ. گۈزەل ئۆلكە.

**خىتتە خاك** (خطەخاك) پ. يەر يۈزى.

**خىديو** (خديو) پ. ئىگە؛ ھاكىم، پادىشا.

**خىدمەت** (خدمت) ئ. خىزمەت، ئىش.

**خىدمەتكۈش** (خدمت كوش) ئىپ. تىرىشىپ ئىشلىگۈچى. ئىشلارنى بېجىرگۈچى.

**خىراج** (خراج) ئ. سېلىق، تۆلەم؛ يەر ۋە باشقا نەرسىلەردىن چىققان نەرسە.

**خىرام** (خرام) پ. چىرايلىق مېڭىش: خىرام ئەتمەك — ماڭماق، يۈرمەك، جۆنىمەك، كەتمەك.

**خىرامەندە** (خرامنده) پ. ناز بىلەن يۈرگۈچى، چىرايلىق ماڭغۇچى.

**خىرامان** (خرامان) پ. ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ، ناز بىلەن ماڭغۇچى؛ سەرۋى خىرامان — گۈزەل يۈرۈشلۈك يار. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: بويى چەكتىكۇ ئافاق ئىچىدە قوتبى قىيامەت، ھەي-ھەي، نە بالا سەرۋى خىرامان يېتىلىپسەن.
(لۇتفى)

**خىرقە** (خرقه) ئ. يىرتىق رەخت. يىرتىق چاپان؛ دەرۋىشلەر كىيىمى.

**خىرقەپۇش** (خرقەپوش) ئىپ. خىرقەكىيگەن. دەرۋىش.

**خىرقەتى** (خرقتى) ئ. يىرتىق چاپان كىيگەن كىشى.

**خىرگاھ** (خركاه) پ. چېدىر: ماھى خىرگاھى — پەردە ئىچىدىكى گۈزەل. كۆچ: قوتانلانغان ئاي.

**خىرگاھ ۋەش** (خركاه وش) پ. چېدىرگە ئوخشاش، چېدىرنامە.

**خىرگەھ** (خركه) "خىرگاھ"قا قاراڭ.

**خىرگەھى** (خركهى) پ. تۆۋەن ئاۋاز بىلەن ئېيتىلىدىغان ناخشا.

**خىرگەنشىن** (خركەنشين) پ. چېدىردا ئولتۇرغۇچى.

**خىرە** (خيره) پ. گۈڭگا، تۇتۇق، قاراڭغۇ باسقان، سۇنۇق.

**خىرەد** (خرد) پ. ئەقىل-ھۇش، پاراسەت: خىرەدلىغ — ئەقىللىق؛ نۇر خىرەد — ئەقىل نۇرى.

**خىرەد ئايىن** (خرد آيين) پ. ئەقىللىق، ھۇشيار؛ خىرەد باھالىغ — ئەقىللىق دەپ باھائالغانلىق.

**خىرەد پەرۋەر** (خرد پرور) پ. ئەقىللىق، دانا.

**خىرەد پەيۋەندە** (خرد پيوند) پ. ئەقىللىق دەپ سانالغان.

**خىرەد پىشە** (خرد پيشه) پ. ئەقىللىق، دانا، ئويلاپ ئىش قىلغۇچى.

**خىرەد رۇب** (خرد روپ) پ. ئەقىلدىن ئازدۇرغۇچى، ئەقىل-ھۇشنى ئالغۇچى.

**خىرەد مەند** (خرد مند) پ. ئەقىللىق، دانا: خىرەدمەند ئەيلەمەك — ئەقىلنى جايىغا كەلتۈرمەك، ھۇشيار قىلماق.

**خىرەدنىھاد** (خرد نهاد) پ. ئەقىللىق.

**خىرە كۆش** (خيره كوش) پ. زالىم، قانخور، ناھەق ئۆلتۈرگۈچى.

**خىرىف** (خرف) ئ. بەك قېرى، چال؛ كۆچ-قۇۋۋىتىدىن كەتكەن.

**خىز** (خيز) پ. سۆز بىرىكمىسىدە بەرگۈچى، كەلتۈرگۈچى، قوزغاتقۇچى دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان سۆپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە: بەرق خىز — چاقماق قوزغاتقۇچى، چېقىندەك سەكرىگۈچى، بەك تېز ماڭغۇچى؛ شەب خىز — كېچىسى ئۇخلىمىغۇچى؛ گەنج خىز — كۆچ: ئالتۇن بەرگۈچى (ئېكىنزارلىقنىڭ سۆپىتى)؛ خىز ئەيلىمەك — قوزغالماق، سەكرىمەك؛ يولغا خىز سالماق — تېز يۈرۈش قىلماق؛ خىز ئەتمەك — سەكرىمەك.

**خىزاب** (خضاب) ئ. بوياق، رەڭ، ئوسما؛ ساقال-چاچ بويايدىغان دورا؛ خېنە: خە-

زاپ ئەيلىمەك ــ قىزارتماق، خېنە قويماق؛ خىزاب بەرمەك ــ بوياق بەرمەك، رەڭ بەرمەك، بويىماق.

**خىز رەۋش** (خيزروش) پ. كۆچ: تىرىلدۈرگۈچى، ھايات بەخش.

**خىزلان** (خزلان) ئ. ياردەم-چىسىز قالماق، خورلۇققا چۈشمەك؛ مەغلۇپ بولماق.

**خىسال** (خصال) ئ. خىسلەت-لەر، ياخشى خۇلۇق، ياخشى سۈپەتلەر "خىسلەت"نىڭ كۆپلۈكى.

**خىسرەۋ** (خسرو) پ. "خۇسراۋ"غا قاراڭ.

**خىش** (خويش) پ. ئۇرۇق-تۇققان، قېرىنداش، تونۇش، يېقىن كىشى: خېشۇ تەبار ــ قېرىنداش، ئۇرۇق-تۇققان.

**خىيابان** (خيابان) پ. باغ يولى، دەرەخزارلىق يولى.

**خىيار** (خيار) ئ. ئەرك، ئىخ-تىيار.

**خىيام** (خيام) ئ. چېدىر.

**خىلافەت** (خلافت) ئ. خەلىپىلىك، پادىشالىق، ئورۇنباسارلىق.

**خىلت** (خلط) ئ. ئارىلاش، ئارىلاشما.

**خىلئەت** (خلعت) ئ. پادىشا تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان كىيىم، تون-تەلپەك، كىيىم-كېچەك: زەربافت خىلئەت ــ كىمخاپ تون.

**خىلۋەت** (خلوت) ئ. خالى، كىشىسىز جاي: خىلۋەت ئەيلىمەك ــ خالى قىلماق، بوشاتماق.

**خىلۋەتخانا** (خلوتخانه) ئپ. يالغۇزلۇق ئۆيى، يالغۇزلۇقتا ياشايدىغان جاي.

**خىلۋەت سەرا** (خلوت سرا) ئپ. يوقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**خىلۋەتگاھ** (خلوت گاه) ئپ. خىلۋەت جاي.

**خىلۋەت گۈزىن** (خلوت كزين) ئپ. يالغۇزلۇقنى ياقتۇرغۇچى.

**خىلۋەت ئەرايى** (خلوت ارايى) ئپ. ئۆزىنى چەتكە تارتقۇچى، خالىدا ئولتۇرغۇچى.

**خىلۋەت نىشىن** (خلوت نشين)

ئۈپ. يالغۇز جايدا تۇرغۇچى.

**خىمە** (خيمه) ئ. چېدىر، چېدىرلار.

**خىنزىر** (خنزير) ئ. توڭگۇز، چوشقا.

**خۇ** (خو) پ. خۇي، قىلىق، تەبىئەت، مىجەز: بەدخۇ — بەتخۇي، قىلىقسىز، ناچار قىلىق.

**خۇب** (خوب) پ. گۈزەل، كۆركەم، چىرايلىق.

**خۇبان** (خوبان) پ. گۈزەللەر، چىرايلىقلار.

**خۇب رۇي** (خوب روى) پ. كۆركەم يۈزلۈك، چىرايلىق.

**خۇبى** (خوبى) پ. ياخشىلىق.

**خۇتبە** (خطبه) ئ. جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىدا خەتىب (خۇتبە ئوقۇغۇچى) تەرىپىدىن مۇنبەرگە چىقىپ، ئېيتىلىدىغان دىنىي پەندى-نەسىھەت سۆزلىرى؛ نىكا قىلىش ۋاقتىدا ئىمام تەرىپىدىن ئوقۇلىدىغان دۇئالار؛ كىتابنىڭ بېشىدىكى ھەمدۇ قىسمى.

**خۇتۇت** (خطوط) ئ. خەتلەر (بىرلىكى "خەت")

**خۇتۇر** (خطور) ئ. كۆڭۈلگە كەلمەك، خاتىرىگە كەلمەك: خۇتۇر ئەتمەك — كۆڭۈلگە، خاتىرىگە كەلمەك.

**خۇجەستە** (خجسته) پ. قۇتلۇق، مۇبارەك؛ بەختلىك، بەختىيار: خۇجەستەلىق — ياخشىلىق، قۇتلۇقلۇق؛ خۇجەستە جەمال — گۈزەل يۈزلۈك، چىرايلىق، ھۆسىندار؛ خۇجەستە كەلام — خۇش گەپ، شىرىن سۆز؛ خۇجەستە زەمان — ياخشى زامان؛ خۇجەستە رەقەم — مۇبارەك خەت؛ قۇتلۇق يازما؛ خۇجەستە سۇپەت — ياخشى سۇپەتلىك؛ خۇجە سايىل — ياخشى نىيەت بىلەن سوئال بەرگۈچى؛ خۇجەستە تەلئەت — مۇبارەك يۈز؛ خۇجەستە تۇغرا — مۇبارەك بەلگە؛ خۇجەستە فەرجام — ئاقىۋىتى ياخشى؛ خۇجەستە فال — مۇبارەك قەدەملىك.

**خۇد**[1] (خود) پ. ئەسكەر باش-

لىقلىرى ۋە پادىشالار كىيە-
دىغان ئۇچلۇق، ھەيۋەتلىك
جەز قالپاق.

**خۇد²** (خود) پ. سۆز بىرىك-
مىسىگە قوشۇلۇپ، تەكىتلەش
مەنىسىنى يەنى ئۆزى، يالغۇز،
بىرگىنە، پەقەت، ئەلۋەتتە،
ھەقىقەتەن؛ پاكى دېگەن
مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇددام** (خدام) ئ. خادىملار
(بىرلىكى "خادىم")

**خۇداۋەند** (خداوند) پ.
ئىگە، ئىگىلىك قىلغۇچى،
خوجايىن؛ ھاكىم، ھۆكۈمران؛
خۇدا: خۇداۋەندلىق — ئىگە-
لىك، خوجايىنلىق، پادىشا-
لىق.

**خۇد ئارا** (خودآرا) پ. ئۆزىنى
ياسىغۇچى، ياسانچۇق؛
مەغرۇر، شۆھرەتپەرەس.

**خۇد ئاراي** (خودآراي) پ.
يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش: خۇد
ئارالىق — مەغروزلۇق،
شۆھرەتپەرەسلىك.

**خۇدبىن** (خودبين) پ. ئۆزى-
نىلا كۆرگۈچى، تەكەببۇر:

خۇدبىنلىك — تەكەببۇرلۇق.

**خۇد پەرەست** (خودپرست)
پ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**خۇدپەسەند** (خودپسند) پ.
مەنمەنچى، ئۆزىگە ئىشەنگەن،
مۇتەكەببىر.

**خۇدراي** (خودراى) پ. ئۆز
بېشىمچە؛ جاھىل: خۇدراي-
لىق — ئۆز بېشىمچىلىق،
جاھىللىق.

**خۇدرو** (خودرو) پ. ئۆزىچە
ئۆسكەن، ياۋايى: گۈلى خۇد-
رو — ئۆزىچە ئۆسكەن گۈل،
ياۋايى گۈل.

**خۇدروي** (خودروى) پ.
يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**خۇدرەڭ** (خودرنك) پ.
بويالمىغان، ئەسلى ئۆز رەڭگە-
دىكى.

**خۇدشىكەن** (خودشكن) پ.
ئۆزىنى كەمستكۈچى، كەمتەر.

**خۇد فۇرۇش** (خودفروش)
پ. ئۆزىنى بازارغا سالغۇچى،
ماختانچاق.

**خۇد كام** (خود كام) پ. ئۆز
مەقسىدىنىلا كۆزلىگۈچى.

**خۇد كامە** (خود كامە) پ.
يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**خۇدىستانلىغ** (خودىستانلىغ)
ماختانچاقلىق، ئۆزىنى
كۆرسەتمەكلىك.

**خۇدنەما** (خودنما) پ. شۆھ-
رەتپەرەس، ماختانچاق:
خۇد نەمالىغ — شۆھرەتپە-
رەسلىك، ماختانچاقلىق.

**خور** (خور) پ. :خار"غا
قاراڭ.

**خۇر** (خور) پ. قۇياش.

**خۇرافات** (خرافات) ئ. ئوي-
دۇرما، تېگى يوق گەپلەر،
بىھودە سۆزلەر.

**خۇررەم** (خرم) پ. شاد،
خۇرسەن، قۇۋانچلىق؛ گۈللە-
گەن، ياشنىغان: خۇررەم
ئولماق — ياشنىماق، شات
بولماق؛ خۇررەم ئەيلىمەك —
خۇشال قىلماق؛ خۇررەم
ئايىن — قۇۋانچلىق،
خۇشاللىنارلىق.

**خۇردە** (خورده) پ. ئۇششاق،
زەررە؛ گۈل زەررىلىرى،
چاڭلىرى؛ كۆچ: ئالتۇن.

خۇردەئى راز — يوشۇرۇن
سىر، ئىچكى سىر.

**خۇردەبىن** (خوردەبين) پ.
ئۇششاق نەرسىلەرنى كۆر-
گۈچى، مىكروسكوپ، تېزپەم،
زىرەك، ئىنچىكىلەپ
قارىغۇچى.

**خۇردەدان** (خورده دان) پ.
ئۇششاق ۋە نازۇك نەرسى-
لەرنى بىلگۈچى، نازۇك پەم.

**خۇرشىد** (خورشيد) پ.
قۇياش، كۈن، ئاپتاپ.

**خۇرشىد تابان** (خورشيد
تابان) پ. نۇرلۇق قۇياش.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
لەبلىرىڭغە باردۇر لەئلى
بەدەخشان ئېھتىياج، ئارەزىڭ
نى كۆرگەلى خۇرشىد تابان
ئېھتىياج.
(قەلەندەر)

**خۇرشىد خاۋەر** (خورشيد
خاور) پ. شەرق قۇياشى.

**خۇرشىدراي** (خورشيد راي)
پ. ئوچۇق پىكىرلىك، ئۆتكۈر
پىكىرلىك.

**خۇرشىدرەڭ** (خورشيد رنگ)

پ. پارلاق، يالتىراق.

**خۇرشىدساي** (خورشيد ساى) پ. يۈكسەك، ئېگىز، بەلەند.

**خۇرشىدسىما** (خورشيدسيما) پ. قۇياش يۈزلۈك، گۈزەل، چىرايلىق.

**خۇرشىدفام** (خورشيد فام) پ. قۇياش رەڭ، پارلاق.

**خۇرۇس** (خروس). پ. خوراز: خۇرۇس بازى — خورازنىڭ قىچقىرىشى. چىللىشى.

**خۇرۇش** (خروش) پ. ۋاقىراش، ھۆكۈرەش، قىچقىرىش، پەريات، پىغان، شاۋقۇن، غەۋغا: خۇرۇش ئەيلىمەك — پەريات قىلماق، ھايقىرماق؛ خۇرۇش تارتماق — شاۋقۇن كۆتەرمەك؛ خۇرۇش چەكمەك — پىغان قىلماق.

**خۇرۇشان** (خرو شان) پ. ۋاقىرىغۇچى، ھايقىرغۇچى، گۈرۈلىگۈچى؛ شاۋقۇن-سۈرەنلىك، پىغان-پەريات قىلغۇچى.

**خۇزرا** (خضرا) ئ. "خەزرا"غا قاراڭ.

**خۇسر** (خسر) ئ. "خۇسران"غا قاراڭ.

**خۇسراۋ** (خسرو) پ. پادىشا، ھۆكۈمدار: تازە خۇسراۋ — يېڭى پادىشا؛ خۇسراۋى ئەنجۇم — يۇلتۇزلار پادىشاھى، قۇياش؛ خۇسراۋى زەنگ — زەڭگى (ھەبەش) پادىشاھى: كۆچ: كېچە؛ خۇسراۋلىق — پادىشالىق.

**خۇسراۋنىشان** (خرو نشان) پ. پادىشاغا ئوخشاش.

**خۇسراۋ ئايىن** (خرو آيين) پ. پادىشالىققا مۇناسىپ، پادىشاھانە.

**خۇسرەۋانە** (خسروانه) پ. پادىشالارچە، پادىشاھانە، پادىشالىققا لايىق.

**خۇسرەۋانى** (خسروانى) پ. پادىشالىق، پادىشاغا تېگىشلىك.

**خۇسران** (خسران) ئ. زەرەر، زىيان.

**خۇسۇف** (خسوف). ئ. ئاي تۇتۇلۇشى.

**خۇسۇفزاد** (خسوف زاد) پ.

تۇتۇلدۇرغۇچى.

**خۇسيه** (خصيه) ئ. ئەركەك جىنسىنىڭ تۇخۇمى ۋە زەكىرى.

**خۇسۇمەت** (خصومت) ئ. دۇشمەنلىك، ئاداۋەت، كەك؛ جېدەل.

**خۇش** (خوش) پ. ياخشى، ماقۇل؛ شات، خۇرسەن.

**خۇشاب** (خوشاب) پ. يېمىش سۈيى، ئۈرۈك سۈيى.

**خۇشباش** (خوشباش) پ. خوشلاشقاندا ئېيتىلىدىغان "ياخشى بېرىڭ، ياخشى قېلىڭ" دېگەن سۆز.

**خۇش بەيان** (خوش بيان) ئپ. گۈزەل ئىپادىلىك، ئۇچۇق ۋە يېقىملىق سۆزلىگۈچى.

**خۇشبۇ** (خوش بو) پ. خۇشبۇي، ئىللىق.

**خۇش گوي** (خوش كوى) پ. گۈزەل سۆز، شىرىن سۆز.

**خۇش ئەدا** (خوش ادا) پ. ياخشى ئىپادە، گۈزەل نۇتۇق، شىرىن سۆز.

**خۇش ئىلھان** (خوش الحان) ئپ. خۇشئاۋاز.

**خۇشك** (خشك) پ. قۇرۇق، سۇسىز، قۇرۇقلۇق؛ يەر.

**خۇشكۇتەر** (خشك وتر). پ. ھۆلۇ-قۇرۇق، قۇرۇقلۇق؛ يەر ۋە دېڭىز.

**خۇشك دارۇ** (خشك دارو) پ. قۇرۇق دورا، پاراشوك، ئۇنتۇق.

**خۇشك لەب** (خشك لب) پ. لېۋى قۇرۇغان، تەشنا؛ بىبەھرە.

**خۇشك سال** (خشك سال) پ. قۇرغاقچىلىق يىلى.

**خۇشەچىن** (خوشەچين) پ. باشاقچى، باش تەرگۈچى.

**خۇش مەشرەب** (خوش مشرب) پ. ياخشى تەبىئەتلىك، خۇشخۇلۇق؛ يۇرۇش-تۇرۇشى يېقىملىق.

**خۇش مەقال** (خوش مقال) ئپ. شىرىن سۆز.

**خۇش مۇھاۋەرە** (خوش محاوره) ئپ. خۇشگەپ؛ گەپكە ئۇستا.

**خۇش نەۋا** (خوش نوا) پ.

خۇشئاۋاز، ياخشى كۈيلە-
گۈچى.
**خۇشنەما** (خوش نما) پ.
كۆركەم، خۇشخۇي گۈزەل.
**خۇش نەۋىس** (خوش نويس)
پ. خۇش خەت، چىرايلىق
يازغۇچى.
**خۇشنۇد** (خشنود) پ. رازى-
لىق، مىننەتدار، شات.
**خۇففاش** (خفاش) ئ. قارغۇ
ياپىلاق، شەپەرەڭ.
**خۇك** (خوك) پ. توڭگۇز،
چوشقا: خۇكبانلىق — چوشقا
باقۇچىلىق.
**خۇلد** (خلد) پ. مەڭگۈلۈك،
ئەبەدىلىك؛ جەننەت.
**خۇلد ئايىن** (خلد آيين)
پ. جەننەتتەك بىزەكلىك.
**خۇلدبەرىن** (خلدبرين) پ.
جەننەت.
**خۇلد رىزۋان** (خلد ريزوان)
پ. جەننەت.
**خۇلەفا** (خلغا) ئ. خەلىپىلەر،
ئىز باسارلار.
**خۇلۇۋ** (خلو) ئ. بوشلۇق،
خالى.

**خۇلۇس** (خلوص) ئ. خالى-
سلىق، توغرىلىق: خۇلۇس
قەلب — چىن كۆڭۈل.
**خۇم** (خوم) پ. كوزا، كۈپ؛
چوڭ دۇمباق؛ ئۈزۈن سۇناي:
خوم شەراب — هاراق
كوزىسى.
**خۇمار** (خمار) پ. يېرىم مەس
هالەت، مەسلىكتىن كېيىن-
كى باش ئايلىنىش؛ مەسلىك-
تىكى كۆزنىڭ خۇمارلىشىشى؛
خۇمار ئالۇد — شىر كەيپ؛
خۇمارزەدە — مەس، شىر
كەيپ.
**خوماسى** (خماسى) ئ. بەش
هەرپلىك سۆز؛ بەش...دىن
تەركىپ تاپقان.
**خۇمس** (خمس) ئ. بەشتىن
بىر.
**خۇمۇل** (خمول) ئ. مەلۇم-
سىزلىق، ئېنىقسىزلىق.
**خۇمخانە** (خمخانه) پ.
مەيخانا.
**خۇن** (خون) پ. قان،
**خۇناب** (خوناب) پ. قانلىق
ياش، ئاچچىق يىغا؛ قان

ئارىلاش سۇ.

**خۇنابە** (خونابە) پ. يۇقۇرى-
دىكىگە ئوخشاش.

**خۇن ئالۇد** (خون آلود) پ.
قانغا بۇلغانغان.

**خۇن ئاشام** (خون آشام) پ.
قان ئىچكۈچى.

**خۇن ئامىز** (خون آميز) پ.
قان ئارىلاش، قانلىق.

**خۇن پالا** (خون پالا) پ.
قان يۇقى، قانغا بولغانغان.

**خۇنبار** (خون بار) پ. قانلىق
ياش تۆككۈچى، ئاچچىق
يىغلىغۇچى. شېئىردا مۇنداق
كەلگەن: ئاھ مۇيەسسەر
بولمىدى كۆڭلۈمدە ئارمانىم
مېنىڭ، بۇ جەھەتتىن تامدى
يەرگە ئەشكى خۇنبارىم مې-
نىڭ.

(موللا بىلال)

**خۇنبەر** (خون بر) پ. "خۇن-
بار"غا ئوخشاش.

**خۇن بەھا** (خون بها) پ.
قان باھاسى (ئۆلتۈرۈلگەن
كىشى ئۈچۈن تۆۋەن تۆلەم).

**خۇنخار** (خون خوار) پ.
قانخور.

**خۇنخارە** (خون خوارە) پ.
قان يۇتقۇچى؛ قاتتىق قايغۇ
چەككۈچى.

**خۇنرىز** (خونريز) پ. قان
تۆككۈچى، قان ئاققۇزغۇچى؛
رەھىمسىز.

**خۇن فىشان** (خون فشان) پ.
قان چاچقۇچى؛ ئۆلتۈر-
گۈچى.

**خۇنى** (خونى) پ. قېنىدىن
كەچكەن، پىدايى، جان
قىيار؛ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىن-
غان؛ قىزىل رەڭ.

**خۇنىن** (خونين) پ. قانلىق.

**خۇنياگەر** (خنياگر) پ.
سازەندە، ناخشىچى: خۇنيا-
گەرلىك — سازەندىلىك،
ناخشىچىلىق.

**خۇنيەگەر** (خنيەگر) پ.
يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**خۇنسى** (خنثى) ئ. خۇمسى،
ئەرلىگى ھەم خوتۇنلۇغى بار
كىشى.

# ھ

ھابت (ھابط) ئ. تۆۋەنلە-
ۋاتقان، چۈشۈۋاتقان.
ھابتە (ھابطە) ئ. يۇقۇرد-
دىكىگە ئوخشاش.
ھاتىف (ھاتف) ئ. قىچقار-
غۇچى، تاۋۇش چىقارغۇچى؛
شۇئار توۋلىغۇچى؛ غايىپتىن
ئىشتىلگەن تاۋۇش: ھاتىفدىن
خەۋەر ئالدى.
ھاتەم (حاتم) ئ. ئەسلىدە بۇ
سېخىلىق، مەردلىك، قولى
ئوچۇقلۇق بىلەن داڭ چىقار-
غان بىر كىشىنىڭ ئىسمى بولۇپ،
كېيىن بۇ ئات سېخى،
سېخىلىق، مەردلىك، مەرد،
سېخى ئادەم دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ
قالغان: ھاتەملىك — سېخى
لىق: ھاتەمى — سېخى،
مەرد؛ ھاتەم بەخشى —
سېخىلىق؛ بەتخەشلىك.
ھاج (حاج) ئ. ھاجى، ھەج
قىلغۇچى (كۆپلۈكى
"ھوججاج").
ھاجىب (حاجب) ئ. ياپقۇچ،
پەردە، توسقۇچ؛ ئىشىك باقار،
دەرۋازىۋەن، پەردەدار؛
قاش: ھاجىب ئولماق —
توساق بولماق.
ھاجات (حاجات) ئ. ھاجەت-
لەر، ئېھتىياجلار (بىرلىكى
"ھاجەت").
ھاجى (حاجى) ئ. "ھاج"غا
قاراڭ.
ھاجىر (ھاجر) ئ. كۆچكۈچى؛
كۆچكەن، ئايرىلغان.
ھاجىس (ھاجس) ئ. سېغىن-
ماق، ئەسلىمەك، ياد ئەتمەك
(كۆپلۈكى "ھاۋاجىس").
ھاج ۋاج (ھاج ۋاج) ئ. قاتتىق

چۆچۇگەن، ھالڭ ـ تاڭ قالغان.
**ھادى** (ھادى) ئ. توغرا يول كۆرسەتكۈچى، داھى، ھىدايەت قىلغۇچى، يول باشلىغۇچى، يېتەكچى: ھادى كامىل ـ ماھارەتلىك يول باشلىغۇچى، تەجرىبىلىك رەھبەر.
**ھادىم** (ھادم) ئ. يىمىر-گۈچى، بۇزغۇچى؛ خاراپ بولغان، بۇزۇلغان، يىمىرىل-گەن: ھادىمللەززەت ـ پۈتۈن لەززەتنى يوقاتقۇچى ئۆلۈم.
**ھادىس** (حادث) ئ. يېڭى پەيدا بولغان، كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان.
**ھادىسات** (حادثات) ئ. "ھادى-س"نىڭ كۆپلۈكى.
**ھار** (حار) ئ. ئىسسىق، قىزىق، ھارارەتلىك: ھاررى يابىس ـ قۇرۇق ئىسسىق (تىبابەتتە).
**ھارره** (حاره) ئ. يۇقۇرىدى-كىگە ئوخشاش: بىلاد. ھارره ـ ئىسسىق يەردىكى

شەھەرلەر.
**ھارىب** (هارب) پ. قاچقۇچى، قاچقۇن.
**ھارىس** (حارث) ئ. ئېكىنچى، دىخان، تېرىقچى.
**ھارىس** (حارس) ئ. قاراۋۇل، پوس، قورۇقچى؛ شىر.
**ھازا** (هذا) ئ. بۇ، ئۇشبۇ: بىھازا ـ بۇنىڭ ئۈچۈن (كۆپلۈكى "ھۇرراس").
**ھازىق** (حازق) ئ. بەك بىلىملىك، تەجرىبىلىك، ئۇستا، ماھىر: تەبىب ھازىق ـ تەجرىبىلىك، ئۇستا دوختۇر، تېۋىپ.
**ھازىم** (هاضم) ئ. ھەزىم قىلغۇچى، سىڭدۈرگۈچى؛ ھەزىم بولۇشلۇق، سىڭىشلىك: بۇ ئاش بەك ھازىمدۇر.
**ھازىمە** (هاضمه) ئ. ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى؛ ھەزىم قىلىش ئەزاسى.
**ھازەل قىياس** (هذالقياس) ئ. شۇ يوسۇندا، شۇنداق قىلىپ.
**ھاسىد** (حاسد) ئ. ھەسەت

قىلغۇچى، كۈنچىلىك قىلغۇچى، ئىچى تار.

**ھاسسە** (حاسه) ئ. ئادەم ۋە ھايۋانلاردا بولىدىغان سەزگۈ.

**ھاسسەتىلبەسەر** (حاسةالبصر) ئ. كۆرۈش سېزىمى.

**ھاسسەتىلزەۋق** (حاسهالذوق) ئ. تېتىش سېزىمى.

**ھاسسەتىلسەمئ** (حاسةالسمع) ئ. ئاڭلاش سېزىمى.

**ھاسسەتىللەمس** (حاسةاللمس) ئ. بەدەن سېزىمى.

**ھاسسەتىلشەممى** (حاسةالشم) ئ. پۇراش سېزىمى.

**ھاشا** (حاشا) ئ. ھېچ، ھېچ-بىر، ھېچقاچان؛ ئەلۋەتتە؛ ساقلىسۇن: ھاشاللاھ — خۇدا ساقلىسۇن.

**ھاشىيە** (حاشيه) ئ. بىركىتاپ-نىڭ ئىچىدىكى بەزى سۆز-لەرنى ئوچۇق بايان قىلىپ، كىتاپنىڭ چېتىگە يېزىلغان سۆزلەر (كۆپىنچە "ھاۋاشى").

**ھاشە** (حاشه) ئ. "ھاشا"غا قاراڭ.

**ھافىز** (حافظ) ئ. ساقلىغۇچى، ياد ئالغۇچى.

**ھافىزە** (حافظه) ئ. كۆڭۈلدە ساقلاش كۈچى، يادلاش كۈچى، ئەستە تۇتۇش كۈچى.

**ھاككاك** (هككاك) پ. تاش كېسىدىغان پىچاق؛ قاشلىغۇچ.

**ھاكىم** (حاكم) ئ. ھۆكۈم قىلغۇچى، قازى.

**ھائىت** (حائط) ئ. تام؛ توساق، توسالغۇ.

**ھائىز** (حائز) ئ. ئىچىگە ئالغان، يىغقان؛ ئىگە، ساھىپ.

**ھائىل** (حائل) ئ. توساق، پەردە؛ پۈتلىكاشاڭ.

**ھايىل** (هايل) ئ. قورقۇنچ-لۇق، دەھشەتلىك؛ پاجىئە-لىك، ئېچىنىشلىق؛ يوغان، زور، بۈيۈك، گىگانت: نەئ-رەئى ھايىلە — دەھشەتلىك ھايقىرىق.

**ھايىل** (حايل) ئ. "ھائىل"غا قاراڭ.

**ھائىل** (هائل) ئ. "ھايىل"غا

قاراڭ.

**هال** (حال) ئ. هالەت، ئەھۋال؛ سالامەتلىك ئەھۋالى؛ كەيپىيات؛ روھلانماق، خۇشاللانماق، كۆڭۈل ئاچماق؛ هازىر، ئەمدى.

**هالا** (حالا) ئ. مۇشۇ چاغدا، هازىرقى ئەھۋالدا.

**هالات** (حالات) ئ. "هالەت" نىڭ كۆپلۈگى.

**هالبان** (هالبان) پ. ئىشكباقار.

**هالى** (حالى) ئ. دەرھال، هازىر، تېزدىن، شۇ ئاندىلا؛ ئەندى.

**هالى ئەبتەر** (حالى ابتر) ئ. هالى يامان بولماق، ئايىغى ئۈزۈلمەك.

**هاليە** (حاليە) ئ. "هالا"غا قاراڭ.

**هالك** (هالك) ئ. هالاك بولغان، تۈگىگەن، ئۆلگەن.

**هالە** (هالە) ئ. ئاي گەردىشى، ئاي قاراڭغۇلاشقاندا ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالغان چۆگۈلمەچ، گىرداب؛ ئاي قوتانلاش، ئاي ياكى قۇياشنىڭ گەردىش باغلىشى.

**هامە** (هامە) پ. تۆت پۇتلۇقلار؛ هايۋاننىڭ بېشى، باش قىسمى؛ باشلىق، قەبىلە باشلىغى؛ هۇقۇش.

**هامى** (حامى) ئ. يۆلەك، يۆلىگۈچى، ئاسرىغۇچى، ھىمايىچى، ياقلىغۇچى، ئاقلىغۇچى.

**هامز** (حامض) ئ. ئاچچىق، كىسلاتا، قىشقىل.

**هامش** (هامش) ئ. كىتاپنىڭ چېتىگە يېشىپ يېزىلغان سۆزلەر ياكى كىتاپنىڭ ئاخىرىغا يېزىلغان سۆزلەر.

**هامل** (حامل) ئ. كۆتەرگۈچى، سۆيەنچ: هامىلە — بالا كۆتەرگۈچى؛ هامىلەدار — ئىككىقاقات، ئېغىرئاياق.

**هامله** (حامله) ئ. ئېغىرئاياق خوتۇن.

**هامۇن** (هامون) پ. تۈزلەڭ، دەشت، چۆل، دالا، ۋادە.

**هان** (هان) پ. توغرا، راست!

دىققەت! تېز!
**ھانگى** (ھانگى) پ. قايسى:
ھانگى مەملىكەتتىن كەلدى-
ڭىز؟
**ھانىس** (حانث) ئ. ئانتنى
بۇزغان، قەسەمدىن يېنىۋال-
غان.
**ھاۋاجىس** (ھـواجـس) ئ.
"ھاجىس"قا قاراڭ.
**ھاۋى** (حاوى) ئ. ئىچىگە
ئالغان، قاپلاپ ئالغان.
**ھاۋىيە** (ھاۋيە) ئ. جەھەن-
نەم، تومۇغ، دوزاخ؛ تۆۋى
يوق غار.
**ھەب** (حب) ئ. كۇمۇلاچ،
ئۇرۇق؛ تىبابەتچىلىكتىكى
يۇمىلاق دورىلار؛ دان، دانە.
**ھەبائ** (ھباء) ئ. چاڭ، توزاڭ؛
بىھۇدە، بىكارغا كەتكۈزمەك:
ھەبا ئەيلىمەك — سورۇپ
تاشلىماق.
**ھەببە** (حبه) ئ. "ھەب"كە
قاراڭ.
**ھەبىب** (حبيب) ئ. دوست، يار،
مەھبۇپ، سۆيۈملۈك، دىلى
بىلەن ياخشى كۆرگۈچى:
ھەبىبۇللاھ — خۇدانىڭ
دوستى.
**ھەببەزا** (حبزا) ئ. نىمەدېگەن
ياخشى! (ئۇندەش).
**ھەبەشى** (حبشى) ئ. ھەبەش،
ھەبەشستانلىق.
**ھەبس** (حبس) ئ. ياپماق،
قامىماق، بەك تۇتماق،
سولىماق.
**ھەبسخانە** (حبسخانە) ئىپ.
قاماق، تۇرمە.
**ھەبل** (حبل) ئ. يىپ، باغ:
ھەبلى مەتىن — ئۈزۈلمەس
يىپ؛ ھەبلۇل ۋەرىد —
بويۇن تومۇرى.
**ھەتتا** (حتى) ئ. ھەتتا، شۇ
قەدەر، شۇ دەرىجە.
**ھەجاز** (ھجاز) ئ. ئوخشىتىش،
قىلىقلاندۇرۇش، مېتافورا.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
ئەي زەلىلى بۇ نە سۆزدۇر
دەپ مېنى ئەيىب ئەتمىگىل،
جىلۋە بەرمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ
ھەجازى بولمىسا.
(زەلىلى)
**ھەجاد** (ھجاد) ئ. ئېيتىپ

ئوقۇماق، ھەرپلەرنى بىردىن ـ
بىردىن ئوقۇماق: ھەجالە ـ
مەك ــ ھەجىلمەك.
ھەججام (حجام) ئ. بەدەن ـ
دىن قان ئېلىپ داۋالىغۇچى،
قان ئالغۇچى.
ھەجر (هجر) ئ. ئايرىلماق،
پىراق، تاشلىماق، قويماق،
ھىجران.
ھەجلە (حجله) ئ. چىمىلدىق،
پەردە: ھەجلەئى ناز ــ ناز
پەردىسى، ئەركىلەش.
ھەجلەنشىن (حجلەنشين) ئپ.
پەردە ئىچىدە ئولتۇرغۇچى:
نومۇسلۇق.
ھەجەر (حجر) ئ. تاش: ھەجە ـ
رىلئەسۋەد ــ بەيتۇللادىكى
تاش، قاراتاش.
ھەجۋى (هجو) ئ. كىكتىش،
كىكتىمە، مەسخىرە، ساتىرا.
ھەجىم (حجم) ئ. نەرسىنىڭ
چوڭلۇغى، كۆلەم.
ھەد (حد) ئ. چەك، چېگرا:
دەرىجە: ھەق، ھوقۇق،
ئىختىيار: تەرەپ، تامان:
ھەدسىز ــ چەكسىز: ھەددى

ۋەسەت ــ ئوتتۇرا دەرىجە.
ھەدداد (حداد) ئ. تۆمۈرچى.
ھەداسەت (حداثت) ئ. يېڭى ـ
لىق: ياشلىق. نەۋقىرانلىق:
سىننى ھەداسەت ــ ياشلىق
چېغى.
ھەدايا (هدايا) ئ. "ھەدىيە"
نىڭ كۆپلۈگى.
ھەدائىق (حدائق) ئ. باغلار،
گۈلزارلار (بىرلىگى "ھەدى ـ
قە").
ھەدىد (حديد) ئ. تۆمۈر.
ھەدىس (حديث) ئ. سۆز،
يېڭى، خەۋەر: پەيغەمبەر
سۆزى.
ھەدەر (هدر) ئ. ناھەق قان
تۆكۈش، ئەرزىمەي قېلىش.
ھەدىقە (حديقه) ئ. "ھەدائىق"
قا قاراڭ.
ھەدەس (حدث) ئ. تاھارەت
بۇزۇلماق، تاھارەتسىزلىك:
ئىلىم نەۋىدە ھەر بىر پېشىل ـ
دىن ئاگىلىنىدىغان ئىش،
ۋەقە.
ھەدەر (هدر) پ. بىھۇدىلىك،
قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك،

ئەرزىمەس.

**هەدەف** (هدف) ئ. بەلگە، قارا، نىشان، مولجال قىلىن-غان جاي؛ مەقسەت، ئوي.

**هەدەقە** (حدقه) ئ. كۆز قارىچۇغى.

**هەدەم** (هدم) ئ. يىمىرمەك، ئۇۋاقلىماق، ئاغدۇرماق، ئۆرمەك: پۈتۈن بىنالارنى هەدەم ئەتتۈردى.

**هەر** (هر) پ. هەربىر، پۈتۈن: هەركەس — هەربىر ئادەم، پۈتۈن خەلق؛ هەرناسىل — هەر ئىنچۈك.

**هەر ئايىنە** (هرآيينه) پ. هەرقانداق، قانداق بولمىسۇن.

**هەرارەت ئامىز** (حرارت آمىز) ئىپ. هارارەتلىك، قىزغىن.

**هەرارەت پەزىر** (حرارت پزير) ئىپ. هارارەتلىك، قىزىغۇچى.

**هەرارەت فىزاي** (حرارت فزاى) ئىپ. هارارەتنى ئارت-تۇرغۇچى.

**هەرراز** (حراز) ئ. ساقلىغۇچى، قورۇقلىغۇچى.

**هەراس** (هراس) پ. قورقماق، دەگدىمەك.

**هەراسان** (هراسان) پ. قور-قۇنچاق؛ قورقىقان، قورقىقان هالدا.

**هەراسە** (هراسه) پ. قورقۇنچ، سەراسىم.

**هەراسەت** (هراست) پ. هەيۋەت.

**هەرامى** (حرامى) ئ. ئوغرى، يول توسار؛ ئالدامچى.

**هەرام نەمەك** (حرام نمك) ئ. ياخشىلىقنى بىلمەسلىك، تۇز كورلۇق، ۋاپاسىزلىق.

**هەرب** (حرب) ئ. سوقۇش، ئۇرۇش، ئىتىش.

**هەربى** (حربى) ئ. سوقۇشقا تېگىشلىك بولغان، ئۇرۇشنىڭ-كى، هەربى ئىشلار.

**هەربە** (حربه) ئ. نەيزە.

**هەرج** (هرج) ئ. تەرتىپسىز، چېچىلاڭغۇ؛ تاۋۇش، شاۋشۇۋ: هەرج مەرج بولغان — ئاس-تىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن.

**هەرزە** (هرزه) پ. بوش، بىهۇدە سۆز، بىكار سۆز،

پايدىسىزگەپ.

**ھەرزەگەرد** (هرزه‌گرد) پ. بىھۇدە كەزگۈچى، پايدىسىز ئايلانغۇچى.

**ھەرگا** (هرگاه) پ. ھەرۋاقىت، ھەر دەم، دائىم، ھەمىشە.

**ھەرگۈزەر** (هرگذر) پ. ئۆتكۈنچىلەر.

**ھەرف** (حرف) ئە. ھەرپ؛ بەلگۈ، نىشان؛ سۆز: ھەرف سۇرمەك — سۆزلىمەك؛ ھەرف ىندا — ئۇندەش سۆز.

**ھەرق** (حرق) ئە. قۇيدۇرماق، قۇيماق.

**ھەرىر** (حرير) ئە. يىپەك، يۇپقايىپەك توقۇلما.

**ھەرىس** (حريص) ئە. ئاچكۆزلۈك، تاماخور، بىرەر نەرسىگە بىرىلگەن ھىرسلىق.

**ھەرىق** (حريق) ئە. يانغىن، ئوت كەتمەك، ئوت ئاپىتى، كۆيگۈچى، كۆيدۈرگۈچى؛ ھەرىق ئەتمەك — كۆيدۈرمەك؛ ھەرىق بولماق — كۆيمەك: ھەرىق زەدە — ئوت ئاپىتىگە ئۇچرىغان

(كىشى).

**ھەرىف** (حريف) ئە. قارشى، مۇقابىل؛ شېرىك، كەسىپداش؛ ئۇلپەت، ئاغىنە.

**ھەرەج** (حرج) ئە. قىيىنچىلىق، قاتتىقلىق، مۇشەققەتلىك.

**ھەرەكات** (حركات) ئە. ھەرىكەتلەر، تەۋرىنىشلەر، قىمىرلاشلار. (بىرلىكى "ھەرىكەت").

**ھەرەم** (حرم) ئە. خاس جاي، ئۆز ئەھلى بولمىغان كىشىلەر كىرگۈزۈلمەيدىغان جاي، ئىچكىرىكى ھويلا؛ خوتۇن؛ كەئبە، چەكلەنگەن جاي، مەسچىت: ھەرەمى خاس — ئاللاھىدە ھەرەم؛ سۆيۈكلى (خاس) خوتۇن.

**ھەرەم سەرا** (حرم سرا) ئىپ. پادىشا ۋە دۆلەتمەن كىشىلەر سارىيىدا خوتۇنلارغا مەخسۇس ئىچكى ھويلا، ئوردا.

**ھەرەم ساراي** (حرم سراى) ئىپ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**ھەرەمەين** (حرمين) ئە. مەككە، مەدىنە شەھەرلىرى.

**ھەرۇن** (حرون) ئ. سەركەس، قەيسەر.

**ھەز** (حظ) ئ. ئۇلۇش، نېسۋە، بەھرە، لەززەت. تەم؛ شادلىق، بەخت.

**ھەزار** (هزار) پ. مىڭ.

**ھەزار** (هزار) ئ. بۇلبۇل، ساندۇغاچ.

**ھەزاران** (هزاران) پ. نەچچە مىڭلىغان.

**ھەزاربار** (هزاربار) پ. مىڭ مەرتىۋە.

**ھەزاردەستان** (هزاردستان) ئ. بۇلبۇل.

**ھەزارفەن** (هزارفن) ئىپ. تۈرلۈك ھۈنەرلەر.

**ھەزارەت** (حظارت) ئ. شەھەر تۇرمۇشى؛ مەدەنىيەت.

**ھەزاروھزار** (هزاروهزار) پ. مىڭ ـ مىڭلاپ.

**ھەزاقەت** (حزاقت) ئ. تېۋىپ-لىك؛ ماھىرلىق، بىلىمدانلىق.

**ھەزانەت** (حضانت) ئ. باقماق، پەرۋىش قىلماق.

**ھەزرەت** (حضرت) ئ. ھوزۇر، ئالد؛ جاناپ، ھۆرمەتلىك:

ھەزرەتى ۋالا ــ جاناپ، جاناپلىرى. ھەزرەتى ئالى ــ جاناب ئالىلىرى.

**ھەززال** (هزال) ئ. ھەزىل-چى، مازاقچى، قىزىقچى.

ئۇلۇش، نېسۋە، بەھرە، لەززەت، تەم.

**ھەززە** (حظ) ئ. ھالاۋەت. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: بەشىنچىدۇر خىيالى ھەزز-دىن خۇش، نېچۈك قىلغاي ۋىسالى جامدىن نۇش.

(خىرقىتى)

**ھەزىز** (حضيض) ئ. ئەڭ تۆۋەن، تۆۋى يوق غار.

**ھەزىل** (هزل) ئ. چاقچاق، چېقىشىش، ئويۇن، ئەمەك.

**ھەزىلكەش** (هزل كش) ئىپ. ھەزىلچى، چاقچاقچى.

**ھەزىلىيات** (هزليات) ئ. چاخ-چاق سۆزلەر، ھىكايەتلەر، ھەزىللەر.

**ھەزىمەت** (هزيمت) ئ. ئار-قىغا قايتىش، چېكىنىش: ھەزىمەت ئەيلىمەك ــ چېكىن-مەك، قاچماق.

**ھەزىن** (حزين) ئ. قايغۇلۇق، مۇڭلۇق، غەمكىن، ھەسرەتلىك: ھەزىن نەغمە — مۇڭلۇق كۈي؛ ھەزىن تەرانە — مۇڭلۇق كۈي، غەمكىن ناخشا؛ ھەزىنلىك — غەمكىنلىك. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئەگەر سەن بولمىساڭ گۈلدەك چىمەندە، كىشى نىتكەي ئۇشال بەيتۇل ھەزەندە.

(لۇتفى)

**ھەزم** (خزم) ئ. ھوشيارلىق، ئېھتىياتچانلىق؛ قەتئىلىك.

**ھەزەر** (حضر) ئ. بىر جايدا تۇرغۇنلۇق (سەپەرنىڭ قارشىسى)، شەھەرتۇرمۇشى، تۇراقلىق تۇرمۇش. م: ھەزەرۇلمەۋت — ئۆلۈم ئالدى، ئۆلۈم ھالىتى، ئۆلۈش پەيتى.

**ھەزەر** (حذر) ئ. ئېھتىياتچانلىق، ساقلىنىش.

**ھەزەرات** (حضرات) ئ. جاناپلار، ھەزرەتلەر.

**ھەزەيان** (هذيان) ئ. بوش سۆزلەر، پايدىسىز گەپلەر، قۇرۇق سۆزلەر.

**ھەزەيانات** (هز يانات) ئ. "ھەزەيان"غا قاراڭ.

**ھەزن** (حزن) ئ. قايغۇ، غەم، ھەسرەت.

(كۆپلۈكى ئەھزان").

**ھەسب** (حسب) ئ. ھەسبى مال — ئۆز ئەھۋالىنى بىلدۈرمەك، تونۇشتۇرماق؛ تۇرمۇش، كۆن كەچۈرۈش دەرىجىسى.

**ھەست** (هست) پ. بار، بارلىق، مەۋجۇت؛ مېغىز.

**ھەستە** (هسته) پ. مېغز، ئۆزەك، يادرۇ: ھەستە رەھبەر — رەھبەرلىك ئۆزىگى، يادروسى.

**ھەستى** (هستى) پ. تۇرمۇش، بارلىق، مەۋجۇدىيەت.

**ھەستەدار** ( هستەدار ) پ. مېغىزلىق، ئۆزەكلىك.

**ھەسر** (حصر) ئ. چەكلىمەك، قىسماق. توختاتماق؛ چېگرا، چەك: ھەسر بولماق — سىقىلماق.

**ھەسساس** (حساس) ئ. بەك سەزگۈر، تۇيغۇن.

**ھەسىر** (حصير) ئ. بورا،

بورىيا، چىپتا: ھەسىرسى
لىباس ــ بورىياغا ئوخشاش،
قوراق تون.
**ھەسرباف** (حصيرباف) ئىپ.
بورىيا توقۇغۇچى.
**ھەسىن¹** (حسين) ئ. قوبۇل
كۆرۈلگەن، مەقبۇل.
**ھەسىن²** (حصين) ئ. ئۆتۈپ
بولمايدىغان، مۇستەھكەملەن-
گەن: قورغان، قەلئە.
**ھەسەب** (حسب) ئ. يۈز،
ئابروي، داڭ، شۆھرەت،
شەرەپ، قەدىرلىك بولۇش.
**ھەسەد** (حسد) ئ. كۆنلىمەك،
ئىچى تارلىق قىلماق، قىزغان-
ماق.
**ھەسەدكار** (حسدكار) ئىپ.
ئىچى تار، قىزغانچۇق،
كۆنچى، ھەسەتخور.
**ھەسەن** (حسن) ئ. ياخشى،
چىرايلىق، گۈزەل: ۋەجھى
ھەسەن ــ گۈزەل يۈز.
**ھەسانات** (حسنات) ئ.
ياخشىلىقلار، ياخشى ئىشلار.
**ھەسەنە** (حسنه) ئ. گۈزەل
ۋە ياخشى ئىش، ياخشى

قىلىق.
**ھەسۇد** (حسود) ئ. ھەسەت
قىلغۇچى، كۆنلىگۈچى.
**ھەشت** (هشت) پ. سەككىز.
**ھەشتاد** (هشتاد) پ. سەكسەن.
**ھەشر** (حشر) ئ. توپلىنىش،
يىغىلىش، قىيامەت كۈنىدىكى
چوڭ يىغىلىش: قىيامەت
كۈنى.
**ھەشرگاھ** (حشرگاه) ئىپ. قى-
يامەتتە ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان
ئورۇن، جاي (دىنىي).
**ھەشەر** (حشر) ئ. توپ،
گۇرۇھ.
**ھەشەرات** (حشرات) ئ.
قۇرۇت-قوڭغۇزلار.
**ھەشەم** (حشم) ئ. يېقىن
كىشى، دائىم بىرگە بولغۇچى؛
قەبىلە، ئەل؛ مەرتىۋە،
دەرىجە.
**ھەشەمەت** (حشمت) ئ. داغ-
دۇغا، دەبدەبە، ياساداق؛
ئۇلۇغلۇق، ئۇلۇغ مەرتىۋە.
**ھەشۇ** (حشو) ئ. ئارتۇقچە
سۆز.
**ھەق** (حق) ئ. توغرا، راست

(سۆز)؛ لاياقەت؛ باھا.
**ھەقارەت** (حقارت) ئ. پەس كۆرمەك، سۆكمەك، خورلىماق.
**ھەققا** (حقا) ئ. ھەقىقەتەن، ھەقىقەتتە.
**ھەقايىق** (حقايق) ئ. ھەقىقەتلەر، چىنلىقلار (بىرلىكى "ھەقىقەت").
**ھەق گوي** (حق گوى) ئپ. توغرا ياكى ھەق سۆزلىگۈچى.
**ھەقىقەت بىن** (حقىقت بىن) ئ. ھەقىقەتنى كۆرگۈچى، ھەقىقەتچى.
**ھەقىر** (حقير) ئ. بىچارە، مىسكىن، خارلانغان، سارسىلغان، قەدىرسىز.
**ھەققۇللا** (حق الله) ئ. خۇدا ھەققى.
**ھەققۇنناس** (حق الناس) ئ. كىشى ھەققى، ئىنسانغا تېگىشلىك نەرسە.
**ھەفت** (ھفت) پ. يەتتە: ھەفتە ـــ يەتتە كۈنىنىڭ بىرلىكى، بىر يەتتە.
**ھەفتاد** (ھفتاد) پ. يەتمىش.
**ھەفتىيەك** (ھفتيك) پ. يەتتىدىن بىر (قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ يەتتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغۇچى كىچىك تاللانما، توپلام).
**ھەفترەڭ** (ھفت رنك) پ. يەتتە خىل رەڭ (ھەپرەڭ).
**ھەفتە قۇلزوم** (ھفت قولزوم) پ. يەتتە دەريا، يەتتە دەريانىڭ قوشۇلۇشى.
**ھەفتجۇش** (ھفت جوش) پ. ئەبجۇش، يەتتە خىل مېتالنىڭ ئارىلاشمىسى، قۇيما.
**ھەفتخان** (ھفت خوان) پ. ئەڭ قىيىن يول؛ رۇستەم ئۆتكەن دەھشەتلىك ۋە خەتەرلىك يەتتە مەنزىل.
**ھەفر** (حفر) ئ. قازماق، ئويماق
**ھەفرە** (حفره) ئ. قېزىلغان ئويمانلىق، چوڭقۇرلۇق، ئورا.
**ھەفىد** (حفيد) ئ. ئوغۇل نەۋرە (ئوغۇلنىڭ ئوغلى).
**ھەك** (حك) ئ. يونۇش، قىرىش، تاراشلاش.
**ھەككاك** (حكاك) ئ. قىممەتلىك تاشلارنى يونۇپ، تاراشلاپ،

بېزەكلىنگۈچى.

**هەكىم** (حكيم) ئ. تىۋىپ؛ دانىشمەن، پەيلاسوپ؛ ئاقىل ۋە بىلىملىك كىشى: هەكىمانە سۆزلەر — ئاقىلانە سۆزلەر.

**هەكىم ۋەش** (حكيم وش) ئىپ. هەكىم سۈپەت.

**هەي**[1] (حى) ئ. قىشلاق، يېزا.

**هەي**[2] (حى) ئ. تىرىك، جانلىق: هەي-لايمۇت — زادى ئۆلمەيدىغان.

**هەيات** (حيات) ئ. تىرىكلىك، جانلىق، هايات.

**هەياء** (حياء) ئ. ئۇيات، ئۇيۇلۇش، هايا.

**هەيهات** (هيهات) ئ. هەيران قالغاندا ياكى ئەپسۇسلەنگەندە ئىشلىتىلىدىغان ئۈندەش سۆز.

**هەيرەت** (حيرت) ئ. تاڭ قالماق، هەيران قالماق: هەيرەتبەخش — بەك ئەجەپلەندۈرگۈچى.

**هەيجا** (هيجا) ئ. ئۇرۇش، جەڭ، كۈرەش.

**هەيزە** (هيضه) ئ. ۋابا، خولىرا.

**هەيز** (حيض) ئ. ئاياللارنىڭ ئادەت كۆرۈشى.

**هەيكەل** (هيكل) ئ. زور گەۋدە؛ كاتتا ئىمارەت، ئۇلۇغ بۇتخانا، ئىبادەتخانا؛ شەكىل، كۆرۈنۈش؛ بويۇنغا ئېسىلىدىغان تۇمار.

**هەيسىيەت** (هيثيت) ئ. سەۋەپ، جەهەت، ۋاستە؛ ئېتىۋار، لاياقەت، قەدىر.

**هەيف** (حيف) ئ. ئەپسۇس، ئەتتەڭ: هەيف ئەتمەك — ئېچىنماق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئەگەر ئۇل مەيدە بولماس قۇۋۋەتى كەيف، ئاڭا ساقىدۇر پەيمانە ئېرۇر هەيف. (خىرقىتى)

**هەيئەت** (هيئت) ئ. شەكىل، سۇرەت، كۆرۈنۈش؛ ئاسمان ۋە يۇلتۇزلارنىڭ هەرتۈرلۈك هالىلىرىدىن سۆزلەيدىغان ئىلىم: ئەهلى هەيئەت — مۇشۇ ئىلىمنىڭ ئۆلىماسى؛ هەيئەت ئىلمىيە — ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈچۈن يىغىلغان كىشىلەر.

**هەيئەت پەزىر** (هيات پذير) ئ. شەكىللەنگۈچى، بىرەر شەكىلگە كىرگۈچى.

**هەين** (حين) ئ. ۋاقىت، زامان: هەين تائامدا — ئاش ۋاقتىدا.

**هەيەجان** (هيجان) ئ. هايا- جان، ئىچىدىن قورقىماق، ئاچچىقلانماق، قايىنىماق.

**هەيۇلا** (هيولا) ئ. يۇنان هەكىملىرىنىڭ ئېيتىشىچە، پۈتۈن ئالەمنىڭ ئەسلى بولغان ماددا؛ ياكى ئەڭ ئاۋۋالقى سۈرەت.

**هەيۋان** (حيوان) ئ. تىرىك نەرسە، جانلىق نەرسە؛ تىرىك- لىك، هايات: ئابى هەيۋان — تىرىكلىك سۈيى؛ چەشمەئى هەيۋان — تىرىك- لىك بۇلىغى.

**هەيۋان ۋەش** (حيوان وش) ئپ. هايۋانغا ئوخشاش.

**هەل** (حل) ئ. يەشمەك، بىر قىيىن مەسىلىنى ئايرىماق، تاپماق، چىقارماق؛ ئارىلاش- تۇرماق، ئەزمەك، ئېرىتمەك: زەرهەل — ئېرىتىپ يالىتىلغان ئالتۇن.

**هەلال** (هلال) ئ. "هىلال"غا قاراڭ.

**هەلاۋە** (حلاوه) ئ. هالاۋەت، لەززەت، زوق، شىرىنلىك؛ هالاۋەت كۆرمەك — راهەت كۆرمەك، لەززەت ئالماق.

**هەللاج** (حلاج) ئ. پاختىنى چىگىتىدىن ئاجراتقۇچى.

**هەللال** (حلال) ئ. هەل قىلغۇچى، ئاسانلاشتۇرغۇچى.

**هەلاهىل** (هلاهل) ئ. كۈچلۈك، ئۆلتۈرگۈچ: زەهرى هەلاهىل — ئۆلتۈرگۈچ زەهەر.

**هەلقە** (حلقه) ئ. سادىق، سەممى.

**هەم ئاغۇش** (هم آغوش) پ. قۇچاقلاشقان: هەماغۇش ئەيلىمەك — قۇچاقلىماق، بىرىكتۈرمەك.

**هەم ئاۋەرد** (هم آورد) پ. ئېلىشقۇچى، قارشىلاشقۇچى، دۈشمەن؛ هەماۋەرد بولماق — ئېلىشماق، قارشىلاشماق.

**هەماز** (هماز) پ. تۆھمەتخور،
بۆھتانچى.
**هەمايىل** (حمايل) ئ. يەلكە
ۋە قولتۇق ئارقىلىق ئۆتكۈ-
زۈپ تاقىلىدىغان باغ: قولنى
هەمايىل قىلماق — قولنى.
بىراۋنىڭ بوينى ۋە قولتۇغى-
دىن ئۆتكۈزۈپ قۇچاقلىماق.
**هەمامە** (حمامه) ئ. كەپتەر.
**هەمان** (همان) پ. تەڭ، بارا-
ۋەر، خۇددى ئۆزى، دەرھال،
دەررۇ.
**هەمانا** (همانا) پ. گويا،
قاچانكى، مادامكى.
**هەمانچە** (همانچه) پ.
ئاشۇنچە.
**هەماندىك** (هماندیك) پ.
ئاشۇنداق.
**هەممال** (حمال) ئ. يۈك
توشۇغۇچى.
**هەممام** (حمام) ئ. مونچا.
**هەمبەر** (همبر) پ. باراۋەر،
تەڭ؛ يېتىشكەن.
**هەمپا** (همپا) پ. هەمرا،
يولداش.
**هەمپاي** (همپای) پ. يۇقۇرد-
دىكگە ئوخشاش.
**هەمپەر** (همپر) پ. بىللە
ئۇچقۇچى.
**هەمتا** (همتا) پ. ئوخشاش.
**هەمتەك** (همتك) پ. بىللە
يۈرگۈچى.
**هەمتەرىق** (همطریق) ئپ.
هەمرا، بىر يولدا ماڭغۇچى.
**هەمچون** (همچون) پ.
ئوخشاش.
**هەمخابە** (همخوابه) پ. بىرگە
ياتقۇچى، ياتاقداش؛
ئەر-خوتۇن.
**هەمد** (حمد) ئ. ماختاش.
**هەمدەست** (همدست) پ. قول-
داش، ئارقاداش: هەمدەس-
تانلىق — سۆھبەتداشلىق.
**هەمدۇش** (هم دوش) پ.
باراۋەر، تەڭ دەرىجىلىك؛
دوست.
**هەمراھ** (همراه) پ. يولداش،
هەمرا.
**هەمراز** (همراز) پ. سىرداش.
**هەمزاد** (هم زاد) پ. تۇققان،
قېرىنداش.
**هەمزەبان** (همزبان) پ.

سۆھبەتداش.

**ھەمسال** (ھم‌سال) پ. ياشداش، يىلداش.

**ھەمسايە** (ھمسايە) پ. خوشنا.

**ھەمسەبەق** (ھم‌سبق) پ. ھەمدەرس، سىنىپداش، ساۋاقداش.

**ھەمسەڭ** (ھم‌سنك) پ. ئېغىرلىقتا باراۋەر.

**ھەمسەير** (ھم‌سير) پ. بىرگە كەزگۈچى، يولداش.

**ھەمشىرە** (ھەمشيرە) پ. قىز قېرىنداش.

**ھەمشۇرب** (ھم شرب) پ. ئۈلپەت.

**ھەمقەد** (ھم قد) ئىپ. بويداش، تەڭداش.

**ھەمگان** (ھمگان) پ. ھەممە، بارلىق، بارچە، ئومۇمەن.

**ھەمگام** (ھم كام) پ. ھەمقەدەم، ھەمرا.

**ھەمكارە** (ھمكارە) پ. بىللە ئىشلىگۈچى، شېرىك.

**ھەمكاسە** (ھمكاسە) پ. شېرىك، ھەمتاۋاق.

**ھەمكىسۋەت** (ھم كسوت) پ. بىر خىل كىيىنگەن

**ھەمفەن** (ھم فن) ئىپ. كەسىپداش.

**ھەمىدە** (حميدە) ئە. ماختاشقا لايىق، ماختاشلىق: ئەخلاقى ھەمىدە — ياخشى ئەخلاق؛ ھەمىدە ئەفئال — ياخشى قىلىقلار؛ ھەمىدە خىسال — ياخشى خىسلەتلىك.

**ھەمىيەت** (حميت) ئە. ئار-نومۇسنى ساقلاش ۋە ئۇنى قوغداش.

**ھەمئىنان** (ھم عنان) ئىپ. بىرلىكتە بارغۇچى، يولداش، ھەمرا.

**ھەمىم** (حميم) ئە. ئىسسىق، قايناق.

**ھەمىن** (ھمين) شۇ، ماناشۇ.

**ھەمل** (حمل) ئە. كۆتەرمەك، يۈك، ئېغىرلىق: ھەمەللىك خوتۇن — يۈكلۈك خوتۇن، ئېغىرئاياق خوتۇن.

**ھەملە** (حملە) ئە. ھۇجۇم، ھۇجۇم قىلماق.

**ھەمە** (ھمە) پ. بارلىق، بارچە، پۈتۈن. (كۆپلۈكى

"هەمگان")

**هەمەل** (حمل) ئ. 3 ـ ئاينىڭ ئەرەپچە ئاتىلىشى.

**هەنا** (هنا) ئ. خەيرخاھلىق، ئىچىنماق، كۆيۈنمەك.

**هەنجار** (هنجار) ئ. تەرتىپ، قائىدە، يوسۇن، رەۋىش، يول، ئۇسۇل.

**هەنجام** (هنجام) پ. هورۇن، ئىرىنچەك، لۇكچەك.

**هەنگام** (هنگام) پ. چاغ، پەيت، غەنىمەت پەيت؛ يىغىن، ئولتۇرۇش: هەنگا ـ مەئارا ــ يىغىننى قىزىتقۇچى.

**هەنگامە** (هنكامه) پ. يىغىن، توپلىنىش. م: هەنگامە تۈزمەك ــ يىغىن قىلماق، توپلاشماق.

**هەننان** (حنان) ئ. تەڭرىنى بەك هۆرمەتلەپ ئىيتىلىدىغان سۆز .

**هەندەسە** (هندسه) ئ. گېئومې ـ ترىيە.

**هەنزەل** (حنظل) ئ. ئىت قوغۇنى، كەلپىغون.

**هەنۇز** (هنوز) پ. يەنە، تېخى، هازىرغىچە، هېلىغىچە، تېخىچىلا.

**هەۋ** (هو) ئ. پاراڭ، رىۋايەت؛ مىش ـ مىش گەپ، ئۆسەك.

**هەۋا** (هوا) ئ. ئارزۇ، مەيل، ئىستەك، هەۋەس؛ ئىشق، مۇھەببەت؛ هاۋا، كىلىمات؛ ئاۋاز، كۈي؛ ئۇچۇش، پەرۋاز. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: شەهرى خوتەندە ئوت كۆرۈپ بەرقى هەۋامىكىن دىدى، شۆئلەئى دۇد ئاه ئىرۇر بىلمەدى سەرهەددى قۇمۇل.

(زەلىلى)

**هەۋاخاه** (هواخواه) ئىپ. قوللىغۇچى، همايە قىلغۇچى، كۆيۈنگۈچى.

**هەۋائ** (هواء) ئ. پۈتۈن يەر يۈزىنىڭ ئۈستىنى ئوراپ ئالغان گاز، هاۋا.

**هەۋائى** (هوائى) ئ. هاۋاغا مەنسۇپ، هاۋا تۈسلۈك، هاۋارەك.

**هەۋۋائ** (حوا) ئ. هەزرىتى ئادەمنىڭ خاتۇنى (هاۋائانا)

**ھەۋادار** (هوادار) ئىپ. ئاشىق، سۆيگۈچى، ھەۋەسلىك؛ شاماللىق.

**ھەۋادىس** (حوادث) ئ. ھادىسىلەر، ۋەقەلەر، ئۆزگىرىشلەر، يېڭىلىقلار (بىرلىكى "ھادىسە")؛ ھەۋادىس ئەييام — زامان ئۆزگىرىشلىرى، كۈندىلىك ھادىسىلەر؛ ھەۋادىس ئەفلاك — زامان ھادىسىلىرى.

**ھەۋارىيۇن** (حواريون) ئ. ھەۋارىيلار (ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئەسھابىلىرى ۋە شاگىرتلىرى).

**ھەۋاس** (حواس) ئ. سەزگۈلەر، ھىسلەر: ھەۋاس خەمسە — بەش تۈرلۈك سەزگۈ: كۆرۈش سەزگۈسى، ئاڭلاش سەزگۈسى، پۇراش سەزگۈسى، تېتىش سەزگۈسى، بەدەن سەزگۈسى.

**ھەۋاشى** (حواشى) ئ. ھاشىيەلەر، كىتابنىڭ چېتىگە يېزىلغان نەرسىلەر "ھاشىيە"نىڭ كۆپلۈكى.

**ھەۋايى** (هوايى) ئ. بىقارار.

**ھەۋايىج** (حوايج) ئ. ھاجەتلەر، كېرەك بولغان نەرسىلەر (بىرلىكى "ھاجەت")

**ھەۋالى** (حوالى) ئ. ئەتراپ، ھەرياق.

**ھەۋالە** (حواله) ئ. ھاۋالە، تاپشۇرۇش، يۈكلەش.

**ھەۋالەت** (حوالت) ئ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**ھەۋان** (هوان) ئ. خورلۇق، ھاقارەت، تۆۋەنلىك.

**ھەۋدەج** (هودج) ئ. خوتۇنلارنى ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن تۆگىگە ئارتىلغان كاجىۋا.

**ھەۋرا** (حورا) ئ. "ھور"غا قاراڭ.

**ھەۋز** (حوز) ئ. بىرەر نەرسىنىڭ ئىچى، ئىچكى دائىرىسى.

**ھەۋز** (حوض) ئ. ياسالما كۆل، سۇچۆكقۇرى.

**ھەۋزە** (حوضه) ئ. كۆل؛ دائىرە.

**ھەۋسەلە** (حوصله) ئ. تاقەت، چىدام، ھەپسەلە.

**هەۋل** (هـول) ئ. قورقۇش، ئۈركۈش، دەھشەت: هەۋلناك — قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك، خەۋپلىك.

**هەۋل** (حـول) ئ. ئەتراپ ("هەۋالى" غا ئوخشاش).

**هەۋلى** (حويـلى) ئ. هويلا، قورو، ئىشىك ئالدى.

**هىبە** (هبه) ئ. بېغىشلىماق، بەخش قىلماق.

**هىجرى** (هجرى) ئ. هىجرىيە، هىجرەتكە مەنسۇپ، هىجرەتنىڭكى.

**هىجران** (هجران) ئ. "هەجر" گە قاراڭ.

**هىجرەت** (هجرت) ئ. ئۆزى تۇغۇلغان جايىنى تاشلاپ باشقا بىر جايغا كېتىش؛ مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈشى.

**هىجا** (هـجا) ئ. هەرپلەرنى ئايرىم-ئايرىم ئوقۇش؛ سۆز بوغۇمى؛ هەجۋى سۆزلەر: هىجا تۇمارى — بىمەنە، تۈرلۈك هەرپلەردىن تۈزۈلگەن تۇمار.

**هىجاب** (حـجاب) ئ. پەردە، ئارىلىقنى توساپ تۇرىدىغان نەرسە، توساق؛ كۆچ: ئۇيات، ئۇيۇلۇش.

**هىجار** (حـجار) ئ. تاشلار ("هەجەر"نىڭ كۆپلۈكى).

**هىجاز** (حجاز) ئ. مەككە-مەدىنە شەھەرلىرى جايلاشقان زېمىن: مۇزىكىدا بىر مۇقام نامى.

**هىدايەت** (هدايت) ئ. توغرا يول كۆرسەتمەك؛ توغرا يول ئىزدىمەك، تاپماق، توغرا يولغا كىرمەك؛ قۇتقۇزماق.

**هىددەت** (حدت) ئ. تېزلىك، ئۆتكۈرلۈك، قىزغىنلىق.

**هىراۋۇل** (هراول) قوشۇننىڭ ئىلغار قىسمى، ئالدىن يۈرەر قىسىم، رازۋېتكىچى قىسىم.

**هىراسەت** (حراثت) ئ. تېرىقچىلىق، دېخانچىلىق.

**هىرز** (حرز) ئ. سىغىنىدىغان، ساقلىنىدىغان جاي، پاناجاي؛ تۇمار: هىرزجان — جاننى ساقلاش تۇمارى.

**هرس** (حرص) ئ. بىرەر
نەرسىگە قاتتىق بېرىلمەك؛
تەمە، ئاچكۆزلۈك.
**هرس كىش** (حرص كيش)
ئپ. ئاچكۆز.
**هرفە** (حرفه) ئ. هۈنەر،
كەسىپ (كۆپلۈكى "هرەف").
**هرفەۋەر** (حرفەور) ئپ.
هۈنەر ئىگىسى، كاسىپ،
هۈنەرمەند.
**هرقەت** (حرقت) ئ. كۆيـ
مەك، يانماق؛ كۆيدۈرمەك،
ياندۇرماق؛ غەم، قايغۇ.
**هرمان** (حرمان) ئ. قۇرۇق
قالماق، مەهرۇم بولماق،
ئۈمىدسىزلىك.
**هزبر** (هزبر) ئ. شىر.
**هس** (حس) ئ. سەزگۈ،
تۇيغۇ.
**هسار** (حصار) ئ. قورغان،
قەلئە، ئىستىهكام: سەككىزىنـ
چى هسار — ئاسمان (كۆچمە
مەنىدە).
**هساري** (حصارى) ئ.
ئوراپ ئالغان، قورغانغا
قامالغان؛ قورغاندا تۇرغۇچى.

**هسسەمەك** (هصه مك) هس
قىلماق، سەزمەك.
**هفز** (حفظ) ئ. ساقلىماق،
كۆزەتمەك، يادلىماق؛ ساقـ
لانماق: ئەستە تۇتماق؛
هفز ئەتمەك — ئەستە تۇتـ
ماق، ياتلىماق؛ ساقلىماق،
ئاسرىماق؛ هفز سەهەت —
سالامەتلىكنى ساقلاش ۋە
ئۈنىڭ يوللىرى.
**هقد** (حقد) ئ. كەك، كىنا،
ئاداۋەت.
**هيەل** (حيل) ئ. هىلىلەر،
ئالدامىلار ("هىلە"نىڭ
كۆپلۈكى).
**هككە** (حكه) ئ. بەدەنگە
چىقىدىغان قوتۇر.
**هكمەت** (حكمت) ئ. هەرنەرـ
سىنىڭ سىرى، سىرلىق نەرسە؛
تەدبىر، سەۋەپ؛ بىلىمدانـ
لىق، دانىشمەنلىك، دانا سۆز؛
پەلسەپە: هېكمەت ئەتمەك —
دانا پىكىر بايان قىلماق؛
هېكمەت تەبىئىيە — جىسىمـ
لارنىڭ ئەهۋالى توغرىـ
سىدىكى ئىلىم، فىزىكا؛

ھېكمەتشۇناس — ھېكمەت بىلگۈچى ئالىملىك كىشى.

**ھكمەت جو** (حكمت جو) ئىپ، ھەكىم، دانىشمەن، پەيلاسوپ ھېكمەتپەرەس.

**ھكمەت پىشە** (حكمت پیشه) ئىپ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**ھكمەت ساز** (حكمت ساز) ئىپ. دانىشمەن.

**ھكمەت سرىشت** (حكمت سرشت) ئىپ. ھېكمەتلىك، يوشۇرۇن سىر.

**ھكمەت قىسىم** (حكمت قسم) ئ. ھكمەت سازغا ئوخشاش.

**ھكمەت ماب** (حكمت ماب) ئىپ. ھەكىم، دانىشمەن.

**ھلال** (هلال) ئ. يېڭى تۇغ-قان ئاي؛ كۆچ: سۆيگەن يارىنىڭ ئوغاق ئايغا ئوخشاش ئەگمە قېشى.

**ھلالى جام** (هلالی جام) ئ. ھىلال ئايغا ئوخشاش ئەگمە قەدەھ.

**ھللىيەت** (حليت) ئ. ھالال-لىق.

**ھلم** (حلم) ئ. يۇمشاق تەبىئەتلىك، يۇۋاشلىق؛ سەۋرچانلىق.

**ھمات** (حمات) ئ. يىلاك، يىلانچۇك، قوللىغۇچى.

**ھمار** (حمار) ئ. ئېشەك.

**ھمل** (حمل) ئ. ئارقىغا ياكى باشقا كۆتىرىلگەن يۈك.

**ھمەم** (همم) ئ. نىيەت، بىرەر ئىشقا ئۆرۈنماق ("ھىم-مەت"نىڭ كۆپلۈكى).

**ھىن** (حين) ئ. ۋاقىت، پەيت: ھىن تائامدا — ئاش ۋاقتىدا.

**ھنا** (حنا) ئ. خىنا (قولغا يېقىلىدىغان)

**ھننا** (حنی) ئ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**ھندۇ** (هندو) ھىندى، ھىن-دىلىق كۆچ: قارا تۇسلۇك؛ ھالى ھىندۇ — قارا ھال.

**ھنجار** (هنجار) ئ. "ھەن-جار"غا قاراڭ.

**ھۇب** (حب) ئ. ياراتماق، سۆيمەك، مۇھەببەت: ھۇببۇل ۋەتەن — ۋەتەن مۇھەببىتى، ۋەتەننى سۆيمەك؛ ھۇب-

بۇلىمال ــ مال يارىتىش، ياقتۇرۇش.
**هۇباب** (حباب) ئ. سۇ يۈزىدىكى كۆپۈك. كۆچ: ئاسمان گۈمبىزى.
**هۇبۇبات** (حبوبات) ئ. يەردىن ئۈسۈپ چىققان ئاشلىقلار، دانلار، زىرائەتلەر.
**هۇبۇت** (هبوط) ئ. چۈشمەك، تۆۋەنلىمەك.
**هۇججاج** (حجاج) ئ. ھاجىلار "ھاجى"نىڭ كۆپلۈكى.
**هۇجەج** (حجج) ئ. ھۆججەتلەر، دەلىللەر "ھۆججەت" نىڭ كۆپلۈكى.
**هۇجرە** (حجره) ئ. كىچىك بۆلمە، ئۆي.
**هۇدا** (هدا) ئ. توغرا يول، ھەق.
**هۇد هۇد** (هود هود) ئ. ھۆپۈپ.
**هۇدۇد** (حدود) ئ. "ھەد" چەك، چېگرا"نىڭ كۆپلۈكى.
**هۇدۇس** (حدوث) ئ. پەيدا بولماق، بارلىققا كەلمەك.
**هۇدۇئى** (حدوثى) ئ. پەيدا

بولىدىغان.
**هۇر** (حور) ئ. گۈزەل، ھۆسىندار قىزلار: ھۇرى ئەين ــ ئاق يۈزلۈك، قارا چاچلىق، قارا كۆزلۈك قىز.
**هۇراﺋ** (حوراء) ئ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.
**هۇرر** (حر) ئ. ئازات، ئەركىن؛ پاكىز؛ ئالىجاناپ؛ ئىسسىق، قىزىق.
**هۇرزاد** (حورزاد) ئ. ھۆردىن تۇغۇلغان، گۈزەل.
**هۇرلىقا** (حورلقا) ئ. ھۆر قىزلاردەك، جۇغى كېلىشكەن، ھۆرلىقا.
**هۇرۋەش** (حوروش) ئپ. ھۆرگە ئوخشاش، بەك گۈزەل.
**هۇرۇف** (حروف) ئ. "ھەرپ" نىڭ كۆپلۈكى.
**هۇرۇفات** (حروفات) ئ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.
**هوززار** (حضار) ئ. ھازىرلار، ھازىر بولغانلار (بىرلىكى "ھازىر").
**هۇزور** (حضور) ئ. كۆز ئالدى، ئالدى، ھازىر بولۇش،

بولۇش: ئارام.
**ھۇزۇز** (حظوظ) ئ. لەززەت-لەر، راھەتلەر (بىرلىكى "ھەز").
**ھۇزن** (حزن) ئ. قايغۇ، خاپىلىق، ھەسرەت، غەم (كۆپلۈكى "ئەھزان").
**ھۇزۇزات** (حظوظات) ئ. ئۇلۇشلەر، ھەسسىلەر، لەززەتلەر، تەملەر.
**ھۇسام** (حسام) ئ. قىلىچ، شاپ، شەمشەر.
**ھۇسۇل** (حصول) ئ. ھاسىل بولماق، قولغا كىرمەك.
**ھۆسن** (حسن) ئ. گۈزەللىك، چىراي، كۆرك: ھۆسن ئادا — گۈزەل ئىپادە، ياخشى ئۇسلۇب.
**ھۇش** (هوش) پ. سەزگۇ، ئەقىل-ئىدرەك: ھوشمەند-زىرەك كىشى.
**ھۆكەما** (حكما) ئ. ھەكىملەر، دانىشمەنلەر: تېۋىپلار (بىرلىكى "ھەكىم").
**ھۆككام** (حكام) ئ. ھاكىملار، باشلىقلار.
**ھۆكۈم فەرما** (حكم فرما) ئىپ. ھۆكۈم سۈرمەك.
**ھۇلقۇم** (حلقوم) ئ. تاماق، بوغۇز، كاناي (ھەلقۇمغا ئوخشاش).
**ھۇللە** (حله) ئ. زىننەتلىك كىيىم، تون، چاپان، سەرۇپا: ھوللە ئال — قىزىل رەڭلىك نەپىس كىيىم.
**ھۇلىيە** (حليه) ئ. بېزەك، زىننەت.
**ھۇلو** (حلو) ئ. شىرىنلىك، تاتلىقلىق.
**ھۇلۇل** (حلول) ئ. ئورۇن-لاشماق، كىرىشمەك، قاتناش-ماق: تەنگە جان ھۇلۇل ئەتتى؛ رامىزان ئېيى ھۇلۇل ئەتتى.
**ھۇما** (هما) ئ. بەخت قۇشى، ئەفسانىۋى قۇش، قۇش، ئاق قۇش.
**ھۇماي** (همای) ئ. يۇقۇر-دىكىگە ئوخشاش.
**ھۇمام** (همام) ئ. ھىممەت ئىگىسى، ھىممەتلىك كىشى.
**ھۇمايۇن** (هما يون) ئ. قۇت-

لۇق، سائادەتلىك ، مۇبارەك، ئالى، ئالى ھىممەتلىك، شاھانە.

**ھۇمرا** (حمرا) ئ. قىزىل: بادى ھۇمرا — قىزىل مەي.

**ھۇمرەت** (حمرت) ئ. قىزىل‌لىق، قىزىل تۈس.

**ھۇمىق** (حمق) ئ. ئەخمەقلىق، ئەقىلسىزلىق.

**ھۇمۇم** (هموم) ئ. قىيىنچىلىق، تەشۋىش، غەم، قايغۇلار.

**ھۇنەر** (هنر) پ. بىلىش، بىلىم، مەرىپەت، مەلۇمات، ئۇستىلىق، ماھىرلىق، ماھارەت؛ ئىنچىكە ئىشلار؛ سانائىي نەپىسە.

**ھۇنەركەدە** (هنركده) پ. سەنئەت مەكتىپى.

**ھۇنەرىستان** (هنرستان) پ. تېخنىكۇم، ھۇنەر - سەنئەت مەكتىپى.

**ھۇنەرپىشە** (هنرپیشه) پ. ئارتىس، ئۇستا.

**ھۇنەرۋەر** (هنرور) پ. قولى ئەپلىك، ماھىر، سەنئەتكار.

**ھۇۋەيدا** (هويدا) پ. ئېنىق، روشەن؛ ئاشكارا، بەلگىلىك.

**ھۇۋىيەت** (هويت) ئ. ماھىيەت، ھەقىقەت.

# د

**دا** (دا) ...دىن، ...تىن
قەدىمكى تۈركى تىلدا
چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى:
ئاندا كىرە ـ ئۈنگدىن
كېين.

**داب** (داب) پ. ھەشەمەتلىك،
ھەيۋەتلىك؛ ماختانماق،
ئۆزىنى كۆرسەتمەك.

**داب** (دأب) پ. ئادەت،
قىلىق، ئۆرپ ـ ئادەت. داب
ئەتمەك ـ ئادەت قىلماق.

**دابان** (دابان) داۋان،
كۆتەل.

**دابىه** (دابه) ئ. تۆت ئاياق ـ
لىق ھايۋان.

**دابۇسۇن** (دابوسون) تۇز،
شور.

**داج** (داج) پ. كېچە، تۈن،
قاراڭغۇ؛ مالاي، چاكار،
يۇك توشۇغۇچى. شېئىردا
مۇنداق كەلگەن: كۆزۈم
نۇرى كەتتى جەھان بولدى
داج، بەھلدۇرمەن ئەكنۇن
جان ئەتسە خىراج.
(ئا. نىزارى)

**داچەك** (داچك) پ. ھالقا،
زىرە.

**داخى** (داخى) تېخى، يەنە،
تاكى.

**داخىل** (داخل) ئ. كىرگۈچى،
كەلگەن، كەلگۈچى، ئىچكى؛
دولەت ئىچىدىكى.

**داخىلىيە** (داخليه) ئ. ئىچكى
ئىشلار.

**داھ** (داه) پ. دىدەك، ئايال
خىزمەتكار؛ بالا باققۇچى؛
سۈت ئانىسى، ئىنىگە ئانا.

**داھى** (داهى) ئ. تالانتلىق،
ئەقىللىق: داھىيانە ـ دانالىق
بىلەن.

**داھىس** (داھس) پ. سەينەك (تىرناق) ئەتراپى گۆشىنىڭ يىرىڭلىق ياللۇغى.

**داھۇل** (داھل) پ. قانچۇق؛ قەغەز يولۋاس.

**داد¹** (داد) پ. توغرىلىق، ئىنساپ، ئادالەت؛ شىكايەت، ئەرز؛ ئەدلىيە، كىسىم؛ ۋاقىرىماق، مۇراجىئەت قىلماق، ياردەم تىلىمەك؛ داد ئەيلەمەك — ئادالەت كۆرسەتمەك؛ داد دىمەك — ئەرز-ھالىنى ئېيتىپ ياردەم تىلەمەك: داد تىلىمەك — ئىنساپ تىلىمەك.

**داد²** (داد) پ. سوغا، تارتۇق، ھەدىيە.

**دادئالى** (داد عالى) ئې. يۇقۇرى سوت مەھكىمىسى.

**دادخاھ** (داد خواه) پ. ئەرز قىلغۇچى، ئادالەت ئىستىگۈچى؛ ئادالەت تەلەپ قىلغۇچى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئىشرەتى جەننەت تىلەپ زاھىد چېكەر مىڭ دەردۇ رەنىخ، كۆزلەرنى ئازۇردە قىلغان دادىخاھى ئۆزگەدۇر.
(گۇمنام)

**دادگاھ** (دادگاه) پ. سوت، مەھكىمىسى؛ قەبرىستان.

**دادگەر** (دادگر) پ. دادغا يەتكۈچى، ئەرز-ھالنى ئىشىتكۈچى، ئادالەتلىك.

**دادگۇستەر** (دادگستر) پ. ئادىل، ئادالەتلىك، توغرىچىل.

**داديار** (داديار) پ. بولۇشقۇچى، ئاقلىغۇچى، ئادۋوكات.

**دادەر** (دادر) پ. قېرىنداش، بۇرادەر: دادەر ئەرۇس — قېيىن ئىنى.

**دادنامە** (داد نامه) پ. ھۆكۈمنامە، ھۆكۈم خېتى؛ ئەرز خەت؛ نەسىھەت.

**دار¹** (دار) ئ. ئۆي، ھويلا، قورو، تۇرار جاي، يۇرت؛ خانا، ئىدارە؛ قەبىلە؛ شەھەر؛ دۆلەت: دارىلفۇنۇن — بىلىم يۇرتى، ئىلىم پەن ئۆگىنىلىدىغان جاي، ئورۇن؛ دارىلئۇلۇم — ئىلىملەر يۇرتى، جايى، ئورنى؛ دارەين — ئىككى

يۇرت يەنى دۇنيا بىلەن ئاخىرەت.

دار² (دار) پ. ئادەمنى ئې- سىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سىرتماق بېكىتىلىپ ئورنىتىل- غان خادا ياغاچ؛ ئات تاقى- لايدىغان ياغاچ قۇرۇلما؛ ئىشىك، دەرۋازا.

دار³ (دار) پ. سۆز بىرىكمە- سىدە "ساقلىغۇچى، تۇتقۇچى" مەنىلىرىدە كېلىدۇ: دەپتەر- دار — دەپتەر تۇتقۇچى؛ خەزىندار—خەزىنە تۇتقۇچى؛ ئەمەلدار — ئەمەل تۇتقۇچى.

دارا (دارا) ھەمىشە، دائىما، ئەبەدى، مەڭگۈ؛ جىلغا، چەت، ئۇچۇقچىلىق،

دارا (دارا) ئ. ئىگە بولغۇچى، ئىگەللىگۈچى؛ باي، كۈچلۈك؛ شاھ.

داراب (داراب) پ. ھەشەمەت- لىك، چىرايلىق؛ شەرەپ.

داراز (داراز) پ. ئېگىز، ئېگىز بويلۇق، ئۇزۇن.

دارايى (دارايى) پ. يىپەك- تىن توقۇلغان نازۇك توقۇلما، شاھى - ئەتلەس؛ بايلىق، مۈلۈك، مالىيە: ۋازارەت دارائى — مالىيە ۋازارىتى.

دارباز (دار باز) پ. داۋاز، سىرىكچى، سىم ئۈستىدە ماڭغۇچى.

داربەقا (داربقا) ئ. ئاخىرەت، ئۇ دۇنيا، جەننەت.

دارچىن (دارچين) پ. تەم- لىك، پۇراقلىق قوۋزاق.

دارفەنا (دارفنا) ئ. دۇنيا، بۇ دۇنيا ("دارىلفەنا").

دارىماق (داريماق) مەي- دانغا كەلمەك، پەيدا بولماق؛ يولۇقماق.

دارەندە (دارنده) پ. خەت توشۇغۇچى، خەت ئېلىپ بارغۇچى.

دارۇ (دارو) پ. دورا؛ دورا- دەرمەك؛ پوروخ.

دارۇتتەلەف (دارالتلف) ئ. يوق بولۇش ئۆيى (چۆچەك- لەردە ئېيتىلىدىغان ئۆي، ئۇنىڭغا كىرگەن كىشى يوق بولۇپ كېتەرمىش).

دارۇسسالام (دارالسلام)

ئ. جەننەت؛ خەتەرسىز مېھمانخانا.

**دارۇسسەلىخ** (دارالسلخ) ئ. قوشخانا.

**دارۇسسەلتەنە** (دارالسلطنه) ئ. پايتەخت.

**دارۇسسۇرۇر** (دارالسرور) ئ. شاتلىق ئۆيى.

**دارۇششىفا** (دارالشفا) ئ. شىپاخانا.

**دارۇغە** (داروغه) دورغا، دارغا، شەھەرلىك ساقچى باشلىغى، بازار بېگى؛ ئۆلكە باشلىغى، زۇڭدۇ، باش ۋالى؛ سوجاڭ.

**دارۇگىر** (داروگير) ئىپ. ئۇرۇش، توقۇنۇش، ئىسيان.

**دارۇلئامان** (دارالامان) ئ. قوغدىنىدىغان خەتەرسىز جاي، پاناجاي شېئىردا مۇن-داق كەلگەن: لەيلى باشىغا بالا ياغدۇردى بولەيلوناھار، چۈن پاناھ بولماقىغە ئى دارۇلئامانىم قايدا سەن. (ئا. نىزارى)

**دارۇلبەقائ** (دارالبقاء) ئ. "دارۇبەقا"غا قاراڭ.

**دارۇلبەۋار** (دارالبوار) ئ. دوزاخ، تاموغ، جەھەننەم.

**دارۇتتەرجىمە** (دارالترجمه) ئ. تەرجىمە بۆلۈمى؛ تەرجىمە ئىدارىسى.

**دارۇلھەۋادىس** (دارالحوادث) ئ. ھادىسىلەر ئۆيى. كۆچ: دۇنيا، ئالەم.

**دارۇلغۇرۇر** (دارالغرور) ئ. مەغرۇرلۇق ئۆيى. كۆچ: دۇنيا، ئالەم.

**دارولئەسەر** (دارالاثر) ئ. مۇزېي، بوۋۇگۇەن.

**دارولئىلىم** (دارالعلم) ئ. مەكتەپ.

**دارۇلئۇلۇم** (دارالعلوم) ئ. ئالى مەكتەپ، پەنلەر ئاكا-دېمىيىسى؛ بىلىم يۇرتى.

**دارۇلقەرار** (دارالقرار) ئ. "دارۇلبەقا"غا ئوخشاش.

**دارۇلقەزا** (دارالقضا) ئ. ئىدارە، مەھكىمە؛ ئۆلۈم جايى، تەقدىرنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى؛ سوت مەھكىمىسى.

**دارۇلقۇرب** (دارالقرب) ئ.

ئۆز يۇرتى، دايىمى تۇرۇش-
لۇق جاي.

**داس** (داس) پ. ئۇغاق
("داسە"مۇ دېيىلىدۇ. تىبىي
ئىلىمدە يامپاش ئىككى
سۆڭەكمۇ "داس" دېيىلىدۇ).

**داستار** (داستار) پ. كونا-
ياغام ساتقۇچى سودىگەر؛
ئارىچى، ۋاستىچى.

**داستان** (داستان) پ. چاچما
ۋە نىزما شەكىلدە ئېيتىلغان
ھېكايە، ئېرتەك، سەرگۇ-
زەشت، تارىخ ۋە شېئىرلار.

**داستانباز** (داستان باز) پ.
داستانچى، ھېكايىچى،
كۇيچى، مەدھىيىچى.

**داستانسارا** (داستان سرا)
پ. داستان توقۇغۇچى، داستان
ئېيتقۇچى.

**داش** (داش) پ. چوڭ قازان؛
ئوچاق، خومدان.

**داشاد** (داشاد) پ. سوغا؛
ھەق؛ خۇشاللىق.

**داشخار** (داشخار) پ. تۆمۈر
پوقى، تۆمۈر دېتى؛ داشقال.

**داشخال** (داشخال) پ. "داش-
خار"غا ئوخشاش.

**داشخانە** (داشخانە) پ. خىش
ۋە باشقا نەرسىلەر پىشۇرۇلى-
دىغان خومدان.

**داغ** (داغ) پ. كۆيۈك، كۆي-
گەن جاي؛ قىزىق، قايناپ
تۇرغان، بەلگە؛ ئىز، ئەسەر.
كۆچ: قايغۇ، ئەلەم، غەم؛ كۇل-
پەت: داغى نىھانى—يوشۇرۇن
ئالەم؛ داغى فۇرقەت — ئاي-
رىلىش غېمى، ئايرىلىشتىن
يەتكەن كۇلپەت؛ داغى
ھىجران — ياردىن يىراق
تۇرغانلىق غېمى، كۇلپىتى؛
داغى ھىرمان — مەھرۇملۇق
داغى، بىرەر تىلەككە ئېرى-
شەلمىگەنلىك داغى، كۇل-
پىتى؛ داغ ئۇرتىمەك —
داغلىماق، كۆيدۈرمەك؛ تامغا
باسماق؛ داغلىماق — قىزىت-
ماق، كۆيدۈرمەك؛ تامغا
باسماق، ئىز چىقارماق.

**داغ** (داغ) تاغ.

**داغان** (داغان) پ. ئۇرۇپ
ۋەتۆەرىگى چىقىرىلغان؛
چېچىلىپ ياتقان، تارقاق.

داغدار (داغدار) پ. قىزىق؛ تامغا ياكى بەلگە بېسىلغان؛ تارتۇغى بار؛ ماتەمدار؛ خورلانغان.

داغدىراش (داغديراش) هودۇقماق، ئالاقزادە بولماق، تەسلىكتە قالماق؛ چارچىماق؛ ئىككىلەنمەك، دېلىغۇل بولماق.

داغدۇلانماق (داغدولانماق) كۆنۈكمەك، پىششىقلىماق، مەشق قىلماق.

داغى (داغى) تېخى، يەنە، هەمدە، مۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: چىنان يىغلادى مىسلى ئەبر باهار، خالايىق داغى يىغلادى زار-زار. (ئا. نىزارى)

داغى (داغى) پ. قىزىق؛ تامغىلىق؛ قايغۇلۇق، ماتەملىك.

داغمال (داغمال) پ. مىتال بويۇملارنى قىزىتىپ ئۇلايدىغان جابدۇق.

داغۋاز (داغ باز) پ. ئالدامچى، دامدامچى، شۇمچى.

داغۇل (داغول) پ. هىلىگەر، قۇۋ، قارا نىيەتلىك، خەتەرلىك؛ ئالدامچى.

داغۇلى (داغولى) پ. هىلىگەرلىك، ئالدامچىلىق، قۇۋلۇق.

داغۇن (داغون) پ. "داغان" غا قاراڭ.

داق (داق) قاتتىق يەر، قۇرۇق يەر، تېرىلمىغان يەر.

داقى (داقى) ئۇرۇق، ئەتىسىز: داقى قوي.

داك (داك) پوچتا، پوچتا ئىشلىرى، يوللانما، پوسۇلكا.

داكچى (داكچى) پوچتالىيون، خەت توشۇغۇچى.

داڭگىز (دانككيز) كىرلەشمەك، قاسماقلاشماق.

دافىئ (دافع) ئ. يوقاتقۇچى، قايتۇرغۇچى، ساقلانغۇچى: دافىئ سەۋدا ـــ سەۋدا كېسەلىنى يوقاتقۇچى.

دايە (دايە) پ. ئىنىكە ئانا؛ بالا باققۇچى خوتۇن (كۆپلۈگى "دايگان").

دائ (داء) ئ. ئاغرىق، كېسەل.

**دائى** (داعى) ئ. دوئا قىلـ
غۇچى، تەلەپ قىلغۇچى.

**دائىيە** (داعيه) ئ. سەۋەب،
سەۋەبچى.

**دائىن** (دائن) ئ. بېرىمچى،
قەرز تۆلىگۈچى.

**دال** (دال) ئارقا، سىرت،
دۈمبە.

**دال**¹ (دال) ئ. ئەرەپچە "د"
ھەرپىنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ،
بۇ ھەرپنىڭ شەكلى "ياي"غا
ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى
ئۈچۈن، شېئىرىيەتتە پۈكۈلـ
گەن، ئېگىلگەن مەنىلىرىدە
ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئىشـ
قى زورى بۇ ئەلىف قەدـ
دىمنى دال ئەتتى نىتەي،
رەھم قىلغايسەن ماڭا نەدۇر
خىيالىڭ ئەي رەفىق.
(موللا بىلال)

**دال**² (دال) ئ. دالالەت
قىلغۇچى، يوللىغۇچى،
كۆرسەتكۈچى.

**دالاي** (دالاي) دەريا، چوڭ
كۆل، دېڭىز.

**دالان** (دالان) پ. ئارىلىق،
يۆلەك، كارىدور؛ ئالد ئۆي
ياكى بۆلمە؛ قاتناش
لىنىيىسى.

**دالاندار** (دالاندار) پ.
كارۋان سارايلىرىنىڭ باشقۇرـ
غۇچىسى (خوجىدارى).

**دالاۋ** (دالاو) ئوغا، زەھەرـ
زوقۇم.

**دالباي** (دالباي) ئۈۋچى
قۇشنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن كۆرسىتىدىغان گۆش،
دالۋاي.

**دالد** (دالد) ئالدى، ئالدى
تەرىپى؛ كەلگۈسى.

**دالدا** (دالدا) ئارقا، ئارقاـ
جاي، پانا جاي: دالدا
لاماق — پانالانماق.

**دالداغاي** (دالداغاي) تورـ
غايغا ئوخشايدىغان بىر خىل
قۇش.

**دالدىرمە** (دالديرمه) تەرس،
تەتۈر، مۇئەللەق، ئەكس.

**دالغە** (دالغه) دۇبۇلغا،
تۆمۈر بوك؛ مەۋج.

**دال گۈل** (دال گل) پ.
نەقىش، بېزەك.

**دام**[1] (دام) پ. توزاق، قاپقان، قىلتاق، ئورا، تور: دام تورى — قۇشقاچ تۇتىدىغان تور.

**دام**[2] (دام) پ. تۈرلۈك هاۋاناتلار.

**داماد** (داماد) پ. كۈياۋ، كۈيئوغۇل. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: چۈ بانۇغە خىراۋ دىبان ئەرز هال، كى داماد بولماقنى قىلمىش خىيال. (ئا. نىزارى)

**دامان** (دامان) پ. چەت، ياقا؛ ئېتەك؛ ئۆڭكۈر. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ساچىڭغا خوش ئاسلمىش كۆڭلۈم بالانى ئىستەپ، دامانىدە سەخىنىڭ دەستى گەدا مۇبارەك. (تەجەللى)

**دامانە** (دامانە) پ، ئېتەك، قىرغاق، چەت.

**دامەن** (دامن) پ. "دامان"غا ئوخشاش: ئالۇدە دامەن — ئىپلاس، يارىماس، نومۇسسىز (ئەينى: ئېتىگى بۇلغانغان)؛ پاك دامەن — نومۇسلۇق، پاكىز.

**دامەنە** (دامنە) پ. يۇقۇردىكىگە ئوخشاش.

**دامەنگىر** (دامنگير) پ. ئېتەكنى تۇتقۇچى، بىراۋنىڭ ئېتىگىنى تۇتۇپ توختاتقۇچى: دامەنگىر بولماق — توختاتماق، تۇتماق.

**دامەنكشان** (دامن كشان) پ. ئېتەك سۆرۈگۈچى. كۆچ: مەيل قىلغۇچى، بارغۇچى.

**دامگاھ** (دامگاه) پ. تۇزاق قۇرۇلغان جاي. كۆچ: دۇنيا.

**دان** (دان) پ. سۆز بىرىكمەسىدە بىلگۈچى، مەنىسىدە كېلىدۇ: بىسياردان — كۆپ بىلگۈچى؛ خۇردە دان — ئۇششاق ۋە نازۇك نەرسەلەرنى بىلگۈچى؛ سۇخەندان — سۆزمەن، سۆزگە ئۇستا؛ تارىخدان — تارىخشۇناس؛ نادان — بىلىمسىز.

**دانا** (دانا) پ. بىلگۈچى، بىلگىر، ئالىم؛ ئۆتكۈر.

**دانىش** (دانش) پ. بىلىم،

مەرىپەت، ئىلىم، پەن؛ ئەقىل.

**دانىشگاھ** (دانشگاه) پ. بىلىم يۇرتى، ئالى مەكتەپ.

**دانىشگاھى** (دانشگاهى) پ. ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى.

**دانىشيار** (دانشيار) پ. ئالى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى؛ پروفېسسور ئورۇنباسارى.

**دانەرىز** (دانەريز) پ. دان چاچماق، ئۇرۇق چاچماق.

**داۋ** (داو) پ. قىماردا ئوتتۇرىغا تىكىلگەن پۇل؛ دەۋا، تەلەپ.

**داۋرانماق** (داورانماق) قوزغالماق، تەۋرەنمەك، ھەركەت قىلماق.

**داۋۇلغا** (داولغا) دوبۇلغا، تۆمۈر قالپاق.

**داۋەر** (داور) پ. ئىگە، ئاللاھ؛ كېسىمچى، قازى، فاكوەن.

**دەئاۋى** (دعاوى) ئ. "دەۋا" نىڭ كۆپلۈكى.

**دەپ** (دب) ئ. "داب"غا قاراڭ.

**دەبب** (دب) ئ. ئېيىق، ئىت ئېيىق.

**دەبار** (دبار) پ. بۇزماق، يىمىرمەك.

**دەبباغ** (دباغ) پ. كۆنچى، تېرە پىشۇرغۇچى؛ كاللا تېرىسىدىن تولۇمىغا ئوخشاش قىلىپ ئىشلەنگەن ئوق ئۆتمەس كىيىم.

**دەبباغ خانە** (دباغ خانه) پ. كۆن زاۋۇتى، بۇلغارا زاۋۇدى.

**دەبىر** (دبير) پ. كاتىپ، مىرزا، پۈتۈكچى، ئەلچىخانا كاتىپى ۋە كېڭەشچىسى؛ يازغۇچى.

**دەبىر خانە** (دبير خانه) پ. كاتىبات باشقارمىسى؛ ئىشخانا.

**دەبىرىستان** (دبيرستان) پ. يېزىق ئۆيى؛ مەكتەپ؛ دەبىرىستان ئەھلى — مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى.

**دەبىستان** (دبستان) پ. ئوقۇش ئۆيى، باشلانغۇچ مەكتەپ.

دەبۇر (دبور) پ. كۈنـپېـ تىشتىن كۈنـچىقىشقا يۇرـ دىغان شامال، غەرپ شامىلى.

دەتتە ـ دەتتە (دتـته دتـته) تەدرىجـى، بارا ـ بارا، پەيـ دىن ـ پەي.

دەججال (دجـال) ئ. يالـ غانچى، ئالدامچى؛ ئالـدىن بىلەرمەن بولۇۋالغۇچى.

دەخل ( دخـل ) ئ. بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە كىرمەك، مۇناسىۋەتتە بولماق؛ ئارىلاشـ ماق، سۇقۇلۇشماق؛ كىرىمـ پايدا؛ پۇل ساندۇغى: دەخل ئەيلـمەك ــ كىرىشمەك، ئارىلاشماق، سۇقۇلۇشماق.

دەخلدار (داخـل دار) پ. پايدىلىق، مەنپەئەتلىك؛ شرىك، پايـچـىك؛ مۇناسىـ ۋەتلىك كىشى.

دەخلدان (دخل دان) پ. پۇل ئىشكاۋى (ساندۇغى)

دەخى (دخى) يەنە، تېخى.

دەخمىز (دخـميز) پ. بىسەـ رەمجان، پاراكەندە قىلغان، ئاۋارە.

دەھالىز (دهاليز) پ. "دەھـ لىز"نىڭ كۆپلۈگى.

دەھ (ده) ئ. يېزا، قىشلاق، كەنت.

دەھ (ده) پ. ئون (10)

دەھا (دهـا) يەنـە، تېخـى، يەنىمۇ.

دەھائ (دهاء) ئ. ئەقىلـلىق، زىـرەك؛ قابىلـيەت: قۇۋ، ھىلىگەر.

دەھات (دهات) ئ. ئەرەپچە "دەھ"نىڭ كۆپلۈگى.

دەھاز (دهاز) پ. ۋاقىرىماق، چاقىرماق، ئىڭىرىماق.

دەھان (دهان) پ. "دەھەن" نىڭ كۆپلۈگى.

دەھانە ( دهـانـه ) پ. چېگرىدىن كىرىش جايـى، دەرۋازا.

دەھر (دهر) ئ. زامان، دەۋر، ئۇزاق ۋاقىت؛ دۇنيا، ئالەم؛ تەقدىـر، قىسمەت: دەھر باغـى ــ دۇنيا، ئالەم، تەبىـ ئەت؛ دەھر نەۋەرد ــ دائىم ئالەمنى كېزىپ يۈرگۈچـى، سەيياھ؛ دەھرى ۋانى ــ بەش

کۆنۆلۆك دۆنيا. شئىردا
مۆنداق كەلگەن: ئەمدى
قىلاي بۆدەھرى فەنادىن
ھىكايەتى، ھەمە ئالەم ئەھ-
لىدىن ئەيلەي رىۋايەتى.
(سەبۆرى)

**دەھرى** (دھری) ئ. تەڭرىگە
ئىشەنمەيدىغان دىنسىز
كىشى: خۆداسىز؛ ماتىرىيا-
لىزمچى؛ ماددى؛ تەبىئى.

**دەھشەت** (دھشت) ئ. قور-
قۆنچ، ئۆركۆنچ، ھولۆقۆش،
بىتاقەت بولۆش؛ دەھشەت
ئەنگىز — قورقۆنچلۆق،
قورقۆتقۆچى.

**دەھلىز** (دھليز) پ. ئالدىنقى
ئۆي، ئالدىنقى بۆلمە؛
ئارىلىق؛ جىلغا.

**دەھن** (دھن) ئ. مايلىماق،
ماي سۆرتمەك.

**دەھەن** (دھن) ئ. ئېغىز؛
تۆشۆك ("كۆپلۆگى "دەھان").

**دەدەك** (ددك) پ. چۆرە، قۆل
ئايال، كۆڭ، دىدەك.

**دەر[1]** (در) پ. كۆپىنچە باشقا
بىر سۆزگە قوشۆلۆپ، ئۆرۆن
كىلىش قوشۆمچىسى يەنى
"ئىچىدە"، "دە" دىگەن
مەندە كىلىدۆ: دەرخاتىر —
كۆڭۆلدە؛ دەر ئاخىرەت —
ئاخىرەتتە؛ دەر سۆرەتى —
سۆرىتىدە؛ دەر ئانجە —
ئاندا، ئۆ يەرگە؛ دەرگۆ-
مان — گۆماندا، گۆمان
ئىچىدە؛ دەركانار — بىر
چېتىدە، يان تەرىپىدە؛
دەرىنجا — مۆندا، بۆ يەرگە.

**دەر[2]** (در) پ. ئىشىك؛ تاغ
ئاغزى؛ ئۆسۆل، يول.

**دەرا** (درا) پ. قوڭغۆراق
("دىرا"مۆ دىيىلىدۆ).

**دەراھىم** (دراھم) ئ. "دەر
ھەم"نىڭ كۆپلۆگى.

**دەراز** (دراز) پ. "دارازا"غا
قاراڭ: ئۆمۆر دەراز —
ئۆزۆن ئۆمۆر؛ دەرازنە-
فەس — ئۆزۆن نەپەس؛
دەراز دەست — قولى ئۆزۆن،
كۆچلۆك، قۆدرەتلىك، بەدەۋ-
لەت. كۆچ: ئەزمە، گەپنى
چاينىغۆچى.

**دەرايەت** (درايت) پ. ئەقىل،

پەم؛ بىلىم، تونۇش، بىلىش.

دەرراك (دراك) پ. ئەقىل-لىق، سەزگۈر، ئۆتكۈر.

دەرران (دران) پ. يىرتقۇچ، ۋەھشى.

دەرب (درب) پ. ئىشىك، دەرۋازا، ئېغىز؛ قاپقاق؛ تۈگلۈك؛ تاغ يولى، جىلغا.

دەربار (دربار) پ. خان-دانلىق، ئوردا، ساراي؛ ۋەزىر دەر بار — ئوردا ۋەزىرى، ئاتابېك.

دەربارە (دربارە) پ. توغرى-سىدا، ھەققىدە.

دەربان (دربان) پ. ئىشىكبا-قار، دەرۋازىۋەن.

دەربەدەر (دربدر) پ. ئىشىك-مۇ-ئىشىك كېزىپ يۈرگۈچى، ساگقى، ساياق، سەرسان.

دەربەر (دربر) پ. كىيمەك، كېينىمەك.

دەربەستە (دربستە) پ. ئىتىك-لىك، تاقاقلىق؛ يوشۇرۇن.

دەربەند (دربند) پ. دەم، تاقاق، كىلىتاك؛ تىركەك؛ قورۇلما؛ جىلغا، تاغدىن

ئۆتىدىغان يولىنىڭ كىرىش جايى.

دەرج (درج) ئ. قوشۇش، كىرگۈزۈش، ئارىغا قوشۇۋې-تىش؛ تىزىم؛ مۇندەرىجە.

دەرخاست (درخۋاست) پ. ئۆتۈنۈش، ئىلتىماس، سوراش، تەلەپ: دەرخاست قىلماق — ئىلتىماس قىلماق، ئۆتۈنۈش قىلماق، سورىماق، تەلەپ قىلماق.

دەرخان (درخوان) پ. كەڭ-چىلىك، ئەپۇ.

دەرخۇر (درخور) پ. لايىق، يارىشا، ئەرزىيدىغان، مۇناسىپ.

دەرخورد (درخورد) پ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

دەرھەم (درهم) پ. چىرماش-قان، چېتىشقان، غۇژمەكلە-شىپ قالغان؛ تەرتىپسىز: دەرھەم ۋە بەرھەم — تەرتىپ-سىز، چېگىگىلماچ، گىچماچ، قالايماقان، پەلپەتىش.

دەرد (درد) پ. ئاغرىش، زەخمەت، مۇشەققەت، مۇڭ،

قايغۇ؛ قىزىقماق، كۆڭلى تېلمەك: دەردلىنىش — بىر ئىشنى كۆڭلى تىلەش ۋە ئۇنى قىلىشقا قىزىقىش. م: دەردى بار، دەرمانى يوق.

**دەردار** (دردار) پ. ئىشىك‑لىك، قاپىقاقلىق: ئىشىك باققۇچى؛ ئاغرىق.

**دەردەست** (دردست) پ. قول‑دا ئاتماق، تۇتماق، ئالماق.

**دەردى رەنج** (دردرنج) پ. خاپىلىق، ئازار، ئەلەم.

**دەردى سەر** (دردسر) پ. باش ئاغرىغى، ئاۋارىچىلىق.

**دەردى سۇز** (دردسوز) پ. كۆيۈك ئوتىنىڭ دەردى.

**دەردناك** ( دردناك ) پ. ئاغرىق، غەمكىن، دەرتلىك.

**دەررندە** (دررنده) پ. يىرتقۇچ، ۋەھشى، يىرتقۇچ هايۋان.

**دەرز** (درز) پ. يوچۇق، چاك، دەز.

**دەرسخان** (درسخان) ئىپ. دەرس ئوقۇغۇچى، شاگىرت.

**دەرغالە** (درغاله) پ. تاغ ئاغزى، جىلغا، تاغ يولى.

**دەرك** (درك) ئ. پەم ۋە ئىد‑راك بىلەن تاپماق، سەزمەك، ئاڭقىرماق. بىلمەك: دەرك ئەتمەك — پەم ۋە چۈشەنچە بىلەن تاپماق، سەزمەك: ئەھلى دەرك‑ئىدراك ۋە چۈشەنچە ئىگىلىرى.

**دەركار** (دركار) پ. كېرەك، لازىم، زۆرۈر، كېرەكلىك.

**دەرگاھ** (درگاه) پ. ئىشىك، ئىشىك ئالدى؛ ھوزۇرى، ئالدى، كۆز ئالدى؛ تۇرۇ‑دىغان جاي، ئوردا، ساراي: ئالى دەرگاھ — يۇقۇرى دەرىجىلىك؛ پادىشا.

**دەرگىر** (دركير) پ. قوبۇل قىلغۇچى، ئۆزىگە ئالغۇچى؛ قوبۇل قىلماق، ئۇنىماق، ماقۇل بولماق.

**دەرى** (درى) پ. تاجىك تىلىنىڭ قەدىمقى ئاتىلىشى.

**دەرىچە** (دريچه) ئ. ئىشىك‑چە، دەرچە.

**دەرىخ** (دريخ) ئ. ئەتتەڭ، ئەپسۇس، ئايانچ، ئىچ‑تارلىق، پۇشايمان: دەرىخ

تارتماق ــ ئەپسۇس قىلماق؛
دەرىخ تۇتماق ــ ئايىماق.
**دەرىغا** (دريغا) ئ. ھەي
ئەتتىگەي! ئىست!
**دەرىكە** (دركه) ئ. يۇقۇ-
رىدىن تۆۋەنگە چۈشىدىغان
ئورۇن (قۇدۇق ياكى يەر
ئاستىغا چۈشۈشتە پۇت قويۇش
ئۈچۈن ياسالغان ئورۇن)؛
ئىسلام دىنى ئەقىدىسى
بويىچە، دوزاخنىڭ ھەر
بىرى بىر دەرىكە دېيىلىدۇ.
**دەرياچە** (درياچه) پ. كۆل.
**دەرە** (دره) پ. جىرا، تاغ
يولى.
**دەرەجات** (درجات) ئ.
"دەرەجە"نىڭ كۆپلۈكى؛
رەفىئ دەرەجات ــ يۈكسەك
دەرىجىلەر.
**دەرەجە** (درجه) ئ. مەر-
تىۋە، دەرىجە، ئورۇن،
مىقدار؛ گىرادۇس؛ دەر-
جەئى ھارارەت ــ ئىسسىقلىق
مىقدارى؛ دەرجەئى بەرۇ-
دەت ــ سالقىنلىق مىقدارى.
**دەرەخش** (درخش) پ.
يورۇقلۇق، روشەنلىك؛
چاقماق، يېشىن.
**دەرەخشان** (درخشان) پ.
پارلاق، پارقىراق، يالتىراق.
**دەرەخشەندە** (درخشنده)
پ. پارقىراق، يارقىراق،
روشەن: دەرەخشەندە بول-
ماق ــ پارقىرىماق، پارلىماق.
**دەرەفشان** (درفشان) پ.
يالتىراق، پارلاق.
**دەرەڭ** (درنك) پ. ئاستا،
توختىلىش؛ پۇرسەت، ۋاقىت:
دەرەڭ ئەيلىمەك ــ كېچىك-
مەك، تەخىر قىلماق، ئاستى-
لاشتۇرماق.
**دەر ئۇھد** (درعهد) ئپ. بىر
ئىشنى ئۈستىگە ئالماق،
يۈكلىمەك، ۋەدە بەرمەك.
**دەر ئەقب** (درعقب) ئپ.
ئارقىدا، ئاخىرىدا، سوڭىدا،
**دەرماندە** (درمانده) پ. ھەي-
ران، قىيىن بىر ئەھۋالدا
قالغان: دەرماندە بولماق ــ
ناچار ھالدا، ئارا يولدا
قالماق.
**دەرميانە** (درميانه) پ.

ئاردا، ئورتىدا: دەرمىيان ئەتمەك - ئارىغا سالماق، ئورتىغا قويماق.

**دەرنەك** (درنك) يىغىن، كىچىكشمە، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى.

**دەرۋا** (دروا) پ. زوٗرلۇر، كېرەك، ئېھتىياج.

**دەرۋازە** (دروازه) پ. قوۋۇق، قاپقا، دەرۋازا، شەھەر قاپقىسى.

**دەرۋانە** (درۋانه) پ. توڭ-لۇك، تۈنلۈك.

**دەرۋىش** (درويش) پ. پىقىر ۋە سوپى كىشى، خۇداگوٗي ئادەم؛ تىلەمچى.

**دەرۋىشۋەش** (درۋيش ۋش) پ. پىقىرلەردەك، دەرۋىشلەرچە، دەرۋىشلەرگە ئوخشاش، دەرۋىشسىمان.

**دەرۇن** (درون) پ. ئىچ ياق، ئىچ: خانە دەرونىندە — ئۆي ئىچىدە.

**دەسائىس** (دسائس) ئ. ئالدام-لار، ھىلىلەر، بۇزۇق سوٗزلەر (بىرلىگى "دەيسىمە").

**دەست** (دست) پ. قول، بىلەك: قېتىم، مەرتىۋە: يوٗنىلىش، ئورۇن: تۇر، خىل، دەرىجە: ھالەت، كۈچ، تەسىر: ئىقتىدار: دەست بەرمەك - ئېرىشمەك، ئىگە بولماق، ھاسىل بولماق؛ ئىشى ئوڭغا يىماق: دەست تاپماق — قولغا چۈشۈرمەك: دەست ئۇرماق - قول ئۇرماق، بىجىرمەك: دەست بەدەست — قولدىن - قولغا: دەست بەيى-ئەت — قول بەرمەك.

**دەست ئاب** (دست آب) پ. قول يۇيدىغان سۇ.

**دەست ئاس** (دست آس) پ. قول تۈگمىنى، ياغۇنچاق.

**دەست ئاموٗز** (دست آموز) پ. قولغا ئوٗگىتىلگەن، قول بالىسى.

**دەست ئاۋىز** (دست آويز) پ. "ئاۋىز"قا قاراڭ.

**دەستار** (دستار) پ. سەللە، قول ياغلىقى.

**دەستارخان** (دستارخوان) پ. داستىخان؛ زىياپەت شىرەسى.

دەستان (دستان) پ. داستان؛ ھىلە، مىكىر.

دەست بورد (دست برد) پ. تۇساتتىن ھۇجۇم قىلماق؛ كۈچ ۋە قۇۋۋەت كۆرسەتمەك.

دەست بۇس (دست بوس) پ. قول ئۆپمەك، قولغا سۆيمەك.

دەست پاچە (دست پاچە) پ. ھودۇقۇپ كەتكەن، ئالاقزادە بولغان، ئامالسىز قالغان، بوغۇلغان.

دەست پېچ (دست پيچ) پ. قولغا ئورىماق، چىڭ تۇتماق. كۆچ: سەۋەب، ۋاستە: دەست پېچ قىلماق ـــ قولغا مەككەم تۇتماق.

دەست تەنگ (دست تنگ) پ. نامرات، قاششاق؛ ئاچكۆز؛ زەئىپ، ئاجىز، قولى قىسقا.

دەست جەمئى (دست جمع) ئىپ. ئومۇمى، بارلىغى؛ ئۆملۈك، كوللىكتىپ.

دەست خەت (دست خط) ئىپ. قولىيازما، كۆچۈرمە.

دەست رەس (دست رس) پ. ئوڭاي، مۇمكىن، قولدىن كېلىدىغان، يېتىشىش، ئىمكانىيەت.

دەست رەنج (دست رنج) پ. قول ئەمگىكى، قول ئىشى، قارا ئەمگەك؛ قابىلىيەت.

دەست زەن (دست زن) پ. ئوسۇلچى؛ ناخشىچى؛ چاۋاك چالغۇچى.

دەست شورى (دست شورى) پ. ئەمگەك، ئىش، خىزمەت، ئىش ھەققى، ئايلىق.

دەست شۇي (دست شوى) پ. يۈز يۇيىدىغان تەلەڭگە، داس.

دەست شۇئى (دست شوئى) پ. قول يۇماق.

دەستگاھ (دستگاه) پ. ياراق، جابدۇق، ئەسۋاپ، ئۈسكۈنە؛ ئىستانوك؛ تەن ئەزاسى؛ ئىدارە، ئورگان؛ ھاكىمىيەت؛ بايلىق، ئىقتىدار، كۈچ ـ قۇۋۋەت: دەستگاھ ھۆكۈمەتى ـــ دۆلەت، ئورگان، ئىدارە، دۆلەت ئورگىنى، دۆلەت ماشىنىسى.

**سەد** (سد) ئ. توساق، تام، ئېگىز توساق، قورغان، سې- پىل، ئىستىھكام، قەلئە: سەددى ئىسكەندەر — ئىسكەن- دەر سالغان ئېگىز قورغان؛ سەددى چىن — جۇڭگو قور- غىنى؛ سەددى راھ — يول توسۇقى.

**سەد** (صد) ئ. يۈز — 100: سەدپارە — يۈز بۆلەك، يۈز پارچە؛ سەد ھازار — يۈزمىڭ؛ خىلمۇ - خىل.

**سەدائ** (صداء) ئ. ئاۋۇش، ئاۋاز، سادا.

**سەدارەت** (صدارت) ئ. رە- ئىسلىك، سەدىرلىك (چوڭ مەنسەپ)

**سەددەق** (صدق) ئ. راست، توغرا.

**سەدر**[1] (صدر) ئ. چوڭ ئەمەلدار، رەئىس: سەدر ئەزەم - باش مىنىستىر؛ ۋەزىر، قاراچۇ؛ سەدرنىشىن — يىغىن رەئىسى، يىغىن بېشىدا ئولتۇرغۇچى.

**سەدر**[2] (صدر) ئ. كۆكرەك؛ باشلام. تۆر (ئۆينىڭ تۆرى)؛ شېئىرلارنىڭ بىرىنچى مىسرا-سىنىڭ بىرىنچى سۆزى.

**سەدرگاھ** (صدر گاه) ئىپ. پەخرى ئورۇن، باش مېھمان ئورنى.

**سەدىد** (صديد) ئ. ۋاقىرد-ماق، چاقىرماق؛ قان قويۇلمى-سى؛ يىرىڭ.

**سەدىد** (سديد) ئ. توغرا، دۇرۇس؛ مەككەم.

**سەدىق** (صديق) ئ. چىن دوست.

**سەديەك** (صديك) پ. يۈز دەن بىر.

**سەدەد** (صدد) ئ. قەست، نىيەت، ئارزۇ، مەقسەت، شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ياركەند ئىچرە زەلىلى تەلبە قويمايدۇر قەدەم، تاسەدەد كۆھۇ كۆچاۋۇ سەيرى تۇرفان ئەيلەمەس.

(زەلىلى)

**سەدەف** (صدف) ئ. قولۇلە، سەدەپ.

**سەدەفۋار** (صدف وار) ئىپ. سەدەپكە ئوخشاش، سەدەپ-تەك.

**سەدەف كار** (صدف كار) ئىپ. سەدەپ يونۇغۇچى؛ سەدەپ تىزىلگەن.

**سەدەقات** (صدقات) ئ. سەدىقىلەر، ئىئانىلار، ئىقتى-سادىي قوتقۇزۇشلار.

**سەدەمە** (صدمه) ئ. توسات-تىن كەلگەن سوققا، ئۇرۇ-لۇش، بېسىلىش، يەنچىلىش؛ زىيان، زىيان-زەخمەت؛ بالا-قازا، قىيىنچىلىق.

**سەدەمات** (صدمات) ئ. "سەدەمە"نىڭ كۆپلۈكى: تۇساتتىن كەلگەن سوققىلار، زەربىلەر، يامان ھادىسىلەر، بەختسىزلىكلەر، بالا-قازالار.

**سەدۇم** (صدم) ئ. يۈزىنچى؛ يۈزدەن بىر.

**سەر** (سر) پ. باش؛ ئۇچ، چوققا؛ سەرگۇزەشتە — باشتىن ئۆتكەن كەچمىشلەر؛ سەر موي ياكى سەرمو — چاچ ياكى تۈك ئۇچى. قىلچە.

**سەرا**[1] (سرا) پ. پېئىل ئۆزد-
ىگى؛ سۆز ياسىغۇچى قوشۇم-
چە: قەسىدە سەرا — قەسىدە
يازغۇچى.

**سەرا**[2] (سرا) پ. "ساراي،
سەراي"غا قاراڭ.

**سەرا** (ثرا، ثرى) ئ. يەر؛
گۆر، قەبرە: تەھتە سەرا —
يەر ئاستى.

**سەرائ** (سرأ) پ. خۇشاللىق،
شادلىق قۇۋانچ: بەخت،
تەلەي، راھەت.

**سەراب** (سراب) ئ. ئېزىتـ-
قۇ، ئالـۋۇن، ئىسسىق كۈن-
لەردە دالىدا يىراقتىن سۇغا
ئوخشاش ۋىللىداپ كۆرۈنە-
دىغان ئېقىم. كـۆچ: دۇنـيا:
سەراب نەمۇد — سەرابقا
ئوخشاش، تېگى يوق.

**سەرا بوستان** (سرا بوستان)
پ. باغچىلىق ھويلا، جاي.

**سەراپا** (سراپا) پ. باشتىن
ئاياق، پۈتۈنلەي.

**سەراپەردە** (سراپرده) پ.
ساراي پەردىسى، كاتتا پەردە؛
پادىشا چېدىرى.

**سەراچە** (سراچه) پ. كىچىك
ئۆي، ئىچكىرىكى ئۆي.

**سەرراج** (سراج) ئ. ئىگەرچى،
ئىگەر-جابدۇق ياسىغۇچى.

**سەراھەت** (صراحت) ئ.
ئوچۇقلۇق، ئېنىقلىق.

**سەرارى** (سرارى) ئ. قۇل
ئاياللار: خوتۇنلار (بىرلىكى
"سۇررىيە").

**سەراسەر** (سراسر) پ. ئۇ
باشتىن بۇ باشقا، باشتىن-
ئاياق، پۈتۈنلەي، بارچە؛
ھەممە يەردە.

**سەراسىمە** (سراسمه) پ.
ھودۇقـقان، تەمتىرىگەن،
چۆچۈگەن، بېشى ئايلانغان،
سارسىغان.

**سەرراف** (صراف) ئ. ئاقچا
ئالماشتۇرغۇچى.

**سەراي**[1] (سراى، سرا) پ.
سۆز بىرىكمىسىدە "سۆزلىگۈ-
چى، ئېيتقۇچى، قوشاق قات-
قۇچى" مەنىلىرىدە كېلىدۇ:
داستان سەراي — ھېكايە
ئېيتقۇچى، داستان ئېيتقۇچى؛
نەغمە سەرا — كۈيلىگۈچى،

چالغۇچى.

**سەراي²** (سراى، سرا) پ. ئۆي، خانە، تۇرار جاي. سا-راي؛ ئالى بنا، قەسر، كۆچ: دۇنيا: سەراي سپەنج — ئامانەت ئۆي. كۆچ: دۇنيا؛ تەن سەرايى — تەن ئۆيى، ئىچكى ئەزا؛ خۋاجەسەراي — مەرھەم، خزمەتكار، قۇل؛ ھەرەم خادىمى؛ مېھمانسە-را — مېھمانخانا.

**سەرايا** (سرايا) ئ. قۇل ئايال؛ خوتۇن.

**سەرايان** (سرايان) پ. ناخشا ئېيتىدىغان، دېكلاماتسيە قىلىدىغان.

**سەرايە** (سرايە) پ. ناخشا ئېيتماق؛ خور ئېيتماق.

**سەرايەت** (سرايت) ئ. بىر نەرسىدىن ئىككىنچىگە كۆچ-مەك، يۇقماق، تارقىماق، يې-يىلماق، يامرىماق؛ ئۇنۇم، نەتىجە؛ كىچىلىك سەپەر.

**سەران** (سران) پ. باشلىق، يېتەكچى، يولباشلىغۇچى.

**سەرانە** (سرانه) ئ. پاي،

چەك، نورما.

**سەراۋىل** (سراويل) ئ. شىم، شالۋۇر، ئىشتان ("سرا" سەرۋال).

**سەرئاھەڭ** (سرآهنگ) پ. باشلامچى قىسىم؛ كىچىلىك كۆزەتچى.

**سەرئاغاز** (سرآغاز) پ. باش-لىنىش، باشلام، ئىپتىدا؛ كىرىش سۆز، باش سۆز، باشلانما: سەرئاغاز قىلماق — باشلىماق.

**سەرئاماچ** (سرآماچ) پ. بو-يۇنتۇرۇق؛ بوغا، جۇمبۇ؛ ساپان، بوقۇسا، سوقا.

**سەرئامەد** (سرآمد) پ. ئاتاق-لىق، مەشھۇر، ئالدىنقى، ئىل-غار: سەر ئامەد بولماق — ئاتانماق، مەشھۇر بولماق، يۇقۇرى، يۇكسەك بولماق.

**سەرئاۋازە** (سرآوازه) پ. باشلانما كۈي، ناخشىنىڭ باشلىمى.

**سەرب** (سرب) پ. قوغۇ-شۇن: سەرب كار — قوغۇشۇن قۇيغۇچى.

**سەربار** (سربار) پ. باش يۆكى، باشقا قويۇلىدىغان يۈك؛ باشقا چۈشكەن ئېغىر-لىق.

**سەرباز** (سرباز) پ. ئەسكەر، چېرىك: سەرباز خانە — لاگىر، يىگىپاك.

**سەربالا** (سربالا) پ. يۇقۇرىغا ئۆرلىگەن، تاقىقا چىققان، دۆڭگە چىققان؛ مۇجەل، تۆتۇق.

**سەربالائى** (سربالائى) پ. ئۆرلىمەك، ئۆسمەك: ئېگىز يەر، تۆپە؛ تەكەببۇرلىك، ئۆرەنلىك.

**سەربالىن** (سربالين) پ. ياستۇق.

**سەربەست** (سربست) پ. قە-يىن، تەس؛ مۇجەل سۆز.

**سەربەستە** (سربسته) پ. تا-قاپ قويۇلغان، پېچەتلەنگەن، يوشۇرۇن.

**سەربەسەر** (سربسر) پ. پۈتۈنلەي، باشتىن-ئاياق.

**سەربەلەند** (سربلند) پ. ئاتاقلىق، داڭدار، شۆھرەت-لىك.

**سەرپايان** (سرپايان) پ. باش ياغلىغى.

**سەرپەنجە** (سرپنجه) پ. قول پەنجىسى، بارماق ئۇچى. كۆچ: كۈچ.

**سەرپۇش** (سر پوش) پ. قاپقاق، يېپىنجىق؛ رومال، ياغلىق.

**سەرەتان** (سرطان) ئ. تومۇز ئىسسىغى، ئەرەپچە ئاي ھېساۋىدا تۆتىنچى ئاي، يېڭىچە ئاي ھېساۋىدا ئىيۇنغا توغرا كېلىدۇ.

**سەرتاب** (سرتاب) پ. بوي-سۇنمايدىغان، گەپ ئاڭلىماي-دىغان؛ جاھىل، كاج.

**سەرتاسەر** (سر تاسر) پ. باشتىن-ئاياق، پۈتۈنلەي.

**سەرتەكيە** (سرتكيه) پ. باش تەكيە (ئەسلىدە دەرۋىشلەر-نىڭ مەخسۇس ئومۇمىي تۇرار جايى؛ پالۋانلار ئۈچۈن قۇرۇلغان مەخسۇس ياتاقخانا مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ).

**سەرج** (سرج) ئ. ئېگەر.

**سەرچە** (سرچە) پ. شىشە.

**سەرچەشمە** (سرچشمە) پ. بۇلاق بېشى، بۇلاق بويى؛ سەۋەپ، يىلتىز، نېگىز.

**سەرخان** (سرخوان) پ. ناخشا - غەزەل باشلىغۇچى، باشلامچى.

**سەرخانى** (سرخوانى) پ. ناخشا - غەزەل باشلىماق، باشلاپ ئېيتماق؛ ھەجۋى، مەسخىرە؛ تەزىيە.

**سەرخىل** (سرخيل) پ. باشلىق، قوماندان؛ ئاتلىق ئەسكەرلەر باشلىغى.

**سەرخەت** (سرخط) ئەپ. ھۆسنى خەتنى يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقان كىشى ئۈچۈن ئۇقۇتقۇچى تەرىپىدىن يېزىپ بېرىلىدىغان ئۈلگە خەت.

**سەرخەر** (سرخر) پ. چاقىرىلمىغان مېھمان، خۇشياقمايدىغان ئادەم؛ توسقۇن.

**سەرخەيل** (سرخيل) پ. باشلىق، يېتەكچى، يولباشچى.

**سەرخۇردە** (سرخوردە) پ. ئازاپلانغان، ئۈمىتسىزلەنگەن.

**سەرخۇش** (سرخوش) پ. كەيپىلىك، خۇش كەيپ، مەس: سەرخۇش بولماق — مەس بولماق.

**سەرھال** (سرھال) ئەپ. ھودۇقۇقان، تەمتىرىگەن، چارىسىز قالغان.

**سەرھەد** (سرحد) ئەپ. چېگرا، باش چېگرا؛ مەملىكەت.

**سەرد** (سرد) پ. سوغۇق؛ ئاھى سەرد — سوغۇق ئاھ - نەپەس.

**سەردابە** (سردابە) پ. سۇ ساقلىنىدىغان ئۆستى يېپىق چوڭقۇر كۆلچەك؛ مۇز ئۇرىسى.

**سەردار** (سردار) پ. باشلىق، يولباشچى، باش قوماندان؛ چىنۋاڭ.

**سەردەفتەر** (سردفتر) پ. ئالدىنقى، پېشقەدەم، ئىلغار.

**سەردى** (سردى) پ. سوغۇق، قاتتىق سوغۇق؛ رەھىمسىز؛ سالقىن قارىماق، ئېتىۋارسىز قارىماق؛ سوغۇق يىمەكلىك.

**سەرداھى** (سرراھى) پ. ئە-

گە ـ چاقسز بالا؛ ئۇششاق
چىقىم.
**سەرراست** (سرراست) پ.
تۈز؛ تۈز كۆڭۈل، ئاق
كۆڭۈل، توپ ـ توغرىلا.
**سەررىشتە** (سررشته) پ. يىپ
ئۇچى؛ قابىلىيەت، ئىقتىدار،
ئەقىل؛ خەۋەردار بولماق،
بىلمەك.
**سەررىشتەدار** (سررشته‌دار)
پ. ھەربى لاۋازىمەتلىكلەر
مۇدىرى؛ باجگىر؛ ئەقىللىق،
كەسپ ئەھلى.
**سەرزەبان دار** (سرز بان دار)
پ. گەپكە ئۇستا، گەپدان.
**سەرزەدە** (سرزده) پ. تۇيۇقسىز،
تۇساتتىن، كۈتۈلمىگەندە.
**سەرزەن** (سرزن) پ. كاللا
كېسىلىدىغان جاي، مويتۇڭزا؛
جاللات؛ بوي ئەگمەس،
بويسۇنماس، يۈز ئۆرگۈچى.
**سەرزەندە** (سرزنده) پ.
جانلىق، تىتىك، دادىل،
**سەرزەنش** (سرزنش) پ.
سۆكمەك، كايىماق، ئەيىپلە-
مەك، جىملىمەك، ھاقارەت،

دوق، تاپا ـ تەنە.
**سەرزەمن** (سرزمين) پ. يەر ـ
جاي، مەملىكەت، تېررىتورىيە.
**سەرسام** (سرسام) پ. جۆيلۈمەك،
ئىگىز ـ پەس سۆزلىمەك.
**سەرسەبز** (سرسبز) پ. كۆك-
لىگەن، ياشنىغان؛ ياشنىغۇچى؛
شات، خوشال.
**سەرسەر** (صرصر) ئ. بەك
قاتتىق شامال، سوغۇق: سەر-
سەرى ھىجران ــ ئايرىلىش
سەرسەرى؛ سەرسەرخىرام ــ
كۈچلۈك شامالدەك يۈگۈرۈك
(ئات).
**سەرسۇخەن** (سرسخن)
پ. باش سۆز، باشلانما،
مۇقەددىمە، كىرىش سۆز.
**سەرشار** (سرشار) پ. لىق،
تولا، سىراپ، لىپمۇلىپ.
**سەرف** (صرف) ئ. سەرپ،
بەرمەك، ئىشلەتمەك، ئىستىمال
قىلماق، قوللانماق، چىقىم
قىلماق: سەرپىيات ــ چىقىم-
لار، خىراجەتلەر
**سەرفەراز** (سرفراز) پ. بېشى
ئىگىز، بېشى ئۈستۈن،

ئىپسىل، ئالىيجاناپ؛
شەرەپلىك. كۆچ: يۈزى
يورۇق، بېشىنى كۆتىرىپ
يۈرمەك. شادلانماق: سەرفەراز
ئەتمەك — يۈكسەلدۈرمەك،
شادلاندۇرماق؛ سەرفەراز
بولماق — باش كۆتەرمەك،
غالىپ بولماق، شادلانماق
(بۇ سۆز "سەر ئەفراز"
دەپمۇ ئېيتىلىدۇ).

**سەرفىتنە** (سرفتنه) پ. پىتنە
قوزغىغۇچى، پىتنىچى.

**سەرفىگەند** (سرفكند) پ.
"سەرفىگەندە"گە قاراڭ.

**سەرفىگەندە** (سرفكنده) پ.
بېشى ئېگىك، يۈزى تۆۋەن،
ئۇياتلىق؛ يەرگە ئۇرۇلغان،
كەمسىتىلگەن؛ بويسۇنغان،
ئىتائەت قىلغان: سەرفىگەن-
دىلىك قىلماق — باش
ئەگمەك، بويسۇنماق،
ئىتائەت قىلماق.

**سەرفۇيون** (صرفيون) ئ.
سەرف ئىلمى ئالىملىرى.

**سەركار** (سركار) پ. ئىش
بېشى، گۆكتۇر، نازارەتچى؛
ھەزرەت، تەقسىر، ئەپەندى؛
جاناپلىرى.

**سەركىتاب** (سركتاب) پ. پال
باقماق، رەم سالماق.

**سەركەردە** (سركرده) پ.
قوماندان، لەشكەر بېشى؛ باش
زىنخۇي، سىلىك؛ باشلىق.

**سەركەش** (سركش) پ. باش
تارتقۇچى، ئىتائەتسىز، يولغا
كىرمەس، بوي بەرمەس؛
سەركەش نىھال — باش
تارتقان، بويدار دەرەخ.

**سەركەفتە** (سركوفته) پ.
بېشى يانچىلغان.

**سەركەند** (سركند) پ. بېشى
ئۈزۈلۈك.

**سەركوب** (سركوب) پ. باش
يانچىغۇچى، ئۇرغۇچى؛ بېشى
يانچىلغان؛ باستۇرماق، بېسىق-
تۇرماق، تىنجىتماق.

**سەرگى** (سرگى) كۆپچىلىككە
كۆرسىتىش ئۈچۈن، كۆپ
جايلاردىن تۇرلۇك نەرسىلەر
يىغىلغان ئورۇن، ۋاقىتلىق
قۇرۇلغان بازار.

**سەرگراي** (سرگراي) پ.

گەپ ئۆتمەس، گەپكە كىر-
مەس، بوي ئەگمەس، قىيىق؛
تىچ تۇرماس.
**سەرگران** (سرگران) پ. نا-
رازى، خاپا؛ تەكەببۇر، ھېچ-
نىمىنى كۆزىگە ئىلمايدىغان.
**سەرگەردان** (سركردان) پ.
چىقىش يولى يوق، بېشى
قايغان، چۆگىلەپ قالغان،
ساياق.
**سەرگەشتە** (سركشته) پ.
بېشى ئايلانغان، گاڭگىرىغان،
سەرگەردان؛ چۆچۈگەن،
ھەيران بولغان.
**سەرگەرم** (سركرم) پ. قىزىش-
قان، بېرىلگەن، قىزىق كى-
رىشكەن (بىرەر نەرسىگە)؛
مەپتۇن بولغان.
**سەرگۈزەشت** (سرگزشت) پ.
بېشىدىن ئۆتكەنلەر، بېشىدىن
كەچۈرگەنلەر، كەچۈرمىش،
كۆرگەن-كەچۈرگەن ئىشلار،
ۋەقە، ھېكايە.
**سەرگۈم** (سركم) پ. بېشى
ئايلانغان، گاڭگىرىغان؛
چىڭگىش، چىڭگىلماچ.

**سەرە**[1] (سره) پ. ساپ، ئارى-
لاشمىسىز؛ خىللانغان، ياخشى
سۈپەتلىك: فارىسى سەرە —
ساپ پارس تىلى.
**سەرە**[2] (سره) پ. نۇۋەت،
قېتىم؛ يۆنۈلۈش، تەرەپ.
**سەرئەفراز** (سرافراز) پ.
"سەرفەراز"غا قاراڭ.
**سەرئەفكەندە** (سرافكنده) پ.
بېشى ئېگىلگەن، ئۇياتتا
قالغان: سەر ئەفكەندىلىك —
بويسۇنماقلىق، ئىتائەت
قىلماقلىق؛ خىجالەتچىلىك.
**سەرئەنجام** (سرانجام) پ. بىر
ئىشنىڭ باش-ئايىغى، ھا-
سىلى، تۈگۈندىسى، نەتىجە-
سى، ئاقىۋىتى، تۈگەللىمىسى:
سەر ئەنجام بولماق —
تۈگەللىمەك، ئاياقلاشماق؛ سەر
ئەنجام قىلماق — تۈگەللە-
مەك، بىر تەرەپ قىلماق،
تەييارلىماق.
**سەرئەنداز** (سرانداز) پ.
رومال، ياغلىق؛ قەھرىمان،
باتۇر، قورقماس؛ زىرەك؛
بېشىنى تۆۋەن ئەككەن.

**سەرىئ** (سريع) ئ. تېز، سۈر-
ئەتلىك: سەرىئۆس سەير —
تېز يۈرەر، يۈرۈشى تېز؛
سەرىئۆلقەلەم — تېز يازغۇچى،
قەلىمى چاققان.

**سەرىھ** (صريح) ئ. ئوچۇق،
ئايدىڭ، روشەن، ئېنىق.

**سەرىر** (سرير) ئ. تەخت،
ئورۇندۇق، كارۋات.

**سەرىر** (صرير) ئ. غىچىرلاش،
شىرىلداش، چىرقىراش.

**سەرى كوي** (سرى كوى) پ.
مەھەللە، كوچا.

**سەرلەۋھە** (سرلوحه) ئې.
تاختىنىڭ بېشى؛ گېزىت،
ژۇرناللاردا ماقالىنىڭ بېشىغا
يېزىلغان سۆز، ماۋزۇ.

**سەرمايە** (سرمايه) پ. باش
مۈلۈك، ئاساسىي مۈلۈك. نې-
گىز، مەنبەئە، ئاساس، ئۇل.

**سەرمەد** (سرمد) ئ. مەڭگۈ-
لۈك، ئەبەدى، تۈگىمەيدىغان،
داۋاملىق، ئايىغى ئۈزۈلمەي-
دىغان.

**سەرمەدى** (سرمدى) ئ. مەڭگۈ،
ئەبەدى، دائىمى.

**سەرمەست** (سرمست) پ.
"سەرخۇش"قا قاراڭ.

**سەرمۇنشى** (سرمنشى) پ.
باش كاتىپ.

**سەرنامە** (سرنامه) پ. كىتاپنىڭ
باش قىسمى، سەرلەۋھىسى.

**سەرنىگۈن** (سرنكون) پ. بې-
شى تۆۋەن، باش تۆۋەن،
ئاستىن-ئۈستۈن، كۆمتۈرۈل-
گەن. كۆچ: شەرمەندە:
سەرنىگۈن تۇرماق — باش
ئېگىپ تۇرماق؛ سەرنىگۈن-
لۈك — باشنى تۆۋەن قىلماق-
لىق. شېئىردا مۇنداق كەل-
گەن: تالەئىم دور سەرنىگۈن
بەختىم زەبۇن دەرىم فۇزۇن،
نى ئەجەپ دىۋانەلەردەك
ئەيلەسەم جۇش خرۇش،
(سەبۇرى)

**سەرنەۋشت** (سرنوشت) پ.
تەقدىر، پىچىم، ئالدىدىن
بەلگىلەنگەن.

**سەرۇ** (سرو) پ. تىك ۋە تۈز
ئۆسىدىغان، خۇشقامەت بىر
دەرەخ، تاغ تېرىكى. كۆچ:
سۆيگەن يارنىڭ خۇش

قەددى ـ قامىتى؛ يار.

**سەرۋى** (سروى) پ. سەرۋى دەرىخىدەك.

**سەرۋى ئازاد** (سرو آزاد) پ. چىرايلىق ۋە تىك ئۆسكەن سەرۋى. كۆچ: خۇشقامەت يار.

**سەرۋى بوستانى** (سرۋبستانى) پ. بوستان سەرۋى. كۆچ: گۈزەل يار.

**سەرۋى رەۋان** (سرو روان) پ. گۈزەل يۇرۇشلۇك يار؛ سەرۋى سهى ـ بويى كېلىشكەن گۈزەل.

**سەرۋىستان** (سروستان) پ. سەرۋىزارلىق، سەرۋىلىك.

**سەرۇسامان** (سروسامان) پ. ئۇرۇنلاشتۇرما، تەرتىپ؛ ئۆي جاھازلىرى، تۇرمۇش قوراللىرى.

**سەرۋىسۇدا** (سروسودا) پ. قايناق مۇھەببەت.

**سەرۋىسەدا** (سروصدا) ئې. شاۋشۇۋ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ.

**سەرۋىقامەت** (سروقامت) پ. خۇشقامەت، زىلۋابوي (شېئىرىيەتتە).

**سەرۇكار** (سروكار) پ. مۇناسىۋەت، باغلىنىش، بېرىش ـ كېلىش.

**سەرۋەر** (سرور) پ. يولباشچى، يېتەكچى، رەئىس، قەبىلە باشلىقى؛ ئىگە، خوجايىن.

**سەرۋەرى** (سرورى) پ. رەھبەرلىك ئورنى، ھۆكۈمرانلىق، يولباشچىلىق.

**سەرۋ ئەندام** (سرواندام) پ. خۇشقامەت، جۇغى كېلىشكەن.

**سەرۋەت** (ثروت) ئ. بايلىق، مال، پۇل ۋە مالنىڭ نۇرغۇنلىقى.

**سەرۋەقت** (سروقت) پ. يوقلاش، يوقلاپ كېلىش.

**سەس** (سس) تاۋۇش، سادا، ئاۋاز؛ سەسلىمەك ـ تاۋۇش چىقارماق، ئۈنلىمەك، ئاۋاز چىقارماق.

**سەغ** (سغ) پ. تورۇس، ئۆگزە؛ گۈمبەز؛

**سەغانە** (سغانه) پ. ئارىلىق،

دەلىز ئۆيى.

**سەغر** (ثغر) ئ. چېگرا، چەك (كۆپلۈگى "سۇغۇر")

**سەغراق** (سغراق) "ساغراق"قا قاراڭ.

**سەغىر** (صغير) ئ. كىچىك، كىچىككىنە؛ ياش بالا (كۆپلۈگى "سىغار").

**سەغىرە** (صغيره) ئ. قىز بالا.

**سەقاغ** (سقاغ) ئىگەك (ساقاغ مۇ دېيىلىدۇ).

**سەققا** (سقا) ئ. سۇ بەرگۈچى؛ سۇ سەپكۈچى.

**سەقەت** (سقط) ئ. مېيىپ، مېيىپ قىلىنغان، نۇقسانلىق، ئەۋەنلىك: هايۋان ئۆلۈمتۈگى: سەقەت قىلماق — مېيىپ قىلماق.

**سەقەر** (سقر) پ. دوزاخ، تومۇغ.

**سەقەرلات** (سقرلات) پ. يۇڭدىن ئىشلەنگەن كىيىملىك.

**سەقف** (سقف) ئ. شىپ، ئۆي تۆپىسى، تورۇس، گۈمبەز، تام: سەقفى نىگۇن — كۆچمە مەنىدە: ئاسمان.

**سەقىفە** (سقيفه) ئ. تورۇس، ئۈستى يېپىق كارىدور.

**سەقىل** (ثقيل) ئ. ئېغىر، سالماقلىق: قىيىن.

**سەقىم** (سقيم) ئ. ئاغرىق، ناچار، بۇزۇق، توغرا ئەمەس، خاتا، يالغان، ساختا: ئىككى سەقىم بىر مۇستەقىم — ئىككى يېرىم بىر پۈتۈن دېمەكتۇر.

**سەفا** (صفا) ئ. يېقىملىق، تازا، پاك، پاكىز، ساپ؛ يورۇقلۇق، روشەنلىك؛ خۇرسەنلىك؛ مەئىشەت: سەفالىغ — ساپ هاۋالىق؛ سەفا ئەهلى — ساپ يۈرەك، پاك كۆڭۈللۈك؛ سەفا كەلتۈرمەك — ياخشىلىق كەلتۈرمەك؛ سەفايى ۋەقت — ئۆز ۋاقتىنىڭ پاك كىشىسى.

**سەفاهەت** (سفاهت) ئ. ئاخماقلىق، نادانلىق، ئەقىلسىزلىق، ناچارلىق. يېڭىلتەكلىك، تەۋەككۈلچىلىك، قارامىلىق: سەفاهەت ئامىز — ماخمەق، نادان، تېتىقسىز.

**سەفارەت** (سفارت) ئ. سەفا-
رەتخانا، باش ئەلچىخانا؛
كېلىشتۈرمەك، ياراشتۇرماق.

**سفايىھ** (صفايح) ئ. تاختا
تاشلار؛ ۋاراقلار (بىرلىكى
"سەفىھە").

**سەفايىن** (سفاين) "سەفىنە"گە
قاراڭ.

**سەفالەت** (سفالت) ئ. خور-
لۇق، ئابرويسىزلىق، تۆۋەن-
لىك؛ پەسكەشلىك.

**سەففاك** (سفاك) ئ. قان تۆك-
كۈچى، ئادەم ئۆلتۈرگۈچى.

**سەفھە** (صفحه) ئ. سەھىپە،
ۋاراق، بەت. كۆپ: كىتاپ.

**سەفرائ** (صفراء) ئ. سېرىق؛
ئۆت سۇيى؛ ئاچچىق، غەزەپ
(تىبابەتچىلىكتە ئىنسان بەدىنى-
دىكى ئۆت خىل تەبىئەتنىڭ
بىرى ھېساپلىنىدۇ).

**سەفراست** (صف راست) ئپ.
تىزىلماق، قاتار بولماق.

**سەفرەت** (صفرت) ئ.
سېرىقلىق.

**سەفسەتە** (سفسطه) ئ. پايدى-
سىز، بىھۇدە سۆزلەر.

**سەفشكەن** (صف شكن) ئپ.
بۇزغۇچى، باتۇر.

**سەفىھ** (سفيه) ئ. نادان،
دۆت، گالۋۇس، پەسكەش،
يارىماس، ئەقىلسىز.

**سەفىد** (سفيد) پ. ئاق، ئاق
تۇسلۇك: بەھر سەفىد — ئاق
دېڭىز.

**سەفىر** (سفير) ئ. باش
ئەلچى.

**سەفيە** (سفيه) ئ. ئاخماق؛
نادان.

**سەفىل** (سفيل) ئ. بەك
نامرات، پېقىر، مۇھتاجلىقتا
چۈشكەن كىشى.

**سەفىنە** (سفينه) ئ. زور كېمە،
پاراخوت: ھەرب سەفىنىسى —
ئۇرۇش پاراخودى.

**سەك** (سك) پ. ئىت،
كۈچۈك.

**سەككاف** (سكاف) پ. موزدوز،
ئاياق تىككۈچى.

**سەككاك** (سكاك) پ. پىچاق-
چى، پىچاق سوقۇقچى؛ مىتال
پۇل قويغۇچى.

**سەكب** (سكب) پ. ئىگىز

بوي؛ ياخشى ئات.
**سەكتە** (سكته) ئ. توختاش،
توختاپ قالماق، تۇرغۇنلۇق؛
تىنىقى توختاپ قالماق؛
مڭىگە قان چۈشۈپ ھوشسىز-
لىنىش ئاغرىغى؛ شېئىردا
ۋەزن جەھەتتىكى توختاقلىق؛
سەكتە قەلبى — يۈرەك
مۇسكۇلى ئىقلىمىسى.
**سەكر** (سكر) ئ. توسماق
(توسما ئارقىلىق).
**سەكران** (سكران) ئ. مەس
كىشى، مەس، مەس بولغان.
**سەكساۋۇل** (سكساول) چۆل-
دە ئۆسىدىغان بىر خىل
دەرەخ.
**سەكىنە** (سكينه) ئ. كۆڭۈل
تىنچلانماق، ئارامىغا چۈشمەك.
**سەكەب** (سكب) مىس؛
قوغۇشۇن.
**سەكەرات** (سكرات) ئ.
"سەكر"گە قاراڭ؛ سەكراتىل-
مەۋت — ئۆلۈم مەسلىگى.
**سەكەن** (سكن) ئ. تىنچلىق،
تىنچ؛ توختىماق؛ ئوت (دو-
زاخ ئوتى)؛ مول، تولۇق.

**سەكەنات** (سكنات) ئ. توخ-
تىماق، توختاپ قالماق، ئۆ-
زۈلۈپ قالماق؛ گال، قاشاڭ.
**سەگ** (سگ) پ. "سەك"كە
قاراڭ.
**سەگباز** (سگباز) پ. ئىت
ئۆگەتكۈچى، ئىت ئويناتقۇچى.
**سەگبان** (سگبان) پ. ئىتباقار.
**سەگسار** (سگسار) پ. ئىتكە
ئوخشاش؛ ئاچكۆز، شەخسى-
يەتچى.
**سەگى** (سگى) ئ. پەسكەش،
رەزىل؛ ئىت مىجەز.
**سەئب** (صعب) ئ. قىيىن،
ئېغىر، مۇشەققەتلىك.
**سەئد** (سعد) ئ. بەخت،
ياخشىلىق.
**سەئى** (سعى) ئ. ھەركەت،
تىرىشىش، ئىنتىلىش، ئۇرۇ-
نۇش؛ سەئى ئەتمەك —
تىرىشماق، ئۇرۇنماق.
**سەئىبە** (صعيبه) ئ. قاتتىق،
قىيىن، ئېغىر؛ سەئىب لىغ —
قىيىنچىلىق.
**سەئىد** (سعيد) ئ. بەختلىك،
راھەتلىك، مەسئۇد.

**سەئىدىيە** (سعيديه) ئ. يەر-كەن خانى سەئىدە خانىنىڭ دولەت نامى: سەئىدىيە خانلىغى.

**سەئىر** (سعير) ئ. ئوت، يال-قۇن؛ دوزاق.

**سەئىقە** (صعقه) ئ. قىچقىرىق، ھايقىرىق: سەئىقە ئۇرماق — ھايقىرماق، قىچىرماق.

**سەئىقە** (صعيقه) ئ. "سەئىقە" غە قاراڭ.

**سەيادەت** (سيادت) ئ. ھۆ-كۈمرانلىق، قوماندانلىق، ئۇلۇغلۇق.

**سەيد** (صيد) ئ. ئوۋ، ئوۋ-لىنىدىغان جانىۋار، ئوۋ قىل-ماق: سەيد ئەفكەن — ئوۋ-چى، ماھىر ئوۋچى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: سەيدبى پەرۋا يۈرۈر گەر شەھبازى بولماسا، مەملىكەت ۋەيران بولۇر شاھنىڭ ئايازى بولماسا.

(زەلىلى)

**سەيدگاھ** (صيدگاه) ئپ. ئوۋلاق، ئوۋ قىلىنىغان يەر، شىكارگاھ.

**سەيدگەر** (صيدگر) ئپ. ئوۋچى.

**سەير** (سير) ئ. يۈرۈش-كېزىش، يۈرمەك، تاماشا قىلماق.

**سەيران** (سيران) ئ. كېزىپ تاماشا قىلىپ يۈرمەك.

**سەيرانگاھ** (سيرانگاه) ئپ. تاماشا ئورنى، كۆڭۈل ئېچىش جايى.

**سەيف** (صيف) ئ. ياز، ياز پەسلى.

**سەيفى** (صيفى) ئ. يازلىق.

**سەيفۇر** (سيفور) پ. يوپقا يىپەك رەخ.

**سەيفىيە** (صيفيه) ئ. داچا.

**سەيقەل** (صيقل) ئ. پارقى-راق، پارلاق؛ پەدەزلىمەك، يالتىراتماق، جۇلا بەرمەك.

**سەيياھ** (سياح) ئ. كەزگۈچى، ساياھەتچى.

**سەيياد** (صياد) ئ. ئوۋچى، ئوۋ قىلغۇچى.

**سەييار** (سيار) ئ. سەير قىل-غۇچى، كەزگۈچى، كۆچمە،

ئايلانما، ئايلىنىپ يۈرگەن؛
ئاقما يۇلتۇز.

**سەياران** (سياران) ئ. "سەي-
يارە"نىڭ كۆپلۈكى.

**سەييارە** (سيارە) ئ. يۇلتۇز،
پىلانىت.

**سەيياس** (سياس) ئ. سىياس-
يون، سىياسەتچى؛ سىياسەت-
ۋاز، تاشقى ئىشلارغا ئۇستا
كىشى.

**سەييال** (سيال) ئ. ئاققۇچى،
ئاقىدىغان؛ سۇيۇقلۇق.

**سەيىد** (سييد) ئ. خوجا،
ئىگە، ئاقسۆڭەك؛ جاناپ،
تەقسىر؛ باشلىق، يولباشچى
مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ
ئەۋلادى، پەيغەمبەر ئەۋلادى
(بۇ سۆز "سىيد"مۇ دېيىلىدۇ).

**سەيىدە** (سيدە) ئ. مۇھەم-
مەت پەيغەمبەرنىڭ ئايال
ئەۋلادى؛ خانىم، ئاپپاي،
خېنىم ئاغچام.

**سەيىدى** (سييدى) مۇھەممەت
جەمەتى؛ ھۆكۈمرانلىق

**سەييىئات** (سيئات) "سەييى-
ئە"نىڭ كۆپلۈكى.

**سەييىئە** (سيئە) ئ. كونا،
يامانلىق، ياۋۇزلۇق

**سەيلان** (سەيلان) ئ. ئاقماق،
ئېقىپ كەتمەك. سەيلان
دەم — قان ئاقماق.

**سەلا** (صلا) ئ. چاقىرىق،
مۇراجىئەت؛ سەلايى ئام —
ئومۇمىي چاقىرىق؛ سەلا ئۇر-
ماق — چاقىرماق، ئۈندىمەك.

**سەلاب** (سلاب) ئ. ئۇرۇش
كىيىمى؛ ماتەم كىيىمى؛
غەنىمەت.

**سەلابەت** (صلابت) ئ. قەت-
ئىلىك، شىجائەتلىك، قاتتىق-
لىق، مۇستەھكەملىك؛ سۆلەت،
ھەيۋەت، غەيرەت، شەۋكەت.

**سەلات** (صلات) ئ. ناماز؛
سەلات خەمسە — بەش ۋاق
ناماز.

**سەلاتىن** (سلاطين) ئ. سۇل-
تانلار، پادىشالار.

**سەلاھ** (صلاح) ئ. ھالاللىق،
توغرىلىق، تۈزۈكلۈك،
ياخشىلىق؛ ئاۋاتلىق؛ سەلاھ
ئەندىش — ياخشى پىكىرلىك،
توغرا ئويلىغۇچى.

**سەلاھىيەت** (صلاحيت) ئ. قابىلىيەت؛ تۈزۈكلۈك، توغرىلىق.

**سەلاس** (ثلاث) ئ. ئۈچ (3)

**سەلاسەت** (سلاست) ئ. ئوچۇقلۇق، روشەنلىك، راۋانلىق.

**سەلاسىل** (سلاسل) ئ. زەنجىرلەر، تىزمىلار (بىرلىكى "سلسلە").

**سەلايە** (صلايە) ئ. دورا ياكى سىيانى ئېزىدىغان تاش؛ ئەزمەك، پارچىلىماق.

**سەلام** (سلام) ئ. ئېمەنلىك، سالامەتلىك.

**سەلب** (صلب) ئ. ئاسماق، ئېسىپ ئۆلتۈرمەك.

**سەلب** (سلب) ئ. يوق قىلماق، تانماق، ئىنكار قىلماق، يوققا چىقارماق؛ بۇلىماق، تالىماق؛ مەھرۇم قىلماق؛ توختاتماق؛ ئىنكار: سەلب ئىختىيارات — ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلماق؛ سەلب مالكىيەت — مۈلۈك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلماق.

**سەلبى** (سلبى) ئ. يوققا چىقىرىلغان، ئىنكار قىلىنغان، سەلب ئېتىلگەن.

**سەلتەنەت** (سلطنت) ئ. پادىشالىق، سۇلتانلىق؛ يېڭىش، غالىبىيەت.

**سەلجۇق** (سلجق) قەدىمكى تۈرك خاقانلىرىنىڭ بىرى.

**سەلسال** (صلصال) ئ. سىغىزلاي.

**سەلسەبىل** (سلسبيل) ئ. بەك لەززەتلىك، تەملىك سۇ؛ جەننەتتىكى بىر بۇلاق.

**سەلىب** (صليب) ئ. قوشۇش بەلگىسى، كىرېست: ئەھلى سەلىب — خىرىستىيان دىنىدىكىلەر.

**سەلىتە** (سليطە) ئ. ئۇياتسىز، شاللاق.

**سەلىخ** (سليخ) ئ. مەزىسىز، بەتتام.

**سەلىس** (سليس) ئ. ئوچۇق، روشەن، سىلىق، راۋان.

**سەلىقە** (سليقە) ئ. زەۋق، مەيل، ئىستەك؛ تۇغما خىسلەت، تەبىئىلىك.

**سەلىم** (سليم) ئ. ساغلام،
ئامان: تولۇق، مۇكەممەل،
كەمچىلىكسىز: ساپ: مۇلايىم،
يۇۋاش: توغرا.
**سەلىل** (سليل) ئ. ئوغۇل؛
ساپ ھاراق: تۆگىنىڭ
ئۆركىشى.
**سەلىلە** (سليلە) ئ. قىز بالا،
قىز.
**سەلەخ** (سلخ) ئ. قەمەرىيە
يىل ھېساۋى بويىچە 30 كۈن-
لۈك ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنى.
**سەلەھائ** (صلحاء) ئ. ياخشى
كىشىلەر، سالىھلار.
**سەلەف**[1] (سلف) ئ. ئىلگىرى
ئۆتكەن، ئىلگىرىدە ئۆتكەن
كىشى، ئاتا-بوۋا (كۆپلۈگى
"ئەسلاف") سەلەف مۇلۇ-
كى — ئۆتمۈش پادىشالار.
**سەلەف**[2] (صلف) ئ. ماختان-
چاق، ھولۇقما.
**سەلەم** (سلم) ئ. پۇلنى ئال-
دىدىن ئېلىپ، مالنى كېيىن
بېرىدىغان سودا؛ بىر خىل
دەرەخ.
**سەلەندەر** (سلندر) پ. سەر-
گەردان، سايىاق، ئىگىسىز.
**سەلەۋات** (صلوات) ئ.
مۇھەممەت پەيغەمبەرنى مەد-
ھىيىلەپ ئوقۇلىدىغان دۇئا.
**سەم** (سم) ئ. ئوغا، زەھەر.
**سەمئ** (صمع) ئ. ئاڭلىماق؛
ئاڭلاش سەزگۈسى؛ قولاق.
**سەمائ**[1] (سماء) ئ. ساما، يۇقۇرى،
كۆك: ئاسمان؛ توروس،
شىپ.
**سەمائ**[2] (سماع) ئ. ئىشتىش،
ئاڭلاش: ناخشا-مۇزىكا،
ساما، رەقس؛ دەرۋىشلەرنىڭ
ناخشا-قوشاق ۋە مۇزىكا
بىلەن زىكرى قىلىشى: سەما
ئەتمەك — ئاڭلىماق؛ سەما-
ئى — ئاڭلاش بويىچە بولغان؛
سەمائەن — ئاڭلاش بويىچە.
**سەماجەت** (سماجت) ئ. چاپ-
لاشقاق، جاھىل، گىرى؛
قوپال، يېرىك.
**سەماھەت** (سماحت) ئ. ساخا-
ۋەت، ئالىجاناپلىق، مەرت.
**سەماسەتھ** (سماسطح) پ.
ئاسمان ئۆزگىرىشى.
**سەماكار** (سماكار) پ.

خىزمەتكار، مالاي؛ مەيخانا خىزمەتچىسى.

**سەماۋات** (سماوات) ئ. ئاسمانلار (بىرلىكى "سەما").

**سەماۋى** (سماوى) ئ. يۇقۇرىدا، كۆكتە، ئاسماندا بولغان، ئاسمانرەڭلىك، ھاۋارەڭ، كۆلرەڭ.

**سەماۋەش** (سماوش) ئۇپ. ئاسمانغا ئوخشاش، ھاۋارەڭ.

**سەمماك** (سماك) ئ. بېلىق ساتتى، بېلىق سودىگىرى؛ بېلىقچى.

**سەمت** (سمت) ئ. تەرەپ، ياق؛ قىرغاق؛ يول؛ غەرەز.

**سەمت** (صمت) ئ. سۆزلىمەي جىم تۇرماق، تىنىك تۇرماق.

**سەمسار** (سمسار) ئ. ئېلىم-سېتىمدا ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئوتتۇرىسىدا يۈرگەن كىشى، كېلىشتۈرگۈچى، دەللال؛ كونا كىيىم-كېچەك ئېلىپ ساتقۇچى سودىگەر؛ گۆرۈچى.

**سەمەد** (صمد) ئ. ھېچبىر نەرسىگە مۇھتاج بولمىغان، مۇڭسىز.

**سەمەر** (ثمر) ئ. مېۋە، يېمىش، كۈچ؛ نەتىجە.

**سەمەر** (سمر) ئ. كېچە، تۈن؛ كېچىلىك ئەڭگىمە؛ دەۋر، زامان.

**سەمەك** (سمك) ئ. بېلىق، بېلىق تۈرىدىكىلەر.

**سەمەن** (سمن) پ. خۇشبۇي ئاق چېچەك، ياسەمەن گۈلى ("ياسەمەن"نىڭ قىسقارتمىسى): سەمەن بەر — ياسەمەن گۈلىدەك خۇشپۇراق؛ ئاپپاق.

**سەمەن** (ثمن) ئ. ئاقچە، پۇل؛ باھا، نەرق.

**سەمەندەر** (سمندر) ئ. ئوت كەسلەنچۈكى (چۆچەكلەردە ئېيتىلىشىچە، ئوتتىن تۆرۈلۈپ، ئوت ئىچىدە ياشار ئىمىش) شېئىردا مۇنداق كەلگەن: سۆھبەتى ساھىب دىلان گەرم ئولدى زاھىد تۇر ھاغىل، خىرمەنى ئاتەشكە كىم كىرگەي سەمەندەر

بولماسا.

(زەلىلى)

**سەمىن** (ثمين) پ. قىممەت باھا: دورری سەمىن ــ قىممەت باھا دۇر؛ جەۋھەرى سەمىن ــ قىممەت باھا تاش.

**سەمىن** (سمين) ئ. سېمىز، مايلىق، سەمرىگەن.

**سەمۇر** (سمور) پ. قۇندۇز؛ قۇندۇز تېرىسى.

**سەمۇرگۈك** (سمرگك) ناخشا. كۈي؛ بۇلبۇل.

**سەمۇم** (سموم) ئ. ھالاكەتلىك شامال، ئىسسىق شامال.

**سەنا** (ثنا) ئ. ماختاش، داڭلاش، مەدھىيە، كۈي.

**سەنائ** (سناء) ئ. ئىچ سۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ياپراق (دورا).

**سەناخان** (ثناخوان) ئې. ماختىغۇچى، سانا ئېيتقۇچى.

**سەناچ** (سناچ) تېرە تورۋا، خالتا؛ تۇلۇم.

**سەنادىد** (صناديد) ئ. ئەل ئىچىدە چوڭ ئېتىۋارلىق كىشىلەر.

**سەنايىئ** (صنايع) ئ. سەنئەتلەر، ھۈنەرلەر (بىرلىكى "سەنئەت").

**سەنج** (سنج) پ. سۆز بىرىكمىسىدە ئۆلچىگۈچى، تارتقۇچى، قىلغۇچى؛ تەرمەك، چەكمەك، چالماق (نەغمە مەنىلىرىدە كېلىدىغان ياردەمچى سۆز. خەزانە سەنج ــ خەزىنىچى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: بولدى تۈركىستان زەمىن ئىچرە زەلىلى نەغمە سەنج، مۇستەمىدۇر كىم گۈلىستان قۇشلەرى ئەمدى كېلىپ.

(زەلىلى)

**سەنجەق** (سنجق) "سانجاق"قا قاراڭ.

**سەندان** (سندان) پ. سەندەل (تۆمۈرچى ۋە زەرگەرلەر ئەسۋابى).

**سەندەرۇس** (سندروس) پ. سېرىق رەڭلىك يىلىم؛ كۆچ؛ سېرىق تۇس.

**سەندەل** (صندل) پ. سەندەل دەرىخى (قارا سېرىق

رەڭلىك، خۇشپۇراق ياغاچ).
**سەندەلى** (صندلى) پ. سەن-
دەل رەڭ، سەندەل ياغىچى-
دىن ياسالغان كۇرس؛ سەن-
دەل ئامىز-سەندەل رەڭلىك
ۋە سەندەل ھىدلىك.
**سەنگ** (سنك) پ. تاش: سەن-
گى مەلامەت ــ مالامەت
تېشى، تەنە.
**سەنگباران** (سنك باران)
پ. تاش يېغىن، تاش بوران،
تاش ئاتار.
**سەنگبەست** (سنك بست) پ.
مۇستەھكەم.
**سەنگپارە** (سنك پاره) پ.
ئۇششاق تاش، تاش پارچە.
**سەنگپۇشت** (سنك پوشت)
پ. تاشپاقا.
**سەنگدىل** (سنكدل) پ. تاش-
كۆڭۈل. كۆڭلى قاتتىق.
**سەنگرىز** (سنك ريز) پ. تاش
ياغدۇرماق؛ تاش ياغدۇر-
غۇچى.
**سەنگسار** (سنك سار) پ.
تاشلاق جاي؛ ئادەمنى بىلە-
گىچە كۆمۈپ، تاش ئېتىپ

ئۆلتۈرۈش، چاما كېسەك
قىلىش.
**سەنگ كاباب** (سنك كباب)
پ. تاشقا يېقىپ پىشۇرۇلىدى-
غان كاۋاپ.
**سەنگىن** (سنكىن) پ. تاشتىن
ياسالغان؛ ئېغىر، قاتتىق.
**سەنگ مەھەك** (سنك مهك)
پ. سىناق تېشى.
**سەنە** (سنه) ئ. يىل.
**سەنەد** (سند) ئ. تايانچ،
ھۆججەت. دەلىل.
**سەنئەت** (صنعت) ئ. ھۈنەر،
قول ئىشى، ئۇستىلىق، ماھىر-
لىق: سەنئەت بەرداز ـــ
سەنئەتكار، ئۇستا ھۈنەرۋەن؛
سەنئەتكەر ـــ ھۈنەرۋەن.
**سەنەم** (صنم) ئ. تاش ياكى
لايدىن ياسالغان بۇت ۋە
سۈرەتلەر. كۆچ: يار، سۆي-
گىنى، گۈزەل (كۆپلۈگى
"ئەسنام").
**سەنەۋبەر** (صنوبر) پ. قارا-
غايغا ئوخشاش خۇشقامەت
دەرەخ؛ كۆچ: كېلىشكەن
قامەت.

**سەۋ** (سو) سۆيمەك، ياخشى كۆرمەك، ياقتۇرماق.

**سەۋاب** (ثواب) ئ. ياخشى ئش بەدلىگە ئېلنندىغان مۇكاپات (گۇنانىڭ قارشىسى)

**سەۋاب** (صواب) ئ. توغرا، خاتاسز.

**سەۋابت** (سوابيط) ئ. سابات"قا قاراڭ.

**سەۋابت** (ثوابت) ئ. تۇرغۇن يۇلتۇزلار (بىرلىگى "سابىت، سابىتە").

**سەۋابھ** (سوابح) ئ. "سابھە" نىڭ كۆپلۈگى.

**سەۋاھب** (صواحب) ئ. دوستلار، سۆھبەتداشلار.

**سەۋاھل** (سواحل) ئ. قىر- غاقلار، قۇرۇقلۇقلار (بىرلىگى "ساھل").

**سەۋاد** (سواد) ئ. قارا، قارا- تۇس؛ قاراڭغۇ، قاراڭغۇلۇق؛ بىر نەرسىنىڭ قارىسى؛ خەت-ساۋات، يېزىق؛ شەھەر، ئۆلكە، تېرىتورىيە، يىراقتىن كۆرۈنگەن قارا، بەلگە، نىشان: سەۋاد ئەيلىمەك — يازماق؛ سەۋاد زاھىر — قارىسى كۆرۈنمەك.

**سەۋار** (سوار) پ. ئاتلىق، ئۇلاقلىق، ئۇلاق مىنگەن ("سۇۋار" مۇ دېيىلىدۇ).

**سەۋاش** (سواش) ئېلىشىش، كۆرىشىش، چېلىشىش، ئۇرۇ- شۇش: سەۋاشماق — ئېلىش- ماق، ئۇرۇشماق، جەڭ قىلماق.

**سەۋالات** (سوالات) ئ. سوئاللار، سوراقلار (بىرلىگى "سوئال").

**سەۋامئ** (صوامع) ئ. "سەۋ- مەئە"گە قاراڭ.

**سەۋانھ** (سوانح) ئ. ۋەقە- لەر، ھادىسىلەر (بىرلىگى "سانىھە")

**سەۋب** (صوب) پ. تەرەپ، تامان، ياق.

**سەۋب** (ثوب) ئ. كىيىم.

**سەۋدائ** (سوداء) ئ. تىبا- بەتچىلىكتە ئادەم بەدىنىدىكى تۆت خىلتنىڭ بىرى.

**سەۋدازادە** (سودازده) ئپ. "سەۋدائى"غا قاراڭ.

**سەۋدائى** (سودائى) ئ. تەلۋە، تەنتەك، خىيالى بۇزۇلغان: سەۋدايى بولماق — بىقارار بولماق، دىۋانە بولماق.

**سەۋت** (سوط) ئ. قامچا.

**سەۋت** (صوت) ئ. تاۋۇش، ئاۋاز؛ شاۋقۇن، ئاھاڭ، كۈي، مۇقام (كۆپلۈگى "ئەسۋات").

**سەۋر** (ثور) ئ. ھۆكۈز: قەدىمقى ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە، ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجىنىڭ ئىككىنچىسى.

**سەۋرەت** (سورت) ئ. تېز-لىك. ئۆتكۈرلۈك: ئاچچىقلى-نىش.

**سەۋسەن** (سوسن) پ. گۈل سەۋسەر، بىر خىل ئۆسۈملۈك: سەۋسەنى ئازادە — بويىدار سەۋسەن.

**سەۋسەنى** (سوسنى) پ. سۆسە-نەرەڭ، بىنەفشە رەڭ: سەۋ-سەنى خانە — گۈل سەۋسەر چانىغى. كۆچ: گۈل سەۋسەر شەكىللىك چىملداق.

**سەۋف** (سەوف) تېرە، يۇڭ.

**سەۋنگلمك** (سويكلك) سۆيۈم-لۈك، كۆيۈملۈك.

**سەۋنچ** (سوينچ) شادلىق، خۇشاللىق.

**سەۋمەئە** (صومعه) ئ. تەگ-رىگە ئىبادەت قىلىپ ئولتۇ-رۇش ئۈچۈن ياسالغان كەپە.

**سەۋۈك** (سووك) يار، سۆيۈ-گىنى، ئامرىغى: يولدىشى.

**سئايەت** (سعايت) ئ. چېقىم-چىلىق، تۆھمەت، بۆھتان.

**سىب** (سيب) پ. ئالما (مۆۋە).

**سبا** (صبا) ئ. ياشلىق، ياش باللىق دەۋرى.

**سباﺋ** (سباع) ئ. يىرتقۇچ ھايۋانلار (بىرلىگى "سەبۇئ").

**سىبزغۇ** (سبزغو) نەي.

**سپاھ** (سپاه) پ. ئەسكەر، چېرىك، قوشۇن.

**سپاھان** (سپاهان) پ. "سفاھان" غا قاراڭ.

**سپاھى گەرى** (سپاهى كرى) پ. سپاگەرچىلىك، ئەمەلدارلىق.

**سپار** (سپار) پ. سۆز بىرىك-مىسىدە تاپشۇرغۇچى، بېغىش-

لىغۇچى، بەرگۈچى قاتارلىق
مەنىلەردە كېلىدۇ: جانسىپار-
لىق — جانىنى ئايىماسلىق،
سادىقلىق، پىداكارلىق.
**سپارش** (سپارش) پ. تاپ-
شۇرماق، ھاۋالە: ھۆرمەت،
مېھرىبانلىق: سپارش
قىلماق — تاپشۇرماق، ھاۋالە
قىلماق: ھۆرمەتلىمەك:
سپارش ئۇستەمەك — مېھرى-
بانلىق ئۇستىمەك.
**سپاس** (سپاس) پ. ماختى-
ماق، ياراتماق: تەشەككۈر،
رەھمەت، شۈكرى ئېيتماق،
مىننەتدارلىق.
**سپقارماق** (سپقارماق) سۇ-
مۇرمەك، ھېچ قالدۇرماي
ئىچمەك.
**سپقان** (سپقان) بېلىق
تۇتىدىغان بىر خىل پەنجە.
**سپەھ** (سپح) پ. "سپاھ"قا
قاراڭ.
**سپەھبەد** (سپھبد) پ. قوشۇن
باشلىغى، باش قوماندان.
**سپەھدار** (سپەدار) پ.
ئەسكەر باشلىغى، سەركەردە.

**سپەھسالار** (سپەسالار) پ.
باش قوماندان.
**سپەھر** (سپھر) پ. ئاسمان، ئاس-
مان گۈمبىزى، پەلەك: سپ-
ھر ئاسىبى — دۇنيا ئاپەت-
لىرى؛ سپھر ئەسىر —
قەدىمكى ئاسترونومىيە
بويىچە، ئاسماننىڭ ئەڭ
يۇقۇرىقى قەۋىتى؛ سپھرى
مۇئەللا — يۇكسەك ئاسمان.
**سپەرى** (سپرى) پ. ئاخىرىغا
يەتكۈزۈلگەن، تۈگەل،
تۈگەللەنگەن.
**سپەنج** (سپنج) پ. ۋاقىتلىق،
ئۆتكۈنچى، يوقالغۇچى؛ كۆچ:
دۇنيا؛ خانەئى سپەنج —
كۆچمە مەنىدە ئاسمان.
**سپەند** (سپند) پ. ئىسرىق،
ئىسرىق ئۇرۇغى:
**سپەندان** (سپندان) پ. ئىس-
رىقدان.
**ستارە** (ستارە) پ. يۇلتۇز:
ستار ئەفشان — يۇلتۇز
چاچقۇچى.
**ستاي** (ستاي) پ. "ستان"غا
قاراڭ.

**ستايىش** (ستايش) پ. ماختىماق، ياخشىلىق بىلەن سۆپەتلىمەك.

**ستام** (ستام) پ. ئاتىنىڭ ئىگەر - جابدۇقلىرى.

**ستان** (ستان) پ. سۆز بىرىك-مىسىدە "ئالغۇچى، زەبت قىلغۇچى، بويسۇندۇرغۇچى" مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: جان-ستان — جان ئالغۇچى، ھالاك قىلغۇچى؛ كىشۋار-ستان — مەملىكەت بېسىپ ئالغۇچى، جاھانگىر؛ خۇدى-ستانلىق — ئالغۇرلۇق، ھەممە نەرسىنى قامراپ ئالماقلىق؛ ئۆزىنى ماختىماقلىق.

**ستتە** (ستە) ئ. ئالتە؛ ستتە زۆرۇرىيەت — ئالتە زۆرۈر-يەت.

**ستەم** (ستم) پ. جەبر، زۇلۇم، سىقىق. سىقىن: ستەم سازلىق — زالىملىق، جەبر قىلماقلىق.

**ستەمگەر** (ستمكر) پ. زالىم، زومىگەر، زۇلۇم سالغۇچى، ئەزگۈچى.

**ستەمكار** (ستمكار) پ. "ستەمگەر"گە قاراڭ.

**ستەم دىدە** (ستم ديده) پ. ئازاپ چەككەن، قىينالغان.

**ستەم ئەندىش** (ستم اندیش) پ. جەبىر - زۇلۇم قىلغۇچى.

**ستىز** (ستيز) پ. كەك، كىنا، خۇسۇمەت، دۈشمەنلىك؛ زۇلۇم؛ ئۇرۇش؛ جاڭجال: ستىز ئەتمەك — خۇسۇمەت قىلماق، جاڭجال قىلماق، ئۇرۇشماق.

**ستىزە** (ستيزه) پ. "ستىز"غا قاراڭ.

**ستىزەروي** پ. (ستيزه روى) پ. ئەدەپسىز.

**ستىزان** (ستيزان) پ. خۇسۇ-مەتلىك؛ غەزەپلىك؛ كەك-لىك: ستىزان بولماق — غەزەپلەنمەك؛ خۇسۇمەت قىلماق.

**سچماق** (سيچماك) ئاجرات-ماق، ئاجرىتىپ ئالماق.

**سجىل** (سجل) ئ. بىرەر جايغا ئەۋەتىلىدىغان خەت

ئۈستىدىن ئورالغان قەغەز؛ مەھكەمىدە ھۆكۈمنامىلەر يېزىلغان قەغەز: قازى مۆھۈرى بېسىلغان ھۆججەت (كۆپلۈكى "سجللات").

**سجن** (سجن) ئ. قاماق، زىندان، تۈرمە.

**سھر** (سحر) ئ. نەيرەڭ، كۆز باغلاش، ھىلە، جادۇ.

**سھر پەرداز** (سحرپرداز) ئپ. سېھىرچى، سېھىرگەر؛ سەنئەتكار؛ سھرپيوندلىغ — سېھىر باغلىماق: ماھارەت كۆرسەتمەك، ئاجايىپ ھۈنەر كۆرسەتمەك.

**سھى** (صحى) ئ. سالامەتلىك ۋە ساقلىق توغرىسىدا.

**سھىيە** (صحيه) ئ. خەلق سالامەتلىكىنى ساقلايدىغان ۋە كېسەل - ئاغرىقلارنى يوقى- تىشقا تىرىشىدىغان مەجلىس، كېڭەش.

**سھھەت** (صحت) ئ. ساقلىق، سالامەتلىك، ساغلاملىق، تۈزەلمەك: سھھەتى مىزاج — ساقايماق، تۈزەل-

مەك.

**سدق** (صدق) ئ. چىن، راستلىق، توغرىلىق: سدقى سەفا — چىن يورۇقلۇق.

**سددىق** (صديق) ئ. راست- گۆي، چىن سۆزلۈك، توغرا سۆزلىگۈچى.

**سر** (سر) ئ. يوشۇرۇن سۆز ياكى ئىش.

**سراب** (سيراب) پ. سۇ ئىچىپ تويغان؛ مولچىلىق، باياشاتچىلىق.

**سرات** (صراط) ئ. كۆۋرۈك.

**سراج** (سراج) ئ. چىراق، يورۇقلۇق، نۇر.

**سرشك** (سرشك) پ. كۆز يېشى.

**سرف** (صرف) ئ. ساپ، نوقۇل؛ پەقەت.

**سرفۇرۇش** (سيرفروش) پ. قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ساتقۇچى.

**سرقە** (سرقه) ئ. ئوغرىلىماق، قاراقلىماق.

**سرەت** (سيرت) ئ. خىسلەت، رەۋىش، ئادەت، ھالەت.

**سرىچغا** (سيرچغا) ئەيىنەك،
شىشە، سىرىچقا.
**سرىش** (سريش) پ. يىپىش-
تۇرۇلغان: ئاغزى سرىش-
لىك — ئاغزى يىپىشتۇرۇل-
غان، سىراجلانغان.
**سرىشت** (سيرشت) ئ. تەبى-
ئەت، خۇلۇق-ئادەت.
**سرىشتە** (سرشتە) پ. ئارى-
لاشتۇرۇلغان.
**سرىقماق** (سيرىقماق) تەنتى-
مەك، دەيدىمەك.
**سىر مەمەك** (سير ماماك)
ئىلىپ ئالماق، يۇلۇپ ئالماق؛
چىرمىماق؛ شىمەرمەك.
**سغ** (سيغ) يىغا، يىغلاش:
سغلىدى — يىغلىدى.
**سغار** (صغار) ئ. ياش بالى-
لار، گۆدەكلەر (بىرلىكى
"سەغىر").
**سغتا** (سيغتا) ماتەم، ماتەم
تۇتۇش.
**سغتچى** (سيغتچى) ماتەم
تۇتقۇچى، ماتەم بىلدۈر-
گۈچى.
**سغەر** (صغر) ئ. ياشلىق،
كىچىكلىك.
**سغنچە** (سيغنچە) پانا جاي،
پاناگاھ، ئىلتىجا قىلىش
ئورنى، مەلجەئ.
**سغۇرچاق** (سغرچق) قارى-
غوجا.
**سغرماق** (سيغورماق) سۇق-
ماق، كىرگۈزمەك.
**سغۇن** (سيغن) جىنسى
ئاجىزلىقنى داۋالايدىغان
ئوت، يىلتىزى ئادەم شەك-
لىگە ئوخشايدۇ.
**سقت** (سقط) ئ. ئاي-كۈنى
توشماي تۇغۇلغان بالا.
**سقتاماق** (سيقتاماق) قاتتىق
يىغلىماق، يىغلىماق.
**سقە** (ثقە) ئ. سۆزى ئىشەنچ-
لىك، ئىشەنسە بولىدىغان.
**سقىچ** (سيقيچ) گۈگگۈرت.
**سقىرقان** (سيقيرقان) چوك
چاشقان.
**سقن** (سيقن) زۇلۇم، ئازاپ،
قىيىنچىلىق.
**سقندۇ** (سيقندو) "سقن"غا
قارالڭ.
**سفات** (صفات) ئ. سۈپەت-

لەر، خۇسۇسيەتلەر (بىرلگى "سفەت").

**سفر** (صفر) ئە. بوش، خالى.

**سفلە** (سفله) پەس، پەسكەش، خەسس.

**سكەنەك** (سيكنەك) بىر خل ياۋايى ئۆسۈملۈك.

**سكز** (سكيز) پ. سەكرمەك، تاقلماق؛ تالاشماق.

**سكن** (سكن) ئاستا، تىچ، ئاۋايلماق، ئېھتىيات قلماق.

**سككە** (سكه) ئە. قاتتق پۇل، قەغەز پۇل؛ پۇل قېلپى؛ ئۆزگچىلك، ئالاھدىلك، خاراكتېر، مجەز؛ نۇر، چرايلق؛ ئۇدۇل يول؛ كچك كوچا؛ قورۇق چۈشكەن يۈز: سككەرا يىج — مۇئامىلدىكى پۇل؛ سككە مەردى — ئەرلك ياكى مەردلك خاراكترى.

**سككە برو** (سكەبرو) ئە. پۇل، ئاقچا.

**سككەخانە** (سكەخانه) ئپ. پۇل قۇيدىغان زاۋۇت.

**سككەدار** (سكەدار) ئپ. قۇيۇلما، نەقشلك، قېلپلانغان؛ مۇستەقل: پۇل قۇيۇش ھوقۇقىغا ئگە؛ مۇھىم، ئاتاقلق، مەشھۇر.

**سگال** (سگال) پ. ئوي، خيال، پكر؛ نيەت؛ زەھەرلك سۆز، يامان گەپ؛ يامان نيەت.

**سگالش** (سگالش) پ. ئوي، پكر، خيال؛ يامان نيەت.

**سياھ** (سياه) پ. قارا؛ سياھ بەخت — بەختسز، ئشى ئوڭمىغان؛ نامە سياھ — گۇناكار.

**سياھى** (سياهى) پ. قارا، قارلق.

**سيادەت** (سيادت) ئە. "سەيادەت"كە قاراڭ.

**سياسەت** (سياست) ئە. سىياسى؛ سياسەت، يۆنۈلۈش؛ سياسي تۈزۈم؛ ئدارە قلش، باشقۇرۇش، ھۆكۈمرانلق؛ جازا.

**سياسەتگاھ** (سياست گاه)

ئىپ. جازا مەيدانى.
**سياسەتگەر** (سياست گر) ئىپ. جازانى ئىجرا قىلغۇچى؛ سىياسىيون، سىياسەتچى.
**سىياسى** (سياسى) ئ. سىيا- سىي؛ خارجى، تاشقى ئىش- لارغا دائىر؛ ئاگاھى سىيا- سى — سىياسىي ئاڭ؛ مناسـ- بات سىياسىي — خارجى مۇناسىۋەت.
**سىياق** (سياق) تەرز، يوسۇن، تەرتىپ؛ چىراي.
**سىياق** (سياق) ئ. قوغلىماق، ھايدىماق؛ ماقالىنىڭ ياكى سۆزنىڭ باش - ئايىغىنىڭ باغلىنىشى، سۆز ئۇگىغىي؛ ئۇسۇل، ئۇسلۇب.
**سىياقدار** (سياق دار) ئىپ. ئىزچىل، باش - ئايىغى بىردەك، رەتلىك.
**سىياقەت** (سياقت) ئ. قوغلى- ماق، ھايدىماق، سۈرمەك.
**سىيەھ** (سيه) پ. "سىياھ"قا قاراڭ.
**سىيەھبال** (سيەبال) پ. قارا قانات: قانىتى قارا؛ كۆچ؛ بەختسىز.
**سىيەھپۇش** (سيە پۇش) پ. قارا كىيگەن.
**سىيەھ تاب** (سيەتاب) پ. قارامتۇل.
**سىيەھ چال** (سيەچال) پ. زىندان قۇدۇق.
**سىيەھ روي** (سيەروي) پ. يۈزى قارا، شۇم، يارىماس.
**سىيەھستارە** (سيەستارە) پ. كۆچ. يۇلتۇزى قارا، بەختسىز.
**سىيەھفام** (سيەفام) پ. قارا تۇسلۇك؛ قاپ - قاراڭغۇ.
**سىيەھكار** (سيەكار) پ. يامان ئىشلارنى قىلغۇچى.
**سىيەھنامە** (سيەنامە) پ. گۇناكار، جىنايەتچى.
**سىيەر** (سير) ئ. مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان كىتاب.
**سىيەروز** (سيەروز) پ. قارا كۈندە قالغان.
**سىل** (سيل) پ. سەل، تاش- قىن: سىل ئەندۈز — سەلگە ئايلانغان؛ سىل ئاۋەردە —

تاشقىن ئېلىپ كەلگەن: سەل
گاھ ــ تاشقىن بېسىپ
كەتكەن يەر.
**سلاب** (سيلاب) پ. سەل
سۇيى، سەل، تاشقىن
**سلاھ** (سلاح) ئ. قورال ـ
ياراق: سىلاھى رەزم ــ
ئۇرۇش قورالى.
**سلاھشۇر** (سلاح شور) ئې.
قورال تۇتۇشقا ماھىر، باتۇر،
جەڭچى.
**سلان** (سيلان) ئ. ئېقىش،
ئېقىپ كېتىش: سىلان
دەم ــ قان ئاقماق، قان
چىقماق.
**سله** (صله) ئ. ئىنئام،
بەخش، سوغات، تارتۇق.
**سله** (سيله) پ. توپ، سۈرۈك
(ھايۋانلارنىڭ)
**سلەھشور** (سلح شور) ئې.
"سلاھشۇر"غا قاراڭ.
**سلك** (سلك) ئ. بىر نەرسىنى
يىپقا تىزماق، تىزىم، تىزىق،
قاتار.
**سللى** (سلى) شاپىلاق:
سىللى ئۇرماق ــ شاپىلاق
ئۇرماق، قىينىماق.
**سيلىغ** (صيلغ) مۇكاپات،
ھەق، تارتۇق.
**سلسله** (سلسله) ئ. زەنجىر؛
تىزما؛ تەرتىپ (كۆپلۈكى
سەلاسىل): سىلسىلە
جەبەل ــ تاغ تىزمىلىرى؛
سىلسىلە نامە ــ بىراۋنىڭ
ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئاتلىرى
تەرتىپى بىلەن يېزىلغان
قەغەز ياكى دەپتەر، جورۇگ ـ
قاي؛ سىلسىلە زۇلۇق ــ چاچ
بۇرىمى؛ سلسله مەقسۇد ــ
مەقسەت ۋاستىسى.
**سم** (سيم) پ. كۈمۈش،
تەڭگە؛ مىتال يىپ، ئېلېكتىر
سىمى؛ تار (چالغۇنىڭ).
**سما** (سيما) ئ. يۈز، چىراي،
چېھرە، ئەپت ـ بەشرە، فىزىئو ـ
نومىيە: ماھسىما ــ ئاي چە ـ
راي؛ مەلەك سىما ــ پەرىشتە
چىراي، گۈزەل.
**سماپ** (سيماب) پ. سىماپ،
تىرىك كۈمۈش.
**سمبەر** (سيمبر) پ. كۈمۈش
بەدەن، ئاق بەدەن؛ ئاپپاق،

گۈزەل.

**سيم پاش** (سيم پاش) پ. كۈمۈش چاچقۇچى؛ كۆز يېشى ئاققۇزغۇچى.

**سيمتەن** (سيم‌تن) پ. "سيمبەر"گە قاراڭ.

**سمرۇغ** (سمرغ) پ. سۇمرۇغ قۇشى، قاراقۇش.

**سمكەش** (سيمكش) پ. ئىسراپخور؛ سم تارتقۇچى.

**سمگۇن** (سيمگون) پ. كۈمۈش رەڭ، ئاق.

**سميا** (سيميا) ئەپسانىۋى بر "ئىلم"نامى، گويا ئۇنىڭ ۋاستسى بىلەن ھەقىقەتتە مەۋجۇت بولمىغان ئاجايىپ ۋە غارايىپلار كۆزگە كۆرۈنەر ئىمىش.

**سمن** (سيمين) پ. كۈمۈش، كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن؛ كۈمۈشتەك ئاپپاق؛ سيمن نقاب — ئاق پەردە، ئاق پەردىلىك؛ سيمن راۋاق — ئاق راۋاق.

**سمنبەر** (سيمين بر) پ. "سيمبەر"گە قاراڭ.

**سن** (سين) چىراي، شەكل، تۇس، فىزئونومىيە.

**سنتاش** (سنتاش) مەڭگۇ تاش، ئابدە.

**سنچ** (سينچ) چىلدىرما چۆرىسىگە ئۆتكۈزۈلگەن قوڭغۇراقچىلار.

**سنچى** (سينچى) سەپ سالغاق، كىشىنىڭ تۇرقىغا قاراپ باھا بەرگۈچى؛ پايلاقچى، ئىشپىيون، رازۋېتچىك.

**سنغار** (سينغار) قارچۇغا، شۇڭقار.

**سنق** (صنق) ئ. جىنس، تۈر، نەۋ، خىل، تەبقە، بۆلەك، بۆلمە، بۆلۈم (كۆپلۈكى "ئەسناق، سۇنۇق").

**سنە** (سينە) كۆكرەك، كۆكس؛ يۈرەك؛ ئەمچەك؛ ئۆپكە: سنە ئەسەب — ئاتنىڭ كۆكرىكى؛ سنە دەرد — كۆكرەك ئاغرىقى، يۈرەكنىڭ سىقىلىپ ئاغرىشى.

**سنە ساف** (سينەصاف) ئىپ. ئادىل، توغرا، ئاق كۆڭۈل، تۈز.

**سىنەسۇز** (سينه سوز) پ. يۇرەكنى كۆيدۈرگۈچى.

**سىنەك** (سينك) چىۋىن: پاشا.

**سىڭار** (سينكار) پەي (ياي-نىڭ ئۇچىغا باغلىنىدىغان).

**سىڭەك** (سينكاك) "سىنەك"كە قاراڭ.

**سىڭرەمەك** (سينكراماك) پەس ئاۋۇش بىلەن دەردلىك يىغلىماق.

**سىڭۇرمەك** (سينكورماك) غەم چەكمەك، قايغۇرماق.

**سىنقماق** (سينقماق) شكەست تاپماق، رەڭگى ئۆچمەك، سىنماق.

**سىنۇقتۇرماق** (سينوقترماق) قىينىماق، سىندۇرماق.

**سۇار** (سوار) ئ. قولغا سال-دىغان كىشەن: بىلەيزۈك.

**سۇ**[1] (سو) پ. يۆنۈلۈش، تەرەپ، نىشان: نۇر، يورۇق: كۆرۈش كۈچى: كەدام سۇ (ي) — قايسى تەرەپكە: سۇ چىراغ — چىراق نۇرى (بۇ سۆز "سۇي" دەپمۇ ئىيتىلىدۇ).

**سۇ**[2] (سو) پ. پايدا، مەنپەئەت، پايدىلىق.

**سۇب** (سوب) سۇ: قانىك سۇبچا يۇگۈرتى — قېنىك سۇدەك ئاقتى ("سۇ" سۆزى قەدىمكى تۈركى تىلدا "سۇب" دېيىلىدۇ).

**سۇبائى** (سباعى) ئ. يەتتى-لىك، يەتتە ھەرپلىك سۆز.

**سۇبھە** (صبح) ئ. تاڭ، تاڭ چېغى، تاڭ ۋاقتى: سۇبھە ئاسار — تاڭغا ئوخشاش يارقىن؛ سۇبھە كازىب — تاڭ ئېتىشتىن بىرئاز ئىلگىرىكى چاغ، يالغان تاڭ؛ سۇبھە سادىق — تاڭ ئېتىش پەيتى؛ سۇبھى شام — ئەتىگەن ۋە كەچ.

**سۇبھان** (سبحان) ئ. ھېچ بىر كەمچىلىكى بولمىغان: سۇبھانەللا — ئاللاتائالانى ھەرقانداق كەمچىلىكلەردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن.

**سۇبھە** (سبحه) ئ. تەسۋى.

**سۇبھىدەم** (صبحدم) ئ. تاڭ چېغى.

**سۇبھگاھ** (صبحگاه) ئپ. "سۇبھدەم"گە قاراڭ.

**سۇبو** (سبو) پ. سۇ قاچىسى، سۇ قۇتىسى، ساپال چۆگۈن.

**سۇبۇت** (ثبوت) ئ. چىڭلىق، مەككەملىك؛ ئىسپاتلىنىش: سۇبۇت تاپماق — ئىسپاتلانماق.

**سۇبۇچە** (سبوچە) پ. كىچىك سۇ قاچىسى، كىچىك سۇ چۆگۈنى.

**سۇبۇھ** (سبوح) پ. خۇدا، ئاللاھ.

**سۇبۇس** (سبوس) پ. كىپەك؛ ئارپىغان.

**سۇبۇكەش** (سبوكش) پ. مەي ئىچكۈچى.

**سۇبۇل** (سبل) ئ. يول، يوللار: ھادى سۇبۇل — يول باشلىغۇچى.

**سۇتۇھ** (ستوه) ئ. چارچىغان، ھارغان، قىينالغان؛ ھېرىش، چارچاش، قىينىلىش.

**سۇتۇدە** (ستوده) ئ. ماختالغان، ماختاشلىق.

**سۇتۇر** (ستور) ئ. ئات-ئۇلاق.

**سۇچۇگ** (سوچوگ) تاتلىق: سۇچۇگلىك — لەززەتلىك، مەززىلىك، تاتلىق.

**سۇچۇلماق** (سوچولماق) چۇچۇلماق، سالماق، يەشمەك (كىيىمنى).

**سۇختە** (سختە) پ. يانغان؛ كۆيگەن، كۆيۈك، يارا: دىل سۇختە — يۈرىكى يانغان.

**سۇخرە** (سخره) ئ. مەسخىرە، كۈلكىلىك.

**سۇخسۇر** (سخسر) ئۆدەكتىن كىچىكرەك بىر جانىۋار، قوشماق ئۆردەك.

**سۇخەن** (سخن) پ. سۆز، نۇتۇق، ئىپادە.

**سۇخەن ئارا** (سخن‌آرا) پ. شىرىن سۆز، خۇشگەپ.

**سۇخەندان** (سخندان) پ. سۆزمەن، گەپدان.

**سۇخەن سەنج** (سخن سنج) پ. سۆزمەل، گەپكە چېچەن.

**سۇخەن گۇزار** (سخن گذار) پ. سۆز يورگۇزۇش، سۆز ئېيتىشلىش.

**سۇخەن ۋەر** (سخن‌ور) پ.

سۆزگە ئۇستا، گۈزەل
سۆزلۈك.
**سۇها** (سها) ئ. ئۈكەر تۈپە-
دىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئەڭ
سۇس كۆرۈنىدىغىنى.
**سۇهان** (سهان) ئ. ئىگەك؛
هەرە.
**سۇهاۋەش** (سهاوش) ئىپ.
سۇهاغا ئوخشاش كىچىك.
**سۇهەيل** (سهيل) ئ. بىر
يورۇق يۇلتۇز.
**سۇهۇر** (سحور) ئ. روزىدا
سەهەر تۇرۇپ تاماق يېيىش.
**سۇهۇف** (صحف) ئ. سەهى-
پىلەر، ۋاراقلار، بەتلەر
(بىرلىكى "سەهىفە").
**سوهول** (سهول) ئ. تۈزلەڭ-
لىك، ئويمانلىق، تۈزلەڭ.
**سۇهۇلەت** (سهولت) ئ. ئوڭاي-
لىق، يەڭگىللىك؛ بىسقلىق،
راۋانلىق.
**سۇد** (سود) سۈت.
**سۇد** (سود) پ. پايدا، نەپ،
بەهر: سۇدۇ زىيان — پايدا-
زىيان؛ سۇدو سودا —
ئالدى-ساتتى، سودىگەر-

چىلىك.
**سۇد** (سود) ئ. سۆز بىرىكمە-
سىدە سۇركەش، سۇرتۇش،
ئىشقىلاش مەنىلىرىدە كېلىدۇ:
خاك سۇد — تۇپراققا بۇلان-
غان، سۇركەلگەن.
**سۇدائ** (صداع) پ. باش
ئاغرىقى.
**سۇددە** (سده) پ. توساق؛
ئاستانا؛ دەرۋازا.
**سۇدمەند** (سودمند) پ. پايدى-
لىق، بەهرلىك.
**سۇدۇر**[1] (صدور) ئ. دىنىي
مۇراسىملارنى تەكشۈرگۈچى
چوڭ ئەمەلدار.
**سۇدۇر**[2] (صدور) ئ. بىر
ئىشنىڭ باشلىنىشى، كېلىپ
چىقىشى، پەيدا بولۇش، چە-
قىش: سۇدۇر تاپماق — سادىر
بولماق، چىقماق.
**سۇر** (صور) ئ. هايۋان مۈڭ-
گۈزىدىن قىلىنغان كاناي،
سۇناي.
**سۇر**[1] (سور) توي، بەزم،
شاتلىق يىغىنى.
**سۇر**[2] (سور) قورغان، قەلئە.

**سۇراخ** (سوراخ) پ. تۆشۈك، ئۆتكۈر.

**سۇرخ** (سرخ) پ. قىزىل.

**سۇرخاب** (سرخاب) پ. قىزىل سۇ.

**سۇرخ رو** (سرخرو) پ. قىزىل يۈز؛ شاد، خۇشال.

**سۇرە** (سوره) ئ. قۇرئاننىڭ ئايرىم باپ ۋە بۆلۈمى (كۆپلۈگى "سۇۋەر").

**سۇرەت** (صورت) ئ. شەكىل، رەسىم، سىزما، تۇس؛ ھال، كەيپىيات، تاشقى كۆرۈنۈش. (كۆپلۈگى "سۇۋەر"): سۇرەت باغلاماق — ئەمەلگە ئاشماق، يۈزەگە چىقماق.

**سۇرەتگەر** (صورتگر) ئپ. سۇرەتچى، رەسسام.

**سۇرەييا** (ثريا) ئ. ئۈركەر يۇلتۇزى.

**سۇرئەت** (سرعت) ئ. تېزلىك، چاققانلىق.

**سۇرئەت نەما** (سرعت‌نما) ئپ. چاققانلىق قىلغۇچى، تېز ھەرىكەت قىلغۇچى.

**سۇرمە** (سورمه) ھاراق، ئاشلىق ھارىقى.

**سۇرۇد** (سرود) ناخشا، قوشاق، كۈيلەش، نەغمە، مۇزىكا: سۇرۇد تارتماق — كۈيلىمەك؛ سۇرۇد ياساماق — كۈيگە سالماق.

**سۇرۇر** (سرور) ئ. شادلىق، خۇشاللىق، سۆيۈنچ، قۇۋانچ.

**سورۇغ** (سوروغ) سوراق، ھېساپ ئېلىش: سورۇغ كۈنى — سوراق كۈنى، ھېساپ ئېلىش كۈنى؛ كۆچ: قىيامەت كۈنى.

**سۇرۇك** (سوروك) پادا، توپ.

**سۆز** (سوز) سۆز، گەپ، نۇتۇق، پاراڭ؛ ۋەدە: سۆز تۇشمەك — گەپ ئارىلىماق، گەپ-سۆز بولماق؛ سۆز ئەھلى — ئۆتكۈر سۆزلۈك، ناتىق؛ شائىر؛ سۆز بادەسى — يېقىملىق سۆز؛ سۆز بەرمەك — ۋەدە بەرمەك.

**سۇز** (سوز) پ. كۆيدۈرمەك، ئۆرتىمەك؛ سۇز بىرىكمىسىدە كۆيدۈرگۈچى، ئۆرتىگۈچى مەنىلىرىدە كېلىدۇ:

ئالەم سۆز — دۇنيانى ئۆرتە-
گۈچى؛ سۆزلۈغ — ئوتلۇق،
يالقۇنلۇق؛ دەردلىك.

**سۇزان** (سوزان) پ. كۆيگەن،
كۆيۈپ تۇرغان، يېنىپ تۇر-
غان، يالقۇنلۇق؛ ئەلەملىك.

**سۇزەن** (سوزن) پ. يىڭنە.

**سۇزەنگەر** (سوزن گر) پ.
كەشتىچى؛ يىڭنە ئىش
قىلغۇچى.

**سۇزەندە** (سوزنده) پ. كۆي-
دۈرگۈچى ياندۇرغۇچى؛
ئەفگەرى سۇزەندە — كۆيدۈر-
گۈچى ئوت؛ سۇزەندەراق —
كۆيدۈرۈچانراق.

**سۇزناك** (سوزناك) پ. ئوت-
لۇق، يالقۇنلۇق؛ دەردلىك.

**سوزاۋۇل** (سوزاول) قاچقان
ئەسكەرلەرنى ئۆز توپىغا
قايتۇرغۇچى قوربېشى
(ئەپتسەر)

**سۇغالماق** (سوغالماق) كە-
مەيمەك، سوغۇلماق؛ قۇرۇماق
(سۇ).

**سوغان** (سوغان) پىياز.

**سۇغرا** (صغرا) ئ. ئەڭ
كىچىك.

**سۇغۇت** (سغوت) زەرەپشان
دەرياسىنىڭ قەدىمقى نامى.

**سوغۇن** (سوغون) ئىشىكنىڭ
تەلەمچىلەرگە نان سۇنۇپ
بېرىدىغان تۆشۈگى.

**سۇق** (سوق) ئاچ، ئاچكۆز:
سۇقلۇق — ئاچكۆزلۈك.

**سوقاغ** (سوقاغ) بىر خىل چوڭ
كىيىك؛ تار يول، رەستە.

**سۇقبە** (ثقبه) ئ. تۆشۈك.

**سۇقتۇر** (سوقتور) ئۆردەكنىڭ
بىر تۇرى ("سۇخسۇر"غا
قاراڭ).

**سوقماق** (سوقماق) تار يول،
كىردى-چىقتى يول.

**سوقمان** (سوقمان) چوڭ يول
تىزمىسى.

**سۇقۇت** (سقوط) ئ. تۆۋەنگە
چۈشمەك، يوقالماق، چۈش-
مەك، يەرگە چۈشمەك.

**سوقۇن** (سوقۇن) يانچىلغان،
ئېزىلگەن نەرسە.

**سۇف** (صوف) ئ. يۇڭ،
جاباغا؛ ماموق.

**سۇفرە** (سفره) ئ. داستقان،

سۇپۇرا.

**سۇفرەت** (صفرت) ئ. سېرىقـ
لىق، سېرىق تۇسلۇك.

**سۇففە** (سوفـە) ئ. ئايـۋان،
سۇپا.

**سوفى** (صوفى) ئ. ئىبادەت
ۋە ياخشىلىق بىلەن شۇغۇللانـ
غان ۋە ھارام ئىشلاردىن
ساقلانغان كىشى، تەقۋىدار،
سوفىزىم يولىنى تۇتقان
كىشى.

**سوفىيە** (صوفيه) ئ. سوپىلىق
يولى، تەسەۋۋۇف يولى.

**سۇفلى** (سفلى) ئ. تـۆۋەن،
تۆۋەنكى، تۆۋەندىكى.

**سۇفلىيات** (سفليات) ئ. تۆۋەن
دەرىجىلىكلەر، تۆۋەندىكىلەر.

**سۇفلىيە** (سفليه) ئ. تۆۋەندە
بولغان نەرسىلەر: ئاسار سۇفـ
لىيە — تۆۋەندە، يەر ئۈستىدە
بولغان ئەسەرلەر.

**سۇفەھائ** (سفها،) ئ. ئەخمەقـ
لەر ("سەفىھ"نىڭ كۆپلۈگى).

**سۇفەر** (سفر) پ. قالقان.

**سۇفۇف** (سـفـف) ئ. تالقان
دورا.

**سۇفۇف** (صفوف) ئ. "سەپ"
نىڭ كۆپلۈگى.

**سۇفۇن** (سفن) ئ. كېمىلەر،
پاراخوتلار ("سەفىنە"نىڭ
كۆپلۈگى)

**سۇككان** (سكان) ئ. تۇرغۇـ
چىلار، جايلىشىپ تۇرغۇچىلار
(بىرلىگى "ساكىن").

**سۇكر** (سكر) ئ. مەسلىك.

**سۇككەر** (سكر) پ. شېكەر.

**سۇكۇت** (سـكـوت) ئ. جىم
تۇرماق، ئىندىمەسلىك.

**سوكسوك** (سوكسوك) "ساقـ
ساۋۇل"غا قاراڭ.

**سوكلون** (سوكـلون) قىرغاـ
ۋۇلنىڭ بىر تۈرى.

**سۇكنى** (سكنى) ئ. ئولتۇردـ
دىغان ئورۇن، ئۆي، جاي؛
مىسكىن؛ ماقام.

**سوكۇل** (سوكۇل) قارغىشقا
قالماق.

**سۇكۇن** (سـكون) ئ. توختىـ
ماق، توختاپ قالماق، تۇرۇپ
قالماق، تىنچىماق، ئاسايىش؛

**سۇكۇنات** (سـكـونات) ئ.
جىمجىتلىق (ماتەمدىكى).

**سۆكۈنچ** (سوكونچ) ئاھا-نەت، تىل، ھاقارەت.

**سۈگ** (سوك) پ. ماتەم، ھازا: سۈگۋار — ھازىدار، ماتەمدار، قايغۇلۇق.

**سوگۈن** (سوگون) ھايۋانلارنىڭ نەسىللىنىش دەۋرى (ئەسلى "سورگۈن")

**سۈگۈل** (سوگول) سۆگەگ.

**سوگرە** (سوگره) كېيىن، ئاخىر، ئاياغ.

**سۈڭۈگ** (سونكوگ) نەيزە.

**سۇۋ** (سوء) ئ. يامانلىق، ياۋۇزلۇق: سۇۋ قەسد—يامانلىق قەست؛ سۇۋ نىيەت — ياۋۇز نىيەت؛ سۇئزەن — كىشىگە يامانلىق ئويلاش.

**سۇئۇبەت** (صعوبت) ئ. ئېغىرلىق، مۇشەققەت، زەخمەت، قىيىنچىلىق.

**سۇئۇد** (صعود) ئ. يۇقۇرىغا چىقماق.

**سو (سوي)** (سو، سوى) پ. تەرەپ، ياق، تامان: سوي خاك — تۇپراققا؛ سوي سەما — ئاسمان تەرەپكە قاراپ؛ سوي بە سۆي — ئۇ ياق-بۇ ياق، ھەر تەرەپ.

**سۆيقۈن** (سويقن) كىيىكنىڭ بىر خىلى. "سۆيغون"مۇ دېيىلىدۇ.

**سۆياماك** (سوياماك) تايانماق، يۆلەنمەك؛ قوچىقىغا ئالماق.

**سۆيانماق** (سويانماق) تايانماق، يۆلەنمەك.

**سويلۇن** (سويلون) ياۋا توخو، قىرغاۋۇلنىڭ بىر تۈرى ("سوكلۇن"غا ئوخشاش).

**سۆيۈك** (سويوك) ئىشق، پىراق، مۇھەببەت، جازىبە.

**سۆيكۈم** (سويكوم) مېھىر-مۇھەببەت، دىلخا.

**سويۇرغال** (سويورغال) ئېھسان ۋە ئىنئام، بەخش.

**سويۇرغاماق** (سويورغاماق) ئېھسان قىلماق، بەخش ئەتمەك.

**سويۇنچى** (سويونچى) بىشارەتچى، ئۇچۇرچى، مۇخبىر.

**سۇل** (سول) ھۆل، نەم.

**سۇلاسى** (ثلاثى) ئ. ئۈچ

ھەرپلىك سۆز.

**سۇلاق** (سۇلاق) مال سۇغى- رىدىغان. كۆلچەك.

**سۇلبى** (صلبى) ئ. ئۆزىدىن بولغان بالا.

**سۇلتان** (سلطان) ئ. پادىشا، ھۆكۈمدار.

**سۇلس** (ثلث) ئ. ئۈچتىن بىر ئۈلۈش.

**سۇلۇسان** (ثلثان) ئ. ئۈچ ئۈلۈشتىن ئىككىسى.

**سۇلۇك** (سلوك) ئ. يول، سوپىلىق يولى، دەرۋىشلىك يولى: ئەھلى سۇلۇك — سوپىلىق يولىنى تۇتقانلار.

**سۇم** (صم) ئ. ساغرو، قولاق- سىز.

**سۇم** (سم) ئ. تۇياق: كۆچ: ئاياق، پۇت. م: دۇلدۇلۇڭ- نىڭ سۇمىدىن دەريادەك ئاقتى قان رەۋان.

**سۇملەك** (سوملك) ئاددى، سۇيۇق تاماق.

**سۇمەك** (سوماك) پاشا، چى- ۋىن.

**سۇمەل** (سومل) سىلىقلىنىپ كەتكەن، ھەممە تەرىپىنى ئىشلەتكىلى بولىدىغان: كۆچ: تۇرمۇشتا ئىزا تارتىشنى بىلمەي- دىغان، خىجالەت بولمايدى- غان كىشىلەرمۇ "سۇمەل" بولۇپ كەتكەن ئادەم دېيىلىدۇ.

**سۇمەن** (سمن) پ. "سەمەن"گە قاراڭ.

**سۇمەنبەر** (سمنبر) پ. ئاق بەدەن، گۈزەل: كۆچ: يار.

**سۇمەنبىز** (سمنبيز) پ. گۈل ياغدۇرغۇچى، ئاقلىق تارقات- قۇچى.

**سۇمەنسا** (سمن‌سا) پ. سۇ- مەنگە (ياسمەنگە) ئوخشىغان، گۈزەل.

**سۇمەنساي** (سمن‌ساى) پ. خۇشبۇي ھىد تارقاتقۇچى: زۇلفى سۇمەنساي — خۇشبۇي چاچ.

**سۇمە** (ثم) ئ. كېيىن، سوڭ- رە: يەنە.

**سۇمنات** (سومنات) پ. بۇت- خانا. شېئىردا مۇنداق كەل- گەن: سۇبھەنى سەددانە

سوفىلەر فەراموش ئەيلەگەي،
سۇمنات ئىچرە بەرھەمەنلەردە
زۇننار ئولماسا.
(زەلىلى)

**سۇمۇم** (سموم) ئ. ئوغىلار، زەھەرلەر.

**سۇمۇن** (ثمن) ئ. سەككىز ئۆلۈشتىن بىر.

**سۇمۇات** (سموات) ئ. ئىگىزلىك، تۆپىلىك. م: ھەردۇبە قۇمىز سۇمۇات ئىكەن.

**سۇنبادە** (سنباده) ئ. بىلەي: بۇلاۋىر (ئەسۋاپىقا جۇلا بېرىدىغان نەرسە)

**سۇنبۇل** (سنبل) ئ. بىر خىل خوشبوي قارا رەڭلىك ئۆسۈملۈك؛ كۆچ: سۆيگەن يارنىڭ چېچى.

**سۇنبۇلە** (سنبله) ئ. باشاق؛ قەدىمكى ئاسترونومىيىدە ئاسماننىڭ 12 بۇرجىدىن ئالتىنچىسى؛ ئاي نامى (ئاۋغۇست ئېيىغا توغرا كېلىدۇ).

**سۇنئ** (صنع) ئ. ياساش، يارىتىش؛ ئىش؛ ھۈنەر.

**سۇنئى** (صنعى) ئ. ياسىما، ياسالغان.

**سۇننەت** (سنت) ئ. مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ قىلغان ۋە رۇخسەت بەرگەن ئىشى، ئادەت: قائىدە دىگەن گەپلىرى (كۆپلۈكى "سۇنەن").

**سۇنۇف** (صنوف) ئ. سىنىپلار، بۆلۈملەر، بۆلەملەر (بىرلىگى "سىنىف").

**سۇۋ** (سو) قوشۇن، ئارمىيە: سۇۋلەمەك — قوشۇن تارتماق.

**سۇۋباشى** (سوباشى) ئارمىيە باشلىغى، قوماندان.

**سۇۋار** (سوار) پ. مىنمەك، مىنگەن، ئاتلانغان، ئاتلىق.

**سۇۋەر**[1] (صور) ئ. سۇرەتلەر، رەۋىشلەر، شەكىللەر، فورمىلار، تۇسلەر (بىرلىگى "سۇرەت")

**سۇۋەر**[2] (سور) ئ. "سۇرە"گە قاراڭ.

**سۇۋەيدائ** (سويداء) پ. قارا چېكىت، نۇقتا (بۇ نۇقتە يۈرەك ئوتتۇرىسىدا بولارمىش).

# ش

**شا** (شا) پ. "شاھ"، "شاد"نىڭ قىسقارغىنى.

**شاب** (شاب) ئ. يىگىت، ياش كىشى، نەۋقىران.

**شاباش** (شاباش) پ. قالتىس، بەللى، ئاپىرىن، ياشا!

**شاپ** (شاپ) پ. ئىتتىك، تېز، ئۆتكۈر: شاپ پىچاق — ئىتتىك پىچاق.

**شاپات** (شاپات) سەللە.

**شاتىر** (شاطر) پ. چاققان، يۈگۈرۈك، ئەپچىل؛ پادىشا يېنىدىكى خىزمەتكار.

**شاخ** (شاخ) پ. شاخ؛ مۈڭگۈز؛ پۇتاق، كۆچ: كاناي؛ مۈڭگۈز قەدەھ، قەدەھ؛

**شاخابە** (شاخابە) پ. تارماق (دەريانىڭ)؛ قولتۇق (دېڭىزنىڭ)

**شاخە** (شاخە) پ. شاخ، پۇتاق، شاخچە.

**شاخدار** (شاخدار) پ. مۈڭگۈزلۈك: ھايۋانات شاخدار — مۈڭگۈزلۈك ھايۋانلار.

**شاخسار** (شاخسار) پ. شاخلىق، شېخى كۆپ.

**شاھ** (شاه) پ. خان، پادىشا، ئەلىك، ھۆكۈمدار.

**شاھانە** (شاهانه) پ. پادىشالارچە، پادىشانىڭ، پادىشانىڭكى.

**شاھباز** (شاهباز) پ. قارچۇغا.

**شاھ بەيت** (شاەبيت) ئپ. چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، يۇقۇرى سەنئەتلىك بېيىت (شېئىر).

**شاھ تۇت** (شاەتوت) پ. شاتۇت (ئۈجمە دەرىخىنىڭ بىر خىلى).

**شاھراھ** (شاەراە) پ. چوڭ يول، ئۇلۇغ يول، خان يولى.

**شاھسىم** (شاھسم) پ. غول سىمتاناپ، ئۇزۇن يولىلۇق سىمتاناپ.

**شاھىد** (شاھد) ئ. گۇۋا. شاھىت، تانۇق.

**شاھىدەين** (شاھدين) ئ. ئىككى شاھىت، ئىككى گۇۋا.

**شاھىنشاھ** (شاھنشاه) پ. شاھ-لار شاھى، ئۇلۇغ پادىشا، خاقان.

**شاھ ئەنجۇم** (شاه انجوم) ئىپ. يۇلتۇزلار شاھى، قۇياش.

**شاھ ئەنداز** (شاه انداز) پ. پوچى، لاپ ئۇردى، ماختان-چاق.

**شاھەندە** (شاهنده) پ. پەر-ھىزكار؛ ياخشى، دۇرۇس.

**شاھۋار** (شاهوار) پ. شاھانە. شاھلارغا يارىشىدىغان؛ چوڭ، يىرىك، ئەڭ ئەلا: دۇررى شاھۋار — يىرىك، ئەڭ ئەلا ئۈنچە.

**شاد** (شاد) پ. شاد، خۇشال، شادلىق، خۇشاللىق، سۆيۈ-نۈش.

**شاداب** (شاداب) پ. يېڭى، ھۆل، سۇلۇق؛ سىراپ، قان-غان: شادابلىق — سىراپلىق، قېنىقشىلىق.

**شادان** (شادان) پ. شادلىق بىلەن، سۆيۈنۈپ.

**شادىيانە** (شاديانه) پ. شادلىق چالغۇسى.

**شادمان** (شادما) پ. شاد، خۇرسەن: شادمانلىق — شاد-لىق، خۇرسەنلىك.

**شادمانە** (شادمانه) پ. "شاد-مان"غا قاراڭ.

**شادۇرۋان** (شادروان) پ. سايىۋەن؛ چېدىر: شادۇرۋان ئال — قىزىل چېدىر.

**شار** (شار) پ. شەھەر؛ دۆلەت.

**شارسان** (شارسان) پ. شە-ھەر، قەلئە، ناھىيە شەھىرى.

**شارىب**[1] (شارب) ئ. ئۇچكۇچى، ئۇچكۇچ.

**شارىب**[2] (شارب) ئ. مويلاۋ، بۇرۇت.

**شارىھ** (شارح) ئ. يەشكۈچى، يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بەر-گۈچى، شەرھى قىلغۇچى،

شەرھىلىگۈچى، ئىزاھلىغۇچى.

**شارىئ**[1] (شارع) ئ. شەرىئەت ئىزاھلىرىنى تۈزگۈچى.

**شارىئ**[2] (شارع) ئ. يول، كوچا: شارىئ ئام — ئومۇمىي يول، چوڭ كوچا.

**شاز** (شاذ) ئ. ئومۇمىي قائىدە ئىچىگە كىرمىگەن، ئاز ئۇچرايدىغان.

**شاشقۇن** (شاشغون) ئالدىراڭغۇ، شاشقىن، مەدھۇش، سەرگەردان، مەجنۇن، ئەخمەق، ئېرەنسىز.

**شاشى** (شاشى) كۆزلىرى شەھلا، ئەلەس، ئالا-بۇلا.

**شاشماق** (شاشماق) تاڭ قالماق، ھەيران قالماق، ئەجەپلەنمەك.

**شاغام** (شاغام) سۇرسىيىنىڭ قەدىمقى ئاتىلىشى.

**شاغىل** (شاغل) ئ. شۇغۇللانغۇچى، مەشغۇل ("شۇغۇل"نىڭ تۈرلىنىشى)

**شاغىلداق** (شاغلداق) قوينىڭ دۇمبىسىدىكى قۇيرۇغى.

**شاغچماق** (شاغچماق) غەي-ۋەت قىلماق، چاقماق.

**شاق** (شاق) ئ. قىيىن، مۇشكۈل: ئەئمال شاقە — مۇشكۈل ئىشلار.

**شاقاقۇل** (شقاقل) ئ. بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى.

**شاقۇل** (شاقول) ئ. تام ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ توغرىلىقىنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل ئۆلچەش قورالى بولۇپ، بىر يىپنىڭ ئۇچىغا قوغۇشۇن ياكى تۆمۈر پارچىسى چىگىلگەن بولىدۇ.

**شافى**[1] (شافى) ئ. شىپالىق بېرىدىغان، ئاغرىقنى ساقايتىدىغان؛ قەتئى، كەسكىن.

**شافى**[2] (شافى) ئ. قېنىقارلىق: شافى جاۋاب — قېنىقارلىق جاۋاب.

**شافىئ** (شافع) ئ. شاپائەت قىلغۇچى، ئارىغا كىرىپ، بىراۋنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلدۇرغۇچى: سالاچى.

**شافىئى** (شافعى) ئ. ئىمام شافىئى مەزھىپىگە ئەگەشكەن كىشى.

**شاكر** (شاكر) ئ. شۈكۈر قىلغۇچى، ياخشىلىقنى ياخشىلىق بىلەن ياندۇرغۇچى.

**شائبه** (شائبه) ئ. كىرلىك، ئىپلاسلىق؛ كەمچىلىك، ئەۋەن، نۇقسان.

**شائئ** (شائع) ئ. دۇنياغا تارالغان، ئاشكارا، ھەممىگە مەلۇم، يېيىلغان، مەشھۇر.

**شايان** (شايان) پ. لايىق، مۇناسىپ، يارارلىق، يارىشىدىغان، سازاۋەر: شايان مەدھى — ماختاشقا يارارلىق.

**شايىست** (شايست) پ. مۇۋاپىق، مۇناسىپ، لايىق، مەقبۇل، مەقۇل.

**شايىسته** (شايسته) پ. "شايىست"كە قاراڭ: شايىستىلىق — لايىقلىق، مۇناسىپلىق؛ شايىستەراق — مۇۋاپىقراق، مۇناسىپراق.

**شايئ** (شايع) ئ. "شائئ"غا ئوخشاش: شايئ بولماق — تارقالماق، يېيىلماق.

**شايئە** (شايعه) ئ. ئەل ئارىسىغا تارالغان خەۋەرلەر.

**شايەد** (شايد) پ. ئېھتىمال، بەلكىم، چېغى.

**شال** (شال) پ. ياغلىق، رومال، سارغۇچ، لېچەك: يۇڭدىن توقۇلغان كىيىم، توقۇلما رەخت.

**شالغۇرت** (شالغورت) ھەم سودا. ھەم قورۇقتا ياشايدىغان ھايۋان.

**شالىزار** (شالى زار) پ. شال، شاللىق، شالزارلىق.

**شام** (شام) پ. كەچقۇرۇن، كۆچ: قاراڭغۇلۇق: تىرەشام — قارا تۇن، قاراڭغۇ كېچە؛ شام تار — قاراڭغۇ كېچە؛ شام دەيجۇر — ئەڭ قاراڭغۇ تۈن؛ شام تائامى — كەچكى تاماق؛ شام ئەسكەرى — كېچە قاراڭغۇلۇغى.

**شامگاھ** (شامگاه) پ. كەچقۇرۇن، ئاخشام؛ كەچكى شەپەق؛ كەچلىك تاماق.

**شامگاھان** (شامگاھان) پ. كەچقۇرۇن.

**شامەت** (شامت) ئ. ئىچى يامان، ئىچى تار؛ شۇملۇق.

**شامخ** (شامخ) پ. ئېگىز، ئۆرلىگەن؛ چوڭ، مەشھۇر؛ كۆرەڭلىگەن: مەقام شامخ — يۈكسەك مەرتىۋە.

**شامىل** (شامل) ئ. يېپىلغان، ئوراپ ئالغان، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ تېگىشلىك؛ شامىل تۇتماق — يايماق، تېگىشلىك دەپ بىلمەك.

**شامە** (شامە) پ. پەردە، يوپقا پەردە (قۇلاق ياكى بۇرۇننىڭ)؛

**شامە** (شامە) ئ. پۇراش قۇۋۋىتى، ئىسكەش قۇۋۋىتى (بۇرۇننىڭ).

**شان** (شان) ئ. ياغلىق، رومال. ئۇلۇغلۇق، مەرتىۋە، دەرىجە، شۆھرەت، قەدىر: ئالى شان — يۇقۇرى دەرجىلىك، ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك؛ ئەزىم شان — ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك؛ ئەڭ قەدىرلىك.

**شانە** (شانە) پ. تاغاق؛ دولا سۆڭىكى.

**شانەدان** (شانەدان) پ. تاغاقدان.

**شانس** (شانس) پ. تەلەي، پۇرسەت.

**شاۋغۇم** (شاوغوم) غۇلغۇلا، غۇلغۇي، شاۋقۇم.

**شەئايىر** (شعاير) ئ. ئادەتلەر، ئەدەبلەر.

**شەئامەت** (شامت) ئ. شۇملۇق، يامانلىق.

**شەب** (شب) پ. تۈن، كېچە: شەب مېئراج — مېئراج كېچىسى؛ شەب قەدىر — قەدىرلىك كېچە (شۇۋە قەدرى كېچىسى)؛ شەب ئەيد — ھېيت ھارپىسى؛ شەب كائىنات — دۇنيا.

**شەباب** (شباب) ئ. ياشلىق، يىگىتلىك، ياشلىق چېغى: شەباب ئەييامى — ياشلىق دەۋرى.

**شەبابى** (شبابى) ئ. ياشلىققا تېگىشلىك.

**شەباخۇن** (شباخون) پ. كەچكى ھۇجۇم؛ قانلىق كېچە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: يۇرۇش ئەتتى قوشۇن بىرلە كۆتەلدىن، شەباخۇن ئۇردى

دۈشمەن سارى بەردىن.

**شەباھەت** (شباهت) ئە. ئوخشاش، سىگىرى.

**شەباروز** (شباروز) پ. كېچە-كۈندۈز؛ ئۈزلۈكسىز.

**شەبان** (شبان) پ. مال باقـقۇچى، مالچى بالا، چوپان.

**شەبانە** (شبانە) پ. كەچقۇرۇنقى، تۈندىكى؛ كەچقۇرۇن.

**شەب ئاۋىز** (شپ آويز) پ. مۈشۈكياپىلاق جىنسىدىن بىر قۇش.

**شەب پەر** (شب پر) پ. شەپەرەك.

**شەپ پەرەك** (شب پرك) پ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**شەب پۇش** (شب پوش) پ. ئۇيقۇ كىيىمى؛ ئۇيقۇ بۆكى.

**شەبتاب** (شب تاب) پ. يالتىراق قۇرۇت (كېچىسى يالتىراپ تۇرىدىغان قۇرۇت).

**شەب تاز** (شب تاز) پ. كېچىلىك ھۇجۇم؛ كېچىلىك سەپەر.

**شەب چىراغ** (شب چراغ) پ. كېچىسى چىراقتەك يورۇق

بېرىدىغان؛ قىزىل قاشتاش.

**شەبخىز** (شبخيز) پ. تۈندە ئويغاق تۇرغۇچى، تۈن بويى ئوخلىمىغۇچى.

**شەبدىز** (شبديز) پ. قارا ئات.

**شەبرەڭ** (شب رنك) پ. تۇم قارا؛ قارا ئات.

**شەب رەۋ** (شب رو) پ. كېچىسى كەزگۈچى؛ ئوغرى، تۈن قاراقچىسى.

**شەبكارى** (شب كارى) پ. كېچىلىك خىزمەت

**شەبكور** (شب كور) پ. كور، قارغۇ، كۆرمەس، نامازشامدىن كېيىن كۆرەلمەيدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**شەبگىر** (شبگر) پ. كېچىسى ئوخلىماي ماڭغۇچى.

**شەبگەرد** (شبگرد) پ. تۈندە ئايلانغۇچى، تۈن قاراۋۇلى؛ ئاي.

**شەبگۈن** (شب كون) پ. قاپ-قارا، قاراڭغۇ كېچىدەك قارا، قارا رەڭلىك.

**شەبىھ** (شبيه) ئە. ئوخشاش،

كەبى.

**شەبخۇن** (شبخون) پ. "شەباخۇن"غا قاراڭ.

**شەبستان** (شبستان) پ. كېچىلىك ياتاق: ئىچكى ھەرەم دائىرىسى.

**شەبى يەلدا** (شبى يلدا) پ. قىشنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ ۋە ئۇزۇن كېچىسى.

**شەبەكە** (شبكه) ئ. بېلىق ۋە قۇش تۇتۇش ئۈچۈن يىپتىن توقۇلغان تور.

**شەبەنگاھ** (شبنگاه) پ. مالچىلارنىڭ تۇرار جايى، قوتان، قورۇ.

**شەبنامە** (شب نامه) پ. ۋاراق، تەشۋىق ۋارىقى.

**شەت** (شط) ئ. دەريا، دەريانىڭ قىرغىقى.

**شەتارەت** (شطات) ئ. شوخلۇق، خۇشچاقلىق.

**شەتتا** (شتى) ئ. تارقاق، چۇۋالچاق، چېچىلاڭغۇ. م: مسائىل شەتتى — چۇۋالچاق مەسىلىلەر.

**شەترەنج** (شطرنج) ئ. سەترەنجى، شاخمات، قاتار.

**شەتەل** (شتل) پ. چوتا (قىماردا): زورلۇق بىلەن كەلگەن مال: ئادەتتىن تاشقىرى كىرىم.

**شەتەۋى** (شتوى) ئ. قىش پەسلىلىك: كۈزگى تېرىش: زىرائەت شەتەۋى — كۈزگى تېرىش، كۈزلۈك زىرائەت.

**شەتت** (شتت) ئ. تارقاق، چېچىلاڭغۇ.

**شەتىم** (شتم) ئ. قاتتىق، رەھىمسىز، زالىم؛ تىل ئىشتىكەن.

**شەتم** (شتم) ئ. جېدەل، ئۇرۇش، تىللىماق، ھاقارەتلىمەك، سەتلىمەك، جىملىمەك، ئەيىپلىمەك.

**شەجەر** (شجر) ئ. دەرەخ، ياغاچ (كۆپلۈكى "ئەشجار")

**شەجەرە** (شجره) ئ. جورۇڭقاي، نەسەب تارىخى، بىراۋنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى تەرتىپى بىلەن يېزىلغان قەغەز.

**شەجىئ** (شجيع) ئ. يۈرەكلىك، باتۇر.

**شەھ** (شه) پ. شاھ، پادىشا.

**شەھادەت** (شھادت) ئ. گۇۋالىق بەرمەك، شاھىتلىق قىلماق: ياخشى ئىش ياكى ھەق يول ئۈچۈن جان بەرمەك.

**شەھامەت**[1] (شحامت) ئ. سىمىز، پورسىمىز.

**شەھامەت**[2] (شھامت) ئ. باتۇر، بۈيۈك، يۈكسەك پەزىلەت.

**شەھباز** (شھباز) پ. "شاھباز"غا قاراڭ.

**شەھپەر** (شھپر) پ. چوڭ قانات، قاناتنىڭ ئەڭ ئۇزۇن پەيلەر.

**شەھد** (شھد) ئ. ھەسەل: شەھدۇ شەكەر — بال ۋە شېكەر.

**شەھد ئالۇد** (شھد آلود) پ. ھەسەل يۇققان؛ شېرىن: گۈزەل سۆز.

**شەھر** (شھر) ئ. بىر ئاي (يېڭىچە يىل ھېساۋىدا. كۆپلۈگى "ئەشھەر، شۇھۇر"): شەھرى رەمەزان — رامىزان ئېيى.

**شەھر** (شھر) پ. شەھەر، يۇرت، چوڭ يۇرت، كەنت؛ دۆلەت: شەھر ئارا — شەھەر كۆرۈنۈشىنى بېزەكلىگۈچى؛ شەھر ئاشۇب — پاراكەندە-چىلىك سالغۇچى، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغۇچى؛ شەھر بان — شەھەر قوغداش سە-لىڭگى؛ شەھربانى — باش ساقچى ئىدارىسى؛ شەھر بەند — سېپىل، شەھەرنى قوغداش قورغانلىرى؛ قاماق، تۈرما؛ جىنايەتكار؛ تۇتقۇن، ئەسىر؛ شەھر پەناھ — شەھەر قوغداش قۇرۇلمىلىرى، قورغان، ئىستىھكام؛ شەھرىس-تان — ئۆلكە، چوڭ مەمۇرىي رايون؛ شەھەر ئىشغال قىلغۇچى؛ شەھرتاش — يۇرتداش.

**شەھراھ** (شھراه) پ. ئۇلۇغ يول، خان يولى.

**شەھردار** (شھردار) پ. شەھەر باشلىقى؛ شەھەر بېگى، بازار بېگى.

**شەھردارى** (شھرداری) پ.

شەھەرلىك ھۆكۈمەت.

**شەھر سازى** (شہر سازى) پ. شەھەر قۇرۇلۇشى.

**شەھر گۇشا** (شہرگشا) پ. شەھەرنى ئىشغال قىلغۇچى، ئىشغالىيەتچى.

**شەھريار** (شہر يار) پ. پادىشا، خان، ئەلىك.

**شەھرى** (شہرى) پ. شەھەر ئاھالىسى؛ شەھەرنىڭ.

**شەھرى** (شہرى) ئ. ھەر ئايلىق، ئايلىق.

**شەھرىيە** (شہر يه) ئ. ئايلىق مائاش؛ ئوقۇش خىراجىتى، ئوقۇش پۇلى،

**شەھزادكان** (شہزادكان) پ. تېكىنلەر، شاھزادىلەر، پادىشا بالىلىرى، خانزادىلەر.

**شەھسۇۋار** (شہسوار) پ. چەۋەنداز، ئات مىنىشكە ماھىر؛ ئاتلىق شاھ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: يولىدا تۇپراق ئولايىن ئات ئۆچۈن، تا ماڭا قىلغاي گۇزەر ئول شەھسۇۋاز.

(لۇتفى)

**شەھكارلىق** (شہكارلىك) ئەدەپسىزلىك؛ مىكر، ھىلە.

**شەھىر** (شہير) ئ. شۆھرەتلىك، داڭلىق، مەشھۇر.

**شەھنشاھ** (شہنشاه) پ. شاھلار شاھى، ئۇلۇغ پادىشا.

**شەھلائ** (شەھلا) پ. نۇرلۇق؛ كۆك كۆز، خۇماركۆز.

**شەھم** (شحم) ئ. ھايۋاننىڭ ئىچ مېيى.

**شەھناز** (شہناز) پ. مۇزىكىدا شەشما قام يوللىرىدىن بىرى.

**شەھنە** (شحنه) ئ. قوروۇقچى، ساقچى، پاسبان (كۈندۈزكى)؛ شەھنە تۈن نەجەف — مەملىكەت پاسبانى.

**شەھەۋات** (شہوات) ئ. شەھۋەتلەر، نەپسى تىلىگەن نەرسىلەر؛ نەپس ئارزۇلىرى (بىرلىكى "شەھۋەت").

**شەھۋار** (شہوار) پ. بۈيۈك ۋە ئەلا: دۇرى شەھۋار — بۈيۈك ۋە ئەلا ئۈنچە.

**شەھۋانى** (شہوانى) پ. جىنسى نەپس بىلەن بولغان. جىنسى تىلەك بىلەن بولغان،

**شەخ** (شخ) پ. قاتتىق.
قېتىپ قالغان؛ قاتتىق
تۇپراق؛ تاغ چوققىسى.
**شەخسىيات** (شخصيات) ئ.
شەخسى ئىشلار.
**شەخسىيەت** (شخصيت) ئ.
شەخسلىك، ئۆزلۈك؛
شەخس، ئاتاغلىق، مەشھۇر،
ئەرباپ؛ نام.
**شەد** (شد) ئ. باغلاش،
باغلىماق.
**شەدداد** (شداد) ئ. قەدىمكى
زاماندا يەمەن ۋىلايىتىدىكى
ئاد قومىنىڭ بىر پادىشاسى.
كۆچ: زالىم، شەپقەتسىز،
مۇستەبىت ھاكىم.
**شەدائىد** (شدائد) ئ. ئېغىر-
چىلىقلار، جاپا-مۇشەققەتلەر،
ئېغىر ئىشلار.
**شەدىد** (شديد) ئ. قاتتىق.
شىددەتلىك.
**شەدە** (شده) بايراق، تۇغ؛
بەلگە.
**شەر** (شر) ئ. يامانلىق، ياۋۇز-
لۇق، گۇنا: شۇرۇ شەر —
پىتنە-پاسات.

**شەراب** (شراب) ئ. شاراپ،
ئىچىملىك، ھاراق، مەي؛
شەرابخۇار ياكى شەراب-
خور — ھاراقكەش؛ شەراپ
فۇرۇش — ھاراق ساتقۇچى.
**شەرار** (شرار) ئ. ئۇچقۇن،
ئەلەڭگە؛ تاۋلىنىش، پارق-
راش. شېئىردا مۇنداق
كەلگەن: بۇ يۈرەكمۇ سەندە
يا مۇز يا قار تاش كىم ئاگا،
زەررىچە تەسىر قىلماس
ياقسام ئاھىمدىن شەرار.
(تەجەللى)
**شەرارە** (شەرارە) ئ.
ئۇچقۇن، يالقۇن؛ تاۋلىنىش،
پارقىراش.
**شەرارەت**[1] (شرارت) ئ.
يامانلىق، بۇزۇقلۇق.
**شەرارەت**[2] (شرارت) ئ.
ئۇچقۇن، يالقۇن.
**شەرافەت** (شرافت) ئ.
قەدىرلىكلىك، ئېتىۋارلىقلىق،
ئابروي، شەرەپ، شان،
ئالىيجاناپلىق.
**شەراكەت** (شراكت) ئ.
قاتناشماق؛ شېرىكلىك،

بىرلەشمەك.

**شەرائ** (شراع) ئ. يەلكەن؛ لاپاس؛ چېدىر.

**شەرائىت** (شرائط) ئ. شەرت- لەر (بىرلىگى "شەرت").

**شەرايىئ** (شرايع) ئ. شەرى- يەتلەر، دىن قانۇنلىرى.

**شەرھ** (شرح) ئ. يەشمە، بىر سۆزنى ئوچۇق، ئۇزۇن ئېيتىپ بايان قىلماق.

**شەرھە** (شرحه) ئ. جاراھەت، يارا؛ پارچە، تىلىم: شەرھە- شەرھە ـ تىلىم-تىلىم.

**شەرزە** (شرزه) پ. غەزەپلىك، ھەيۋەتلىك، دەھشەتلىك.

**شەرىر** (شرير) ئ. يامان، ئەسكى، يارىماس. شەرىرلىك ـ يامانلىق، يارىماسلىق.

**شەرىپ** (شريف) ئ. شاراپەت- لىك، قەدىرلىك، ئۇلۇغ، ئەزىز.

**شەرە** (شره) پ. ئاچكۆز، ھىرىس، تويمغۇر.

**شەرەر** (شرر) ئ. شولا، ئوچقۇن، يالقۇن.

**شەرەپ** (شرف) ئ. ئۇلۇغلۇق، يۈكسەكلىك؛ قەدىر-قىممەت، شەرەپ.

**شەرئى** (شرعى) ئ. شەرى- ئەتكە ئويغۇن، شەرىئەتچە.

**شەرئىيات** (شرعيات) ئ. شەرىئەت ئىشلىرى.

**شەرئەنداز** (شرانداز) پ. چاققان، ئەپچىل.

**شەرم** (شرم) پ. ئۇيات، ئار، نومۇس، ھايا: شەرم ھايا ـ ئۇياتماق، يامانلىقتىن قاچ- ماق، ئۆزىنى تارتماق، يوشۇرماق.

**شەرمسار** (شرمسار) پ. ئۇياتلىق، شەرمەندە.

**شەرمناك** (شرمناك) پ. يوقۇ- رىدىكىگە ئوخشاش.

**شەست** (شست) پ. ئاتمىش.

**شەش** (شش) پ. ئالتى: شەش پايە ـ ئالتى پۇتلۇق.

**شەشپەر** (ششپر) پ. ئالتە پۇتلۇق گۇرزە (ئۇرۇش قورالى).

**شەغەب** (شغب) ئ. توپىلاڭ: شۇرۇشەغەب ـ غەۋغا.

**شەق** (شق) ئ. يارماق،

يېرماق، سىندۇرماق.

**شەقائ** (شقاء) ئ. ياۋۇزلۇق، بەختسىزلىك؛ يارىماسلىق.

**شەقاۋەت** (شقاوت) ئ. "شەقائ"غا قاراڭ.

**شەقىق** (شقيق) ئ. ئاكا-ئۇكا؛ ئىككىگە بۆلۈنگەن نەرسىلەرنىڭ يېرىمى.

**شەقىقە** (شقيقه) ئ. ئاچا-سىڭىل؛ باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش كېسىلى.

**شەفائەت** (شفاعت) ئ. قول-لاش، ياقلاش؛ گۇناھلىق كىشىنىڭ گۇناھىنى ئارىغا چۈشۈپ تىلىۋالماق، كەچۈ-رۈم قىلدۇرماق؛ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ ۋاستە بولماق.

**شەفىق** (شفيق) ئ. مېھرىبان-لىق قىلغۇچى، شەپقەت قىلغۇچى، شەپقەت، مېھرىبانلىق، مەرھەمەتلىك: شەفىقانە — مېھرىبانلەرچە، شەپقەت بىلەن.

**شەفىئ** (شفيع) ئ. شاپائەت قىلغۇچى. تىلىۋالغۇچى: ۋاس-تىچى، ھىمايىچى. شېئىردا

مۇنداق كەلگەن: قىلىپ تىلغا ۋارىد مۇناجاتنى، شەفىئ كەلتۈرۈپ ھەم ئەجدادىنى. (ئا. نازارى)

**شەفەق** (شفق) ئ. كۈن پېتىش ۋە كۈن چىقىش ۋاقتىدىكى قىزىللىق، كۈن قىزىلى (تولاراق كەچكى ۋاقىتلارغا قارىتىلغان).

**شەفەق گۈن** (شفق گون) ئپ. شەپەق رەڭ، قىزىل.

**شەفەق ۋەش** (شفق وش) ئپ. شەپەقتەك، قىزىل: شەپەق ۋەش ئەتمەك — شەپەقتەك قىزارتماق.

**شەك** (شك) ئ. شۈبھە، گۇمان: شەككى — گۇمانلىق، شۈبھىلىك: شەكىيات — گۇمانلىق نۇقتا، گۇمانلىق ئىش.

**شەكەر بار** (شكربار) پ. شەكەر ياغدۇرغۇچى، كۆچ؛ شىرىن سۆزلۈك.

**شەكەرخا** (شكرخوا) پ. شەكەر چايىنىغۇچى. كۆچ: شىرىن سۆزلۈك.

**شەكەرخاب** (شكرخواب) پ. شىرىن ئۇيقۇ، سەھەردىكى شىرىن ئۇيقۇ.
**شەكەر خەندە** (شكرخنده) پ. كۇلۇمسىرەش، تەبەسسۇم، شېكەردەك تاتلىق كۇلۇش.
**شەكەرريز** (شكر ريز) پ. شېكەر تۆككۈچى؛ ئاجايىپ سۆزلەر يازغۇچى.
**شەكەر فىشان** (شكرفشان) پ. شەكەر چاچقۇچى؛ شىرىن سۆزلۈك.
**شەككەر** (شكر) پ. شەكەر (ۋەزن تەقەززاسى بىلەن بەزىدە شەككەر ئوقۇلىدۇ)؛ شەككەر ئاب ــ دوستلار ئارىسىدىكى ئازراق كۆڭۈل ئاغرىقى، خاپىلىق، ئارىغا نىزا چۇشۇش (كۆچمە مەنىدە)؛ شەككەر ئالۇدە ــ شەكەر ئارىلاش، تاتلىق.
**شەككەرستان** (شكرستان) پ. شەكەرزار، شەكەرلىك. كۆچ: شىرىن سۆھبەت؛ سۆيۈملۈك يارنىڭ لېۋى.
**شەكەرىن** (شكرين) پ. شىرىن، تاتلىق.
**شەكەرلەب** (شكرلب) ئ. شەكەردەك تاتلىق لەب؛ شىرىن سۆز. سۆيۈملۈك يار، مەشۇقە.
**شەكىل** (شكل) ئ. سۇرەت، تۇس، پىچىم، رەۋىش.
**شەكۋەھ** (شكوه) ئ. شىكايەت، زارلانماق.
**شەكۇر** (شكور) ئ. شۇكرى ئېيتقۇچى.
**شەئىب** (شعب) ئ. خەلق، مىللەت، تايىپە، قەبىلە، تۇركۇن.
**شەئبان** (شعبان) ئ. ھىجرىيە يىل ھېساۋىدا سەككىزىنچى ئاي.
**شەئىر** (شعر) ئ. يۇڭ، قىل، چاچ.
**شەئشەئە** (شعشعه) ئ. شولا، نۇر، يورۇقلۇق، قۇياش شولىسى، ئاپتاپ.
**شەئەف** (شعف) ئ. شەيدا قىلماق.
**شەياتىن** (شياطين) ئ. شەيتانلار، ئازدۇرغۇچىلار.
**شەيب** (شيب) ئ. چاچ ياكى

ساقال ئاقارماق: قېرىلىق: شامى شەيب — قېرىلىق قايغۇسى.

**شەيتان** (شيطان) ئ. ئازدۇر-غۇچ، ئىبلىس.

**شەيتەنەت** (شيطنت) ئ. شەي-تانلىق، يارىماسلىق، ئالدام-چىلىق، ئازدۇرغۇچلۇق.

**شەيخ** (شيخ) ئ. مازار باققۇ-چى: قېرى: ئىشان: باشلىق، ئۇستاز: قولباشچى: شەيخى كازىب — يالغانچى شەيخ: شەيخۇل ئىسلام — ئىسلام دىنىدا ئەڭ چوڭ دىنىي مەنسەپ، ئۇنۋان، ئاتاق.

**شەيخوخەت** (شيخوخت) ئ. قېرىلىق.

**شەيخۇ شاب** (شيخوشاب) ئ. قېرى-ياش.

**شەيخ فانى** (شيخ فانى) ئ. قېرىپ ئاجىزلىشىپ كەتكەن كىشى.

**شەيدا** (شيدا) پ. ئاشىق، ئاۋارە، مەپتۇن، بىرىلىش: شەيد ئاللا — ئاللاغا ئاشىق.

**شەيئى** (شىٔ) ئ. شەيئى، نەرسە.

**شەين** (شين) ئ. ئەيىب، كامچىلىق، نۇقسان، داغ، قۇسۇر، ئەۋەن: ھاياجان، غۇجۇر.

**شەل** (شل) ئ. ئاياق ياكى قولنىڭ قۇرۇشى، چولاقلىق.

**شەلالە** (شلاله) ئ. ئېقىن سۇنىڭ ئېگىزدىن تۆۋەنگە شارقىراپ چۈشۈشى.

**شەم** (شم) ئ. ھىد: ئىسكەش، پۇراش، ھىدلاش: شەمى — بىرئاز ھىد.

**شەماتەت** (شماتت) ئ. بىراۋ-نىڭ بېشىغا چۈشكەن قىيىن-چىلىقتىن باشقا بىراۋنىڭ خۇشال بولۇشى، ئىچى يامانلىق.

**شەمايىل** (شمايل) ئ. ئەخ-لاقلار، تەبىئەتلەر، خۇلقلار، سۈپەتلەر.

**شەمايىم** (شمايم) ئ. ياخشى ھىدلار.

**شەمامە** (شمامه) ئ. خۇشبۇي-لۇق.

**شەمت** (شمط) ئ. "شەمەت"كە

قاراڭ.

**شەمس** (شمس) ئ. قۇياش، كۈن، ئاپتاپ.

**شەمسە** (شمسه) ئ. كۈن شەكلىدە ياسالغان نەقىش.

**شەمسىيە** (شمسيه) ئ. كۈنلۈك.

**شەمشاد** (شمشاد) پ. سەرۋىگە ئوخشايدىغان خۇشقامەت ۋە چىرايلىق دەرەخ: شەمشاد قامەت — شەمشاد دەرىخىدەك كېلىشكەن (ئەدەبىياتتا سۆيگەن يارنىڭ بويىنى خۇشقامەتلىكتە مۇشۇ دەرەخكە ئوخشىتىش ئادەت بولۇپ قالغان. شەمشادنىڭ بەرگلىرى تولا بولغاچقا، ئۇنىڭغا چاچنىمۇ ئوخشىتىدۇ).

**شەمشىر** (شمشير) پ. شەمشەر، بىر خىل ئۆتكۈر قىلىچ، خەنجەر.

**شەمئ** (شمع) ئ. شام، چىراق، يورۇق: شەمئى شەبستان — ئۆينى يورۇتقۇچى شام؛ شەمئى تىراز — نەقىشلىك شام (بەزمىلەردە يېقىلىدۇ)؛ شەمئى ئۈممەت — ئۈممەت شامى؛ شەمئى خاۋەرى — قۇياش.

**شەمىم** (شميم) ئ. خۇشپۇراق، ياخشى ھىد: خۇشخەۋەر.

**شەمىمە** (شميمه) ئ. "شەمىم"گە قاراڭ.

**شەميانە** (شميانه) پ. چېدىر.

**شەمەت** (شمط) ئ. قارا نەقىش.

**شەنائەت** (شناعت) ئ. پەسكەشلىك، يامانلىق، مۇتەھەملىك، كۆكەمسلىك، بۇزۇقلۇق، يارىماسلىق.

**شەنئەت** (شنعت) ئ. يۇقۇردىكىگە ئوخشاش.

**شەنىئ** (شنيع) ئ. يامان، خۇنۇك، يارىماس: **پىئلى** شەنىئ — يامان قىلىق.

**شەنىئە** (شنيعه) ئ. يۇقۇردىكىغا قاراڭ.

**شەڭ** (شنك) پ. شوخ، **مۇيىناقى**: شەرىفى شەڭ، **لۇئبەلى** شەڭ، ساقى شەڭ، ھەرىفى شەڭ — شوخ، ئويناقى

مەھبۇبە، يار.

**شەۋاھىد** (شواهد) ئ. شاھىد-
لار، گۇۋالار، دەلىللەر ("شا-
ھىد"نىڭ كۆپلۈكى).

**شەۋاغىل** (شواغل) ئ.
شۇغۇللاندۇرغۇچىلار: ئىشلار،
خىزمەتلەر.

**شەۋۋال** (شوال) ئ. ھىجرى-
يە يىل ھېساۋىدا ئونىنچى
ئاي.

**شەۋق** (شوق) ئ. ئىشق،
تەلەپ، كۆڭۈل قويۇش،
كۆچلۈك ھەۋەس، مۇھەببەت
ئوتىنىڭ لاۋۇلدىشى.

**شەۋكەت** (شوكت) ئ.
داغدۇغا، ھەشەمەتلىك؛
سەلتەنەت.

**شىئار** (شعار) ئ. ئەسەر،
بەلگە؛ ئادەت: فەساھەت
شىئار — پاساھەتلىك، ئۇستا
سۆزلۈك؛ سەلتەنەت شىئار —
پادشا نىشانلىق؛ شىئار
ئەتمەك — ئادەت قىلماق.

**شىبھ** (شبه) ئ. ئوخشاش،
مىسال، كەبى: بى شىبھ —
ئوخشىمايدىغان، تەڭسىز؛
شىبھ مەئادەن — گۈڭگۈرت،
كۆمۈر...گە ئوخشاش ماددى-
لار: شىبھ جەزىرە — ئۈچ
تەرىپىنى سۇ ئوراپ ئالغان
يەر، يېرىم ئارال.

**شىتائ** (شتا') پ. قىش.

**شىتاب** (شتاب) پ. ئاسقىماق،
ئوشۇقماق، ئالدىرىماق،
سۈرئەت: شىتاب قىلماق —
ئاسقىماق، ھولۇقماق، شاشما-
ماق؛ شىتاب بەرمەك —
سۈرئەت بەرمەك، شاشماق.

**شىتابان** (شتابان) پ.
ئاسققۇچى، ئالدىرىغۇچى،
يۈگۈرگۈچى: شىتابان ئول-
دى — ئالدىرىدى، ئاسقتى،
ئوشۇقتى.

**شىتابەندە** (شتابنده) پ.
ئالدىراپ تېز يۈگۈرگۈچى،
ئالدىرىغۇچى.

**شىتايى** (شتاى) پ. قىشقى،
قىشلىق.

**شىتلە** (شتله) پ. ئالدىراڭغۇ،
شوخ: قىزىقچى.

**شىھاب** (شهاب) ئ. چاقماقتىن
چىققان ئۇچقۇن، شولا؛

ئوت، يالقۇن، ئۇلا، غۇلا،
ئوت پارچىسى؛ ئۇچار
يۇلتۇز.
**شهاب ئاسا** (شهاب آسا) ئ.
ئوتتەك چاقنىغۇچى.
**شد** (شيد) پ. يورۇقلۇق،
نۇر؛ قۇياش.
**شددەت** (شدت) ئ. قاتتىق-
لىق، ئېغىرلىق، قىيىنچىلىق.
**شدۇرغۇ** (شدرغو) بىر خىل
نەي، دۇدۇك.
**شر**1 (شير) پ. سۈت:
شرچاي ـــ سۈتلۈك چاي.
**شر**2 (شير) پ. ئارسلان؛
قەدىمقى ئاسترونومىيىدە
ئاسمانىنىڭ ئون ئىككى بۇر
جىدىن بەشىنچىسى ("ئاساد"
دەيمۇ ئېيتىلىدۇ): شىرى
ژەيان ـــ يىرتقۇچ، غەزەپلىك
ئارسلان؛ شىرى غەرىن ـــ
ئورمان ئارسلانى؛ شىرى
گەردۇن ـــ ئاسمان شىرى
(ئاساد بۇرجى)؛ شىرى
نەر ـــ ئەركەك ئارسلان؛
شىرى غاب ـــ ئورمان ئارس-
لانى؛ شىرى پەيكەر ـــ

ئارسلان گەۋدە، ئارسلانغا
ئوخشاش؛ شىر شۇكۇھ ـــ
ئارسلاندەك سۈرلۈك؛ شىر
ئەفكەن ـــ شىر يىقىتقۇچى،
قۇۋۋەتلىك.
**شرائ** (شراء) ئ. سېتىپ
ئالماق: بەيئۇ شىرائ ـــ ئال-
دى - ساتتى.
**شرالغە** (شرالغه) بىرىنچى
قېتىمدا قىلىنغان ئوۋ؛ ئوۋ-
دىن ۋە غەنىمەت ئېلىنغان
مالدىن تەككەن ئۈلۈش،
ھەسسە؛ ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ
بېلىدىن يۇقۇرىقى تەرىپى.
**شرام** (شرام) ئورۇن،
ئارامگاھ؛ ۋەتەن.
**شران** (شران) تېز، يۈگۈ-
رۈك، پات، دەررۇ، ھامان.
**شرخار** (شرخوار) پ. سۈت
ئەمگۈچى بالا.
**شردان** (شيردان) پ. سۈت
قاچىسى.
**شردار** (شيردار) پ. سۈت-
لۈك (كالا).
**شرداغ** (شرداغ) ئىسسىقتىن
ساقلىنىش ئۈچۈن كىيىلىدى-

غان ئۈستكى كىيىم.

**شرزور** (شیرزور) پ. ئارسـ
لاندەك كۈچلۈك.

**شرغا** (شرغا) ئوۋ. شىكار؛
ئوۋدا تۇتۇلغان مال: شرغا-
ماق — ئوۋلىماق.

**شرك** (شرك) ئ. بىرنەچچە
خۇدا باردەپ ئېتىقاد قىلىش.

**شرگر** (شیر كیر) پ. ئارسـ
لان ئوۋلىغۇچى؛ جاسارەتلىك،
باتۇر.

**شرمەرد** (شیرمرد) پ. شرمەت،
شردەك يىگىت.

**شرۋەش** (شیروش) پ. ئارسـ
لانغا ئوخشاش، ئارسلان-
دەك، ئارسلاندەك كۈچلۈك.

**شرئەفكەن** (شیرافكن) پ.
شرنى يىقىتقۇچى، كۈچلۈك.

**شريان** (شریان) ئ. قىزىل
قان تومۇرى.

**شرىن كار** (شیرین كار)
پ. خوش مۇئامىلە، شرىن
سۆز؛ قىزىقچى.

**شرىن كام** (شیرین كام) پ.
خوش ۋاقىت، ۋاقىت چاغ،
خۇرسەن.

**شرىن كەلام** (شیرین كلام)
ئپ. شرىن سۆز.

**شرىن گۇفتار** (شیرین كفتار)
پ. يۇقۇرىقىغا ئوخشاش.

**شرىن مەقال** (شیرین مقال)
ئپ. شرىن سۆز.

**شره** (شیره) پ. شەرۋەت،
شرنە: شرەنى ئاب —
شەرۋەت سۈيى.

**شش** (شیش) پ. زىخ؛ قاپار-
چۇق. بۇرتمە، ئىشىق،
ئۆسمە: ششلاماق — زىخقا
تىزماق، گۆشنى زىخقا ئۆت-
كۈزمەك، سانجىماق؛ شش-
ماق — قاپارماق، بۇرتۇپ
چىقماق.

**ششە** (شیشه) پ. ئەينەك؛
ئەينەك قۇتا، بوتۇلكا؛
پەنجىرە.

**ششە پۇش** (ششەپوشى) پ.
ششە كىيىپ دەرياغا چۆشۈپ
گۆھەر ئالغۇچى. شېئىردا
مۇنداق كەلگەن: كىرمىگەي-
مەن جەننەتۇل مەئۋاغە دىلبەر
بولماسا، ششە پۇشى تۇشمە
گەي دەرياغە گەۋھەر بولماسا.

(زەللى)

**شخاۋۇل** (شغاول) تەشرد‍ـ
پاتچى، مېھماندار؛ ۋالى.

**شغشال** (شغشال) كۆڭلى
چېچىلغان ۋە پەرىشان بولغان
كىشى.

**شكارى** (شكارى) پ. ئوۋ
قۇشى.

**شكاف** (شكاف) پ. يېرىق،
دەز، چاك، تۆشۈك.

**شكال** (شكال) پ. چۇشەك
(ئات ۋە تۆگىگە ئوخشاش
ھايۋانلارنىڭ ئايغىغا سېلىنى‍ـ
دىغان چۇشەك): شكال
سالماق — چۇشەك سالماق.

**شكىب** (شكيب) پ. چىدام،
سەۋر، تۆزۈم: بى شكىب —
چىدامسىز، سەۋرسىز؛ تاقەت‍ـ
سىز: ناشكىپ — بىسەۋر،
تۆزۈمەيدىغان.

**شكىبا** (شكيبا) پ. سەۋرلىك،
چىدامىلىق.

**شكىل** (شكيل) زەنجىر،
كىشەن: شكىل ئەتمەك —
باغلىماق، بەنت قىلماق.

**شكەستە** (شكسته) پ. سۇن‍ـ
غان، سۇنۇق: مەجرۇھ: مەغ‍ـ
لۇپ؛ كۆڭلى قاتتىق ئازار
يېگەن: پا شكەستە — ئايىغى
سۇنۇق: چولاق: ناتىۋان،
كۈچسىز: شكەستە خاتىر —
كۆڭلى سۇنۇق، كۆڭلى يېرىم؛
شكەستە مەقال — سۆزدە
دۇدۇقلاش، سۆزلىيەلمەي
قېلىش: شكەستىلىك —
سۇنۇقلۇق: قىينالغانلىق.

**شكەشۇن** (شكەشون) پ.
قوغۇننىڭ بىر تۈرى.

**شكەم** (شكم) پ. قېرىن،
قورساق.

**شكەن** (شكن) پ. (سۇپەت
ياسىغۇچى قوشۇمچە) سۇنۇق‍ـ
لۇق، پۇكۇكلۇك، بۇرۇلۇش؛
سۆز بىرىكمىسىدە سىندۇرغۇ‍ـ
چى مەنىسىدە كېلىدۇ: بۇت
شكەن — بۇت سۇندۇرغۇچى.

**شكەنج** (شكنج) پ. پۈكۈل‍ـ
مەك، بۇرۇلماق؛ قىيناق.

**شكەنجە** (شكنجه) پ.
قىيناق، ئازاپ، ئوقۇبەت:
شكەنجە كۆرمەك — ئازاپ
كۆرمەك، قىينالماق.

**شق** (شق) ئ. بۆلەك، پارچە (بىرنەرسە ئوتتۇرىدىن بۆلۈنسە ئىككى شق بولىدۇ، بىرى شق ئەۋۋەل، بىرى شق سانى).

**شقاق** (شقاق) ئ. ئىختىلاپ، باشقىلىق، ئىتتىپاقسىزلىق.

**شفائ** (شفا) ئ. ئاغرىقتىن ساقىيىش، ساغلاملىنىش؛ شفاتاپتى — ئاغرىقتىن ساقايدى؛ شفا بەخش — شپالىق بەرگۈچى.

**شفاهەن** (شفاهاً) ئ. كىتاپقا ياكى خەتكە قارىماي ياد سۆزلىمەك.

**شفاهى** (شفاهى) ئ. ياد سۆزلەنگەن.

**شلان** (شيلان) ئومۇمي تاماق؛ ئومۇمي زىياپەت.

**شلانچى** (شيلانچى) پادىشا داستىخانچىسى، بوكاۋۇل.

**شمال** (شمال) ئ. شىمال، شىمال تەرەپ؛ شىمال شامىلى، سوغۇق شامال؛ سول تەرەپ.

**شمالماق** (شيمالماق) شىمارماق: ئىلىك شىمالماق — قول شىمارماق، ئەستايىدىل كىرىشمەك.

**شنا** (شنا) پ. سۇدا ئۈزمەك: شناۋەر — ئۈزگۈچى.

**شناخت** (شناخت) پ. تونۇشلۇق.

**شناس** (شناس) پ. (شۇناس) سۆز بىرىكمىسىدە بىلگۈچى، تونۇغۇچى مەنىلىرىدە كېلىدۇ: رەھشناس — يول بىلگۈچى؛ ۋاقىت شناس — ۋاقىت بىلگۈچى: تارىخشناس — تارىخنى بىلگۈچى، تارىخچى.

**شناسا** (شناسا) پ. تونۇش، بىلىش: شناسالىق — تونۇشلۇق، بىلىشلىك، بىلىملىك.

**شناسنامه** (شناسنامه) پ. پۇقرالىق گۇۋانامىسى

**شنگەرف** (شنكرف) پ. قىزىل بوياق؛ قىزىل رەڭلىك سىماپ دورا.

**شنگرەفى** (شنكرفى) پ. قىزىل تۇسلۇك، قىزغۇچ.

**شۋه** (شيۋه) پ. ناز-كەرەشمە، ئەركىلەش، شوخلۇق، غىلجىڭلىق؛ ھەرىكەت،

پوزىتسىيە؛ ئالـدام، ھىـلە؛
ئىشارەت؛ ئادەت، رەۋىش،
يوسـۇن؛ قـانۇن ـ قائىـدە؛
ئۇسۇل؛ ئۇسلۇب، ئىستىل.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن. بۇ
شىـۋە بىلە سەن يۈرۈسەڭ
ھەرچـەمەن ئىچـرە، ھـۆز
يۈرۈمەگەي ئالـتىنە رىزۋان
چەمەنىندە.

(سەككاكى)

**شىۋەباز** (شيوه باز) پ.
نازكەش، شوخ، ئوينـاقلاپ
تۇرىدىغان، غىلجىڭ.

**شىۋەگەر** (شـوەگـر) پ.
يۇقۇرىقىغا ئوخشاش.

**شىۋەن** (شـيـون) پ. نالە،
زار، پىغان، مۇڭ.

**شۇئائ** (شعاع) ئ. يورۇقلۇق،
شولا :شۇئائى خەت ياكى خەتتى
شۇئائ ــ قۇياش چۈرىسىدىن
تارالغان شولىلىق سىزىقلار.

**شۇباق** (شباق) پ. شـۋاق
("شۇباغ"مۇ دېيىلىدۇ).

**شۇبان** (شبان) پ. مالـچى،
قويباقار، پادىچى، چوپان.

**شۇبهات** (شبهات) ئ. شۇبهە،
گۇمان، ئىشـەنـمەسـلىـك،
سېزىك.

**شۇبهەدار** (شبـهەدار) ئىپ.
شۇبهىلىك، گۇمانلىق.

**شۇبـهەناك** (شبـهـەناك) ئىپ.
گۇمانلىق، شۇبهىلىك.

**شۇتۇر** (شتر) پ. تۆگە.

**شۇتۇربان** (شـتـربان) پ.
تۆگىچى.

**شۇتۇر قەتار** (شتر قطار) ئىپ.
تۆگـىـلەر قاتارى، تـۆگە
كارۋىنى.

**شۇتۇرمادە** (شترمادە) پ.
ئىڭگاك تۆگە.

**شۇتۇرمۇرغ** (شـترمـرغ) پ.
تۆگە قوشى.

**شۇجائ** (شجاع) ئ. باتۇر،
يـۈرەكـلـىـك، قورقـماس،
شجائەتلىك

**شۇجائانە** (شـجاعانە) ئـپ.
باتۇر، قورقـماس، دادىـل؛
باتۇرلارچە.

**شۇجائەت** (شـجـاعـت) ئ.
باتۇرلۇق، دادىللىق.

**شوخ**[1] (شـوخ) پ. كـىر،
چىرىك، قاسماق؛ يىرىك.

**شوخ**[2] (شوخ) پ. شوخ، شاش، شاي، ئويناقى؛ گۈزەل، سۆيگەن يار: شوخى خۇبان — شوخ گۈزەللەر؛ شوخشەڭ — شوخ ۋە گۈزەل، جىلۋىلىك، جازىبىلىك، ئويناپ تۇرىدىغان؛ شوخ سىمبەر — ئاق بەدەن نازىنىن؛ شوخ ستەمكار — باغرى قاتتىق گۈزەل؛ شوخلۇق — ئويناقلىق، شوخلۇق.

**شۇخۇلبەك** (شوخولبك) قاماق گۈزەتچىلىرىنىڭ باشلىقى.

**شۇخەم** (شخم) پ. يەر تىرىماق.

**شۇخەمكارى** (شخم كارى) پ. يەر ئاچماق، يەر ئاغدۇرماق.

**شۇھرە** (شهره) ئ. شۆھرەت، نام، داڭق، ئاتاق.

**شۇھۇر** (شهور) ئ. ئايلار (بىرلىكى "شەھر")

**شۇھۇد**[1] (شهود) ئ. شاھىدلار (بىرلىكى "شاھىد")

**شۇھۇد**[2] (شهود) ئ. كۆز بىلەن كۆرۈش.

**شۇد** (شد) پ، بولدى.

**شۇدرۇن** (شودرون) پ. قىراۋ، شەبنەم.

**شۇدكار** (شدكار) پ. شۇددىگەر، يەرنى قازماق، يارماق، ئاغدۇرماق.

**شۇدۇرغۇ** (شودورغو) "شىدۇرغۇ"غا قاراڭ.

**شور**[1] (شور) پ. تۇزلۇق يەر، شورىيەر.

**شور**[2] (شور) پ. چۇقان، ۋاراڭ-چۇرۇڭ؛ تەۋرىنىش، پاتىپاراق بولۇش، قالايماقانچىلىق، پاراكەندىچىلىك؛ قىزغىنلىق، چاڭقاق مۇھەببەت: شورىش — غوۋغا، غەلۋە؛ قوزغىلىش، قارشى چىقىش، ئىسيان؛ شورشى — توپىلاڭچى، قوزغىلاڭچى، ئىسيانچى.

**شۇر** (شور) ئ. كېڭەش، مەسلىھەت؛ مۇزاكىرە.

**شۇرا** (شورا) ئ. كېڭەش ئورنى، مەسلىھەت مەجلىسى، لىسخوي، كومىتېت.

**شۇرب** (شرب) ئ. ئىچمەك: شۇرب خەمر — هاراق

ئىچمەك.

**شۇربا** (شوربا) ئ. شورپا، سۇيۇق ئاش.

**شۇرتە** (شرطه) ئ. بەلگە؛ ئوك چىققان شامال، يەل.

**شورداق** (شرداق) بىزەك.

**شۇركا** (شركاء) ئ. شېرىك- لەر، ئورتاقلار (بىرلىكى "شرىك").

**شۇربدە** (شوربده) پ. پەرى- شان، گاڭگىرىغان.

**شۇرەگىز** (شورەكيز) پ. غوۋغا سالغۇچى، توپىلاڭ قىلغۇچى.

**شۇرى شەر** (شورى شر) پ. تەشۋىق.

**شۇرۇت** (شروط) ئ. شەرتلەر (بىرلىگى "شەرت")

**شۇرۇھ** (شروح) ئ. شەرھە- لەر، يەشمىلەر (بىرلىگى "شەرھ")

**شۇرۇر** (شرور) ئ. ياۋۇز لۇقلار، يامانلىقلار، ناچارلىقلار.

**شۇرۇشەغەب** (شوروشغب) پ. غوغا، توپىلاڭ.

**شۇرۇئ** (شروع) ئ. كىرىش- مەك، باشلىماق: شۇرۇئ ئەيلىمەك — كىرىشمەك، باشلىماق.

**شۇرمەل** (شرمل) مۇز كەل- كۈنى.

**شۇست** (شست) پ. يۇيماق: شۇستەن — يۇيۇپ تازىلىماق.

**شۇستمان** (شستمان) پ. سۇۋىماق، سۇركىمەك.

**شوسە** (شۇسە) پ. چوڭ يول، تاشيول.

**شۇش** (شوش) پ. ئۆپكە.

**شۇشى** (شوشى) پ. ئۆپكۇدەك بولغان، ئۆپكىنىڭ.

**شۇشە** (شوشكە) پ. مۇز چومىغى: تۇتام: شوشە ئالتۇن — زىخ ئالتۇن.

**شۇغال** (شغال) چىلبۆرە.

**شۇغل** (شغل) ئ. مەشغۇللۇق، ئىش، خىزمەت.

**شۇكران** (شكران) ئ. شۇكرى ئېيتماق؛ رەھمەت.

**شۇكۇھ** (شكوه) پ. داڭق، شۆھرەت، شەۋكەت.

**شۇكۇرچى** (شوكورچى) پادىشانىڭ سايىۋەن تۇتقۇچىسى.

شوكۇفە (شكوفه) پ. گۈل غۇنچىسى، چېچەك، گۈل (مېۋە دەرىخىنىڭ)، پورەك.

شۇگۇفتە (شكوفته) پ. ئېچىلغان.

شۇگۇن (شكون) پ. خوشخەۋەر، ياخشىلىق بەلگىسى.

شۇئبە (شعبه) ئ. تارماق، بۆلۈم، پۇتاق.

شۇئەرائ (شعراء) ئ. شائىرلار، قوشاقچىلار، جىرچىلار (بىرلىكى "شائىر").

شۇئەب (شعب) ئ. شۆبىلەر، تارماقلار، بۆلۈملەر، پۇتاقلار (بىرلىكى "شۇئبە").

شۇئلە (شعله) ئ. نۇر، ياغدۇ، يالقۇن، شولا، ئوت شولىسى، قۇياش شولىسى: شۇئلەفەرا — يالقۇنلۇق، ئەلەڭگۈلۈك؛ شۇئلەدار — يالقۇنلۇق، ياغدۇلۇق.

شۇئۇر (شعور) ئ. سېزىش، ئاڭلاش، بىلىش، تۇيۇش، پەم، ئىدراك، يۆيۈش. هوش، ئەقىل.

شوي (شوى) پ. سۆز بىرىكمىسىدە "يۇغۇچى"، "پاكلىغۇچى" مەنىسىدە كېلىدۇ. چەرخ شۇي — ئاسماننى يۇغۇچى، ئاسماننى چاچرىغۇچى.

شۇيۇخ (شيوخ) ئ. شەيخلار، ئىشانلار (بىرلىكى "شەيخ")

شۇيۇئ (شيوع) ئ. يېيىلماق، تارقالماق.

شۇيۇن (شيون) ئ. شانلار، شەرەپلەر (بىرلىكى "شان").

شۇل (شل) پ. كۈچسىز، ئاجىز، بوش: شۇل وول — دەرمانسىز، سولاشقان.

شۇلى (شۇلى) پ. سالپايغان.

شۇلۇغ (شولۇغ) ئ. قالايمقان، تەرتىپسىز، گىچماچ، باش-ئايىغى يوق؛ توپىلاڭ.

شۇلۇغلانماق (شولۇغلانمق) خاتىرجەمسىزلەنمەك، تەۋرەنمەك، بىسەرامجان بولماق، بىئارام بولماق.

شۇلە (شوله) ئ. ئۇماش؛ شويلا.

شۇم (شۇم) ئ. ياۋۇز، بەرىكەتسىز، خەيرسىز، يامانلىق:

شۇملانىماق — بىر ئىشنى يامانغا سانىماق؛ شۇم ئېغىز — يامانلىققا تارتىدىغان؛ شۇم-خەۋەر — يامانخەۋەر.

**شۇمار** (شمار) پ. ساناش، ھېساپلاش.

**شۇمارەزەن** (شمارزن) پ. سانچى، ھېساپچى؛ سانىغۇچ، ھېساپلىغۇچ.

**شۇمۇل** (شمول) ئ. ئىچىگە ئالغان.

**شۇنىد** (شنيد) پ. ئاڭلاش، ئىشىتىش.

**شۇنۇد** (شنود) پ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**شۇنۇفت** (شنفت) پ. گەپ-سۆز، سۆھبەت.

# غ

**غاب** (غاب) ئ. ئورمانلار، تۈزلەڭلىكلەر: شىرى غاب — ئورمان شىرى، ئورمان ئارسلانى.

**غابىر** (غابر) ئ. ئۇزاققا سوزۇلغان؛ ئۇزاق يىللار بولغان.

**غابىن** (غابن) ئ. ئالدامچى، مەككار، هورۇن.

**غابە** (غابە) ئ. ئورمان، تۈزلەڭلىك.

**غاجىر** (غاجير) ئ. بۈركۈتكە ئوخشاش بىر خىل قۇش.

**غادىر** (غادر) ئ. ۋاپاسىز، قارا سانغۇچى، خائىن.
شىپىردا مۇنداق كەلگەن: ئۆكۈشرەك كىشىنىڭ ئىچى غادىر ئەردۇر، كونى دوستۇڭ ئەرسە تاشى بىل مۇنى.
(يۈكنەكى)

**غار** (غار) ئ. ئۆڭكۈر، غار، كامار: غاردار — غار كۆپ، غارلىق؛ غارىستان — غار كۆپ يەر.

**غارات** (غارات) ئ. "غارەت" نىڭ كۆپلۈكى.

**غارەت** (غارت) ئ. بۇلاڭچىلىق، تالان-تاراج، قاراقچىلىق؛ ئولجا، غەنىمەت.
شىپىردا مۇنداق كەلگەن: قاشۇ كۆزۈڭ غارەتىندە لۇتفىدىن كەتتى كۆڭۈل، ئاقىبەت تاپتىم سوراغىنى چىنى تۈركىستان سارى.
(لۇتفى)

**غارەت پىشە** (غارت پيشە) ئپ. بۇلاڭچى، تالاڭچى.

**غارەت زەدە** (غارت زدە) ئپ. بۇلانغان، تالانغان.

**غارەتگەر** (غارتكر) ئپ.

بۇلاڭچى، قاراقچى، ھۆجۇم قىلغۇچى.

**غارەڭ** (غارنك) پ. ئەخمەق، دۆت.

**غارۇغۇر** (غاروغور) پ. قۇرۇق گەپ، پىتنە؛ قالايىماقان، قوساقنىڭ غۇلدۇرلىشى؛ خەۋەر.

**غارىب** (غاريب) ئ. پاتماق، چۈشمەك (يۇلتۇزنىڭ)؛ تۆگىنىڭ ئۆركىشى؛ مۇرە: غارىب ئەيلىمەك — پاتۇرماق، سۇندۇرماق؛ غارىب بولماق — پاتماق، سۇنماق، كۈن پاتماق.

**غارنشىن** (غارنشين) پ. غاردا ئولتۇرغۇچى؛ ئىپتىدائى ئادەم.

**غاز**[1] (غاز) پ. يىپرىق، چاك؛ ئاز ساندىكى پۇل؛ يارماق.

**غاز**[2] (غاز) پ. پاختا، كېۋەز.

**غازام** (غازام) قايغۇ.

**غازان** (غازان) قازان.

**غازچەران** (غازچران) پ. غاز باققۇچى؛ ھورۇن، لايغەزەل.

**غازە** (غازە) پ. ئەڭلىك، ئۇپا.

**غازى** (غازى) ئ. ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغان، ئۇرۇشتا ھايات قالغان، باتۇر.

**غاسىب** (غاصب) ئ. زورلۇق بىلەن تارتىۋالغۇچى.

**غاسبى** (غاصبى) تاجاۋۇز، باسقىن، بۇلاش.

**غاسىق** (غاسق) ئ. كەچقۇرۇن؛ كېچە، قاراڭغۇ.

**غاسىل** (غاسل) ئ. كىيىم يۇغۇچى، يۇيۇقچى.

**غاش** (غاش) پ. مەپتۇن بولغان، شەيدا بولغان؛ شاۋقۇن، سۈرەن؛ ئالدامچى، يۈز ئۆرۈگۈچى، ساتقىن.

**غاشىيە** (غاشيە) پ. ئىگەر ئۈستىدىن ياپىدىغان يوپۇق؛ غاشىيەكەش — بەگلەرنىڭ ئات يوپۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭغۇچى؛ ئىتائەتچان.

**غاك** (غاك) پ. شاۋ-شۇۋ، قالايىماقانچىلىق، ساراسىم؛ قاغىنىڭ قاقىلدىشى.

**غافىر** (غافر) ئ. گۇنا-ئەيىب-

لەرنى كەچۈرگۈچى، يارىلـ-
قىغۇچى، ئەپۇ قىلغۇچى.
**غافىل** (غافل) ئ. پەرۋاسىز،
بىخۇت، غەپلەتتە قالـغۇچى،
خەۋەرسىز، بىلمەي قالغان.
**غافىل گىرى** (غافل گيرى)
ئې. تۇيۇقسىز ھەرىكەت.
**غائى** (غـائـى) ئ. ئـەڭ
ئاخىرقى، ئاداقىقى: ھەدەف
غائى ــ ئاداقىقى نىشان.
**غائىبىن** (غائبين) ئ. كۆزدىن
يىراقتا، سىرتتىكى، كۆرۈنـ-
مەس، يوقلۇق، كـۆزدىـن
ئۇچقان ("غايىب"نىڭ كۆپـ-
لۈگى).
**غايە** (غايە) ئ. كـۆزلـگەن
نىشان، ئاخىرقى مەقسەت،
ئىشنىڭ تۈۋى، چەك:
غايىۋى ــ كۈتكەن ئاخىرقى
مەقسەت.
**غايەت** (غايـت) ئ. ناھايىتى،
بەك؛ سوڭ، ئاداق، ئاخىر؛
كـۆچ: مەقـسـەت، ئارزۇ،
قەست.
**غايىلە** (غايلە) ئ. ئالـدىـرىـ-
ماق، بىتاقەت بولماق؛ ماجرا،
جەدەل؛ بەخـتسىزلىك، قازا.
(كۆپلۈگى "غەۋايىل")
**غال** (غـال) ئ. قـوتـان؛
غار؛ تۇرالغۇ، ئولـتۇراقـلىق
جاي.
**غالايدا** (غلايدا) ئەمەلدار.
**غالجاق** (غـلجـق) تىشى
كىيىك، غەزالە.
**غالىبدىن** (غالـبـآ) ئ. ھەر-
قاچان، دائىم، كۆپرەك.
**غالغالاق** (غـلغـلاق) غوغا،
غۇلغۇلا.
**غالىيە** (غالـيە) ئ. قاش ۋە
چاچقا سـۈرتـۈش ئـۈچۈن
مۇشـك ئەنـبەردىن ياسالغان
خۇشبۇي قارا ماددا. كـۆچ:
قارا.
**غان** (غان) ئۇغان، تەڭرى؛
قۇدرەتلىك.
**غانى** (غانى) ئ. غەنى، باي،
مۇلۇكدار.
**غانىيە** (غانيە) ئ. چىرايلىق
قىز؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە
ئېرىگە بېقىنمايدىـغان ئايال؛
ئىپپەتلىك ئايال.
**غانىم** (غانـم) قاراقچى،

بۇلاڭچى؛ ئۇلجا بۇلۇشكەن.
غاۋى (غاۋى) ئ. يولدىن
ئازغان؛ ئۇمىتسىزلەنگەن.
غەباۋەت (غباوت) ئ.
دۆتلۈك، ئەقىلسىزلىق؛
تەنتەكلىك.
غەبرائ (غبراء) پ. يەر، يەر
يۈزى.
غەبغەب (غبغب) ئېگەك.
غەبى (غبى) ئ. دۆت،
ئەقىلسىز، تەنتەك.
غەبىن (غبين) ئ. "غابىن"غا
قاراڭ.
غەدات (غدات) ئ. ئەتىگەن،
سەھەر.
غەددار (غدار) ئ. ئازغۇن،
ساتقىن، خائىن، ۋاپاسىز؛
زۇلۇم قىلغۇچى؛ ھىيلىگەر،
كەززاپ، ساختىپەز؛ قارا
سانىغۇچى خىيانەت قىلغۇچى.
غەددارانە (غدارانه) ئىپ.
خىيانەت ۋە زۇلۇم بىلەن
بولغان؛ مۇئامىلە غەددە-
رانە — زالىملارچە مۇئامىلە
قىلىش.
غەدارە (غداره) ئ. ئىككى
بىسلىق خەنجەر.
غەدر (غدر) ئ. قاراسا-
ناش، خىيانەت؛ رەھىمسىز-
لىك، زالىملىق؛ گوللىماق.
غەدركەش ئىپ. (غدر كش)
خىيانەتچى، ئالدامچى.
غەدىر (غدير) ئ. كۆل، تۇرغۇن
سۇ.
غەرابەت (غرابت) ئ. باش-
قىلىق، ياتلىق؛ غەلىتىلىك،
قىزىقلىق، تاڭسۇقلۇق.
غەرايىب (غرايب) ئ. قىزىق
نەرسىلەر، قىزىقلىقلار.
غەررائ (غراء) ئ. يالتىراپ
نۇرلىنىپ تۇرغان، ئايقىن،
روشەن، يارقىن: غەررا-
نەزم — يارقىن، جۇشقۇن
شېئىر.
غەرام (غرام) ئ. ئىشق
دەردى، ئاشىقلىق.
غەرامەت (غرامت) ئ. پۇشاي-
مانلىق؛ ئازاپ، قىيناق؛
غەرامەت يەتمەك — ئازاپ
يەتمەك، قىينچىلىق كەلمەك.
غەررە (غره) ئ. مەغرۇرلان-
ماق، بىر نەرسىگە ئارتۇقچە

بىرلىش ئارقىسدا ئالدىنىپ قالماق، بىپەرۋالىق قىلماق؛ غەررەئى ھۆسن — ھۆسنىگە مەغرۇرلانماق.

**غەربەن** (غرباً) ئ. كۈنپاتار ياقتىن، غەرپتىن.

**غەرس** (غرس) ئ. دەرەخ تىكىش.

**غەرق** (غرق) ئ. سۇغا پاتماق، سۇغا چۆكۈپ كەتمەك، سۇغا پىتىپ ئۆلمەك. م: ھامان ياخشى بىلەن يامان ئاراسىدە كۆپ پەرقدۇر، ئىكى كىمەنىڭ باشى تۇتقان ئۇل غەرقدۇر.

**غەرقاب** (غرقاب) ئىپ. غەرق بولغان، سۇغا پاتقان؛ گىرداپ، كامار، ئۇپقان.

**غەرقە** (غرقه) ئ. چۆمگەن، پىتىپ كەتكەن، چۆكۈپ كەتكەن.

**غەرىب[1]** (غريب) ئ. مۇساپىر، باشقا جايدىن كەلگەن، يات.

**غەرىب[2]** (غريب) ئ. ئاجايىپ، قىزىق: غەرىب ئىش — ئەجەپلىنەرلىك ئىش؛ غەرىب مەنىلىك — ئاجايىپ مەنىلىك؛ غەرىب ئاسار — ئاجايىپ نىشانىلەر؛ غەرىب ئۇمۇر — قىزىق ئىشلار. ئاجايىپ ۋەقەلەر.

**غەرىبانە** (غريبانه) ئىپ. غېرىپلارچە، غېرىپلىق بىلەن.

**غەرىبخانە** (غريب خانه) ئىپ. مۇساپىرخانا، غېرىپلار ئۆيى، ئىگىسىزلەر جايى. كۆچ: دۇنيا.

**غەرىبە** (غريبه) ئ. ئىشتىمەگەن ۋە كۆرمىگەن ئىشلار، ۋەقەلەر: ئەھۋال غەرىبە — يات خەۋەرلەر.

**غەرىبستان** (غريبستان) ئىپ. "غېرىپخانە"گە قاراڭ. (ناۋايى)

**غەرىق** (غريق) ئ. غەرق بولغان، سۇغا پاتقان: غەرىق رەھمەت — رەھمەتكە چۆمگەن.

**غەرىزە** (غريزه) ئ. تەبىئەت، خۇلۇق، خاراكتېر: غەرىزە ھەرارەت — تەبىئى ھارارات.

**غەرىزى** (غريزى) ئ. تەبىئى.

تۇغما.

**غەرىم** (غريم) ئ. كىشىدە ئۆلىشى بار كىشى، قەرز بەرگەن كىشى.

**غەرىن** (غرين) ئ. ئورمان، توقاي: شىرى غەرىن — ئورمان شىرى، ئورمان ئارسلانى.

**غەرو** (غريو) پ. دەھشەتلىك پەريات ۋە پىغان، شاۋقۇن-سۈرەن، نالە؛ نەي. شىئىردا مۇنداق كەلگەن: بولدىلەر دەريايى لەشكەر روبەرو، چىقتى قىرغىزنىڭ چىرىكىدىن غەرو. (زەلىلى)

**غەزات** (غزات) ئ. دىننى ئۇرۇش، دىن يولىدا قىلىنغان ئۇرۇش.

**غەزال** (غزال) ئ. كىيىك، ئاھۇ: غەزالى مۇشكىن — ئىپارلىق كىيىك، تىبەت كىيىكى.

**غەزالان** (غزالان) ئ. كىيىكلەر، جەرەنلەر.

**غەزالە** (غزاله) ئ. غالجاق، تىشى كىيىك.

**غەزەبناك** (غضبناك) ئ-پ. غەزەپلىك، غەزەپلەنگەن، ئاچچىقى تۇتقان.

**غەزەل** (غزل) ئ. سۆيگۈ-مۇھەببەت توغرىسىدىكى قاپىيىلىك شىئىر.

**غەزەلىيات** (غزليات) ئ. "غەزەل" نىڭ كۆپلۈكى.

**غەزل** (غزل) پ. ئىگىرىلگەن يىپ: غەزلفۇرۇشلۇق — يىپ سېتىقچىلىقى.

**غەزەۋات** (غزوات) ئ. جەڭلەر، ئۇرۇشلار.

**غەزۇب** (غضوب) ئ. غەزەپلەنگەن، ئاچچىقلانغان كىشى.

**غەسب** (غصب) ئ. زورلۇق بىلەن تارتىۋالماق، بۇلاپ ئالماق.

**غەسسال** (غسال) ئ. "غاسىل"غا قاراڭ.

**غەسل** (غسل) ئ. يۇيۇش، سۇ بىلەن چايقاش.

**غەش** (غش) ئ. ساپ ئالتۇن، كۇمۇش ياكى مەيگە باشقا نەرسىلەرنىڭ قوشۇ-

لۇشى؛ خىيانەت: بۇلغانچ:
بى غەش ــ ساپ، خالىس،
تىنىق، بىغۇبار.

**غەشى** (غشى) ئ. كۆڭۈل
ئاينىماق، ھوشىدىن كەتمەك:
غەش قىلماق ــ كۆڭلى ئاي-
نىماق، ئۆزىدىن كەتمەك:
غەشلىك ــ بۇلغانچىلىق:
غەلد-غەش ــ تۇرلۇك
ئارىلاشمىلار.

**غەشيان** (غشيان) ئ. تىبا-
بەتچىلىكتە كۆڭۈل ئاينىش
ئاغرىقىنىڭ ئاتىلىشى.

**غەششاش** (غششاش) ئ.
ئالدامچى، ھىلىگەر، مەككار.

**غەففار** (غەففار) ئ. غاپپار،
كەچۈرۈم قىلغۇچى، مەغپىرەت
قىلغۇچى، يارىلىقغۇچى:
غەففەر ئاللا ــ تەڭرى گۇنا-
لارنى يارىلىقسۇن، كەچۈر-
سۇن، مەغپىرەت قىلسۇن.

**غەفىر** (غفير) ئ. كۆپچىلىك،
جامائەت، ئەلكۈن.

**غەفۇر** (غفور) ئ. "غەففار" غا
قاراڭ.

**غەفلەت** (غفلت) ئ. غاپىللىق،
خەۋەرسىزلىك، بىلمەسلىك،
بىخەستەلىك.

**غەدي** (غى) پ. يولدىن ئازماق.

**غەيب** (غيب) ئ. كۆز ئالدىدا
بولماسلىق، كۆزگە كۆرۈن-
مەسلىك، غايىبلىق: سىر،
يوشۇرۇنلۇق: ئىلمى
غايىپ ــ سىر بىلىش، كۆرۈن-
مىگەن نەرسىلەرنى بىلىش.

**غەيبۇبەت** (غيبوبت) ئ. غايىب-
لىق، غايىب بولماق، كۆزگە
كۆرۈنمەسلىك.

**غەيبەت** (غيبت) ئ. بىراۋ-
نىڭ ئارقىدىن سۆزلىمەك،
بىراۋنى بىراۋغا يامانلاپ
چاقماق.

**غەيرەتكىش** (غيرتكش) ئپ.
غەيرەتلىك، ئىجتىھاتلىق،
تىرىشچان.

**غەيرەتمەند** (غيرەتمند) ئپ.
يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**غەير مۇتەناھى** (غيرمتناهى)
ئ. چەكسىز، ھەدسىز،
سانسىز، ھىساپسىز.

**غەيز** (غيظ) ئ. ئاچچىق،
ئاچچىقلانماق، غەزەپ.

**غەيۇر** (غيور) ئ. غەيرەت-
لىك، ئەجتىھاتلىق، باتۇرلۇق.
**غەلتان** (غلطان) ئ. ئايلان-
غۇچى، يۇمۇلاق.
**غەلەبات** (غلبات) ئ. غەلىبە،
ئۈستۈنلۈك، زور چىقماق.
**غەلەت** (غلط) ئ. يالغان؛
يېڭىلىش، خاتا.
**غەلەيان** (غليان) ئ. قايناش،
تېشىش. كۆچ: ھاياجان.
**غەللە** (غله) ئ. ئاشلىق،
دان؛ سودىگەرلەرنىڭ پۇل
ساندۇغى.
**غەلىز** (غليظ) ئ. قويۇق؛
قېلىن؛ داغال، تېتىقسىز،
قاتتىق، ئېغىر: ئىبارەت
غەلىزە — ئېغىر ۋە قاباھەت
سۆزلەر.
**غەم** (غم) ئ. قايغۇ، خاپىلىق،
ھەسرەت، ئەندىشە.
**غەم ئالۇد** (غم آلود) ئپ.
قايغۇغا چۆشكەن، قايغۇلۇق.
**غەمخارە** (غم خواره) ئپ.
غەم يېگۈچى، غەمكىن؛ غەم-
خور، مېھرىبان، كۆيۈنگۈچى.
**غەمبادە** (غمباده) ئپ.
قايغۇلۇق، ئاغرىق.
**غەمزە** (غمزه) پ. ناز-
كەرەشمە، جىلۋە، غىلجىڭ.
**غەمزەدا** (غمزدا) ئپ. قاي-
غۇنى يوقاتقۇچى.
**غەمزەدە** (غمزده) ئپ.
قايغۇلۇق، غەملىك.
**غەم سرىشت** (غم سرشت)
ئپ. غەمكىن تەبىئەت، غەمگە
پاتقان.
**غەمگۇسار** (غمكسار) ئپ.
غەمخور، مېھرىبان.
**غەمكەش** (غمكش) ئپ. غەم
تارتقۇچى، ئەلەم چەككۈچى.
**غەمىن** (غمين) ئ. غەملىك،
قايغۇلۇق.
**غەم ئەنگىز** (غم انكيز) ئپ.
غەمگە سالغۇچى، قايغۇغا
سالغۇچى.
**غەم ئەندۇز** (غم اندوز) ئپ.
غەمكىن، خاپا.
**غەمماز** (غماز) ئ. چېقىمچى،
گەپ توشۇغۇچى. شېئىردا
مۇنداق كەلگەن: ئىبەرسە
بېگىم دورغا يا كاسىنى،
سۇرۇپ كەلتۈرۇر ئۇشبۇ

غەممازىنى.

(«زەپەرنامە»)

**غەمۇم** (غموم) ئ. "غەم"نىڭ كۆپلۈكى.

**غەمناك** (غمناك) ئىپ. غەملىك، خاپىلىق.

**غەنچى** (غنچى) ئىت باغلاپ ـ دىغان ئاغامچىغا ئۇلاپ قويۇلىدىغان توقماق.

**غەنى** (غنى) ئ. "غانى"غا قاراڭ.

**غەنىم** (غنيم) پ. "غانىم"غا قاراڭ.

**غەنىمەت** (غنيمت) ئ. سوقۇشتا قولغا چۈشكەن مال، ئولجا.

**غەنايىم** (غنايم) ئ."غەنىمەت" نىڭ كۆپلۈكى.

**غەنەم** (غنم) ئ. قوي. شې ـ ئىردا مۇنداق كەلگەن: بىراۋ بولدى قاساپ كۆپ قىردى جان، غەنەم ئۆلتۈرۈپ ھەر كۈنى تۆكتى قان.

(غەرىبى)

**غەۋۋاس** (غواص) ئ. سۇ تېگىگە شۇڭغۇغۇچى، گۆھەر ئېلىش ئۈچۈن دەريا ـ دېڭىز تېگىگە شۇڭغۇپ كىرگۈچى.

**غەۋتە** (غوطە) ئ. سۇغا چۈمگەن كىشىنىڭ ھەربىر چۆمۈپ چىقىشىغا بىر غەۋتە دېيىلىدۇ.

**غەۋر** (غور) ئ. بىرەر نەرسە ـ نىڭ تېگى، چوڭقۇرلۇق، تۈۋى؛ ھەقىقەت، ماھىيەت؛ تەلەپ: غەۋرىگە يەتمەك — تېگىگە يەتمەك؛ دادىغا يەتمەك، ھەقىقەتنى بىلمەك؛ غەۋر تاپماق — تۈۋىگە يەتمەك، چوڭقۇر چۈشەنمەك.

**غەۋس** (غوث) ئ. ياردەم، مەدەت؛ مەدەتكارلىق.

**غەۋس** (غوص) ئ. سۇنىڭ تېگىگە چۈشمەك، شۇڭغۇماق.

**غەۋغا** (غوغا) پ. شاۋقۇن، سۈرەن، شاۋشۇۋ، تاۋۇش، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، قىيا ـ چىيا، ۋاقىراش، جاڭجال.

**غىبتە** (غبطە) ئ. بىراۋنىڭ ياخشى ھالىنى كۆرۈپ قىزىق ـ ماق ۋە ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق بولۇشىنى تىلىمەك.

**غىجىر** (غجير) خىچىر:

غىجىرچى ـــ خىجىرچى،
كىراكەش.
غىجغار (غجغر) قوشقار.
غىر (غر) پاھىشە، جالاپ.
غىربال (غربال) ئ. غەلۋىر.
غىش (غش) ئ. ئالداش،
ھىلە، مىكىر؛ بۇزۇش؛ ئارىـ
لاشما بولۇپ كەتكەن نەرسە.
غىياب (غياب) ئ. كۆز ئالـ
دىدا بولماسلىق، غايىپلىق.
غىيابەن (غياباً) ئ. غايىبلىقتا،
چەتتە، كۆزدىن يىراقلىقتا.
غىياس (غياص) ئ. ياردەم
قىلغۇچى.
غىلاف (غلاف) پ. غىلاپ،
قىن، قاپ، بوغچە.
غىلال (غلال) چىش تازىلىـ
غۇچى.
غىللە (غل) ئ. كۆڭۈلدە بولىـ
دىغان يوشۇرۇن دۈشمەنلىك،
ئۆچمەنلىك؛ ئالداش.
غىلمان (غلمان) ئ. ئوغۇل
بالىلار، ياش يىگىتلەر،
ئوغلانلار.
غىمسا (غمسا) تىچ، خىلۋەت
يەر، پىنھان يەر.

غىنا (غنا) ئ. بايلىق، ھاجەتـ
سىزلىك، مۇڭسىزلىق. شېئىردا
مۇنداق كەلگەن: ئەگەر سەن
ئاقىل ئەرسەڭ ئىختىيار ئەتـ
كىل پېقىرلىكنى، غەنى ئاندا
پەقرە مۇندا پېقىر ئانداغىنا
ئەرمىش.
(موللابىلال)
غىنائ (غناء) ئ. كۈيلىمەك،
جىرلىماق.
غۇبار (غبار) پ. چاڭـ
توزاڭ، تۇتۇق، خىرە.
غۇبار ئالۇد (غبارآلود) پ.
چاڭ ـ توزاڭ باسقان.
غۇبار خاتىر (غبارخاطر)
ئپ. مۇڭ، قايغۇ، دەرت،
ئېغىرلىق، غەم.
غۇبار چەشم (غبارچشم) پ.
كۆرۈش قۇۋۋىتى خىرە، كۆزى
بۇدراڭغۇ.
غۇبارى (غبارى) پ. چاڭـ
توزاڭلىق؛ قايغۇلۇق، مۇڭلۇق.
غۇبتە (غبطه) ئ. قىزىقىش،
زوقلىنىش.
غۇبتە ئاۋەر (غبطه‌آور)
ئپ. قىزىقارلىق، زوقلىنارلىق.

**غۇر** (غر) پ. غۇڭشىماق، غودۇرىماق، غوتۇلدىماق.

**غۇراب** (غراب) ئ. قاغا؛ مەغرۇر، مازۇز.

**غۇرابى** (غرابى) ئ. قاغىغا ئوخشاش: ئۇياتسىزلىق؛ پو ئاتماق.

**غۇرران** (غران) پ. هۆركىرىگەن، دەھشەتلىك ۋاقىرىغان.

**غۇربەت** (غربت) ئ. غېرىپ-لىق، چەت يۇرتتا ياشاش.

**غۇرغۇر** (غر غر) پ. غوڭشى-ماق، ئاغرىنماق، غودۇرىماق.

**غۇرغۇرۇ** (غر غرو) پ. غوڭشىغاق، غودۇرغاق.

**غۇرفە** (غرفە) ئ. ئۆي، هوجرا، بالىخانا، راۋاق، شىپاك.

**غۇرۇر** (غرور) ئ. مەغرۇرلۇق، غۇرۇر؛ ئالدانماق، بىرىلمەك.

**غۇررە** (غرە) ئ. مەغرۇرلان-غان؛ ئالدانغان.

**غۇسسە** (غصة) ئ. غەم-قايغۇ، هەسرەت، خاپىلىق.

**غۇسەس** (غصە) ئ. قايغۇلار، غۇسسىلار: غۇسسەنى زەڭ — غەمنىڭ كىر-داتلىرى.

**غۇسل** (غسل) ئ. يۇيۇنماق، سۇغا چۈشمەك، تازىلانماق.

**غۇل** (غل) ئ. تۆمۈر هالقا، زەنجىر هالقا. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئەقلىمنى جۇنۇن ئالدى زەنجىرۇ غۇل ئەتىزا هەم، هۇشيار بولالمايمەن مەئزۇركى لاي ئەتتىم.

(زەللىلى)

**غۇلا** (غلا) ئوت، يالقۇن، گۇلخان.

**غۇلام** (غلام) ئ. ئوغۇل بالا، يىگىت، ياش؛ ياش خىزمەت-كار، قۇل يىگىت.

**غۇلد** (غلد) ئادەم ئۇرۇش ئۈچۈن ياسالغان قاتتىق تاياق.

**غۇلغۇ** (غلغو). ئارامسىزلىق، تېچسىزلىق.

**غۇللە** (غل) ئ. گۇناكارنىڭ بوينىغا سالىدىغان تاقاق، زەنجىر، ئىشكەل. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئىشت

نامىمنى كەل ئەندىشە قىلماي،
ئۈمىدىڭ تارىدىن بويىنۇمدا
دۇرغۇللە.
(خىرقىتى)

**غۇلۇۋ** (غلو) ئ. ئېشىپ
كەتمەك، ھەددىدىن ئارتۇ-
ماق، تۇغيان، توپىلاڭ،
غەۋغا.

**غۇم** (غم) كۆڭۈلدە ساق-
لانغان چىگىك، ئاداۋەت،
گىنا.

**غونان** (غونان) ئىككى-ئۈچ
ياشار ئات، تاي ("دۆنەن"مۇ
دېيىلىدۇ).

**غوناجىن** (غوناجىن) ئۈچ
ياشار ئىنەك ("غونىجىن"مۇ
دېيىلىدۇ).

**غۇنچە** (غنچە) پ. ئېچىلىپ
يەتمىگەن گۈل چېچىكى،
گۈل تۇگۈنى.

# ق

**قائاداش** (قاآداش) قېرىند-
داش، قەرداش، تۇققان،
ئەقربا.
**قائان** (قاآن) خاقان،
بۈيۈك پادشا، ئىمپېراتور.
**قائانماق** (قاآنماق) شول-
لانماق، ئوت ئالماق.
**قاب** (قاب) قاپ، تاغار،
خالتا.
**قاب[1]** (قاب) ئ. تاۋاق، تەخ-
سە؛ قۇتا، غىلاپ، ساندۇقچە؛
كىشەك، رامكا؛ جازا؛
ئوشۇق: قاب ئاينە —
ئەينەك كېشكى (رامكىسى)؛
قاب ئەينەك — كۆز ئەينەك
جازىسى؛ قاب باز — ئوشۇق
ئوينىغۇچى؛ قىمارۋاز؛ قاب
ساز — كىشەك ياسىغۇچى.
**قاب[2]** (قاب) ئ. يايىنىڭ ئوت-
تۇرىسىدىن ئۇنىڭ بىر ئۇچى-
غىچە بولغان ئارىلىق: قابە
قەۋسەيىن — ناھايىتى يېقىن
(ئارىنىڭ بەك يېقىنلىقىدىن
كىنايە).
**قاباب** (قباب) قاماپ،
قامال قىلىپ، قاپساپ.
**قابارغان** (قبرغان) قاپارتقۇ.
**قابالماق** (قبالمق) قامالماق،
ئورالماق.
**قاباماق** (قبامق) قامىماق،
ئوراپ ئالماق.
**قابان** (قبان) قاۋان، ياۋا
چوشقا (ئەركىكى).
**قابتورغاي** (قابتورغاى) قۇتا،
ساندۇقچە، زىبۇ-زىننەت
ساندۇقى؛ پوچتا خالتىسى.
**قابتورقاي** (قابتور قاي)
يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.
**قابرچاق** (قبرجاق) ساند-
دۇق، ئۇلۇك ساندۇغى،

گۇەنسەي.

**قابىز** (قابض) ئ. قىرىق، قىرتاق، ئېغىزنى قورىدىغان؛ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدىغان؛ تۇتۇۋالىغان، قولغا تۇتقان؛ ئالغۇچى؛ قابىزۇل ئەرۋان — جان ئالغۇچى.

**قابىزات** (قابضات) ئ. "قابىز"نىڭ كۆپلۈكى.

**قابىزە** (قابضه) ئ. "قابىز"غا قاراڭ.

**قابىزىيەت** (قابضيت) ئ. قىرتاقلىق؛ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىشچانلىق (دورىنىڭ)

**قابىل** (قابل) ئ. قابىلىيەتلىك، تالانتلىق؛ سالاھىيەتلىك؛ ئەرزىيدىغان: قوبۇل قىلالايدىغان.

**قابۇ** (قابو) ئىشىك، قوۋۇق، دەرۋازا.

**قابۇچى** (قابوچى) ئىشىكباقار، دەرۋازىۋەن.

**قابۇچۇق** (قابوچق) يوچۇق.

**قابۇز** (قابوز) قوبۇز، قوۋۇز (بىر خىل چالغۇ)

**قابۇغ** (قابوغ) "قابۇ"غا قاراڭ.

**قابۇغاق** (قابوغاق) تۆشۈك، يېرىق.

**قابۇق** (قابق) ئ. قەدىمدا پادىشا يارلىقىنى ئېلان قىلىدىغان ياكى ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىدىغان ئىگىز سۇپا، مويتۇگزا.

**قاپ** (قاپ) ئ. 1 ـ، 2 ـ "قاب"غا قاراڭ.

**قاپاق** (قبق) كۆز قاپىقى.

**قاپالماق** (قاپالمق) "قابالماق"قا قاراڭ.

**قاپاماق** (قاپامق) "قاباماق"قا قاراڭ.

**قاپان** (قاپان) پ. تارازا، قاداق.

**قاپاندار** (قاپاندار) پ. تارازىچى، تارازا تارتقۇچى.

**قاپتان** (قاپتان) تۇزاق، دام.

**قاپساغ** (قاپساغ) قاپساق، مۇھاسىرە، قورشاۋ، قورشاق.

**قاپغاماق** (قاپغاماق) ئەتراپىنى ئورىماق، ئىھاتە قىلماق.

**قاپقا** (قبغا) قاپقا، قوۋۇق، دەرۋازا.

**قاپلان** (قاپلان) يولۋارس.

**قاپۇ** (قاپو) "قابۇ"غا قاراڭ.

**قاپۇچى** (قاپوچى) "قابۇچى"غا قاراڭ.

**قاپۇغ** (قاپوغ) "قابۇغ"غا قاراڭ.

**قاپۇق** (قاپوق) جازا مەيدانى؛ قارا، نىشان (ئۇق ئاتىدىغان) "قابۇق"قا ئوخشاش.

**قات**[1] (قات) تەرەپ، تامان؛ ئالد، ھۇزۇر؛ يان: ئانىڭ قاتىغا — ئۇنىڭ ئالدىغا.

**قات**[2] (قات) قاچماق، قوتۇلماق.

**قاتاغ** (قاتاغ) ئىستىھكام، ئورۇش قورغانى.

**قاتاغلاماق** (قاتاغلامق) ئەگەشمەك، بىرگە ماڭماق.

**قاتبە** (قاطبە) ئ. بارلىق، ھەممە، بارچە.

**قاتبەتەن** (قاطبة) ئ. ئومۇمى، ئورتاق، ئومۇمىيۈزلۈك، ئاساسي جەھەتتىن.

**قاتىر** (قاطر، قاتر) خېچىر؛ قاتىرچى — خېچىرچى؛ قاتىردار — خېچىرچى؛ قاتىرلىغ ئەر — خېچىرلىق كىشى.

**قاتغى** (قاتغى) قاتتىق؛ يامان؛ قاتغى كىشى — بوينى قاتتىق كىشى.

**قاتقى** (قاتقى) "قاتغى"غا ئوخشاش.

**قاتىش** (قاتيش) قېتىش، ئارىلاش، قاتناشقان، مۇناسىۋەتلىك.

**قاتىغ** (قاتيغ) قاتتىق، ئېغىر، قىيىن، مۇشكۇل؛ كەسكىن، جىددى؛ رەھىمسىز؛ تەلەپچان.

**قاتىغلاشماق** (قاتيغلاشمق) كەسكىنلەشمەك، ئېغىرلاشماق، جىددىيلەشمەك.

**قاتىغلىغ** (قاتيغليغ) ئاپەت، بالا، قازا.

**قاتىق** (قاتق) قېتىق، ئايران.

**قاتئى** (قاطع) ئ. قەتئىي، كەسكىن، ئۆزۈل-كېسىل؛ سۆزسىز؛ شەرتسىز، مۇتلەق؛ كېسىۋېتىلگەن.

**قاتئىيەت** (قاطعيت) ئ. قەتئىيەت، قەتئىيلىك، كەسكىن-

لىك؛ تەۋرەنمەسلىك.
**قاتىل** (قاتل) ئ. ئادەم ئۆل-
تۈرگۈچى؛ ئەجەللىك:
قاتىل نەفس — ئۆزىنى
ئۆلتۈرۈۋالغۇچى؛ زەھرى
قاتىل — ئەجەللىك زەھەر.
**قاتىن** (قاطن) ئ. ئاھالە،
ئولتۇراقلىق ئاھالە، ئولتۇر-
غۇچى.
**قاتۇن** (قاتن) خوتۇن،
خېنىم، ئاغىچا؛ خانىش
(خانىنىڭ خوتۇنى)
**قاچ** (قاچ) پ. بىر پارچە،
بىر كېسىم، بىر تىلىم (تاۋۇز-
قوغۇنىنىڭ)؛ يېرىق، دەز؛
ئىگەرنىڭ بېشى.
**قاچاق** (قاچاق) ئەتكەسچى-
لىك قىلىدىغان، ئەتكەسچىلىك
ملى ئېلىپ ساتىدىغان؛
ئەتكەس مال، قارامال، مەنئى
قىلىنغان مال؛ ئالدامچى.
**قاچاقچى** (قاچاقچى) ئەتكەسچى.
**قاچۇت** (قجت) تۇتۇشماق،
جەڭدە ۋە غوغىدا جەڭچىلەر-
نىڭ بىر بىرى بىلەن ئېلى-
شىشى.

**قاھىر** (قاھىر) ئ. قەھىر-
غەزەپ قىلغۇچى؛ يەڭگۈچى،
غالىپ؛ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك؛
زالىم پادىشا.
**قاد** (قار) شۇۋىرغان، بوران-
چاپقۇن.
**قاداش** (قاداش) "قائاداش"قا
قاراڭ.
**قاداشلىق** (قاداشليق) قېرىن-
داشلىق، تۇققانلىق.
**قادراق** (قدراق) تاغ ئۆر-
كەشلىرى، تاغ يانلىرى.
**قادغۇ** (قارغو) قايغۇ، غەم.
**قادىر** (قدر) ياۋۇز، ۋەھشى،
دەھشەتلىك؛ تىك، قاتتىق
قىيىن: قادىر قۇش — قاراقۇش،
قەھرىتان قۇش.
**قادىر** (قادر) ئ. قۇدرەتلىك،
كۈچلۈك: قادىر ئەنداز —
ئۇستا مەرگەن.
**قادىڭ** (قادىڭ) چىنە،
پىيالا؛ قېيىن دەرىخى.
**قادىن** (قادين) "قادۇن"غا
قاراڭ.
**قادۇن** (قادون) خاتۇن،
خوتۇن، ئايال، خېنىم؛

خانىش.

**قارا** (قرا) قارا؛ پۇقرا، ئاممە، خەلق.

**قارا باش** (قراباش) دېدەك، خىزمەتچى.

**قارا باتاق** (قرا باتاق) بىر خىل سۇ قۇشى.

**قارا بۇدۇن** (قرا بودون) پۇقرا، خەلق، ئاممە.

**قارا تامغا** (قرا تامغا) تۆركىستان پادىشالىرىنىڭ پەرمانى، يارلىغى.

**قاراچى** (قراجى) قاراچى. ئىشىكمۇ ئىشىك يۆرىدىغان تىلەمچى، قەلەندەر.

**قارارماق** (قرارماق) قارايماق: قارارغان روزگار — ياماﻧﻼشقان تۇرمۇش، بەختسىزلىك.

**قاراس** (قراس) قارداش، قېرىنداش: قاراسىمىز — قېرىندىشىمىز.

**قاراغ** (قراغ) كۆز، كۆز قارىچۇغى.

**قاراغۇ** (قراغو) قاراۋۇل، گۆزەتچى، پوسچى؛ قارغۇ؛

زاك، بىر خىل قارا بوياق.

**قاراق** (قراق) يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**قاراقان** (قراقان) قاراغان، تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ.

**قاراقۇش** (قاراقۇش) ئەنقا، سۇمرۇغ، ھۇما. دۆلەت قۇشىغا ئوخشاش بۆيۆك قۇشلارنى كۆرسىتىدۇ.

**قاراكۆن** (قراكون) ماتەم، قايغۇ ۋە غەم كۆنى.

**قارت** (قارت) قېرى؛ يارا؛ قىرت (مىجەز-خۇلقى ئەسكى ئادەم).

**قارتال** (قرتال) ئالا؛ پارچىلانغان: قارتال قوي — ئالا قوي؛ قارتال ئەت — پارچىلانغان گۆش.

**قارچ** (قارچ) پ. موگو، قوزىقارنى، ساگرو قۇلاق.

**قارداش** (قارداش) قېرىنداش، ئاكا ياكى ئىنى: ئۇلۇغ قارداش — ئاكا؛ كىچىك قارداش — ئىنى.

**قاردۇ** (قردو) قاتتىق سوغۇقتا

ئېقىن سۇ يۈزىدە پەيدا
بولىدىغان ئۇششاق مۆز-
دانچىلىرى.
**قارس** (قرس) يۇڭ چەكمەن
چاپان.
**قارشى** (قارشى) ساراي،
راۋاق، ئوردا؛ ئەمەلدار؛
قارىمۇ-قارشى، زىت.
**قارشاغ** (قرشاغ) كىيىملىك
ئۆلچىمى، غېرىچ.
**قارشۇ** (قارشو) قارشى،
مۇقابىل، تەسكىرى.
**قارشۇت** (قرشت) زىددىيەت،
قارىمۇ-قارشىلىق.
**قارغۇ** (قرغو) تۇرا، قاراۋۇل
تۇرا (ياۋكەلگەندە ئۈستىگە
ئوت يېقىلىدۇ).
**قارغلاچ** (قرغلاچ) قالغاچ،
قارلىغاچ.
**قارقاۋۇل** (قارقاول) قىرغا-
ۋۇل، ياۋا توخۇي.
**قارقاغ** (قرقاغ) قىقىر يەر،
قاقاس يەر، چۆل يەر.
**قارى** (قارى) گەز (ئۇزۇنلۇق
ئۆلچىمى).
**قارىھ** (قارە) ئ. چوڭ قورۇق-
لۇق، قورۇقلۇق؛ قىتئە: قارە
اى — قىتئەلەر ئارا؛
قارە پىما — قىتئەلەر ئارا
ئۇچىدىغان.
**قارىزان** (قرىزان) قېرىسال،
قېرىپ كۈچىدىن قالغان
كىشى.
**قارىش** (قرش) غېرىچ.
**قارىغ** (قارىغ) قېرىلىق؛
چاللىق، كۈچسىزلىك.
**قارىقماق** (قارقماق) كۆز
قاماشماق.
**قارىئ** (قارى') ئ. ئوقۇغۇچى؛
قۇرئاننى يادلىغان قارى
(كۆپلۈكى "قارىئىن"،
"قۇررائ")
**قارىمچى** (قارىمچى) چاچنى
يۇيۇپ تارىغۇچى، پەدازچى.
**قارلاغۇچ** (قارلاغوچ) قالدىر-
غاچ، قالىغاچ.
**قارما** (قارما) بۇلاڭ-تالاڭ:
قارمالادى — بۇلاڭ-تالاڭ
قىلدى.
**قارماتماق** (قارماتماق) تۇت-
قۇزماق، ئۇشلاتماق.
**قارماشماق** (قارماشماق)

یاقىلاشماق، كۆرەشمەك، ئېلىشماق.

**قارنى ياروغ** (قارنى ياروغ) كاۋاۋچىن، خاجۇ: پاقا يوپۇرمىقى.

**قارۇ** (قارو) مۇكاپات، ئەجىر.

**قارورە** (قارورە) ئ. شىشە قۇتا، ئىچىگە نېفىت سېلىنغان شىشە ئىدىش (ياندۇرۇپ دۈشمەنگە ئېتىلىدۇ): قارۇرە ئەنداز. — قارورە ئاتقۇچى؛ قارورە ئەفكەن — قارورە ئەندازغا ئوخشاش.

**قارۇغ** (قروغ) ئوردا ساقچىسى.

**قارۇن** (قارون) ئ. تۇگمەس بايلىققا ئىگە بولغان كىشىنىڭ ئىسمى (ئەدەبىياتتا زور بايلىقتىن كىنايە).

**قاز** (قاز) غاز: قازچىران — غاز باققۇچى؛ قازچىرانى — غاز باققۇچى؛ باكا تەلەت، هورۇن، ئويۇن قىپى.

**قازاش** (قزاش) قاياش، يىقىن تۇققان.

**قازانچ** (قزانچ) قازانماق، نەتىجە، ئۇتۇق، غەلىبە، مۇۋەپپەقىيەت، پايدا، نەپ.

**قازغاماق** (قزغامق) قازماق، كولىماق.

**قازغان** (قزغان) قازان؛ ئويمان؛ پاتقاقلىق.

**قازغانماق** (قزغانمق) قازانماق، قولغا كىرگۈزمەك؛ تىرىشماق، چېلىشماق.

**قازغۇ** (قزغو) قايغۇ.

**قازى** (قاضى) ئ. هۆكۈم قىلغۇچى، سۇدىيە: قازىئۇلهاجات — پۈتكۈل هاجەتلەرنى قاندۇرغۇچى (خۇدا)؛ قازىئۇلقوزات — سوت باشلىقى، باش قازى (سۇدىيە)؛ قازى ئەلەم — باش قازى (سودىيە)؛ قازى ئەسكەر — هەربى قازى (سۇدىيە).

**قازىز** (قدز) قوۋزاق، دەرەخ پوستى.

**قازىش** (قزش) قىيىش، تىلىنغان تاسما.

**قازناغۇن** (قزناغن) قۇدا-باجىلار.

**قازۇق** (قزق) ئېرىق، قېزىل-

غان ئېرىق.
**قاس** (قاس) قاتتىق.
**قاس** (قاص) ئ. ھېكايە ئېيتقۇچى، مەدداھ.
**قاسى** (قاسى) ئ. رەھىمسىز، باغرى قاتتىق.
**قاسى** (قاصى) ئ. يىراق، ئۇزاق، يىراق جايلاردىكى.
**قاسد** (قاصد) ئ. خەۋەرچى، ئەلچى، خەت توشۇغۇچى؛ ئىنتىلگۈچى، نىيەت قىلغۇچى.
**قاسدەن** (قاصداً) ئ. قەستەن، ئەتەي.
**قاسدى** (قاصدى) ئ. ئەلچىلىك ۋەزىپىسى.
**قاسر** (قاصر) ئ. كەم، ئاز؛ كۈچسىز، ئاجىز؛ قىسقا؛ كەمكۈتە، تولۇق ئەمەس: قاسرۇلئەقىل — ئەقلى قىسقا؛ قاسرولبەيان — سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان؛ قاسرۇلنەزەر — يىراقنى كۆرەلمەيدىغان؛ قاسر نەزەر — يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، كالتا پەم. قاسرۇليەد — نامرات؛ ئاجىز؛ بېخىل، پىخسىق.
**قاسرقۇ** (قسرقو) قۇيۇن.
**قاسغ** (قسغ) قوۋۇز.
**قاسق** (قاسق) تېرە.
**قاسم** (قاسم) ئ. بۆلگۈچى، تەقسىم قىلغۇچى؛ بۆلۈنگەن، تەقسىم قىلىنغان؛ ئادىل: قاسمۇلئەرزاق — باققۇچى، رىزىقلارنى بۆلۈپ بەرگۈچى (ئاللاھ، خۇدا).
**قاسەماق** (قاسەمق) ئوراۋالماق.
**قاسىنچغ** (قاسىنچغ) يار، نىگار، ئامرىغى.
**قاش** (قاش) "قاچ"قا ئوخشاش.
**قاششاق** (قاشاق) پېقىر، كەمبەغەل، يوقسۇل.
**قاشغا** (قشغا) قاشقا: قاشغا قوي — قاشقىلىق قوي.
**قاشقالداغ** (قاشقالداغ) تۈرنىغا ئوخشايدىغان بىر خىل سۇ قۇشى.
**قاشاق** (قشق) قومۇشنىڭ بىر خىلى.
**قاشان** (قاشان) سۆيدۈك،

كىچىك تەرەت: قاشانىلىغ
يولى — سۈيدۈك يولى.
**قاشقاماق** (قاشقاماق) پارلد-
ماق، پارلدىماق، نۇرلانماق.
**قاغاتىر** (قغاتر) خېچىر
("قاتىر"غا ئوخشاش).
**قاغار** (قاغار) قار: قاغار-
لىق — قارلىق.
**قاغز** (قاغز) باتۇرلۇق، قەي-
سەرلىك ("قاقىز"مۇ دېيى-
لىدۇ).
**قاغىل** (قاغل) ئۇزۇم نوتى-
لىرىنى باغلايدىغان تال
چىۋىق.
**قاغۇت** (قاغت) تېرىقتىن
ياسىلىدىغان بىر خىل تاماق.
**قاغۇق** (قاغق) بېلەك؛ قانات.
**قاغۇل** (قاغل) كالتەك.
**قاغۇن** (قاغن) قوغۇن.
**قاق** (قاق) باھا.
**قاقاچ** (قىقچ) كىر: تون قاقاچ
بولدى — تون كىر بولدى.
**قاقشلاماق** (قاقشلامق)
نەيزە بىلەن سانجىماق.
**قاقىم** (قاقم) پ. بۇلغۇن
(سۆسەر ئائىلىسىگە كىرىدى-
غان ھايۋانلاردىن بىرى)؛
كۈندۈز: قاقىم ئارىز — ئاق
يۈزلۈك؛ چىرايلىق (شېئىرد-
يەتتە).
**قاقشالماق** (قاقشالمق) قۇرۇ-
ماق، قۇرۇپ كەتمەك.
**قاقىغ** (قىقغ) ئاچچىق،
غەزەپ: قېرىشماق.
**قاقماچ** (قاقماچ) قۇرۇق
بىلىق.
**قاقۇم** (قاقوم) "قاقىم"غا قاراڭ.
**قاف** (قاف) ئ. كوھى قاف تېغى.
**قافتان** (قفتان) تون.
**قافىيە** (قافيه) ئ. قاپىيە،
ئۇيقاش؛ رىتىم: قاپىيە
ساز — شېئىر يازغۇچى.
**قافلە** (قافله) ئ. كارۋان،
ئارقىش، بىرلىشىپ يولغا
چىققان ئاتلىق ياكى تۆگىلىك
يولۇچىلار: قافلە سالار —
كارۋان بېشى؛ قافلەكەش —
كارۋان يول باشلىغۇچىسى.
**قاي**[1] (قاى) قايىسى: قاي
سارى — قايسى ياق.
**قاي**[2] (قاى) بازار، كوچا،
رەستە.

**قايا** (قايا) قىيا.

**قاياش** (قاياش) ئۇرۇق، نەسىل؛ قەبىلە.

**قايان** (قايان) قىيالار.

**قايرا** (قايرا) تەكرار، قايتا.

**قايراق** (قايراق) بىلەي.

**قايرىچى** (قايرچى) بۇلەيچى، بىلىگۈچى.

**قايغۇق** (قايغۇق) قىيسىق، قولۋاق.

**قايغىق** (قايغىق) يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**قايىد** (قايد) ئ. "قائىد"قا قاراڭ.

**قايىش** (قايش) تاسمابەلباغ، تاسماباغ، قىيىش.

**قايىن** (قاين) پ. قىيىن ئاكا، قىيىن ئىنى.

**قايۇ** (قايۇ) نىمە، قايسى، كىم، قەيەردە.

**قائىد** (قائد) ئ. يىتەكچى، يولباشچى، يىتەكلىگۈچى؛ ھەربىي باشلىق.

**قائىد** (قاعد) ئ. ئولتۇرغۇچى؛ قائىدەن — ئولتۇرۇپ، ئولتۇرغان ھالدا.

**قائىدە** (قاعدە) ئ. نىزام، قانۇن، قائىدە.

**قائىل** (قائل) ئ. ئىشەنگەن، بىلگەن، تونۇغان؛ سۆزلىگۈچى، ئېيتقۇچى؛ ئىشەنگۈچى، قوبۇل قىلغۇچى: قائىل قىلماق — سۆزلەتمەك، سۆزگە كىرگۈزمەك؛ قائىل بولماق — ئېيتماق، دىمەك.

**قائىم** (قائم) ئ. تىك، تىك تۇرغان؛ توغرا، تۈز؛ مۇستەھكەم، چىڭ، كۈچلۈك، قاتتىق؛ يوشۇرۇن، يوشۇرۇنغان؛ تۇياق (ھايۋانلارنىڭ)؛ پىچاق ياكى قىلىچ سىپى؛ بەدەننى ئۇقىلغۇچى: قائىم بولماق — تىك بولماق، ئىغىشماسلىق؛ قائىم مۇقام — ۋەكىللىك قىلغۇچى، ئورنىنى باسقۇچى؛ ئورۇنباسار، پارەدەمچى؛ ۋارىسلىق قىلغۇچى؛ قايىمۇللەيل — تۈن بويى تىك تۇرغۇچى، تۈن بويى ئۇخلىماي تۇرغۇچى.

**قائىمات** (قائمات) ئ. ھۆججەتلەر، تىلخەتلەر، ئىسىم-

لىكلەر؛ پىچاق ياكى قىلىچ ساپلىرى.
**قائىمە** (قائمە) ئ. "قائىمات" نىڭ بىرلىكى.
**قال** (قال) ياشانغان كىشى، ياشانغان.
**قال** (قال) ئ. سۆز، گەپ، سۆزلىمەك؛ ۋاقىرىماق، سۈرەن سالماق. شاۋقۇن: قالۇمەقال — گەپ - سۆز، شاۋقۇن - سۈرەنلىك گەپ - سۆزلەر؛ قالە — ئېيىتتى، سۆزلىدى؛ قالەن — سۆزلەپ، سۆز بىلەن: سۆز، گەپ؛ ئۆسەك، پىتنە - پاسات.
**قالباغ** (قالباغ) قالپاق، كۇلا، بۆك، تەلپەك.
**قالبۇر** (قالبۇر) غەلۋىر، ئۆتكەمە.
**قالبۇز** (قالبوز) قوۋۇز، يۇتۇم.
**قالتاغاي** (قالتاغاى) ئالدامچى، ئوغرى؛ ھىلىگەر.
**قالتاق** (قالتاق) يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.
**قالتىبان** (قالتبان) ئوغرى،

قاراقچى، يول توسار.
**قالتىماق** (قالتماق) ئەدەپسىز، ھاياسىز، نومۇسسىز، بىئار.
**قالتۇق** (قلتق) ياۋا كالىنىڭ مۈڭگۈزى.
**قالدۇرغاچ** (قلدورغاچ) قالدىغاچ. ھ: قالدۇرغاچ قاناتلىرى قارا بولۇر، قىرى كەمپۇر ھەر يەردە بالا بولۇر.
**قالقاندۇرۇق** (قلقاندرق) بىر خىل ئۇرۇش قورالى.
**قالقىماق** (قلقمق) قىيام بولماق، تاشماق.
**قالى** (قالى) ئەگەر، مۇبادا؛ نەقەدەر.
**قالى** (قالى) پ. گىلەم، زىلچا: قالى باف — گىلەم توقۇغۇچى.
**قالىب** (قالب) ئ. قېلىپ؛ كۆچمە مەنىدە ئادەمنىڭ بەدىنى؛ دانە، تال (مقدار سۆز): قالىب ساز — قېلىپ ياسىغۇچى.
**قالىش** (قالش) ئازار، ھاقارەت.

**قالىق** (قالق) كۆك، ئاسمان، كۆك يۈزى؛ راۋاق، بىنا.

**قالىن**[1] (قالين) قېلىن، كۆپ، مول؛ زىچ، قويۇق: قالىن دۇد — قويۇق تۈتۈن.

**قالىن**[2] (قالين) تويلۇق، كېلىنلىك.

**قالماش** (قلماش) سەپسەتە، بىھۇدە سۆز.

**قالۋا** (قلوا) تۆمۈرسىز ئوق (ئوقيانىڭ ئوقى، ئۆگەنگۈچىلەر ئېتىپ مەشق قىلىدۇ).

**قام** (قام) تىۋىپ، ھەكىم، بىلگىر، دانىشمەن، پەيلاسوپ: قاملاش — تىبابەت ۋە ھەكىملىك قىلىش.

**قاماغ** (قاماغ) پۈتۈنلەي، ھەممىسى، تامامەن، بارلىقى ("قاموغ"قا ئوخشاش).

**قاماغۇن** (قاماغون) يۇقۇردىكىگە ئوخشاش.

**قاماشاغ** (قاماشاغ) كۆچى قالماسلىق، دەرماندىن كەتمەك.

**قامالاماق** (قمالاماق) ئوردىماق، قورشىماق، مۇھاسىرە

قىلماق.

**قامچىغۇ** (قمچغو) قاپارتقۇ (كالپۇك ۋە بارماقلارغا چىقىدۇ).

**قامچىن** (قمچين) قامچا، تازىيانە.

**قامدو** (قمدو) سودا - سېتىقتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر پارچە بۆز، بويى تۆت گەز، ئېنى بىر غېرىچ كېلىدۇ، ئۈستىگە ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى بېسىلىدۇ.

**قامغى** (قمغى) قىڭغىر - قىيسىق نەرسە.

**قامەت**[1] (قامت) ئ. بوي، تۇرق، قەد، تەن تۇزۇلۇشى.

**قامەت**[2] (قامت) ئ. تىك تۇرماق، نامازغا تۇرماق.

**قاملاماق** (قملاماق) تىبابەت ۋە ھەكىملىك سەنئىتىنى ئىجرا ئەيلىمەك، پەيلاسوپلۇق قىلماق.

**قامىچ** (قمچ) چۆمۈچ، ساپلىق.

**قامچاق** (قمچاق) قومچاق.

**قامىئ** (قامع) ئ. باستۇرۇلغان (ئادەم)؛ بوي ئەگدۇرۇلگەن

(ئادەم)

**قامىل** (قامل) مۇھاسىرە، ئىھاتە.

**قامۇغ** (قاموغ) پۈتۈن، ھەممە، ھەر خىل، بارلىق، جىمى، بارچە.

**قامۇق** (قاموق) ئات تېزىگى.

**قامۇس** (قاموس) ئ. سۆز- لۈك، لۇغات؛ دېڭىز؛ ئوكيان.

**قان** (قان) قان: قان ياش — ئاچچىق يىغا؛ قانىغا كىر- مەك — قان تۆكۈشكە كىرىش- مەك؛ قانى تولغان — ئەجىلى يەتكەن؛ قان تۇتماق — قان قىساسىنى ئالماق، قان تارت- ماق — قاتتىق ئازاپلانماق؛ قان قىلماق — قانغا بۇلىماق، ئۆلتۈرمەك؛ ئاغرىق كىشىنى مال ئۆلتۈرۈپ، مالنىڭ تېرى- سىگە ئالماق؛ قانى قورۇ- ماق — قېنى قاچماق، ئۆلۈم ھالىغا چۈشمەك.

**قاناغۇ** (قناغو) نەشتەر، قانالغۇ.

**قانجۇرغا** (قنجورغا) غانجۇغا.

**قانچا** (قنچا) قەيەر، قەيەرگە.

**قاندا** (قندا) نەدە، قەيەر- دە، قايدا، قاياقتا، قايسى تەرەپتە.

**قاندىر** (قندر) سېرىق ئەت، كۆشنىڭ پوستى.

**قاندىغۇ** (قندغو) قىتلىغۇچ، پاقىراتقۇچ.

**قانغا** (قنغا) ھارۋا.

**قانغال** (قنغال) ئارقان، ئاغامچا.

**قانغى** (قنغى) قايسى.

**قانقا** (قنقا) ھارۋا ("قانقىلى، قالقىل، قاڭلى"مۇ دېيىلىدۇ).

**قانقازىن** (قنقازين) بىر خىل ھارۋا، غالتەك.

**قانى** (قانى) قېنى.

**قانىغ** (قانيغ) ئارزۇ، تىلەك، تەلەپ، تەشنالىق.

**قانىق** (قانيق) قانلىق، خۇن؛ مەس كىشى.

**قانىئ** (قانع) ئ. قانائەت قىلغۇچى؛ قايىل قىلىنغۇچى.

**قانۇق** (قانوق) مېھمان، قوناق: قوشاقتا مۇنداق كەل- گەن: تۇتقىل قانۇق ئاغىرلىق،

يادسۇن چاۋـڭ بۇدۇنغا (مېھماننى ھۆرمەتلە، نامـڭ ئەل ئارىسغا يېيىلسۇن).

**قانۇن** (قانۇن) ئ. قانۇن؛ قائىدە، قائىدە تۈزۈم؛ قانۇنىيەت: قانۇنپەرەس — قانۇنغا رىئايە قىلغۇچى، قانۇنغا ھۆرمەت قىلغۇچى؛ قانۇن دار — قانۇنشۇناس؛ قانۇن مەسلىھەتچىسى؛ قانۇن دان — قانۇنشۇناس؛ ئاقلىغۇچى، ئادۋوكات؛ سودىيە، سوت ئەمەلدارى؛ قانۇن شكەن — قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى؛ قانۇن گۇزار — قانۇن تۈزگۈچى؛ قانۇن نامە — قانۇن دەستۇرى، قانۇن بەلگىلىمىلىرى.

**قانۇن** (قانۇن) قالۇن (بىر خىل چالغۇ)

**قاڭ** (قانىك) ئاتا، دادا، پەدەر: قاڭى — ئاتىسى.

**قاڭداش** (قانىكداش) ئاتىداش، بىر ئاتىدىن.

**قاۋ** (قاو) تۇترۇق؛ كاۋاك نەرسە.

**قاۋاق** (قاواق) كاۋاك، ئىچى بوش نەرسە.

**قاۋجۇن** (قاوجون) قاۋچىن، مېھمان، مۇساپىر.

**قاۋچى** (قاۋچى) پ. "قاۋغۇچى"غا قاراڭ.

**قاۋشاق** (قاوشاق) بەلباغ، پوتا، كەمەر؛ قوشاق.

**قاۋشاماق** (قاوشاماق) بەلباغ باغلىماق، قوشانماق.

**قاۋشى** (قاوشى) قوشۇما: قاۋشى قاش — قوشۇما قاش.

**قاۋشۇت** (قوشت) قوۋۇشماق، كىلىشمەك.

**قاۋغا** (قاوغا) غوغا، جەڭ ۋە جېدەل، ئۇرۇش.

**قاۋغۇ** (قاوغو) سوگداشماق، نۆۋەتلەشمەك، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بولماق: كېچە بىلەن كۇندۇز ھەمىشە قاۋغۇپ تۇرىدۇ.

**قاۋغۇچى** (قاوغوچى) سوگداشقۇچى، نۆۋەتلەشكۇچى، قاۋچى.

**قاۋلاماق** (قاولاماق) سوگدىماق، ئەگەشمەك.

**قاۋماق** (قاوماق) توسماق.

**قاۋى** (قاوى) قاۋۇل، كۈچلۈك.

**قاۋىق** (قاۋق) كىپەك (قوناق ۋە تىرىق كىپىكى).

**قاۋۇجا** (قاووجا) ئويۇن سۈرەتلىرى، باللار ئويۇنچۇغى.

**قاۋۇداق** (قاوو‌داق) قورداق، قورما، ياغدا قىزارتىپ پىشۇرۇلغان ئەت، قىزارتما.

**قاۋۇرسۇن** (قاورسون) يىگەدىن چىققان قۇش قانىتى.

**قاۋۇرماچ** (قاوورماچ) قۇرۇلغان بۇغداي، قورماچ.

**قارۋۇماق** (قاورماق) قورماق، كاۋاپ قىلماق، قىزارتماق.

**قاۋۇرمە** (قاورمە) قورداق، قورما.

**قاۋۇش** (قاوش) پوتا، بەلباغ، كەمەر.

**قاۋۇشماق** (قاوشماق) قوۋۇشماق، ئۇلاشماق، چىتىلماق، بىرلەشمەك.

**قاۋۇق** (قـاووق) دوۋسۇن، قوۋۇق.

**قەئان** (قەآن) "قائان"غا قاراڭ.

**قەبائ** (قبا) ئ. پەرىجە، تون.

**قەباھەت** (قباهت) ئ. ياۋۇزلۇق، قەبىھلىك، يۈزسىزلىك.

**قەبائىھ** (قبائح) ئ. "قەباھەت"نىڭ كۆپلۈكى.

**قەبائىل** (قبائل) ئ. قەبىلىلەر، ئۇرۇقلار (بىرلىكى "قەبىلە").

**قەبالە** (قباله) ئ. ئۆي-جاي، يەر-زېمىن (كۆچمەس مۈلۈك) خېتى؛ ئىگىدارلىق گۇۋانامىسى؛ توختامخەت، تىلخەت؛ نىكا خېتى.

**قەبالىجات** (قبالجات) ئ. "قەبالە"نىڭ كۆپلۈكى.

**قەبركەن** (قبركن) ئ. گۆر قازغۇچى، گۆركار.

**قەبز** (قبض) ئ. ئالماق، تۇتماق، قولغا ئالماق، هۆججەت، تىلخەت، تالون.

**قەبزە** (قبضه) ئ. ئوچۇم، سىقىم، ئوچ، تۇتام؛

**قەبقاب** (قبقاب) ئ. يالغانچى.

**قەبەل** (قـبـل) قـامـالىماق، دالدىغا ئالماق.

**قەبىھ** (قبيح) ئ. سەت، يامان، ناچار، كۆرۈمسىز: قەبىھىل مەنزەرە — ناچار كۆرۈنۈشلۈك، كۆركسىز، كۆرۈمسىز.

**قەبىل** (قبيل) ئ. تۈر، جىنس، نەۋئ؛ رەۋىش.

**قەبىلە** (قبيلە) ئ. ئۇرۇق، تۈركۈن، قەۋم، ئۇلۇس.

**قەبىل** (قـبـل) ئ. بۇرۇن، ئىلگىرى، مۇقەددەم.

**قەپان** (قپـان) پ. "قاپان"غا قاراڭ.

**قەپەندار** (قـپـانـدار) پ. "قاپاندار"غا قاراڭ.

**قەپۇ** (قپو) "قاپۇ"غا قاراڭ.

**قەپۇدان** (قپودان) پ. كېمە باشلىغى، قاپىتان، كاپىتان.

**قەتار** (قـطـار) ئ. قاتار، بىر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن رەتلىنىپ تىزىلغان، تىزىق، كالوننا، تۆگە قاتىرى، هارۋا قاتىرى، كېمە قاتىرى: قەتارچى — مال هايدىغۇچى، تۆگە تارتقۇچى.

**قەتتال** (قـتال) ئ. قاتىل، قىرغۇن قىلغۇچى.

**قەترە** (قطره) ئ. تامچە: قەترە. ئەفشان — تامچە چاچقۇچى.

**قەتىر** (قتر) خېچىر ("قاتىر"غا ئوخشاش).

**قەتئ** (قطع) ئ. كەسمەك، ئۈزمەك؛ توختاتماق، ئاياقلاشتۇرماق؛ بەلگىلىمەك، قارارلاشتۇرماق: قەتئى يەد — قول كېسىش جازاسى؛ قەتئى رەھىم — يېقىن قېرىنداشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، تۇققانلىرىدىن بەزمەك؛ قەتئى راھ — يول باسماق، كەتمەك.

**قەتئى** (قـطـعـى) ئ. ئەڭ ئاخىرقى، ئاداققى؛ ئۈزۈل-كېسىل، مۇتلەق؛ قەتئى، كەسكىن، تەۋرەنمەس، ئېنىق، چوقۇم، مۇقەررەر.

**قەتىل** (قتيل) ئ. ئۆلتۈرۈلگەن (ئادەم).

**قەتئىيەت** (قطعيت) ئ. قەتئىلىك، ئۈزۈل-كېسىللىك، كەسكىنلىك، مۇتلەقلىق،

تەۋرەنمەسلىك.
**قەتل** (قتل) ئە. ئۆلتۈرمەك.
قىرغىن: قەتلى ئام — ئومۇ-
مىي ئۆلتۈرۈش. ئومۇمىي
قىرغىن.
**قەتلگاھ** (قتلگاه) ئ. ئۆلۈم
مەيدانى، جازا مەيدانى؛
قۇشخانا.
**قەھر** (قهر) ئ. غەزەپ،
ئاچچىق.
**قەھھار** (قهار) ئ. قەھرلەنگۈچى،
ئاچچىقلىنىپ ھالاك قىلغۇچى؛
يەڭگۈچى، غالىپ، ئۈستۈن.
**قەھرەن** (قهراً) ئ. زورلاپ،
كۈچ بىلەن جەبىرلەپ.
**قەھرمان** (قهرمان) پ. كۈچ-
لۈك، باتۇر.
**قەھقەھە** (قهقهه) ئ. قاھ-قاھ
قىلىپ كۈلمەك.
**قەھەت** (قحط) ئ. ئاچارچى-
لىق، ئاچلىق؛ قۇرغاقچىلىق.
**قەھۋە** (قهوه) ئ. كافى، چاي
ئورنىدا ئىچىلىدىغان نەرسە.
**قەد** (قد) پ. بەدەن تۈزۈلۈ-
شى، بوي.
**قەد** (قد) ئ. ئوغلاق
تېرىسى.
**قەدارە** (قدارە) ئ. قىلىچ،
ئۇزۇن قىلىچ.
**قەداسەت** (قداست) ئ. مۇ-
قەددەس، ئۇلۇغ، قۇتلۇغ.
**قەدامەت** (قدامت) ئ. ياشان-
غانلىق، قېرىلىق؛ ئالدىن
بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى،
ئەلا ئورۇن؛ قەدىمىي يادى-
كارلىق؛ قەدىمكى دەۋر.
**قەدەھ** (قدح) ئ. ئەيىپلىمەك،
جىملىمەك، تىل-ھاقارەت.
**قەدر** (قدر) ئ. قىممەت،
باھا؛ ئۇلۇغلۇق، قەدىر-
قىممەت، ئىسىللىك؛ ئورۇن،
مەرتىۋە، ئەمەل؛ ئېغىرلىق
مىقدارى، سان، چوڭ-
كىچىكلىك، دەرىجە.
**قەدىد** (قديد) ئ. قاق گۆش،
سۇرەگۆش.
**قەدىر** (قدر) قەيسەر، كەس-
كىن.
**قەدىر** (قدر) ئ. قىيىن، جاپا-
لىق: قەدىر يەر — ئۆتۈش
قىيىن يەر.
**قەدىر** (قدير) ئ. ھەر نەرسىگە

كۆچى يەتكۈچى، قۇدرەتلىك.
قەدىم (قديم) ئ. بۇرۇنقى، ئىلگىرىكى، قەدىمقى
قەدىمي (قديمى) ئ. بۇرۇن‍دىن بولغان: قەدىمۇلقە‍دىم ــ ئەڭ قەدىمكى، قەدىم‍نىڭ قەدىمكىسى.
قەدىمە (قديمه) ئ. "قەدىم" نىڭ ئايالچە ئىپتىلىشى.
قەدەر (قدر) ئ. مىقدار، دەرىجە: تەقدىر، يازمىش، پۈتمۈش، ئاللاھنىڭ ئىرادى‍سى.
قەدەرگىر (قدركير) پ. ئوق ئاتقۇچى، مەرگەن.
قەدەرى (قدرى) ئ. تەقدىر‍دە پۈتۈلگەن، پىشانىسىگە پۈتۈلگەن: تەقدىرچىلىك تەرەپدارى، تەقدىرچى.
قەدەرىيە (قدريه) ئ. تەقدىر چىلىككە قارشى تۇرغۇچى.
قەدەھ (قدح) ئ. كاسە، پىيا‍لا، ئاياق، ئىچىملىك قاچىسى.
قەدەھپەيما (قدح پيما) ئپ. مەي تۇتقۇچى، مەي قۇيغۇ‍چى.

قەدەھخار (قدح خوار) ئپ. مەي ئىچكۈچى، قەرەن كۆتۈرگۈچى: مەي قۇيغۇچى، ساقى.
قەدەھكىش (قدح كش) ئپ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.
قەدەم (قدم) ئ. چامدام: ئاياق: تەلەي: قەدەمكەش ـ ئاياق باسقۇچى، يول يۈرگۈچى.
قەرا (قرا) قارا: قاراڭغۇ: بەلگۇ، ئەسەر: شەپە: نەزەر، نىگاھ: چوڭ، بۈيۈك، زور، ئېغىر: يۈزى قەرا ــ شەرمەن‍دە، خىجالەتلىك: ئەختەر قارا ــ بەختسىز.
قەرا ئاغرىق (قراآغريق) قارىيىش كېسەللىكى (سېرىق كېسەلنىڭ يامان ھالى).
قەرابالا (قرابلا) قارا بالا، يوپۇرلۇپ كەلگەن ئاپەت.
قەرابە (قرابه) ئ. مەي شىشىسى.
قەررابە (قرابه) ئ. يۇقۇرى‍دىكىگە ئوخشاش.
قەرابەت (قرابت) ئ. يېقىنلىق، قېرىنداشلىق، تۇققانچىلىق.

قانداشلىق مۇناسىۋىتى.

**قەراپەر** (قراپر) باشقا بىزەك ئۈچۈن سانچىپ قويۇلىدىغان پەر.

**قەراپۇل** (قراپل) ئۆتمەس پۇل.

**قەرا قايغۇ** (قرا قايغو) زور قايغۇ.

**قەراجە** (قراجه) بىر خىل چاچ ئاغرىقى.

**قەراجەلىق** (قراجەلىق) قەراجە ئاغرىقىغا مۇپتىلا بولغان.

**قەراجى** (قراجى) چىن ۋە توغرا سۆزلىگۈچى.

**قەراجىلىق** (قراجيلىق) چىنلىق، توغرىلىق، راستلىق، سادىقەت.

**قەراھ** (قراح) ساپ، تازا، سۈزۈك؛ سۈزۈك سۇ.

**قەراھەت** (قراحت) ئ. يارا، جاراھەت.

**قەرار** (قرار) ئ. تىنچلىق، جىملىق، خاتىرجەملىك، تۇرغۇنلۇق؛ بەلگىلىمە، كېلىشىم؛ شەرتنامە، پۈتۈم؛ قائىدە، پىرىنسىپ؛ كېسىم، ھۆكۈم؛ مۇقىم، تۇراقلىق. مۇستەھكەم؛ ئولتۇراقلىق، تۇرارجاي، تۇرالغۇ؛ ئەھۋال؛ شەرت؛ نىسبەت؛ سۈرئەت؛ قەرار قەتئى — ئەڭ ئاخىرقى قارار.

**قەرارگاھ** (قرارگاه) ئې. تۇرارجاي، تۇرالغۇ؛ لەشكەر قوشى؛ قوماندانلىق ئىشتابى، سىلىنگبو.

**قەراغو** (قراغو) بىر خىل ئوۋ قۇشى؛ قاغا.

**قەراغ** (قراغ) كۆز قارىچۇغى.

**قەرالتغو** (قرالتغو) قىرىندا، تاراش.

**قەراموق** (قراموق) قاراموق، (بۇغدايىنىڭ ئىچىدە بولىدىغان بىر خىل قارا دانىلار).

**قەرائىھ** (قرائح) ئ. "قەرىنە"نىڭ كۆپلۈكى.

**قەرائىن** (قرائن) ئ. "قەرىنە"نىڭ كۆپلۈكى.

**قەرتال** (قرتال) قارچىغا، قۇرغۇي، باز.

**قەرچە** (قرچه) بىر خىل قۇش.

**قەرقەرە** (قرقره) بىر خىل تۇكلۇك تۇرنا.

**قەرىب** (قرىب) ئ. يېقىن،
يېقىلاشقان، قوشۇلغان.
**قەرىھ** (قرىح) ئ. يارىدار،
يارىلانغان؛ ساپ، تازا،
سۈزۈك؛ سۈزۈك سۇ.
**قەرىھە** (قرىحە) ئ. تالانت،
قابىلىيەت؛ تۇغما خۇسۇ-
سىيەت، تاپقۇرلۇق، تۇپ
خۇسۇسىيەت.
**قەرىر** (قرىر) ئ. سالقىن،
سوغاق.
**قەرىز** (قرىض) ئ. قەرزدار؛
شئىر.
**قەرىيە** (قرىيە) ئ. يېزا، قىش-
لاق، ئاۋۇل: ئەھل قەرىيە —
يېزا خەلقى.
**قەرىن** (قرىن) ئ. باغلانغان،
چېتىلغان، قوشۇلغان؛ ئوخ-
شاش، دەك؛ جۈپ، پار؛
ھەمرا، ئىشداش، شېرىك؛
ئەر: قەرىن مۇۋەففەقى-
يەت — مۇۋەپپەقىيەت
قازانغان؛ قەرىنلىغ — يېقىن-
لىق: قەرىنراق — يېقىنراق.
**قەرىنە** (قرىنە) ئ. ئوخشاش،
دەك؛ پەرەز، قىياس، مۇل-
چەر؛ بەلگە، ئالاھىدىلىك،
خۇسۇسىيەت؛ يىغىنچاقلاش
ئۇسۇلى: ئەر، خوتۇن.
**قەرماماق** (قرماماق) ئورد-
ماق، قارىماق.
**قەرن** (قرن) ئ. يۈز يىل،
ئەسىر؛ دەۋر، ئۇزاق مۇددەت؛
مۈڭگۈز.
**قەرۇن** (قرون) ئ. "قەرن"
نىڭ كۆپلۈكى: قەرۇن ئەۋ-
ۋەلى — بۇرۇنقى زامانلار؛
قەرۇن ۋەستى — ئوتتۇرا زامان-
لار؛ قەرۇن ئاخىرە — كېيىنكى
زامانلار.
**قەزا**[1] (قضا) ئ. قازا، بالا،
ئاپەت، ئەجەل، ئۆلۈم؛ تەق-
دىر؛ ۋەقە، ئىش، تاسادىپى
ۋەقە؛ ھۆكۈم، كېسىم؛ ئۆز
ۋاقتىدا ئۆتەمەي قالغان
بىرەر ئىشنى كېيىن ئۆتەش.
**قەزا**[2] (قضاء) ئ. قازىلىق.
**قەزازەدە** (قضازدە) ئېپ.
بالا- قازاغا يولۇققان كىشى.
**قەزائى** (قضائى) ئ.
ھۆكۈم قىلىنغان؛ پېشانىسىگە
پۈتۈلگەن.

**قەزائىيات** (قضا ئيات) ئ. ئەدلىيە ئىشلىرى، ئەدلىيە مەسىلىلىرى.

**قەزايى ۋۇرد** (قضاى ورد) ئىپ. خۇدادىن كەلگەن ئەجەل، ئۆلۈم.

**قەزايى ئاسمانى** (قضاي آسمانى) ئىپ. توساتتىن يۈز بەرگەن ۋەقە.

**قەزايى مافات** (قضاى مافات) ئىپ. ئىشلەنمەي قالغان ئىشنى بىجىرمەك: قەزا بولماق — ۋاقتىدا بىجىرىلمەي قالماق؛ ئۆلمەك، ۋاپات بولماق.

**قەزايا** (قضايا) ئ. ھۆكۈملەر؛ دەۋالار؛ مەسىلىلەر؛ گەپ ـ سۆزلەر، جۈملىلەر.

**قەزىيە** (قضيه) ئ. "قەزايا" نىڭ بىرلىگى.

**قەزز** (قز) ئ. خام يىپەك.

**قەززاز** (قزاز) ئ. يىپەك سودىگىرى.

**قەس** (قس) ئ. پوپ (خرىستىيانلارنىڭ).

**قەسار** (قصار) ئ. ئەڭ يوقۇرىقى چەك.

**قەسارەت** (قصارت) ئ. قىسقا، قىسقارتماق.

**قەسساب** (قصاب) ئ. قاسساپ، مال سويغۇچى، گۆش ساتقۇچى: قەسسابخانە — گۆش دۇكىنى؛ قۇشخانا، مال سويۇلىدىغان ئورۇن؛ قەسسابى — قاسساپلىق: قەسسابىيە — قاساپلىق بىجى.

**قەسسار** (قصار) ئ. كىيىم يۇغۇچى ئىشچى، يۇيۇقچى.

**قەسساس** (قساس) ئ. يالغانچى، تۆھمەتچى، قارا چاپلىغۇچى.

**قەسر**[1] (قصر) ئ. ئوردا، ساراي؛ قورغان: قەسر باستانى — قىبدىمقى ئوردا؛ قەسر تابىستانى — يازلىق ئوردا.

**قەسر**[2] (قصر) ئ. قىسقا؛ قىسقارتماق؛ دىققەتسىزلىك، پەرۋاسىزلىك، ئىبرەتسىزلىك؛ سۆزۈڭنى قەسر ئەت — سۆزۈڭنى قىسقارت؛ ناماز.

**قەسسى** (قصى) ئ. يىراق،

ئۇزاق؛ يىراقتىكى كىشى.
**قەسىدە** (قصيده) ئ. شېئىر،
نەزمە؛ مەدھىيە، بىراۋنى،
ماختاپ يازغان شېئىر، غەزەل،
كۈيلۈك سۆزلەر.
**قەسسام** (قسام) ئ. بۆلگۈچى،
ئۈلەشتۈرگۈچى، تارقاتقۇچى
بۆلگەن، ئايرىۋەتكەن.
**قەسائىد** (قصائد) ئ. "قەسى-
دە"نىڭ كۆپلۈكى.
**قەساۋەت** (قساوت) ئ. رە-
ھىمسىزلىك، زالىملىق،
قاتتىقلىق: قەساۋەت ئامىز —
رەھىمسىز، زالىم، قاتتىق.
**قەسد** (قصد) ئ. نىيەت،
ئارزۇ، تىلەك، غەرەز، خىيال؛
ئىرادە؛ مەقسەت، نىشان.
**قەسدەن** (قصدا) ئ. قەستەن،
ئەتەي، غەرەزلىك ھالدا:
قەسىدە سىرا — قەسىدە
يازغۇچى؛ قەسىدەگو —
قەسىدە يازغۇچى.
**قەسىر** (قصير) ئ. قىسقا، كەم؛
پاكار، پاكىنەك: قەسىرۇلبە-
سەر — كالتا نەزەر، يىراقنى
كۆرەلمەيدىغان.
**قەسەب** (قصب) ئ. قومۇش؛
كاناب رەخت؛ ئۆگە، بوغۇم؛
ئۈنچە؛ كاناي، نەپەس يولى
(ئاناتومىيىدە).
**قەسەبات** (قصبات) ئ.
"قەسەبە"گە قاراڭ.
**قەسەبە** (قصبه) ئ. كىچىك
شەھەر، كەنت، ناھىيە دەرى-
جىلىك شەھەر، شەھەرچە؛
بىر تال قومۇش.
**قەسەم** (قسم) ئ. قەسەم،
ئانت: قەسەم دورۇغ —
يالغان قەسەم؛ بەخۇدا
قەسەم — ئاللانىڭ نامى
بىلەن قەسەم قىلىمەن.
**قەسەم** (قسم) ئ. ئۈلۈش،
بۆلۈنگەن، قىسىم. شېئىردا
مۇنداق كەلگەن: قىلدى
زەلىلى تەلبەنى ھەلقە زۇل-
فىغە ئەسىر، بەختى نەھايىتى
قارا كاكۇلىدىن قەسەم ئىمىش.
(زەلىلى)
**قەسەۋەت** (قسوت) ئ.
"قەساۋەت"كە قاراڭ.
**قەسۋەرە** (قسوره) ئ. ياۋۇز-
شىر؛ ياش، يىگىت؛ ياش

ھەم تەمبەل كىشىنى.

**قەشر** (قشر) پ. تېرىسىنى شى-
لىماق، تېرىسىنى سويماق،
شاكىلىنى ئېلىۋەتمەك.

**قەشقە** (قشقە) پ. ئاتنىڭ
قاشقىسى؛ ھىندىلارنىڭ پىشا-
نىسىگە قويىۋالىدىغان
بەلگىسى.

**قەشەڭ** (قشنگ) پ. چىرايلىق،
گۈزەل: باغ قەشەڭ —
چىرايلىق باغ؛ سەداي
قەشەڭ — قۇلاقنى ياردىغان
ئاۋاز.

**قەشۇ** (قشو) پ. تاراق، ئات
تارىغۇچى.

**قەغجۇر** (قغجور) بەرگۇ،
خراج، باج؛ ئۆشرە؛ ئىئانە.

**قەفتان** (قفتان) "قافتان"غا
قاراڭ.

**قەفەس** (قفس) ئ. قەپەز،
تۆمۈر ياكى ياغاچ چىۋىقدىن
ياسالغان بۆلمە.

**قەقسەرە** (ققسرە) قومۇش
كەپە.

**قەقنۇس** (ققنوس) پ. چۆچەك-
لەردىكى بىر خىل يوغان

قارا قۇش.

**قدي** (قى) ئ. قۇسۇق

**قەياسىرە** (قياصرە) ئ.
"قەيسەر"گە قاراڭ.

**قەيھ** (قەيح) ئ. قوتۇردىن
ئاققان سېرىق سۇ.

**قەيد** (قيد) ئ. كىشەن؛ باغ-
لانغان، بېكىتىلگەن، بەند:
قەيد قىلماق — بەنت قىلماق،
باغلاپ قويماق؛ قەيد جىس-
مانى — تىرىكلىك مەجبۇرى-
يىتى، تىرىكچىلىك تەشۋىشى.

**قەيسەر** (قيصر) ئ. قەدىمكى
رىم پادىشاسى؛ پادىشا.

**قەيسەرىيە** (قيصريە) ئ.
ئۈستى يېپىق چوڭ بازار،
بازار مەيدانى، بازار.

**قەييم** (قيم) ئ. قوغدىغۇچى،
قارىغۇچى، ئاسرىغۇچى؛
ۋەسىيەتنى ئىجرا قىلغۇچى،
تاپشۇرۇق ئالغۇچى؛ يېتىم
بالىلارنى باشقۇرغۇچى.

**قەيمە** (قيمە) ئ. "قەييم"
نىڭ ئايالچە ئېيتىلىشى.

**قەييمنامە** (قيم نامە) ئپ.
قاراش گۇۋانامىسى، ھاۋالە-

نامە؛ مىراسنى باشقۇرۇشقا
تاپشۇرۇلغان خەت (نامە).
**قەييۇم** (قيوم) ئ. ئۆز
ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدىغان؛ مەڭگۈ.
**قەييۇمىيەت** (قيوميت) ئ.
ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇش؛ مەڭگۈلۈك، ئۆزگەر-
مەسلىك.
**قەلب** (قلب) ئ.يۈرەك. كۆچ:
باش، مىڭە، ئىچكى دۇنيا؛
غەيرەت، باتۇرلۇق؛ مەركەز،
ئوتتۇرىلىق؛ ئاستىن-ئۈس-
تۈن بولماق، تەتۈرىگە ئاي-
لانماق؛ ئۆزگىرىش؛ يالغان،
ئويدۇرما: قەلب شۇناس —
توغرا-يالغاننى ئايرىيالايدى-
غان كىشى؛ قەلب ئارا تۇر-
ماق — ئوتتۇرىدا تۇرماق.
**قەلتەبان** (قلتبان) پ. ئەر-
خوتۇننى زىنا قىلىشقا تونۇش-
تۇرغۇچى كىشى، تېپىشتۇردى،
تاسمىچى؛ ئىپلاس، رەزىل
ئادەم.
**قەلجاۋ** (قلجاو) قىزىقچى،
كۆلدۈرگۈچى، لەتىفىگەر.

**قەلچاقچى** (قلچاقچى) تىشى
كىيىك، غالجاق.
**قەلقان** (قلقان) "قالقان"غا
قاراڭ.
**قەللاب** (قلاب) ئ. يالغان
پۇل قۇيغۇچى.
**قەللاش** (قلاش) ھورۇن،
لۈكچەك؛ ھاراقكەش؛ ئال-
دامچى.
**قەلاغۇز** (قلاغوز) "قەلاۋۇز"
غا ئوخشاش.
**قەلاۋۇز** (قلاوز) يېتەكچى،
يول باشلىغۇچى؛ جاسۇس:
قەلاۋۇزلۇق — يېتەكچىلىك؛
جاسۇسلۇق.
**قەلئ** (قلع) ئ. يوقاتماق، يىل-
تىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىماق؛
قەلەي، سىنىك.
**قەلئە** (قلعە) ئ. قورغان،
شەھەر، ئىستىھكام: قەلئەبې-
گى — جەڭگى سىلىك،
**قەلئە بەندان** (قلعەبندان)
ئىپ. قامال، مۇھاسىرە.
**قەلئەدار** (قلعەدار) ئىپ.
قورغان ساقچىسى.
**قەلەم** (قلم) ئ. قەلەم؛ يونۇ-

غۇچ: ئۇسلۇب، ژانىر: ماددا. تۇر: شەكىل: قەلەم يونۇماق — كۆچمە مەنىدە يېزىشقا كىرىشمەك: قەلەم سۈرمەك — يازماق: قەلەم ئەتمەك — كەسمەك: قەلەم بەقەلەم — تۈگەل، بەتامام.

**قەلەم رەۋ** (قلم رو) ئ. بىر پادىشانىڭ قول ئاستىدىكى مەملىكەت، تېرىتورىيە.

**قەلەم زەن** (قلم زن) ئپ. يازغۇچى، كاتىپ: هۆكۈم ۋە پەرمانلار يېزىپ تارقاتقۇچى مىرزا.

**قەلەمكەش** (قلمكش) ئپ. "قەلەم زەن"گە قاراڭ.

**قەلەندەر** (قلندر) پ. دۇنيادىن كۆڭۈل سوۋۇتمەن دەپ ئۆزىنى چەتكە ئالغان كىشى، دەرۋىش: دىۋانە تەبىئەت كىشى.

**قەلەندەرۋەش** (قلندروش) پ. قەلەندەر تەبىئەت.

**قەلىل** (قليل) ئ. ئاز، كەم، ئازغىنا. ئەندەك. ئازراق: قەلىلۇل مال — مالى ئاز كىشى.

**قەلىيە** (قليه) قورما، سەي، (جانلىق تىلدا "قەلىي" دېيىلىدۇ).

**قەمار** (قمار) ئ. قىمار، ئۇتۇش ئويۇنى.

**قەمچى** (قمچى) قامچا، تازىيانە.

**قەمغان** (قمغان) قۇمغان، ئۆرۈق.

**قەمەر** (قمر) ئ. ئاي: سەنەئى قەمەرىيە — ئاينىڭ يۆرۈشى بىلەن هېساپلانغان يىل.

**قەمەرىيە** (قمريه) ئ. ئاينىڭ يۆرۈشى بىلەن هېساپلانغان، ئايغا قارىغان.

**قەمەرى** (قمرى) ئ. يۇقۇردىكىگە ئوخشاش.

**قەمىس** (قميص) ئ. كۆينەك، ئىچكى كىيىم.

**قەمئ** (قمع) ئ. بويسۇنۇش.

**قەمەرغە** (قمرغه) ئوۋلاق، قۇشلاق. شىكارگاھ.

**قەنا** (قنا) تىرناققا سۈرتۈلسە قىزارتىدىغان بىر خىل ئوت.

**قەنادىل** (قناديل) ئ. "قەن-

دىل"نىڭ كۆپلۈگى.

**قەنتەرە** (قنطره) ئ. سۇ ئۈس-
تىگە ياسالغان يول، كۆۋرۈك.

**قەند** (قند) ئ. قەن، شەكەر.

**قەندىل** (قنديل) ئ. كۆپ
شام ئۇرنىتىلغان ئاسما شام-
دان، شام ئۇلتۇرتقۇچ.

**قەندىن** (قندين) ئ. شىرىن،
قەنلىك.

**قەندەھل** (قندحل) ئ. قويۇق
شىرىنلىك، قويۇق شىرە.

**قەۋافى** (قوافى) ئ. "قافى-
يە"نىڭ كۆپلۈگى.

**قەۋافىل** (قوافل) ئ. "قافىلە"
نىڭ كۆپلۈگى. شېئىردا
مۇنداق كەلگەن: ھەمە
كارۋان باشى ئېردى ئاتام،
ئىدى زىردەستى قەۋافىل
تەمام.
(ئا. نىزارى)

**قەۋائىد** (قواعد) ئ. "قائىدە"
نىڭ كۆپلۈگى.

**قەۋائىم** (قوائم) ئ. "قائىمە"
نىڭ كۆپلۈگى: قەۋائىم
نەقدىيە — قەغەز ئاقچىلار؛
قەۋائىم ئەربەئە — تۆت
تۇۋرۈك (ھايۋاننىڭ ئايىغىنى
"قەۋائىم ئەربەئە" دېيى-
لىدۇ).

**قەۋۋاس** (قواس) ئ. كامان-
ساز، كامالەكچى، يايچى.

**قەۋۋالە** (قواله) ئ. خۇش
سۆھبەت؛ غەزەلچى.

**قەۋانىن** (قوانين) ئ. "قانۇن"
نىڭ كۆپلۈگى.

**قەۋس** (قوس) ئ. تىرناق؛
ياي، ياچاق، كامالەك؛ ئاس-
ماننىڭ ئون ئىككى بۇرجە-
دىن توققۇزىنچىسى: قەۋسى
قۇزەھ — ئوق-ياي، ياي
كامالەك (ئەتىياز چاغلىرىدا
ئاسماندا رەڭمۇ-رەڭ بولۇپ،
ئوقيا شەكلىدە كۆرۈنىدىغان
قۇياش شولىسى).

**قەۋسەين** (قوسين) ئ. "قەۋس"
نىڭ كۆپلۈگى.

**قەۋى** (قوى) ئ. قۇۋۋەتلىك،
كۈچلۈك، پالۋان: قەۋى
زات — كۈچلۈك كىشى.

**قەۋىم** (قويم) ئ. توغرا،
دۇرۇس، قىيىسىق ئەمەس.

**قىبلە** (قبله) ئ. يۆنۈلۈش

تامانى، ناماز ئوقۇغاندا يۈزنى
يۆنەلدۈرۈپ تۇرىدىغان ياق؛
مەككە تەرەپ.

**قىبلەتۇلكۇتتاب** (قبلە الكـ-
تاب) ئ. كىتاپلار مۇراجىئەتـ-
گاھى، چىرايلىق يازۇچىلار
پېشۋاسى.

**قىبلەگاھ** (قبلەگاه) ئپ. قىبلە
ئورنى، قىبلە ياق، مۇراجىئەتـ-
گاھ. كۆچ: ھامى؛ ئاتا.

**قىبلەنەما** (قبلەنما) ئپ.
قىبلەنامە، كومپاس.

**قىتال** (قتال) ئ. ئۆلتۈرۈش،
ئۇرۇش، جەڭ.

**قىتئە** (قطعه) ئ. پارچە،
بۆلۈك؛ شېئىردا غەزەل ياكى
قەسىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنغان
ئىككى-ئۈچ ياكى ئۈنىڭدىن
ئارتۇقراق بېيت.

**قىتمىر** (قطمير) ئ. بىر تال
ئوت، بىر تال خەس؛ چوڭ
ئەمەس، كۆپ ئەمەس: مۇھىم
ئەمەس.

**قىدەم** (قدم) ئ. قەدىمىلىك،
ئەڭ بۇرۇنقىلىق: دەريايى
قىدەم — قەدىمىي دەريا.

**قىدەمىيەت** (قدميت) ئ.
قەدىمىلىك، ئەڭ بۇرۇنقىلىق.

**قىدەمەت** (قدمت) ئ. يۇقىرىدىـ-
كىگە ئوخشاش.

**قىدۋە** (قدوه) ئ. باشلىق،
يېتەكچى.

**قىراغ** (قيراغ) قىرغاق،
چەت، ياقا: قىراغ تۇتماق —
چەتلەشمەك، قاچماق.

**قىراغراق** (قيراغراق) چەترەك،
قىرغاقراق.

**قىراغلاتماق** (قيراغلاتماق)
چەتلەتمەك.

**قىراغۇ** (قيراغو) قىرو.

**قىراق** (قيراق) "قىراغ"قا
قاراڭ.

**قىرائەت** (قرائت) ئ. ئوقۇش؛
بەلەن ئاۋاز بىلەن ئوقۇش.

**قىران** (قيران) يېقىنلاشماق،
بىرلەشمەك.

**قىربان** (قربان) پ. ئوقدان،
ياي ئوقى سالىدىغان چەم
خالتا.

**قىربان** (قربان) ئ. خوتۇنغا
يېقىنلىق قىلىش، جىما.

**قىرتىش**[1] (قرتش) يىلتىز؛

تىرە ئارقىسىنى شىلىگەندىن
كېيىن چىقىدىغان چىقىت.

**قىرتىش²** (قرتش) چىراي،
يۈز، رەڭگى.

**قىرغىل** (قرغل) قىرغىل
ئەر — ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم.

**قىرغىن¹** (قيرغين) دېدەك،
چۆرە، تىجمەل، قۇل، كۆك
("قىرقىن" مۇ دېيىلىدۇ)

**قىرغىن²** (قىرغين) ۋابا،
قاتتىق يۇقۇملۇق ئاغرىق.

**قىرغۇي** (قيرغوى) قۇرغۇي.

**قىرگۇن** (قيرگون) پ. قارا
تۇسلۇك؛ قاپ — قاراڭغۇ.

**قىرمىز** (قرميز) پ. قىزىل
رەڭ.

**قىز¹** (قز) قىممەت.

**قىز²** (قز) چۆرە، دېدەك.

**قىزغۇت** (قزغت) ئىبرەت،
ئىبرەت جازاسى.

**قىساس** (قصاص) ئە. كىشى
ئۆلتۈرگۈچىگە شەرىئەت
ھۆكمى بويىچە بېرىلگەن جازا.

**قىسسە** (قصه) ئە. ھېكايە،
ۋاقىئە؛ سەرگۈزەشت،
كەچۈرمە.

**قىسسەپەرداز** (قصه‌پرداز)
ئىپ. قىسسىنى چىرايلىق
قىلىپ ئېيتقۇچى، ئۇستا
ھېكايىچى.

**قىسسەخان** (قصه‌خوان) ئىپ.
ھېكايىچى، داستانچى،
ئېيتقۇچى، باخشى.

**قىسسەساز** (قصه‌ساز) ئىپ.
"قىسسەخان"غا قاراڭ.

**قىسسەكوي** (قصه‌كوي) ئىپ.
يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**قىسغالماق** (قسغلمق) قىسقار-
ماق، ئازايماق، كېمەيمەك.

**قىسىغ** (قسغ) قاماق، قاماق-
خانا، سولاق، تۇرمە، زىندان.

**قىسىم** (قسم) ئە. بۆلۈك، بىر
ئۆلۈش.

**قىسمەت** (قسمت) ئە. بۆلۈش،
تەقسىم؛ ھەسسە، ئۆلۈش.

**قىسمەتگاھ** (قسمت گاه) ئىپ.
ئۆلۈش بېرىلىدىغان جاي،
تەقسىمات جايى.

**قىيا** (قيا) قىر، ئۇچ: قىيا باق-
ماق — كۆز قىرى بىلەن
قارىماق؛ قىيا يول — يانباغىر
يول، خەۋپلىك يول.

**قىياس** (قياس) ئ. ئوخشاتـ-
ماق، تەڭلەشتۇرۇپ قارىماق،
سېلىشتۇرماق. بولجىماق.

**قىيافەتنامە** (قيافتنامه) ئې.
كىشىنىڭ قىياپىتىگە، تۇسىگە
قاراپ قايسى خەلقتىن ئىكەنـ-
لىگىنى بىلىشنى ئۆگىتىدىغان
كىتاپ.

**قىيام** (قيام) ئ. تىك تۇرماق،
قىيام تۇرماق.

**قىيامەت** (قيامت) ئ. دىنىي
قاراش بويىچە، ئۆلگەن
كىشىلەرنىڭ قايتا تىرىلىش
كۈنى. كۆچ: قوزغىلاڭ،
غەۋغا، توپىلاڭ، دەھشەت:
قىيامەت قوپۇرماق — قوزغىـ-
لاڭ كۆتەرمەك، دەھشەت
سالماق.

**قىيل** (قيل) ئ. ئېيتىلغان
سۆز.

**قىلائ** (قلاع) ئ. "قەلئە"نىڭ
كۆپلۈگى.

**قىلماغۇ** (قلماغو) خاتا ئىش،
گۇناه، ئەيىپ.

**قىلۇقال** (قيل وقال) ئ.
گەپ-سۆز، بىر بىرىگە
قارشى سۆزلەر: بۇ سۆز خەلق
ئارىسىدا قىلۇقالغا سەۋەپ
بولدى.

**قىيماچ** (قيماچ) قىيىق:
قىيماچ كۆز — قىيىق كۆز.

**قىمىرداماق** (قميرداماق)
قىمىرلىماق.

**قىمساناماق** (قمسنمق) ئارتۇق
دەرىجىدە ئىستىمەك، تەۋرەـ-
مەك، ھەرىكەت قىلماق.

**قىن** (قين) بىرەر نەرسىنىڭ
قىنى؛ قىيىن؛ يارا.

**قىناۋ** (قناع) ئ. ئۈستىدىن
يېپىندىغان پەردە.

**قىناق** (قناق) بەلگە.

**قىنىقماق** (قنيقماق) ئادەتلەنـ-
مەك، كۆنۈكمەك.

**قىۋ** (قۋ) بەخت، دۆلەت.

**قوۋۇ** (قو) ئاققۇ.

**قۇببەھ** (قبەح) ئ. گۈمبەز:
قۇببە فەلەك — ئاسمان،
كۆك.

**قۇبۇر** (قبور) ئ. "قەبر"نىڭ
كۆپلۈگى.

**قۇبۇق** (قبوق) گۇناكارلارـ-
نىڭ بويىنىغا سالىدىغان

تاختا.

**قوپ** (قوپ) بارلىق: قوپ قونچۇلار — بارلىق مەلىكىلەر.

**قوپان** (قوپان) بۈيۈك، ئۇلۇغ، ئەزىم، بۇزرۇك، كالان.

**قوپاتلۇق** (قوپاتلوق) ناشتا ۋاقتى، چاي ۋاقتى.

**قۇت** (قت) بەخت، سائادەت، تەلەي، مۇبارەك: قۇتاتماق — قۇتلۇق بولماق، ئەسقاتماق؛ قۇتانماق — بەختكە ئېرىشمەك.

**قۇت** (قوت) ئ. يېمەك، ئوزۇق، تاماق: قۇت ئەتمەك — ئوزۇقلانماق، تاماق يېمەك؛ قۇت لايمۇت — ئۆلمەسلىك ئوزۇقى، تىرىكلىك ئوزۇقى.

**قۇتتائ** (قطاع) ئ. توسىغۇچى، كەسكۈچى: قۇتتا ئىل تەرىق — يول توسار، يول كەسكۈچى، تالاڭچى.

**قۇتب** (قطب) ئ. يەرنىڭ ئۇن تەرەپ ئۇچى، چېتى، بېشى ياكى شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئۇچى؛ ئوق، ئوق مەركىزى. كۆچ: پېشىۋا، ئاقساقال، يولباشچى، رەھبەر: قۇتبى ئالەم — ئالەم پېشىۋاسى.

**قۇتسۇز** (قتسز) بەختسىز، ئىشى ئوڭمىغان كىشى.

**قۇتر** (قطر) ئ. دىيامېتر.

**قۇتقۇلىق** (قتقوليق) كەمتەرلىك، نازاكەت.

**قۇتۇز**[1] (قتز) قوتاز.

**قۇتۇز**[2] (قتز) قۇترىغان: قۇتۇز بولماق — قۇترىماق.

**قوچ** (قچ) قوچقار.

**قۇچقۇ** (قچقو) قۇچاقلىنىدىغان.

**قوچڭار** (قوجنكار) قوچقار.

**قۇچماق** (قوچمق) قۇچاقلىماق.

**قۇچۇشماق** (قچشمق) قۇچاقلاشماق.

**قود** (قد) قوي، قويماق.

**قۇدرۇغ** (قدرغ) قۇيرۇق.

**قۇدس** (قدس) ئ. پاكلىق، تازىلىق: مۇقەددەس، ئۇلۇغلۇق، ئەزىزلىك، مۇقەددەس-

لىك.
**قۇدسىيەت** (قدسيت) ئ.
يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.
**قۇدغۇ** (قدغو) چۆرىن.
**قۇدقىلىق** (قدقلق) كەمتەر-
لىك، كەمسىنىش.
**قۇدەما** (قدما) ئ. قەدىمكى-
لەر، ئىلگىرىكىلەر.
**قۇدۇم**[1] (قدوم) ئ. كەلمەك،
قايتىپ كەلمەك.
**قۇدۇم**[2] (قدوم) ئ. قەدەم،
ئاياق.
**قۇر** (قر) مەرتىۋە، ئورۇن؛
بەلباغ، پوتا: ئانىڭ قۇرى
ئۇلۇغ — ئۇنىڭ مەرتىۋىسى
چوڭ.
**قۇر** (قر) پ. قورال، ئوق
دورىسى؛ ياراق-جابدۇق:
قۇرخانە — قورال ئامبىرى.
**قۇرا** (قرا) ئ. "قەرىيە"نىڭ
كۆپلۈكى (قشلاقلار).
**قوراش** (قراش) خورىماق،
ئۇپرىماق، كەملىمەك، قۇرۇ-
ماق.
**قۇراق** (قراق) ياماق، ھەر
خىل لاتىلاردىن قۇراشتۇرۇپ

تىكىلگەن جاپان، ساۋۇت.
**قۇرب** (قرب) ئ. يېقىنلىق.
**قۇرباغە** (قورباغه) پاقا.
**قۇربەت** (قربت) ئ. يېقىنلىق،
يېتىشلىك.
**قۇرج** (قرج) قۇيۇچ، پولات.
**قۇرراۇ** (قراء) قارىلار، قىرا-
ئەت ئالىملىرى.
**قۇرس** (قرص) ئ. دۈگىلەك،
تابلېت دورىلار؛ قاتتىق.
**قۇرغۇ** (قرغو) تەنتەك،
ئالدىراڭغۇ.
**قۇرغۇلۇق** (قرغلق) تۇتۇمى
يوقلۇق، كالتا پەملىك.
**قورقىتداچى** (قورقتداچى)
قورقۇتقۇچى، ۋەھىمە سالغۇچى.
**قۇرئەنداز** (قرانداز) پ.
پالچى، پال باققۇچى.
**قۇرى** (قرى) گەز (ئۇزۇنلۇق
ئۆلچىمى).
**قۇرئى** (قرئى) پ. پال،
ئىرق.
**قۇرىقان** (قوريقان) چېدىر.
**قۇرۇھ** (قروح) ئ. يارا،
جاراھەت.
**قۇرۇيا** (قرويا) غەرپتە،

كۈنپېتىشتا.

**قۇرۇم** (قرم) قۇرامتاش، قىياتاش؛ مال ـ مۈلۈك.

**قۇرۇمان** (قرومان) لەشكەر ـ نىڭ ئارقىسىنى كۆزىتىپ ماڭغۇچى ئەسكەرلەر توپى.

**قۇرۇن** (قرون) ئ. "قەرىن" نىڭ كۆپلۈگى (قەرنلەر، زامانلار).

**قۇز** (قوز) ئ. تۆگىنىڭ ئۆر ـ كىشى؛ دۈمچەك: قوزالە ـ دۆك چىقىپ تۇرغان؛ قۇزدار ـ دۈمچەك؛ قۇزى ـ دۈمچەك ئادەم.

**قوز** (قذ) قوي، قويماق.

**قۇز** (قز) تەسكەي.

**قۇززات** (قظات) ئ. قازىلار، مەھكىمىدە ھۆكۈم قىلغۇچىلار، سۇدىيەلەر.

**قوزىقارنى** (قوزى قارنى) كۆكلەم يامغۇرىدىن كېيىن ئۈنۈپ چىقىدىغان موگۇغا ئوخشاش بىر خىل ئۆسۈملۈك. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: كەلدى باھار يامغۇرى نەغ ـ مەئي شىرۋشىر قىلىپ، جەم ـ جۇخ قوزى قارنىلار چىقتى چوتۇر چوتۇر بولۇپ.

**قوزىتۇلاق** (قوزى قولاق) يۇقۇرىدىكى قوزىقارنى جىنـ ـسىدىن بولغان ئۆسۈملۈك.

**قوزۇز** (قذز) چوكان، سىبكىلەك.

**قۇزۇغ** (قذغ) قۇرۇق.

**قۇسۇر**[1] (قصور) ئ. كەمچى ـ لىك، ئەۋەن، ئەيىب، نۇق ـ سان، قىسقىلىق.

**قۇسۇر**[2] (قصور) ئ. "قەسر" نىڭ كۆپلۈگى (قەسرلەر، سارايلار، ئوردىلار)

**قۇسۇرات** (قصورات) ئ. "قۇسۇر"نىڭ كۆپلۈگى.

**قۇشانماق** (قشانماق) قۇۋان ـ ماق، شادلانماق، كەيپلەنمەك.

**قۇش بېگى** (قوشبيكى) ئوۋ ـ چىلار باشلىغى (مەنسەب)؛ كېيىنكى چاغلاردا باش ۋەزىر مەنسىنى ئالغان.

**قوشۇق** (قوشوق) قوشاق، شېئىر، قەسىدە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: دىبان نەقش ئۇزرا دەگىز يار ـ

یار، قوشۇق ئەيتبان ئەيتىگىز
یار-یار.
(ئا. نىزارى)

**قوغۇرماچ** (قغرماچ) قوماچ، قورۇلغان بۇغداي.

**قوغۇش** (قغش) قوش، نور (تۆگمەنىنىڭ)؛ ئاشلانغان ۋە ئاشلانمىغان تىرە.

**قوغۇلغۇلۇق** (قغلغلق) يورۇق.

**قۇفل** (قفل) ئ. قۇلۇپ: قۇفلگەر-قۇلۇپ ياسىغۇچى.

**قوي** (قوي) تۆۋەن، پەس.

**قويى** (قويى) تۆۋىنى، ئاستى.

**قۇيا** (قيا) قاتتىق، بەرك.

**قوۋل** (قول) ئ. گەپ، سۆز؛ پىكىر، تەشەببۇس؛ ۋەدە: قول ۋفعل-سۆز-ھەرىكەت؛ قوۋلەن-ئېغىزدا، ئاغزاكى.

**قۇللاب** (قلاب) ئ. قاماق، چاڭگاك، ئىلمەك، ئەگمە، تۆمۆر نەيزە: قوللاب ۋەش-ئىلمەكتەك، چاڭگاكتەك.

**قۇللابى** (قلابى) ئ. يالغان، ياسما، ئالدامچى؛ ئىلمەك شەكىللىك؛ ئاساسسىز.

**قۇلاچ** (قلچ) غۇلاچ.

**قۇلان** (قلان) ياۋا ئېشەك.

**قۇلاۋۇز** (قلاروز) "قەلاۋۇز"، "قىلاۋۇز"غا قاراڭ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن؛ قالىن قاز قۇلاۋۇز سۆز بولماس-توپ غاز باشلىقسىز بولماس.

**قۇلباغ** (قلباغ) بىلەيزۇك.

**قولدور** (قولدور) پ. قاراقچى، زومىگەر؛ جىدەلخور.

**قۇلزۇم** (قلزوم) پ. ئىككى دەريانىڭ بىر بىرىگە قوشۇلۇشى.

**قۇلسغ** (قلسغ) قۇلسمان، قۇلغا ئوخشايدىغان.

**قۇل-قۇل** (قلقل) ئ. مەينىڭ شىشە ئاغزىدىن چۇشەدىغان ئاۋازى، بۇلدۇق-بۇلدۇق.

**قۇللە** (قله) ئ. چوققا، تاغ چوققىسى.

**قولماق** (قلماق) ئېيتماق؛ سورىماق؛ قوبۇل قىلماق، كەچۈرمەك.

**قولناچى** (قلنچى) قولناچى
قىسراق — بوغاز بايتال.
**قولنامە** (قولنامە) كىملىشە-
نامە، توختامنامە.
**قۇلۇب** (قلوب) ئ. "قەلب"
نىڭ كۆپلۈكى.
**قوۋم** (قوم) ئ. خەلق، مىل-
لەت، قەبىلە، ئۇرۇغ؛ تۇغ-
قان؛ توپ، گۇرۇھ؛ مەز-
ھەپ.
**قومارغال** (قمارغال) ئورال-
غان، قۇرشالغان جاي؛ مۇھا-
سىرە، مۇھىت، قەلئە،
قورغان.
**قوماش** (قماش) توقۇما،
رەخت، ماتا.
**قوماقچى** (قمقچى) كۇلدۇر-
گۈچى، مەسخىرىۋاز.
**قومبۇل** (قمبول) دەستە؛
توپ، گۇرۇھ، پىرقە، جامائەت،
يىغىن.
**قۇمدۇ** (قمدو) ساداق
غىلىپى.
**قۇمرى** (قمرى) ئ. پاختەك.
**قۇمۇتتى** (قمتى) ھاياجانغا
سالدى، قوزغىۋەتتى.

**قومۇز** (قموز) قوۋۇز، قوبۇز
(چالغۇ).
**قوۋانچ** (قوانچ) خۇشاللىق،
شادلىق.
**قوۋالاماق** (قوالاماق) قوغ-
لاشماق، تەقىپ قىلماق.
**قونبۇل** (قنبل) ئۇچ، چەت؛
سەپنىڭ بىر چېتى، بىر
قانىتى.
**قۇنچو** (قۇنچو) مەلىكە.
**قونغ** (قونغ) قاغا.
**قونغارماق** (قىنغارماق)
قوپارماق، ئاغدۇرماق،
قوزغاتماق، كۆچۈرمەك.
**قوڭشى** (قونكشى) خوشنا.
**قوۋس** (قوس) ئ. ياي،
ئەگمە، گۈمبەز.
**قوۋى** (قوى) بەختسىز،
تەلەيسىز. ماقالدا مۇنداق
كەلگەن: قوۋى ئەر قۇدۇغقا
كىرسا يەل ئالىر — بەختسىز
كىشى قۇدۇقتا چۈشسىمۇ شامال
سوقىدۇ.
**قوۋۋە** (قوە) ئ. كۈچ، قۇۋ-
ۋەت؛ ئەسكىرىي كۈچ؛
قوشۇن، ئارمىيە. كۆچ؛

قابىلىيەت: ئېنېرگىيە؛ ھاكىمىيەت: قۇۋۇەئاب — سۇ كۈچى.

قۇۋناق (قوناق) ئىناق، يېقىن، ئىتتىپاق.

# ف

**فاتىھ** (فاتح) ئ. ئالغۇچى، بىر شەھەرنى ئۆز قول ئاستىغا ئالغۇچى، زەبت قىلغۇچى، فەتھ قىلغۇچى، يەڭگۈچى؛ ئاچقۇچى، ئىگەللىگۈچى.

**فاتىھە** (فاتحه) ئ. قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلماق؛ باشلىنىش، باشلانما؛ كىرىش سۆز (كىتابنىڭ)؛ قۇرئاننىڭ باش بابى.

**فاتىر** (فاطر) ئ. ياراتقۇچى، يوقتىن بار قىلغۇچى، ياسىغۇچى، خالىق.

**فاتىق** (فاتق) ئ. يېرىلغان، كېسىلگەن؛ يارغۇچى، كەسكۈچى.

**فاتىمە** (فاطمه) ئ. سۆتى سوغۇلغان ئايال؛ مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ قىزى.

**فاجىر** (فاجر) ئ. ناچار ۋە بۇزۇق ئىشلارنى قىلغۇچى، فاسىق، ياۋۇز؛ گۇنالىق كىشى.

**فاجىئە** (فاجع) ئ. ئېچىنىشلىق، قايغۇلۇق، مۇڭلۇق ۋەقە؛ ھالاكەت، مۇسىبەت، بەختسىزلىك.

**فاختە** (فاخته) پ. كاككۇك.

**فاخىر** (فاخر) ئ. ماختانغۇچى.

**فاخىرە** (فاخره) ئ. شانلىق، ھەشەمەتلىك، گۈزەل.

**فاھىش** (فاحش) ئ. بۇزۇق، ناچار، ئەدەب-ئەردەمدىن چىققان، ئەخلاقسىز؛ چەكتىن ئاشقان؛ روشەن، ئاشكارا.

**فاھىشە** (فاحشه) ئ. بۇزۇق خوتۇن، زىناقىلغۇچى خوتۇن؛ ئەخلاقسىزلىق، زىنا.

**فارس** (فارس) ئ. پارس (ئىران)؛ پارسلىق (ئىرانلىق؛ ئىراننىڭ جەنۇبىدىكى فارس ئۆلكىسى).

**فارسى** (فارسى) ئ. پارس تىلى؛ پارسلىق.

**فارسى خان** (فارسى خوان) ئىپ. پارس تىلىنى ئۆگەنگۈچى، پارس تىلىنى بىلگۈچى، پارسخان.

**فارسى دان** (فارسى دان) ئىپ. پارس تىلى ئالىمى، پارس تىلىنى بىلگۈچى، پارسدان.

**فارسى زەبان** (فارسى زبان) ئىپ. پارس تىلىدا سۆزلىگۈچى.

**فارسىيات** (فارسيات) ئ. پارس ئەدەبىياتى؛ پارس تىلى.

**فارسىيان** (فارسيان) ئ. "فارسى"نىڭ كۆپلۈگى.

**فارىس** (فارس) ئ. ئات مىنىشكە ئۇستا، چەۋەنداز، باتۇر.

**فارىغ** (فارغ) ئ. بوش، بىكار، قۇرۇق؛ قۇتۇلغان؛ بوشىغان، يەڭگىللىگەن: تۈگەتكەن، ئورۇنلاپ بولغان؛ فارىغ دىل ـ خاتىرجەم، كۆڭلى ئازادە.

**فارىق** (فارق) ئ. ئۆز كۈچىلىك، ئالاھىدىلىك، ئالاھىدە بەلگە؛ ئايرىغۇچى؛ ئايرىلغان، ئالاھىدە، پەرقلىق.

**فارۇق** (فاروق) ئ. توغرا بىلەن ناتوغرىنى ئايرىش ئىقتىدارى بار كىشى؛ سالماق، ئېھتىياتلىق.

**فازىل** (فاضل) ئ. تالانتلىق، بىلىملىك؛ ئالىم، بىلگىر، بىلگۈچى، پەزىلەتلىك ۋە ياخشى خۇلۇقلۇق كىشى؛ ئاشقان، قالدۇق بولۇپ قالغان، ئاشلاندۇق، كېرەكسىز؛ پەرق، ئاشقان سان: فازىل ئاب ـ پاسكىنا سۇ، يۇندا، كېرەكتىن چىققان سۇ.

**فازىلات** (فاضلات) ئ. ئىشىندا، ئېشىپ قالغان نەرسە.

**فازىلانە** (فاضلانە) ئ. ئىلمى؛ ئىلمىي كۆزقاراش بىلەن قارىغاندا.

**فازىلە** (فاضلە) ئ. نەتىجە، تۆھپە؛ مىكروسان (ماتېماتىكىدا).

**فاسىد** (فاسد) ئ. بۇزۇق، بۇزۇلغان، چىرىگەن؛ چۈشكۈنلەشكەن؛ ئۇنۇمسىز: ئېتىقاد فاسىدە — بۇزۇق ئېتىقاد؛ ئەخلاقى فاسىدە — ئەخلاقى بۇزۇلغان، چۈشكۈنلەشكەن.

**فاسىق** (فاسق) ئ. گۇنا قىلغۇچى، يامان ئىش قىلىپ يۈرگۈچى، توغرا يولدىن چىققۇچى، ئەخلاقسىز، چۈشكۈنلەشكەن، بۇزۇلۇپ كەتكەن، پاھىشۋاز.

**فاسىل** (فاصل) ئ. ئايرىيدىغان بەلگە، ئايرىغۇچ، ئايرىپ تۇرغان، بۆلۈپ تۇرغان، ئايرىلغان، بۆلۈنگەن.

**فاسىلە** (فاصلە) ئ. ئىككى نەرسىنى بىر بىرىدىن ئايرىپ تۇرغۇچى، ئارىلىق، چېگرا، پاسىلە.

**فاش** (فاش) پ. كىشىلەرگە بىلىنگەن، ئوچۇق، ئاشكارا، زاھىر، ئوتتۇرىغا چىققان، ئېچىلىپ قالغان.

**فاشى** (فاشى) پ. كەڭ تارقالغان، ئاشكارا بولۇپ قالغان؛ پاش بولۇپ قالغان.

**فاق** (فاق) پ. يېرىق، دەز، تۆشۈك.

**فاقە** (فاقە) پ. كەمبەغەللىك، يوقسۇللۇق، مۇھتاجلىق.

**فاقىد** (فاقد) پ. قولدىن كەتكەن، مەھرۇم بولغان؛ كېمىپ قالغان؛ ئېرىدىن ياكى بالىسىدىن ئايرىلغان خوتۇن.

**فاكىھە** (فاكھە) ئ. يېمىش، مېۋە.

**فائىت** (فائت) ئ. بىردەملىك، ۋاقىتلىق، كۆزدىن يوتكەن.

**فائىھ** (فائح) ئ. پۇراقلىق، ھىدلىق.

**فائىھە** (فائحە) ئ. خۇشپۇراق.

**فائىز** (فائز) ئ. كۆزلىگەنگە ئېرىشكۈچى، مەقسىتىگە يەتكۈچى، يېڭىش تاپقۇچى؛ بەختلىك، تەلەيلىك؛ ئازات بولغان، قۇتۇلغان.

**فائىز** (فائض) ئ. ئۆسۈم؛

مول، كۆپ؛ سېخى، مەرد.

**فائىق** (فائـق) ئ. ئۈستۈن، ئالى، ئەۋزەل، باشقىلاردىن يۇقۇرى، مەشھۇر. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: مۇئەييەن قىلىپ نەچچە لايىق كىشى، نەلايىق كىشى بەلكى فائىق كىشى.

(ئا. نىزارى)

**فائىل** (فاعل) ئ. ئىشلىگۈچى، قىلغۇچى: فائىل مۇختار — ئىختىيارى بىلەن ئىشلىگۈچى.

**فائىلىيەت** (فاعليت) ئ. ئۈنۈم، ئىقتىدار.

**فال** (فال) ئ. ياخشىلىق؛ تەقدىر، تەلەي؛ تەلەي سىناپ كۆرمەك، پال ئاچماق: فال خەير — ياخشى پال؛ فال ئۇرماق — ياخشىلىق كۆزلىمەك، ياخشى ئۈمىد باغلىماق.

**فال بىن** (فال بين) ئ. پال ئاچقۇچى، پالچى.

**فالىج** (فالج) ئ. پالەچ، پۈت-قولى ئۆتماس؛ پالەچ ئادەم.

**فام** (فام) پ. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، "ئوخشاش" "دەك" مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

**فانى** (فانى) ئ. پانى، تۈگەيدىغان، مەڭگۈ قالمايدىغان؛ ۋاقىتلىق؛ بىر دەملىك؛ قېرىغان، ياشانغان: پانى بولدى — تۈگىدى، پۈتتى؛ فانى بولماق — يوق بولماق.

**فانىيانە** (فانيانه) ئۈپ. فانىلارچە.

**فەبىها** (فبها) ئ. كۆڭۈلدىكىدەك، مەقسەتكە مۇۋاپىق.

**فەتتاھ** (فتاح) ئ. ئاچقۇچى، ئىشلارنىڭ يولىنى ئوچۇق قىلغۇچى، فەتھى قىلغۇچى، بەخت يولىنى ئاچقۇچى؛ يەڭگۈچى، غالىپ، بوي ئەگدۈرگۈچى؛ بەخت ئاتا قىلغۇچى (ئاللاھ).

**فەتا** (فتا) ئ. يىگىت، ياش كىشى ("فەتى"مۇ دېيىلىدۇ)؛ شىجائەتلىك.

**فەتانەت** (فطانت) ئ. زىرەكلىك، ئۆتكۈرلۈك، ئۆتكۈر زېھىن، ئەقلىي قابىلىيەت، خۇشپەملىك.

**فەتاۋا** (فتاوى) ئ. "پەتىۋا"-نىڭ كۆپلۈگى (دىنىي قانۇن بويىچە، بىرەر ئىشنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقى توغرىسىدا بېرىلگەن يولىيورۇقلار).

**فەتتان** (فتان) ئ. پىتنىچى، ئارىنى بۇزغۇچى؛ ئۆزگىگە تارتقۇچى، مەپتۇن قىلغۇچى.

**فەتھ** (فتح) ئ. ئېچىش؛ ئېلىش (ئىشغال قىلىش)، يېڭىش؛ فەتھ نۇسرەت — يەڭمەك، غالىپ بولماق.

**فەتھنامە** (فتحنامە) ئ. يېڭىش خەۋرى.

**فەتھىيە** (فتحيە) ئ. يېڭىش مارشى.

**فەتىلە** (فتيلە) ئ. پىلىك، پىلتە.

**فەتىۋا** (فتوى) ئ. پەتىۋا ("فەتاۋا"غا قاراڭ).

**فەجر** (فجر) ئ. تاڭ، سابا.

**فەجىئ** (فجيع) ئ. ئېچىنىشلىق، يۈرەكنى ئېچىندۇرىدىغان.

**فەخر** (فخر) ئ. ماختاش، ماختارلىق نەرسە. غۇرۇر، قۇۋانچ.

**فەخرى** (فخرى) ئ. بىراۋنىڭ ماختىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى ئۈچۈن بېرىلگەن نام.

**فەخز** (فخذ) ئ. پۇت، يوتا، پۇتنىڭ يۇقۇرىسى.

**فەھش** (فحش) ئ. بۇزۇقلۇق، ناچار ئىش، زىنا؛ ھاقارەت، سۆكۈش.

**فەھشىيات** (فحشيات) ئ. بۇزۇق ۋە يامان ئىشلار، فەھشلەر.

**فەھم** (فهم) ئ. چۈشەنمەك، بىلمەك، ئاڭقارماق؛ پەم، ئەپ.

**فەھىم** (فهيم) ئ. پەملىك، چۈشەنگەك، زېرەك.

**فەھۋائ** (فهواء) ئ. سۆزنىڭ مەنىسى، مەفھۇمى: فەھۋاي كەلام — سۆز مەنىسى.

**فەر** (فر) پ. پارلاقلىق، نۇر؛ ھەشەمەت، سۆلەت؛ بېزەك: فەررى شاھىي — شاھلىق سەۋلىتى؛ فەررى تاج — تاج بېزىگى.

**فەرا** (فرا) پ. ئالد-ئارقا،

يىراق ـ يېقىن، ئاست ـ ئۈست:
فەرا ئامەدەن ـ ئالدىغا
ماڭماق؛ يېقىن بارماق.

**فەرابەردەن** (فرابردن) پ.
سىلجىتماق، ئىلگىرلەتمەك.

**فەراپايە** (فراپایه) پ. ئېگىز
ئورۇندا تۇرغان، كۆزگە
چېلىقىپ تۇرغان.

**فەراتەر** (فراتر) پ. ئالدىدا
تۇرغان، يېقىن تۇرغان.

**فەراخ** (فراخ) پ. كەڭ؛ كۆپ،
مول؛ خۇشال؛ خاتىرجەم،
تېچ: فەراخ سال ـ مول
هوسۇل يىلى؛ فەراخ دىل ـ
قورقماس، باتۇر؛ فەراخ
رو ـ ئىسراپخور، بۇزۇپ
چاچقۇچى؛ تېز ماڭغۇچى.

**فەراهەم** (فراهم) پ. بىرىك-
كەن، توپلانغان: فەراهەم
قىلماق ـ بىرىكتۈرمەك،
توپلىماق.

**فەراهەت** (فراهت) ئ. ئۈز،
ئەپچىل، پىشقان؛ جانلىق،
زىرەك.

**فەرار** (فرار) پ. قاچماق،
قېچىپ كەتمەك؛ هەربىي سەپ-
تىن قاچماق.

**فەراز** (فراز) پ. يۇقۇرى، ئې-
گىز؛ يېقىن؛ ئاچماق: فەراز
ئەيلىمەك ـ ئاچماق.

**فەراغ** (فراغ) ئ. تېچلىق،
خاتىرجەملىك؛ راهەت،
ئىستىراهەت؛ بوشاش؛
ئازاتلىق: فەراغ ئىستە-
مەك ـ راهەت ئىستىمەك؛
مايەئى فەراغ ـ تېچلىق
ئاساسى. شېئىردا مۇنداق
كەلگەن: نەمەشىرىق نەمەغ-
رىب نەشەهرۇ نەراغ، كى
بىر سائەت ئولماي بۇ ئىشتىن
فەراغ.
(ئا. نىزارى)

**فەراغەت** (فراغت) ئ. "فەراغ"قا
قاراڭ: فەراغەت سەنج ـ
تېچ، خاتىرجەم، راهەت
قىلغۇچى.

**فەراياز** (فرایاز) پ. ئالغا
باسقان، كۈندىن-كۈنگە ئىل-
گىرلەۋاتقان، يۈكسىلىۋاتقان.

**فەرايىز** (فرایض) ئ. پەرز
بولغان ئىشلار، پەرزلەر.

**فەرامۇش** (فراموش) پ. ئۇن-

تۇماق، ئەستىن چىقارماق:
فەراموش بولماق ـ ئۇنتۇلماق.

**فەراموشخانە** (فراموشخانە) پ. ئۇنتۇش ئۆيى. كۆچ: گۆر.

**فەراۋان** (فراوان) پ. پاراۋان، كۆپ، مول، بەرىكەتلىك؛ بارلىق، مولچىلىق، بايلىق.

**فەرراش** (فراش) ئ. يۇگۇر-يېتىمچى، خىزمەتچى؛ ئورۇن سالغۇچى؛ مازار، مەدرىسە، مەسچىتلەرنى سۈپۈ-رۈپ-تازىلاپ تۇرغۇچى كىشى؛ قوروچى.

**فەرراشگەر** (فراش كر) پ. قاراۋۇل؛ سۈپۈرگۈچى.

**فەرران** (فران) راۋان، تېز: فەرران ئوقۇماق ـ تۇتۇلماي راۋان ئوقۇماق.

**فەرروخ** (فرخ) پ. گۈزەل، ھۆسىندار: ئوچۇق يۈزلۈك، يېقىملىق: شاد، قۇتلۇق، بەختىيار: فەررۇخ بولماق ـ بەختىيار بولماق، شاد بولماق، قۇتلۇق بولماق.

**فەررۇخ ئايىن** (فرخ آيين) پ. ياخشىلىق كەلتۈرگۈچى، بەختىيار قىلغۇچى.

**فەررۇخ فال** (فرخ فال) پ. بەختىيار، كېلەچىگى (ئىس-تىقبالى) پارلاق.

**فەرت** (فرط) ئ. ھەددىدىن، چەكتىن تاشقىرىلىق، ئارتۇق-لۇق، ئوشۇقلۇق، چەكسىزلىك: فەرتى مۇھەببەت ـ چەكسىز سۆيگۈ، چەكسىز مۇھەببەت.

**فەرتۇت** (فرتوت) پ. بەك قېرىپ، ئىشتىن چىقىپ قال-غان. فەرتۇتلۇق ـ قېرىپ ئىشتىن چىقىپ قالغانلىق.

**فەرخۇندە** (فرخندە) پ. قۇت-لۇق، قۇۋانچلىق.

**فەرھەڭ** (فرهنك) پ. بىلىم؛ ئەقىل؛ ئەدەپ؛ لۇغەت، سۆز.

**فەرد** (فرد) ئ. يەككە، يالغۇز.

**فەردا** (فردا) پ. ئەرتە، كې-لەچەك، تاڭلا: فەردايى قىيامەت ـ تاڭلا قىيامەت.

**فەرز** (فرض) ئ. پەرز، چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك.

**فەرزان** (فرزان) پ. چىۋەر-
لىك، ئەقىل؛ مۇستەھكەم؛
بىلىملىك.
**فەرزانە** (فرزانه) پ. بىلىم-
لىك، ئالىم، دانىشمەن، ئەقىل-
لىق؛ ئازادە، تازا، جانان.
**فەرزەند** (فرزند) پ. بالا،
پەرزەنت.
**فەرسا** (فرسا) پ. سۆز بىرىكمە-
سىدە، بۇزغۇچى، يوقاتقۇچى،
ھالسىزلاندۇرغۇچى، چارچات-
قۇچى مەنىلىرىدە كېلىدۇ:
قەدەم فەرساي — چارچات-
قۇچى؛ چېھرا فەرساي —
يۈزگە داغ سالغۇچى.
**فەرسەخ** (فرسخ) ئ. ئۇزۇن-
لۇق ئۆلچىمى (بىر فەرسەخ
6.24 كىلومېتىرغا تەڭ).
**فەرسۇدە** (فرسوده) پ. توز-
غىغان، ئەسكىرىگەن، تىتىل-
غان: فەرسۇدە ھال — ھېرىپ
چارچاپ قالغان.
**فەرش** (فرش) ئ. گىلەم؛
كۆرپە؛ يايماق، ياتقۇزماق؛
يېيىلغان، ياتقۇزۇلغان نەرسە:
فەرشى غەبرا — يەر يۈزى.

**فەرق** (فرق) ئ. پەرق،
ئايرىما، ئايرىملىق.
**فەرقەد** (فرقد) ئ. شىمالىي
قۇتۇپقا يېقىن جايلاشقان
ئىككى يورۇق يۇلتۇزنىڭ
بىرى: باشنىڭ قاق تۆپىسى.
**فەرەھ** (فرح) ئ. خۇشاللىق،
شادلىق، قۇۋانچ. شېئىردا
مۇنداق كەلگەن: مەن ئۆل-
سەم فەرەھلىك بىلە روزە-
شەب، ساڭا يەتسە مۇنداقكى
رەنجۇ تەئەب
(ئا. نىزارى).
**فەرەھناك** (فرحناك) ئۈپ.
شادلانغان، خۇشاللانغان،
قۇۋانغان.
**فەرەز** (فرض) ئ. مۆلچەر،
چاما؛ بىر نەرسىنى ئىككىنچى
تۈرلۈك قىلىپ ئويلاپ كۆرمەك.
**فەرەزەن** (فرظ) ئ. مۆلچەر-
لىگەندە، چاملىغاندا، پەرەز
قىلايلۇق، پەرەز بويىچە.
**فەرەزى** (فرض) ئ. پەرەز
قىلىنغان، پەرەز بىلەنلا
ئېيتىلغان.
**فەرەزىيات** (فرضيات) ئ.

پەرەز قىلىنغان ئىشلار، چامى-
لانغان ئىشلار، مۆلچەرلەنگەن
نەرسىلەر.

**فەرەس** (فرس) ئ. ئات
(مىنىدىغان). شېئىردا مۇن-
داق كەلگەن: مەئرىفەت مەي-
دانى چۇن ئايىنەجى گىردى
غۇبار، ئەي زەلىلى جەزبە-
دىن جەۋلان ئېتىپ مىنگىل
فەرەس.
(زەلىلى)

**فەرەڭ** (فرنك) پ. فرانسۇز؛
ياۋروپالىق.

**فەرەڭىستان** (فرنكستان) پ.
ياۋروپا، غەرپ ئەللىرى.

**فەرىد** (فريد) ئ. تەڭداشسىز،
مىسلىسىز.

**فەرىزە** (فريضه) ئ. قىلىشقا
تېگىشلىك بولغان دىنىي
ئىش، پەرز ئىش.

**فەرىشتە** (فرشته) پ. پەرىش-
تە، مەلائىكە، مەلەك.

**فەرىفتە** (فريفته) پ. قايمۇق-
تۇرۇش، قىزىقتۇرۇش؛ گول-
لاش. شېئىردا مۇنداق كەل-
گەن: بۇ سۆزلەرنى ئەيتىڭكى
شەھزادىگە، يەنە ھەم فەرىفتە
قىلىڭ بادەگە.
(ئا. نىزارى).

**فەرىق** (فريق) ئ. توپ،
گۇرۇھ، بىر بۆلۈك جامائەت،
ئەلكۈن.

**فەرياد** (فرياد) پ. زارلانماق،
يىغلىماق، ئاھ ئۇرماق، قىچ-
قىرماق، ياردەمگە چاقىرماق.

**فەريادخان** (فريادخوان) پ.
ئۆزىگە ياردەم قىلىشقا چاقىر-
ماق.

**فەرئ** (فرع) ئ. شاخچا، تارماق.

**فەرمايىش** (فرمايش) پ.
بۇيرۇش، ئەمىر قىلىش.

**فەزائ** (فضا) ئ. كەڭ زېمىن،
چوڭ مەيدان، بوشلۇق؛
ئۇچۇقلۇق، ئالەم بوشلۇغى،
ھاۋا.

**فەزاھەت** (فضاحت) ئ.
رەسۋالىق، خورلۇق، شەر-
مەندىلىك.

**فەزاك** (فزاك) پ. پاسكىنا،
ئىپلاس، چىركىن.

**فەزائىھ** (فضائح) ئ. شەر-
مەندىلىكلەر، رەسۋالىقلار،

ئۇياتلىق ئىشلار.

**فەزائىل** (فضايل) ئ. پەزىلەتلەر، ئارتۇقچىلىقلار (بىرلىكى "فەزل").

**فەزەئ** (فزع) ئ. قورقۇش، چىدامسىزلىق، تەشۋىش.

**فەزىھە** (فضيحه) ئ. رەسۋالىق، ناچار ۋە ئەيىبلىك ئىش.

**فەزىھەت** (فضيحت) ئ. "فەزائىھ"نىڭ بىرلىكى.

**فەزىھەت ئاسا** (فضيحت آسا) ئىپ. شەرمەندىلەرچە.

**فەزىھەت ئەنگىز** (فضيحت انگيز) ئىپ. ئۇيالدۇرىدىغان، ئۇياتقا قويىدىغان.

**فەزىلەت** (فضيلت) ئ. ئارتۇقلار، ئۇستۇنلۇكلەر، ئەۋزەللىكلەر، يېتۇكلۇكلەر، (ئىلىمدە، ھۇنەردە ئارتۇق بولۇش).

**فەزل** (فضل) ئ. ئارتۇقلۇق، ئۇستۇنلۇك، ئەۋزەللىك، يېتۇكلۇك؛ ئىلىم، پەن، تالانت: فەزل كەرەم — ياخشى، سېخى، ئىلتىپاتلىق؛ ئەھلى فەزل — بىلىمدان، بىلگىر، يېتۇك، ئالىم، يېتىلگەن؛ فەزل پەرۋەر — ئىلىم-پەننى سۆيىدىغان كىشى؛ ئالىم.

**فەزل فۇرۇش** (فضل فروش) ئىپ. كىتاپباز، كىتاپخور، تالىپ مىجەز، كىتاپ مەستانىسى، قىرائەتخان.

**فەزلە** (فضله) ئ. ئارتۇق، زىيادە، ئارتۇقچە؛ بەدەندىكى ئارتۇقچە ماددىلار يەنى ماددا ئالمىشىشىدىن كېيىنكى كېرەكسىز ماددىلار.

**فەس** (فص) ئ. ئۇزۇككە كۆز قىلىپ سېلىنىدىغان قىممەت باھالىق تاش؛ ئۇزۇك (كۆپلۇكى "فۇسۇس").

**فەساھەت** (فصاحت) ئ. سۆزنىڭ توغرا، چىرايلىق، ئوچۇق، روشەن، يېقىملىق بولۇشى؛ ئۇسلۇبنىڭ چىرايلىقلىغى.

**فەساد** (فساد) ئ. بۇزۇقلۇق، بۇزۇلغانلىق، بۇزۇلۇش؛ بۇزۇقچىلىق؛ تەرتىپسىزلىك، پىتنە، پاسات.

**فەسانە** (فسانه) ئ. ھىكايە،

داستان، ئېرتەك؛ سەرگۈ-
زەشتە؛ ئەپسانە، ئويدۇرما،
خىيالىي رىۋايەت؛ فەسانە
ئېيتماق — ھىكايە ئېيتماق،
سەرگۈزەشتىنى سۆزلەپ
بەرمەك؛ فەسانە پەيۋەندە،
فەسانە پەرداز — ھىكايە ئېيت-
قۇچى، داستانچى. شېئىردا
مۇنداق كەلگەن: دىدى
بەندە قىلغىل فەسانە ماڭا،
كى ئەي قىز ئۆزۈڭدىن
نىشانە ماڭا.
(ئا. نىزارى)

**فەسىھ** (فصيح) ئ. سۆزنى
بەك كېلىشتۈرۈپ سۆزلىگۈ-
چى، ئۇستا سۆزلىگۈچى؛
ئوچۇق، روشەن، راۋان، يېقىم-
لىق (كۆپلۈكى "فەسەھا").

**فەسخ** (فسخ) ئ. بۇزماق، بە-
كار قىلماق، يوققا چىقارماق.

**فەسد** (فصد) ئ. تومۇردىن
قان ئېلىش: فەسد قىلماق —
تومۇردىن قان ئالماق.

**فەسل** (فصل) ئ. بۆلۈم، باب
(كىتابتىكى)؛ مەۋسۇم، پە-
سىل (كۆپلۈكى "فۇسۇل")؛
فەسلى خەزان — كۈز مەۋسە-
مى؛ گۈل فەسلى — باھار
مەۋسىمى.

**فەغفۇرچىن** پ. جۇڭگو خاقانى؛
چىنە. شېئىردا مۇنداق كەل-
گەن: بۇ مۇددەتتە بولدى
خىتاغە يېقىن، خەبەر تاپتى
ئاندىن كى فەغفۇرچىن،
(ئا.نىزارى)

**فەقاھەت** (فقاهت) ئ. ئىسلام
دىنىنىڭ دىنىي قائىدىلىرى
توغرىسىدىكى بىلىم.

**فەقار** (فقار) ئ. ئومۇرتقا.

**فەقارەت** (فقارت) ئ. كەمبە-
غەللىك، نامراتلىق يوقسۇل-
لۇق.

**فەقىھا** (فقها) ئ. "فەقىھ"نىڭ
كۆپلۈكى.

**فەقد** (فقد) ئ. يوق، كام؛
يوقاتما، زىيان؛ ئۆلۈم.

**فەقدان** (فقدان) ئې. يۇقۇرد-
قىغا ئوخشاش.

**فەقر** (فقر) ئ. كەمبەغەللىك،
يوقسۇللۇق، نامراتلىق: فەق-
روددەم — كەمقانلىق كېسلى.

**فەقرە** (فقره) ئ. "فەقارات"

قا قاراڭ.
**فەقەرات** (فقرات) ئ. ئو-
مۇرتقا؛ پاراگراف، ئابزاست،
بۆلۈك (ماقالىنىڭ)؛ نۇسخا،
دانە (ھۆججەتنىڭ)؛ ماددا؛
مۇھىم نۇقتا، مەزمۇن.
**فەقىھ** (فقيه) ئ. ئىسلام دىنى-
نىڭ قانۇنشۇناسى، ئىسلام
دىنىنىڭ قانۇنلىرىغا كامىل
بولغان كىشى.
**فەقىھە** (فقيهه) ئ. "فەقىھ"قە
قاراڭ.
**فەقىر** (فقير) ئ. كەمبەغەل،
يوقسۇل، قاششاق، چىغاي؛
مۇھتاج، بىچارە؛ تىلەمچى؛
دۇنيا ناز-نېمەتلىرىدىن
كەچكەن؛ سۆزلىگەندە،
يازغاندا ئۆزىنى كەمسىتىپ،
"مەن" ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.
(كۆپلۈكى "فۇقەرا").
**فەقىرانە** (فقيرانه) ئ. كەم-
بەغەل، نامرات؛ يۇۋاش،
مۇلايىم.
**فەئال** (فعال) ئ. ئاكتىپ،
جانلىق، روھلۇق؛ ئەرباپ،
ئاكتىپ ئۇنسۇر؛ ئىشلىگۈچى،
قىلغۇچى، ھەرىكەت قىلغۇچى؛
شىركەت فەئال — ئاكتىپ
قاتناشماق.
**فەئالىيەت** (فعاليت) ئ.
ھەرىكەت، خىزمەت؛ ئاكتىپ-
لىق: فەئالىيەت ئىجتىمائى —
ئىجتىمائى خىزمەت؛ فەئالى-
يەت ئىنقىلابى — ئىنقىلابىي
ھەرىكەت.
**فەئالىن** (فعالين) ئ. "فەئال"
نىڭ كۆپلۈكى.
**فەئالان** (فعالان) ئ. ئاكتىپ
ئۇنسۇر، ئەرباب.
**فەئالانە** (فعالانه) ئ. ئاكتىپ
ھالدا، جانلىق ھالدا.
**فەئەلە** (فعله) ئ. ئىشچى؛
كۈنلۈكچى.
**فەيات** (فيات) ئ. بىر نەرسە-
نىڭ باھاسى، ھەق، قىممەت:
فەياتى بىر غورۇشدۇر —
باھاسى بىر غورۇشتۇر.
**فەيياز** (فياض) ئ. سېخى،
مەرد، قورسقى كەڭ؛ مول،
ئاۋات، باي؛ ئېشىپ-تېشىپ
تۇرغان.
**فەييازى** (فياضى) ئ. سېخى-

لىق، مەردلىك؛ مولـلۇق، ئاۋاتـلىق؛ سۇيى مول بۇلاق ياكى ئېرىق.

**فەيەزان** (فيضان) ئ. تولۇپ تاشماق، ئارتماق، كۆپەيمەك؛ ئۇلۇغ سۇ.

**فەلاھ** (فلاح) ئ. قۇتۇلـماق، نىجات تاپماق، خالاس بولـماق، سائادەتكە ئېرىشمەك: فەلاھ تاپماق — نىجات تاپماق، قۇتۇلماق.

**فەلاخۇن** (فلاخن) ئ. پالاقـمان، تاش سېلىپ ئاتىدىغان قورال.

**فەلاسەفە** (فلاسفه) ئ. پەيلاسوپلار، ھەكىملەر.

**فەلاكەت** (فلاكت) ئ. بالا، ئاپەت: فەلاكەتزەدە — ئاپەت سوققان، بالاغا يولۇقـقان.

**فەلج** (فلج) ئ. "فالىج"غا قاراڭ.

**فەلسەفە** (فلسفه) ئ. پەلسەپە، نەرسىلەرنىڭ سىرى ۋە ھېكمىتى توغرىسىدىكى ئىلىم.

**فەلسەفىيات** (فلسفيات) ئ. پەلسەپە ئىلىملىرى.

**فەلەكىييات** (فلكيات) ئ. قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار توغرىسىدىكى ئىلىملەر، تەبىـئەت ئىلمى، ئاسترونومىيە.

**فەلەكىييۇن** (فلكيون) ئ. تەبىئەت ئىلمى بىلەن شۇغۇلـلانغۇچى ئالىملار، ئاسترو-نوملار.

**فەلەك** (فلك) ئ. كۆك، ئاسـمان، يۇقۇرى؛ كۆچ: بەخت، تەلەي، تەقدىر (كۆپلۈكى "ئەفلاك").

**فەلەك جاھ** (فلك جاه) ئېپ. يۈكسەك مەرتىۋىلىك.

**فەلەك پەيۋەند** (فلك پيوند) ئېپ. يۈكسەك. كۆچمە مەنىدە: فەلەك پىلى — قۇياش؛ فەلەك تۆركى — مىررىخ (مارس).

**فەلەق** (فلق) ئ. تاڭ يورۇقـلۇغى.

**فەللە** (فله) پ. يېڭى تۇغۇلغان ھايۋاننىڭ ئۇغۇز سۈتى.

**فەم** (فم) ئ. ئېغىز.

**فەن** (فن) ئ. بىلىم، ئىلىم، پەن؛ ھۈنەر؛ سەنئەت؛ ئىقـ

تىدار: ھىلە، مىكىر (كۆپ-
لۈكى "فۇنۇن"): يەك فەن —
ئىختىساسلىق، تولۇق ئىگەل-
لىگەن (ئۆز ھۈنىرىنى).
ماھىر: ئەھلى فەن — بىلىم-
دان، ئالىم، ھۈنەر ئىگىسى:
پۇرفەن — ھىلىگەر، نەيرەڭ-
ۋاز: فەن ئەيلىمەك —
ئۆگەتمەك، ئادەتلەندۈرمەك:
ھىلە قىلماق.

**فەنائ** (فناء) ئ. يوق بولۇپ
كەتمەك، تۈگىمەك: ئۆلمەك:
باقا سىزلىق: ئۆزلۈكىنى
يوقىتىپ، پۈتۈن بارلىقتىن
كېچىپ، ئىلاھىيەتكە سىڭىپ
كەتمەك (تەسەۋۇفتە): فەنا
ئەتمەك — يوق قىلماق:
خاراپ قىلماق: دەيرى
فەنا — كۆچمە مەنىدە
"دۇنيا". شېئىردا مۇنداق
كەلگەن: چۇمەسىئۇد بولدى
جاھاندىن فەنا، باقا ئەرزنى
ئەتتى دەپ ھەمدۇ سەنا.
(ئا. نىزارى)

**فەنان** (فنان) ئ. سەنئەتكار،
رەسسام.

**فەند** (فند) پ. ھىلە، مىكىر

**فەنەر** (فنر) پ. پۇرژىنا
(سائەتنىڭ)، قاڭقىغاق.

**فەۋاتىھ** (فواتح) ئ. "فاتىھە"
نىڭ كۆپلۈكى.

**فەۋاجىئ** (فواجع) ئ. "فاجىئە"
نىڭ كۆپلۈكى.

**فەۋاھىش** (فواحش) ئ.
"فاھىشە"نىڭ كۆپلۈكى.

**فەۋارىس** (فوارس) ئ.
"فارىس"نىڭ كۆپلۈكى.

**فەۋاسىل** (فواصل) ئ.
"فاسىلە"نىڭ كۆپلۈكى.

**فەۋاكىھ** (فواكه) ئ. "فاكىھە"
نىڭ كۆپلۈكى.

**فەۋج** (فوج) ئ. قوشۇن،
چېرىك.

**فىئال** (فعال) ئ. پېئىللەر،
ھەركەتلەر (بىرلىكى "فىئل").

**فىتر** (فطر) ئ. روزىنى
بۇزۇش، ئېغىز ئېچىش:
ئەيد فىتر — روزى ھېيت.

**فىترە** (فطره) ئ. رامىزان
روزىسىدىن كېيىن بېرىلىدى-
غان سەدىقە، ئېغىز ئېچىش
سەدىقىسى.

فترەت (فطرەت) ئ. يارىتىلىش، تۇغما، تەبىئەت.

فترى (فطرى) ئ. تۇپ يارىتىلىشىدىن شۇنداق بولغان، تۇغما.

فتنە (فتنە) ئ. توپىلاڭ، ئىسيان، پاراكەندە قىلماق؛ بەختسىزلىك، ئاپەت، قازا؛ خاتىرجەمسىزلىك، بىتاقەتلىك؛ زىيان، بۇزماق؛ قەست، ھىلە، مىكىر؛ قايمۇقتۇرماق، ئازدۇرماق: فىتنە ئامىز — ئىسيان كوتەرگەن، توپىلاڭ چىقارغان؛ فىتنە ئەنگىز — ئىسيانچى، توپىلاڭچى، ئىغۋا تاراتقۇچى، غوۋغا سالغۇچى، پىتنىچى، پىتنە تاراتقۇچى.

فتەن (فتن) ئ. "فىتنە"نىڭ كۆپلۈكى.

فدا ئ (فداء) ئ. بېغىشلاش، قۇربان قىلىش: فىداكە — ساڭا قۇربان بولسۇن.

فدايى (فدائى) ئ. ئەل ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغۇچى.

فديە (فديە) ئ. بىر كىشىنى بالادىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بېرىلگەن مال (ئۆلگەن كىشى ئۈچۈنمۇ گۇنالىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن فىدىيە سەدىقىسى بېرىلىدۇ).

فرار (فرار) ئ. قېچىش: فىرار ئەيلىمەك — قاچماق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

دېدىكىم بۇ يەردىن فىرار ئەيلەيىن، يەنە بىر ماكانغا قارار ئەيلەيىن.

(ئا. نىزارى)

فرارى (فرارى) ئ. قاچقۇن.

فراش (فراش) پ. كۆرپە-تۆشەك، ئورۇن.

فراق (فراق) ئ. ئايرىلىش، جۇدالىق، ئايرىلىق، ئاجرىلىش.

فردەۋس (فردوس) ئ. باغ، جەننەت باغچىسى، ئۇجماغ؛ 8 جەننەتنىڭ بىرى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: كۆڭلۈڭ ئارا لەئلىڭنىڭ فىردەۋسىمۇ ئىكەن ئايا، ئىشقىڭ ئوتىدىن قويغان مۇجمەرمۇ ئىكەن ئايا.

(زوھۇرى)

**فىرقە** (فرقه) ئ. مەزھەپ؛ تۈركۈم، توپ، بۆلەك، ئايرىم، گۇرۇھ، پارتىيە: فىرەق زالە — ئاداشقان پىرقىلەر.

**فىرقەت** (فرقت) ئ. ئايرىلماق، ئايرىم بولماق.

**فىرەق** (فرق) ئ. پىرقىلەر، گۇرۇھلار، پارتىيىلەر.

**فىرفىرەك** (فرفرك) پ. پىرىلداق.

**فىرىب** (فريب) پ. ئالداش، ھىلە: دىلفىرىب — كۆڭۈلنى ئالداپ ئۆزىگە تارتقۇچى.

شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
چۇشمىگەي ئەردى فەرىب ئامىزلۇتپۇك بىلمەيىن، ناتاۋان كۆڭلۈمگە ۋەسلىڭدىن تەھەننا كاشكى.

(ناۋايى)

**فىرىب ئامىز** (فريب آميز) پ. ھىلە ئارىلاشقان، قۇۋلۇق قىلىنغان.

**فىرىبتە** (فريبته) پ. ئالدانغان؛ مەپتۇن، بېرىلگەن: فىرىبتە قىلماق — ئۆزىگە تارتماق، مەپتۇن قىلماق، ۋەسۋەسىگە سالماق.

**فىرە** (فره) ئ. ئارتۇق، زىيادە، كۆپ.

**فىرىفتە** (فريفته) پ. "فىرىبتە"گە قاراڭ.

**فىرئەۋن** (فرعون) ئ. قەدىمكى مىسىر پادىشالىرىنىڭ ئومۇمىي نامى، ئۇنۋانى؛ كۆچ: زالىم (كۆپلۈكى "فەرائىنە").

**فىرۇخت** (فروخت) پ. ساتماق.

**فىرۇد** (فرود) پ. تۆۋەنلىمەك.

شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
ئەدەم بولدى پەرتەۋ بولۇپ كۈن فىرود، سىيە جۇرمى باشتىن كۆتەردى سە ئۇد.

(ئا. نىزارى)

**فىرۇز** (فيروز) پ. پىرۇز، بەختلىك، تەلەيلىك؛ غالىپ: فىرۇز بەخت — خۇشتەلەي، بەخت-سائادەت.

**فىرۇزە** (فيروزه) پ. پىرۇزە، كۆكۈمتۇل رەڭلىك تاش: فىرۇزە تاق — كۆچمە مەندە ئاسمان؛ گۇلشەنى فىرۇزە — كۆچمە مەندە ئاسمان، پەلەك.

**فەيز** (فيض) ئ. ياخشىلىق،

پايدىلىق، مەنپەئەت: سېخى، مەرت: ئېھسان، ئىنئام: مول، تولۇق، باي، پەيزى.

**فىسق** (فسق) ئ. بۇزۇق-لۇق، پاھىشىۋازلىق: فىسقو فۇجۇر — بۇزۇقلۇق، يامان يولغا كىرىش.

**فىشان** (فشان) پ. چاچقۇچى.

**فىغان** (فغان) پ. پەغان، زارلانماق، ئىڭرىماق، نالە قىلماق.

**فىگار** (فكار) پ. قىينالماق: جاراھەتلىك، يارىدار، يارا، جاراھەت.

**فىگەن** (فگن) پ. سالغۇچى، ئاتقۇچى، تاشلىغۇچى.

**فىئىل** (فعل) ئ. ئىش، ئەمەل، قىلماق. ئەتمەك، فىئلى — ئىشلەش بىلەن بولغان، ئىشلەنگەن.

**فىئلىيات** (فعليات) ئ. ئىش-لەنگەن ئىشلار.

**فىلھال** (فى الحال) ئ. دەر-ھال تېز. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: تۇتۇپ بەردى فىلھال ئالىپ نامەنى، شەھى

بەسرى چەككەن ئىدى خامەنى.

(ئا. نىزارى)

**فىلمەسەل** (فى المثل) ئ. مەسىلەن، ئوخشاش.

**فوۋت** (فوت) ئ. ئۆتۈپ كەتمەك، يوقالماق، قولدىن كەتكۈزمەك، تۈگەپ كەتمەك: فەۋت قىلىش — ۋاپات بولۇش. ئۆلۈپ كېتىش، يوق بولۇش.

**فۇتە** (فوطه) ئ. پوتا، بەلگە ئورالغان نەرسە، بەلۋاغ.

**فۇتۇر** (فتور) ئ. ئىشنى كەم-كۈتا قىلماق، نۇقسان، كاۋاك، بوشلۇق، بەدەندىكى بېغىش-لارنىڭ يۇمشاپ ئاجىزلاش-مىغى، قىززىقچىلىقنىڭ پەسەي-مىگى، سۇنماق، ئاجىزلىق، كۈچسىزلىك.

**فۇتۇھات** (فتوحات) ئ. پەتىھلەر، شەھەرلەرنى ئۇرۇشۇپ ئۆزىگە قارىتىش، شەھەرلەرنى ئېلىش، يۇرت ئېلىش.

**فۇتۇۋەت** (فتوت) ئ. ئەر-

لىك، مەردلىك.
**فۇجئەتەن** (فجاءة) ئ. تۇيۇق-
سىز، ئويلىمىغان يەردىن.
ئاگاھسىزلىقتىن، بىردىن.
فۇجئەتەن ۋاپات بولدى —
تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى.
**فووج** (فوج). ئ. توپ، گۇ-
رۇھ؛ قىسىم، قوشۇن؛ تۈمەن.
**فۇججار** (فجار) ئ. بۇزۇق-
لۇق قىلغۇچى، ياۋۇز، گۇنا-
كار.
**فۇجۇر** (فجور) ئ. بۇزۇق-
لۇق، ياۋۇزلۇق، پاسىقلىق.
**فەۋر** (فور) ئ. تېزلىك.
ئىلداملىق.
**فۇرتۇنە** (فورطنه) ئ. دېڭىز
بورىنى، بوران، دېڭىز ئۈس-
تىدە قاتتىق بوران چىقىپ
كۆتىرىلگەن دولقۇن.
**فۇرجە** (فرجه) ئ. بوش
ئورۇن، ئارا بوشلۇغى.
**فۇرس** (فرس) ئ. پارىسلار.
**فۇرسەتىياب** (فرصت ياب)
ئىپ. ۋاقىت تاپقۇچى،
پۇرسەت تاپقۇچى.
**فەۋرەن** (فوراً) ئ. تېزدىن،
دەرھال.
**فۇرۇز** (فروز) پ. ياققۇچى،
ياندۇرغۇچى، يورۇتقۇچى؛
دىل فۇرۇز — كۆڭۈلگە ئوت
ياققۇچى.
**فۇرۇزان** (فروزان) پ. يالتى-
راش، پارقىراق.
**فۇرۇش** (فروش) پ. سات-
قۇچى؛ كىتاب فۇروش —
كىتاب ساتقۇچى.
**فۇرۇغ** (فرغ) پ. نۇر،
يورۇقلۇق، شولا.
**فەۋز** (فوز) ئ. مەقسەتكە
يەتمەك، ئۈستۈن كەلمەك،
يەڭمەك، غالىب بولماق،
زەپەر.
**فۇزەلا** (فضلا) ئ. پازىللار،
ئىلىم ۋە مەرىپەت ئىگىلىرى،
پەزىلەتلىك كىشىلەر.
**فۇزۇن** (فزون) پ. ئارتۇق،
زىيادە، مول، چەكسىز،
ھېساپسىز.
**فۇسۇل** (فصول) ئ. پەسىل-
لەر، بۆلۈملەر.
**فەۋق** (فوق) ئ. ئۈست.
ئۈستۈن؛ ئۈنىڭ فەۋقىدە —

ئۇنىڭ ئۈستىدە، يۇقۇرىسىدا؛ فەۋقۇلئاددە — ئادەتتىن يۇقۇرى؛ فەۋقۇل فەلەك — پەلەك ئۈستى.

**فەۋقانىيەت** (فوقانيت) ئ. ئۈستىدە بولۇشچىلىق، ئۈستۈنلۈك، بۈيۈكلۈك.

**فۇقر** (فقر) ئ. پېقىرلىق، يوقسۇللۇق، مۇھتاجلىق.

**فۇيۇز** (فيوض) ئ. نېمەتلەر، ئېھسانلار.

**فۇئەد** (فوا'د) ئ. كۆڭۈل، يۈرەك، قەلب.

**فۇلان** (فلان) ئ. پالان، پۇكۇن: فۇلان ئادەم — پالان كىشى؛ فۇلان نەرسە — پالان نەرسە.

**فۇلفۇل** (فلفل) ئ. قارامۇچ.

**فۇنۇن** (فنون) ئ. پەنلەر، ئىلىم پەنىنىڭ يىغىندىسى: دارىلفۇنۇن — پەنلەر يۇرتى، بىلىملەر يۇرتى.

# ك

**كاباره** (كاباره) پ. ئۇسسۇل-ناخشىلىق تاماقخانا ياكى قاۋاقخانا.

**كابىن** (كابين) پ. نىكاھ ئالدىدا ئەر تەرىپىدىن خوتۇنغا تۆلىنىشى شەرت قىلىنغان پۇل (مەھر).

**كابۇس** (كابوس) پ. قاراباسماق، قورقۇنچلۇق چۈش؛ بىر خىل نىبرۋا ئاغرىغى.

**كابۇك** (كابك) پ. ئۇۋا، ياتاق؛ كوۋۇك.

**كاپ** (كاپ) پ. قەدەھ؛ لوڭقا، مۇسابىقە لوڭقىسى: كاپ قەھرىمانى — بىرىنچىلىك، ئوزارمەنلىك ياكى چىمپىيونلۇق لوڭقىسى.

**كاتاۋۇل** (كتاول) قوغدىغۇچى، پاسبان، ئوردىبان.

**كاتىم** (كاتم) ئ. يوشۇرغۇچى، سىر ساقلايدىغان كىشى.

**كاج**[1] (كاج) پ. ئەگرى، تەتۈر، جاھىل؛ كاج رەفتار — تەتۈر ئايلىنىش، تەتۈر كەتكەن، يامان يولغا كىرىپ كەتكەن.

**كاج**[2] (كاج) پ. شاپىلاق؛ تاپانچە: كاج ئۇرماق — شاپىلاقلىماق.

**كاج**[3] (كاج) پ. قارىغاي، قاچورا.

**كاچار** (كاچار) پ. ئۆي جابدۇغى ("كاچال"مۇ دېيىلىدۇ).

**كاچە** (كاچە) پ. ئىڭەك؛ خۇشاللىق، شادلىق.

**كاچەك** (كاچك) پ. يۇقۇرى پەللە، ئۇچ، چوققا، ئۈست.

**كاخ** (كاخ) پ. ئوردا، قەسىر، ساراي، بىنا؛ مونار، كۆچ؛ ئاسمان.

كاھ (كاه) پ. سامان.
كاھ (كاه) پ. بەزى، گاھ، قايسىبىر.
كاھدان (كاهدان) پ. ساماندانلىق.
كاھگىل (كاەگىل) پ. سامان ۋە لاي (بۇ سۆز جانلىق تىلدا "كاكۆل" دېيىلىدۇ).
كاھىش (كاهش) پ. كەمەيمەك، چۈشمەك تۆۋەنلىمەك: كاھىش ياب — كېمەيتىلگەن سان.
كاھى (كاهى) پ. سامانرەڭ، سېرىق: كاھى ئەتمەك — سارغايتماق.
كاھىل (كاهل) پ. ئوتتۇرا ياشلىق كىشى؛ ئېرىنچەك، ھورۇن، قاشاڭ، گال.
كاھىن (كاهن) ئ. غايىپتىن خەۋەر بەرگۈچى؛ جىنكەش، دىن باشلىقى؛ پالچى.
كاھىنە (كاهنه) ئ. "كاھىن" نىڭ ئاياللىقى.
كاھۋەش (كاەوش) پ. ساماندەك سېرىق: كاھ ۋەش قىلماق — سارغايتماق.
كار (كار) پ. ئىش، خىزمەت، يۇمۇش، كەسىپ، ھەركەت؛ پايدا.
كار ئاگاھ (كارآكاه) پ. ئىش بىلەرمەن.
كار ئامۇز (كارآموز) پ. ئۆگەنگۈچى، شاگىرت؛ تەجرىبىلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان.
كاربار (كاربار) پ. ئىش، خىزمەت.
كاربان (كاربان) پ. كارۋان، ئارقىش، توپلىشىپ سەپەرگە چىققۇچىلار؛ توقۇمىچى، باپكار.
كاربەند (كاربند) پ. يولغا قويۇلغان، يۈرگۈزۈلگەن؛ بويسۇنغان.
كارخانا (كارخانه) پ. ئىشخانا؛ كۆچ؛ دۇنيا.
كاردار (كاردار) پ. خىزمەتلىك، ئىشلىق، خىزمىتى بار؛ ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچى.
كاردان (كاردان) پ. كاداك، تەجرىبىلىك، كەسىپ ئەھلى.

ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:
ئىشنى كاداڭدىن سوراڭ،
ئۇننى باداڭدىن.

**كاردوست** (كاردوست) پ.
ئەمگەكنى سۆيىدىغان،
ئەمگەكنى دوست تۇتىدىغان.

**كارزار** (كارزار) پ. ئۇرۇش،
جەڭ، جاڭجال.

**كارساز** (كارساز) پ. ئىش
بېجىرگۈچى، ئىشنى جايىغا
يەتكۈزگۈچى.

**كارشىناس** (كارشناس) پ.
مۇتەخەسسىس، كەسپكە
كامىل.

**كارفەرما** (كارفرما) پ.
ئىش بۇيرۇغۇچى، ئىش
بېشى، ياللىغۇچى.

**كاركۇن** (كاركن) پ. تىرىشچان
ئىشلىگۈچى.

**كاركۇنان** (كاركنان) پ.
خىزمەتچى خادىم.

**كارگاھ** (كارگاه) پ. ئىش
ئورنى؛ سېخ.

**كارگەر** (كارگر) پ. ئىشچى،
ئەمگەكچى؛ ئۈنۈملۈك.

**كارگەردان** (كاردان) پ.
ئىش بېشى، باشقۇرغۇچى؛
داۋىيەن، رېژىسسور.

**كارگەرىز** (كارگريز) پ.
ھورۇن، يالقاۋ، لاغايلاپ
يۈرگۈچى.

**كارگىر** (كارگير) پ. گۈچتۈر،
گۇرۇپپا بېشى، نازارەتچى.

**كارى بۇد** (كارى بود) پ.
قولىدىن ئىش كېلىدىغان.

**كارى بەد** (كارى بد) پ.
يامان ئىش.

**كارىز** (كاريز) پ. ئېرىق،
ئازگال، كارىز.

**كارمەند** (كارمند) پ. كارخانا
خادىمى، كارخانا خىزمەت-
چىسى.

**كارمايە** (كارمايه) پ. قۇۋۋەت،
ئېنېرگىيە.

**كارمۇزد** (كارمزد) پ. ئىش
ھەققى، ياللىنىش ھەققى.

**كارۋان** (كارۋان) پ. "كاربان"
غا قاراڭ.

**كارۋان سالار** (كارۋان سالار)
پ. كارۋان باشلىغى.

**كارۋبار** (كاروبار) پ. ئىش،
خىزمەت، كەسپ.

**كاز** (كاز) پ. غار؛ كەپە.
**كازىب** (كاذب) ئ. يالغانچى، ئالدامچى، كەززاپ.
**كاست** (كاست) پ. كېمىيىش، يېتىشمەسلىك.
**كاستە** (كاستە) پ. كېمەيتىلگەن سان.
**كاسىپ كار** (كاسب كار) ئپ. ئۇششاق سودىگەر.
**كاسىد** (كاسد) ئ. ئۆتمەس، كاسات، بازىرى يوق، سېتىلمای تۇرغان تاۋار.
**كاسە** (كاسە) پ. قاچا، كاسا، چىنا ياق.
**كاسەگەر** (كاسەگر) پ. كاسە ياسىغۇچى، كۇلال.
**كاسەگەردان** (كاسەگردان) پ. تىلەمچى، دىۋانە، كەمبەغەل.
**كاش** (كاش) پ. ئەگەر،... بولغان بولسا ئىدى.
**كاشانە** (كاشانە) پ. ئۆي، خانە؛ ئۇۋا.
**كاشكاپ** (كاشكاب) پ. قايناقسۇغا چىلاپ ئېچىدىغان بىر خىل دورا.
**كاشكى** (كاشكى) پ. بىر ئىشنىڭ بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتۈپ ئېيتىلىدىغان قوشۇمچە سۆز: كاشكى بارسام ئىدى؛ كاشكى شۇنداق بولسىچۇ ("كاش"قا ئوخشاش).
**كاشى** (كاشى) پ. گۈللۈك خىش.
**كاشىف** (كاشف) ئ. كەشىپ قىلغۇچى، ئاچقۇچى، باشلاپ تاپقۇچى.
**كاشىف ئەسرار** (كاشف اسرار) ئ. سىرلارنى ئاچقۇچى.
**كاغ** (كاغ) پ. ئوت، يالقۇن.
**كاغەز** (كاغذ) پ. قەغەز؛ سالام خەت؛ ھۆججەت.
**كاففە** (كافە) ئ. بارچە، پۈتۈنلەي، ھەممە، ئومۇم، جەمئىي: كاففە ناس — بارچە كىشىلەر.
**كافى** (كافى) ئ. يېتەرلىك، يېتەرلىك بولغان: مىقدار كافى — يېتەرلىك چامدا.
**كافىر** (كافر) ئ. تانغۇچى، ئىنكار قىلغۇچى، ئىشەنمىگۈچى، ئىمانسىز، مۇسۇلمان

بولمىغان كىشى. كۆچ: رەھىم-سىز، رەھىمسىز يار، ۋاپاسىز.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن: نە كافىر كۆزلەرىڭ ئالەمنى تەنھا ئەيلەدى تاراج، شەبىخۇن كەلتۈرۈر غەم جانىمە يۈز مىڭ ئىتاب ئەيلەپ.
(زەلىلى)

**كافىيە** (كافيه) ئ. ئەرەب مورفولوگىيىسى سۆزلىنىدىغان كىتابنىڭ نامى.

**كافىل** (كافل) ئ. بىر ئىشنى ئۈستىگە ئالغان كىشى، كېپىل بولغۇچى.

**كافور** (كافور) ئ. كامفارا (بۇنىڭدىن نەپتىلىن يەنى كۈيە دورىسى ياسىلىدۇ): دەرەخت كافۇر ـــ كامفارا دەرىخى؛ كافۇر بار ـــ كامفارىدەك. كۆچ: ئاق قاردەك؛ سوغۇق؛ كافۇردار ـــ كامفارا ئارىلاشقان؛ جامە كافۇرى ـــ ئاق كىيىم.

**كافۇربىز** (كافوربيز) پ. يورۇقلۇق چۇشۇرىدىغان، يورۇتىدىغان: ياخشى ھىدلار تارقىتىدىغان.

**كافۇرگۇن** (كافوركون) پ. ئاق تۇسلۇك: بادەئى كافۇرگۇن ـــ ئاق مەي.

**كافۇرى** (كافورى) پ. كافۇر تۇسلۇك. كۆچ: ئاق رەڭلىك.

**كاگۇل** (كاگل) پ. ئادەمنىڭ ماڭلاي چېچى. كوكۇلا.

**كائىن** (كائـن) ئ. بولغان، بار، مەۋجۇت، بار بولغۇچى.

**كائىنات** (كائـنات) ئ. بار بولغان نەرسىلەر، بارلىق، مەۋجۇدات، پۈتۈن ئالەم، پۈتۈن دۇنيا، مەخلۇقات.

**كال** (كال) پ. خام، پىشمىغان (مۇئنى كۆرسىتىدۇ)؛ خەندەك، ئورا؛ ئېگىلگەن، قايرىلغان.

**كالا** (كالا) پ. تاۋار، مال؛ ئۆي جابدۇقلىرى، قاچا-قۇچا؛ رەخ، كىيىملىك.

**كالار** (كالار) پ. چوڭقۇر جىلغا، كەڭ ئېرىق، جىرا؛ تاختا تاش.

**كالە** (كاله) پ. مال؛ چىنە؛

خام مىۋە.

**كالى** (كالى) پ. خام، پىش-
مىغان، ياش.

**كالىب** (كالىب) ئ. "قالىب"
قا قاراڭ.

**كالىۋە** (كاليوه) پ. ئەخمەق،
دۆت؛ ساراڭ كالىۋا؛ دەككە-
دۈككىگە چۈشكەن؛ پاڭ،
گاس.

**كام** (كام) پ. تىلەك، مەق-
سەت، ئىستەك، مۇراد،
بەھرە، بەھرە ئېلىش: كامى
دىل — كۆڭۈل خاھىشى،
يېقىنلىشىش: كامياب — ئاق
يوللۇق، بەھرىمەن، مەقسە-
تىگە يەتكەن: كام تاپقاي
كۆڭۈل — مەقسەتكە يەتكەي؛
كامران — ئارزۇسىغا يەتكەن،
دەۋر سۈرگەن، دۆلەتمەن،
مەقسىتىگە يەتكەن.

**كام** (كام) پ. تاڭلاي؛
ئېغىز. كۆچ: ئارزۇ، مەقسەت،
ئىستەك: كام رەسان — مەق-
سەتكە يەتكۈزگۈچى؛
كامجۇ — مەقسىتىگە يېتىشنى
ئىزدىگۈچى، مەقسىتىگە
يەتكەن.

**كامان** (كامان) پ. ياچاق
(ئەدىبىي ئەسەرلەردە، خەلق
قوشاقلىرىدا ئىگىلىش، قەددى
پۈكۈلۈشكە كىنايە قىلىن-
غان).

**كامران** (كامران) پ. ۋۇجۇتقا
چىققان؛ ئارزۇسى ئەمەلگە
ئاشقان؛ بەخت، تەلەي؛
راھەت، راھەت كۆرمەكچى
بولغان؛ بەختىيار، قۇدرەت-
لىك؛ ھۆكۈمران.

**كامكار** (كامكار) پ. "كام-
ران"غا ئوخشاش.

**كامىلە** (كامىلە) ئ. تولۇق،
توگەل، مۇكەممەل؛ ياشانغان،
يېشى چوڭ.

**كامىلەزەن** (كامىلەزن) ئپ.
يېشىغا يەتكەن ئايال.

**كامىلىيەت** (كامىليت) ئ.
تولۇقلۇق؛ ياشانغانلىق،
قېرىلىق.

**كامىياب** (كامياب) پ. مەقسە-
تىگە يەتكەن.

**كان** (كان) پ. كان، كان
قۇدۇقى. كۆچ: مەنبەئە،

يىلتىز.

**كانا** (كانا) پ. ئەخمەق، دۆت.

**كەباب** (كباب) پ. كاۋاپ، قورۇق چوغقا قاقلاپ پىشىرىلغان ئەت.

**كەبت** (كبت) پ. ھەرە، بوغۇن: كەبت خانە — ھەرە كۆنىگى.

**كەپچە** (كپچە) پ. ساپلىق، چۆمۈچ.

**كەبد** (كبد) ئ. بېغىر، جىگەر: ئۆتتۇرا، مەرگەز.

**كەبىر** (كبير) ئ. چوڭ، يوغان، كاتتا، بۈيۈك، ئۇلۇغ: ئىسلام شەرىئىتىدە ئۆزىگە تېگىشلىك مىراسنى باشقۇرۇش: يېشىغا توشقان ئەرمۇ "كەبىرە" دېيىلىدۇ: سەھرايى كەبىر — چوڭ چۆل: گۇنايى كەبىر — چوڭ گۇنا.

**كەبىسە** (كەبيسە) ئ. كەبىسە يىلى — بىر كۈن ئارتۇق كەلگەن يىل، مىلادىيە يىلدا تۆت يىلنىڭ بىرى كەبىسە بولىدۇ.

**كەبك** (كبك) پ. كەكلىك: كەبكى دەرى — تاغ كەكلىكى.

**كەبەز** (كبز) كېۋەز، پاختا.

**كەبەش** (كبش) ئ. قوچقار، قوي تېكىسى.

**كەبۇتەر** (كبوتر) پ. كەپتەر، كۆگەرچىن: كەبۇك — كەپتەر ياتىغى، ئۇۋا: كەبۇتەرباز — كەپتەرۋاز، كەبۇتەرخان ياكى خانە — كەپتەرخانا، كەپتەر ياتىغى: كەبۇتەر سۇلىھ — تېچلىق كەپتىرى.

**كەپسۇل** (كپسول) پ. كاپسۇل، پىلتە، پىستان، پارتلاتقۇچ، ئوت ئالدۇرغۇچ، تۇتۇرۇق.

**كەپىدەن** (كپيدن) پ. تارتىۋالماق، بېسىۋالماق، ئىگەللىۋالماق.

**كەت** (كت) كات: تەخت: شېئىردا مۇنداق كەلگەن: كەت يۈزىدە دوشاك سالىب نىچە قات، ئاندە ياتقۇزدى زارو خەستەنى بات.

(ناۋايى)

**كەت** (كت) پ. مۇرە؛ تەخت؛ ئېرىق، ئۆستەڭ؛ پەشمەت.

**كەتارە** (كتارە) پ. قىلىچ، خەنجەر.

**كەتام** (كتام) ئ. كەپە، چەللە.

**كەتان** (كتان) ئ. كەندىر؛ كەتانى — كەندىردىن توقۇل- غان كىيىم.

**كەتەبە** (كتبه) ئ. كاتىبلار، پۈتۈكچىلەر.

**كەتىبە** (كتيبه) ئ. بېغىشلىما خەت، قەبرىنىڭ بېشىغا يېزىپ قويۇلغان خەت.

**كەتخۇدا** (كتخدا) پ. يۇرت ئاغىسى، يۇرت چوڭى، ئۆي ئىگىسى، ئۆي باشلىقى؛ ئۆيلەنگەن، خوتۇنلۇق ئەر؛ ھاكىم: كەتخۇدا مەھەللە — رايون باشلىقى؛ كەتخۇدائى — كەنت باشلىقى.

**كەتكار** (كتكار) پ. ياغاچچى، ياغاچچى ئۇستا.

**كەتم** (كتم) ئ. يوشۇرماق، بىلدۈرمەسلىك، ساقلىماق، پاش قىلماسلىق؛ پەردە: ئۇ ئۆزىنىڭ ھالىنى كەتىم قىلدۇ — يوشۇردۇ، ئېيتمايدۇ.

**كەتۇم** (كتم) ئ. مەخپىيەت- لىكنى ساقلايدىغان.

**كەچىش** (كجش) كېچىك، دەريا كېچىكى.

**كەچە** (كچه) كېچە.

**كەج** (كج) پ. ئەگرى، قىڭ- غىر، قىيسىق؛ جاھىل، تەتۈر، ناتوغرا، خاتا ("كاج"غا ئوخشاش)

**كەج بىن** (كج بين) پ. ئالغاي.

**كەج پەھم** (كج فهم) پ. دۆتلۈك، قاپاقۋاشلىق.

**كەج تەبئ** (كج طبع) ئې. يامان نىيەتلىك، قەبىھ مىجەزلىك.

**كەججە** (كجه) پ. گاچا، تىلبىلمەس، تىلسىز.

**كەج چىشىم** (كج چشم) پ. قىزىقماق، زوقلانماق؛ قىز- غىنماق، ھەسەت قىلماق.

**كەج خاھ** (كج خواه) پ.
ئالدامچى، ئالدىغاق.
**كەج خىيال** (كج خيال) ئې.
گۇمانخور، بۇرمىلاپ چۈشەن-
گۈچى.
**كەج خۇلق** (كج خلق) ئې.
ئاچچىقلانغان، غەزەپلەنگەن.
**كەج راھ** (كج راه) پ. توغرا
يولدىن چىقىپ كەتكەن.
**كەجرەفتار** (كج رفتار) پ.
قۇۋ، ھىلىگەر، ئەخلاقسىز،
تەتۈر ماڭغۇچى، تەتۈر
ئايلانغۇچى.
**كەج رەۋ** (كج رو) پ. ئەگرى،
تەتۈر.
**كەج ئەندىش** (كج انديش) پ.
دۈشمەنلىك، يامان نىيەتلىك.
**كەج مىزاج** (كج مزاج) ئې.
ياۋۇز، قەبىھ مىجەز.
**كەج مۇئامىلە** (كج معامله)
ئې. پۇرسەتپەرەسلىك
قىلىدىغان، قاقتى-سوقتى
قىلىدىغان.
**كەجۇپىچ** (كج وپيچ) پ.
ئەگرى-بۈگرى، ئەگرى-
توقاي.

**كەھ** (كه) پ. "كاھ"غا قاراڭ.
**كەھگىل** (كەگل) پ. "كاھ-
گىل"گە قاراڭ.
**كەھرەبا** (كهربا) ئ. بىر تۈر-
لۈك سىڭگىرتاش، كەھرىۋا.
كۆچ: تەتۈر ئۆيلىماق؛
سېرىق: كەھرە بالىق —
تارتىشلىق، جەزب ئېتىشلىك؛
سارغۇشلۇق.
**كەھكەشان** (كهكشان) پ.
سامان يولى.
**كەھف** (كهف) ئ. غار،
مەغارە: ئەسھاب كەھف —
بىر غاردا ئۇزاق زامان ئۇخ-
لىغان يەتتە كىشى.
**كەد** (كد) "كەز"گە قاراڭ.
**كەدام** (كدام) پ. قايسى،
قانچە، قانچىنچى.
**كەد بانو** (كدبانو) پ.
ئەرلىك خوتۇن، ئۆي
خوجىسى، خانىم.
**كەد خۇدا** (كدخدا) پ. "كەت-
خۇدا"غا قاراڭ.
**كەدى** (كده) پ. جاي،
ئائىلە، ئۆي.
**كەدىم** (كدم) كىيىم، ئىگىن.

**كەدىۋەر** (كدور) پ. ئىگە، ئۆي ئىگىسى؛ يەر ئىگىسى.

**كەدەر** (كدر) ئ. سۇ ياكى ياغنىڭ دۇغ بولۇشى؛ داغ، ھەسرەت، غەم ـ غۇسسە.

**كەدۇ** (كدو) پ. قاپاق، كۆچ: كاللا ئىشلەتمەيدىغان ئادەم.

**كەدۋادە** (كدواده) پ. تام ھۇلى.

**كەدۇخ** (كدوخ) پ. مۇنچا، سەرراپ.

**كەدۇك¹** (كدوك) كىيىم، ئىگىن.

**كەدۇك²** (كدك) دوبۇلغىنىڭ ئىچىگە كىيىلىدىغان يۇڭ بۆك.

**كەر** (كر) پ. پاڭ، گاس ("كەرى"مۇ دېيىلىدۇ).

**كەراتە** (كراته) ئ. قىيىنچىلىق.

**كەراھەت** (كراهت) ئ. تىشى قېيىشماقلىق، ياخشى كۆرمەسلىك، خالىماسلىق، يامان كۆرمەكلىك.

**كەررات** (كرات) ئ. "كەرـ رە"نىڭ كۆپلۈگى (كەررىلەر، كۆپ قېتىم، قات ـ قات).

**كەراد** (كراد) ئ. ئەسكى كىيىم، يىرتىق كىيىم.

**كەرار** (كرار) ئ. مۇجۇق، بوسۇغا.

**كەررار** (كرار) ئ. ھۇجۇم قىلغۇچى؛ باتۇر.

**كەراش** (كراش) پ. پاراكەندىچىلىك، پەرىشانلىق؛ ھاياجان.

**كەرام** (كرام) ئ. ئالىجاناپ، ئۇلۇغ، كەڭ قورساق، سېخى.

**كارامات** (كرامات) ئ. "كەرامەت"نىڭ كۆپلۈگى.

**كەرامەت** (كرامت) ئ. سېخى، مەرت، قورسقى كەڭ؛ قەدىر ـ قىممەت، ئۇلۇغلۇق؛ ھۆرمەت، ئېھتىرام؛ ئابروي، يۈز؛ مۆجىزە، كارامەت.

**كەران** (كران) پ. چېگرا، چېگرا ئۆلكە؛ ئۇچ، ئۇچۇق، ئەڭ چېتى، بۇلۇڭ؛ دېڭىز قىرغىقى.

**كەرانە** (كرانه) پ. "كەران"غا قاراڭ.

**كەرب** (كرب) ئ. قايغۇ، ئىچ پۇشماق، سولتايماق.

**كەرباس** (كرباس) پ. كاناپ، يىرىك رەخت.

**كەربالا** (كربلا) ئ. باغداتنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چۆلنىڭ ئاتىلىشى.

**كەرتانە** (كرتانه) پ. توخۇكاتىكى.

**كەرتەنە** (كرتنه) پ. ئۆمۈچۈك؛ ئۆمۈچۈك تورى.

**كەرچەك** (كرچك) پ. ئىنەك پىتى، ئابدىملىك.

**كەرە** (كره) ئ. يامان كۆرمەك، ياقتۇرماسلىق.

**كەرد** (كرد) پ. ھەرىكەت، قىلماق، ئەتمەك؛ ئۇسۇل، ئىستىل.

**كەردار** (كردار) پ. "كەرد" گە ئوخشاش.

**كەردە** (كرده) پ. قىلىپ بولغان، ئورۇنلاپ بولغان؛ ھەرىكەت: كاركەردە — ئورۇنلاپ بولغان ئىش؛ كەردەكار — تەجرىبىلىك، ھەممىنى كۆرگەن.

**كەردەر** (كردر) پ. چىلغا؛ تۆپىلىك يەر.

**كەردەن** (كردن) پ. قىلماق، ئەتمەك (ياردەمچى پېئىل)؛ شاد كەردەن — خۇشال قىلماق.

**كەردەڭ** (كردنگ) پ. ئەخمەق، دۆت؛ سەت.

**كەرزامان** (كرزمان) پ. ئاسمان، كۆك.

**كەرسان** (كرسان) پ. كارسان؛ ياغاچ ساندۇق.

**كەرس** (كرس) تۇمشۇغى ئەگمەچ تۆكسىز كالا، شىنيۇ، كەركىدان.

**كەركەس** (كركس) ئۆلۈمەتۆك (تاپ) يەيدىغان قۇش.

**كەرگەك** (كركك) ئۆلۈش، ۋاپات بولۇش: كەرگەك بولمىش — ۋاپات بولدى.

**كەرىھە** (كريهه) ئ. خۇنۇك، سەت، كىشىلەرگە ياقمايدىغان نەرسە ياكى ئىش، مەكرۇھ.

**كەرىش** (كرش) تىركىشىش، ئورۇشۇش.

**كەرىيە** (كريه) ئ. ناچار، مەكرۇھ، يامان، ئىپلاس، يىرگىنىشلىك.

**كەرىم** (كريم) ئ. سېخى، ئاقى؛ ئالىجاناپ، مەرت؛ ھۆرمەتلىك ئەركىشى.

**كەرىمانە** (كريمانه) ئپ. ئالىجاناپلىق بىلەن، مەردانىلىق بىلەن.

**كەرىمە** (كريمه) ئ. ھۆرمەتلىك ئايال كىشى (كىشىنىڭ قىزى "كەرىمە" دېيىلىدۇ).

**كەرە** (كره) پ. سېرىق ماي.

**كەررە** (كره) ئ. بىر قېتىم، بىر نۆۋەت؛ ھۇجۇم.

**كەرەجى** (كرجى) پ. كېچىك كېمە، قېيىق.

**كەرەجى بازى** (كرجى بازى) پ. يەلكەن كېمە.

**كەرەجى بان** (كرجى بان) پ، قېيىقچى، كېمىچى.

**كەرەخ** (كرخ) پ. سېزىنمىسىز، سەزمەس، گال.

**كەرەخت** (كرخت) پ. "كەرەخ"قە ئوخشاش.

**كەرەشمە** (كرشمه) پ. كۆز ئوينىتىماق، كۆز قىسىشماق، ناز قىلماق، ئويناق، تەننازلىق، جىلۋە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: قارا كۆز بىرلە بىر غەمزە قىلىپ يۈز مىڭ جاپا قىلما، كەرەشمە بىرلە ئالەمنى مېنىڭ تەك مۇبتەلا قىلما. (سەككاكى)

**كەرەگۇ** (كرەگو) كەرگە (كىگىز ئۆينىڭ گۈگۈزسۈنى).

**كەرەم** (كرم) ئ. مەرھەمەت، ئېھسان، ياخشىلىق، ئاقىلىق، سېخىلىق، ئۇلۇغلۇق: كەرەم قىلماق — مەرھەمەت قىلماق: كەرەمكار ياكى كەرەمگۇستەر — كەڭ قوساق، مەرت، ئاقى؛ كەرەمى — ئالىجاناپ، يۈكسەك؛ مەرد.

**كەز** (كز) قالتىس: كەزنەك — قالتىس نەرسە.

**كەزا** (كزا) ئ. شۇنداق، شۇ كەبى، ۋەھاكازا.

**كەززاب** (كذاب) ئ. يالغان-

چى، ئالدامچى.
**كەزىك** (كزك) نۆۋەت،
كېرەك؛ جۆرئەت، غەيرەت.
**كەزلە** (كزله) بەتلىمەك،
توغرىلىماق.
**كەزلىك** (كزلك) كىچىك
پىچاق، قەلەمتىراش.
**كەزەف** (كزف) پ. قارامای؛
قارا.
**كەژدۇم** (كژدم) پ. چايان،
ئېشەك.
**كەژمۇز** (كژمز) پ. قىيسىق،
قىڭغىر.
**كەس** (كس) پ. كىشى،
كىمسە، ئادەم: بى كەس —
كىشىسىز، يالغۇز، يېتىم.
**كەس** (كس) كېسىم،
توغرام؛ كېسەك، چالما.
**كەساد** (كساد) ئ. بىر نەر-
سىنىڭ قەدرى كېتىشى،
باھاسى ئەرزانلاشماق،
بازىرى چۈشمەك، ئۆتمەس
بولۇپ قالماق، توختاپ قال-
ماق، يۈرۈشمەي قېلىش.
**كەساردەن** (كساردن) پ.
ئېچمەك؛ ھەزىم قىلماق.

**كەسافەت** (كسافت) ئ.
كۆنالىق، شۈملۈق، زەرەر،
كۆنا شۈملۈغى؛ خىرىلىك؛
تۈتۈلۈش (ئاي ياكى قۇياش-
نىڭ تۈتۈلۈشى).
**كەسافەت** (كثافت) ئ.
زىچلىق، قېلىنلىق، قويۇق-
لۇق، تولۇقلۇق؛ بۇلغاندا،
ئەخلەت؛ تەرەت (نىجا-
سەت): سۇنىڭ كەسافىتى
ھاۋانىڭكىدىن ئارتۇق —
سۇنىڭ قويۇقلۇغى ھاۋانىڭ-
كىدىن ئارتۇق.
**كەسالەت** (كسالت) ئ. يال-
قاۋلۇق، ھورۇنلۇق، بوشاڭ-
لىق؛ ئۈششاق ئاغرىق،
مىجەزى يوقلۇق.
**كەسان** (كسان) ئ. تۇققان،
قاياش.
**كەسب** (كسب) ئ. ئۆگىنىش،
ھاسىل قىلىش، ئىگەللەش،
قولغا كەلتۈرۈش؛ ھۈنەر،
مەشغۇلات، سودا-سېتىق،
خىزمەت: كەسب ئەيلىمەك —
ئۆگەنمەك، بىلمەك، ئىگەل-
لىمەك؛ كەسب ئولماق —

ھاسىل بولماق.

**كەسر** (كسر) ئ. سۇنماق، ئۇشۇلماق؛ سۇنۇقلۇق، شىكەستلىك: كەسرى نەفس ــ كەمتەرلىك.

**كەسرەت** (كثرت) ئ. كۆپلۈك، ئارتۇقلۇق، مولluق.

**كەسر** (كثير) ئ. كۆپ، تولا: كەسرۇلمال ــ مالى كۆپ كىشى، باي كىشى.

**كەسىف** (كثيف) ئ. قويۇق، زىچ، تولۇق؛ داغال، قوپال؛ ئىپلاس.

**كەسەل** (كسل) ئ. يالقاۋ، بوشاڭ؛ ئاغرىق، كېسەل؛ ساقسىز، مىجەزى يوق.

**كەسۇرگو** (كسورگو) خالتا.

**كەش**[1] (كش) پ. "كەشىدەن" دىگەن پېئىلنىڭ يىلتىزى؛ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە: زەھمەت كەش ــ ئەمگەكچى؛ ئەمگەكچان، تىرىشچان؛ بەلاكەش ــ ئازاپ تارتقۇچى.

**كەش**[2] (كش) پ. تارتماق، سۆرىمەك؛ كەش دادەن ــ تارتىپ ئۇزارتماق، كۆچ؛ بۇرمىلىماق.

**كەشان** (كشان) پ. تارتىدىغان: كەشان ئەيلىمەك ــ تارتماق؛ كەش ــ كەشان ــ تارتماق، تارتقۇچى.

**كەششاف** (كشاف) ئ. ئاچقۇچى، كەشىپ قىلغۇچى، مەنبەئە ئاچقۇچى.

**كەشكۆل** (كشكول) پ. گاداي ۋە قەلەندەرلەر يانلىرىغا ئېسىپ يۈرىدىغان، قاپاقتىن ياسالغان ئىدىش.

**كەشف** (كشف) ئ. ئاچماق، تاپماق، بىر نەرسىنى ياكى بىر ئىشنى باشلاپ تاپماق؛ ئاشكارىلىماق، پاش قىلماق: كەشف ئەتمەك ــ ئاچماق، تاپماق؛ كەشف جىنايەت ــ جىنايەتنى پاش قىلماق

**كەشفىيات** (كشفيات) ئ. تېپىندىلار، تېپىلمىلار، تېپىندا؛ قېزىندا (يەر ئاستىدىن چىققان يادىكارلىق)؛ ئىلمى ئىزدىنىش.

**كەششىش** (كشيش) پ. پوپ،

ماناخ، روھانى (بۇ سۆز
"كىشىش" دەپمۇ ئېيتىلىدۇ).

**كەف** (كف) پ. كۆپۈك،
ماغزاپ؛ قاقىرىق، خەپرۇك؛
قارا بوياق: كەف دەريا —
دېڭىز يۈزىدىكى كۆپۈك،
بۇژغۇن؛ كەف سابۇن —
سوپۇن ماغزىپى؛ كەف چاچ-
ماق — ئېغىزدىن كۆپۈك
چاچراتماق. كۆچ: جاۋرىماق.

**كەف** (كف) ئ. ئالقان، قول:
تاپان؛ تاپان؛ بىر ئۇچۇم،
بىر باغلام؛ سىرت، يۈز،
ئۈست؛ پول، تاختاي؛ تارازا
تەخسىسى؛ چاۋاك.

**كەفف** (كف) پ. چەكلىمەك.
تىزگىنلىمەك، توختاتماق؛
ئۈزۈلمەك.

**كەفا** (كفا) پ. ئاپەت،
بەختسىزلىك؛ قىينچىلىق.

**كەفارە** (كفاره) ئ. "كەف-
فارەت"كە قاراڭ.

**كەففارەت** (كفارت) ئ.
كاپارەت، بىرەر زور گۇناھى
يۇيۇش ئۈچۈن قىلىنىدىغان
ئىش، گۇنادىن ئېرىش

(يالغان ئانت ئىچكەن كىشى
كاپارەت بېرىدۇ).

**كەفالەت** (كفالت) ئ. كاپا-
لەت؛ مەسئۇلىيەتنى ئۈز ئۈس-
تىگە ئالماق؛ ۋاكالەتلىك
قىلماق، ئورنىنى باسماق.

**كەففە** (كفه) ئ. تارازا پەل-
لىسى؛ كۆچ: ئاسماندىكى
ئون ئىككى بۇرجنىڭ يەتتىن-
چىسى يەنى مىزان بۇرجى.

**كەفچە** (كفچه) پ. چۆمۈچ،
ساپلىق؛ كۆزەينەك باشلىق
يىلان.

**كەفش** (كفش) پ. كەش،
ئاياق: كەفش دۇز — ئاياق
تىكۈچى، موزدۇز.

**كەفشەك** (كفشك) پ. كىچىك
ئاياق؛ ئات تۇۋىقى، پۇت.

**كەفشكەن** (كفش كن) پ.
بوسۇغا، مۇجۇق؛ قوبۇلخانا.

**كەفەرە** (كفره) ئ. كاپىرلار،
ئاللانى ئىنكار قىلغۇچىلار،
كۇپپار.

**كەفەن** (كفن) پ. ئۆلۈكنى
ئورايدىغان ئاق بۆز؛ ئاخ-
رەت كىيىمى.

كەفلىز (كفليز) پ. كەپكىر.
كەك (كك) ئۆچ، ئاداۋەت، ئىنتىقام: كەكچى — ئاداۋەتچى؛ كىكى يامان — قاتتىق ئاداۋەت ساقلايدىغان.
كەك (كك) پ. بۆرگە.
كەكچە (ككچه) پ. چىگىت (پاختا چىگىتى)
كەكمەك (كاك مك) پ. چىپار، چىكىم - چىكىم.
كەگدە (ككده) قەغەز.
كەئب[1] (كعب) ئ. كۆپ يىلتىزى (ماتېماتىكىدا): ئىستىغراج كەئب — يىلتىز چىقىرىش.
كەئب[2] (كعب) ئ. ئوشۇق، توپۇق؛ سوڭ.
كەئبە (كعبه) ئ. مەككىدىكى مۇبارەك ئۆي (بۇ ئۆي ئوشۇق شەكلىدە بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان)؛ ئوشۇق؛ تۆت چاسا بىنا؛ مەركەز؛ مۇھىم مەقسەت.
كەي (كى) پ. قاچان، قايسى چاغ.
كەياخەن (كياخن) پ. تىچ، جىم، ئاستا؛ ئاجىز، مۇلايىم.
كەيارا (كيارا) پ. قايغۇ، مۇڭ، قايغۇرماق، ئىچى پۇشماق.
كەيد (كيد) ئ. ھىلە - مىكىر؛ ئازدۇرماق، ئالدىماق؛ ئاسترتىن ئويلىماق.
كەيسە (كيسه) پ. قاپچۇق، پۇل خالتىسى: كەيسە بۇر — يانچۇقچى.
كەيف[1] (كيف) ئ. ئىچىملىك ئىچكەندىن كېيىنكى روھلىنىش سەزگۈسى: خۇشاللىق، لەززەت، زوق؛ سالامەتلىك؛ مەس قىلىدىغان نەرسە.
كەيف[2] (كيف) ئ. ئۇسۇل؛ قانداق، نىمىشقا.
كەيف (كيف) پ. سومكا، خالتا، پۇل قاپچۇغى: كەيف سەپەرى — سەپەر خالتىسى؛ كەيف شىكارى — ئوۋ خالتىسى.
كەيفىيەت (كيفيت) ئ. سۈپەت؛ ئەھۋال؛ ئۇسۇل؛ زوق، لەززەت، خۇشاللىق، روھلىنىش.

**كەيفىيات** (كيفيات) ئ. "كەيفىيەت"نىڭ كۆپلۈكى.

**كەيۋان** (كيوان) ئ. زوھەل يۇلتۇزى (ساتۇرىن)؛ ئاسمان.

**كەلا** (كلا) پ. پاقا.

**كەلاغ** (كلاغ) پ. ئالاقاغا.

**كەلاك** (كلاك) پ. دالا، چۆل.

**كەلال** (كلال) پ. ھېرىش، ھارغىنلىق؛ ئېغىرلىق، مالال؛ يېتىم بالا؛ بالىسىز ئادەم.

**كەللا** (كلا) پ. ھەرگىز، زادى، قىلچە.

**كەلام** (كلام) ئ. سۆز، تىل، گەپ، نۇتۇق؛ جۈملە؛ ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي قائىدىلىرى توغرىسىدىكى ئىلىم، دىنىي پەلسەپە: كەلام ئەخبارى — بايان جۈملە؛ كەلام ئىلاھى — ئاللانىڭ سۆزى (قۇرئان)؛ كەلامۇللا — ئاللانىڭ سۆزى يەنى قۇرئان؛ كەلام مەنسۇر — سەنۋىسىن، ئوچېرك؛ كەلام مەنزۇم — شېئىر؛ ئەھلى كەلام — ناتىق، سۆزمەن كىشى؛ جان كەلام — نۇتۇقنىڭ مۇھىم نۇقتىسى.

**كەلان** (كلان) پ. چوڭ، بۈيۈك، يوغان؛ ياشانغان.

**كەلانتەر** (كلانتر) پ. چوڭ ياشلىق؛ مەھەللە باشلىقى؛ شەھەر باشلىقى.

**كەلب** (كلب) ئ. ئىت، كۈچۈك ("كەلبەك"مۇ دېيىلىدۇ).

**كەللە** (كله) پ. باش، كاللا؛ ئۈست، چوققا، ئۇچ؛ بىر توپ ئادەمنىڭ بىرى؛ نوپۇس بېجى (جان بېشىغا تۆلىنىدىغان باج): كەلەپا — بېشى قىڭغىيىپ چۈشمەك، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشمەك؛ كەللە پاچە — كاللا پاقالچاق؛ كەللە پۇر بار — تەكەببۇر، ئاتىنكاچى؛ كەللە پەزى — كاللا - پاچاق ساتقۇچى؛ كەللەخەر — جاھىل گال، قاشاڭ. كەللە پۇش — ياغلىق، رومال؛ كەللە خەشەك — دۆت، ئەخمەق، كاللىسى يوق.

**كەلگۈ** (كلكو) كېلىۋاتقان كۈنلەر، كېلىدىغان كۈنلەر.

**كەلىسا** (كليسا) پ. خىرىستىيانلار ئىبادەتخانىسى.

**كەلگىز** (كلنكز) كەلكۈن، تاشقىن.

**كەلىم** (كليم) ئ. سۆزلەگۈچى، ھەمسۆھبەت؛ سۆزلەر، كەلىمىلەر.

**كەلىمە** (كلمه) ئ. سۆز، گەپ، نۇتۇق.

**كەلىمات** (كلمات) ئ. سۆزلەر، كەلىمىلەر.

**كەلىنگۈن** (كلنكون) كېلىنلەر.

**كەلەب** (كلب) مال سەمرىتىدىغان بىر خىل تاغ ئوتى.

**كەلەب** (كلب) پ. ئۇسسۇزلۇق؛ ئاچكۆزلۈك.

**كەلەك**[1] (كلك) پ. ھىيلە، ئال، سۈيىقەست؛ ئاۋارىچىلىق، باش ئاغرىقى: كەلەك باز — ئالدامچى.

**كەلەك**[2] (كلك) پ. سال، تۇلۇم؛ چوغدان؛ تاز؛ قوشقار؛ بۇقا؛ خام قوغۇن.

**كەلەل** (كلل) پ. دوپپىغا قادالغان پەر، چېچەك.

**كەلەم** (كلم) پ. ئاقۋسلەك، يېسىۋلەك، بەسەي،

**كەم** (كم) پ. ئاز؛ كەم: كەم باھا — ئەرزان؛ كەم ئاب — سۈيى كەم، سۈيى ئاز؛ قۇرغاق؛ پارقىرىمايدىغان (چىنتاشقا قارىتىلىدۇ)؛ كەم ئاتىيە — ئىستىقبالسىز؛ كەمتەر — ئازراق، تېخىمۇ ئاز؛ كەمتەرىن — ئەڭ ئاز؛ ئەڭ ئەرزىمەس، ئەڭ تۆۋەن؛ كەم تەۋان — قابىلىيىتى ئاز؛ كەم جۇرئەت — غەيرەتسىز، جۇرئەتسىز، تۇغۇچى يوق، يۈرەكسىز؛ كەم جەمئىيەت — ئاھالىسى شالاڭ، نوپۇسى ئاز؛ كەم ھافىزە — ئەستە ساقلاش كۈچى ئاجىز؛ كەم ھوقۇق — تۆۋەن مائاشلىق، تۆۋەن ھەقلىق؛ كەم خەرج — ئەرزان؛ تېجەشلىك؛ كەم خاب — ئۇيقۇسى ئاز.

**كەما** (كما) ئ. خۇددى، ئەينەن، دەك.

**كەماھى** (كماهى) ئەپ. يوقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**كەمال** (كمال) ئ. تولۇقلۇق، تولغۇنلۇق، يېتۈكلۈك، يېتىشكەنلىك، مۇكەممەللىك، چېكىگە يەتكەنلىك؛ يېتىلگەنلىك؛ تالانت، ئىقتىدار.

**كەمالەت** (كمالات) ئ. تالانت، ئىقتىدار، قابىلىيەت، يېتۈكلۈك.

**كەمالىيەت** (كماليت) ئ. "كەمال"غا ئوخشاش.

**كەمان** (كمان) پ. يا، ياي، ياچاق؛ ئەگمە، ئەگمە ئىشىك؛ چەمبىرەك.

**كەماندار** (كماندار) پ. ئوقيا ئېتىش ئۇستىسى.

**كەمانگەر** (كمانگر) پ. يا ياسىغۇچى ئۇستا.

**كەمانخانە** (كمانخانه) پ. ئوقيا ئېتىشنى مەشق قىلىدىغان ئۆي. كۆپ: قاش.

**كەمانكەش** (كمان كش) پ. ئوقيا ئاتقۇچى.

**كەماكانە** (كماكان) ئ. بولغىنىچە، يەنىلا.

**كەمبەغەل** (كم بغل) پ. كەمبەغەل، يوقسۇل (قولتۇغىدا نەرسىسى يوق).

**كەمسۇد** (كم سود) پ. پايدىسى ئاز، ئۈنۈمى ئاز.

**كەم-كەم** (كم كم) پ. بىردىن-بىردىن، ئاستا-ئاستا.

**كەمىن** (كەمين) پ. پانا جاي، خىلۋەت جاي.

**كەمىنە** (كمينه) پ. ھەقىر، تۆۋەن دەرىجىلىك، كىچىك، ئەرزىمەس.

**كەمىنگاھ** (كمينگاه) پ. پانا جاي، يوشۇرۇنىدىغان جاي.

**كەمياب** (كمياب) پ. تاڭسۇق، نادىر، ئاز، بەك ئاز تېپىلىدىغان.

**كەمەند** پ. سىرتماق، سالما. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
ھالقا-ھالقا زۇلفىنى بوينۇمغا ئەيلەپ كەمەند، ئاقىبەت بى خانىمان ئەيلەپ گادا ئۆلتۈرگۇدەك.
(نۆبىتى)

**كەن** (كن) پ. كەنت (كەنت-

نىڭ قىسقارتىلىشى).

كەن (كن) پ. سۆز بىرىك-
مىسىدە كوۋلىغۇچى، قازغۇچى
مەنىسىدە كېلىدۇ: كوھ-
كەن — تاغ قازغۇچى؛ نەقب-
كەن — يەر ئاستىدىن يول
قازغۇچى، تۆشۈك قازغۇچى.

كەنار (كنار) پ. كانار،
قىرغاق، چەت، گىرۋەك. كۆچ:
قۇچاقلاشماق ("كنار" دەپمۇ
ئېيتىلىدۇ).

كەنج (كنج) پ. كىچىك تىل؛
يوغان، زور؛ فىل كەنج —
يوغان پىل.

كەند (كند) پ. كەنت،
مەھەللە؛ قەلئە، قورغان.

كەندەر (كندر) پ. شەھەر؛
ئاھالە پونكتى.

كەنز (كنز) پ. توپلانغان
مال، خەزىنە، ئاقچا،
جۇغلانما.

كەنزەن (كنزن) ئ.
"كەنز"گە قاراڭ.

كەنەب (كنب) پ. كەندىر،
كەندىر ئۇرۇغى.

كەنىز (كنيز). پ. چۆرە،
خىزمەتچى خوتۇن.

كەنۇز (كنوز) ئ. "كەنز"
نىڭ كۆپلۈكى.

كەگرەنۇ (كنكرنو) ھال
ئېيتماق.

كەۋاكىب (كواكب) ئ. "كەۋ-
كەب"نىڭ كۆپلۈكى. شېئىردا
مۇنداق كەلگەن: كۆيۈپ
ئەفلاك ئۆرتەنگەي مەلەك
تىترەر كەۋاكىبلار، چېكىپ
ئەفغان غەم سەيلى شەرھى
ماجرا تۇتساڭ.
(سۇبۇرى)

كەۋسەر (كوثر) ئ. جەننەت-
تىكى بىر بۇلاقنىڭ ئېتى.

كەۋكەب (كوكب) ئ. يۇل-
تۇز؛ كەۋكەبى نەھس —
يامانلىق يۇلتۇزى.

كەۋكەبە (كوكبه) ئ. يۇل-
تۇز؛ گۇرۇھ، توپ؛ سەۋلەت،
كۆركەملىك، دەبدەبە.

كەۋكەبىستان (كوكبستان)
ئىپ. يۇلتۇززار، ئاسمان.

كەۋكەبكۇن (كوكب كون)
ئىپ. يۇلتۇزغا ئوخشىغان،
يالتىراق، چىرايلىق.

**كەۋن** (كون) ئ. بارلىق، مەۋجۇتلۇق؛ دۇنيا: كەۋنۇ ماكان — دۇنيا، ئالەم. مەۋجۇدات، بارلىق، كائىنات.

**كەۋەل** (كول) يورغا؛ كەۋەل ئات — يورغا ئات.

**كىبار** (كبار) ئ. چوڭلار، مەنسەپدارلار؛ ئۇلۇغ، زور، بۈيۈك كىشلەر: كىبار ئەسهاب — ساهابىلەرنىڭ چوڭلىرى.

**كىبارانە** (كبارانه) ئ. ئۇلۇغلارچە، چوڭ، مەرتىۋىلىك كىشلەرگە ئوخشاش.

**كىبرىت** (كبريت) ئ. گۈگۈرت.

**كىبرىيا** (كبريا) ئ. چوڭلار، ئۇلۇغلار.

**كىبەر** (كبر) ئ. ئۇلۇغلۇق، قېرىلىق.

**كېبك** (كبك) كەكلىك: كېبكى دەرى — تاغ كەكلىكى.

**كىتابەت** (كتابت) ئ. يېزىق، يېزىش ھۈنىرى.

**كىتابى** (كتابى) ئ. تەگرى كىتابلىرىغا ئىشەنگۈچى كىشى (ئەر)

**كىتابىيە** (كتابيه) ئ. كىتابى خوتۇن.

**كىتابە** (كتابه) ئ. قەۋرە تاشلىرىغا، چوڭ دەرۋازىلارغا ۋە بىنا تاملىرىغا يېزىلغان ياكى ئويۇلغان چوڭ يېزىق.

**كىتمان** (كتمان) ئ. يوشۇرماق، پاش قىلماسلىق.

**كىتىف** (كتف) ئ. يەلكە، مۈرە، دولا.

**كىرائ** (كراء) ئ. ھەق، يال، ئەجر، كىرا.

**كىرايە** (كرايه) ئ. كىرا؛ ياللىنىش ھەققى، ئىجارە، ئىجارە ھەققى، كىرا ھەققى؛ باھا، قىممەت.

**كىرام** (كرام) ئ. كەرىملەر، ئۇلۇغلار، قەدىرلىكلەر: ئەسهاب كىرام — ھۆرمەتلىك ساهابىلەر. كىرامى قەدىر — ھۆرمەتلىك، قەدىرلىك.

**كىرامەند** (كرامند) ئۈپ. قىممەتلىك؛ ئەزىز، ئىززەتلىك.

**كىرتۇ**[1] (كرتو) سادىق،

چىن، چىنلىق، ھەقىقەت، پۇختا، توغرا، توغرىلىق. ئىشەنچلىك: ئول تەگرىگە كىرتىندى — ئۇ تەگرىگە ئىشەندى.

**كىرتۇ**[2] (كرتو) قەسەم.

**كىرتگۈنچ** (كرتكنچ) سادىق، ساداقەتمەن: كىرتكۈنچ كۆڭۈل — سادىق كۆڭۈل.

**كىردار** (كردار) پ. قىلىق، ھەرىكەت.

**كىردىك** (كرديك) چېدىر.

**كىرىزان** (كريزان) پ. قاچىماق، يىراقلاشماق.

**كىرىش** (كرش) كىرىچ، ئوقيانىڭ كىرىچى؛ كىرىم.

**كىرگەك** (كركك) كېرەك: ساڭا نەكىرگەك ئەرۈر — ساڭا نىمە كېرەك؟

**كىرىنغۇرغ** (كرنغروغ) جاڭ، چىنغىرداق، قوڭغۇراق.

**كىزب** (كذب) ئ. يالغان، ساختا.

**كىزىز** (كذز) كىگىز.

**كىزىن** (كزين) كېيىن، قائار.

**كىس** (كس) خوتۇن، ئۆي كىشىسى.

**كىسە** (كيسە) ئ. چۆنتەك، ھەميان.

**كىسۋەت** (كسوت) ئ. كىيىم-كېچەك، ئۈستىۋاش.

**كىش**[1] (كيش) پ. ئادەت؛ يول، مەسلەك، دىن: ۋەفاكىش — ۋاپالىق.

**كىش**[2] (كيش) پ. ئوقدان.

**كىشاۋەرزى** (كشاورزى) پ. يەر تېرىغۇچى؛ ئېكىنچى، تېرىمچى، دېھقان.

**كىشتى** (كشتى) پ. كېمە.

**كىشتىيان** (كشتيان) پ. كېمە باشلىغى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: باش چىقاردى ھەر تەرەفدىن يۈز نەھەڭ، كىشتىيۇ ھەم كىشتىبانىنى قىلدى تەڭ.

(زەلىلى)

**كىشتكار** (كشتكار) پ. دېھقان، تېرىمچى.

**كىشتكارى** (كشتكارى) پ. دىخانچىلىق، ئېكىنچىلىك.

**كىشۋەر** (كشور) پ. مەملە-

كەت، ۋلايەت، ئقلم.

**كشۋەرئاراي** (كشور آراى) پ. مەملكەتنى بېزەـگۆچى، ئاۋات قلغۆچى.

**كشۋەرپاناھ** (كشورپناه) پ. مەملكەت ھامىسى، پادشا.

**كشۋەرگەر** (كشوركر) پ. مەملكەت ئالغۆچى، جاھانگىر.

**كشۋەرستان** (كشورستان) پ. "كشۋەرگەر"گە قاراڭ.

**كفاف** (كفاف) پ. ئوزۇق، يېمەكلك.

**كفايەت** (كفايت) ئ. يەتـمەك، يېتەرلك بولماق، لاياـقەت، ئقتدار، كۆپايە.

**كفل** (كفل) ئ. ئات ياكى تۆگلەر ئۈستگە يېپپلىدىغان گلەمچە.

**كلاب** (كلاب) ئ. "كەلب" نڭ كۆپلۈگى (ئتلار، كۈچۈكلەر).

**كلداش** (كيلدا) يولداش، رەفىق، ئارقاداش.

**كلد** (كليد) پ. ئاچقۇچ، كلت.

**كمر** (كيمر) پ. كامار ياكى غار: ئەگمە: كېمر تۆي — ئەگمە تۆي.

**كمياءُ** (كيمياء) ئ. ئالتۇن ئېرتىش بلمى، خىميە.

**كمياگەر** (كيمياگر) ئپ. خىميە ئالمى (مۇتەخەسسسى)، خىمك.

**كن** (كين) پ. ئۆچ، كەك، ئاداۋەت، يوشۇرۇن زىتلق ("كنە"مۇ دېيلدۇ): كنە كەش — كەكچى، ئاداۋەتچى.

**كنار** (كنار) پ. "كەنار"غا قاراڭ.

**كنارە** (كنارە) پ. يۇقۇردىكگە ئوخشاش.

**كنايە** (كنايە) ئ. كنكتمە؛ ئشارەت؛ تەئنە. زاڭلق، ياپتى گەپ؛ ئوخشتش.

**كۇ** (كو) پ. نەدە، قەيەردە: قەلەم مەن كۇ — مېنىڭ قەلەمم نەدە؟

**كۇبەراءُ** (كبراء) ئ. "كەبر" نىڭ كۆپلۈگى (چوڭلار، ئۇلۇغلار).

**كۇبرى** (كبرى) ئ. ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ كاتتا.

**كۇبەن** (كبن) تۆگىنىڭ
چومى، توقۇم.
**كۇتاه** (كوتاه) پ. كۆتە،
قىسقا، كەم، قوسۇر.
**كۇتتاب** (كتاب) ئ. كاتىپنىڭ
كۆپلۈگى (كاتىپلار، پۈتۈك-
چىلە، يازغۇچىلار)
**كۆترۇم** (كترم) كۆتەمە،
سوپا.
**كۇتەك** (كتك) پ. ئۇرماق:
كۇتەك خوردەن — ئۇرۇلماق،
تاياق يىمەك.
**كۇتلە** (كتله) ئ. نەرسىنىڭ
چوڭ بىر كېسگى، پارچىسى،
بىر بۆلىگى.
**كۇتۇب** (كتب) ئ. "كىتاب"
نىڭ كۆپلۈگى (كىتاپلار)
**كۆتەن** (كوتن) ئۇچەينىڭ
يوغان بېشى.
**كۇجا** (كجا) پ. قايدا، قايسى
يەردە، قېنى: هەر كۇجا —
هەر يەردە، كۆرۈنگەن يەردە،
دەر كۇجا — قەيەردە؟
**كۇجائى** (كجائى) ئ. قەيەر-
لىك، قەيەردە تۇغۇلغان.
**كۆجە** (كوجە) قاچۇرىنىڭ
يىلىمى: ئىسرىق ئورنىدا
يېقىلىدىغان خۇشپۇراق نوكچا،
شاڭ، كۇجە.
**كۆچ**[1] (كج) كۆچۈش،
كۆچمە، كۆچمەنلىك؛
كۆچۈش ئۇستىدىكى بىر
كۇنلۈك يول ئارىلىغى: كۆچ-
نىشىن — كۆچكۈچى.
**كۆچ**[2] (كج) رەپىقە، خوتۇن
(ئەرلىك خوتۇن).
**كۆچ**[3] (كج) دەم، پەيت،
بىرئاز: بىر كۆچ كۇزگىل —
بىردەم كۇتكىن، بىرئاز كۇت.
**كۇچال** (كوچال) پ. ئۆي
جابدۇقى.
**كۇچە** (كوچە) پ. كىچىك
كوچا، تار كوچا.
**كۇچىك** (كوچك) پ. كىچىك.
كۇچىك دىل — قورقۇنچاق.
**كۇچىكۇي** (كوچىكۇي) پ.
كوچا، تار يول، تۆت كوچا
ئاغزى، تۆت بەلدىر.
**كۆچە** (كجە) ئەرلىك
خوتۇن، رەپىقە ("كۆچ"كە
قاراڭ).
**كۆچۈت** (كجت) ئات-

ئۆلاق.

**كۇھ** (كوه) پ. تاغ: كۇھبەكۇ — تاغمۇ-تاغ.

**كۇھ پايە** (كوه‌پايە) پ. تاغ ئېتىكى.

**كۇھچە** (كوه‌چە) پ. كىچىك تاغ، ئېدىر، تۆپە.

**كۇھكەن** (كوهكن) پ. تاغ قازغۇچى(پەرھادنىڭ لەقىمى)

**كۇھسار** (كوه‌سار) پ. تاغلار، تاغلىق جايلار.

**كۇھستان** (كوهستان) پ. تاغلار، تاغلىق.

**كۇھى قاپ** (كوهى قاب) پ. قاپ تاغى.

**كۇھى غەم** (كوهى غم) پ. غەم تېشى، غەم تېغى.

**كۇھەن** (كهن) پ. قېرى، كونا،قەدىمكى كۇھەن سال — ياشانغان.

**كۇھل** (كحل) ئ. سۈرمە، زىننەت بۇيۇمى.

**كوهنه** (كهنه) پ. كونا، قېرى: كوهنه ھەرىپ — كونا سەپداش، كونا. تونۇش؛ كوهنەكار — قېرى مەككار.

**كۇدەز** (كدز) ئاسرىماق، قوغدىماق، مۇھاپىزەت قىلماق؛ قارىماق، نازارەت قىلماق.

**كۇدەزمەك** (كدزمك) نازارەت قىلماق، كۆز-قۇلاق بولماق؛ ئاسرىماق، قوغدىماق.

**كودەك** (كودك) پ. بالا، ئوغۇل بالا.

**كودەكانە** (كودكانە) پ. بالىلارچە.

**كۇدەن** (كدن) مېھمان، قوناق؛ بالىغا ئات قويۇش زىياپىتى.

**كور** (كور) پ. قارغۇ: كوردىل — غالجىرلاشقان.

**كوران** (كوران) پ. ئېقىش؛ كۆچۈش.

**كۇربەت** (كربت) ئ. قايغۇلۇق بولماق.

**كۇرت** (كرت) ئىرغاي دەرىخى.

**كۇرسى** (كرسى) پ. ئولتۇرىدىغان ئورۇن، ئورۇندۇق، ئولتۇرغۇچ: كۇرسى دۇ-

لەت ــ پادىشالىق ئورنى،
تەخت.
**كۆرك** (كورك) تۇرق، قىيا-
پەت، كۆرۈنۈش، مەنزىرە،
چىرايلىق كۆرۈنۈش.
**كۇرۇك** (كورك) ناغرا، دۇم-
باق.
**كۆركسىز** (كوركسز) سەت،
كۆرۈمسىز.
**كۆركۋاي** (كوركواي) بەك
چىرايلىق، گۈزەل، ھۆسنى
جامال ئىگىسى.
**كۆركەنمەك** (كوركنمك)
گۈزەللەشمەك، چىرايلىق-
لاشماق.
**كۆركلەر** (كوركلر) چىرايلىق
خوتۇن.
**كۆركلۈك** (كۆركلۈك) چىراي-
لىق، گۈزەل، سۇباتلىق،
سەتەڭ.
**كوركورانە** (كوركورانە) پ.
قارغۇلارچە.
**كوركۇز** (كوركوز) ئالامەت،
ئەسەر، نىشان.
**كۆركۇم** (كوركوم) زاراڭزا.
**كورگان** (كورگان) پ. پادى-
شانىڭ كۈيوغلى.
**كۆرگۈر** (كوركور) يولىۋورۇق.
**كۆرنزلۇك** (كريزلۆك) كۆچ-
قۇۋۋەتتىن قالغانلىق، قېرىلىق.
**كۆرۈم** (كوروم) قىياپەت،
تۇرق، تۇس.
**كۆرۈمچى** (كورومجى)
ئادەمنىڭ تۇس-تۇرقىغا
قاراپ باھا بەرگۈچى.
**كۇرمەت** (كرمت) قاتتىق،
ئەڭ.
**كۇرۇمەك** (كرومك) چىرد-
مەك؛ تەرلىمەك، ھوردىماق.
**كۆرنەك** (كرنك) تەجرىبە،
نەمۇنە؛ بەزم، سۆھبەت،
يىغىلىش، جەمىيەت.
**كۇرە** (كرە) ئ. يۇملاق،
تۆرۈك، دۈگىلەك: يەر كۇر-
رىسى ــ يەر شارى. كۇرەئى
ئەرز ــ يەر، يەر شارى؛
كۇرەۋى ــ يۇملاق، دۇگە-
لەك.
**كورە** (كورە) پ. ئوچاق،
مەش.
**كۆرۈگ** (كورك) چارلىغۇچى:
كۆرۈگ كەلدى ــ چارلىغۇچى

كەلدى.

**كۆزگۈ** (كوزگو) ئەينەك.
كۆرسەتمە ئەينەك.

**كۆزكۈنەك** (كزكنك) كۆكە-
نەك (جاغامبايغا ئوخشاپ
كېتىدىغان قۇش).

**كۆزۈكش** (كوزوكش) بوشە-
نىش، كۆزى يورۇش، قورساق-
تىكى بالا ئامان-ئېسەن
يەرگە چۈشۈش.

**كۆزۈكمەك** (كوزوكمك)
تۇغماق، بالا تۇغماق.
يەڭگىمەك.

**كۆزلە** (كوزله) ساقلىماق.

**كۆزۈنچ** (كوزونج) سوغا
قىلىنغان نەرسە.

**كۆزۈنۈك** (كوزونك) دېرىزە،
پەنجىرە.

**كوزەچ** (كزج) كوزا، كوپ.

**كۆزەكۈ** (كوزەكو) كۆسەي،
ئوت چۇخچۇلايدىغان تاياق.

**كوزەك** (كزك) كامان،
بوز ياكى گىلەم توقۇشتا
ئارقاق بىلەن ئۇرۇشنى
ئايرىپ تۇرىدىغان بىر
خىل ئەسۋاپ.

**كۈزەك** (كوزك) كۈز پەسلى،
كۈز مەۋسىمى، غازاڭ ۋاقتى.

**كۈزەن** (كزن) سېسىق
كۈزەن (چاچقان جىنسىدىكى
ھايۋان).

**كۈسى** (كوسى) "كۈجە"گە
قاراڭ.

**كۆسەك** (كوسك) كېۋەزنىڭ
بېشى، غوزىسى، غوزەك.

**كوسەن** (كسن) كۈچار شەھە-
رىنىڭ قەدىمقى ئاتىلىشى.

**كۈسۈر** (كسور) ئ. كەسىر-
لەر، بۆلۈنگەن بۆلەكلەر،
ھېساپ ئىلمىدا پۈتۈن بولمى-
غان سانلار.

**كۈسۈرات** (كسورات) ئ.
يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**كۈسۈش** (كسوش) ئارزۇ،
تەلەپ، ئارمان، كۆڭۈل، ئىخ-
تىيار، خاھىش.

**كۈسۈف** (كسوف) ئ. قۇياش-
نىڭ قارىيىپ كۆرۈنۈشى،
كۈنىنىڭ تۇتۇلۇشى (ئاي
تۇتۇلسا "خۇسۇف" دېيى-
لىدۇ).

**كۆسۈلگۈ** (كوسولكو) كۆر-

سەتمە ئەينەك، كۆزگۈ.

**كۆسۈن** (كسون) كۈچ، قۇۋۋەت: كۈچ-كۆسۈن — كۈچ-قۇۋۋەت.

**كۇشا** (كوشا) پ. تىرىشچان، ئىجتىھاتلىق.

**كۇشاد** (كشاد) پ. ئوچۇق، كەڭ، ئازادە؛ ئۇتۇق، مۇۋەپپەقىيەت.

**كۇشتار** (كشتار) پ. قانلىق ئۇرۇش، قىرىش-ئۆلتۈرۈش.

**كۇشتارگاھ** (كشتارگاه) پ. قۇشخانا.

**كۇشتە** (كشته) پ. ئۆلتۈرۈلگەن، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ جەسەدى؛ مىتاللارنى ئېزىپ باشقا نەرسىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان دورىلار، مىللىي تىبابەتچىلىكتە كۇشتى دورىلار دەپ ئاتىلىدۇ.

**كۇشتەن** (كشتن) پ. ئۆلتۈرمەك.

**كۇشتى** (كشتى) پ. كۆرەش، چېلىش، ئېلىشىش.

**كۇشتىگەر** (كۇشتى گر) پ. كۈچلۈك، چېلىشچى.

**كۇشتىگىر** (كشتى گير) پ. چېلىشچى، پەھلىۋان.

**كوشك** (كوشك) پ. ئېگىز ئۆي، ئايۋان ساراي، قەسىر، ھەشەمەتلىك ئۆي، باغچا ئىچىگە سېلىنغان ئۆي ("شك"مۇ دېيىلىدۇ).

**كۇشىش** (كشش) پ. ئۆلتۈرمەك، ئادەم ئۆلتۈرمەك.

**كۇشە** (كوشه) پ. بۇلۇڭ-پۇچقاق، خالى جاي: كۇشەئى خالى — خالى جاي.

**كۇفات** (كفات) پ. قابىلىيەتلىك كىشى.

**كۇففار** (كفار) ئ. دىنسىزلار، كاپىرلار، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلەر.

**كۇفر** (كفر) ئ. دىنسىزلىق، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە قارشى سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەت قىلماق، ئىنكار قىلماق، ئىشەنمەسلىك.

**كۇفران** (كفران) ئ. كۆرگەن ياخشىلىقنى ئۇنتۇماق، قەدرىنى بىلمەسلىك، ۋاپاسىزلىق، نانكورلۇق، نان تەپكۈ-

لۇك: كۇفرانى نىئمەت ــ نىمەت قەدرىنى بىلمەسلىك.

**كۇفۇە** (كفو) ئ. شېرىك، تەڭداش: تەڭرىنىڭ كۇفۇسى يوق ــ تەڭرىنىڭ تەڭدىشى يوق.

**كۆك** (كوك) يىلتىز، مەنبە، پوست.

**كۆكتالغۇ** توك ـ توك قۇش.

شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
چۇكۆكتالغۇ سەۋدا بولۇر
ھەرسەباھ، تاپالماي جەھانىنىڭ ئىشقە سەلاھ.
(ئا. نىزارى)

**كۆكتەمەك** (كوكتمك) ساز چالماق، نەغمە قىلماق، (بۇ سۆز "كوكتەمەك" دەپمۇ ئىيتىلىدۇ. سۆزنىڭ تومۇرى كۆگ).

**كۆگەگۈن** (كوكەكون) پاشا.

**كۆكەي** (كوكى) دىل.

**كۆكنار** (كوكنار) پ. ئەپيۇن ئۆسۈملۈگى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇقى.

**كۆكۈز** (ككز) كۆكرەك، كۆكس.

**كۆگ** (كوك) ناخشا، كۈي، ساز.

**كۆگىز** (كوكز) "كۆكۈز"گە ئوخشاش.

**كۆڭ** (كونك) كۆڭ، قۇل ئايال، تىبجەمەل، دىدەك، چۆرە.

**كۈي** (كوى) پ. كوچا، مەھەللە، ئاۋۇل.

**كۆيەنچى** (كوينچى) تۆمۈرچىنىڭ شاگىرتى.

**كۇلاھ** (كلاه) پ. بۆك، دەرۋىشلەر تۇمىغى، قالپاق؛ ئۇزۇن ۋە ئۇچلۇق قىلىپ تىكىلگەن باش كىيىم، سەللە ئوراشقىمۇ بولىدۇ.

**كۇلاھبەردار** (كلاەبردار) پ. ئالدامچى.

**كۇلال** (كلال) پ. ساپال تاۋاق ۋە باشقا نەرسىلەرنى ياسايدىغان ھۈنەرمەن، كوزىچى، تاۋاقچى.

**كۇلبە** (كلبە) پ. ئۆي، خانا، بالىخانا، ساتما.

**كۆلفەت** (كلفت) ئ. قىيىن-
لىق، ئېغىرچىلىق، مۇشەق-
قەت، ئەلەم، قايغۇ، كەلگۈ-
لۈك.
**كۆلفەتگاھ** (كلفتكاه) ئپ.
كۆلپەت ئورنى، قايغۇ ئۆيى.
**كۈلل** (كل) ئ. ھەممە،
بارلىق، جىمى، پۈتكۈل:
كۈللى جاھان — پۈتكۈل
جاھان، كۈللى شەيئى —
بارچە نەرسىلەر؛ جىمى
نەرسىلەر.
**كۈللىيەت** (كليت) ئ. بارلىق،
پۈتكۈل بار نەرسىلەر.
**كۈللىيات** (كليات) ئ. توپ-
لام، مەجمۇئە، يىغىلغان
كىتاپلار.
**كۆلۈك** (كولوك) يۈك ھاي-
ۋىنى، ئۇلاق؛ ھارۋا.
**كۆمەك** (كومك) ياردەم،
ھىمايە، ئىئانە: كۆمەكچى
پېئىل — ياردەمچى پېئىل؛
كۆمەكچى قوشۇن — ياردەمگە
كەلگەن قوشۇن.
**كۆملە** (كومله) يىغىندا،
بىر يىكىندە.

**كۆمەرمەك** (كمرمك) تەتۈر
ئايلاندۇرماق، ئاغدۇرىماق.
**كۆمەچ** (كمج) نان، كۆمەچ
نان.
**كۆمىچى** (كوميچى) سىرىق
ماي، تۇخۇم ۋە سۈت بىلەن
يۇغۇرۇپ پىشۇرۇلىدىغان بىر
خىل نان.
**كۆمۈچ** (كمج) كۆمۈك،
كۆمۈلگەن خەزىنە.
**كۈناي** (كوناى) كۈنتۇغار،
شەرق، كۈنچىقار، مەشرىق.
**كۈنتۇئىن** (كونتوئين) ئ.
ئۇۋا؛ يوشۇرۇنغان جاي.
**كۈنتۇغار** (كونتوغار) شەرق،
مەشرىق، كۈنچىقىش.
**كۈنج** (كنج) پ. بۇلۇڭ،
پۇچقاق ياكى پۇچماق.
**كۈنجايىش** (كنجايش) پ.
ئورۇنلىشىش، جايلىشىش.
**كۈنھى** (كنه) پ. ھەقىقەت،
ئەسىل، چەك، ناھايەت،
ئۇچسىز.
**كۈند**[1] (كند) پ. باتۇر، قورق-
ماس.
**كۈند**[2] (كند) پ. گال، ئۆت-

مەس: كۆنـد زەبان ـــ كىكەچ.

**كۆندۆن** (كندن) جەنۇپ.

**كۆندۆنكى** (كندنكى) جەنۇب تەرەپتىكى.

**كۆندەش** (كـنـدش) قارشى تەرەپ، رىقابەتچى، ئىككى خوتۇننىڭ بىر ئەر نىكاھىدا بىر ئۆيدە بولۇشى. قوشاقتا مۇنداق كەلگەن: ئىككى كۆنـدەش ئۇرۇشتىلار، بىر ئەر ئۇچۇن تۇتۇشتىلار.

**كۆنگۈرە** (كۈن كورە) پ. كۈن چۈشۈش ئۇچۇن ئىچىلـغان ئورۇن، تۆشۈك؛ چىشـلىق قورغان تېمى؛ سېپىل مۇنارىسى؛ چىش، چىشچە.

**كونى** (كونى) راستچىل، سادىق.

**كۆنە** (كونە) كۆندەشلىك، گۇمانخورلۇق، ئىچىتارلىق.

**كۆنەش** (كـتـش) كۈن، قۇياش، ئاپتاپ.

**كۆنەك** (كنك) ئۇۋرىق.

**كۆنەنمەك** (كوننمك) كۈن كۆرمەك.

**كۆۋەز** (كووز) مەغرۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق. كۆۋەزلەنمەك ـــ مەغرۇرلانـماق، تەكەببۇرلۇق قىلماق.

**كۆۋەزلىك** (كوزلك) كۆرەڭـلىك، مەغرۇرلۇق.

**كۆۋگەلىگ** (كـوكـەلـك) كارامەت، ئاجايىپ، غارايىپ.

**كوۋۇركەن** (كوركن) تاغ پىيىزى.

# گ

**گاباره** (گاباره) پ. پادا؛ غار؛ بۆشۇك.

**گاھ** (گاھ) پ. ۋاقىت، چاغ، زامان؛ ئورۇن، جاي؛تەخت؛ ئاۋاز؛ ئۇچاق، مەش.

**گاھ** (گاھ) پ. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپەتتە ۋاقىت، زامان ياكى ئورۇننى بىلدۈ- رۈپ كېلىدۇ: شامگاھ — كەچقۇرۇن، كەچكى شەپەق؛ كەچكى تاماق؛ خوابگاھ — ياتاق، كارۋات.

**گاھ گاھ** (گاھ گاھ) پ. بەزىدە، بەزەن، تۇرۇپلا.

**گاھ بەگاھ** (گاھبگاھ) پ. بەزىدە، بىردە، تۇرۇپ، تۇرۇپلا.

**گاھ گاھى** (گاھگاھى) پ. تۇرۇپلا، تۇساتتىن، بىردىنلا، بەزىدە.

**گاھ گىرى** (گاھگيرى) پ. تەرسا، جاھىل.

**گاھى** (گاھى) پ. بەزىدە، بەزەن، يا، ياكى.

**گاھنامە** (گاھنامە) پ. ۋاقىت- نامە، كالىندار.

**گاھنەما** (گاھنما) پ. ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئەسۋاب، سائەت؛ تەقۋىم، كالىندار؛ كۆننامە، ئاينامە.

**گار** (گار) پ. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، ئۇيغۇرچە- دىكى "چى" قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ: ئامۇزگار — ئوقۇتقۇچى؛ كىردگار — ياراتقۇچى، ئاللاھ.

**گارى** (گارى) پ. ھارۋا؛ مۇقىم ئەمەس، ئۇزاققا بارال- مايدىغان: گارىچى — ھارۋى- كەش؛ گارىخانا — ھارۋا

تۇرىدىغان لاپاس.
**گاز** (گاز) پ. غار، تاغ
غارى.
**گازە** (گازە) پ. كۆلەڭگۈچ.
**گال** (گال) پ. ۋاقىرىماق.
قىچقىرماق.
**گالە** (گالە) پ. تاغار: چوڭ.
يوغان، كەڭ.
**گالدەن** (گاليدن) پ. ۋاقىرد-
ماق، قىچقىرماق: قاچماق:
دومىلانماق، يۇمىلانماق.
**گام** (گام) پ. قەدەم، چام-
دام: گام-بەگام — قەدەم-
مۇ-قەدەم، ئاستا-ئاستا:
گام ئۇرماق، گام قويماق —
قەدەم قويماق، يۈرمەك:
تېزگام — ئىلدام.
**گاۋ** (گاو) پ. ئۆكۈز، كالا:
گاۋمادە — سىيىر، ئىنەك:
گاۋنەر — بۇقا: گاۋ ۋەھ-
شى — ياۋا كالا.
**گاۋبان** (گاوبان) پ. كالا
باققۇچى، پادىچى:
**گاۋخانە** (گاوخانە) پ.
ئېغىل، كالا قوتىنى، قوتان.
**گاۋچەران** (گاوچران) پ.
مالچى، چارۋىچى.
**گاۋران** (گاۋران) پ. كالا
باققۇچى، پادىچى.
**گاۋرىش** (گاۋرش) پ.
دۆت، كالۋا، ئەخمەق.
**گاۋزەبان** (گاوزبان) پ.
كالا تىلىغا ئوخشايدىغان
بىر خىل ئوت.
**گاۋزور** (گاوزور) پ. زور،
باتۇر، چېلىشچى: كالىدەك
كۈچى بار.
**گاۋسار** گاۋسار) پ. كالا
باش: كالا قوتىنى.
**گاۋساندۇق** (گاوسندوق)
ئپ. چوڭ ساندۇق، بىخەتەر
ساندۇق.
**گاوكار** (گاوكار) پ. ئۆكۈز،
تېرىلغۇ كالىسى.
**گاۋمىش** (گاوميش) پ. سۇ
كالىسى.
**گاۋەك** (گاوك) پ. موزاي.
**گەبر** (گبر) پ. ئوتقا چوقۇن-
غۇچى، ئاتەشپەرەس.
**گەبز** (گبز) پ. قويۇق، زىچ،
بۇك، قېلىن.
**گەچ** (گچ) پ. سىگىرتاش:

گەجكارلىق — گەج ئىشلە-
تىش، گەجلەنگەن؛
**گەجچەز** (گج چز) پ. گەج
يەنى سىگىرتاش كۆيدۈر-
گۈچى ئۇستا.
**گەجدۇم** (گجدم) پ. چايان،
سېرىق ئېشەك.
**گەچىد** (گچيد) تاغ ئارىسى-
دىن ئۆتىدىغان يول، ئارد-
لىق، تار يول.
**گەھى** (گهى) پ. گاھى
(شېئىرىيەتتە)
**گەدا** (گدا) پ. گاداي،
تىلەمچى: گەداپىشە —
گادايلىقنى ئادەتلەنگەن.
**گەدەڭ** (گدنك) پ. جىمغۇر،
جانسىز.
**گەر**[1] (گر) پ. ئەگەرنىڭ
قىسقارتمىسى.
**گەر**[2] (گر) پ. سۆز بىرىكمە-
سىدە "قىلغۇچى"، "ئىشلە-
گۈچى" مەنىسىدە كېلىدۇ:
زەرگەر — ئالتۇنچى؛ سۈرەت-
گەر — سۈرەت سىزغۇچى،
رەسسام، ھەيكەلتاراش.
**گەراي** (گراي) پ. سۆز
بىرىكمىسىدە خالىغۇچى، ئىخ-
تىيار قىلغۇچى، ياقتۇرغۇچى
دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ:
غۇربەت گەراي — غۇربەت-
لىكنى ياقتۇرغۇچى.
**گەران** (گران) پ. ئېغىر،
ۋەزمىن: گەرانى — ئېغىرلىق،
يۈك؛ گەران مايە — دەس-
مايىسى ئېغىر، قىممەتلىك
نەرسە، بەك ئەزىز؛ گەران
سەنگ — ئېغىر تاش.
**گەرانبار** (گران بار) پ.
ئېغىر؛ ئېغىر يۈكلۈك،
قىممەت باھالىق.
**گەرانجان** (گران جان) پ.
يالقاۋ، هورۇن، خۇشياقماس،
مىلجىڭ، ئاستا ھەرىكەت
قىلغۇچى؛ ئېغىر تەبىئەت.
**گەرانخاب** (گران خواب)
پ. ئېغىر ئۇيقۇلۇق، قاتتىق
ئۇيقۇدىكى.
**گەرانخىز** (گران خيز) پ. ئاستا
قوزغالغۇچى، قىمىرلىغان.
**گەرراي** (گرراي) پ. ساتىد-
راش؛ قان ئالغۇچى.
**گەرد**[1] (گرد) پ. چاڭ، توزاڭ،

توپا: ئۇۋاق، ئۇپا: گەردى
ئۇلماق — توپراققا ئايلانماق.

**گەرد**² (گرد) پ. سۆز
بىرىكمىسىدە ئايلانغۇچى مەنە-
سىدە كېلىدۇ: ئالەم گەرد —
ئالەمنى ئايلانغۇچى، شەب
گەرد — كېچىسى ئايلانغۇچى،
تۈن قاراۋۇلى. كۆچمە
مەنىدە: ئاي.

**گەردان** (گردان) پ. ئايلان-
غۇچى، ئايلىنىش: گەردان
بولماق — ئايلانماق؛ گۇن-
بەزى گەردان — ئايلانغۇچى
گۇمبەز. كۆچ: پەلەك، ئاس-
مان؛ سەرگەردان — بېشى
ئايلانغان، سەرسان؛
سپىھرى گەردان — كۆچ:
پەلەك، ئاسمان.

**گەردئالۇد** (گردآلود)
پ. چاڭ باسقان، چاڭلىق،
غۇبارلىق.

**گەردى پاي** (گردپاى) پ.
پۇتنىڭ توپىسى.

**گەردى خارى** (گردخارى)
پ. قۇم بورىنى، چاڭ، توزاڭ.

**گەردى دەندان** (گرددندان)
پ. تىش ئۇپىسى.

**گەرد ئەنگىز** (گردانگيز)
پ. چاڭقىتقۇچى، چاڭقىتىد-
غان.

**گەردىش**¹ (گردش) پ. ئاي-
لانماق، ئۆتمەك: گەردىش
بولماق — ئۆلمەك (كۆچمە
مەنىدە).

**گەردىش**² (گردش) پ. چەم-
بىرەك؛ تەسكىرىلىك.

**گەردىشگاھ** (گردشگاه) پ.
خەلق باغچىلىرىدىكى ئايلە-
نىپ تاماشا قىلىدىغان
جايلار.

**گەردەن** (گردن) پ. بويۇن،
گەدەن.

**گەردەنبەستە** (گردن بسته)
پ. بويىنى باغلانغان، بويىنى
باغلاغلىق.

**گەردەنكەش** (گردن كش)
پ. بويۇن تاۋلىق قىلغۇچى،
بوينى قاتتىق، ئىتائەتسىز؛
باتۇر، قەھرىمان؛ مەغرۇر.

**گەردەن فىراز** (گردن فراز)
پ. مەغرۇر، تەكەببۇر.

**گەردەندە** (گردنده) پ.

ئايلانغۇچى، كەزگۈچى.

**گەردنامە** (گردنامە) پ. تۇمار، بىراۋنىڭ بېشىنى ئايلاندۇ-
رۇش غەرەزىدە يېزىلغان
سېھىر قەغىزى.

**گەردۇن** (گردون) پ. ئايلان-
غۇچى پەلەك، ئاسمان؛ دۇنيا؛
تەقدىر، قىسمەت، پېشانە:
گەردۇنگە باش تارتماق —
كۆتۈرۈلمەك، يۇقۇرىلاشماق؛
گەردۇن سۇپەتلىك — ۋاپا-
سىزلىق؛ گەردۇن كوپ —
كۆككە كۆتۈرۈلگەن، پەلەككە
كۆتۈرۈلگۈچى؛ گەردۇن
مەقام — يۇقۇرى مەرتىۋە؛
گەردۇنا، گەردۇناي —
كۆككە تەككۈچى، بەك
ئېگىز؛ گەردۇن خىرام —
كۆچمە مەنىدە: بەك تېز
يۇرمەك.

**گەردۇنە** (گردونە) پ. هارۋا
(چوڭ هارۋا).

**گەرى** (گرى) پ. گۇرۇھ،
توپ.

**گەريەزار** پ. يىغا، زار، يىغا-
زار.

**گەرم** (گرم) پ. ئىسسىق،
يېقىملىق، قىزغىن؛ ئوچۇق
چىراي؛ ئاچچىقى چۇس؛
چاققان؛ گەرم ئەيلىمەك —
قىزىتماق، شىر كەيپ بولماق؛
گەرم مېهر — مېهرى ئىسسىق؛
گەرەمخانە — گەمە، ئىللىق
ئورا. پارنىك؛ گەرمابە —
مونچا؛ گەرماسەنج —
تېرمومېتر.

**گەز** (گز) پ. يۇلغۇن؛ كامان-
نىڭ پەرسىز ئوقى؛ گەزىس-
تان — يۇلغۇنزار.

**گەزاف** (گزاف) ئاساسسىز،
تۇترۇقسىز، بىمەنە، بىهۇدە؛
تۇپسىز؛ هېساپسىز، بىهەد.

**گەزەك** (گزك) پ. ئىچكۇ-
لۇك ئىچكەندە يېيىلىدىغان
نەرسە، زاكۇسكا؛ يارىنىڭ
(جاراهەتنىڭ) سوغۇق تېگىپ
ئىششى؛ سوغۇق؛ پۇرسەت،
ئىمكان، قولايلىق؛ باهانە.

**گەزدەستە** (گزدستە) پ.
قامچا.

**گەزەند** (گزند) پ. زەرەر؛
ئاپەت؛ مۇسىبەت.

**گەزەندە** (گزندە) پ. چاقـ-
دىغان: چاقىدىغان ھاشارات
(يىلان، چايان، ھەرە قاتار-
لىقلارغا ئوخشاش نەرسىلەر).
**گەزلەك** (گزلك) پ. پىچاق،
خەنجەر.
**گەزمە** (گزمە) كېچىلىك
چارلىغۇچى، كېچىلىك
نۆۋەتچى، گۈزەتچى.
**گەس** (گس) پ. ئاچچىق-
چۈچۈك، ئاچچىقراق:
**گەسى** (گسى) پ. تەمسىز،
قىرتاق.
**گەش** (گش) پ. ئوز، كۆر-
كەم، كېلىشكەن، چىرايلىق،
گۈزەل، نەپىس.
**گەشت** (گشت) پ. ئايلانماق،
سەير قىلماق، چارلىماق،
كەزمەك: گەشت قىلماق —
ئايلانماق، تاماشا قىلماق،
ساياھەت قىلماق، چارلىماق:
**گەشتى** (گشتى) پ. چارلام-
چىلار، گۈزەتچىلەر: گەشتى
سەۋار — ئاتلىق چارلامچىلار.
**گەلە** (گلە) پ. توپ، پادا.
**گەلەبان** (گلەبان) پ. مالچى:
پادىچى.
**گەلەدار** (گلەدار) پ. مال
باققۇچى، مالچى.
**گەلىم** (گليم) پ. جۇل-جۇل
كىيىم.
**گەنج** (گنج) پ. قىممەتباھا
نەرسىلەر (ئالتۇن، كۈمۈش،
لەئلە، ياقۇت قاتارلىق نەرسە-
لەر): بايلىق.
**گەنجخانە** (گنج خانە) پ.
خەزىنە، ئاغىلىق.
**گەنجىنە** (گنجينە) پ. قىممەت-
باھا نەرسىلەرنى ساقلايدى-
غان جاي، خەزىنە، ئاغىلىق؛
ھوجرا، قازناق.
**گەنجەراز** (گنج راز) پ.
سىرلار خەزىنىسى.
**گەنج فىشانلىق** (گنج فشان-
ليغ) پ. كۆچمە مەنىدە:
قىممەتلىك سۆزلەر ئېيتىش.
**گەنجۇر** (گنجور) پ. خەزى-
نىچى، خەزىنىدار.
**گەندۇم** (گندم) پ. بۇغداي:
گەندۇم سىياھ — قارا بۇغ-
داي: گەندۇم رەڭ — قارا
ئۆڭلۈك، ئاپتاپتا قارىيىپ

كەتكەن: گەندۇم گۈن — قاپ ـ قارا، قارا پاقىدەك.

**گەندە** (گنده) پ. يارىماس، يامان، سېسىق: گەندە دىماغ — ھاكاۋۇر، ئاتىكاچا، تەكەببۇر، دىمىغى ئۈستۈن.

**گەۋا** (گواه) پ. گۇۋا، دەلىل، ئىسپات، گۇۋاچى: گەۋاھنامە — گۇۋانامە.

**گەۋھەر** (گوهر) پ. گۆھەر، چىنتاش، ئۈنچە، بىرلىيانت، دۇرغا ئوخشاش قىممەت باھالىق تاشلار. كۆچ: ماھىيەت، ئەسلى: نەسىل ـ نەسەب، كېلىپ چىقىش: چىرايلىق سۆز، چوڭقۇر مەنىلىك سۆز.

**گەۋھەر ئابدار** (گوهرآبدار) پ. پارلاق گۆھەر.

**گەۋھەر ئارا** (گوهرآرا) پ. گۆھەر بىلەن بېزەلگەن.

**گەۋھەربار** (گوهربار) پ. گۆھەر تۆكىدىغان؛ چىرايلىق ۋە مەنىلىك سۆزلەيدىغان.

**گەۋھەرپاش** (گوهرپاش) پ. گۆھەر چاچىدىغان. كۆچ: مەنىلىك سۆزلەر سۆزلەيدىغان.

**گەۋھەردار** (گوهردار) پ. چىنتاشلار بىلەن بېزەلگەن.

**گەۋھەرزا** (گوهرزا) پ. سېخى، كەڭ قورساق، مەرد.

**گەۋھەرريز** (گوهرريز) پ. گۆھەر تۆكىدىغان، كۆچ: چىرايلىق ۋە قىممەتلىك سۆزلەر ئېيتىدىغان.

**گەۋھەرشەبچىراغ** (گوهرشب چراغ) پ. تۈنى يورۇتقۇچى گۆھەر. كۆچ: قاراڭغۇلۇقتا يولنى كۆرستىدىغان.

**گەۋھەر شەمايىل** (گوهرشمايل) پ. گۆھەر تۇرۇقلۇق، گۆھەر قىياپەتلىك.

**گەۋھەر ئەفشان** (گوهرافشان) پ. گۆھەر چاچىدىغان، نۇرلىنىپ تۇرىدىغان. كۆچ: گۈزەل ۋە قىممەتلىك سۆزلەر ئېيتىدىغان.

**گىتى** (گيتى) پ. جاھان، دۇنيا، ئالەم: روزگار.

**گىتى پاناھ** (گيتى پناه) پ. دۇنيا يۆلەنچۈكى. كۆچ:

پادىشا.

**گىتى گۇشائى** (گيتى كشائى) پ. دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى، جاھاننى ئالغۇچى.

**گىتى فۇرۇز** (گيتى فروز) پ. ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياش.

**گىتى نەما** (گيتى نما) پ. جاھاننامە، جاھاننى كۆرسەتكۈچى، ئاجايىپ سىرلىق كارامەتلەرنى كۆرسەتكۈچى ئەينەك (ئىسكەندەر پاشانىڭ جاھاندا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرسەتىپ بېرىدىغان ئەينىكى).

**گىتى نەۋەرد** (گىتى نورد) پ. جاھاننى كەزگۈچى، ساياھەتچى.

**گىج** (گيج) پ. بېشى ئاڭگىرىغان كىشى.

**گىجى** (گيجى) پ. باش ئاڭگىراش.

**گىھان** (گيھان) پ. جاھان، ئالەم.

**گىر** (گير) پ. سۆز بىرىكمەسىدە تۇتقۇچ، تۇتقۇچى، ئالغۇچى، تارتقۇچى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: بادگىر — شامال تارتىدىغان تۆشۈك. كۆچمە مەنىدە بۇرۇن تۆشۈكى: دىلگىر — دىلنى ئالغۇچى: يۈرەكنى سىققۇچى: سىقىلغان: ئىقلىمگىر — يۇرت ئالغۇچى: مىيانگىر — قاتناشقۇچى، بەل تۇتقۇچى، بەل ئالغۇچى، چېلىشچى: ئارامگىر — ئارام ئالغۇچى، تىنچلانغۇچى، جايلاشقان، ئورناشقان: گىرودار — ھۆكۈمرانلىق، ھاكىمىيەت: جەڭ، ئېلىشىش.

**گىرامى** (گرامى) ئ. قىممەتلىك، ئەزىز، ھۆرمەتلىك.

**گىرد** (گرد) پ. قىرغاق، ئەتراپ، ئايلانما: گىرد ئولماق — قورشانماق، توپ بولماق.

**گىرداب** (گرداب) پ. سۇنىڭ ئايلىنىپ ئاقىدىغان يېرى، قاينام: قۇيۇن.

**گىردباد** (گردباد) پ. قۇيۇن، شامال ئايلانمىسى (قاينىمى).

**گىردە** (گردە) پ. يۇمىلاق:

گىردەنان ــ يۇمىلاق نان.
**گىردگاھ** (گردگاه) پ. بەل.
**گىردگىر** (گردگر) پ. چاك سۇمۇرگۈچ.
**گىردىگار** (گردگار) پ. ياراتقۇچى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: دىبانَ بۇلبۇل ئىلاھا گىردىگارا، كەرەملىك ئاتى ياخشى بىرۇ-بارا. (خىرقىتى)
**گىردۇ** (گردو) پ. ياڭاق، ياڭاق دەرىخى («گىردەكان» مۇ دېيىلىدۇ).
**گىرد ئۇزار** (گردعزار) پ. يۇمۇلاق يۈز.
**گىرىبان** (گريبان) پ. كىيىمنىڭ ياقىسى: چاكى گىرىبان ــ ياقا يىرتىغى.
**گىرىھ** (گره) پ. تۈگۈن، چىگىك؛ قىيىن: گىرىھكارلىق ــ چىگىكلىك، چىگىشلىك.
**گىرىھكۈشا** (گره‌كشا) پ. تۈگۈنلەرنى ئاچقۇچى، قىيىن ئىشلارنى ھەل قىلغۇچى.
**گىرىھناك** (گره‌ناك) پ. تۈگۈنلۈك، چىگىكلىك؛ قىيىن.
**گىريە** (گريه) پ. يىغا، يىغلىماق؛ ياش ئاققۇزماق: گىريە زارزار ــ زار-زار يىغلىماق. گىريە ئاسمان ــ كۆچمە مەنىدە: يامغۇر.
**گىريان** (گريان) پ. يىغلىغان.
**گىزاف** (گزاف) پ. «گەزاف، گۇزاف»قا قاراڭ.
**گېزەرمەك** (گيزارماك) بەدەندىن قان قاچماق، رەڭسىزلەنمەك.
**گىسۇ** (گيسو) پ. چاچ، كوكۇلا، ئۆرۈلگەن چاچ.
**گىياھ** (گياه) پ. گىيا، ئۆسۈملۈك، ئوت.
**گىيەھ** (گيه) پ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.
**گىل** (گل) پ. لاي.
**گىلكار** (گل كار) پ. تامچى، سۇۋاقچى.
**گىلە** (گله) پ. شىكايەت، ئەرز: تەنە، ئاچچىقلىماق؛ ئەيىبلىمەك، جىمىلمەك.
**گىنە** (گينه) ئ. ئاداۋەت،

ئۆچ، ئۆچمەنلىك، كەك،
كىنا.

**گو** (گو) پ. سۆز بىرىكمىسىدە
ئىيتقۇچى مەنىسىدە كېلىدۇ:
مەسئەلە گو — مەسىلە ئېيت-
قۇچى، قانۇن ۋە قائىدىلەرنى
چۈشەندۈرگۈچى: خوشامەد-
گو — خۇشامەتكوي.

**گۇھەر** (گهر) پ. "گەۋھەر"
گە قاراڭ.

**گۇھەرچىن** (گهرچين) پ.
گۆھەر تېرىنغۇچى.

**گۇد** (گود) پ. چوڭقۇر؛
ئوي، ئويمان، ئورا.

**گۇداز** (گداز) پ. ئېرىنگۇچى،
كۆيگۈچى: گۇداختەن —
ئېرىتمەك، كۆيدۈرمەك؛ گۇ-
دازىش — ئېرىمەك، ئېرىد-
گەن نەرسە؛ ئاھەنگۇداز —
تۆمۈرنى ئېرىتكۈچى، تۆمۈر
ئېرىتىدىغان ئوچاق؛ گۇداز
ئەيلىمەك — كۆيدۈرمەك،
ئېرىتمەك.

**گودال** (گودال) پ. ئورا،
خەندەك؛ ئويمان يەر،
ئازگال.

**گور**[1] (گور) پ. ياۋا ئېشەك
(گورخەر)

**گور**[2] (گور) پ. قەبرە، گۆر:
گۆركاۋ — گۆر قازغۇچى.

**گوراب** (گوراب) پ. يۇسلاق
قەبرە ئۈستى؛ پايپاق؛ شور
يەر؛ بازار.

**گۇربە** (گربه) پ. مۈشۈك.

**گۇرد** (گرد) پ. پالۋان،
باتۇر؛ قەبىلە نامى.

**گۇردە** (گرده) پ. بۆرەك؛
بەل.

**گۇرز** (گرز) پ. گۇرزە،
يوغان توقماق، چوقماق.

**گۇرگ** (گرگ) پ. بۆرە.
كۆچمە مەنىدە: گۇرگ
سۈفەت — ئىككى يۈزلىمچى،
ئاغزى ھەسەل، دىلى
زەھەر.

**گۇركى** (گركى) پ. زالىم،
ئاچكۆز.

**گۇرىز** (گريز) پ. قاچماق،
باش تارتماق.

**گۇرىزان** (گريزان) پ.
قاچقۇچى، قاچقان.

**گۇرىزيا** (گريزيا) پ. قاچقۇچى،

باش تارتقۇچى.

**گۇرىزگاھ** (گـرىـزگـاه) پ. مۆكۈنۈش جايى، پاناجاي.

**گۇرۇھ** (گروه) پ. گۇرۇپپا، بەن؛ دۆي، دادۆي؛ تۇركۇم، توپ؛ گـۇرۇھ: گـۇرۇھ ـ گۇرۇھ ــ تۇركۇم ـ تۇركـۇم؛ گۇرۇھ مـەردەم ــ بىر توپ ئادەم.

**گۇرۇھان** (گـروهـان) پ. لىەن، لـىەنـدۆى؛ تۇركۇم. توپ.

**گۇرۇھە** (گروهه) پ. يۇمىلاق توپ، كىچىك توپ؛ يۇمىلاق نەرسە.

**گۇرۇسنە** (گروسنه) پ. ئاچ. شېئىردا مۇنداق كەلـگەن: تەكىيە قىلىپىدۇرلەر غەرىبان شەھەر، گۇرۇسنـەۋۇ تەشنـە فەقىران شەھەر.

(زەلىلى)

**گۇزار** (گـذار) پ. ئۆتـمەك، كەچمەك؛ گۇزارە قىلماق ــ ئۆتمەك، بارماق.

**گۇزارە** (گذاره) پ ئۆتمەك.

**گۇزارەندە** (گـذارنـده) پ. ئـۆتـكـۈچى، كەچكۈچى؛ ئادا قىلـغۇچى؛ سۆز گۇزارەندىـسى ــ سۆزنى ئادا قىلغۇچى، سۆزلىگۈچى.

**گۇزارىش** (گـذارش) پ. ئۇقـتۇرۇش، مەلۇم قىلماق، بايان قىلماق؛ چۈشەندۈرۈش: گۇزارىش تاپماق ــ بايان قىلىنـماق، سۆزلەنمەك؛ گۇزارىش قىلـماق ياكى ئەتـمەك ــ سۆزلـىمەك، بايان قىلـماق.

**گۇزارەندە** (گـذازنـده) پ. بايان قـىـلـغـۇچـى، مەلۇم قىلغۇچى.

**گۇزاف** (گـزاف) پ. بەك يوغان، ئاشۇرۇۋېتىلگەن.

**گۇزافەگۇ** (گزافـەگـو) پ. قۇرۇق گەپ ساتـقـۇچى، پاختىچى، پوچى.

**گۇزەر** (گـذر) پ. ئۆتـمەك، كۆچمەك؛ كىشىلەر ئۆتۈشۈپ تۇرىـدىـغان جاي: گـۇزەر ئەيلىمەك ــ ئۆتـمەك، كەچـمەك؛ گۇزەر ۋاقـت ــ ۋاقىتـنىڭ ئۆتۈشى.

**گۇزەر ئاب** (گـذرآب) پ.

سۈنىك ئۇقسپ ئۆتۈشى.

**گۇزەربان** (گذربان) پ. يول ساقلىغۇچى، يولغا قارىغۇچى.

**گۇزەرگاھ** (گذرگاه) پ. يول ئۆتۈشىدىغان يەر.

**گۇزەرنامە** (گذرنامه) پ. يول خېتى.

**گۇزەشتە** (گذشته پ. ئۆتۈپ كەتكەن، ئۆتمۈش، كەچمىش.

**گۇزەشتگان** (گذشت گان) پ. ئۆتكەنكىلەر، بۇرۇنقىلار، ئەجداتلار.

**گۇزىر** (گزير) پ. ئامال، چارە، ئىلاج؛ ياردەم؛ دورا، ئۈنۈملۈك دورا.

**گۇزىنى** (گزينى) پ. ئايرىمىلىق، خاسلىق، ئۆزگىچىلىك.

**گۇزىن** (گزين) پ. تاللانغان، سايلانغان، خىللانغان؛ تاللىغۇچى، ئىختىيار قىلغۇچى: گۇزىن ئەتمەك — تاللىماق، ئىختىيار قىلماق.

**گۇسالە** (گوساله) پ. موزۇي.

**گۇستاخ** (گستاخ) پ. ئەدەپسىز، تارتىنمايدىغان، ھېيىقمايدىغان، ئەدەپسىز؛ ھاكاۋۇر: گۇستاخلىق — ھېيىقماسلىق.

**گۇستەر** (گستر) پ. سۆز بىرىكمىسىدە يايغۇچى، تارقاتقۇچى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: زۇلۇم گۇستار — زۇلۇم قىلغۇچى، زالىم؛ روھ گۇستار — روھلاندۇرغۇچى، جانلاندۇرغۇچى.

**گۇسستە** (گسته) پ. ئۈزۈلگەن، ئۈزۈك، سۇنۇق.

**گۇسئەند** (گسفند) پ. قوي.

**گۇسىل** (گسيل) پ. ئەۋەتمەك، يوللىماق.

**گۇسماس** (گسماس) پ. كەۋدىلىك، قامەتلىك (جانلىق تىلدا "گۇسمۇس" دېيىلىدۇ).

**گۇش** (گوش) پ. قۇلاق: گۇش ئەيلىمەك — ئىشتمەك، تىڭشىماق، قۇلاق سالماق.

**گۇشاد** (گشاد) پ. كەڭ، كەڭرى: گۇشادە دەست — كەڭ قورساق، مەرد، مەردانە.

**گۇشاد بازى** (گشاد بازى) پ. بۇزۇپ چاچماق، ئىسراپ قىلماق.

**گۇشادەدىل** (گشادەدل) پ. ئىچى كەڭ، كەڭ قورساق.

**گۇشادەرۇ** (گشادەرو) پ. خۇشال، كۆڭلى ئازادە.

**گۇشادەزەبان** (گشادربان) پ. سۆزمەن، سۆزگە ئۇستا.

**گۇشايىش** (گشايش) پ. ئېچىش، ئاچماق.

**گۇشت** (گوشت) پ. گۆش، ئەت: مۇنىڭ گۆشى ياكى ئېتى.

**گۇشە** (گوشە) پ. بۇلۇڭ، بۇلۇڭ-پۇچماق، ياقا جاي، چەت، خىلۋەت: نەرسىنىڭ بىر چېتى، ئۇچى، بۇرجىكى: گۇشە تۇتماق — ئۆزىنى پانا-غا (خىلۋەتكە) ئالماق؛ گۇشەئى خىلۋەت — تېچ بۇرجەك، خالى جاي.

**گۇشەتاب** (گوشەتاب) پ. دۇتتار-تەمبۇرنىڭ قۇلىقى.

**گۇشەك** (گوشك) پ. "گۇش" قا قاراڭ.

**گۇشەنىشىن** (گوشەنشين) پ. خىلۋەتكە كىرگۈچى، دەرۋىش-لىك تۇرمۇشىدىكى كىشى.

**گۇش پەھەن** (گوش فهن) پ. سالپاڭ قۇلاق.

**گۇشمال** (گوشمال) پ. قۇلاق تولغىماق، ئەدىۋىنى بەرمەك، جىملىمەك، تەنبىھ بەرمەك. كۆچ: جاسۇس، ئىشپىيون، چېقىمچى، چارلامچى.

**گۇشۋارە** (گوشوارە) پ. زىرە، ھالقا، ئىسرغا.

**گۇفت** (گفت) پ. سۆز، نۇ-تۇق: گۇفتۇ گۇزار — سۆز-لىشىش، گەپ-سۆز؛ گۇفتۇ-شۇنۇفت — سۆز ئىشتىش، سۆزلىشىش، گەپ-سۆز؛ گۇفتوشۇنىد — سۆزلىشىش، ئېيتىلدىغان سۆز، گەپ-سۆز.

**گۇفتار** (گفتار) پ. سۆز، سۆز-لەم، سۆزلەش، گەپ قىلىش، سۆھبەت: گۇفتار رەڭگىن — چىرايلىق سۆزلەر؛ پاك گۇف-تار — پاك سۆز، تازا سۆز،

چىن سۆز.

**گۇفتگۇ** (گـفـتگـو) پ. سۆزلەشمەك، سۆھبەت.شېئىر-دا مۇنداق كەلگەن: چۇ ئول يار بىرلە بۈگۈن بولدى توي، قىلۇرمىزكى يارىم بىلەن گۇفتۇگۇي.
(ئا. نىزارى)

**گۈگرد** (گوگرد) پ. گۈگۈت: گۈگردى ئەخمەر — قىزىل گۈگۈت؛ گۈگرد ئوتى — گۈگۈت دورىسى، ئالتۇن گۈگۈت.

**گۇڭ** (گنك) پ. تىلسىزلىق: گۇڭۇلال — تىلسىز، گىگەچ.

**گۈل** (گل) پ. چېچەك،گۈل: گۈزەل نەرسە؛ مەنپەئەت: گۈل ئاتەشىن — ئوت رەڭلىك گۈل، قىزىلگۈل؛ گۈلى ئىرەم — ئىرەم بېغىنىڭ گۈلى. كۆچمە مەنىدە: گۈزەل دىلبەر، يار؛ گۈللەر ئاچماق — تاۋلانماق، قىزارماق؛ گۈل تۆكۈلمەك — خازان بولماق؛ گۈل ئۈزمەك — بەھرىلەنمەك، ھەسسە-دار بولماق: گۈل قىلماق — ئاشكارا قىلماق، يۈزەگە چىقارماق، كۆرسەتمەك: گۈل مىھر — كۆچمە مەنىدە: قۇياش.

**گول** (گول) پ. ساددا، ئەخمەق، ئالدانغاق، گۆل.

**گۇلبانگ** (گلبانـگ) پ. بەلەن ئاۋاز، قىچقىرىق: بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى: گۇلبانگ ئەتمەك — سايرىماق(بۇلبۇلغا قارىتا)

**گۈلبار** (گلبار) پ. گۈل يېغىپ تۇرىدىغان، گۈل تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرىدىغان.

**گۈلبەرگ** (گل بـرگ) پ. ئې-چىلغان گۈلنىڭ غولى، شېخى، سېپى.

**گۈلبىز** (گـل بيـز) پ. گۈل چاچىدىغان، گۈللىتىدىغان، ياشنىتىدىغان.

**گۈلبۇن** (گـلبـن) پ. گـۈل دەرىخى، گۈل كۆچىتى.

**گۈلپاش** (گلپاش) پ. گـۈل چاچقۇچى، گۈل ئاچقۇچى.

**گۈلچەبىن** (گـل چبيـن) پ.

گۈل يۈزلۈك.

**گۈلچىن** (گل‌چین) پ. گۈل تېرىغۇچى، باغۋەن، گۈل يىغقۇچى.

**گۈلخەد** (گل‌خد) پ. گۈليۈزلۈك، چىرايلىق، گۈزەل.

**گۈلخەن** (گلخن) پ. يېقىلـغان ئوت؛ ئوت يېقىلـغان جاي.

**گۈلدەستەبەند** (گل دسته‌بند) پ. گۈلدەستە قىلغۇچى؛ كۆچمە مەنىدە: قوياش، ئاپتاپ.

**گۈلرىز** (گل‌ریز) پ. گۈل چاچىدىغان، گۈل چاچقۇچى.

**گۈل رۇ** (گل‌رو) پ. گۈل يۈزلۈك، گۈزەل، چىرايلىق ("گۈل رۇي" مۇ دېيىلىدۇ).

**گۈل رۇخسار** (گل‌رخسار) پ. چىرايى گۈلدەك، گۈل چىراي.

**گۈل سۇرۇخ** (گل‌سوروخ) پ. قىزىلگۈل.

**گۈلشەن** (گلشن) پ. گۈللۈك، ئەتىر گۈللەر تېرىلىدىغان جاي، گۈلزار: گۈلشەنى فىرۇزا — كۆچمە مەنىدە:

كۆك، ئاسمان.

**گۈلقەند** (گلقند) پ. قىزىل گۈل بىلەن شېكەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاپتاپقا قاخلاپ پىشۇرۇلغان مۇراببا.

**گۈلفام** (گلفام) پ. گۈل رەڭلىك، قىزغىش رەڭ.

**گۈل فىشان** (گل‌فشان) پ. "گۈل ئەفشان"غا قاراڭ.

**گۈلگەشت** (گل‌گشت) پ. گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرىدىغان تاماشا گاھ، گۈزەل جاي؛ گۈلزارلارنى تاماشا قىلماق.

**گۈل-گۈل** (گل-گل) پ. قىپ-قىزىل ۋە بەك چىرايلىق، گۈلدار.

**گۈلگۈن** (گلگون) پ. گۈل رەڭلىك، قىزىلگۈل رەڭلىك: گۈلگۈن ئۆتۈك — قىزىل ئۆتۈك؛ گۈلگۈن قەدەھ — قىزىل قەدەھ؛ گۈلگۈن قەپا — قىزىل كىيىم؛ گۈلگۈن پوش — قىزىل كىيىملىك.

**گۈلگەز** (گل‌گز) پ. كۆكۈمتۇلغا مايىل قىزىل.

**گۇل ئۇزار** (گلعذار) ئې "گۇلرو"غا قاراڭ.

**گۇلاب** (گلاب) پ. ئەتىرگۇلنىڭ سۈيى، ئەتىر؛ قىزىلگۇلدىن قىلىنغان ئىچىملىك: گۇلاب ئامىز — گۇلاپ ئارىلاش؛ گۇلابخانە — گۇلاپ قىلىنىدىغان ۋە ساقلىنىدىغان ئۆي.

**گۇلنار** (گلنار) پ. ئانار گۇل، ئەتىيازدا ھەر خىل ئېچىلىدىغان ياۋا گۇل.

**گۇلنارگۇن** (گلنارگون) پ. گۇلنار رەڭلىك (ئانار گۇل رەڭلىك).

**گۇلنارى** (گلنارى) پ. قىزىل رەڭلىك، قىزغۇش، ئانارگۇل رەڭلىك.

**گۇل ئەندام** (گل اندام)، پ. گۇلەندەم، كېلىشكەن، خۇشبىچىم، نەپىس.

**گۇلەخ** (گلخ) پ. ئوچاقنىڭ ئالدىدىكى كۇل چۈشىدىغان ئازگال.

**گوي** (گوى) پ. سۆز بىرىكمەسىدە ئېيتقۇچى، "گەپ قىلغۇچى" مەنىلىرىدە كېلىدۇ: تۈركى گوي — تۈركى تىلدا سۆزلىگۈچى، شېئىر ئېيتقۇچى؛ فارسى گوي — پارس تىلدا سۆزلىگۈچى، شېئىر ئېيتقۇچى.

**گويا**[1] (گويا) پ. گەپ قىلغۇچى؛ سۆزلىگۈچى، سايرىغۇچى، سايراقى: بۇلبۇلى گويا — سايراقى بۇلبۇل؛ تۇتىيى گويا — گەپ قىلىدىغان تۇتى.

**گويا**[2] (گويا) پ. خۇددى، گوياكى ("گويا"مۇ دېيىلىدۇ).

**گويەندە** (گوينده) پ. سۆزلىگۈچى؛ باخشى؛ جىرلىغۇچى، قوشاقچى.

**گۇم** (كم) پ. يوق، يوقالغان، تۈگىگەن، يۈتكەن، ئاداشقان: گۇم بولماق — يوق بولماق، كۆزدىن غايىب بولماق؛ گۇم قىلماق — يوق قىلماق؛ گۇمران — ئاغدۇرۇلغان.

**گۇماشتە** (گماشته) پ. ۋەكىل، ئاگېنت، ئەلچى.

**گۇمراھ** (كمراه) پ. يول

ئاداشقۇچى.

**گۇمرۇك** (گومرك) پ. تاموژنا، تاموژنا بىجى؛ گۇمرۇكچى — تاموژنا خىزمەتچىسى؛ گۇمرۇكخانە — تاموژنا سارىيى.

**گۇمشۇدە** (گم‌شده) پ. يوق بولغان، غايىب بولغان؛ ئاداشقان، يولدىن ئازغان.

**گۇمنام** (كمنام) پ. نامسىز، ئاتسىز، نامى يوقالغان، نامى ئۆچكەن.

**گۈن** (گون) پ. سۆز بىرىكمىسىدە تۈس، تۈسلۈك، رەڭ، رەڭلىك، بوياق، بوياقلىق دىگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: نىلگۈن — نىل رەڭلىك، كۆك؛ شەفەقگۈن — شەپەق رەڭلىك، قىزىل؛ كافۇرگۈن — كافۇر رەڭلىك، ئاق رەڭلىك.

**گۇناگۈن** (گونا گون) پ. تۈرلۈك ـ تۈمەن، خىلمۇ ـ خىل؛ رەڭمۇ ـ رەڭ.

**گۇنبەد** (كنبد) پ. گۇمبەز، گۇمبات، يۇملاق ئۆگزە: گۇمبەد خوزرا — كۆك، ئاسمان، ئاسمان گۇمبىزى، كۆك ئاسمان؛ گۇمبەدى دەۋۋاز — پەلەك، ئاسمان، كۆك.

**گۇنبەز** (كنبذ) پ. "گۇنبەد" كە ئوخشاش.

**گۇنج** (گنج) پ. سىغىم، ئوبيوم، مىقدار؛ سۇپەت؛ قابىلىيەت، ئىقتىدار؛ بۆلۈنگەن بىر ئۈلۈش.

**گۇنجا** (گنجا) پ. سىغىمى چوڭ، سىغىمچان، كۆپ نەرسىنى سىغدۇرىدىغان.

**گۇنجايىش** (گنجايش) پ. سىغىم، ئوبيوم؛ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى، ئىقتىدار؛ ئۆز ئىچىگە ئالماق.

**گۇنج بان** (گنج بان) پ. مال خەزىنىسىنى ساقلىغۇچى، خەزىنىچى.

**گۇنج بەخش** (گنج‌بخش) پ. مەرت، سېخى.

**گۇنج خانە** (گنج خانه) پ. خەزىنە، ئالتۇن خەزىنىسى، دۆلەت خەزىنىسى.

**گۇنجىشك** (گنجشك) پ. قۇشقاچ: گۇنجىشك دىل —

قورقۇنچاق، توخـۇ يـۈرەك،
قۇشقاچ يۈرەك.

**گۆندە** (گـنـده) پ. سىـمىز،
قېلىن، توم؛ بۈيۈك، يوغان؛
يېشىغا توشقان كىشى.

**گۈنە** (گونه) پ. قاچار، مەگز؛
بوياق، رەڭ؛ تـۈر، خـىل؛
ئۇسۇل.

**گۈنەگۈن** (گـونەگـون) پ.
"گونا گون"گە قاراڭ.

**گۈنە-گۈنە** (گونەگـونە) پ.
يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

# ئە

ئەب (اب) ئۆي، خانە.
ئەب (اب) ئ. ئاتا، دادا (كۆپلۈگى "ئاباﺋ").
ئەبا (عبا) ئ. يۇگىدىن توقۇلغان قېلىن ۋە قوپال تون.
ئەبابىل (ابابيل) ئ. يەر قارلىغچى (قالغاچ).
ئەباتىل (اباطيل) ئ. "باتىل" نىڭ كۆپلۈگى.
ئەبئاد (ابعاد) ئ. يىراقلىقلار، ئۇزاقلىقلار (بىرلىگى بۇعد"): ئەبئاد سەلەسە — ھەر بىر گەۋدىلىك نەرسىدە بولغان ئۈچ تۈرلۈك يىراقلىق — ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك، قېلىنلىق (ھەر بىر جىسىمدا ئەبئاد سەلەسە بولىدۇ).
ئەبئاز (ابعاض) ئ. "بەئز" (بەزى)نىڭ كۆپلۈگى.
ئەبارىق (اباريق) ئ. "ئىبرىق"نىڭ كۆپلۈگى.
ئەباغە (اباغه) ئاتىسىنىڭ ئاكا ياكى ئىنىسى، تاغا.
ئەباق (اباق) قېچىپ كەلگەن، قاچقان.
ئەبالىسمە (اباله) ئ. "ئىبلىس"نىڭ كۆپلۈگى.
ئەبام (ابام) قەرز، قەرز پۇل.
ئەبباد (عباد) ئ. خۇداغا سادىق، تەقۋىدار.
ئەبھار (ابحار) ئ. "بەھر" نىڭ كۆپلۈگى.
ئەبھاس (ابحاث) ئ. "بەھس"نىڭ كۆپلۈگى.
ئەبتال (ابطال) ئ. "بەتەل" نىڭ كۆپلۈگى.
ئەبتەر (ابتر) ئ. قۇيرۇغى كېسىلگەن، قىسقا. كۆچ: نەتىجىسىز، نەسلى قۇرۇغان؛ قۇيرۇغى كالتا يىلان؛ ناچار،

تىلغا ئالماسلىق.

**ئەبھەر** (عبهر) ئ. بوتا كۆز چېچەكى. كۆچ: نازۇك، نەپىس، زىلۋا؛ چىرايلىق كۆز.

**ئەبد** (عبد) ئ. دىنىي ئېتىقادلىق كىشى؛ قۇل، چاكار، مالاي؛ ئادەم، بەندە.

**ئەبدال** (ابدال) ئ. "بەدەل"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەبدان** (ابدان) ئ. "بەدەن"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەبدەست** (ابدست) پ. "ئابدەست"كە قاراڭ.

**ئەبدەل ۋەش** (ابدل وش) پ. قەلەندەر سۈپەت؛ بىپەرۋا.

**ئەبر** (عبر) ئ. ئۆتكۈنچە، ئۆتكۈنچى يول، كېچىك.

**ئەبر** (ابر) پ. بۇلۇت: ئەبرى بەھار — كۆكلەم بۇلۇتى؛ ئەبرى پۇربار — يامغۇرلۇق بۇلۇت. كۆچ: قاتتىق يامغۇر.

**ئەبرار** (ابرار) ئ. تەقۋىدار، دىندار كىشى، توغرا ئادەم؛ پاك، گۇناسىز كىشى.

**ئەبردەست** (ابردست) پ. مەرت، سېخى، كەڭ قوساق.

**ئەبرىشىم** (ابرشم) پ. يەپەك، يىپەك توقۇلما: ئەبرىشىم دوز — يىپەك توقۇمىچى.

**ئەبرەس** (ابرص) ئ. ماخاۋ كېسىلى بولغان، ماخاۋ ئادەم؛ ئاق كېسەل بولغان، بەدىنىگە ئاق چۈشكەن.

**ئەبرەش** (ابرش) پ. تاغىل ئات: ئۇيناقى ئات.

**ئەبرەنجەك** (ابرنجك) پ. چاقماق، چېقىن.

**ئەبرەنجەن** (ابرنجن) پ. بىلەيزۈك؛ پۇت ھالقىسى.

**ئەبرو** (ابرو) پ. قاش.

**ئەبزار** (ابزار) پ. دورا-دەمەك؛ قاچا-قۇچا، سايمان، جابدۇق: ئەبزەر ئالات — جابدۇق، سايمان؛ ئەبزار-مەند — سايمان-جابدۇق ياسىغۇچى.

**ئەبكار** (ابكار) ئ. قىزلار (بىرلىكى "بەكر"): مەئنى ئەبكار — نازۇك پىكىرلەر، تازا پىكىرلەر (كۆچمە مەنىدە).

**ئەبكەم** (ابكم) ئ. تىلسىز، گاچا، سۆزلىيەلمەيدىغان.

**ئەبەد** (ابد) ئ. مەڭگۈلۈك، ئەبەد.

**ئەبەدەھ** (عبده) ئ. قۇللار، ئابدلار، ئىبادەت قىلغۇچىلار، تېۋىنغۇچىلار.

**ئەبەدى** (ابدى) ئ. مەڭگۈ، تۈگىمەس.

**ئەبەدىيەت** (ابديت) ئ. مەڭگۈلۈك، ئەبەدىيلىك.

**ئەبەس** (عبث) ئ. بوش، بىھودە، بىكار، پايدىسىز: ئەبەس كەتتى — بوشقا كەتتى، بىكار كەتتى.

**ئەبەۋەيىن** (ابوين) ئ. ئاتا-ئانا.

**ئەبىد** (عبيد) ئ. "ئەبد"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەبىدانە** (عبيدانه) ئ. ئىتا-ئەتمەن، بويسۇنغاق.

**ئەبىر** (عبير) ئ. خۇشبۇي نەرسە، ئەنبەر: ئەبىر ئەفشان — خۇشبۇي ھىد چاچقۇچى.

**ئەبيات** (ابيات) ئ. بېيىتلەر، شېئىر، مۇناجاتلار، كۆپلۈك سۆزلەر، جىرلار.

**ئەبيەز** (ابيض) ئ. ئاق، ئاپپاق.

**ئەبلەھ** (ابله) ئ. ئەندىك، ئەخمەق، دۆت: ئەبلەخ فىرىب — ئەبلەخلەرنى ئالدىغۇچى.

**ئەبلەھانە** (ابلهانه) ئپ. ئەخمقانە، دۆتلەرچە.

**ئەبلەھى** (ابلهى) ئ. دۆتلۈك، گالمۇسلىق، ئەقىلسىزلىق.

**ئەبلەغ** (ابلغ) ئ. بالاغەتلىك-لەر، روشەن ئىپادىلىكلەر ("بەلاغەت"كە قاراڭ).

**ئەبلەق** (ابلق) ئ. ئالا-بۇلا، يول-يول يوللۇق ياۋايى ئات؛ كۆچ: دەۋر.

**ئەبنائ** (ابناء) ئ. باللار، ئوغۇللار، ئەبنىلەر (بىرلىكى "ئىبن"): ئەبناي بەشر — ئادەم باللىرى؛ ئەبنايى دەۋران — زاماندا‌شلار، ئەسرداشلار؛ ئەبنايى جىنس — تەڭقۇرلار، جىنسداشلار.

**ئەبنىيە** (ابنيه) ئ. ئۆيلەر، بىنالار، خانىلار.

**ئەبۋاب** (ابواب) ئ. ئىشىك-لەر، بابلار، كىتابنىڭ ئىچ-دىكى بۆلۈملەر (بىرلىكى "باب").

**ئەبۇ** (ابو) ئ. ئاتا مەنىسىدە ھەر چاغ ئىككىنچى بىر ئاتقا قوشۇلۇپ كېلىدۇ: ئەبۇ بەكرى — بەكرى ئاتىسى.

**ئەبۇس** (عبوس) ئ. قاتتىق، قاۋىغى سېلىق، چىرايى تۇتۇق.

**ئەبۇشقە** (ابوشقه) بوۋاي، چال؛ئانا؛ ئەر، كۈياۋ.

**ئەتا** (اتا) ئاتا، دادا.

**ئەتتار** (عطار) ئ. ئەتىر ساتقۇچى، ئەسلىك مايلار ساتقۇچى: ئەتتارخانە — ئەتىر زاۋۇدى.

**ئەتابىك** (اتابيك) "ئاتابىك" كە قاراڭ.

**ئەتاد** (عتاد) ئ. ئۈسكۈنە، قۇرۇلما.

**ئەتارۇد** (عطارد) ئ. قۇياش تۈزۈلمىسىدىكى مىركۈرى يۇلتۇزىنىڭ ئاتىلىشى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ئەتارۇد قارۇھەل شەمشارىنى
ھەيبەت بىلەن تەڭلەر، ھەمەل
بارچەگە لازىمدۇر بۇكۈن
جەۋزانى يىغماغلىق.
(زەلىلى)

**ئەتائ** (عطاء) ئ. بەرمەك، بېغىشلىماق، ھەدىيە، ئىھسان.

**ئەتاق** (عتاق) ئ. ئازات قىلماق، قويۇپ بەرمەك.

**ئەتايائ** (عطايا) ئ. ئىھسان-لار، بېغىشلاشلار، ھەدىيەلەر، تۆھپىلەر، سوغىلار، تارتۇق قىلىنغان نەرسىلەر (بىرلىكى "ئەتىيە").

**ئەتالەت** (عطالت) ئ. بوش قالماق، يالقاۋلۇق، بوشلۇق، ئىشسىزلىق.

**ئەتباق** (اطباق) ئ. تەبىقە-لەر، قەۋەتلەر (بىرلىكى "تەبەقە").

**ئەتبائ** (اتباع) ئ. ئارقىدىن ماڭغۇچىلار، ئەگەشكۈچىلەر، تابىئلار. (بىرلىكى "تابىئ")

**ئەتر** (عطر) ئ. ئەتىر، ئەسلىك ماي، خۇشبۇي.
**ئەتراك** (اتراك) ئ. تۈركلەر، تۈرك قوۋملىرى، تۈرك خەلقى.
**ئەترناك** (عطرناك) ئىپ. خۇشبۇي، خۇشپۇراق.
**ئەترىيات** (عطريات) ئ. ئەترلەر، خۇشپۇراق مايلار.
**ئەتسە** (عطسه) ئ. چۈشكۈرۈك، چۈشكۈرۈش.
**ئەتشان** (عطشان) ئ. ئۇسسىغان، سۇسىرىغان. چاڭقاق، تەشنا.
**ئەتقىيائ** (اتقياء) ئ. تەقۋى كىشىلەر، ئىتائەتمەن كىشىلەر، يامان ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلار.
**ئەتق** (عطق) ئ. يۇزلەنمەك. ئاغماق: پايدىلانماق؛ بۇرۇلۇش.
**ئەتفال** (اطفال) ئ. ياش باللار، ئۇسمۇرلەر، گودەكلەر تەفەللەر (بىرلىگى "تفل").
**ئەتكەس** (اتكس) ئىناۋەتسىز، چەكلەنگەن: ئەتكەس چىلىك — چەكلەنگەن ماللارنى ئېلىپ - سېتىش.
**ئەتىبباﺋ** (اطباء) ئ. تېۋىپلار، دوختۇرلار (بىرلىكى "تەبىب").
**ئەتىق** (عتيق) ئ. كونا، قەدىم، بۇرۇنقى، قوراماق.
**ئەتىقە** (عتيقه) ئ. قەدىمكى زامان نەرسىلىرى: ئاسارئەتىقە — قەدىمكى ئىزلار، قەدىمقى زامان نەرسىلىرى، قوراماقلار.
**ئەتىيەب** (اطيب) ئ. ئەڭ ياخشى، بەك خۇش.
**ئەتىيە** (عطيه) ئ. ھەدىيە، سوغا، تۆھپە، ئارمىغان (كۆپلۈكى "ئەتەيا").
**ئەتئىمە** (اطعمه) ئ. ئاشلار، تائاملار (بىرلىگى "تەئام")
**ئەتەش** (عطش) ئ. سۇ سىردماق، ئۇسسىماق، تەشنالىق.
**ئەتەكە** (اتكه) تەربىيىچى ("ئاتاخان"غا ئوخشاش ).
**ئەتەم** (اتم) ئ. تولۇق، كامىل، تامام.
**ئەتمەك** (اتمك) نان، توقاچ

("ئۆتمەك"مۇ دېيىلىدۇ)

**ئەتۋار** (اطوار) ئ. قىلىقلار، پېئىللار، رەۋىشلەر، ھاللار، ھەرىكەتلەر، قىلمىشلار.

**ئەتوەل** (اطول) ئ. ئۇزۇن.

**ئەتۇف** (عطوف) ئ. مەرھەمەتلىك، شەپقەتلىك، مېھرىبان، يۇمشاق كۆڭۈل.

**ئەتۇفەت** (عطوفت) ئ. مەرھەمەت، شەفقەت، مېھرىبانلىق يۇمشاق كۆڭۈللۈك.

**ئەجائىب** (عجائب) ئ. ئاجايىپ، كىشىنى ئەجەپلەندۈردىغان ئىشلار، نەرسىلەر.

**ئەجائىب خانە** (عجائب خانه) ئپ. مۇزېي، بۇۋوگوەن.

**ئەجانىب** (اجانب) ئ. ئەجنەبىلەر. چەت ۋە يات كىشىلەر.

**ئەجھەل** (اجهل) ئ. بەك جاھىل، بەك نادان، ئەڭ بىلىمسىز، ئاڭسىز كىشى.

**ئەجدات** (اجداد) ئ. بوۋىلار، ئاتا-بوۋىلار، ئاتىلار.

**ئەجدەھاكۇش** (اژد ھاكش) ئپ. ئەجدىھا ئۆلتۈرگۈچى. كۆچ: قورقماس، باتۇر.

**ئەجر** (اجر) ئ. ئىش ھەققى، مانچا، يال؛ ئەمگەك، ساۋاپ؛ مۇكاپات.

**ئەجراس** (اجراس) ئ. "جەرەس"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەجرام** (اجرام) ئ. گەۋدىلەر، جىسىملار: ئەجرام ئەلۋىيە — يۇلتۇز، ئاي ۋە قۇياشقا ئوخشاش كۆك جىسىملىرى ("ئەجرام ساماۋىيە"مۇ دېيىلىدۇ)؛ ئەجرام سەفلىيە — تاش، ياغاچقا ئوخشاش يەردىكى جىسىملار.

**ئەجز** ئ. كۈچ يەتمەسلىك، ئاجىزلىق، زەئىپلىك، كۈچسىزلىك: ئەجزپەيۋەندە — ئاجىز، كۈچسىز.

**ئەجزائ** (اجزاء) ئ. پارچىلار، جۈزئىلەر. بۆلەكلەر، قىسىملار، تەركىبلەر؛ دورىلار (بىرلىكى جۈزئ)"؛ ئەجزا ئەسلى — تۈپ تەركىپ.

**ئەجزاخانا** (اجزاخانه) ئپ. دورىلار سېتىلىدىغان ئورۇن، دورىخانا.

**ئەجساد** (اجساد) ئ. جەسەت-

لەر، گەۋدىلەر (بىرلىگى "جەسەت")

**ئەجسام** (اجسام) ئ. جىسىم-لەر، گەۋدىلەر (بىرلىگى "جىسىم")

**ئەجىر** (اجير) ئ. ئەجىر ئالغۇچى، ھەق ئالغۇچى، كۈنلۈكچى.

**ئەجەل** (اجل) ئ. ئۆلۈم ۋاق-تى، ئۆلۈم: چەك، مۇددەت.

**ئەجەم** (عجم) ئ. ئەرەپلەر-دىن باشقا خەلقلەر (تۈركى، پارسلار). شېئىردا مۇنداق كەلگەن: مەرھەبا سۇلتان ساتۇقى بۇغرا خانىم مەرھەبا، مەشھەدىڭنى مەككەئى ئەجەم دەرلەررەۋا.

(زەلىلى)

**ئەجلاد** (اجلاد) ئ. "جىلد" نىڭ كۆپلۈگى.

**ئەجلاف** (اجلاف) ئ. ساددا ۋە گول كىشىلەر.

**ئەجمەل** (اجمل) ئ. ئەڭ گۈزەل، بەك چىرايلىق.

**ئەجناس** (اجناس) ئ. "جىنس"نىڭ كۆپلۈگى.

**ئەجۇز** (عجوز) ئ. كەمپىر خوتۇن: ھەيىيار كەمپىر، كۆچ: پەلەك، ئاسمان.

**ئەخ** (اخ) ئ. قېرىنداش، بىر تۇققان، بۇرادەر (كۆپلۈگى "ئەخۋان"): يائەخى — ئەي قېرىنداشىم.

**ئەخبار** (اخبار) ئ. خەۋەرلەر، مەلۇمات، بىلىملەر: ئەخبار جەدىدە — يېڭى خەۋەرلەر: ئەخبار خارجى — دۆلەت سىرتىدىكى خەۋەرلەر: ئەخباردا خىلى — دۆلەت ئىچىدىكى خەۋەرلەر.

**ئەخت** (اخت) ئ. ئاچا-سىڭىللار (قىز قېرىنداشلار): ئوخشاش، دەك.

**ئەختە** (اخته) ئاختا: ئەسەب ئەختە — ئاختا ئات.

**ئەختەچى** (اختەچى) "ئاختا-چى"غا قاراڭ.

**ئەختەر** (اختر) پ. يۇلتۇز: ياخشىلىق، ياخشىلىق بەلگى-سى، بەخت، تەلەي: بايراق (شېئىرىيەتتە): ئەختەرى سەييارە — ئايلىنىپ يۈرگۈچى

يۇلتۇز، پىلانىتا: ئەختەرى رەفشەندە — پارلاق يۇلتۇز: ئەختەرى — يۇلتۇزنىڭ: يۇلتۇزغا قاراپ پال ئاچقۇچى، ئالدىن ئېيتقۇچى.

**ئەختەر بار** (اختر بار) پ. بەختلىك، تەلەيلىك.

**ئەختەر سۇختە** (اخترسوخته) پ. بەختسىز، تەلەيسىز، پېشكەللىك باسقان.

**ئەختەر شناس** (اخترشناس) پ. يۇلتۇزغا قاراپ پال باققۇچى، ئالدىن ئېيتقۇچى.

**ئەخخاز** (اخاذ) پ. قاقتى-سوقتى قىلغۇچى، ئالىقانات.

**ئەخدەر**[1] (اخدر) ئ. جىيەن (ئىنىسى ياكى ئاكىسىنىڭ بالىسى).

**ئەخدەر**[2] (اخدر) ئ. كېچە، تۈن.

**ئەخراب** (اخراب) پ. يوقالماق، ۋەيران بولماق، كېرەكتىن چىقماق، خاراپ بولماق.

**ئەخز** (اخذ) ئ. ئالماق، تاپشۇرۇپ ئالماق: قولغا چۈشۈرمەك: دورىماق، ئۈلگە قىلماق.

**ئەخزەر** (اخضر) ئ. يېشىل، ياپ-يېشىل، كۆك: ئەخزەر پوش — يېشىل كىيىملىك.

**ئەخسام** (اخصام) ئ. "خەسەم"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەخسۇم** (اخصوم) "ئاخسۇم"غا قاراڭ

**ئەخگەر** (اخگر) پ. چوغ، يالقۇن، كۆمۈر چوغى: مارس يۇلتۇزى: ئەخگەرى سوزەندە — كۆيدۈرگۈچى يالقۇن.

**ئەخيار** (اخيار) ئ. ياخشى كىشىلەر، ئەزگۈلەر، خەيرلەر.

**ئەخى** (اخى) ئ. بۇرادەر، بۇرادىرىم؛ كۆچ: ئۆتۈپ كەتكەن سىخى.

**ئەخىر** (اخير) ئ. ئاخىر سوڭ، كېيىن، ئاياق: ئەخىرا — ئەڭ ئاخىرىدا.

**ئەخلائ** (اخلاء) ئ. تول خوتۇن.

**ئەخلاق** (اخلاق) ئ. ئەردەم، ئەخلاق، پەزىلەت، سۈپەت (بىرلىكى "خۇلق")

**ئەخلاقىيەت** (اخلاقيت) ئ.

ئەخلاق، پەزىلەت، ئەردەم، سۇپەت.

**ئەخلاقىيۇن** (اخلاقيون) ئ. ئەخلاقشۇناس، ئەخلاق تەربىيىچىسى.

**ئەخلاف** (اخلاف) ئ. خەلىپىلەر، بىراۋنىڭ ئورنىدا قالغانلار، ئىز باسارلار.

**ئەخۋات** (اخوات) ئ. ئاچا-سىڭىللار (قىز قېرىنداشلار).

**ئەخۋان** (اخون) ئ. ئاكا-ئۇكىلار (ئەر قېرىنداشلار)؛ دوستلار (بىرلىكى "ئەخ")

**ئەخەف** (اخف) ئ. ئەڭ يەڭگىل، يېنىك.

**ئەخەس**[1] (اخص) ئ. خاس-راق، يېقىنراق، مەخسۇسراق: ئەخەس ئاماللىم—ئەڭ بىرىنچى، مۇقەددەم.

**ئەخەس**[2] (اخس) ئ. بەك بېخىل، بەك خەسىس، پىخسىق.

**ئەھادىس** (احاديث) ئ. "ھەدىس"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەھالى** (اهالی) ئ. كىشىلەر، ئەھلىلەر، قوۋم، خەلق، ئەل-كۈن.

**ئەھباب** (احباب) ئ. "ھەبىب" نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەھبائ** (احباء) ئ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**ئەھبار** (احبار) ئ. ئالىم، پەن ئالىمى، دىنىي يولباشچى؛ ئەقىللىق كىشى؛ خۇشاللىق.

**ئەھجار** (احجار) ئ. "ھەجەر" نىڭ كۆپلۈكى: ئەھجار ساما-ۋىيە — كۆكتىن چۈشكەن تاشلار.

**ئەھد**[1] (عهد) ئ. دەۋر، زامان، ئەسىر.

**ئەھد**[2] (عهد) ئ. توختام، ئانت، قەسەم، ۋەدە، سۆز بېرىش، بىر ئىشنى ئۈستىگە ئېلىش: بەدئەھد — ۋاپاسىز، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان: ئەھد جەدىد— يېڭى زامان؛ ئەھد دەقىيا نۇس — ئەڭ قەدىمكى دەۋر؛ ئەھدشىكەن — توختامنى بۇزغۇچى، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلغۇچى، ۋاپاسىزلىق قىلغۇچى.

**ئەھدىنامە** (عهدنامه) ئ.

توختام، شەرتنامە، كېلىشىم،
ئەھدىلەر يېزىلغان قەغەز،
سۆز بېرىش قەغىزى، توختام
خېتى.

**ئەھرار** (احرار) ئ. ئەركىن-
لەر، ھۆرلەر، ئازاتلار، ئەر-
كىنلەر، ئەركىنلىك تىلىگۈ-
چىلەر، (بىرلىكى "ھور").

**ئەھرام** (اهرام) ئ. مىسىردا
فىرئونلاردىن قالغان تۆت
قىرلىق ۋە ئۇچلۇق تۆپىلىك-
لەر.

**ئەھرام** (احرام) ئ. "ھەرەم"
نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەھرى** (احرى) ئ. تېگىش-
لىك، لايىقلىق.

**ئەھرەمەن** (اهرمن) پ. دىۋە؛
ئەجدىھا؛ شەيتان. شېئىردا
مۇنداق كەلگەن: سابازۇلفۇڭ-
نى تاغتتى مەگەرھالى خىيالىم-
دا، يازىلدى ئەجدەھا بولدى،
ئۇرادى ئەھرەمەن بولدى.
(سەككاكى)

**ئەھزاب** (احزاب) ئ. پىرقە-
لار، پارتىيىلەر.

**ئەھزان** (احزان) ئ. قايغۇلار،
ھەسرەتلەر، ئىچ پۇشۇقلار
(بىرلىكى "ھەزن").

**ئەھسەن** (احسن) ئ. تاللانغان،
بەك كۆركەم، گۈزەل، ئەڭ
ياخشى: بۇ ئىش بەك ئەھسەن-
دۇر: ئەھسەنۇلقەسەس —
تاللانغان ھېكايىلەر.

**ئەھشائ** (احشاء) ئ. ھايۋاننىڭ
ئىچكى ئەزالىرى.

**ئەھقەر** (احقر) ئ. بەك تۆۋەن،
ئەڭ ھەقىر، بەك خور: كەمىنە:
ئەھقەرىلئە باد — بەندىلەر-
نىڭ ئەڭ تۆۋىنى.

**ئەھكام** (احكام) ئ. ھۆكۈملەر،
نىزاملار، پەرمانلار، يولىيورۇق-
لار (بىرلىكى "ھۆكۈم"): ئەھ-
كام شەرئىيە — شەرئەت ھۆ-
كۈملىرى، شەرئەت ئىشلىرى؛
ئەھكام ئىلاھىيە — ئاللانىڭ
ھۆكۈملىرى.

**ئەھفاد** (احفاد) ئ. بالىلىر-
نىڭ بالىلىرى، ئەۋلات،
نەۋرىلەر.

**ئەھبا** (احبا) ئ. دوستلار،
سۆيۈملۈكلەر (بىرلىكى
"ھەبب").

ئەھياﺋ (احياء) ئ. تىرىكلەر (بىرلىكى "ھەي").

ئەھەد (احد) ئ. بىر، بىردانە، يەككە، تاق، يالغۇز (ئادەم)؛ ئاللانىڭ باشقىچە ئاتىلىشى.

ئەھەدى (احدى) ئ. يالغۇز، ئايرىم؛ پالانىچى.

ئەھەدىيەت (احديت) ئ. تاق-لىق، يالغۇزلۇق، بىرلىك؛ پۈتۈنلۈك، بىر تۇتاشلىق؛ ئىلاھ.

ئەھەق (احق) ئ. ئەڭ لايىق، ئەڭ تېگىشلىك.

ئەھەم (اهم) ئ. ئەڭ مۇھىم.

ئەھيان (احيان) ئ. زامانلار، ۋاقىتلار (بىرلىكى "ھەين")؛ بەزى ئەھياندا—بەزى ۋاقىت-لاردا، قايسى چاغلاردا.

ئەھيانەن (احياناً) ئ. بەزى ۋاقىتلاردا، ئاندا-ساندا، گاھ-گاھ.

ئەھل (اهل) ئ. بىرەر يەر، كەسىپ، ئىش، ھۈنەر ياكى نەر-سىگە قېتىش كىشىلەر؛ ئائىلە، ئەر-خوتۇن؛ بىرەر ئىش ئىگىسى، يارامىلىق، قابىلىيەت-لىك؛ ئەھل ئايال—ئايال-ۋە بالا-چاقىلار؛ ئەھل تۇج-جار—ئېلىپ ساتارلار، تىجا-رەت قىلغۇچىلار؛ ئەھلى غىنا—چالغۇچىلار، سازەندى-لەر؛ ئەھلى غەنى—بايلىق ئىگىسى، باي؛ ئەھلى كاسىپ-كەسىپ ئىگىسى؛ ئەھلى ئى-لىم—ئىلىم ئىگىسى؛ ئەھل بولۇش—ياراقلىق بولۇش؛ ھايۋانات ئەھلىيە—ئۆي ھايۋانلىرى.

ئەھلىيەت (اهليت) ئ. بىر نەرسىگە ئەھل بولماق، يارام-لىق بولماق، قابىلىيەت.

ئەھلام (احلام) ئ. "ھولىم" نىڭ كۆپلۈكى.

ئەھمال (اهمال) ئ. "ھەمل" نىڭ كۆپلۈكى.

ئەھمەد (احمد) ئ. ياخشى دەپ سۈپەتلەشكە لايىق؛ مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى.

ئەھمەر (احمر) ئ. قىزىل، قىپ-قىزىل، قىزىلگۈل: سە-لىب ئەھمەر—قىزىل كىرىست؛

ئەھمرار ــ قىزىرىش، قىزىل
تۇسكە كىرىش: تۇسى
ئەھمرار ئەتتى ــ رەڭگى
قىزاردى.
**ئەھمەق** (احمق) ئ. ئەقىلسىز،
ئەندىك، ئاڭسىز، ئەخمەق.
**ئەھوال** (احول) ئ. "ھال"
نىڭ كۆپلۈگى.
**ئەھۋەت** (احوط) ئ. تېگىشـ
لىكرەك، لايىقلىقراق، ئېھتىـ
ياجلىقراق.
**ئەھۋەل** (احول) ئ. قىيىق
كۆزلۈك، ئالىغاي.
**ئەھوەن** (اھون) ئ. بەك
يەڭگىل.
**ئەد** (اد) ئەت، گۆش: ئەركەچ
ئەدى ــ ئەركەك ئۆشكىنىڭ
گۆشى.
**ئەد، ئەدد** (عد) ئ. سان،
ھېساپ، ساناق: ئۇنىڭ
ئەددى ــ ئۇنىڭ سانى.
**ئەدا** (عدا) ئ. باشقا، غەير:
بۇندىن ئەدا ــ بۇندىن
باشقا.
**ئەدات** ئ. ئەسۋاب، سايمان،
قورال، جابدۇق: ئىلىم ئەھـ
ۋىدە ئىككىنچى بىر سۆزگە
قوشۇلۇپ يېزىلىدىغان كە،
غە، نىڭ، دە، بىلەنگە
ئوخشاش سۆز: ئەدات
بەسرى ــ كۆرۈش ئەسۋابى.
**ئەداق** (اداق) ئاياق: ئاخىر؛
پەسىل، مەۋسۇم.
**ئەدائ** (ادائ) ئ. ئۆتىمەك،
ئورۇنلىماق، ئادا قىلماق.
**ئەدالەت** (عدالت) ئ. توغرىـ
لىق، ئادىللىق، ئىككى ياققا
تەڭ كۆز بىلەن قاراش.
**ئەداۋەت** (عداوت) ئ. دۈشـ
مەنلىك، ئۆچلۈك، كەك.
**ئەداۋى** (اداوى) ئ. دورىلار،
دەۋالار، ئەمەلەر (بىرلىگى
"ئەدۋىيە").
**ئەدتاۋار** (اد تاوار) بايلىق،
**ئەدھەم** (ادھم) ئ. قارا؛
قارا ئات.
**ئەدرەمكەش** (ادرمكش) پ.
توقۇم ۋە ئۇچۇلۇق تىكىدىغان
چوك بىگىز. تۆمنە، جوۋالـ
دۇرۇز.
**ئەدگو** (ادگو) ياخشىلىق،
ئەزگۈ. شېئىردا مۇنداق كەلـ

بولمىغان.

**ئەدەب** (ادب) ت. تەربىيە ۋە ياخشى خۇلۇق: ئۇيات.

**ئەدەبى** ت. ئەدەبكە ياكى ئەدەبىياتقا مەنسۇپ. ئاسار ئەدەبىيە ـــ شېئىر، رومان، تىياتىر قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر.

**ئەدەد** (عدد) ت. سان، ھېساپ، دانە.

**ئەدەر**[1] (ادر) ئىزدىمەك، ئىزدەش. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: بىلىگلىك بىلىگىن ئەدەرگەن بولۇر، بىلىگ تاتىغىن ئاي دوست بىلىگلىك بىلۇر. («ئەتەبەتۇلھەقايىق»)

**ئەدەر**[2] (ادر) ئىگەر.

**ئەدەس** (عدس) ت. يېسمۇق، ئاق ماش.

**ئەدئىيە** (ادعيه) ت. دۇئالار.

**ئەدەۋات** (ادوات) ت. "ئەدات"نىڭ كۆپلۈگى.

**ئەدل** (عدل) ت. توغرىلىق، ئادىللىق، ھەقلىق.

**ئەدلەگەن** (ادلگن) تېرىغان: تىكەن ئەدلەگەن ئەر ئۈزۈم

گەن: ئەكىم كەلسە ئەركە تىلىندىن كەلۇر، تىلىندىن كىم ئەدگۇ كىم ئىسىز بولۇر. («ئەتەبەتۇلھەقايىق»)

**ئەديان** (اديان) ت. "دىن"نىڭ كۆپلۈگى: ئەديان سائىرە ـــ باشقا دىنلار: ئەديان سامائىيە ـــ تەڭرىدىن بىر پەيغەمبەر ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن دىنلار (دىنىي قاراشتا).

**ئەدىب** (اديب) ت. ئەدەبلىك. ئىلىملىك ۋە تەربىيىلىك؛ ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچى، يازغۇچى.

**ئەدىبە** (اديبه) ت. ئايال يازغۇچى.

**ئەدىدە** (عديده) ت. بىرنەچچە، ساناقلىق، بىردىن ئارتۇق.

**ئەدىز** (اديز) ئىگىز، بۈيۈك، يۈكسەك.

**ئەدىل** (عديل) ت. تەڭ، باراۋەر.

**ئەدىم** (عديم) ت. يوق بولغان، بولمىغان، مۇمكىن

بىچەمەز ئول ــ تىكەن تېرىغان
ئادەم ئۈزۈم ئالالماس.
(ماقال)

**ئەدنا** (ادنى) ئ. ئەڭ تۆۋەن،
ئەڭ پەس دەرىجىدە.

**ئەدۋار¹** (ادوار) ئ. "دەۋر"
نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەدۋار²** (ادوار) ئ. مۇزىكا
ئىلمى، مۇزىكا نەزەرىيىسى.

**ئەدۋىيە** (ادويه) ئ. دورا،
ئەم، داۋا.

**ئەدۇۋ** (عدو) ئ. دۈشمەن،
رەقىپ، ياۋ. شىپىردا مۇنداق
كەلگەن: يىقىلدى دەپ زەلى-
لىنى ئەدۇۋ شاد ئولماغىل
ھەرگىز، مەدەدكارى ئانىڭ
سۇلتان ساتۇقى بۇغراخانىم
بار.
(زەللى)

**ئەر** (ار) ئادەم، كىشى؛ ئەر،
ئەركەك باتۇر، قورقماس،
پالۋان.

**ئەر** (ار) پ. ئەگەر (ئەگەر-
نىڭ قىسقارغىنى).

**ئەرازى** (اراضى) ئ. "ئەرز"
نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەرازىل** (اراذل) ئ.
"رەزىل"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەرراس** (عراس) ئ. ھاشىرد-
ماق.

**ئەرائىس** (عرائس) ئ.
"ئەرۇسە"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەرباب** (ارباب) ئ. "رەب"
نىڭ كۆپلۈكى: ئىگە، پەر
ئىگىسى، تەقسىر، جاناب:
ئەرباب دانىش ــ ئالىم،
بىلگىر؛ ئەرباب قەلەم ــ
يازغۇچى، ئەدىب، قەلەمكەش؛
ئەرباب زارە ــ ئاقسۆڭەك
بالىسى، بەگزادە.

**ئەرباھ** (ارباح) ئ. "رەبھ"
نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەرباﺋ** (ارباع) ئ. "رەبئ"نىڭ
كۆپلۈكى.

**ئەرباغ** (ارباغ) سېھىر،
ئارۋاق، ئالدام، ئۆزگە رام
قىلماق، كۆز بويىماق.

**ئەرباغچى** (ارباغچى) ئارۋاق-
چى، سېھىرگەر.

**ئەربەدە** (عربده) پ. ئۇرۇش-
قاقلىق، قوپاللىق؛ بەد مەست-
لىك، بىمەنە ۋالاقلاش،

ياman قىلىق: شاۋقۇن-

سۈرەن؛ غۇغا، توپىلاڭ؛

ھۆكۈرەش.

**ئەربەئە** (اربعه) ئ. تۆت:

مەزائىب ئەربەئە — تۆت

مەزھەپ؛ ئەناجىل ئەربەئە —

تۆت ئىنجىل.

**ئەرتانماق** (ارتانماق)

ئاشماق، ئېشىپ ئۆتمەك.

**ئەرتىش** (ارتش) پ. ئارمىيە،

قوشۇن، سەپ.

**ئەرتىك** (ارتك) يۇرۇلگەن،

دەسسەلگەن يول.

**ئەرتۇرمەك** (ارترمك) كەچۈر-

مەك، ماقۇل كۆرمەك: ئانىڭ

يازۇقىن ئەرتۇردى — ئۇنىڭ

گۇنايىنى كەچۈردى؛ ئانىڭ

ئىشىن ئەرتۇردى — ئۇنىڭ

ئىشىنى ماقۇل كۆردى.

**ئەرج** (ارج) ئ. باھا، مۆلچەر،

مۆلجال.

**ئەرجەمەند** (ارجمند) ئ. قەدىر-

لىك، ھۆرمەتلىك، ئىززەت-

لىك، شاراپەتلىك، ئېسىل،

مۆنەۋۋەر.

**ئەرچە** (ارچه) پ. ئەگەرچە

يۇقۇرى دەرىجىسى).

**ئەرچىن** (ارچين) پ. بالداق،

پەلەمپەي.

**ئەرھەم** (ارحم) ئ. بەك مەر-

ھەمەتلىك ("رەھىم")نىڭ

سۆزنىڭ قىسقارغىنى.

**ئەردى** (اردى) ئىدى:

بولماق.

**ئەردىل** (اردل) پ. جارچى

ئەسكەر.

**ئەردەم** (اردم) ياخشىلىق،

پەزىلەت، ئەخلاق.

**ئەردەنى** (اردنى) گۆھەر.

**ئەردەۋان** (اردوان) پ.

قەدىمكى ئىراندىكى ئەپسانىۋى

پادىشا.

**ئەردەۋىل** (اردويل) ئ. ئاقسۇ-

نىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىشى، شېئىر-

دا مۇنداق كەلگەن: شەھرى

ماچىندىن زەلىلى تەلبەئەيلەي-

دۇر سەفەر، ئەردەۋىل ئىلە

كۇچاۋۇ سەير تۇرفاندۇر

تەمەڭ.

(زەلىلى)

**ئەرز** (ارض) ئ. يەر.

**ئەرز**[1] (عرض) ئ. كەڭلىك، ئەن.

**ئەرز**² (عرض) ئ. تەقدىم
قىلماق؛ دوكلات قىلماق،
مەلۇم قىلماق، ئېيتماق.
**ئەرزاق** (ارزاق) ئ. "رىزق"
نىڭ كۆپلۈكى.
**ئەرزىياب** (ارزياب) پ. بېكىت-
كۈچى، باھالىغۇچى.
**ئەرزىيافەت** (ارزياقت) پ.
باھالاشنىڭ نەتىجىسى.
**ئەرسىنمەك** (ارسنمك) ئەر
بولۇپ قالماق، چوڭ بولماق:
ئوغۇل ئەرسىندى — بالا ئەر
بولۇپ قالدى.
**ئەرسىگ** (ارسيكا) باتۇر،
قەھرىمان، يۈرەكلىك.
**ئەرسە** (عرصه) ئ. مەيدان
(كۆپلۈكى "ئەرەسات")
**ئەرسە** (ارسه) بولسا، قىلسا.
**ئەرش** (عرش) ئ. يەتتە قات
ئاسمان؛ تەخت، ئېگىزلىك:
ئەرش ۋە فەرش — ئاسمان ۋە
يەر.
**ئەرشاد** (ارشاد) ئ. يولىيو-
رۇق، تەلىم.
**ئەرشەد** (ارشد) ئ. ياشانغان،
مويسىپىت، چوڭ.
**ئەرشەدىيەت** (ارشديت)
ئ. چوڭلارنىڭ مەسئۇلىيىتى.
**ئەرغەدال** (ارغدال) تۆپە؛
تاغ ۋە تۆپىنىڭ باغرى، شى-
ئىردا مۇنداق كەلگەن: بازىنە-
يادىن قىلىبان ئىنتىقال،
قومغە كىرىپ يۈردۈك ئاشىپ
ئەرغەدال.
(زەلىلى)
**ئەرغەداماق** (ارغداماق)
ھىلە قىلماق، ئالدىماق.
**ئەرغەنۇن** (ارغنون) بىر
خىل مۇزىكا، چالغۇ.
**ئەرغەۋان** (ارغوان) پ.
قىزىل ۋە چىرايلىق گۈللەيدى-
غان دەرەخ؛ چىرايلىق قىزىل-
گۈل.
**ئەرغەۋانى** (ارغوانى) پ. قى-
زىل، قىزىل تۇسلۇك.
**ئەرغەۋان رىز** (ارغوان ريز)
پ. كۆچ، قان ياش تۆككۈچى؛
قاتتىق يىغلىغۇچى.
**ئەرغەۋان خەد** (ارغوان خد)
پ. قىزىل يۈز.
**ئەرقام** (ارقام) ئ. رەقەملەر
("رەقەم"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەرفەئ** (ارفع) ئ. يۇقۇرىراق،
يۇكسەكرەك.
**ئەرك** (ارك) ئەركىن، كۈچ،
قۇدرەت؛ ئازاتلىق، هۇرلۇك.
هوقۇق.
**ئەرك** (ارك) قورغان، ئوردا.
**ئەركان** (اركان) ئ. "رۇكن"
نىڭ كۆپلۇگى: ئەركان
هەرب ــ سەنمۇبۇ، سىلىگبۇ؛
ئەركان دۆلەت ــ هۆكۇمەت
باشلىقلىرى؛ ئەركان ئىس-
لام ــ دىن رۇكنىلىرى:
ئىمان، ناماز، روزا ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاشلار.
**ئەركى** (اركى) شۇبهە، گۇمان-
نى بىلدۇرىدىغان كۆمەكچى
سۆز، ئىكىن: ئول كەلىرمۇ
ئەركى ــ ئۇ كېلەمدىكىن.
**ئەركەچ** (اركج) ئەركەچ
(ئەركەك ئۆشكە يەنى پىچىل-
غان) ئەركەچ ئەتى ئەم
بولۇر، ئەشكۇئەتى يەل بولۇر.
(ماقال)
**ئەرگۇز** (اركوز) ئەگۇز سۈيى
(ئەتىيازدا قار ۋە مۇزلارنىڭ
ئېرىشىدىن كېلىپ چىققان سۇ).

**ئەرئەر** (ارار) ئ. تاغ تېرىكى،
تاغ سەرۋىسى؛ سەرۋ ئەرئەر
قامەتىنى چارباغى ئۆزرە كۆر.
(زەلىلى)
**ئەرى** (ارى) هەرە.
**ئەرىك** (ارك) پ. ئىچكى
قەلئە، پادىشانىڭ شەهەر
ئىچىدىكى قورغان ــ ئوردىسى.
**ئەرىكلىك** (اركلك) هاكىم،
هۆكۇمدار.
**ئەرىكە** (اريكه) پ. تەخت،
پادشالىق تەختى.
**ئەرىنچ** (ارنج) ئىهتىمال،
بەلكى، چېغى، بولغاي؛
راهەت، باياشات **تۇرمۇش**
كەچۈرۈش: ئول كەلدى
ئەرىنچ ــ ئۇ كەلدى بولغاي،
ئۇ كەلگەندۇ بەلكى، ئۇ كەلدى
چېغى.
**ئەرلىك** (ارلك) مەرتلىك،
باتۇرلۇق.
**ئەرمەغان** (ارمغان) ئارمىغان،
سوغا، سوغات، تارتۇق،
هەدىيە، بۆلەك.
**ئەرمەگۇ** (ارمگو) ئېرىنچەك.
هورۇن؛ ئەرمەگۇكە بۇلۇت

يوق بولۇر.
(ماقال)

**ئەرنەك** (ارنك) بارماق، قول - پۇت بارمىغى.

**ئەرەبى** (عربى) ئ. ئەرەپچە، ئەرەپكە تېگىشلىك.

**ئەرەبىيات** (عربيات) ئ. ئەرەپ تىلى ۋە ئەدەبىياتى.

**ئەرەبىيەت** (عربيت) ئ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**ئەرەز** (عرض) ئ. بىرەر نەرسىنىڭ ئەسلىدە بولماي، كېيىن پەيدا بولغان سۈپىتى (جەۋھەرنىڭ قارشىسى).

**ئەرەزى** (عرص) ئ. ئەسلى يارىتىلىشتا بولمىغان، كېيىن بارلىققا كەلگەن.

**ئەرەسات** (عرصات) ئ. مەيدانلار (بىرلىگى "ئەرسە")؛

**ئەرەق** (عرق) ئ. تەر؛ هاراق: ئەرەق رىز-تەر تۆككۈچى.

**ئەرەقناق** (عرقناك) ئې. تەرلىگەن، تەرلىك.

**ئەرەفات** (عرفات) ئ. مەككە شەھىرىنىڭ يېنىدا هاجىلار هەج ۋاقتىدا يىغىلىدىغان ئورۇن (تاغ).

**ئەرەفە** (عرفه) ئ. قۇربان هېيتتىن بىر كۈن ئىلگىرىكى كۈن، زۇلهەججە ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى.

**ئەرەن** (ارن) ئەر، كىشى، ئادەم.

**ئەرۋاھ** (ارواح) ئ. "روھ"نىڭ كۆپلۈكى: ئەرۋا هۇشىشۇهەدائ — شېهىتلەرنىڭ جانلىرى.

**ئەرۋەش** (اروش) ئەرباغ، سېھىر، كۆز بويىاش، ئالداش.

**ئەرۇز** (عروض) ئ. ئارۇز (شېئىر ۋە بېيىتلەردە ۋەزنى تۈزۈلۈش قائىدىلىرىدىن بىرى).

**ئەرۇس** (عروس) ئ. يېڭى توي بولغان يىگىت (كۆپلۈكى "ئۇرۇس")

**ئەرۇسە** (عروسه) ئ. يېڭى كېلىن (كۆپلۈكى "ئەرائىس").

**ئەرۇسان** (عروسان) ئ. يېڭى توي بولغان قىز-يىگىت.

**ئەرۇسەك** (عروسك) ئ.

ئۈيۈنچۈق، قونچاق.

**ئەرۈك¹** (اروك) ئۈرۈك (يىمىش).

**ئەرۈك²** (اروك) تېرە ئاشلا-غۇچى؛ تەرى ئەرۈكلەدى — تېرە ئاشلىدى.

**ئەزاب** (عزاب) ئ. ئازاب، جازا، قىيناش، جاپا.

**ئەزازىل** (عزازيل) ئ. شەيتان، جىن؛ يولدىن ئازدۇرغۇچى.

**ئەزبەر** (ازبر) پ. يادلىماق، يادقا ئالماق: ئەزبەردىن ئوقۇدى — كىتاپقا قارىماي ياد ئوقۇدى.

**ئەزبەسكى** (از بسكى) ئ. ھەر ھالدا، ھەرقاچان، قانداقتۇ.

**ئەزھا** (اضحى) ئ. قۇربانلار، ئەيد ئەزھا — قۇربان ھېيت.

**ئەزھار** (ازهار) ئ. چېچەك-لەر، گۈل چېچەكلىرى، گۈللەر.

**ئەزھان** (اذهان) ئ. "زىھن" نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەزرائىل** (عزرائيل) ئ. جان ئالغۇچى پەرىشتە.

**ئەزرەق** (ازرق) ئ. كۆك، ھاۋارەڭ؛ كۆچ: ئاسمان؛ كۆك كۆز.

**ئەزىم** (عظيم) ئ. ئۇلۇغ، چوڭ، كاتتا، زور.

**ئەزىمەت** (عزيمت) ئ. بىر يەرگە بېرىشنى نىيەت قىلىپ يولغا چىقماق، سەپەرگە چىقماق، يولغا چىقماق.

**ئەزەل** (ازل) ئ. بېشى ۋە ئاۋۋىلى بولمىغان ئۆتكەن زامان، ئۆتكەنكى چەكسىز زامان.

**ئەزەلى** (ازلى) ئ. باشلان-غۇچى بولمىغان، ئاۋۋىلى بولمىغان.

**ئەزەمەت** (عظمت) ئ. ئۇلۇغ-لۇق، زورلۇق.

**ئەزل** (عزل) ئ. بوشاتماق، مەنسەپتىن چۈشۈرمەك: ئەزل ئەيلىمەك — بوشاتماق، ئىشتىن (مەنسەپتىن) چۈشۈرمەك.

**ئەزم** (عظم) ئ. سۆڭەك، سۆڭەكلەر.

**ئەزم** (عزم) ئ. قەست، نىيەت، قارار.

**ئەزمىنە** (ازمنه) ئ. زامانلار، ئەسىرلەر، ۋاقىتلار: ئەزمىنە مۇقەددىمە — بۇرۇنقى زامانلار.

**ئەزۋاج** (ازواج) ئ. "زەۋج" نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەزۇبەت** (عذوبت) ئ. شىرىنلىك، تاتلىقلىق.

**ئەسائ** (عصا) ئ. ھاسا، تاياق.

**ئەسات** (عصات) ئ. ئاسىلار، گۇنا ۋە قارشىلىق قىلغۇچىلار.

**ئەساتىر** (اساطير) ئ. بۇرۇنقى ھىكايىلەر ۋە ماقالىلەر، خۇراپاتلار.

**ئەسارەت** (اسارت) ئ. قۇللۇق، تۇتقۇنلۇق، ئەسىرلىك.

**ئەساس** (اساس) ئ. نېگىز، تۈپ، غول، تەگ؛ تۈپ پىرىنسىپ.

**ئەساسنامە** (اساس نامه) ئپ. شەرتنامە، نىزامنامە.

**ئەساكىر** (عساكر) ئ. ئەسكەرلەر، چېرىكلەر (بىرلىكى "ئەسكەر")

**ئەساغىر** (اصاغر) ئ. ئەڭ كىچىكلەر، سەغىرلەر (بىرلىكى "ئەسغەر")

**ئەسافىل** (اسافل) ئ. تۆۋەنلەر، (تۆۋەن تەبىقىغە مەنسۇپ كىشىلەر)

**ئەسايىش** (اسايش) پ. "ئاسايىش"قا قاراڭ.

**ئەسايىشگاھ** (اسايش گاه) پ. "ئاسايىشگاھ"غا قاراڭ.

**ئەسالىب** (اساليب) ئ. ئۇسلۇپلار، تەرزلەر، رەۋىشلەر (بىرلىكى "ئۇسلۇپ")

**ئەسالەت** (اصالت) ئ. ئېسىللىك، ئېسىلزادىلىك؛ پۇختىلىق، مۇستەھكەملىك؛ دانالىق.

**ئەسامى** (اسامي) ئ. ئىسىملار، ئاتلار ("ئىسىم"نىڭ كۆپلۈكى): ئەسامىلكۇتۇپ — كىتاب ئىسىملىرى، كاتالوگ.

**ئەسپ** (اسب) پ. ئات: ئەسپى سىيا — قارا ئات.

**ئەسباب** (اسباب) ئ. سەۋەپلەر؛ ئەسۋاب، قورال-ساي-

مان، ئۇسكۇنە (بىرلىكى "سەبەب")

**ئەسبات** (اسباط) ئ. "سەبەت"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەستار** (استار) ئ. پەردىلەر.

**ئەستان** (استان) پ. بوسۇغا ("ئاستان"غا ئوخشاش)

**ئەسهاب** (اصحاب) ئ. ساھابىلەر مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ سۆھبىتىدە بولغانلار، سۆھبەتداشلار، دوستلار، بىرگە بولغۇچىلار؛ ئىگىلەر.

**ئەسهام** (اسهام) ئ. سەھىملەر، ئۈلۈشلەر.

**ئەسهەل** (اسهل) ئ. ئوڭاي، ئاسانراق، يەڭگىل.

**ئەسر** (عصر) ئ. يۈز يىل؛ زامان، دەۋر؛ كۈن پېشىنقا يېقىن ۋاقىت.

**ئەسرار** (اسرار) ئ. سىرلار، ئاجايىپ سىرلار، يوشۇرۇن ئىشلار (بىرلىكى "سىر").

**ئەسرۇ** (اسرو) پ. كۆپ، ناھايىتى: ئەسروناياب ـــ تەڭدىشى يوق.

**ئەسسار** (عصار) ئ. ياغچى، جۇۋازچى.

**ئەسغەر** (اصغر) ئ. ئەڭ كىچىك.

**ئەسقال** (اثقال) ئ. ئېغىرلىقلار، يۈكلەر.

**ئەسفار** (اسفار) ئ. كىتابلار؛ مەكتۇپلار: خەتلەر (بىرلىكى "سىفر")

**ئەسفەر** (صفر) ئ. سېرىق: ئەسفەر ئەفشان ـــ سېرىقلىق چاچقۇچى.

**ئەسكى** (اسكى) كونا، قەدىم.

**ئەسىر** (اسير) ئ. تۇتقۇن، ئەسىر.

**ئەسىركىمەك** (اسركمك) ئايىماق، قىزغانماق.

**ئەسىز** (اسيز) يۈزسىز، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان كىشى.

**ئەسىزلىك** (اسيزلك) ياۋۇزلۇق، يامانلىق، قەبىھلىك.

**ئەسەب** (عصب) ئ. نېرۋا، پەي: ئەسەبىي ـــ بەك تېز ئاچچىقلانغۇچى، نېرۋىنىنى.

**ئەسەھ** (اصح) ئ. دۇرۇسراق، توغرىراق.

**ئەسەد** (اسد) ئ. ئارسلان،

يولۋاس: ئەسەد كەردار — ئارسلاندەك شىجائەتلىك.

**ئەسەر** (اثر) ئ. نىشان، بەلگە، تەسىر.

**ئەسەس** (عسس) ئ. كېچە قاراۋۇلى، تۈن ساقچىسى.

**ئەسەف** (اسف) ئە. پۇشايمان؛ ئېچىنماق، ئىچ ئاغرىتماق.

**ئەسئەب** (اصعب) ئ. ئەڭ قاتتىق ۋە مۇشەققەتلىك.

**ئەسئەد** (اسعد) ئ. بەك ياخشى، بەختلىك.

**ئەسەل** (عسل) ئ. بال، ھەسەل.

**ئەسل** (اصل) ئ. تۈپ، نېگىز، يىلتىز.

**ئەسلاف** (اسلاف) ئ. "سەلەف"نىڭ كۆپلۈكى: ئەسلاف كىرام — ھۆرمەتلىك ئۆتكەنلىرىمىز، ئەجداتلىرىمىز.

**ئەسلىھە** (اسلحه) ئ. "سىلاھ" نىڭ كۆپلۈكى: سىلاھلار، قوراللار، ئۇرۇش قوراللىرى.

**ئەسمائ** (اسماء) ئ. "ئىسىم" نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەسمار** (اثمار) ئ. "سەمەرە" نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەسمەر** (اسمر) ئ. قوڭۇر، بۇغداي ئۆڭلۈك.

**ئەسنا** (اثنا) ئ. ئارا، پەيت.

**ئەسناف** (اصناف) ئ. "سىنىف" نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەسنام** (اصنام) ئ. "سەنەم" نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەسۋاب** (اثواب) ئ. "سەۋب"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەسۋات** (اصوات) ئ. "سەۋت"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەسۋەد** (اسود) ئ. قارا، قاپ-قارا.

**ئەشئار** (اشعار) ئ. "شېئىر" نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەشباھ** (اشباح) ئ. "شەبەھ"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەشبەھ** (اشبه) ئ. بەك ئوخشاش.

**ئەشجار** (اشجار) ئ. "شەجەر"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەشخاس** (اشخاص) ئ. "شەخس"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەشھەب** (اشهب) ئ. بوز ئات.

**ئەشھەدۇ** (اشهدو) ئ. گۇۋالىق بېرىمەنكى.

**ئەشھەر** (اشهر) ئ. ئايلار، بىرنەچچە ئاي، كۆپ ئايلار.

**ئەشرار** (اشرار) ئ. ياۋۇزلار، يامانلار.

**ئەشراف** (اشراف) ئ. "شەرىف"نىڭ كۆپلۈكى. (قەدىرلىك ۋە نەسەبلىك كىشىلەر، شەرەپلىك كىشىلەر، ئېتىۋارلىق كىشىلەر.)

**ئەشربە** (اشربه) ئ. "شاراب"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەشرەت** (عشيرت) ئ. ئەسلى بۇۋىلىرى بىر بولۇپ، ھەممىسى بىرگە قوشۇلۇپ ياشىغان كۆچمەن ئەلنىڭ تۇرمۇشى. م: ئەشرەت ھالىتىدە ياشىدى دېيىلىدۇ.

**ئەشرەف** (اشرف) ئ. بەك قەدىرلىك، ھۆرمەتلىك، شاراپەتلىك، ئۇلۇغ.

**ئەشغال** (اشغال) ئ. ئىشلار، مەشغۇلات (بىرلىكى "شۇغل")

**ئەشقىيائ** (اشقياء) ئ. "شەقى" نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەشك** (اشك) پ. ياش، كۆز يېشى: ئەشكىن — ياش تۆكۈپ، شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ناگىھان چامى مۇھەببەت بادەسىدىن نوش ئېتىپ، كۆزلىرىمدىن قەترە-قەترە ئەشكى يەل كەلتۈرمىشەم. (نۆبىتى)

**ئەشكى ئاب** (اشك آب) پ. ياش يامغۇرى.

**ئەشكبار** (اشكار) پ. ياش تۆكمەك.

**ئەشك رىزان** (اشك ريزان) پ. ياش تۆككۈچى.

**ئەشك فىشان** (اشك فشان) پ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**ئەشكال** (اشكال) ئ. شەكىللەر، سۈرەتلەر، ئىشارەتلەر، تۈرلۈك سىزىقلار (بىرلىكى "شەكىل").

**ئەشيائ** (اشياء) ئ. شەيئىلەر، نەرسىلەر (بىرلىكى "شەيئى").

**ئەشيان** (اشيان) پ. ئۇۋا، ياتاق.

**ئەشەدد** (اشد) ئ. بەك قاتتىق.

**ئەشەرە** (عشره) ئ. ئون (10).

**ئەشرات** (عشرات) ئ. ھېساپتا ئونلار خانىسى.

**ئەغراز** (اغراض) ئ. "غەرەز"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەغيار** (اغيار) ئ. "غەير" نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەغلال** (اغلال) ئ. تاقاقلار، زەنجىرلەر، كىشەنلەر.

**ئەقار** (عقار) ئ. مۈلۈك؛ زې- مىن (ئەسۋاپ، ئۆي، بىناغا ئوخشاش كۆچمەس مۈلۈك).

**ئەقارىب** (اقارب) ئ. "ئەق- رەب"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەقائىد** (عقائد) ئ. ئەقىدىنىڭ كۆپلۈكى.

**ئەقالىم** (اقاليم) ئ. "ئىقلىم" نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەقىب** (عقب) ئ. ئۆكچە، سوڭ، ئارقا: ئەقىبىندە — سوڭىدا، ئارقىدا.

**ئەقبەھ** (اقبح) ئ. ئەڭ ناچار، ئەڭ قاباھەت.

**ئەقتار** (اقطار) ئ. تەرەپلەر، ياقلار، چەت - ياقلار؛ دىئا- مېترلار (بىرلىگى "قۇتر").

**ئەقتائ** (اقطاع) ئ. "قىتئە" نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەقداھ** (اقداح) ئ. "قەدەھ" نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەقدار** (اقدار) ئ. "قەدەر" نىڭ كۆپلۈكى (تەقدىر؛ مىقدار، سان).

**ئەقدام** (اقدام) ئ. "قەدەم" نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەقدە** (عقد) ئ. چەكمەك، باغلىماق؛ تۈزمەك (شەرتنا- مىنى)؛ توي، نىكاھ؛ توختام؛ مەسئۇلىيەت.

**ئەقدەس** (اقدس) ئ. بەك مۇبارەك، بەك مۇقەددەس ("قۇددۇس"نىڭ يۇقۇرى دەرىجىسى).

**ئەقدەم** (اقدم) ئ. ئاۋۋال- راق، بۇرۇنراق، مۇقەددەمە- رەك ("قەدىم"نىڭ يۇقۇرى دەرىجىسى).

**ئەقران** (اقران) ئ. تەڭتۇش- لەر، يېقىنلار، ئەسىرداشلار، زاманداشلار، قۇرداشلار.

**ئەقرەب** (اقرب) ئ. ئەڭ يېقىن، ئەڭ يېقىن تۇققان.

**ئەقرەب** (عقرب) ئ. چايان؛

قەدىمقى چۇشەنچە بويىچە ئاسماننىڭ سەككىزىنچى بۇرجى.

**ئەقرەبا** (اقربا) د. يېقىنلار، قېرىنداشلار (بىرلىكى "قەرىب").

**ئەقسا** (اقصا، اقصى) د. ئەڭ يىراق، ئەڭ چەتتىكى: ئەقسايى چىن — چىننىڭ ئۇزاق ئىتتىكى، ئاخىرى.

**ئەقسام** (اقسام) د. قىسىملار، بۆلۈملەر، ئايرىملار، تۈرلەر (بىرلىكى "قىسىم")

**ئەقسوم** (اقسوم) "ئاخسوم"غا قاراڭ.

**ئەقىب** (عقيب) د. ئەۋلات نەۋرە-چەۋرە؛ سوڭ.

**ئەقىدە** (عقيده) د. ئېتىقات، ئىمان، ئىشەنچ.

**ئەقىق** (عقيق) د. ئۈزۈك ۋە ھالقىلارغا قويۇلىدىغان بىر خىل قىزىل چىنتاش.

**ئەقىم** (عقيم) د. بالىسىز كىشى؛ تۇغماس.

**ئەقەلل** (اقل) د. ئەڭ ئاز، ئەڭ تۆۋەن: لائەقەل — ئەڭ ئاز دېگەندە.

**ئەقەلىيەت** (اقليت) د. ئاز سانلىقى، ئاز سانلىق.

**ئەقىل** (عقل) د. ئاڭ، بىلىم، ئىدراك، زېھىن.

**ئەقلى** (عقلى) د. ئەقىل بىلەن بىلىنگەن، ئەقىلغە مەنسۇپ.

**ئەقلىيات** (عقليات) د. ئەقىل بىلەن بىلىنگەن ئىشلار، ئەقلىي ئىشلار.

**ئەقۋاس** (اقواس) د. "قۇۋس"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەقۋال** (اقوال) د. سۆزلەر ("قوۋل"نىڭ كۆپلۈكى).

**ئەقۋام** (اقوام) د. "قوۋم"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەقۋىيائ** (اقويا') د. كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك، قۇدرەتلىك ("قەۋى"نىڭ كۆپلۈكى).

**ئەقۇر** (عقور) د. قاۋايدىغان ئىت.

**ئەفازىل** (افاضل) د. "ئەفزەل"نىڭ كۆپلۈكى: فەزىلەتلىكلىرى: ئەفازىل كىرام — ھۆرمەتلىك ۋە قەدىرلىك

كىشىلەر.

**ئەفاف** (عفاف) ئ. پاك ئادەم.

**ئەفئال** (افعال) ئ. قىلىقلار، پېئىل ـ ھەرىكەتلەر (بىرلىكى "فېئىل").

**ئەفتادە** (افتاده) پ. يىقىلغان، تاشلانىدۇق، كۈچسىز؛ كەمبەغەل، نامرات.

**ئەفراد** (افراد) ئ. يالغۇزلار، زاتلار، بىرەۋلەر؛ ئەفرادناس ـ كىشىلەرنىڭ بىرى؛ ئەفراد مىللەت ـ مىللەتنىڭ ھەربىر كىشىسى.

**ئەفرەنجى** (افرنجى) ئ. ياۋروپاچە، ياۋروپاغا مەنسۇپ.

**ئەفرۇختە** (افروخته) پ. لاۋۇلداپ تۇرغان، يالتىراق، يانغىن.

**ئەفرۇز** (افروز) پ. سۆز بىرىكمىسىدە "يورۇتقۇچى"، "پارلاتقۇچى"، "قىزىتقۇچى" مەنىلىرىدە كېلىدۇ: مېھر ئەفرۇز ـ قۇياشتەك يورۇتقۇچى.

**ئەفزا** (افزا) پ. سۆز بىرىكمىسىدە "كۆپەيتكۈچى"، "ئۇزارتقۇچى" مەنىلىرىدە كېلىدۇ: ھەيات ئەفزا ـ ھاياتنى ئۇزارتقۇچى؛ روھ ئەفزا ـ جانغا مەدەت بەرگۈچى، روھلاندۇرغۇچى.

**ئەفزاد** (افزاد) پ. زاتلار، ئادەملەر؛ بىر جىنىستىكى نەرسىلەرنىڭ ھەربىرى.

**ئەفزار** (افزار) پ. ئەسۋاپ، ئىش قورالى.

**ئەفزايىش** (افزايش) پ. كۆپەيتمەك، ئاشۇرماق، ئۆستۈرمەك.

**ئەفزەل** (افضل) ئ. ئارتۇقراق، ياخشىراق، ئەڭ ئارتۇق، ئەۋزەل.

**ئەفزەلىيەت** (افضليت) ئ. ئارتۇقلۇق، ئەۋزەللىك.

**ئەفزۇن** (افزون) پ. كۆپ، ئارتۇق، ئۇزاق. نۇرغۇن: خۇدا ئۆمرۈڭنى ئەفزۇن ئەتسۇن ـ خۇدا ئۆمرۈڭنى ئۇزاق قىلسۇن.

**ئەفسار** (افسار) پ. نوختا، تىزگىن، جىلاۋ.

**ئەفسانە** (افسانه) پ. مەسەل،

ھېكايە، چۆچەك، داستان؛ ئويدۇرما ھېكايە، پاراڭ.

**ئەفسانە پەرداز** (افسانە پرداز) پ. چۆچەك، رىۋايەت، ھېكايە ئېيتقۇچى.

**ئەفسانەگۇزار** (افسانەگذار) پ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**ئەفسەھ** (افصح) ئ. ئەڭ فەسىھ، سۆزلىرى بەك چىرايلىق.

**ئەفسەر** (افسر) پ. تاج.

**ئەفسۇردە** (افسردە) پ. مۇردا، جانسىز، چىرىگەن؛ مۇزلىغان، قېتىپ قالغان؛ سولغان. ئەفسۇردەۋار — گويا جانسىزدەك.

**ئەفسۇن** (افسون) ئ. سېھىر، كۆز باغلاش، ئارۋاق: ئەفسۇن سىگنال — جادۇگەر، ئارۋاقچى.

**ئەفسۇنساز** (افسون ساز) پ. سېھىرگەر؛ ئۇستا، ماھىر ھېكايىچى، ئاجايىپ داستانچى.

**ئەفشا** (افشا) پ. پاش قىلماق، ئاشكارا قىلماق، مەيدانغا چىقارماق.

**ئەفشان** (افشان) پ. سۆز بىرىكمىسىدە "چاچقۇچى"، "تۆككۈچى" مەنىلىرىدە كېلىدۇ: چاچما: ئەنبەر ئەفشان — ئەنبەر چاچقۇچى، ئەنبەر ھىدلىك، خۇشبۇي.

**ئەفغان** (افغان) پ. پىغان. نالە ـ پەرياد.

**ئەفقەر** (افقر) ئ. بەك پېقىر، يوقسۇل.

**ئەفكار** (افكار) ئ. پىكىرلەر، ئويلىغان ئويلار.

**ئەفكەن** (افكن) پ. سۆز بىرىكمىسىدە "تاشلىغۇچى"، "ئاتقۇچى"، "چۈشۈرگۈچى"، "يايغۇچى" مەنىلىرىدە كېلىدۇ: خەدەڭ ئەفكەن — ئوق ئاتقۇچى؛ شوئلە ئەفكەن — شۇلا چاچقۇچى.

**ئەفكەندە** (افكندە) پ. تاشلاندۇق، خار؛ كەمتەر.

**ئەفگار** (افگار) پ. يارىدار زەخىملەنگەن، خەستە.

**ئەفگەندە** (افگندە) پ.

کۆچسىز، ئاجىز.

**ئەفىف** (عفيف) ئ. پاك، تازا، پاكىزە.

**ئەفئى** (افعى) ئ. يىلان، زەھەرلىك يىلان.

**ئەفلاك** (افلاك) ئ. "فەلەك" نىڭ كۆپلۈكى: ئەفلاك كەجرەفتار — تەتۈر ماڭىدىغان پەلەك.

**ئەفۋاج** (افواج) ئ. گۇرۇھلار، قوۋملار، جامائەتلەر (بىرلىكى "فەۋج").

**ئەفۋاھ** (افواه) ئ. "فوھ"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەكابىر** (اكابر) ئ. "ئەكبەر"گە قاراڭ: چوڭلار (يېشىغا تولغانلار)؛ چوڭ ئەمەلدارلار، ئاقسۆڭەكلەر، ئۇلۇغلار.

**ئەكارە** (اكاره) ئ. موگو، يەمەدىگى، ساگرو قولاق، قوزىقارنى.

**ئەكارس** (اكارس) ئ. يەرسىز دىخانلار.

**ئەككال** (اكال) ئ. ئاچكۆز، تويماس.

**ئەكالىل** (اكاليل) ئ. تاج (بىرلىكى "ئىكلىل")

**ئەكبەر** (اكبر) ئ. چوڭ، ئۇلۇغ، ئەڭ چوڭ.

**ئەكتاف** (اكتاف) "كەتىف"نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەكرەم** (اكرم) ئ. بەك ھۆرمەتلىك، بەك كەرەم.

**ئەكس** (عكس) ئ. يانغۇ، بىر نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىدە كۆرۈنۈشى، قايتىشى.

**ئەكسەر** (اكثر) ئ. ئەڭ كۆپ، كۆپرەك: ئەكسەر خەلق — ئەلنىڭ كۆپرەكى.

**ئەكسەرىيا** (اكثريا) ئ. كۆپرەك ۋاقىتتا.

**ئەكسەرىيەت** (اكثريت) ئ. كۆپلۈك تەرىپى، ئەلكۈنىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى.

**ئەكسىك** (اكسيك) كەم، ئاز (بۇ سۆز ھازىر "ئۆكسۈك" دەپ ئېيتىلىدۇ).

**ئەكل** (اكل) ئ. يېيىش، تاماقلىنىش، ئاشاش.

**ئەكمەل** (اكمل) ئ. ئەڭ تولۇق، ئەڭ پۈتۈن، ئەڭ كامىل.

ئەكمەلىيەت (اكملیت) ئ. مۇكەممەللىك تولۇقلۇق، كاملىلىق.

ئەكناف (اكناف) ئ. ئەتراپ؛ ھامىلىق، مۇداپىئە قىلىش.

ئەكنۇن (اكنون) پ. ئەمدى، ھازىر.

ئەكول (اكول) ئ. كۆپ تاماق يىگۈچى.

ئەگلەنچە (اگلنچه) كۆڭۈل ئۇلاتقۇچ، ئويۇنچۇق.

ئەگلەنمەك (اگلنمك) ئولانماق.

ئەگۈز (اگوز) قار سۈيىنىڭ ئاقار جايلىرى.

ئەگۈن (اگون) ئەگمىلىك دەرۋازا.

ئەئازىم (اعاظم) ئ. ئەزىملەر، ئۇلۇغ كىشىلەر، مەشھۇرلار.

ئەئجاز (اعجاز) ئ. ساغرا ("ئەجۇز"نىڭ كۆپلۈگى).

ئەئجام (اعجام) ئ. پارس، پارسلار ("ئەجەم"نىڭ كۆپلۈگى).

ئەئداﺉ (اعداﺉ) ئ. دۈشمەنلەر، ياۋلار (بىرلىگى "ئەدۇ").

ئەئداد (اعداد) ئ. سانلار، رەقەملەر (بىرلىگى "ئەدەد").

ئەئرابى (اعرابی) ئ. قىردا تۇرىدىغان ئەرەب، تاغلىق ئەرەپ.

ئەئرەج (اعرج) ئ. ئاقساق، لەڭ، چولاق، توكۇر.

ئەئەزز (اعز) ئ. بەك ئىززەتلىك، قەدىرلىك.

ئەئزاز (اعزاز) ئ. ئىززەتلىمەك، ئەزىزلىمەك.

ئەئزاﺉ (اعضاﺉ) ئ. تەننىڭ بۆلەكلىرى، ئەزالىرى، مۇچىلىرى (قول، باش، ئاياقلا ئوخشاش).

ئەئزەم (اعظم) ئ. بەك ئۇلۇغ، زور.

ئەئساب (اعصاب) ئ. ئەسەب"نىڭ كۆپلۈگى.

ئەئسار (اعصار) ئ. "ئەسىر"نىڭ كۆپلۈگى.

ئەئيان (اعیان) ئ. زاتلار، ئاقسۆڭەكلەر، يۇقۇرى تەبىقە؛ ئەزالار، كىشىلەر: ئەئيان مەملەكەت — مەملىكەت-

نىڭ زور كىشىلىرى.

**ئەئلا** (اعلا) ئ. ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ ياخشى.

**ئەئلام** (اعلام) ئ. مەلۇم قىلماق، ئۇقتۇرۇش.

**ئەئلەم** (اعلم) ئ. بەك بىلىملىك، بىلگىر، ئالىم.

**ئەئما** (اعما، اعمى) ئ. كۆزى كۆرمەس، قارغۇ، كور.

**ئەئمال** (اعمال) ئ. ئەمەل-لەر، ئىشلار: ئە ئمال ھۆسنە ــ ياخشى ئىشلار.

**ئەئەم** (اعم) ئ. كۆپىنچەرەك، ئومۇمىراق، ئاممۇىراق.

**ئەئۋان** (اعوان) ئ. "ئۇون" نىڭ كۆپلۈكى: ياردەم؛ ياردەمچى.

**ئەئۋام** (اعوام) ئ. "ئام"نىڭ كۆپلۈكى: يىل، بىر يىل.

**ئەئۋەج** (اەوج) ئ. بۈگرى. ئەگرى، قىڭغىر، قىيپاش؛ مىجەزى يامان، قىيىق مىجەز.

**ئەئۋەر** (اعور) ئ. يەكچەشمە، سىڭا كۆز.

**ئەيادەت** (عيادت) ئ. تۇققان يوقلىماق، ئاغرىق يوقلىماق.

**ئەيار** (عيار) ئ. "ئىيار"غا قاراڭ.

**ئەياق** (اياق) چىنە، پىيالە، چۆچەك، ئاياق؛ قەدەھ.

**ئەيال** (عيال) ئ. ئايال، خوتۇن.

**ئەيان** (عيان) ئ. "ئىيان"غا قاراڭ (ئايان).

**ئەييار** (عيار) ئ. ساياق، سەر-سان، تىگىرقاپ يۈرگۈچى؛ ئالدامچى، ھىلىگەر، قۇۋ، ھەييار.

**ئەيياش** (عياش) پ. ئەيشى-ئىشرەتكە بېرىلگۈچى كىشى، ئاقىنانچى.

**ئەيەقخانە** (اياق خانه) مەيخانە

**ئەييام** (ايام) ئ. كۈنلەر، ۋاقىتلار (بىرلىكى "يەۋم").

**ئەيب** (عيب) ئ. ئەيىب، كەمچىلىك: ئەيىبكو ــ كامچىلىقنى تارقاتقۇچى.

**ئەيتام** (ايتام) ئ. يىتىملەر، ئاتا-ئانىسىز باللار.

**ئەيدى** (ايدى) ئىيتتى، دىدى.

ئەيرو (ايرو) باشقا، ئۆزگە: ئەيرۇ تۇشمەك ــ ئاجرىلىشماق.
ئەيرەشمەك (ايراشماك) ئايرىلىشماق، ئاجرىشىپ كەتمەك.
ئەيزەن (ايضاً) ئ. يەنە. تېخى.
ئەيش (عيش) ئ. تىرىكلىك، ياشاش.
ئەييۇهەنناس (ايها الناس) ئ. ئى ئادەملەر.
ئەيمان (عيمان) قەسەم، ئانت.
ئەين (عين) ئ. كۆز: بۇلاق، چەشمە: خۇددى، خۇددى ئۆزى، ئەسلى: ماهىيەت: ۋاقت: ئەينۇل هايات ــ هايات بۇلىغى.
ئەينەك (عينك) پ. كۆز ئەينەك: كۆزگۈ: كۆچ: كۆز.
ئەينەين (عينين) ئ. ئىككى كۆز.
ئەل (ال) خەلق، جامائەت، ئاما: دۆلەت، مەملىكەت، يۇرت: قول.

ئەلا (على) ئ. ئۈستىگە... گە،... دىن: ئەلاهەزەلقىياس ــ شۇنىڭغا قىياسەن.
ئەلا (الا) ئ. قارا، ئاگاھ، قۇلاق سال، ئاگاھ بول.
ئەلايىق (علايق) ئ. ئالاقىلار، باردى ـ كەلدىلەر، باغلىنىشلار (بىرلىكى "ئەلاقە").
ئەلالا (علالا) ئ. شاۋقۇن ـ سۇرەن، هايقىرىق: ئەلالا ئەيلىمەك ــ شاۋقۇن ـ سۇرەن قىلماق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: قىلىپ خەلق ئەلالانى كۆپ، ئېيتىپ بىر بىرىگە تەۋەللانى كۆپ.
(ئا.نىزارى)
ئەلئان (الان) ئ. هازىر، بۇ هالدا، هازىرقى هالدا.
ئەلبىسە (البسه) ئ. "لىباس" نىڭ كۆپلۈكى.
ئەلتاف (الطاف) ئ. "لۇتف" نىڭ كۆپلۈكى.
ئەلتەف (الطف) ئ. ئەڭ ياخشى، ئەڭ خوش.
ئەلهاد (الحاد) ئ. دىنـ

سزلك، ئيتقاتسزلق.

**ئەلهاسل** (الحاصل) ئ. گەپنىڭ قسقىسى، يغندىسى، نەتىجىسى، يالپىسى.

**ئەلهان** (الحان) ئ. ئاۋازلار، ناخشلار، سايراشلار (بىرلكى "لەهن").

**ئەلهەزەر** (الحذر) ئ. ساقلان، ساقلنىش.

**ئەلهەق** (الحق) ئ. هەقىقەتەن، هەق-راست.

**ئەلهەمدۇلىللا** (الحمدالله) ئ. ئاللاغا شۈكرى.

**ئەلهۆكمۇلىللا** (الحكم الله) ئ. هۆكۈم قلىش ئاللانىڭ ئىشىدۇر، خۇدانىڭ هۆكمى شۇنداق،

**ئەلدەلدەغە** (الدلدغه) ئۆدەكنىڭ بىر تۈرى.

**ئەلزەم** (الزم) ئ. بەك لازىم، ئەڭ تىگىشلىك.

**ئەلسنە** (السنه) ئ. تىللار، سۆزلەر: ئەلسنەئى شەرقيە — كۈنچىقىشتىكى خەلقلەرنىڭ تىللىرى.

**ئەلغاز** (الغاز) ئ. تىپىشماقلار.

**ئەلغەرەز** ئ. سۆزنىڭ قىسقىسى، قىسقىسى.

**ئەلف** (الف) ئ. مىڭ.

**ئەلفاز** (الفاظ) ئ. لەۋزلەر، سۆزلەر، كەلىمىلەر.

**ئەلفراق** (الفراق) ئ. ئايرىلىش، ئايرىلماق.

**ئەلقاب** (القاب) ئ. لەقەبلەر ("لەقەب"نىڭ كۆپلۈكى)، ئۆلىنىپ كەلگەن ئاتلار؛ كاتتا كىشلەرنىڭ ئاتلىرىغا ئۇلانغان سۆزلەر يەنى ئىززەتلىك، هۆرمەتلىك دىگەندەك.

**ئەلقسسە** (القصه) ئ. شۇنداق قىلىپ، مانا شۇ.

**ئەلكۈن** (الكون) جامائەت، خالايىق، جەمىيەت، يۇرت، كۆپچىلىك، ئامما.

**ئەلىگ** (الك) قول، ئىلىك؛ ئەل.

**ئەلىل** (عليل) ئ. ئىللەتلىك، ئاغرىقلىق، زەرەر كۆرگەن.

**ئەلىم** (عليم) ئ. بەك بىلگۈچى، خەۋەردار.

ئەللاف (علاف) ئ. بۇغداينى
ئۇن قىلىپ ساتقۇچى
سودىگەر.
ئەللامە (علامه) ئ. دوكتۇر،
ئالىم.
ئەليەۋم (اليوم) ئ. بۈگۈن.
ئەلەزز (الذ) ئ. تاتلىقراق،
لەززەتلىكرەك.
ئەلەق (علق) ئ. ئوت،
كۆكات، ئۆيلەك، چىمەن.
ئەلەم (الم) ئ. رەنج،
دەرت، ئاغرىق.
ئەلەم (علم) ئ. ئالامەت،
نىشان، بايراق، بەلگە؛ ئاتاق-
لىق ئات (گىراماتىكىدا):
ئەلەم ئۇرماق — بايراق تىك-
لىمەك؛ بەلگە قويماق؛
ئەلەم چەكمەك — بايراق
تىكمەك؛ كۆتىرىلمەك.
ئەلەيھا (عليها) ئ. ئاڭا
بولسۇن: ئەلەيھىر رەھمە —
ئاڭا رەھمەت بولسۇن.
ئەلەيھە (عليه) ئ. يۇقۇرى-
دىكىگە ئوخشاش.
ئەلەيھىما (عليهما) ئ.
ئۇلارنىڭ ئىككىسىگىلا بول-
سۇن.
ئەلەنەن (علناً) ئ. ئاشكارا،
ئوچۇق.
ئەلەنى (علنى) ئ. ئاشكارا
بولغان، ھەممىگە بىلىنگەن.
ئەلەۋى (علوى) ئ. ھەز-
رىتى ئەلىنىڭ نەسلىدىن
بولغان: ئەلىپەرەس.
ئەلۋان (الوان) ئ. تۈرلۈك
رەڭلەر: ئەلۋان-ئەلۋان —
تۈرلۈك-تۈرلۈك (بىرلىكى
"لەۋن").
ئەلۋەدائ (الوداع) ئ. ئايرى-
لىش، خوشلىشىش.
ئەم (ام) داۋا، شىپا.
ئەمم (عم) ئ. ئاتىنىڭ ئەر
قېرىنداشلىرى، ئاغا، چوڭ
ئاتا ياكى كىچىك ئاتا.
ئەما (عما) ئ. كورلۇق،
كۆزسىزلىك.
ئەمارى (عمارى) ئ. ئادەم
ئولتۇرۇش ئۈچۈن تۆگىنىڭ
ئۈستىگە ئورنىتىلغان كاجىۋا،
تەگىرمەك.
ئەمارە (اماره) ئ. ئالامەت،
بەلگە.

**ئەمارەت** (امارت) ئ. پادى-
شالىق: ئەمارەت مەتاب —
ئەمىرلىك مەنسىپىدىكى
كىشىگە بېرىلگەن ئۇنۋان.

**ئەمامە** (عمامه) ئ. سەللە،
باشقا ئورالغان نەرسە.

**ئەمان** (امان) ئ. ئامانلىق،
تىچلىق.

**ئەمانەت** (امانت) ئ. ئاما-
نەت، بىراۋغا ساقلاپ تۇرۇش
ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسە.

**ئەمارە** (اماره) ئ. ئەمر
قىلغۇچى، قىستىغۇچى، قاتتىق
بۇيرۇغۇچى، زورلىغۇچى.

**ئەممە** (عمه) ئ. هامما (دادى-
نىڭ قىز قېرىنداشلىرى ياكى
سىڭىللىرى)

**ئەمتار** (امطار) ئ. يامغۇرلار
(بىرلىگى "مەتەر").

**ئەمجەد** (امجد) ئ. ئۇلۇغ،
شاراپەتلىك، قەدىرلىك:
جەدئەمجەد — ئۇلۇغ بوۋا.

**ئەمد** (عمد) ئ. قەست،
نىيەت.

**ئەمدەن** (عمداً) ئ. قەستەن،
ئەتەي،

**ئەمر** (امر) ئ. ئىش: بۇي-
رۇق: ئەمر قىلىش — بىر
ئىشقا بۇيرۇش: ئەمرى
بەدىئ — قىزىق ئىش.

**ئەمراز** (امراض) ئ. ئاغ-
رىقلار.

**ئەمرەد** (امرد) ئ. ياش
يىگىت، ساقال چىقمىغان ياش
ئادەم.

**ئەمرنامە** (امرنامه) ئىپ.
بۇيرۇق قەغىزى.

**ئەمسار** (امصار) ئ. مىسىر-
لەر، شەھەرلەر (بىرلىگى
"مىسىر").

**ئەمسال**[1] (امثال) ئ. "مەسەل"
نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەمسال**[2] (امثال) ئ. "مىسال"
نىڭ كۆپلۈكى

**ئەمسىلە** (امثله) ئ. "مىسال"
نىڭ كۆپلۈكى

**ئەمگەك** (امكك) جاپا،
مۇشەققەت، قىيىنچىلىق،
بەختسىزلىك، تارتقۇلۇق،
تەلەيسىزلىك. م: ئەمگەكلىك
بالا — جاپا تارتقان بالا؛
ئەمگىگى قېيىشىپ قالدى —

تەلىيى ئوڭ كەلمەي كەتتى.
**ئەمكىنە** (امكنه) ئ. تۇرار جايلار، ئورۇنلار (بىرلىكى "مەكان").
**ئەمىد** (عميد) ئ. باشلىق؛ يۇقۇرى دەرىجىلىك مەمۇرى ئەمەلدار؛ مۇدىر، مەسئۇل بولغۇچى.
**ئەمىر** (امير) ئ. بۇيرۇق بەرگۈچى، ھۆكۈمدار، باشلىق، پادىشا، خان؛ ئەمرۇل ئۇمرا — شاھلارنىڭ شاھى.
**ئەمىق** (عميق) ئ. چوڭقۇر، تېرەن. ئەفكار ئەمىقە — تېرەن پىكىرلەر.
**ئەمىل** (عميل) ئ. ۋاستىچى، ئارىچى؛ ياللىنغۇچى؛ باجگىر.
**ئەمىن** (امين) ئ. ئامانەتنى ياخشى ساقلىغۇچى، خىيانەت قىلمىغۇچى، ئىشەنچلىك.
**ئەمىم** (عميم) ئ. ئومۇمى، ئورتاق، ئومۇمىيۈزلۈك، پۈتۈنلەي.
**ئەمىياء** (عمياء) ئ. كۆزى كۆرمەس ئايال؛ كور، كۆرمەس، قارغۇ؛ يوشۇرۇلغان، يوپۇتۇلغان.
**ئەملاك** (املاك) ئ. مۈلۈكلەر، قولدىكىماللار.
**ئەملەھ** (املح) ئ. ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يېقىملىق.
**ئەمن** (امن) ئ. تېچ، ئەمىن:
**ئەمنىيەت** (امنيت) ئ. ئەمىنلىك، تېچلىق.
**ئەمەل**[1] (عمل) ئ. ئىش، ھەرىكەت، ئىجرا؛ مەنسەپ؛
**ئەمەل**[2] (عمل) ئ. كۈي، ناخشا.
**ئەمەل** (امل) ئ. ئۈمىد، ئارزۇ، تىلەك، ئىستەك (كۆپلۈكى "ئەمال").
**ئەمۋات** (اموات) ئ. مېيىتلەر، ئۆلۈكلەر (بىرلىكى "مەيىت").
**ئەمۋاج** (امواج) ئ. مەۋجلەر، تولقۇنلار (بىرلىكى "مەۋج").
**ئەمۋال** (اموال) ئ. ماللار، بۇيۇملار (بىرلىكى "مال").
**ئەن** (عن) ئ. "دىن، تىن" دېگەن چىقىش كېلىش ئورنىدا كېلىدۇ: ئەن ئەسل —

ئەسلىدىن.

**ئەنا** (عنا) ئ. مۇشەققەت، كۈلپەت، قىيىنچىلىق.

**ئەناجىل** (اناجيل) ئ. ئىنجىللەر (بىرلىكى "ئىنجىل").

**ئەنادىل** (عنادل) ئ. بۇلبۇللار (بىرلىكى "ئەندەلىب").

**ئەناسىر** (عناصر) ئ. ئۇنسۇرلار، نەرسىلەرنىڭ ئەسلى ماددىلىرى (بىرلىكى "ئۇنسۇر").

**ئەنام** (انام) ئ. ئادەملەر، خەلق، مەخلۇقات.

**ئەنانىيەت** (انانيت) ئ. مەنمەنلىك، تەكەببۇرلۇق، غۇرۇرلۇق.

**ئەنئام** (انعام) ئ. نېمەتلەر، ماللار.

**ئەنبار** (انبار) ئ. ئامبار، قازناق؛ خىرمان.

**ئەنباز** (انباز) پ. شېرىك، ئورتاق.

**ئەنبانچە** (انبانچه) پ. خالتا، تورۋا.

**ئەنبەر** (عنبر) ئ. بىر خىل خۇشپۇراقلىق ماددا.

**ئەنبەربار** (عنبربار) ئ. پ. خۇشپۇراق تارقاتقۇچى، ئەنبەر ياغدۇرغۇچى.

**ئەنبەربىز** (عنبربيز) ئ. پ. ئەنبەر چاچقۇچى، خۇش ھىد تارقاتقۇچى.

**ئەنبەرسا** (عنبرسا) ئ. پ. ئەنبەرگە ئوخشاش.

**ئەنبەرفىشان** (عنبرفشان) ئ. پ. ئەنبەر چاچقۇچى، خۇش ھىد تارقاتقۇچى.

**ئەنبەرىن** (عنبرين) ئ. ئەنبەرلەنگەن، خۇشبۇي: ئەنبەرىن تەناب — كۆچ: خۇشبۇي چاچ؛ ئەنبەرىن ھىلال — كۆچ: چىرايلىق قارا قاش.

**ئەنبىيائ** (انبياء) ئ. پەيغەمبەرلەر، يالۋاچلار، نەبىلەر (بىرلىكى "نەبى").

**ئەنجام** (انجام) ئ. ئاياقلىشىش، ئاقىۋەت، نەتىجە: ئەنجام تاپماق — تۈگىمەك، تامام بولماق.

**ئەنجۈمەن** (انجمن) پ. ئولتۇرۇش، يىغىلىش، مەج-

لىس، ئۇيۇشما، جەمىيەت، كېڭەش ئورنى.

**ئەنجۇم** (انجم) ئ. يۇلتۇز-لار: ئەنجۇم سان — يۇلتۇزغا ئوخشاش.

**ئەنخساق** (انخساق) ئ. ئاينىڭ تۇتۇلۇشى: ئەنخساق قەمەر — ئاينىڭ تۇتۇلۇشى.

**ئەنھار** (انهار) ئ. دەريالار، غوللار، ئېقىن سۇلار (بىرلىگى "نەھر").

**ئەنداز** (انداز) پ. ئات-قۇچى، تاشلىغۇچى: تىر ئەنداز — ئوق ئاتقۇچى، ئوقچى.

**ئەندازە** (اندازه) پ. ئۆل-چەم، مىقدار، ئۆلگە، مىق-ياس، ئۆلچەش قورالى.

**ئەندام** (اندام) ئ. تەن، بەدەن، جىسىم، ئەزا.

**ئەندىش** (انديش) پ. ئويلىغۇچى، پىكىر قىلغۇچى: ئاقىبەت ئەندىش — ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئويلىغۇچى. ئەن-دىشە.

**ئەندىشە** (انديشه) پ. ئويلاش، پىكىر قىلىش، قايغۇرۇش، غەم.

**ئەندەر** (اندر) پ. ئىچىدە، ئارىسىدا.

**ئەندەلىب** (عندليب) ئ. بۇلبۇل، ساندۇغاچ.

**ئەندەلىس** (اندلس) ئ. ئىسپانىيە مەملىكىتىنىڭ مۇسۇلمانلار زامانىسىدىكى ئاتىلىشى.

**ئەندوھ** (اندوه) پ. قايغۇ، غەم، ئايرىلىش قايغۇسى، خاپىلىق: غەم يىمەك.

**ئەندۇد** (اندود) پ. سۆزگە بىرىكىپ، سۇۋالغان، قاپلان-غان مەنىلىرىدە كېلىدۇ: زەر ئەندۇد — ئالتۇن قاپلانغان، زەرلەنگەن.

**ئەندۇز** (اندوز) پ. ھاسىل قىلغۇچى، ئالغۇچى، توپلى-غۇچى: سەيقەل ئەندۇز — جۇلا بەرگۈچى، پارقىراتقۇچى.

**ئەنزار** (انظار) ئ. قاراشلار، نەزەرلەر (بىرلىگى "نەزەر").

**ئەنساب** (انساب) ئ. نەسەب-لەر، ئەسل ۋە نەسىللەر.

**ئەنسار** (انصار) ئ. مەدىنە-
لىك ساھابىلەر؛ ياردەمچىلەر.
**ئەنسال** (انسال) ئ. نەسىل-
لەر، ئۇرۇقلار.
**ئەنسەب** (انسب) ئ. لايىق-
راق، مۇناسىپراق.
**ئەنقا** (عنقا) ئ. قاف تېغىدا
دەپ ئېيتىلىدىغان بىر قۇش،
سۇمرۇغ، قارا قۇش.
**ئەنقەرىب** (عنقريب) ئ.
يېقىن پۇرسەتتە، يېقىندا،
يېقىنقى، تېزدىن.
**ئەنى** (انى) ئ. بۇرۇن.
**ئەنفاس** (انفاس) ئ. تىنىق-
لار، نەفەسلەر (بىرلىكى
"نەفەس").
**ئەنفۇس** (انفس) ئ. شەخس-
لەر، جانلار (بىرلىكى
"نەفس").
**ئەنفەئ** (انفع) ئ. ئەڭ
پايدىلىق، مەنپەئەتلىك.
**ئەنگىز** (انگيز) پ. قوزغات-
قۇچى؛ قەست: فىتنە ئەن-
گىز — فىتنە قوزغاتقۇچى.
**ئەنگۇشت** (انگشت) پ. بارماق،
ئۇششاق قول: ئەنگۇشت
نەما — مەلۇم، مەشھۇر.
**ئەنىس** (انيس) پ. دوست،
يېقىن يولداش، ئۈلپەت.
**ئەنىق** (عنيق) ئ. قوپال،
رەھىمسىز.
**ئەنۋار** (انوار) ئ. نۇرلار،
روشەنلىكلەر (بىرلىكى
"نۇر").
**ئەنۋائ** (انواع) ئ. نەۋئىلەر،
تۈرلەر، بۆلۈملەر، ھەر خىل
(بىرلىكى "نەۋ"): ئەنۋائ
تائاملار — تۈرلۈك-تۈرلۈك
تاماقلار.
**ئەنۋەر** (انور) ئ. ئەڭ
نۇرلۇق، بەك روشەن.
**ئەنگمەگۈ** (انكمگو) سىناش،
تەكشۈرۈش.
**ئەۋ** (او) ئۇي؛ ئۇۋ، شىكار
("ئەب"، "ئاب" سۆزلىرىنىڭ
ئۆزگىرىشى) ماقالدا مۇنداق
كەلگەن: ئەۋدەگى بۇزاغۇ
ئۆكۈز بولماس — ئۆيدە
باقىلغان موزاي ئۆكۈز
بولماس.
**ئەۋاتىف** (عواطف) ئ. مەرھە-
مەتلەر، مېھرىبانلىقلار.

**ئەۋاخىر** (اواخر) ئ. ("ئاخىر" نىڭ كۆپلۈگى).

**ئەۋارىز** (عوارضد) ئ. ئارىزەلەر، ھادىسىلەر، كۆرۈنگەن نەرسىلەر، ئىشلار (بىرلىگى "عارضه").

**ئەۋاست** (اواسط) ئ. "ئوتتۇرا"نىڭ كۆپلۈگى: پالان يىلىنىڭ ئەۋاستىدە — پالان يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا.

**ئەۋاقىب** (عۋاقب) ئ. ئاقىۋەتلەر، ئىشنىڭ ئاخىرلىرى، ئاياقلىرى (بىرلىگى "عاقبت").

**ئەۋالىم** (عوالم) ئ. ئالەملار؛ دۇنيالار.

**ئەۋائىل** (اوائل) ئ. "ئەۋۋەل"نىڭ كۆپلۈگى.

**ئەۋام** (عوام) ئ. ھەممە خەلق، قارا خەلق، قاراچى، ئاددى خەلق (بىرلىگى "ئام").

**ئەۋامىر** (اوامر) ئ. ئەمرلەر، بۇيرۇقلار (بىرلىگى "ئەمر").

**ئەۋان** (عوان) ئ. ئانلار، ۋاقىتلار، زامانلار: ئاۋان شەباب — ياشلىق زامانلىرى.

**ئەۋانى** (اوانى) ئ. ئىدىشلار (بىرلىگى "ئىنا").

**ئەۋباش** (اوباش) پ. ياردىماس، لۈكچەك، تەرتىپسىز، سايىاق، بىباش، باشباشتاق، بەڭۋاش.

**ئەۋتار** (اوتار) ئ. چالغۇ تارلىرى.

**ئەۋتان** (اوطان) ئ. ۋەتەنلەر (بىرلىگى "ۋەتەن").

**ئەۋھام** (اوهام) ئ. ۋەھىملەر، تۇرلۇك ئويلار، خىياللار، دەككە-دۈككىلەر، بىھۇدە قورقۇشلار (بىرلىگى "ۋەھم").

**ئەۋج** (اوج) ئ. يۇقۇرىلىق، ئىگىزلىك: ئەۋج تاپماق — كۆتۈرۈلمەك.

**ئەۋد** (عود) ئ. كەينىگە قايتماق: ئەۋد ئەتمەك — قايتماق.

**ئەۋدەت** (عودت) ئ. قايتىش.

**ئەۋر** (اور) ئۆرۈمەك، ئۆرۈش.

**ئەۋر** (عور) ئ. يالىڭاچ.

**ئەۋراد** (اوراد) ئ. ۋەزىپىلەر
(بىرلىكى "ۋىرد").
**ئەۋراق** (اوراق) ئ. ۋاراقلار،
قەغەزلەر (بىرلىكى "ۋە-
رەق").
**ئەۋرەت** (عورت) ئ. تەنىنىڭ
كىشىگە كۆرستىشكە بولماي-
دىغان يېرى: خوتۇن كىشى-
لەرمۇ "ئەۋرەت" دەپ ئېيتى-
لىدۇ.
**ئەۋرەڭ** (اورنگ) تەخت.
**ئەۋزان** (اوزان) ئ. ۋەزنە-
لەر، ئۆلچەملەر، ئېغىرلىقلار
(بىرلىكى "ۋەزن").
**ئەۋزەھ** (اوظه) ئ. روشەن-
رەك، ئوچۇقراق.
**ئەۋسان** (اوثان) ئ. بۇتلار،
تۇۋنىدىغان سۇرەتلەر.
**ئەۋسەت** (اوسط) ئ. ئوتتۇ-
رىدىكى، ئوتتۇرا، نورمال.
**ئەۋساف** (اوصاف) ئ. ۋەسپ-
لەر، سۈپەتلەر، ماختاشلار،
رەۋىشلەر، تەبىئەتلەر، خۇلۇق-
لار: (بىرلىكى "ۋەسف"):
ئەۋسافى ئالىيە — يۈكسەك
ياخشى خۇلۇقلار.

**ئەۋسەئ** (اوسع) ئ. (اوسع)
كەڭ، بەك ئەركىن.
**ئەۋقات** (اوقات) ئ. ۋاقىتلار،
زامانلار (بىرلىكى "ۋەقت").
**ئەۋقاف** (اوقاف) ئ. ۋەقفلەر،
مەسچىت، مەدرىسلەرگە ۋەخپە
قىلىنغان نەرسىلەر، يەرلەر
(بىرلىكى "ۋەقف").
**ئەۋفەق** (اوفق) ئ. ئەڭ
مۇۋاپىق، بەك توغرا.
**ئەۋلا** (اولى، اولا) ئ. ياخ-
شىراق، ئارتۇقراق.
**ئەۋلاد** (اولاد) ئ. باللار،
نەسل، ئۇرۇق (بىرلىكى
"ۋەلد").
**ئەۋلىيائ** (اولياء) ئ. ۋەلىلەر،
ئەزگۈ كىشىلەر.
**ئەۋلەۋىيەت** (اولويت) ئ.
ئارتۇقلۇق، بەك لايىق
بولۇش، مۇناسىپلىق.
**ئەۋن** (عون) ئ. ياردەم،
كۆمەك.
**ئەۋۋەلىيەت** (اوليت) ئ.
ئەۋۋەللىك، ئالدىنقىلىق.
**ئەۋۋەلىن** (اولين) ئ. ئالدىن-
قىلار: ئەۋۋەلىنو ئاخىرىن —

ئالدىنقىلار ۋە كېيىنكىلەر.

**ئەۋۋەلغى** (اولغى) ئەۋۋەلغى ئەربەئىن — بىرىنچى چىللا، تەسەۋۋۇفچىلارنىڭ قىرىق كۈنلۈك خىلۋەتتە ئولتۇرۇشى؛ ئەۋۋەلغى نەفەس — بىرىنچى دەمدە، ئەڭ ئالدىن.

**ئەۋلىك** (اوليك) خوتۇن، خوتۇن كىشى، ئايال (ئۆي كىشىسى دېگەن مەنىدە)، ساھىبخان، ئۆي خوجىسى.

**ئەۋلۈك** (اولوك) يۇقۇرىقىغا ئوخشاش.

# ئى

**ئىباﺋ** (ابا) ئ. رەت قىلماق، ئىنكار قىلماق: ئىبائەتمەك ــ ئىنكار قىلماق، رەت قىلماق، ئۇنىماسلىق، كۆنمەسلىك، قوبۇل قىلماسلىق.

**ئىباھەت** (اباھت) ئ. رۇخسەت، يول قويماق، مۇمكىنلىك.

**ئىباد** (عباد) ئ. بەندىلەر، قۇللار (بىرلىكى "ئەبد")

**ئىبادەت** (عبادت) ئ. تەگرىگە قۇللۇق قىلماق، تېۋىنماق.

**ئىبارات** (عبارات) ئ. سۆزلەر، ئىبارىلار، تېكىستلەر (بىرلىكى "ئىبارەت").

**ئىبارە** (عباره) ئ. يېزىلغان سۆز، تېكىست، سۆز بىرىكمىسى.

**ئىبارەت** (عبارت) ئ. سۆز، سۆزلەم؛ ياسالغان، قوشۇلغان، پۈتكەن، قۇرۇلغان دېگەن ياردەمچى مەنىلەرنى ئاگلىتىدۇ.

**ئىبتال** (ابطال) ئ. بۇزماق، يوقاتماق، رەت قىلماق. يوققا چىقارماق، باتىل قىلماق.

**ئىبتىھاج** (ابتهاج) ئ. شاتلىق، سۆيۈنچ، سۆيۈنمەك، خۇرسەن بولماق، قۇۋانماق، ئېچىلماق.

**ئىبتىدائ** (ابتدا٘) ئ. باشلانغۇچ، باشلام، باشلانما، ئەۋۋەل.

**ئىبتىدائ** (ابتداع) ئ. بىرەر يېڭىلىق يارىتىش.

**ئىبتىدائى** (ابتدائى) ئ. باشتىكى، ئاۋۋالقى، تۇنجى، باشلانغۇچ.

**ئىبتىسام** (ابتسام) ئ. كۈلۈمسىرىمەك، كۈلۈپ قارىماق،

تەبەسسۇم قىلماق.

**ئىبتىلائ** (ابتلا) ئ. يولۇقماق، ئۇچرىماق، گىرىپتار بولماق، مۇپتىلا بولماق، دۇچار بولماق، باغلانماق.

**ئىبتىنائ** (ابتناء) ئ. بىنا قىلماق، بىر سۆزنى ئىككىنچى بىر سۆزگە تىركەپ سۆزلىمەك.

**ئىبهام** (ابهام) ئ. ئېنىقسىزلىق، پىكىر مۇجمەللىكى.

**ئىبدائ** (ابداع) ئ. بىرىنچى بولۇپ ياساپ چىقارماق، كېلىشتۈرۈپ ياسىماق.

**ئىبراز** (ابراز) ئ. كۆرسەتمەك، چىقارماق، ئىزھار قىلماق.

**ئىبرام** (ابرام) ئ. قىستاش، قاتتىق تەلەپ.

**ئىبرانى** (عبرانى) ئ. يەھۇدى؛ يەھۇدى تىلى.

**ئىبرى** (عبرى) ئ. يەھۇدى، ئىبرانى؛ يەھۇدىچە، يەھۇدى تىلى.

**ئىبرە** (عبره) ئ. خەزىنە كىرىمى؛ سىلىق.

**ئىبرەت** (عبرت) ئ. بىر ھال ياكى بىر ۋەقەنى كۆرۈپ ساۋاق ئالماق، ئىبرەتلەنمەك، ئۆرنەك ئالماق: ئىبرەت خىش — ئىبرەت بەرگۈچى.

**ئىبقائ** (ابقاء) ئ. قالدۇرماق، پۈتتۈرمەي ئورنىدا قالدۇرماق، پۈتتۈرمەسلىك.

**ئىبكائ** (ابكاء) ئ. يىغلاتماق.

**ئىبلاغ** (ابلاغ) ئ. ئېرىشتۈرمەك، يەتكۈزمەك.

**ئىبلىس** (ابليس) ئ. ئازدۇرغۇچ، شەيتان؛ ئالدامچى، ھىلىگەر، قۇۋ: ئىبلىس شوئار — شەيتان سۈپەت؛ ھىلىگەر.

**ئىبن** (ابن) ئ. ئوغۇل، بىن: تۇرسۇن بىن تۇردى — تۇردى ئوغلى تۇرسۇن (ئىككى ئات ئارىسىدا "ئ" ھەرپى چۈشۈپ قالىدۇ).

**ئىتاب** (عتاب) ئ. ئاچچىق، غەزەپ، قەھر، قىيناق: ئىتاب ئامىز — قەھر بىلەن غەزەپ ئارىلاش.

**ئىتئاب** (اتعاب) ئ. جاپاغا سالماق، مۇشەققەتلەندۈرمەك.

**ئىتائەت** (اطاعت) ئ. بويسۇنماق.

**ئىتباﺋ** (اتباع) ئ. ئەگەشتۇرمەك

**ئىتتىباﺋ** (اتباع) ئ. ئەگەشمەك، تابە بولماق.

**ئىتتىھاق** (اتخاق) ئ. ھەدىيە قىلماق، تۆھپە قىلماق.

**ئىتتىھاد** (اتحاد) ئ. بىرلە- شىش: ئىتتىھاد قىلماق — بىرلەشمەك؛ دوستلاشماق.

**ئىتتىھام** (اتهام) ئ. تۆھمەت قىلىنماق، قارا چاپلانماق.

**ئىتتىھامنامە** (اتهامنامه) ئ. تۆھمەت ياكى قارا چاپلاش خېتى.

**ئىتتىساق** (اتصاق) ئ. سۇ- پەتلەلەنمەك، بىرەر سۈپەتكە ئىگە بولماق، تەرىپلەنمەك.

**ئىتتىساﺋ** (اتساع) ئ. كېڭەيمەك، كەڭلىمەك: ئىتتىساﺋ ئەتتى — كېڭەيدى.

**ئىتتىسال** (اتصال) ئ. تۇتاش- ماق، ئۇلانماق، يېتىشمەك، ئېرىشمەك، بىرىكمەك، يېپىشماق.

**ئىتتىسام** (اتسام) ئ. بەلگە- لەنمەك، نىشانلانماق، ئاتان- ماق: ئىتتىسام تاپماق — ئاتانماق، ناملانماق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئەي جا- ھان شائىرى گۈلشىنى باغى، خەمسەڭگە قۇربان ئىتتىسال ئەت خوتەننى. (نۆبىتى)

**ئىتتىفاق** (اتفاق) ئ. بىر پىكىرگە كەلمەك، بىرلەشمەك؛ تاسادىپ.

**ئىتتىفاقەن** (اتفاقاً) ئ. تاسادى- پەن، تاسادىپى رەۋىشتە: ئىتتىفاقى ھەسەنە — ياخشى تاسادىپ، كۆڭۈللۈك ۋەقە.

**ئىتتىقاﺋ** (اتقا) ئ. ساقلانماق، ئەقۋالىق قىلماق، تەگرىدىن قورقماق.

**ئىتتىقان** (اتقان) ئ. كۆز بىلەن كۆرگەنگە ئوخشاش ئېنىق بىلمەك.

**ئىتتىكاﺋ** (اتكا) ئ. تايانماق، سۆيەنمەك، ئىشەنمەك.

**ئىتتىلاﺋ** (اطلاع) ئ. خەۋەر- دارلىق، ئاگاھلىق: ئىتتىلاﺋ تاپماق — چۈشەنمەك، خەۋەردار بولماق؛

**ئىترەت** (عترت) ئ. قېرىندا‌ش، تۇققانلار، ئۆي ئىچى جامائىتى، بالا ـ چاقا.

**ئىتىق** (عتق) ئ. قۇل ئازات قىلماق.

**ئىتىك** (ايتيك) ئۆتكۈر، كەسكۈر، تېز.

**ئىتىكلىك** (ايتيكليك) ئۆتكۈرلۈك.

**ئىتىمەك** (ايتيماك) ئۆتكۈر بولماق.

**ئىتىتمەك** (ايتيتماك) ئۆتكۈر قىلماق.

**ئىتىيان** (اتيان) ئ. كەلتۈرمەك: سۆزىگە دەلىل ئىتىيان ئەتتى ـــ سۆزىگە دەلىل كەلتۈردى.

**ئىتلاف** (اتلاف) ئ. يوق قىلماق، هالاك قىلماق.

**ئىتلاق** (اطلاق) ئ. قوللاش، يۈرگۈزۈش.

**ئىتمەك**[1] (ايتماك) يوقالماق.

**ئىتمەك**[2] (ايتماك) ئىلگىرى سۈرمەك، ئىتتىرمەك.

**ئېتمىشانك** (ايتميشانك) ئەتمىشەن، قىلمىشەن.

**ئىتمىنان** (اطمينان) ئ. تىنجىماق: تولۇق ئىشەنچ؛ راهەت، ئارام.

**ئىتمام** (اتمام) ئ. تاماملىماق، پۈتتۈرمەك.

**ئىتناب** (اطناب) ئ. ئارتۇقچە سوزماق، سوزۇلماق، ئۇزارماق: ئىتناب قىلماق ـــ سوزماق، ئۇزارتماق.

**ئىپكىن** (اپكين) قارا تۈسلۈك ۋە قىممەت باها بىر خىل كىيىملىك رەخ.

**ئىپلىچىك** (ايپلچيك) رىشتە كېسەللىگى.

**ئىجاب** (اجاب) ئ. قوبۇل قىلىنىدىغان، زۆرۈر دەپ هېساپلانغان ئىشلار؛ بىر نەرسىنى زور دەپ هېساپلىماق، زۆرۈر تەرەپكە ئايلاندۇرماق.

**ئىجابەت** (اجابت) ئ. قوبۇل قىلماق؛ جاۋاپ بەرمەك؛ رازى بولماق: دەۋەتكە ئىجابەت ـــ چاقىرغانغا بارماق.

**ئىجازەت** (اجازت) ئ. رۇخسەت، يول قويۇش، ئىزنى.

**ئىجبار** (اجبار) ئ. قىستىماق،

زورلىماق، مەجبور قىلماق:
ئىجبار ئەتمەك ـــ مەجبۇر
قىلماق.
**ئىجتىرائ** (اجتراء) ئ. جۇر-
ئەتلەنمەك، باتۇرلۇق قىلماق.
**ئىجتىسار** (اجتسار) ئ. جاسا-
رەتكە كەلمەك، غەيرەتلەن-
مەك، باتۇرلىق قىلماق.
**ئىجتىمائ** (اجتماع) ئ. يىغىل-
ماق، توپلانماق، جەم
بولماق.
**ئىجتىناب** (اجتناب) ئ. تار-
تىنماق، ساقلانماق، چەتتە-
رەك بولماق، يىراق بولماق،
داجىماق.
**ئىجهار** (اجهار) ئ. ئاشكارا
قىلماق.
**ئىجلاس** (اجلاس) ئ. ئۆز
ئورنىغا ئولتۇرغۇزماق،
ئولتۇرغۇزماق.
**ئىجمائ** (اجماع) ئ. بىر قارارغا
كەلمەك، بىر پىكىرگە كەل-
مەك؛ بىرلەشمەك، بىرلىككە
كەلمەك؛ يىغىلماق، توپلان-
ماق.
**ئىجمال** (اجمال) ئ. قىسقارت-
ماق، سۆزنى قىسقىچە قىلىپ
سۆزلىمەك.
**ئىچ** (ايچ) كۆڭۈل، قەلب،
يۈرەك؛ سىر، يوشۇرۇنلۇق.
**ئىچ ئالاتى** (ايچ آلاتى)
ئىچكى ئەزالار، ئىچەك-
باغىر.
**ئىچرە** (ايچرا) ئىچىگە، ئارى-
سىغا، ئىچىدە، ئارىسىدا.
**ئىچىچ** (ايچيچ) قازان.
**ئىچرەگى** (ايچراكى) ئىچىدىكى.
**ئىچكى** (ايچكى) پادىشا ئور-
دىسىغا خاس ئەمەلدار؛
ئىچكى مەجلىس، خاس
ئولتۇرۇش.
**ئىچكەك** (ايچكك) جىن.
**ئىچكۈ** (ايچكو) ئىچكۈلۈك،
مەي.
**ئىچى** (ايچى) ئاكا، ئاغا.
**ئىچىن ئارا** (ايچين‌ارا)
ئۆزرە.
**ئىچلىك** (ايچليك) توقۇم.
**ئىچەگو** (ايچەگو) ئىچكى؛
ئىچ ئەزالار، قېرىن-
قورساق.
**ئىچىكمەك** (ايچكمك) تەۋە

بولماق، قارىماق.

**ئىخافە** (اخافە) ئ. قورقۇت-
ماق، خەۋپلەندۈرمەك.

**ئىخبار** (اخبار) ئ. خەۋەر
بەرمەك، خەۋەرلەندۈرمەك،
بىلدۈرمەك.

**ئىخبارنامە** (اخبارنامە) ئ.
بىر ئىشتىن خەۋەر بېرىپ
يېزىلغان قەغەز.

**ئىختار** (اخطار) ئ. ئەسكە
سالماق، ئاگاھلاندۇرماق؛
بەلگە (ھەربىدە).

**ئىختىبار** (اختبار) ئ. سوراش-
تۇرۇپ خەۋەر ئالماق،
تەكشۈرۈپ بىلمەك.

**ئىختىتام** (اختتام) ئ. تۈگەل-
لەنمەك، تاماملانماق،
پۈتمەك، ئاياقلاشماق.

**ئىختىرائ** (اختراع) ئ.
ياراتماق، تاپماق، يېڭىلىق
ياراتماق.

**ئىختىرائات** (اختراعات) ئ.
ئىختىرالار، كەشپىياتلار،
تاپمىشلار، ياراتمىشلار.

**ئىختىسار** (اختصار) ئ.
قىسقارتماق، ئازايتماق؛

ئىختىسارەن — قىسقارتىپ،
قىسقىغىنا ئېيتىپ.

**ئىختىساس** (اختصاص) ئ.
قابىلىيەتلىك، بىلىملىك،
ھۈنەر-تېخنىكىلىق بولۇش،
بىر نەرسىگە خاسلاشماق.

**ئىختىسام** (اختصام) ئ.
دۈشمەنلەشمەك، خۇسۇمەت.

**ئىختىلات** (اختلاط) ئ.
ئارىلاشماق، قاتناشماق.

**ئىختىلاج** (اختلاج) ئ. تار-
تىشماق (بىر خىل ئاغرىق،
تىبابەتچىلىكتە گۆشى ياكى
پەيلىرى تارتىشىپ قېلىش
كېسەللىگى مۇشۇ نام بىلەن
ئاتىلىدۇ).

**ئىختىلاف** (اختلاف) ئە. باش-
قىلىق، ئايرىملىق، بۆلەك-
لىك، قارىمۇ-قارشىلىق،
گەپ-سۆزدە، ئىش-ھەرد-
كەتتە بىر يەردىن چىقالماس-
لىق. ئەپلىشەلمەسلىك، ئىت-
تىپاقسىزلىق، ئۇيۇشماسلىق،
بىرلىككە كەلمەسلىك.

**ئىختىلال** (اختلال) ئ.
بۇزۇلماق، تىنچسىزلانماق،

فەساد.

**ئىختىناق** (اختناق) ئ. بوغۇلماق، دىمى سىقىلماق، تۇنجۇقماق.

**ئىخراج** (اخراج) ئ. چىقىرىش، سۈرگۈن، ھەيدەش، ئىخراج ئەيلىمەك — چىقارماق، سۈرمەك. م: ئالتۇن يەردىن ئىخراج ئېتىلدى — ئالتۇن يەردىن چىقىرىلدى.

**ئىخفائ** (اخفاء) ئ. يوشۇرۇن، يوشۇرۇنماق: شېئىردا مۇنداق كەلگەن: بولمىغاي ئەردى جامالىڭ مۇنچە زىباكاشكى، بولسە ھەم قىلغاي ئىدىڭ كۆزلەردىن ئىخفا كاشكى.

(ناۋايى)

**ئىخلال** (اخلال) ئ. بۇزماق، ئارىلاشماق، پاراكەندە قىلماق: زەرەر كەلتۈرمەك.

**ئىخۋان** (اخوان) ئ. ئەر قېرىنداشلار، دوستلار.

**ئىھاتە** (احاطه) ئ. ئوراپ ئالماق، ئورىماق: چۆرىسى ئورالغان جاي: ئىھاتە ئەيلىمەك — ئوراپ ئالماق.

**ئىھالە** (احاله) ئ. ھاۋالە، بىر ئىشنى ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە كۆچۈرمەك.

**ئىھانەت** (اهانت) ئ. ئاھانەت، كەمسىتمەك، خورلىماق، ھاقارەت قىلماق، تەھقىرلىمەك.

**ئىھتىباس** (احتباس) ئ. ئېتىلىپ قالماق، توسۇلۇپ قالماق، سولىنىپ قالماق: ئىھتىباس بەۋل — سۈيدۈكنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى (تىبابەتچىلىكتە ئەرلىمەسلىك، چوڭ-كىچىك تاھارەتنىڭ كەلمەسلىكى مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ).

**ئىھتىجاب** (احتجاب) ئ. پەردىلەنمەك، ھىجاپلانماق.

**ئىھتىجاج** (احتجاج) ئ. دەلىل ۋە ھۆججەت كەلتۈرمەك.

**ئىھتىجام** (احتجام) ئ. تەندىن قان ئالدۇرماق.

**ئىھتىدائ** (اهتداء) ئ. توغرا يولغا كىرمەك، توغرا يولغا يۈنەلمەك.

ئىھتىراز (احتراز) ئ. ساق-لانماق؛ ساق بولماق. م: ھارام ئىشلاردىن ئىھتىراز قىلماق.
ئىھتىراق (احتراق) ئ. يان-ماق، ئوت يېنىپ كەتمەك ئوت كەتمەك.
ئىھتىرام (احترام) ئ. ھۆر-مەتلىمەك، ئۇلۇغلىماق، قەدىرلىمەك: ئىھتىرامەن — ھۆرمەتلەپ، ئۇلۇغلاپ.
ئىھتىزار (احتظار) ئ. ئۆلۈم ھالىتىدە ياتماق، ئۆلۈم ئالدىدىكى ئېغىر ھال.
ئىھتىزاز (اهتزاز) ئ. تىترە-مەك، قالتىرىماق.
ئىھتىساب (احتساب) ئ. ھېساپ قىلماق، ھېساپ ئاستىغا ئالماق، تەكشۈرمەك، تەپ-تىش قىلماق.
ئىھتىساس (احتساس) ئ. ھىس قىلماق، سەزمەك.
ئىھتىياجات (احتياجات) ئ. "ئىھتىياج"نىڭ كۆپلۈكى.
ئىھتىفال (احتفال) ئ. مەج-لىس قۇرماق، يىغىلماق، جەم بولماق.

ئىھتىكار (احتكار) ئ. ئاشلىق بېسىمدارلىقى، ئاشلىقنى كېلەچەكتە ئارتۇق باھادا سېتىش ئۈچۈن ئۆزىگە يىغىپ ئالماق.
ئىھتىلام (احتلام) ئ. چۈشىدە مەنى ئېقىپ كەتمەك.
ئىھتىمام (اهتمام) ئ. سەئىي قىلماق، ماقۇل كەلتۈرۈشكە تىرىشماق.
ئىھتىمالات (احتمالات) ئ. ئېھتىماللار، مۇمكىنلىكى بار ئىشلار.
ئىھداس (احداث) ئ. يېڭى-لىق چىقارماق، يېڭىلىق ياراتماق: ئىھداس جەڭ-گەل — ئورمان بىنا قىلماق.
ئىھراز (احراز) ئ. قازانماق، بىر نەرسىنى قولغا كىرگۈز-مەك، ئېرىشمەك، ئىگە بول-ماق، يېتىشمەك. م: پالانچى قازىلىق دەرىجىسىنى ئىھراز ئەتتى.
ئىھراق (احراق) ئ. كۆيدۈر-مەك، ئوتقا تاشلىماق: ئىھ-راق بىننار — تىرىك كىشىنى

ئوتقا تاشلاش جازاسى.

**ئىھرام** (احرام) ئ. ھەرەمگە ھەجگە بارغان ھاجىلار ھەج ۋاقتىدا كىيىم ئورنىدا ئۆزىنى ئورىۋالىدىغان ئاق رەخت (ھاجىلار ھەممىسى ئىھرام باغلايدۇ).

**ئىھزار** (احضار) ئ. ھازىرلىماق، تەييارلىماق.

**ئىھساس** (احساس) ئ. ھېس قىلماق، سەزمەك.

**ئىھسائ** (احصاء) ئ. سانىماق، ساناپ پۈتتۈرمەك.

**ئىھسان** (احسان) ئ. كىشىگە ياردەم سۈپىتىدە بىر نەرسە بەرمەك، ئىنئام قىلماق، كىشىلەرگە پۇل-مال بىلەن ياخشىلىق قىلماق.

**ئىھيائ** (احياء) تىرىلدۈرمەك، جان كىرگۈزمەك، جانلاندۇرماق؛ بىنا قىلماق؛ راۋاجلاندۇرماق؛ ئىشقا ياراقلىق قىلماق.

**ئىھيا كەردە** (احياكرده) ئۈپ. تىرىلدۈرۈلگەن، ئىھيا ئېتىلگەن.

**ئىھلاك** (اهلاك) ئ. ھالاك قىلماق، خاراپ قىلماق.

**ئىھمال** (اهمال) ئ. ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ئېتىۋارسىزلىق.

**ئىھمرار** (احمرار) ئ. قىزارماق، قىزىل تۈسكە كىرمەك.

**ئىدارە** (اداره) ئ. باشقۇرماق، ئىش يۈرگۈزمەك.

**ئىدارەخانە** (ادارەخانه) ئۈپ. ئىش يۈرگۈزۈش ئورنى، باشقۇرۇش جايى، باشقارما، ئىدارە.

**ئىدبار** (ادبار) پ. ئىشى ئىلگىرى كەلمەسلىك، بەختسىزلىك، كېلىشمەسلىك.

**ئىدخال** (ادخال) ئ. كىرگۈزمەك. م: تۈرلۈك مال ئىدخال قىلىش — تۈرلۈك مال كىرگۈزۈش.

**ئىدراك** (ادراك) ئ. ئاڭ، چۈشەنچە، بىلىش.

**ئىدغام** (ادغام) ئ. قوشماق، بىر شەكىلدىكى ئىككى تاۋۇشنى بىر بىرىگە بىرىكتۈرمەك؛ جىپسىلاشتۇرماق.

**ئىدمان** (ادمان) ئ. مەشق،

بىر ئىشنى دائىم قىلىپ تۇرماق.

**ئىدى** (ايدى) ئىگە، پادىشا، خان؛ تەڭرى، خۇدا.

**ئىدىز** (ايديز) ئېگىز، يۇكسەك.

**ئىدىش** (ايدش) قاچا؛ ئىچ-كۈلۈك ئىچىدىغان كاسە، جام؛ مال-مۈلۈك، بايلىق.

**ئىدەر** (ايدر) ئېگەر (ئات ئېگەرى).

**ئىدىق** (ايدق) مۇقەددەس، قۇتلۇق.

**ئىدۇق** (ايدوق) يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش: ئىدۇق ئىلىگىن — مۇقەددەس قولى بىلەن.

**ئىراد** (ايراد) كەلتۈرمەك، بايان قىلماق؛ بەھسلەشمەك: ئىراد قىلماق — بايان قىلماق، ئېيتماق، ئىجات قىلماق.

**ئىرادە** (ارادە) ئ. "ئىرادەت" كە قاراڭ: ئىرادە ئەيلەمەك — خالىماق، ئىستىمەك.

**ئىرادەت** (ارادت) ئ. قەست، نىيەت، خاھىش، ئىستەك؛ مۇرىتلىق، بىرىلمەك: ئىرادەت ئىلكى بەرمەك — مۇرىتلىققا قول بەرمەك، مۇرىت بولماق.

**ئىراقە** (اراقە) ئ. ئاققۇزماق، تۆكمەك.

**ئىرائە** (ارائە) ئ. كۆرسەتمەك.

**ئىربىز** (اربز) يىلپىز.

**ئىرتىبات** (ارتباط) ئ. يېپىشماق، باغلانماق، ئالاقە، مۇناسىۋەت. م: بۇ ئىككى سۆز ئارىسىدا ئىرتىبات يوق — بۇ ئىككى سۆز بىر بىرىگە يېپىشمايدۇ، باغلانمايدۇ.

**ئىرتىھال** (ارتحال) ئ. كۆچمەك، كەتمەك: ئۆلگەن كىشىگە دۇنيادىن ئىرتىھال ئەتتى دېيىلىدۇ.

**ئىرتىفائ** (ارتفاع) ئ. ئىگىزلىك، يۇكسەكلىك، چوققا؛ يۇقۇرىغا كۆتۈرۈلمەك.

**ئىرتىقائ** (ارتقاء) ئ. ئاشماق، يۇقۇرىغا ئۆرلىمەك.

**ئىرتىكاب** (ارتكاب) ئ. توشماق، كىرىشمەك. م: گۇناغا

ئىرتىكاب ئەتتى — گۇنا تۇش-
تى؛ ئىشقا ئىرتىكاب ئەتتى —
ئىشقا كىرىشتى.

**ئىرتەش** (ارتش) ئاختۇر-
ماق، تىنتىماق: ئىزدىمەك:
تالاشماق، بەس-مۇنازىرە.

**ئىرتىياب** (ارتياب) ئە. شەكلەن-
مەك، شۈبھىلەنمەك.

**ئىرتەگى** (ايرتاكى) قەدىمقى،
بۇرۇنقى، كونا، ئەسكى.

**ئىرجائ** (ارجاع) ئە. قايتۇر-
ماق، كەينىگە ياندۇرماق.

**ئىردە** (ارده) ئىزدىمەك،
ئىزلىمەك.

**ئىرز** (عرض) ئە. نومۇس،
ئۇيات، ئابروي.

**ئىرسال** (ارسال) ئە. ئەۋەت-
مەك، يوللىماق.

**ئىرسە** (ايرسا) ئەرسە، ئىسە،
بولسا.

**ئىرشاد** (ارشاد) ئە. توغرا
يول كۆرسەتمەك، يولدىن
ئاداشقان كىشىنى توغرا يولغا
سالماق.

**ئىرشادمەند** (ارشارمند) ئىپ.
توغرا يولغا چۈشكەن.

**ئىرشادنامە** (ارشادنامه) ئىپ.
توغرا ۋە ھەق يولنى كۆر-
سىتىپ يېزىلغان قەغەز.

**ئىرگىنە** (ايركنه) چېدىرنىڭ
ئىشىكى.

**ئىرغاق** (ارغاق) ئىلگەك.

**ئىرق** (عرق) ئە. يىلتىز (دە-
رەخنىڭ؛ تومۇر (بەدەننىڭ).

**ئىرق** (ايرق) پال، رەم.

**ئىرقچى** (ايرقچى) پالچى،
رەممال.

**ئىرفاق** (ارفاق) ئە. ياخشى
نىيەت، رەھىم؛ كۆڭلى يۇم-
شاق، چىقىشقاق.

**ئىرفان** (عرفان) ئە. بىلىش،
تونۇش (تەپەككۇر بىلەن)؛
ئىرفان پەناھ — بىلىم ئىگە-
لىرىنىڭ ھەممىسى.

**ئىركە** (ايركه) ئۆردەكنىڭ
بىر تۈرى.

**ئىركىن** (ايركين) ئەركەن،
ئىكەن.

**ئىركەن** (ايركان) ئىكەن.

**ئىركىش** (ايركش) تۇپلە-
شىش، يىغىلىش.

**ئىرنىچ** (ايرنيچ) بىچارىلىك،

بەختسىزلىك.

**ئىرىنچ يارلىغ** (ايرىنچ يارلىغ) بەختسىز، بىچارە.

**ئىرەن** (ايران) ئەرلەر، مەرتلەر، ئەر كىشى. ئەزمىدە مۇنداق كەلگەن: سۆگەككە ئىلىكدۇر ئىرانگە بىلىك، بىلىكسىز ئىران ئول سۆگەكسىز ئىلىك.

(ئەھمەت يۈكنەكى)

**ئىرەنلىك** (ايرانلىك) ئەرلىك، مەردلىك.

**ئىرمان** (ايرمان) ئەمەسمەن.

**ئىرمەس** (ايرماس) ئەمەس.

**ئىرمىش** (ايرميش) ئىمىش.

**ئىرۇر** (ايرور) دۇر، تۇر.

**ئىر ئۇغلى** (ايراوغلى) مەرد كىشى، مەرد.

**ئىز** (عز) ئ. ئەزىزلىك، ئىززەت، قەدىر-قىممەت.

**ئىزارە** (ازارە) ئ. ئۆي تاملىرىنىڭ يەر بىلەن تەككچە ئارىسىدىكى قىسمى.

**ئىزافە** (حنافە) ئ. قوشماق، باغلىماق، تىركىمەك، بىرىكتۈرمەك.

**ئىزافەت** (احنافت) ئ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش: ئىزافەت ئەتمەك — قوشماق: ئىزافەت بولماق — قوشۇلماق، بىرىكمەك: ئىككى سۆزنىڭ بىر بىرىگە مەلۇم تەرتىپ بىلەن بىرىكىشى، باغلىنىشى ئىزافەتلىك سۆز دېيىلىدۇ.

**ئىزافى** (اضافى) ئ. قوشۇلغان، بىرىككەن.

**ئىزائە** (اضاعە) ئ. زايا قىلماق، يوقاتماق، يوق قىلماق.

**ئىزالە** (ازالە) ئ. كەتكۈزمەك، ئېرىتمەك، چىقىرىۋەتمەك .م: سوپۇن قولدىكى كىرنى ئىزالە ئېتىدۇ.

**ئىزام**[1] (عظام) ئ. ئۇلۇغلار، زورلار، ئەزىملەر (بىرلىكى "ئەزىم").

**ئىزام**[2] (عظام) ئ. سۆگەكلەر (بىرلىكى "ئەزم")

**ئىزتىراب** (اضطراب) ئ. بىتاقەتلىك، بىقارارلىق، تىنچسىزلىق، ئارامسىزلىق، هاياجانلىق: ئىزتىراب تۈشمەك — هاياجان، بىتاتەقەتلىك

پەيدا بولماق؛ ئىزتىراپسىز-تىنچ، بىمالال.

**ئىزتىرارى** (اضطرارى) ئ. مەجبۇرى، ئىختىيارسىز، ئەركسىز.

**ئىزهار** (اظهار) ئ. كۆرسەت-مەك، ئاشكارا قىلماق، بىلدۈرمەك.

**ئىزدىهام** (ازدحام) ئ. زىچ، قىستا-قىستاڭ، يىغىلماق.

**ئىزدىياد** (ازدياد) ئ. كۆپەي-مەك، ئاشماق.

**ئىزدىۋاج** (ازدواج) ئ. ئۆي-لەنمەك، جۈپ بولماق.

**ئىزئان** (ازعان) ئ. بويسۇن-ماق، ئىتائەت قىلماق.

**ئىزلال** (ازلال) ئ. خارلى-ماق، پەس كۆرمەك.

**ئىزلال** (اضلال) ئ. توغرا يولدىن ئاداشتۇرماق، يولدىن ئازدورماق.

**ئىزلىك** (ايزليك) مەيسە، ئۆتۈك.

**ئىزگۇ** (ازگو) ياخشى، ياخ-شىلىق (بۇ سۆزنىڭ "ئەزگۇ، ئەدگۇ" دېگەن تۈرلىرىمۇ

بار)

**ئىزى** (ايزى) ئىگە، تەڭرى، خوجا ("ئىدى"گە قاراڭ)

**ئىزىد** (ايزيد) خۇدا، تەڭرى.

**ئىزىنچو** (ازنجو) قويۇۋېتىل-گەن، سىلىۋېتىلگەن.

**ئىزەم** (عظم) ئ. ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك.

**ئىزمار** (اضمار) ئ. يوشۇر-ماق،

**ئىزن** (ازن) ئ. رۇخسەت، ئىجازەت، يول قويماق.

**ئىس** (اس) ئەش، هەمرا، يولداش،

**ئىسابەت** (اصابت) ئ. ئىرىش-مەك، توغرا كەلمەك، ئۇستى-دىن چۈشمەك، توغرا بىرىپ تەگمەك.

**ئىسبات** (اثبات) ئ. دەلىل، هۆججەت بىلەن ئىنىقلاش.

**ئىسبەئ** (اصبع) ئ. بارماق.

**ئىستار** (استار) ئ. بېكىتە-مەك، پەردىلىمەك،

**ئىستىئار** (استعاره) ئ. ئۆتنە-گە ئالماق، ئوخشاتماق.

**ئىستىئازە** (استعاذه) ئ. يالۋۇرماق، يېلىنماق.

**ئىستىئاف** (استعاف) ئ. ئىچە-گە ئالماق، قاپلاپ ئالماق.

**ئىستىئانەت** (استعانت) ئ. ياردەم ئىستىمەك، بولۇشۇشنى تىلىمەك. ياردەم سورىماق.

**ئىستىبئاد** (استبعاد) ئ. يىراق دەپ بىلمەك.

**ئىستىبدات** (استبداد) ئ. ھاكىممۇتلەق، زالىم، ھېچبىر نىزام ۋە قانۇن-تۈزۈمگە قارىماي ئىش يۈرگۈزمەك.

**ئىستىبدال** (استبدال) ئ. ئال-ماشتۇرۇش، تىگىشىش،

**ئىستىبرائ** (استبراء) ئ. ئەۋ-رەتنى نىجاسەتتىن پاكلىماق (يۇيۇنماق)

**ئىستىتائەت** (استطاعت) ئ. كۈچى يەتمەك.

**ئىستىجاب** (استجاب) ئ. ماقۇل كۆرۈلمەك، قوبۇل بولماق.

**ئىستىجازە** (استجازه) ئ. رۇخسەت سورىماق.

**ئىستىخارە** (استخاره) ئ. چۈش ئارقىلىق پال ئاچماق، كۆڭۈلگە پۈككەن ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىش-ئاشماسلى-قىنى چۈشىدە بىلىش ئۈچۈن نىيەت قىلىپ ۋە تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپ ئۇخلىماق (دىنىي).

**ئىستىخبار** (استخبار) ئ. خەۋەر ئالماقچى بولماق، خەۋەردار بولماق.

**ئىستىخدام** (استخدام) ئ. خىزمەت قىلدۇرماق.

**ئىستىجراج** (استخراج) ئ. بىر نەرسىدىن ئىككىنچى بىر نەرسە چىقارماق، نەتىجە چىقارماق، ھۆكۈم چىقارماق.

**ئىستىخفاف** (استخفاف) ئ. سەل چاغلىماق، ئەھمىيەت بەرمەسلىك، كەمسىتىش.

**ئىستىخلاس** (استخلاص) ئ. قۇتقۇزۇش، ئازات (خالاس) قىلىش.

**ئىستىھالە** (استحاله) ئ. مۇم-كىن بولماسلىق.

**ئىستىھزار** (استحضار) ئ. ھازىرلىماق، ھازىرلاتماق.

**ئىستهزائ** (استهزا') ئ. مەس-
خەرە قلماق، تەنە قلماق،
زاڭلق قلماق.
**ئىستهسال** (استحصال) ئ.
هاسل قلماق، بولدۇرماق،
قولغا كرگۈزمەك.
**ئىستهسان** (استحسان) ئ.
ياخشلق بلەن ئەسلەش،
براۋ ئۈستدە ياخشى سۆز
قلماق، سايماق.
**ئىستهلاك** (اسهلاك) ئ.
هالاك قلماق، يوق قلماق؛
ئۆلۈم.
**ئىستهقاق** (استهقاق) ئ.
لايقلق، برەر نەرسگە
هەقلق بولماق، ياراقلق
بولماق.
**ئىستهكام** (استحكام) ئ.
قورغان؛ بر ئشنڭ نەق
ۋە مەهكەم بولۇشنى
تلمەك.
**ئىستدلال** (استدلال) ئ.
دەلىل كەلتۈرمەك؛ دەلللەر.
**ئىستدراج** (استدراج) ئ.
دەرجە ئۈستگە دەرجە
ئارتتۇرماق؛ كشنڭ ناچار-
لغغا قارماي مال ۋە
بايلغنڭ ئېششى.
**ئىستراهەت** (استراحت) ئ.
راهەتلەنمەك، ئشتن بوش-
نپ تۇرماق، ئارام ئالماق.
**ئىستراق** (استراق) ئ. ئوغ-
رلماق، يوشۇرۇن ئېلپ
كەتمەك.
**ئىسترجائ** (استرجا') ئ.
ئۈمد قلماق، ئۆتۈنمەك.
**ئىسترخائ** (استرخا') ئ.
بوشاشماق؛ سۇسلۇق،
بخۇتلۇق.
**ئىسترهام** (استرحام) ئ.
مەرهەمەت تلمەك، ياخش-
لق تلمەك.
**ئىستسهاب** (استصحاب)
ئ. ئۆزگە يولداش قلپ
ئالماق.
**ئىستسقائ** (استسقاء) ئ.
يامغۇر تلمەك؛ قورساقتا
سۇچۇشۇش كېسلى،
**ئىستسلام** (استسلام) ئ.
مۇسۇلمانلققا كرمەك، ئمان
ئېيتماق، بويسۇنماق.
**ئىستسنا** (استثنا) ئ. چقە-

رىپ تاشلىماق، ئايرىۋەتمەك،
ئاردىن ئايرىپ ئالماق.
**ئىستىشھاد** (استشهاد) ئ.
شاھىت كەلتۈرمەك، نەقىل
كەلتۈرمەك.
**ئىستىغاسە** (استغاثه) ئ. مەدەت
سورىماق، ياردەمگە چاقىرماق.
**ئىستىغراب** (استغراب) ئ.
ئەجەپلەنمەك، ھەيران
بولماق.
**ئىستىغراق** (استغراق) ئ.
غەرق بولماق، چۆممەك،
ئويغا چۆممەك.
**ئىستىغفار** (استغفار) ئ.
كەچۈرۈم سورىماق، تۇۋا
قىلماق.
**ئىستىغنائ** (استغناء) ئ. ئېھ-
تىياجسىزلىق: تارتىنماق،
ناز قىلماق.
**ئىستىفادە** (استفاده) ئ.
پايدىلانماق، پايدا ئالماق.
**ئىستىفھام** (استفهام) ئ. بىر
ئىشنى پەملىمەكچى بولماق،
بىلمەك ئۈچۈن سوراشتۇرماق.
**ئىستىفسار** (استفسار) ئ.
سورىماق، سۈرۈشتۈرمەك.

**ئىستىقامەت** (استقامت) ئ.
توغرىلىق، ساقلىق؛ تۈرغۇن-
لۇق، چىدامىلىقلىق.
**ئىستىقراز** (استقراض) ئ.
پۇل قەرز ئالماق.
**ئىستىقسا** (استقصا) ئ. بىرەر
نەرسىنىڭ تېگى-تەكتىگە
يېتىشكە ئۇرۇنماق.
**ئىستىقلال** (استقلال) ئ. ئۆز
ئالدىلىق، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە
بولماق، مۇستەقىل بولماق
**ئىستىئجال** (استعجال) ئ.
ئالدىراتماق.
**ئىستىئداد** (استعداد) ئ.
قابىلىيەت، تالانت، يارام،
ياراق (بىر ئىشقا يارامىلىق
بولماق).
**ئىستىئفائ** (استعفاء) ئ.
كەچۈرۈم سورىماق؛ ۋازكەچ-
مەك، ئىستىپا سورىماق.
**ئىستىئمال** (استعمال) ئ.
ئىستېمال، قوللانماق،
ئىشلەتمەك.
**ئىستىلائ** (استيلاء) ئ. ئىگە-
لەپ ئالماق، بېسىۋالماق،
ئۆزىگە قارىتىۋالماق.

**ئىستىلاھ** (اصطلاح) ئ. ئاتالما، تېرمىن.

**ئىستىلاھات** (صطلاحات) ئ. ئاتالمىلار، تېرمىنلار.

**ئىستىمائ** (استماع) ئ. ئاڭلىماق، تىڭشىماق، قۇلاق سالماق، ئىشىتمەك.

**ئىستىمداد** (اسمداد) ئ. ياردەم ئىستىمەك، مەدەت سورىماق.

**ئىستىمرار** (استمرار) ئ. داۋام قىلماق، بىر نەرسىنىڭ دائىم بولۇپ تۇرۇشى، سىجىللىق.

**ئىستىملاك** (استملاك) ئ. ئىگىلەش، قولغا كىرگۈزمەك.

**ئىستىمنائ** (استمناء) ئ. مەنى ئاققۇزماق، مور - مور قىلىپ شەھۋەت كەلتۈرمەك: ئىستىمائ بىلىيەد — قولى بىلەن مەنى كەلتۈرمەك، قولدا بولدۇرماق.

**ئىستىناد** (استناد) ئ: تايانماق يۆلەنمەك ئىتىماد قىلماق.

**ئىستىنتاج** (استنتاج) ئ. نەتىجە چىقارماق، ئۇزۇن سۆزدىن قىسقا مەنە چىقارماق.

**ئىستىناف** (ستناف) ئ. يېڭىدىن باشلىماق.

**ئىستىۋائ** (استواء) ئ. چۈش پەيتى، قىيام ۋاقتى؛ تەكشى ۋە باراۋەرلىك.

**ئىسھال** (اسهال) ئ. ئىسھال، ئىچ سۈرۈش، ئىچ كەتمەك.

**ئىسرا** (اسرا) ئ. كېچىسى يۈرگۈزمەك، تۈندە سەير قىلدۇرماق؛ ئىبەرمەك، يوللىماق.

**ئىسرار** (اصرار) ئ. بىر يەر توغرىدا قاتتىق تۇرۇۋالماق، ئۆز سۆزىنى ئۆتكۈزۈشتىن قايتماسلىق.

**ئىسسىغ دەم** (ايسيغ دم) كۆز يېشى، يىغا؛ ئاھ.

**ئىسسىغ - ئىلىغ** (ايسيغ ايليغ) بۇرۇنراق، ئۆز ۋاقتىدا، ئىلىغ - ئىسسىغدا.

**ئىسغائ** (اصغاء) ئ. ئىشىتمەك. ئاڭلىماق.

**ئىسقائ** (اسقاء) ئ. سۇغىرماق، سۇ بەرمەك.

**ئىسقات** (اسقاط) ئ. تاشلىماق، چۈشۈرمەك، ساقىت

قىلماق: ئىسقات قىلماق — تاشلىماق، يوق قىلماق، ئېلىپ تاشلىماق.
**ئېسقارماق** (ايسقارماق) خىيال قىلماق: ئەسكە ئالماق.
**ئىسكات** (اسكات) ئ. سۈكۈت قىلدۇرماق، سۆزدىن توختاتماق.
**ئىسكان** (اسكان) ئ. ئورۇنلاشتۇرماق، تۇرغۇزماق.
**ئىسكامك** (اسكليك) سۆيگۈ، مۇھەببەت.
**ئىسماق** (ايسماق) يۇرمەك، قوزغالماق (شامال ھەققىدە).
**ئىسمەت** (عصمت) ئ. پاكلىق، بىگۇناھلىق، مەئسۇملۇق.
**ئىسناد** (اسناد) ئ. بىر نەرسىنى بىر كىشىگە تەئەللۇق قىلماق، نىسبەت بەرمەك. مەسىلەن، بۇ نەرسىنى پالان كىشى ياسىدى، بۇ سۆزنى پالان كىشى سۆزلىدى دەپ شۇ كىشىگە ئىسناد قىلىنىش.
**ئىسنەيىنيەت** (اثنينيت) ئ. ئىككىلىك، جۈپلۈك.

**ئىيىش** (عيش) ئ. تىرىكلىك، ياشاش، مەئىشەت: ئىيىش-ئىشرەت — كەيپ ۋە راھەت ئولتۇرۇش.
**ئىشائ** (عشاء) ئ. قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىت، كېچىسى، ياتقۇ ۋاقتى.
**ئىشارات** (اشارات) ئ. ئىشارىلار، بەلگىلەر (بىرلىكى "ئىشارەت").
**ئىشارەت نەماي** (اشارت نماى) ئې. ئىشارەت قىلغۇچى.
**ئىشئار** (اشعار) ئ. بىلدۈرمەك، خەۋەر بەرمەك، سەزدۈرمەك.
**ئىشتىباھ** (اشتباه) ئ. شۈبھىلەنمەك، شەكلەنمەك: بى ئىشتىباھ — شۈبھىسىز.
**ئىشتىرائ** (اشتراء) ئ. سېتىپ ئالماق.
**ئىشتىغال** (اشتغال) ئ. شۇغۇللانماق، بىر ئىش بىلەن بولماق.
**ئىشتىقاق** (اشتقاق) ئ. يىرىپ ئالماق، چىقىرىپ ئالماق؛ ئىلىم نەھۋىدە بىر سۆزدىن بىرنەچچە خىل سۆز چىقى-

رىش، مەسىلەن، فىئل دېگەن
سۆزدىن "فاعىل، مەفئول"
دېگەن سۆزلەر ئىشتىقاق
قىلىنىدۇ.
**ئىشتىكائ** (اشتكاء) ئ. شىكا-
يەت قىلماق.
**ئىشتىمال** (اشتمال) ئ. ئىچى-
گە ئالماق، ئۆزىگە قوشماق
**ئىشتىهائ** (اشتهاء) ئ. تىلە-
مەك، ئارزۇ قىلماق، كۆڭۈل
تارتماق، يېگۈسى كەلمەك.
**ئىشتىهار** (اشتهار) ئ. شۆھ-
رەت تاپماق، داڭقى چىقماق.
**ئىشتىياق** (اشتياق) ئ.
شوقلانماق، زوقى كەلمەك،
سېغىنماق.
**ئىشتە** (اشته) مانا، ئەنە،
شۇ دېگەن سۆزلەر ئورنىدا
قوللىنىلىدۇ.
**ئىشراق** (اشراق) ئ. پارلى-
ماق، يالتىرىماق، يورۇتماق؛
چاقماق (قۇياش ھەققىدە).
**ئىشرەت** (عشرت) ئ. ئىچىمە-
لىكلەر ئىچىپ ئولتۇرماق،
راھەت، لەززەت.
**ئىشرەت ئەنگىز** (عشرت
انگيز) ئى. شاتلىق قوزغات-
قۇچى.
**ئىشرەت گاھ** (عشرت گاه)
ئى. كەيپ-ساپا جايى.
**ئىشغال** (اشغال) ئ. شۇغۇل-
لاندۇرماق، مەشغۇل قىلماق.
**ئىشفاق** (اشفاق) ئ. شەفقەت،
مېھرىبانلىق: ئىشفاق ئەت-
مەك — مېھرىبانلىق قىلماق.
**ئىشق** (عشق) ئ. بىراۋنى
چىن كۆڭۈلدىن سۆيمەك،
ياراتماق، مۇھەببەت باغلىماق.
**ئىشىق** (ئىشىق) نۇر، يورۇق-
لۇق، روشەنلىك.
**ئىشقباز** (عشقباز) ئى. ئاشىق-
لىق قىلغۇچى؛ بىر ئىشقا
بەك قىزىققۇچى؛
**ئىشق پىچان** (عشق پيچان)
پ. پېچەككۆل.
**ئىشكال** (اشكال) ئ. مۇشكۇل-
لۇك، قىيىنلىق.
**ئىشكەنجە** (اشكنجه) پ. قىس-
قۇچ، ئىسكەنجە، قىسىش،
ئازاپلاش، قىيناش.
**ئىشكەستەلىغ** (اشكستەليع)
سۇنۇقلۇق، غېرىبلىق، كۆچ-

سىزلىك، ئاجىزلىق.

**ئىش كۈنى** (ايش كونى) ئۇرۇش كۈنى، جەڭ كۈنى.

**ئىشلىغ** (ايشليغ) قىلىقلىق: يامان ئىشلىغ — يامان قىلىقلىق، بۇزۇق قىلىقلىغ.

**ئىشكەك** (ايشكك) قېيىقچى كۆرىگى، ئىشكەك.

**ئىشىك** (ايشيك) ئىشىك، قوۋۇق؛ دەرگاھ، ساراي؛ ئۆي، هويلا؛ تاشقىرى جاي.

**ئىشىك ئاغاسى** (ايشيك آغاسى) ئىشىك ئاغىسى، ئىشىك بېگى (مەنسەپدار)

**ئىشناماك** (ايشناماك) ياشىنماق؛ پارلىماق.

**ئىغاغ** (ايغاغ) پايدىسىز، مەنىسىز.

**ئىغبىرار** (اغبرار) توپا بولماق، چاڭ-توزاڭغا چۆمۈلمەك؛ كۆڭۈل قالماق.

**ئىغترابە** (اغترابه) ئ. غۇربەتچىلىك، يات يەرلەردە بولماق.

**ئىغترار** (اغترار) ئ. ئالدانماق؛ غۇرۇرلانماق.

**ئىغتسال** (اغتسال) ئ. يۇيۇنماق، غۇسلى قىلماق.

**ئىغتنام** (اغتنام) ئ. سوقۇشتا دۈشمەننىڭ مېلىنى ئالماق، غەنىمەتكە ئىگە بولماق.

**ئىغفال** (اغفال) ئ. غەپلەتكە چۈشۈرمەك، ئالدىماق، سەزدۈرمەسلىك، تۇيدۇرماسلىق.

**ئىغمائ** (اغماء) ئ. هۇشسىزلانماق، بىھوش بولماق، ئېسىدىن كەتمەك.

**ئىغماز** (اغماض) ئ. كۆز يۇمماق، كۆرمەسلىك.

**ئىغۋائ** (اغواء) ئ. ئازدۇرماق، يولدىن چىقارماق، يامان يولغا كىرگۈزمەك.

**ئىقاب** (عقاب) ئ. ئازاپ، قىيناق، يامانلىق جازاسى.

**ئىقالە** (اقاله) ئ. سودىنى بۇزۇپ، مالنى قايتۇرۇپ بەرمەك، سودىدىن ئاينىماق.

**ئىقالىم** (اقاليم) ئ. ئىقلىملەر، قىتئەلەر (بىرلىكى "ئىقلىم").

**ئىقامە** (اقامه) ئ. تۇرغۇزماق، مۇقىم قىلماق: ئىقامە هۆج-

جەت ـــ دەلىل كۆرسەتمەك.
**ئىقامەت** (اقامت) ئ. مۇقىم بولماق، بىر ئورۇندا تۇرۇپ قالماق. م: شەھەردە ياكى ئاۋۇلدا ئىقامەت ئەتتى ــ شەھەردە ياكى ئاۋۇلدا تۇرۇپ قالدى.
**ئىقامەتگاھ** (اقامتكاه) ئپ تۇرىدىغان ئورۇن، تۇرار جاي.
**ئىقتىباس** (اقتباس) ئ. ئالماق، كۆچۈرمە قىلىپ ئالماق، نەقىل قىلماق، ئوخشاتماق.
**ئىقبال** (اقبال) ئ. بىر نەرسگە ئالدىنى قىلماق؛ كەلگۈسى؛ بەخت؛ دۆلەت. بايلىق، ئامەت: نامەيى ئىقبال ـــ مېھرىبانچىلىق يارلىغى؛ خۇرسەنچىلىك خېتى.
**ئىقتىدائ** (اقتدائ) ئ. ئەگەشمەك، بويسۇنماق.
**ئىقتىدار** (اقتدار) ئ. كۈچ يەتمەك، قولدىن كەلمەك.
**ئىقتىران** (اقتران) ئ. يېقىنلاشماق، يېقىن بولماق. ۋەدە توختامىنىڭ يېقىنلىشىشى، ئىككى نەرسىنىڭ يېقىنلاشمىغى.
**ئىقتىزائ** (اقتضاء) ئ. تىلىمەك، لازىم تاپماق. كېرەكسىنمەك، زۆرۈرلۈك، تەقەززا، تەلەپ، ئىستەك.
**ئىقتىساد** (اقتصاد) ئ. ئوتتۇرا ھاللىق؛ ئىگىلىك.
**ئىقتىسار** (اقتصار) ئ. قىسقارتماق.
**ئىقد** (عقد) ئ. زۇننار، مەرۋايىت باغ؛ باغلىماق.
**ئىقدام** (اقدام) ئ. ئالغا كەتمەك، جۈرئەتلىك، داۋام قىلماق؛ تىرىشچانلىق.
**ئىقرار** (اقرار) ئ. تىل بىلەن سۆزلەپ بەرمەك؛ بايان قىلماق، بويسۇندىماق.
**ئىقلىم** (اقليم) ئ. مەملىكەت؛ يەر يۈزىنىڭ بىر بۆلۈكى، قىتئە، منتەقا (يەر يۈزىنىڭ ھەممىسى يەتتى ئىقلىم دېيىشىدۇ).
**ئىقلىمگىر** (اقليم گير) ئپ. ئىقلىم ئالغۇچى، جاھانگىر.
**ئىقناﺋ** (اقناع) ئ. قانائەتلەند-

دۇرمەك.
ئىفادە (افادە) ئ. ئاڭلاتماق، سۆزلەپ بىلدۈرمەك: ئىفادە مۇرام — مەقسەتنى ئاڭلىتىش.
ئىفادەت (افادت) ئ. ئاڭلاتماق، ئۆگەتمەك، دەرس بەرمەك.
ئىفاقەت (افاقت) ئ. ئاغرىقتىن ساقايماق؛ مەسىلىنىڭ پۇتۇشى، هوشىغا كەلمەك.
ئىفتار (افطار) ئ. ئىغىز ئاچماق، روزىنى بۇزماق.
ئىفتائ (افتا) ئ. پەتىۋا بەرمەك، شەرىئەت مەسىلىسىدە يول كۆرسەتمەك.
ئىفتتاھ (افتتاح) ئ. باشلىماق، كىرىشمەك.
ئىفتخار (افتخار) ئ. پەخىرلەنمەك، ماختانماق.
ئىفترائ (افترا) ئ. بىراۋنىڭ ئۈستىگە يالغان ئەيىب ئارتماق، يالاچاپلىماق، تۆھمەت، بۆھتان.
ئىفتراق (افتراق) ئ. ئايرىلماق.
ئىفتقار (افتقار) ئ. مۇھتاجلىق، پېقىرلىق، يوقسۇزلۇق.
ئىفهام (افهام) ئ. چۈشەندۈرمەك، ئاڭلاتماق، بىلدۈرمەك.
ئىفرات (افراط) ئ. هەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەك.
ئىفرىت (عفريت) ئ. دىۋە، شەيتان.
ئىفساد (افساد) ئ. بۇزماق، بۇزۇقچىلىق.
ئىفشائ (ئىفشا) ئ. پاش قىلماق، ئاشكارىلىق، مەيدانغا چىقارماق.
ئىففەت (عفت) ئ. پاكلىق، ساپلىق، نومۇس.
ئىفلاس (افلاس) ئ. قاششاقلىق، پۇلسىزلىق؛ سىنماق، هېچ نەرسىسى قالماسلىق، ۋەيران بولماق.
ئىفنائ (افنا) ئ. يوق قىلماق، تۈگەتمەك.
ئىكاچ (ايكاچ) ئىكەن.
ئىكاش (اى كاش) ئەي، كاشكى (ئۈندەش).
ئىكتهال (اكتحال) ئ. كۆزگە سۈرمە تارتماق.

**ئىكتساب** (اكتساب) ئ. كەسىپ قىلماق، ئۆگەنمەك، قولغا كەلتۈرمەك، ھاسىل قىلماق، ئاپماق، قازانماق.

**ئىكتفائ** (اكتفاء) ئ. كۆپايە-لەنمەك، قانائەتلەنمەك.

**ئىكراھ** (اكراه) ئ. زورلى-ماق، مەجبۇرلىماق؛ يىركەن-مەك، خۇنۇك دەپ قارىماق.

**ئىكرام** (اكرام) ئ. ھۆرمەت-لىمەك، ئۇلۇغلىماق؛ ئۆزىنى گۇناھ ۋە ئەيىبدىن ساقلى-ماق، پاك تۇتماق.

**ئىكسر** (اكسير) ئ. ئەپسا-نىۋى تاش (بۇ تاشنى نىمگە سۈركىسە ئالتۇنغا ئايلاندۇ-رارمىش)؛ كارامەت، نادىر.

**ئىكسۇن** (اكسون) ئ. قارا رەڭلىك يىپەك كىيىم.

**ئىكن**[1] (ايكين) ئىكىن، زىرائەت.

**ئىكن**[2] (ايكين) ئىكەن.

**ئىكمال** (اكمال) ئ. كامالغا يەتكۈزمەك، مۇكەممەل-لەشتۈرمەك، تۈگەتمەك، تاماملىماق.

**ئىكلەنمەك** (ايكلانماق) بىر يەردە تۇرۇپ قالماق، قادى-لىپ قالماق.

**ئىگ** (ايگ) ئاغرىق، كېسەل؛ ئىگلىدى — ئاغرىدى، ئاغرىپ قالدى.

**ئىگرى**[1] (ايكرى) ئەگرى، قىيشىق؛ ناتوغرا، قىڭغىر.

**ئىگرى**[2] (ايكرى) بىر خىل ساز (چاڭ).

**ئىگرىمە** (ايكرىمە) سۇنىڭ ئۆشۈشاق دولقۇنى، سۇ ئىگرىمى.

**ئىگىز** (ايكيز) ئىككىبىزەك؛ قوش، قوشكىبزەك.

**ئىگلەنمەك** (اگلنمك) كۆڭۈل جوۋاتماق؛ ئاغرىماق.

**ئېگىن** (ايكن) يەلكە؛ تەن، بەدەن.

**ئىگەرمەك** (ايكارمك) ئاي-لانماق، دەۋر قىلماق.

**ئىيادەت** (عيادت) ئ. يوقلىماق، ئاغرىق يوقلىماق، ھال سورىماق.

**ئىيار** (عيار) ئ. ساپلىق دەرى-جىسى، رەڭگى، تەركىبى؛

ئۆلچەم: ئالتۇن سىناش تارازىسى؛ توغرىلىق، ساپلىق؛ ئالتۇن سىناش تېشى؛ ئالتۇن ئارىلاش مىس ("ئەيار" مۇ دېيىلىدۇ).

**ئىيال** (عيال) ئ. ئۆي جامائىتى، بالا-چاقا؛ خوتۇن، ئايال ("ئەيال" مۇ دېيىلىدۇ).

**ئىيان** (عيان) ئ. كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان، روشەن، ئاشكارا، ئايان، زاھىر، بەلگىلىك، ئېنىق.

**ئىيد** (عيد) ئ. بايرام، ھېيت: ئىيدى ئەكبەر: ئۇلۇغ بايرام؛ ئىيدگاھ — ھېيتكا.

**ئىسار** (ايثار) ئ. بېغىشلىماق.

**ئىسەۋى** (عيسوى) ئ. نەسرانى، خرىستىيان، ئەيسا پەيغەمبەر دىنىدىكى كىشى.

**ئىسەۋىيەت** (عيسويت) ئ. خرىستىيانلىق، نەسرانىيەت.

**ئىيە** (ايه، ايىا) ئىگە.

**ئىيەر** (اييار) ئىگەر.

**ئىقان** (ايقان) ئ. ئېنىق بىلمەك، ئىشەنچلىك.

**ئىهام** (ايهام) ئ. شېئىردىي سەنئەت؛ شېئىردا ئىككى مەنىلىك سۆز ئىشلىتىپ، شۇنىڭدىن ئەڭ كەم ئىشلىتىلىدىغان مەنىسىنى مەقسەت قىلىپ ئېلىش.

**ئىينەك** (اينك) مانا، شۇ، خۇددى ئۆزى.

**ئىل**[1] (ايل) ئەل، خەلق؛ دۆلەت ("ئەل"گە ئوخشاش).

**ئىل**[2] (ايل) قول ("ئەل"گە ئوخشاش)

**ئىل**[3] (ايل) يىل.

**ئىلا** (الى) ئ.... "غىنچە"، "گە" مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان قوشۇمچە: ئىلاغايە — ئاخىرىغىچە.

**ئىلتەمەك** (ايلتماك) ئېلىپ بارماق، ئېلىپ كەتمەك.

**ئىلچى** (ايلچى) دۆلەت خادىمى، ھۆكۈمدار؛ ئەلچى.

**ئىلاج** (علاج) ئ. چارە، ئامال، داۋا: ئىلاج پەزىر — تۈزىلىدىغان، نەتىجە بېرىدىغان.

**ئىلاي** (ايلاى) ئالد، ھۇزۇر؛

ئىلايىدا — ئالدىدا، ھوزۇ-
رىدا، قېشىدا: ئىل ئىلا-
يىدا — خەلق ئالدىدا.

**ئىلاھ** (اله) ئ. خۇدا، تەڭرى، مەئبۇد.

**ئىلاھى** (الهى) ئ. تەڭرى-نىڭ، تەڭرىگە خاس.

**ئىلاۋە** (علاوه) ئ. بىرەر نەرسەگە قوشۇلغان قوشۇمچە.

**ئىللا** (الا) ئ. مەگەر، ئەمما، بىراق.

**ئىللەللاھ** (الا الله) ئ. ئاللا پەقەت بىردۇر.

**ئىلباس** (الباس) ئ. كىيىن-دۈرمەك.

**ئىلباسۇن** (ايلباسون) يىلپىز

**ئىلپىراتماك** (ايلپىراتماك) يەلپۈتمەك.

**ئىلتىباس** (التباس) ئ: بىر نەرسىنىڭ ئىككىنچى بىر نەرسىگە ئوخشاپ بىلگۈسىز بولۇپ كېتىشى، ئايرىمىسىز-لىق.

**ئىلتىجائ** (التجاء) ئ. يالۋۇر-ماق، يېلىنماق: سېغىنماق، پانا تىلىمەك.

**ئىلتىھاب** (التهاب) ئ. يال-لۇغلانماق، ئېچىشماق.

**ئىلتىزاز** (التذاذ) ئ. لەززەت-لەنمەك، لەززەت.

**ئىلتىزام** (التزام) ئ. ئۈس-تىگە ئالماق، ئۆز ئۈستىگە يۈكلىمەك، ئۆزىگە لازىم قىلماق.

**ئىلتىساق** (التصاق) ئ. يې-پىشماق، تۇتاشماق.

**ئىلتىفات** (التفات) ئ. قارى-ماق، بىراۋغا ياكى بىر نەر-سىگە يۈزىنى ئۆرۈپ قارىماق، كۆڭۈل بۆلمەك؛ بىرەر نەرسە بەرمەك.

**ئىلتىقائ** (التقاء) ئ. ئۇچراش-ماق، يولۇقۇشماق، بىرگە قوشۇلماق.

**ئىلتىقات** (التقاط) ئ. تەر-مەك، يىغماق، ئالماق، كىتابلاردىن سۆز تەرمەك.

**ئىلھاھ** (الحاح) ئ. قاتتىق زورلىماق، قىستىماق.

**ئىلھاد** (الحاد) ئ. دىنسىز-

لىق، ئىپتىقاتسىزلىق.

**ئىلهاق** (الحاق) ئ. قوشماق، تۇتاشتۇرماق.

**ئىلهان** (الحان) ئ. سايراشلار، نەغمىلەر، ئاۋازلار، ناخشىلار.

**ئىلداي** (ايلداى) ئالىد، ئالدىن.

**ئىلدىرىم** (ايلدريم) چاقماق، چېقىن، پارلاق ("يىلدىرىم" گە ئوخشاش)؛ كىشى ئىتى.

**ئىلزام** (الزام) ئ. قارشى چىقالماسلىق، يېڭىلىش: ئىلزام قىلماق — يەڭمەك، جىم قىلماق.

**ئىلساق** (الصاق) ئ. بىر بىرسىگە قوشماق، تۇتاشتۇرماق.

**ئىلغائ** (الغاء) ئ. بىكار قىلماق، بۇزماق، يوقاتماق.

**ئىلغار** (ايلغار) ئالدىنقى: ئالدىنقى سەپتىكى؛ ئالدىدا بارغۇچى ئەسكەر.

**ئىلغاماق** (ايلغاماق) كۆرۈپ قالماق، كۆزگە چۈشۈرمەك؛ تاللىماق؛ پەرقلەندۈرمەك، ئايرىماق.

**ئىلقائ** (القاء) ئ. سالماق، تاللىماق، چۈشۈرمەك. قوزغاش: ئىلغائ قىلماق — قوزغىماق، ئۇتتۇرىغا تاشلىماق.

**ئىلقىمان** (ايلقيمان) ئىلقا باققۇچى.

**ئىلك** (الك) ئاۋال، بۇرۇن.

**ئىلىك**[1] (ايليك) قول: ئىلىك تۇتماق — ياردەم بەرمەك: ئىلىك چەكمەك — قول تارتماق؛ ئىلىك شىملىمەك — يەڭ شىمارماق.

**ئىلىك**[2] (ايليك) يىلىك (سۆڭەك يىلىكى).

**ئىللىين** (علييين) ئ. جەننەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئورنى. (دىنىي قاراش بويىچە).

**ئىلىمغا** (ايلمغا) خان مەكتۇپلىرىنى تۈركى يېزىق بىلەن يازىدىغان كاتىپ.

**ئىللەت** (علت) ئ. كېسەللىك، ئاغرىق؛ سەۋەب؛ كەمچىلىك.

**ئىلەل** (علل) ئ. سەۋەبلەر، ئىللەر.

**ئىلەنچ** (ايلەنج) سەتلەشـ
مەك، ئەسكىلىك قىلماق؛
رەنجىتمەك.
**ئىلىم** (علم) پ. ئىلىم، بىلىم،
مەلۇمات، ئىلمۇلىيەقىن —
ھەر نەرسىنىڭ ماھىيىتى ۋە
كەيپىياتىنى بىلىش، ئىچىش؛
ئىلمى تەجۋىد — قۇرئاننى
ئۆز قائىدىسىگە توغرىلاپ
ئوقۇش، فونېتىكا.
**ئىماتەت** (اماتت) ئ. ئۆلتۈر-
ماق.
**ئىماد** (عماد) ئ. تىرەك، تۈۋ-
رۈك.
**ئىمالە** (اماله) ئ. ئىلگىرىلەت-
مەك، تۈرتكە بولماق؛
ئەگرى-بۈگرى؛ تاۋۇشنىڭ
يۇمشاقلىشىشى.
**ئىمامەت** (امامت) ئ. ئىمام-
لىق.
**ئىمان** (ايمان) ئ. ئىشەنچ،
ئېتىقاد.
**ئىمتىداد** (امتداد) ئ. سوزۇل-
ماق، ئۇزاققا تارتىلماق.
**ئىمتىزاج** (امتزاج) ئ. ئارى-
لاشماق، قوشۇلماق: ئىمتە-
زاج تاپماق — ئارىلاشماق.
**ئىمتىسال** (امتثال) ئ. ئوخـ
شاش بولماق، بويسۇنماق،
ئىتائەت قىلماق، ئەگەشمەك،
بىرەر ئىشتىن نەمۇنە
ئالماق.
**ئىمتىياز** (امتياز) ئ. ئاير-
رىملىق، ئارتۇقلۇق، ھوقۇق.
**ئىمتىلائ** (امتلاء) ئ. تولۇق؛
تاماق سىڭدۈرەلمەسلىك
ئاغرىقى؛ ئىمتىلا قىلدۇر-
ماق — تولدۇرماق.
**ئىمتىنائ** (امتناع) ئ. بىر ئىش-
تىن تارتىلماق، ئۆزىنى ئۆزى
توختاتماق.
**ئىمئان** (امعان) ئ. دىققەت
قىلىپ قاراش: ئىمئان
نەزەر — بەك ئىنچىكىلەپ
قاراش.
**ئىمداد** (امداد) ئ. ياردەم
بەرمەك، كۆمەكلەشمەك.
**ئىمرار** (امرار) ئ. ئۆتكۈز-
مەك، كەچۈرمەك: ئىمرار
ھايات-تىرىكچىلىك كەچۈ-
رۈش، ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش.
**ئىمزائ** (امضاء) ئ. تەستىق،

مۇھۇر، تامغا، قول قويۇش: جاۋىدا ئىمزا — مەڭگۈ ئەزالىق، ئەبەدىي ھۆكۈمران.

**ئىمساك** (امساك) ئ. تۇتماق، ساقلىماق، ئۆزىنى تۇتماق: ئىمساك سەۋم — روزە تۇتماق.

**ئىملدەش** (ايميلدش) ئەمچەكداش.

**ئىملائ** (املاء) ئ. تولدۇرماق: تولۇق ئىپادىلىمەك: يازماق، توغرا يازماق: ئىملا قىلماق — يازماق.

**ئىن** (اين) ئۇۋا، ئۇۋا، ياتاق.

**ئىنا** (انا) ئىدىش، كوزا، خۇمچە.

**ئىناد** (عناد) ئ. ئۆز سۆزلۈك، سۇبىيكتىپلىق، سەركەشلىك، قىيسقلىق، بويۇنتاۋلۇق، جاھىللىق، كاجلىق.

**ئىناس** (اناث) ئ. خوتۇن-قىزلار: ئىناس مەكتىپى — قىزلار مەكتىپى (بىرلىگى "ئۇنسا").

**ئىنايەت** (عنايت) ئ. مەرھەمەت، ئىلتىپات، ياردەم، ياخشىلىق.

**ئىنايەتنامە** (عنايت نامە) ئىپ. پەرمان خېتى: كاتتىلاردىن، ئۇلۇغ كىشىلەردىن كەلگەن سۆيۈنچە ۋە ئىلتىپات مەكتۇپى.

**ئىنان** (عنان) ئ. تىزگىن، جىلاۋ، ھەيدىمەك، ئىدارە قىلماق: ئىنان ئىختىيار — تامامەن ئىختىيار: ئىنان ھۆكۈمەت — ھۆكۈمەت ئىشلىرى.

**ئىنان** (اينان) ئىشەنچ، ئېتەقات، ئىنانچ.

**ئىنانگىر** (عنانگير) ئىپ. جىلاۋ تۇتقۇچى: كۆتۈپ ئالغۇچى، يولدىن توختاتقۇچى.

**ئىنانكەش** (عنان كش) ئىپ. يېتەكلىگۈچى، باشقارغۇچى.

**ئىنئام** (انعام) ئ. يارلىقاماق، نېمەت بەرمەك، ئېھتەسان قىلماق، ياخشىلىق قىلماق، سىيلىماق.

**ئىنئامات** (انعامات) ئ. ئىن-

ئاملار، ھەدىيەلەر (بىرلىكى "ئىنئام").

**ئىنئىتاق** (انعطاق) ئ. بىر تەرەپكە قايتماق، مەيىل قىلماق، بۇرۇلماق.

**ئىنئىقاد** (انعقاد) ئ. ئاچماق. (يىغىننى): تۈزمەك (شەرتنامىنى): يىرىگدىماق (سۈتنىڭ).

**ئىنبىسات** (انبساط) ئ. يېيىلماق، كېڭەيمەك: كۆڭۈل ئېچىلماق، شادلىق، خۇشاللىق.

**ئىنتاج** (انتاج) نەتىجە كۆرسەتمەك، ئىشلەپچىقارماق.

**ئىنتالىك** (اينتاك) ئىككى خىيال، دېلىغۇل.

**ئىنتىباھ** (انتباه) ئ. ئويغانماق، غەپلەتتىن قۇتۇلماق، غاپىل بولماسلىق: ئاگاھلىق، ئاگاھلاندۇرماق.

**ئىنتىخاب** (انتخاب) ئ. سايلاش، تاللاش.

**ئىنتىھائ** (انتهاء) ئ. ئاياق، سوڭ، ئاخىر، ئاقىۋەت، چەك.

**ئىنتىھار** (انتحار) ئ. ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرمەك، بوغۇزلىماق.

**ئىنتىزار** (انتظار) ئ. كۈتمەك، كۆز تىكمەك.

**ئىنتىزام** (انتظام) ئ. تەرتىپ.

**ئىنتىساب** (انتساب) ئ. نىسبەت، تېگىشلىكلىك، تەئەللۇق: ئىنتىساپ تاپماق — نىسبەت تاپماق.

**ئىنتىشار** (انتشار) ئ. چېچىلماق، تارالماق، تارقىتىلماق.

**ئىنتىقاد** (انتقاد) تەنقىد، ئەيىپلىمەك، جىملىمەك.

**ئىنتىقادات** (انتقادات) ئ. "ئىنتىقاد" نىڭ كۆپلۈكى.

**ئىنتىقال** (انتقال) ئ. بىر يەردىن ئىككىنچى يەرگە كۆچمەك، ئورنىنى ئالماشتۇرماق، ئۆزگەرتمەك: ئۆلمەك: ئىنتىقال ئەتمەك — كۆچمەك: ئۆلمەك.

**ئىنتىفا** (انطفا) ئ. ئۆچمەك، سۆنماق: ئىنتىفا تاپماق — ئۆچمەك، سۆنماق.

**ئىنتىفائ** (انتفاع) ئ. پايدىلانماق، مەنپەئەتلەنمەك، پايدا كۆرمەك.

**ئىنجىل** (انجيل) ئ. ئاللا-

تائاللادىن ئەيسا پەيغەمبەرگە ئەۋەتىلگەن كىتاب يەنى ناسارا (خىرىستىيان) لارنىڭ دىنىي كىتابى؛ خۇشخەۋەر.

**ئىنجىلائ** انجلاء) ئ. ئېچىلماق، روشەن بولماق، ئېنىقلىق بولماق.

**ئىنجىماد** (انجماد) ئ. توڭلىماق، قاتماق، مۇزلىماق، مۇزغا ئايلانماق، توڭلاپ قالماق.

**ئىنجىماك** (اينجماك) رەن. جىمەك، خاپىلانماق.

**ئىنجۇ** (انجو) ئۈنچە، مەرۋايىت.

**ئىنچ** (اينچ) راھەت.

**ئىنچاك** (اينچاك) ئىنچكە.

**ئىنچكىرمەك** (اينچكرماك) ئىنچىكە تاۋۇش بىلەن يىغلىماق، چىڭقىرماق.

**ئىنھىتات** (انحطاط) ئ. چۈشمەك، تۆۋەنلەشمەك؛ چۈشكۈنلۈك.

**ئىنھىراف** (انحراف) ئ. قىڭغىر كەتمەك، چەتلەشمەك.

**ئىنھىزام** (انهزام) ئ. يېڭىلمەك، مەغلۇپ بولماق، ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قاچماق.

**ئىنھىزام** (انهضام) ئ. ھەزىم بولماق.

**ئىنخىرات** (انخراط) ئ. بىرەر گۇرۇھ ئارىسىغا كىرمەك، بىرەر نەرسە ئىچىگە كىرمەك؛ يىپنى يىڭنىگە ئۆتكۈزمەك؛ يىپقا تىزماق؛ تاراشلىماق.

**ئىنخىساف** (انخساف) ئ. ئاي تۇتۇلۇشى.

**ئىندە** (عند) ئ. يېنىدا، قېشىدا.

**ئىندەتمەك** (ايندااتماك) چاقىرتماق.

**ئىندەللا** (عندالله) ئ. ئاللانىڭ ئالدىدا، ئاللانىڭ نەزىرىدە.

**ئىندەنناس** (عندالناس) ئ. كىشىلەر ئالدىدا.

**ئىندۈرمەك** (ايندورماك) يۇقۇرىدىن چۈشۈرمەك: باش ئىندۈرمەك — باش ئېگىشتۈرمەك، تازىم قىلماق.

**ئىنزار** (انزار) ئ. قورقۇت-
ماق، بىر نەرسىدىن قورقۇ-
تۇپ مەنئى قىلماق، نەسىھەت
قىلماق.

**ئىنزال** (انزال) ئ. يۇقۇرد-
دىن چۈشۈرمەك، تۆۋەنلەت-
مەك.

**ئىنزىۋا** (انزوا) ئ. چېكىن-
مەك؛ تەنھالىق، ھېچكىمگە
ئارىلاشماسلىق، چەتنەش.

**ئىنس** (انس) ئ. ئادەم،
كىشى، ئادەم نەسلى: ئىنسۇ-
مەلىك — ئادەم ۋە پەرىشتە-
لەر؛ ئىنسو جىن — ئادەم
ۋە جىنلار.

**ئىنسىراف** (انصراف) ئ. قايت-
ماق، قايتىپ كەتمەك.

**ئىنسانىيەت** (انسانيت) ئ.
كىشىلىك، ئادەمچىلىك.

**ئىنشائ** (انشاء) ئ. ياسىماق،
قىلماق، بولدۇرماق، بار
قىلماق، كۆڭۈلدىن چىقىرىپ
يازماق؛ ئىجاد؛ ئەسەر؛
خەت، قۇرۇلۇش.

**ئىنشائات** (انشا آ ت) ئ.
قۇرۇلۇش.

**ئىنشاد** (انشاد) ئ. شېئىر
ئوقۇماق، جىرلىماق.

**ئىنشائەللا** (انشا' للا) ئ.
تەڭرى خالىسا، خۇدايىم
بۇيرۇسا.

**ئىنشىقاق** (انشقاق) ئ. يېرىل-
ماق، ئىككىگە ئايرىلماق؛
ئىنشىقاق قەمەر — ئاينىڭ
يېرىلىشى.

**ئىنقىباز** (انقباض) ئ. يىغىلىش،
قورۇلماق.

**ئىنقىتائ** (انقطاع) ئ. ئۈزۈلمەك،
كېسىلمەك، ئاجرالماق.

**ئىنقىراز** (انقاض) ئ. تۈ-
گەشمەك، يوقالماق، مۇنقەرز
بولماق.

**ئىنقىسام** (انقسام) ئ. ئايرىل-
ماق، بۆلۈنمەك، تەقسىم
قىلىنماق.

**ئىنقىياد** (انقياد) ئ. بويسۇن-
ماق، قاراشلىق بولماق،
سۆزنى ئاڭلىماق، باش
ئەگمەك.

**ئىنقىلاب** (انقلاب) ئ. ئۆز-
گىرىش؛ بۇزۇلۇش؛ ئىنقىلاب.

**ئىنفىئال** (انفعال) ئىزا تارت-

ماق، هالى ئۆزگەرمەك،
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
ئاي يۈزۈڭنىڭ خىجلىتىدىن
گۈل قىزاردى هالىيا، خەندە
بىرلە ئۆتكەرۈر چۈن ئىنفە-
ئالى بار دۇرۇر. (لۇتفى)

**ئىنفىئالات** (انفعالات) ئ. "ئىن-
فىئال" نىڭ كۆپلۈگى.

**ئىنفىهام** (انفهام) ئ.
پەملەنمەك، ئاڭقارماق،
بىلىنمەك.

**ئىنفىكاك** (انفكاك) ئ. ئايرىلماق،
يېشىلمەك، پارچىلانماق.

**ئىنكار** (انكار) ئ. يوق
دەپ ئېيتماق، تانماق، قوبۇل
قىلماسلىق، رەت قىلماق،
ئىشەنمەسلىك.

**ئىنئىكاس** (انعكاس) ئ. ياڭ-
غو، كەينىگە يانماق، ئەكس
ئەتمەك، بىر نەرسىنىڭ ئىك-
كىنچى بىر نەرسىدە كۆرۈنۈ-
شى: ئىنئىكاسى سەۋت —
تاۋۇشنىڭ كەينىگە يېنىشى،
ياڭرىشى.

**ئىنكىساف** (انكساف) ئ.
قۇياشنىڭ تۇتۇلۇشى.

**ئىنكىسار** (انكسار) ئ.
سۇنۇق؛ سۇنۇش؛ پۇشايمان.

**ئىنكىشاق** (انكشاق) ئ. ئېچىل-
ماق، زاهىر بولماق،
ئاشكارا بولماق.

**ئىنىمەك** (اينماك) يۇقۇرىدىن
تۆۋەنگە چۈشمەك.

**ئىنەب** (عنب) ئ. ئۈزۈم
يېمىشى.

**ئىنىيەن** (عنين) ئ. ئەرلىكى
يوق كىشى؛ كۈچسىز، ئاجىز.

**ئىنەنچ** (اننج) ئىشەنچ،
ئىشەنچلىك.

**ئۈۋرغۇل** (ايورغول) قۇمۇل-
نىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى.

**ئىۋەز** (عوض) ئ. بەدەل،
بىر نەرسىنىڭ ئورنىغا
كەلگەن ئىككىنچى بىر نەرسە.

**ئىۋەزەن** (عوضاً) ئ. ئالماش-
تۇرماق، ئورنىغا دەسسەتمەك.

# ي

**يا**[1] (يا) پ. ياكى، ئىسە: يا
ئۇنداق، يا بۇنداق.
**يا**[2] (يا) "ياي" (كامان)نىڭ
قىسقارتىمىسى: كۆچ: ئەگمە:
يا قىلماق — ئەگمەك،
پۈكمەك.
**ياب**[1] (ياب) پ. سۆز بىرىكمە-
سىدە "تاپقۇچى، ئېرىشكۈچى،
بولغۇچى، ئىگە بولغۇچى"
دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ:
ناياب — تاپقىلى بولمايدىغان،
تېپىلماس؛ فۇرسەتياب —
فۇرسەت تاپقان؛ بەھرە
ياب — بەھرە ئالغۇچى.
**ياب**[2] (ياب) پ. "يابان" (با-
يابان)نىڭ قىسقارتىمىسى.
**يابان** (يابان) پ. ياۋان،
چۆل، دالا، باياۋان، سەھرا،
دەشت.
**يابر** (يابر) پ. سۇيۇرغال يەر،
تەۋەلىك يەر.
**يابز** (يابز) ئاجىز، كەمبە-
غەل، نامرات، يوقسۇل،
چىغاي، قاششاق؛ چۈشكۈن.
**يابس** (يابس) ئ. قۇرۇق،
تەمسىز: يابىس يېمىش —
قۇرۇق مېۋە.
**يابش** (يابش) ئ. چۈشەن-
مەك، ئۇقماق.
**يابغۇ** (يابغو) قەدىمكى تۈرك
خەربىي ئەمەللىرىنىڭ بىرى.
**يابلاق** (يابلاق) يامان،
ناچار، ئەسكى: تەمتىرگەن،
يامان ئەھۋال؛ بىلىمسىز،
نادان: يابلاق قاغان ئۆلۈر-
مىش — بىلىمسىز (ناچار)
ئادەم خاقان بولدى؛ يابلاق
بۇدۇن — تەمتىرەپ قالغان
خەلق، ئەل.
**ياپالاق** (ياپالاق) مۈشۈك

یاپىلاق، ھۇقۇش.

**یاپانچە** (یاپانچە) نېپىز كە-
گىزدىن ئىشلەنگەن قالپاقلىق
یامغۇر يېپىنچىسى، يېپىنچا
("یاپونچى، یاپونچە" مۇ
دېيىلىدۇ).

**یاپماق** (یاپمق) یوشۇرماق؛
كېيىندۇرمەك.

**یاتاغان** (یاتاغان) قىسقا
قىلىچ؛ ئوق، قازان (ھار-
ۋىنىڭ).

**یاتاقان** (یاتاقان) "یاتاغان"
غا قاراڭ.

**یاتغاق** (یاتغاق) قاراۋۇل،
گۈزەتچى، قوغدىغۇچى.

**یاتىش** (یاتیش) قاراۋۇللۇقتا
تۇرىدىغان جاي، پوست؛
یاتىش ئېلى ــ پاسبانلار، تۈن
ساقچىلىرى.

**یاتۇغان** (یاتوغان) بىر خىل
چالغۇ، ساز.

**یاتۇغانچى** (یاتوغانچى)
"یاتۇغان" چالغۇچى، سازەندە.

**یاتۇق** (یاتوق) ئەسكەرلەر-
نىڭ يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان
سۇدانى.

**یاختەن** (یاختن) پ. سۇغۇرۇ-
ۋالماق (قىلىچنى)؛ قوللانماق.

**یاد** (یاد) پ. ئەس، خاتىرە:
یادلىماق ــ ئەسكە ئېلىۋال-
ماق.

**یادا** (یادا) یامغۇر.

**یاداتاش** (یاداتاش) یادا
یاغدۇرىدىغان بىر خىل ئەپسا-
نىۋى تاش.

**یاداچى** (یاداچى) یامغۇر
یاققۇزىدىغان سېھىرگەر.

**یاداغ** (یاداغ) یایاغ، پىيادە.

**یادگار** (یادکار) پ. ئەسلەش
ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىش
یاكى قالدۇرۇلغان نەرسە،
ئەستىلىك.

**یادنامە** (یادنامە) پ. ئەسلىمە،
ئەستىلىك.

**یار** (یار) پ. دوست، یول-
داش، مەھبۇب، مەشۇق؛
یاردەمچى: چاھار یار ــ تۆت
دوست.

**یارا** (یارا) پ. یۈرەك، كۈچ،
قۇۋۋەت؛ قابىلىيەت؛ باتۇر-
لۇق، دادىللىق.

**یاراد** (یاراد) بىر تۇرلۇك

چالغۇ، ساز.

**ياراغلىق** (ياراغلىق) ياراملىق، مۇۋاپىق، لايىق، قابىلىيەتلىك، تالانتلىق.

**ياران** (ياران) پ. دوستلار، يولداشلار.

**يارانە** (يارانە) پ. دوستانە، دوستلارچە.

**ياراماچى** (ياراماچى) بولمايدىغان، يارىماس.

**ياربۇز** (ياربز) يالپۇز.

**يارتاق تۇغ** (يارتاق توغ) قۇتلۇق تۇغ.

**يارسىنچىغ** (يارسنچيغ) يىرگىنىشلىك.

**يارغار** (يارغار) پ. ئايرىلماس يولداش.

**يارغاغ** (يارغاغ) تۈكى تۆكۈلگەن جۇۋا؛ خام تېرىدىن تىشلەنگەن خالتا.

**يارغۇ** (يارغو) ئەرز قىلماق، دەۋا قىلماق؛ تالاش-تارتىش، مۇنازىرە؛ تالاشماق، جاڭجاللاشماق.

**يارغۇچاق** (يارغوچاق) ياغۇنچاق، قول تۈگمىنى.

**يارقىن** (يارقين) ئۇچقۇن، يورۇق، نۇرلۇق.

**يارە** (يارە) پ. كۈچ، قۇۋۋەت؛ قابىلىيەت؛ باتۇرلۇق؛ بىلەيزۈك؛ زۇننار؛ باج، سېلىق، تارتۇق؛ يارەگىر — باجگىر.

**يارە** (يارە) يارا، جاراھەت: يارىيىمەك — يارىلانماق، يارىدار بولماق.

**يارەب** (يارب) ئ. ياخۇدا، يا ئاللا!

**يارى** (يارى) پ. ياردەم، مەدەت؛ دوستلۇق.

**يارىش** (يارش) تۈزلەك، تۈزلۈك.

**يارىشماق** (ياريشماق) يۈگۈرۈشمەك، ئۇزۇشماق، بەيگە چېپىشماق.

**يارى غار** (يارغار) پ. ئايرىلماس يولداش، ھەمرا.

**يارىگاھ** (يارىگاه) پ. شىپاخانا، داۋالاش ئورنى.

**يارىگەر** (ياريگر) پ. ياردەمچى، ياردەم قىلغۇچى.

**يارىن** (يارين) كېلەچەك، كېيىنكى.

**يارلق** (يارليق) يارلىق،
بۇيرۇق، پەرمان.
**يارلق** (يارليق) دوستلۇق،
ياردەم (بۇ ئىككى سۆز "يار-
لىغ" دەپمۇ كېلىدۇ).
**يارلقاماق** (يارليقاماق) يا-
رلىقىماق، كەچۈرمەك، ئەپۇ
قىلماق، رەھىم قىلماق،
مەغپىرەت قىلماق.
**يارلقانچۇقى** (يارليقانچۇقى)
رەھىملىك، شەپقەتلىك.
**يارمە** (يارمە) ئۇۋاق،
پارچە، يارما.
**يارۇق** (ياروق) نۇر، يورۇق،
پارلاق.
**ياز** (ياز) يايماق، ئاچماق،
يەشمەك: شېئىردا مۇنداق
كەلگەن: ئوكۇش سۆزلىمە
سۆز بىرەر سۆزلە ئاز، تۈمەن
سۆز تۈگۈنىنى بۇ بىر سۆزلە
ياز (ئۆكۈش — كۆپ، تولا).
**يازغۇرماق** (يازغورماق) ئە-
يىپلىمەك، گۇناكار قىلماق.
**يازى** (يازى) دەشت، چۆل،
دالا، تۈز: يازىدا بۆرى
ئۇلىسا ئەۋدە ئىت باغرى
تارتىشۇر (ماقال). ئەۋدە —
ئۆيدە.
**يازغ** (يازيغ) يېزىق، خەت،
مەكتۇپ.
**يازغلق** (يازيغليق) پۈتۈل-
گەن، يېزىلغان؛ نەقىشلەنگەن.
**يازق** (يازيق) گۇنا، خاتا-
لىق، كەمچىلىك، ئەيىب،
ئۆكۈنەرلىك ئىش ("يازۇق"
قا ئوخشاش).
**يازقلق** (يازيقليق) گۇناھ-
لىق، ئەيىبلىك.
**يازلماق** (يازيلماق) يېزىل-
ماق (خەت)؛ يېشىلمەك،
ھەل بولماق؛ ئېچىلماق؛
يۈرەكتىن غەشلىك كەتمەك،
كۆڭۈل ئېچىلماق.
**يازن** (يازين) ئوچۇق، رو-
شەن: يازىن قەلەمى قىل-
ماق — خەتنى روشەن قىلىپ
يازماق.
**يازماق** (يازمىق) يازماق،
پۈتمەك؛ يايماق، تارقاتماق،
ئاچماق؛ قارىماق؛ يەشمەك،
ھەل قىلماق.
**يازۇ** (يازو) "يازى"غا ئوخ-

شاش. شېئىردا مۇنداق كەل-
گەن: يۈزۈڭنى كۆرسە قىلۇر
گۇل ئۆزىنى يۈز پارە، خو-
تەن يازۇسىدا ئاھۇ كۆزۈڭ-
دىن ئاۋارە.
(سەككاكى)

**يازۇق** (يازوق) "يازىق"قا
ئوخشاش. شېئىردا مۇنداق
كەلگەن: نار ياڭاقىڭ ئارزۇ-
سىدا جانىنى بىمار ئەيلىمە،
ھېچ يوق ئېركەن يازۇقۇم
مېنى گىرىپتار ئەيلىمە
(سەككاكى). يازۇقسىز —
گۇناسىز، ئەيىبسىز، ئەۋەنسىز؛
يازۇقلادى — خاتالاشتى،
گۇنا ئۆتكۈزدى.

**يازۇن** (يازون) ئەللەر،
مەملىكەتلەر، جاھان، دۇنيا:
يازسۇن چاۋۇڭ يازۇنقا —
يېيىلسۇن داڭقىڭ ئەللەرگە،
يەنى جاھانغا.

**ياس** (ياس) ئۆلگەن كىشى
ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇپ قارا
كىيىملەر كىيمەك، ماتەم تۇت-
ماق، قارىلىق تۇتماق؛
ئۈمىدسىزلىك.

**ياسا** (ياسا) قانۇن: قانۇنى-
يەت: جازا.

**ياساق** (يساق) نىزام، قانۇن؛
تەرتىپ، جازا؛ مەنئى قىل-
ماق، چەكلىمەك؛ ئىشتىراپ؛
تەقىق: سىلىق، جەرىمانە؛
ياساق چىڭگىز — چىڭگىزخان
قانۇنى ياكى نىزامى؛ مەكتەپتە
تاماكا چېكىش ياساقتۇر —
مەكتەپتە تاماكا چېكىش
چەكلەنگەندۇر.

**ياساۋۇل** (ياساۋۇل) ئىشىك-
باقار چېرىك، قارۇغچى،
قورۇغچى، قاراۋۇل: مالاي:
ياساۋۇل باشى — قورۇغچىلار
باشلىغى.

**ياستانماق** (ياستانمق) ياستۇق
قىلماق، باش قويماق، تەكى
قىلماق. شېئىردا مۇنداق
كەلگەن: تەبەررۇك ئاستانىڭ
تۇپراغىنى كىم كى ياستاندى،
بەلا-ۋۇ فىتنە-ۋۇ ئاخىر زە-
ماندىن ھەم ئەمىن دەرلەر.
(زەلىلى)

**ياسەمىن** (ياسمن) پ. خۇشبۇي
پۇرايدىغان بىر خىل ئاق چېچەك-

لىك دەرەخ. شېئىردا مۇنداق
كەلگەن: مېنىڭدەك گويا-
كوردى يۈزۈڭنى ئەبرى
نەۋروزى، كۆزۈڭدىن ياشدىن
يەر يۈزى ۋەردى ياسەمىن
بولدى.
(سەككاكى)

**ياسىج** (ياسج) يائوقى، ئوق.
**ياسىر** (ياسر) پ. ئاسان،
ئوڭاي؛ قىماۋاز.
**ياشىن** (ياشين) چاقماق، يېشىن.
**ياشىقى** (ياشقى) ياشانغان،
قېرى.
**ياشماق** (ياشماق) چۈمبەل.
**ياشۇق** (ياشوق) يورۇق،
يارۇق.
**ياغ** (ياغ) ياۋ، دۈشمەن؛
يېغى، ئۇرۇش؛ توپىلاڭچى،
ئىسيانچى؛ قوزغىلاڭ قىلغان؛
ياغىلاش — دۈشمەنلىشىش؛
ھۇجۇم قىلىش؛ ياغىسى —
دۈشمىنى.
**ياغاچ** (ياغاچ) تەخمىنەن
ئون ئىككى كىلومېترچە ئارىلىق؛
بىر ياغاچ يول — تەخمىنەن ئون
ئىككى كىلومېترلىق مۇساپە.

**ياغان** (ياغان) پىل.
**ياغدۇ** (ياغدو) نۇر، يورۇق؛
ئاي ياغدۇسى — ئاي نۇرى.
**ياغى** (ياغى) يېغى، ئۇرۇش،
توپىلاڭ، قوزغىلاڭ؛ دۈشمەن،
ئىسيانچى، قوزغىلاڭچى.
**ياغىچى** (ياغىچى) قوماندان؛
بېسىپ كىرگۈچى، تاجاۋۇز
قىلىپ كىرگۈچى.
**ياغىر** (ياغىر) يەلكە، مۈرە.
**ياغىز** (ياغز) قوڭۇر، بېغىر
رەڭ؛ ياغىز يەر — قوڭۇر يەر.
**ياغىقماق** (ياغقماق) دۈشمەن-
لەشمەك، قارشىلاشماق.
**ياغىلتى** (ياغلتى) قوشۇلدى،
بىرلەشتى.
**ياغۇرۇ** (ياغرو) ئەڭ يېقىن.
يېقىن.
**ياغۇق** (ياغوق) يېقىن،
تۇققان، يېقىنى.
**ياقا**[1] (ياقا) ئىجارە؛ ياقاغا
تۇتتى — ئىجارىگە ئالدى.
**ياقا**[2] (ياقا) خۇدانى سېغىنىپ
نەزىر قىلماق، نەزىر.
**ياقىن** (ياقين) راستلا، چىن،
ھەقىقەت.

**ياقۇتى** (ياقۇتى) ئ. ياقۇت رەڭلىك، قىپ ـ قىزىل: ياقۇتى ئەھمەر ـ قىزىل ياقۇت.

**يافت** (يافت) پ. تاپماق.

**يافتەن** (يافتن) پ. تاپماق؛ ئېرىشمەك؛ تونۇماق، بىلمەك.

**يافەر** (يافر) پ. ئۇسۇلچى؛ سېھىرچى.

**ياك** (ياك) مەركەز؛ ئادەت، قائىدە، يوسۇن.

**ياڭشا** (ياڭشا) كۆپ سۆزلە- مەك، مەمەدانىلىق قىلماق، بىلجىرىماق، ۋالاقلىماق؛ ياڭشار ئەرسە ـ ياڭشىسا، بىلجىرىسا.

**ياڭلىتاچسىز** (يانكلتاچسز) يېڭىلىشسىز، خاتاسىز.

**ياي** (ياي) كامان، ئوقيا ياغىچى ("يا"غا ئوخشاش)

**يايلا** (يايلا) يايلاق، تاغلار- نىڭ ئۈستىدىكى تۈز يەر.

**يايقاماق** (يايقاماق) چايقىماق، يېيىلدۇرماق.

**يال** (يال) ئاتنىڭ يايلى؛ بويۇن؛ "ئايال"نىڭ قىسقار- غان شەكلى.

**يالاباچ** (يالاباچ) "يالاۋاچ" غا قاراڭ.

**يالاڭۇق** (يالانكوق) ئادەم، كىشى ("يالڭۇق"قا ئوخشاش)

**يالان** (يالان) يالغان، تۇپ- سىز، ئاساسسىز، ئالدام.

**يالاۋاچ** (يالاۋاچ) ("يولاۋاچ" مۇ دېيىلىدۇ) ئەلچى، پەيغەم- بەر، رەسۇل، نەبى؛ تىلماچ.

**يالغا** (يلغا) جىلغا، جىرا.

**يالقىماق** (يالقيماق) بىزار بولماق، زېرىكمەك؛ قولاق پۈتمەك (ئارتۇقچە شاۋقۇن- دىن)؛ چارچىماق؛ چارە تاپالماسلىق.

**يالقىتماق** (يالقتماق) قولاقنى پۈتۈرمەك؛ چارچاتماق؛ زې- رىكتۈرمەك، مالال كەلتۈرمەك.

**يالتما** (ياليتماق) يالتىراتماق، سۈركەپ يالتىراتماق.

**يالڭۇق** (يالنكوق) "يالاڭۇق" قا ئوخشاش. يالڭۇق ئوغلى مۇنسۇز بولماس ـ ئادەم بالىسى ئەيىبسىز بولماس. (ماقال)

**ياللۇغ** (ياللوغ) تىببى پەن-

دە بەدەن ھوجەيرىلىرىنىڭ قىززىشى ياللۇغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. (يالقۇن دىگەندىن ئېلىنغان).

**يالۋى** (يالوى) سېھىر، سېھىر كۈچى؛ جىلغا.

**يام** (يام) پ. پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇيدىغان ئات.

**يام** (يام) چوڭ كۆل تەشتەكلىرى.

**يامخانە** (يامخانە) پ. ئەلچى ۋە چاپارنىڭ بىر بېكەتتىن ئىككىنچى بېكەتكە ئالماشتۇرۇپ مىنىپ كېتىدىغان ئاتلىرى ساقلىنىدىغان جاي.

**يان** (يان) پ. قۇرۇق سۆز، جۆيلىمەك.

**يانئ** (يانع) ئ. پىشىلگەن، قىزىل؛ يانئ سەمەر — پىشقان مىۋە.

**ياۋاز** (ياۋاز) ناچار، يامان ("يابىز"غا ئوخشاش).

**ياۋە** (ياوە) پ. بىھۇدە؛ قۇرۇق گەپ.

**ياۋەر** (ياۋەر) پ. ياردەمچى، مۇئاۋىن: ياۋەرو ياكى ياۋەرى — ياردەمچىلىك.

**ياۋۇتماق** (ياووتماق) يېقىنلاشتۇرماق، يېقىن كەلتۈرمەك.

**ياۋۇرقان** (ياوورقان) ئات يوپۇقى.

**ياۋۇتماق** (ياوتماق) يېقىنلاشتۇرماق، يېقىن كەلتۈرمەك.

**ياۋۇشماق** (ياۋشماق) يېقىنلاشماق، يېتىشمەك.

**ياۋۇق** (ياووق) يېقىن ("ياغۇق"قا ئوخشاش).

**يەباب** (يىباب) پ. خاراب.

**يەبان** (يىبان) پ. "يابان"غا قاراڭ.

**يەخ** (يخ) پ. مۇز؛ يەخاب — توڭلىغان سۇ؛ يەخپارە — مۇز پارچىسى؛ يەخدان — مۇز ساندۇقى، مۇز ئورنى.

**يەھۇدىيەت** (يىھودىت) ئ. يەھۇدى دىنى.

**يەد** (يد) ئ. قول؛ كۈچ، شۆھرەت؛ قوغدىماق، ئاسرىماق؛ مال — مۈلۈك، بايلىق: يەھۇ بەيزا — ئاق بىلەك.

**يەدەك** (يدك) تەييار ئات؛

تەييار قورال.

**يەدەكچى** (يدكچى) ئات باقار، ئاتچى.

**يەرا** (يرا) پ. قورۇق، تارتۇق.

**يەراغ** (يراغ) ياراق، قورال.

**يەراش** (يراش) ياراش، سۈلھ، بىتىم.

**يەرھەمەكۇللا** (يرحمك الله) ئ. ئاللا ساڭا رەھمەت ئەتسۇن.

**يەرەقان** (يرقان) سېرىق ئاغرىق.

**يەرلىغ** (يرلىغ) يارلىق، پەرمان ("يارلىق"قا ئوخشاش).

**يەزدان** (يزدان) پ. خۇدا، تەڭرى، ئىلاھ؛ پەرىشتە.

**يەزەك** (يزك) پ. ئالد قوشۇن؛ كېچىلىك چارلىغۇچى قىسىم: يەزەكدار — ئالد قوشۇن باشلىغى.

**يەزنە** (يزنه) ھەمشىرىسىنىڭ كۈيۈسى.

**يەسار** (يسار) ئ. سول ياق، سول تەرەپ، سولقانات؛ سول قول؛ تەتۈر تەرەپ؛ يامانلىق

(شۇملۇق) ئىبلىس كەلگۈچى، بالا تېرىغۇچى؛ بايلىق، باياشاتلىق؛ ئاسان، ئوڭۇشلۇق.

**يەساغ** (يساغ) "يەساق"قا قاراڭ: يەساغ تارتماق — جازا تارتماق، جازالانماق؛ يەساغلىغ ئىشى — ئەسكىرىي ئىشلار، تەرتىپ — ئىنتىزام ئىشلىرى؛ يەساغلىغ — ئەسكەر؛ ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى، پەرمان بەرگۈچى.

**يەساق** (يساق) "ياساق"قا قاراڭ.

**يەساقى** (يساقى) پادىشا جازاسى، جەرىمانە؛ ئەسكەر، ياش ئەسكەر.

**يەسال** (يسال) سەپ، قاتار: يەسال تارتماق — سەپ تارتماق.

**يەستاماق** (يستاماق) ياستۇق قىلىپ قويماق.

**يەسەر** (يسر) ئ. "يەسار"غا قاراڭ.

**يەسىر** (يسير) ئ. ئاسان، قولاي، يەڭگىل،

**يەسۇئ** (يسوع) ئ. ئەيسا.

**يەشىن** (يشين) چاقماق.

**يەغام** (يغام) پ. ئالۋاستى.

**يەغما** (يغما) پ. ئولجا، غەنىمەت؛ تالان - تاراج، بۇلاڭ - تالاڭ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: مېنى يوق ئەيلىگەن ئول دىلرەبانىڭ چەشمە شەھلاسى، كۆڭۈلنىڭ مۇلكىنى تاراج قىلدى لەئلى يەغماسى.

(ناۋايى)

**يەغماگەر** (يغماگر) پ. بۇلاڭچى، تالاڭچى.

**يەققال** (يققال) روشەن، ياققال.

**يەقزان** (يقظان) ئ. ئويغاق، كۆزى ئوچۇق، غاپىل ئەمەس.

**يەقزە** (يقظه) ئ. ئوچۇقلۇق، ئويغاقلىق.

**يەقە** (يقه) ياقا (چاپاننىڭ ياقىسى).

**يەقىن** (يقين) ئ. شەك، شۈبھىسىز بىلىش.

**يەك** (يك) پ. بىر، يالغۇز.

**يەك** (يك) جىن، ئالۋاستى.

**يەكتا** (يەكتا) پ. يەككە. تەڭسىز.

**يەكچەشمە** (يك چشمه) پ. بىر كۆزلۈك، ئەپسانىلەردىكى ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرلا كۆزى بار كىشىلەر: يەكچەشمىنىڭ شەھرىگە بارساڭ، بىر كۆزلۈكنى قىسۋال.

(ماقال)

**يەكسەر** (يكسر) پ. بىرنى قالدۇرماي، پۈتۈنلەي، بىردىنلا.

**يەكسان** (يكسان) پ. تۈز، تەڭ - باراۋەر، بىر خىل: يەر بىلەن يەكسان بولدى — يەر بىلەن تەڭ بولدى.

**يەكۇن** (يكون) ئ. بارلىغى، پۈتۈنى، جەمىسى، ھاسىل، جەم.

**يەكفەن** (يكفن) ئپ. ماھىر، ئىختىساسلىق.

**يەك قەلەمە** (يك‌قلمه) ئپ. بىردىن - بىر، داڭدار.

**يەگ** (يەگ) ئوزۇق، يېمەك-

لىنىك.
**يەگانە** (يكانه) پ. بىر، يال-
غۇز.
**يەگانلىغ** (ينكلىغ) ئوخشاش.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
غۇنچە يەگىلىغ قان بولۇپ
ئىشقىڭ بىلەن خامۇش مەن،
بۇ ھۆۋەيدادەك ساڭا باغرى
تولاقان قايدادۇر.
(ھوۋەيدا)
**يەل** (يل) پ. باتۇر، چېلىش-
چى، كۈرەشچى.
**يەل** (يل) شامال: يەل-
بوران — شامال-بوران.
**يەلدا** (يلدا) پ. قىشنىڭ ئەڭ
قاراڭغۇ، ئەڭ ئۇزۇن كېچىسى،
قاراقىش يەلداغان — قارا
سوغۇقتا قالغان. شېئىردا
مۇنداق كەلگەن: باغبانى
بۇلبۇلى ئاشۇفتەنى ئاغرىتما
غىل، بەرگى گۈلنى يەلداغان
بىرلە گۈلستان ئۆكسۈمەس.
(زەلىلى)
**يەل كۆگەن** (يل ككان)
ھەسەن-ھۈسەن.
**يەلمەڭ** (يلمنك) يىراقتا

يۈرۈش قىلغان قوشۇن،
لەشكەر.
**يەلە** (يله) پ. قويۇپ بېرىل-
گەن، ئازات قىلىنغان: بىھۇ-
دە: يالغۇز، يېتىم: ئەگرى؛
تاشلىۋېتىلگەن، ۋازكېچىلگەن.
**يەم** (يوم) ئ. بىر كۈن؛
كۈندۈر.
**يەم** (يەم) دورا ئوت، دورا.
**يەم** (يم) ئ. دېڭىز، ئوكيان.
**يەمە** (يمه) يەنە، مۇ
(ياردەمچى سۆز).
**يەۋمى** (يومې) ئ. بىر كۈنگە
مەنسۇپ، كۈندىلىك.
**يەۋمىيە** (يومىيە) ئ.
بىر كۈنلۈك ئىش ئۈچۈن
بېرىلگەن ھەق.
**يەمىن** (يمين) ئ. ئوڭ تەرەپ؛
ئوڭ قول: يەسەر يەمىن —
ئوڭ-سول.
**يەۋاش** (يواش) پ. ئاستا،
بوش، بوش ئاۋاز بىلەن.
**يەۋاشكى** (يواشكى) پ.
جىم-جىم، ئاستاغىنا، بوش-
قىنا، بىرۋاراقى، پەيدىن-
پەي، تەدرىجى.

**يەۋاقىت** (يواقيت) ئ. "ياقۇت"نىڭ كۆپلۈكى.

**يىد** (ييد) ھىد، پۇراق.

**يىدا** (ييدا) نەيزە، جىدا.

**يىدىغ** (ييدىغ) سېسىق.

**يىر¹** (يير) جىر، ناخشا، قوشاق.

**يىر²** (ير) يەر، زېمىن

**يىرايا** (ييرايا) سولغا، شىمالغا، شىمالدىن.

**يىراغارو** (يىراغارو) شىمالدا.

**يىراۋ** (ييراو) باخشى: ناخشىچى: داستانچى، ھېكايىچى.

**يىرچى** (يىرچى) يولباشلىغۇچى، باشلامچى: يولچى؛ جىرچى، ناخشىچى.

**يىرتىنگو** (يىرتنكو) ئالەم، دۇنيا، جاھان.

**يىرگو** (يىركو) پەس، تۆۋەن، پاكار، پەسەندى.

**يىرلاغۇچى** (ييرلاغوچى) جىرلىغۇچى، ناخشىچى؛ ھېكايىچى.

**يىس** (ييس) تاغ: ئالتۇن يىسدا ئولۇرتمىز — بىز ئالتاي تېغىدا ئولتۇراقلاشتۇق.

**يىش** (ييش) يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش (قەدىمكى ھۆججەت-لەردە بەزىدە "يىس"، بەزىدە "يىش" دەپ كېلىدۇ).

**يىشىم** (يشم) ئەدىبى ئەسەر-لەردىكى ۋەقەلەرنىڭ ئاياق-لىششى ياكى زىددىيەت-توقۇنۇشلارنىڭ ھەل بولۇشى؛ خۇلاسە، يەكۈن، نەتىجە.

**يىغىنلىق** (ييغينليك) توپلىنىش، جەمىيەت.

**يىقىلغۇر** (ييقيلغور) يىقىل-دىغان، يىقىلىشقا يېقىنلاشقان.

**يىقىماق** (ييقماق) ئاغدۇرماق، قۇلاتماق، يىقىتماق، بۇزماق.

**يىقۇغ** (ييقوغ) يىقىق، بۇزۇق، ۋەيران.

**يىگانە** (يگانه) پ. بىردىن-بىر، يالغۇز، تەڭداشسىز. ("يىگان"مۇ دېيىلىدۇ).

**يىگەن** (يىكن) جىيەن، جىيەن تۇققان.

**يىڭاق** (ينكاق) تەرەپ، يان.

**يىيىنماق** (يينماق) يىغىلماق، توپلانماق.

**يېيىن** (يېيىن) دەريا سۇلى-رىنىڭ يېيىلىپ ئاقىدىغان جايلىرى.

**يىل** (يىل) يەل، شامال.

**يىلپاغۇ** (يىل پاغو) باتۇر، قەھرىمان.

**يىلپۆگۆ** (يىلپوگو) يەلپۈگۈچ.

**يىلدىرىم** (يىلدرم) چاقماق، يېشىن ("ئىلدىرىم"غا ئوخشاش).

**يىلسىغ** (يىلسغ) ئاۋات.

**يىن** (يىن) ئىن، ئۇۋا.

**يىنچو** (يىنچو) ئۈنچە، مەرۋايىت، چىنتاش.

**يۇھا** (يوھا) ئاچكۆز، يەپ تويماس.

**يۇت** (يوت) شۇۋرغان، جۇت.

**يۇتۇز** (يوتوز) خوتۇن؛ خوتۇن-قىزلار.

**يۇرتاغ** (يورتاغ) يۇرۇتىدىغان، يۇرتاقى.

**يۇرت** (يورت) چېدىر؛ ئاۋۇل؛ تۇرالغۇ؛ قەبىلىگە قاراشلىق يايلاق؛ ئۆي.

**يورتچى** (يورتچى) ئاۋۇل كىشىسى، ئاۋۇل ئاھالىسى.

**يۇرتمە** (يورتمە) يورغا، يۈگۈرۈك.

**يۇرد** (يورد) تۇرالغۇ، تۇراق جاي؛ ئۆي.

**يۇرى** (يورى) يۈرۈش، مېڭىش؛ ھۇجۇم، ئاتاكا؛ يۈرۈش قىلماق، لەشكەر يۈرۈشى.

**يۇرىش** (يورش) "يورى"گە ئوخشاش.

**يۇرىغ** (يوريغ) ھەرىكەت، قىلىق.

**يۇرماق** (يورماق) يويماق، تەبىر قىلماق (چۈشنى)، ئۆرمەك.

**يۇرون** (يورون) ياماق، پارچە: يورۇنلۇق — ياماغلىق.

**يورۇنچقە** (يورونچقە) بىدە، يوگۆچقا.

**يورۇك** (يورونك) ئاق: يورۇكقاش — ئاق قاش تېشى، ئاق قاش.

**يۇزچى** (يوزچى) ئىككى يۈزلىمچى.

**يۇزلەكچە** (يوزلكچە) نەچچە

مىلىيون. شەھەردا مۇنداق
كەلگەن: شاھىكى بولسا
تابىئىدا نەچچە كىشۋەرى،
تەييار بولسا نەزدىدە يۈز-
لەكچە لەشكەرى.
(سۇبۇرى)

**يۇسۇف** (يوسف) ئى. خىرىستى-
يانلارنىڭ ئىنجىل كىتاۋىدىكى
شەخس: چىرايلىق ئەرلەرگە
كىنايە: يۇسۇف ئاراي —
يۇسۇفتەك چىرايلىق: يۇسۇف
جامال — چىرايلىق، گۈزەل،
كۆركەم

**يۇغ** (يوغ) دەپنە مۇراسىمى،
ماتەم مۇراسىمى: يۇغ ئەر
تۇرتۇمۇز — ماتەم مۇرا-
سىمى ئۆتكۈزدۇق؛ يۇغىن-
دا — ماتەم مۇراسىمدا.

**يۇغ** (يوغ) پ. بويۇنتۇرۇق؛
زۇلۇم.

**يۇغچى** (يوغچى) ماتەمدار،
ئۇلۇم ئۇزاتقۇچى.

**يۇغرى** (يوغرى) تەخسە.

**يۇغۇر** (يوغور) پ. قوپال؛
مەدەنىيەتسىز.

**يۇغۇرغۇچ** (يغرغوچ) نوغۇچ،
خالو.

**يوغورقان** (يوغورقان)
يوتقان.

**يۇغۇن** (يوغون) يوغان،
چوڭ.

**يۆكمەك** (يوكمك) جۇغلى-
ماق، توپلىماق: جۇغلانما.

**يۇگ** (يوگ) قۇش قانىتى،
قۇش پېيى.

**يۇل** (يول) قۇتقۇزماق، تارت-
ماق: يۇلنادى — شاد قىلدى،
روھلاندۇردى، قۇتقۇزدى.

**يۇلا** (يولا) چىراق.

**يۇلاغ** (يولاغ) ئېلىپ-
سېتىش، سودا.

**يولاق** (يولاق) كىچىك ئېرىق.

**يۆلەن** (يولەن) ئۆلەن، ناخ-
شا، قوشاق. شەھەردا مۇنداق
كەلگەن: ئەيا لەيلى سىز
ھەي يۆلەن باشلاڭىز، داغى
شىرىن ھەي-ھەي يۆلەن
باشلاڭىز.
(ئا. نىزارى)

**يۇلۇغ** (يولوغ) پىدا قىلماق،
قۇربان قىلماق.

**يۇلۇغچى** (يولوغچى)

بۇلاڭچى.

**يۇمغى** (يومغى) جەمى، بارلىق، ھەممە، پۈتۈن، كۆپ ("يۇمقى"مۇ دېيىلىدۇ).

**يۇمۇرقا** (يمرقا) توخۇم. يۇمۇرتقا.

**يۇمغاق** (يومغاق) يۇملاق.

**يۇمشاش** (يومشاش) ئەۋەتمەك، تەيىنلىمەك: ئىشلەتمەك: كىشى يۇمشىدى — كىشى ئەۋەتتى، تەيىنلىدى؛ ئادەم ئىشلەتتى.

**يۇمۇت** (يومت) توپلانماق، يىغىلماق.

**يۇن** (يون) پ. ئىبگەر (ئاتنىڭ): توقۇم.

**يۇنت** (يونت) ئات (مىنىدىغان).

**يۇنقار** (يونقار) ئۈچ تارلىق بىر خىل ساز (مۇزىكا).

**يوۋە** (يووە) قۇشلارنىڭ بالا چىقىرىش ئۈچۈن ياتىدىغان يەرلىرى، چاڭگا، ئۇگا، ئۇۋا.

**يوۋم** (يوم) ئ. "يەۋم"گە قاراڭ.

# ل

**لا** (لا) ئ. سۆزلەرگە قوشۇ-
لۇپ، "ئەمەس، بولماس،
يوق، تۈگۈل" مەنىلىرىدە
كېلىدۇ ۋە ئىنكار سۆزلەرنىڭ
ئالدىغا قويۇلىدۇ: لا ئىلاج —
ئىلاجسىز؛ لافائىدە —
پايدىسىز.

**لا** (لا) غۇ، مۇ، دە ئۇلانمى-
لىرى ئورنىدا كېلىدۇ.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:
ناۋايىغە گەر تەۋبە يەخشى
ئىدى. يەنە تەركىنى ئول
يەمان قىلدى لا.
(ناۋايى)

**لابە** (لابە) ئ. يالۋۇرماق،
ئۆتۈنمەك، سورىماق؛ تىل
ياغلىمىلىق قىلماق؛ ھىلە،
نەيرەڭ، ئالدام.

**لابەگەر** (لابەگر) ئىپ. تەخ-
سىكەش؛ ئالدامچى، ھىلىگەر.

**لابىس** (لابس) ئ. كىيىنگەن.

**لابۇد** (لابد) ئ. ئەلۋەتتە،
قانداق بولمىسۇن؛ ئېھتىمال،
مۇمكىن، ئاللاھەزەل؛ نائىلاج،
ئامالسىز؛ مۇقەررەر، سۆز-
سىز، چوقۇم.

**لات** (لات) ئ. ئىسلامدىن
بۇرۇن ئەرەبلەرنىڭ تېۋىنغان
بۇتلىرى، لات بىلەن مەنات
ئەڭ ئاتاقلىقلىرىدۇر؛ كەمبە-
غەل، دىۋانە؛ سەرگەردان.

**لاتپەرەست** (لات پرست)
ئىپ. بۇتپەرەس، لاتقا
چوقۇنغۇچى.

**لاج** (لاج) ئ. قانجۇق؛ يالىڭاچ؛
پارا.

**لاجان** (لاجان) ئىپ. ئاجىز،
جانسىز، زەئىپ.

**لاجەرەم** (لاجرم) ئ. شۈب-
ھىسىز، شەكسىز؛ چارىسىز،

ئائىلاج؛ ئەلۋەتتە؛ شۇنىڭ ئۈچۈن.

**لاجۇرەد** (لاجرعە) ئ. توختاۋسىز، توختىماستىن؛ لاجۇرەد سۈمۈرمەك — ئارقىنى ئۈزمەي بىر يولىلا سۈمۈرۈۋەتمەك؛ لاجۇرەد ئىچمەك — بىر تامچىمۇ قالدۇرماستىن ئىچمەك.

**لاجۇن** (لاجون) ئىپ. "لاجان"غا قاراڭ.

**لاجۇۋەرد** (لاجورد) ئ. كۆك، زەڭگەر؛ توق كۆك تۇسلۇك تاش.

**لاجۇۋەردى** (لاجوردى) ئ. كۆك تۇسلۇك.

**لاھىق** (لاحق) ئ. كەيىندىن كېلىپ قوشۇلغان، تۇتاشقان، يېقىن تۇرغان، چاپلىشىپ تۇرغان.

**لاھىقە** (لاحقە) ئ. قوشۇمچە، ئىلاۋە، بىر كىتابنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلغان نەرسە (كۆپلۈكى "لەۋاھىق").

**لاھوت** (لاھوت) ئ. ئاللالىق، روھانىيەت، ئىلاھ، خۇدا.

**لاھۇل** (لاحول) ئ. "لاحول ولا قوە الا باللە" (ئاللانىڭ قۇدرىتى ئۇلۇغ) دېگەن ئىبارىنىڭ قىسقارغىنى.

**لادە** (لادە) ئ. ئەخمەق، ئەقىلسىز؛ قانجۇق.

**لارىب** (لاريب) ئ. شەكشۈبھىسىز (ھالدا).

**لازال** (لازال) ئ. مەڭگۈ، ئەبەدىي، دائىمى.

**لازىم** (لازم) ئ. لازىم، زۆرۈر؛ مۇھىم؛ ئايرىلماس؛ ئۆتۈمسىز (گىراماتىكىدا)؛ لازىمۇلئىجرا — ئورۇنلاشقا تېگىشلىك.

**لاش**[1] (لاش) پ. جەسەت، ئۆلگەن نەرسىنىڭ تېنى، ئۆلۈمتۈك، ئۆلەكسە؛ سېسىق گۆش (ھايۋاننىڭ).

**لاش**[2] (لاش) پ. بۇلىماق، ئاياق ئاستى قىلماق.

**لاشى** (لاشى) ئ. ئەڭ كىچىك، ئەرزىمەس؛ يوق؛ لاشى دەرىجىسىدە — يوق دەرىجىدە، يوق كەبى.

**لاشە** (لاشە) ئ. "لاش"نىڭ

ئ ـ سىگە ئوخشاش.
**لاشەخار** (لاشەخوار) ئىپ. ئۆلگەن ئادەمنىڭ گۆشىنى يەيدىغان، ئۆلۈمتۈك يەيدىغان؛ سار.
**لاشەك** (لاشك) ئ. شەكسىز، شۈبھىسىز؛ ئەلۋەتتە.
**لاسق** (لاصق) ئ. يېپىشقۇچى، تۇتاشقۇچى، تۇتاش، تۇتاشتۇرۇلغان.
**لاغ** (لاغ) ئ. ئويۇن، نەيرەڭ؛ ھەزىل، ئېرمەك: لابەۋۇ لاغ — ھەزىل-مازاق، بىھۇدە ئويۇنلار، ھىلە-نەيرەڭ.
**لاغ-لاغ** (لاغ لاغ) لاپ-لاپ، يېلىنجاپ يانماق: لاغ-لاغ ئەيلىمەك — لاپ-لاپ يانماق، لاۋىللىماق.
**لاغەر** (لاغر) پ. ئورۇق، جۈدەڭ، زەئىپ، ئەتسىز: لاغەرمىيان — ئىنچىكە بەل؛ لاغەر ئەندام — زىلۋا بوي، ئورۇق.
**لاف** (لاف) پ. پو ئاتماق، لاپ ئۇرماق؛ قۇرۇق گەپ، گەپ ساتماق؛ ماختانماق، ماختانما سۆز.
**لاف زەن** (لاف زن) پ. پوچى، پوئاتقاق، قۇرۇق گەپ ساتقۇچى.
**لافىز** (لافظ) پ. تەلەپپۇز قىلغۇچى، سۆزلىگۈچى.
**لاك** (لاك) پ. سىر؛ ياغاچ چۆچەك؛
**لاكىتاب** (لاكتاب) ئ. دىنىي ئېتىقادى يوق، دىنسىز؛ ياۋۇز، قاباھەتلىك، ئۆلگۈر.
**لاكىردار** (لاكردار) ئىپ. ئۆلگۈر، يامان، ياۋۇز.
**لاكەلام** (لاكلام) ئ. مۇنازىرە، تەلەپ قىلمايدىغان، شەكسىز.
**لائەقەل** (لااقل) ئ. ھېچ بولمىغاندا، ئاز دېگەندە،
**لائىب** (لاعب) ئ. ئويۇنچى.
**لائىلاج** (لاعلاج) ئ. چارىسىز، ئامالسىز.
**لايىھ** (لايح) ئ. ئوچۇق، روشەن، كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئايدىڭ.
**لايىھە** (لايىھە) ئ. لايىھە،

پىلان: ھېساۋات دەپتىرى؛
ھۆججەت، تالون: ئۇقتۇرۇش،
ئېلان.

**لايىستان** (لايستان) پ.
لايلىق، پاتقاقلىق.

**لايىق** (لايق) ئ. قابىل-
يەتلىك، يارامىلىق، تالانتلىق،
قولىدىن ئىش كېلىدىغان؛
لايىق، مۇۋاپىق، ئەرزىيدى-
غان؛ كېرەكلىك: لايىقانە —
ئەرزىيدىغان، ماختاشقا
ئەرزىيدىغان.

**لايە** (لايە) ئ. قاتلام: يەر
قاتلىمى؛ تىنما، چۆكمە.

**لايەتجەزا** (لايتجزا) ئ.
ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان،
بۆلۈنمەيدىغان، بۆلۈنمەس.

**لايەت جەزا** (لايتجزى) ئ.
يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**لايەتغەييۇر** (لايتغير) ئ.
ئۆزگەرمەس، ھەمىشە بىر
تۇستە تۇرىدىغان.

**لايەتناھى** (لايتناھى) ئ.
چېكى يوق، چەكسىز؛ تۈگە-
مەس - پۈتمەس.

**لايەزال** (لايزال) ئ. پۈت-
مەس، تۈگىمەس، ئەبەدىي،
مەڭگۈ.

**لايەشئۇر** (لايشعر) ئ.
ئاڭسىز، ئۆزىنى سورىماي-
دىغان، پەمسىز، دۆت.

**لايەئقەل** (لايعقل) ئ. ئەقىل-
سىز، پەمسىز.

**لايەئلەم** (لايعلم) ئ. ئەدەب-
سىز، تەربىيە كۆرمىگەن؛
نادان،

**لايەمۇت** (لايموت) ئ.
ئۆلمەس، ئەبەدىي، مەڭگۈ.

**لايەئنى** (لايعنى) ئ.
مەنىسىز، پايدىسىز،

**لايەنھەل** (لاينحل) ئ. ھەل
قىلغىلى بولمايدىغان.

**لايەنفەك** (لاينفك) ئ. ئاج-
رالمايدىغان، بۆلۈنمەس،
بىر بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن.

**لايۇتاق** (لايطاق) ئ. چىدى-
غىلى بولمايدىغان، تاقەت
قىلىپ بولمايدىغان.

**لايۇغفەر** (لايغفر) ئ. كەچۈر-
گىلى بولمايدىغان، كەچ-
چىلىك قىلغىلى بولمايدىغان.

**لايۇفەھەم** (لايفهم) ئ.

چۇشەنگىلى بولمايدىغان،
تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان.

**لايۇئەد** (لايعد) ئ. سانسىز،
ھېساپسىز، بەك كوپ.

**لايۇھسا** (لايحصى) ئ. ھېسا-
ۋىنى چىقىرالماسلىق، سانىنى
چىقىرالماسلىق، بەك كوپ.

**لال** (لال) ئ. گاچا، گەپ
قىلالمايدىغان، كېكەچ:
لاللىق ــ گاچىلىق، تىلسىز-
لىق، گەپ قىلالماسلىق:
ھەيرانلىق.

**لالايى** (لالايى) پ. ئەللەي
ناخشىسى.

**لالە** (لالە) پ. لەيلىگۈل، دالا
كۆكنارى: زەنجىر: لالە-
زار ــ لەيلىگۈل باغچىسى.
كۆچ: لالەئى ئەشك ــ قانلىق
كۆز يېشى، ئاچچىق يىغا.

**لالە بار** (لالە بار) پ. لالە
ياغدۇرغۇچى، قىزارتقۇچى.

**لالەروي** (لالەروى) پ. لالە
يۈزلۈك، قىزىل يۈزلۈك.

**لالەستان** (لالەستان) پ.
لالىزار.

**لالەفام** (لالەفام) پ. لالەرەڭ،
قىزىل.

**لالەگۇن** (لالەگون) پ. لالىگە
ئوخشاش، لالىرەڭ، قىزىل.

**لالەئەھمەر** (لالە احمر) ئىپ.
قىزىل لالە.

**لام** (لام) ئ. ئەرەپ ئېلىپبە-
سىدىكى "ل" ھەرپىنىڭ ئاتى-
لىشى (كۆپىنچە سۆيگەن
يارنىڭ سېكىلىگى "ل" شەك-
لىگە ئوخشىتىلىدۇ. بۇ سۆز
يەنە سۇكۇت قىلىش، جىم
تۇرۇش، ئۇنچىقماي تۇرۇش
مەنىلىرىدىمۇ كېلىدۇ).

**لامىھ** (لامح) ئ. يالتىراق،
پارلاق، يالتىراپ تۇرىدىغان.

**لامىئ** (لامع) ئ. يۇقۇرىدىكىگە
ئوخشاش.

**لامىس** (لامس) ئ. تەككەن،
سىلىغان، تۇتقان (قول
بىلەن).

**لامىسە** (لامسە) ئ. تۇتۇپ
بىلگەن سەزگۇ، تەككۇزۇپ
ياكى سىلاپ بىلگەن سەزگۇ.

**لامەھالە** (لامحالە) ئ. چارى-
سىز، تىلەر-تىلىمەس.

**لامەكان** (لامكان) ئ. ماكان-

ـسز، جايسز، بوشلۇق: مۇلكى لامەكان — بوشلۇق ئالمى.

**لائۇبالى** (لاابالى) ئ. بىپەرۋا، بىغەم؛ بىپەرھىز.

**لەئالى** (لئالى) ئ. مەرۋايىتلار، ئۈنچىلەر، لەئلىلەر (بىرلىگى "لۇئلۇ").

**لەئامەت** (لئامت) ئ. ئەخمەقلىق، سارائلىق.

**لەب** (لب) پ. كالپۇك، ئەرىن؛ چەت، يار، ساھىل: لەب دەريا — دەريا ساھىلى.

**لەبالەب** (لبالب) پ. لىق، تولۇق، لىۋىگىچە تولغان.

**لەبىب** (لبيب) ئ. ئەقىللىق، زىرەك، بىلىملىك كىشى، ئەسىلىك.

**لەبىس** (لبس) ئ. كەيمەك، كىيىش.

**لەب بەلەب** (لب بلب) پ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**لەبەن** (لبن) ئ. سۈت، قىمىز، قېتىق.

**لەببەيك** (لبيك) ئ. بىراۋ چاقىرغاندا ئېيتىلىدۇ: "ھازىرمەن، بۇيرۇڭ، تەييارمەن" مەنىلىرىدە.

**لەت** (لت) پ. بىردانە، بىر تاختا، بىر پارچە، بىر بۆلەك؛ زىيان؛ ئۇرماق، شاپىلاق (ئورماق).

**لەتافەت** (لطافت) ئ. گۈزەللىك، خۇشلۇق، نازۇكلۇق؛ مۇلايىملىق؛ ياخشى نىيەت. ئۇزلۇق، ماھىرلىق، ئۇمىدلىك.

**لەتائىف** (لطائف) ئ. "لەتىفە" نىڭ كۆپلۈكى.

**لەتىف** (لطيف) ئ. يۇمشاق؛ گۈزەل، مۇلايىم، كىبىشكەن، يېقىملىق، نازۇك.

**لەتىفە** (لطفه) ئ. يېقىملىق ۋە قىزىق ھىكايە، كۆڭۈللۈك سۆز؛ مازاق سۆز، كۈلكىلىك سۆز.

**لەتمە** (لطمه). ئ. زىيان؛ زەربە، سوققا؛ شاپىلاق.

**لەج** (لج) ئ. يامان نىيەت، ئۆچ، ئاداۋەت؛ جاھىللىق، قاتتىقلىق، بىر ئىش ئۈستىدە قاتتىق تۇرۇۋالماق،

**لەجاج** (لجاج) ئ. يۇقۇرى-
دىكىگە ئوخشاش.

**لەجاجەت** (لجاجت) ئ.
"لەجاج"غا ئوخشاش.

**لەججارە** (لجاره) ئ. يامان
خوتۇن؛ لۇكچەك؛ تۆھ-
مەتخور.

**لەجباز** (لج باز) ئب. ئۆز-
سۆزلۈك، جاھىل كىشى،
زەھەرخەندە ئادەم.

**لەجلاج** (لجلاج) ئ. كېكەچ،
تىلىنى چايناپ گەپ قىلى-
دىغان.

**لەجۇج** (لجوج) ئ. جاھىل،
ئۆز پىكرىنى يورغىلىتىدىغان؛
تالاشقاق، جېدەلخور.

**لەھام** (لحام) ئ. گۆش
ساتقۇچى.

**لەھجە** (لهجه) ئ. تىل، يەرلىك
تىل، يەرلىك سۆز، شىۋە؛
ئاۋاز: بەدلەھجە — خۇنۇك
ئاۋازلىق، قوپال سۆزلۈك.

**لەھزە** (لحظه) ئ. كۆز
يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارى-
لىقتىكى ۋاقىت؛ ھەمىشە.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئى
يىنجۇ تىشلىك دىلبەرىم لەئلى
گۆھەر بارىڭ ھەقى، سەك-
كاكىنىڭ ئىككى كۆزىن ھەر-
لەھزە ئۆتمان ئەيلەمە.
(سەككاكى)

**لەھم** (لحم) ئ. ئەت، گۆش،
قارائەت: لەھم پارە — گۆش
پارچىسى. كۆچ: يۈرەك.

**لەھىم** (لحيم) ئ. گۆشلۈك،
ئەتلىك.

**لەھن** (لحن) ئ. كۈي،
ناخشا، جىر، ئاھاڭ.

**لەھەب** (لهب) ئ. يالقۇن،
ئوت: ئەبۇلەھەب — يالقۇن
ئاتىسى.

**لەھەد** (لحد) ئ. گۆر،
قەبرە، مازار؛ قەبرىنىڭ
قىبلە تەرىپىگە قاراپ ئويۇل-
غان يېرى.

**لەھەر** (لهر) ئ. قاۋاقخانا،
مەيخانا.

**لەھەف** (لهف) ئ. ئەپسۇس.

**لەھۋ** (لهو) ئ. پايدىسىز بىكار
ئىش، ئويۇن-كۈلكە: لەھۋ-
لەئەب ئىلە ۋاقىت ئۆت-
كۈزمە — ئويۇن-كۈلكە

بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزمە.

**لەخت** (لخت) پ. بۆلەك، پارچە؛ ئازغىنا: لەخت-لەخت — پارچە-پارچە.

**لەخچە** (لخچە) پ. ئۇچقۇن، يالقۇن.

**لەخشە** (لخشە) پ. "لەخچە"غە ئوخشاش.

**لەخلەخە** (لخلخە) پ. دىماغنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىسكەيدىغان خۇش ھىدلىق ماددىلار ئارىلاشمىسى.

**لەخلەخە ساي** (لخلخە ساي) پ. لەخلەخەھىدلىق، ياخشى ھىدلىق، خۇشپۇراقلىق.

**لەدغ** (لدغ) ئ. چاقماق، چىشلىمەك؛ سانجىماق (يىلان-چايانغا ئوخشاش زەھەرلىك جانىۋارلارنىڭ چېقىشى ۋە چىشلىشى؛ يىڭنىگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ سانجىشى).

**لەدغە** (لدغە) ئ. "لدغ"غە ئوخشاش.

**لەدى** (لدى) ئ. ... ئەھۋال ئاستىدا.

**لەدنىيات** (لدنيات) ئ. ئىلاھىيەت. كۆچ: سىر.

**لەدۇنى** (لدنى) ئ. ئىلاھى، ئىلاھىيەتلىك؛ سىرلىق.

**لەر** (لر) پ. ئورۇق، ئاجىز.

**لەرز** (لرز) پ. تىترىمەك، دىرىلدىمەك.

**لەرزان** (لرزان) پ. تىترەپ تۇرغان، دىرىلدەپ تۇرغان.

**لەززات** (لذات) ئ. "لىززەت" (لەززەت)نىڭ كۆپلۈكى.

**لەزائىز** (لذائذ) ئ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**لەزىز** (لذيذ) ئ. تەملىك، تاتلىق، مەززىلىك؛ خۇشاللىنارلىق.

**لەزىزە** (لزيزە) ئ. يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

**لەزەج** (لزج) ئ. يېپىشقاقلىق، چاپلاشقاقلىق.

**لەس** (لس) پ. سېزىمسىز؛ قۇرۇپ قالغان؛ بوش.

**لەشكەر** (لشكر) پ. قوشۇن، ئەسكەر: لەشكەر گاھ — قوشۇن تۇرىدىغان ئورۇن، لەشكەر قوشى؛ جەڭ

مەيدانى.

**لەشكەر ئارا** (لشكرآرا) پ. قوشۇننى تەرتىپكە سالغۇچى.

**لەشكەرشكەن** (لشكرشكن) پ. غالىب، يېڭىلمەس، باتۇر.

**لەشكەركش** (لشكركش) پ. قوشۇن باشلىغى، قوماندان، سلىك.

**لەغاز** (لغاز) پ. كەمچىلىك، قۇسۇر، ئەۋەن.

**لەغۋە** (لغو) ئ. بىمەنە سۆز، بىهۇدە سۆز؛ بوش، پايدىسىز؛ خاتالىق، يېڭىلىشىش؛ بىكار قىلماق.

**لەغىم** (لغم) ئ. يەر ئاستىدىكى يوشۇرۇن يول، سۇ ئېقىش ئۈچۈن قېزىلغان يول.

**لەۋ** (لى) ئ. ئورىماق، تۈرمەك، بوغچا ئىچىگە سالماق.

**لەفز** (لفظ) ئ. ئاغزاكى سۆز، سۆز، گەپ؛ ئىپادە: لەفز بىناسى — سۆز تۈزۈلۈشى، ئۇسلۇب؛ لەفز بەلەفز — سۆزمۇ-سۆز.

**لەفزە** (لفظە) ئ. بىرگىنە سۆز.

**لەففاز** (لفاظ) ئ. گەپ قىلىشقا ئۇستا، گەپچى، سۆزمەن؛ لاپچى.

**لەفافە** (لفافە) ئ. مۇقاۋا، كىتاپ تېشى؛ لىپاپا، كونۋېرت. كۆچ: تاشقى كۆرۈنۈش.

**لەق** (لق) ئ. بوش، بوشاڭ، لىڭشىپ قالغان؛ سېسىق، بۇزۇق (تۇخۇم).

**لەقەب** (لقب) ئ. نام، ئاتاق، ئۇنۋان.

**لەقلەقيات** (لقلقيات) ئ. قۇرۇق گەپ، سەپسەتە.

**لەقۋە** (لقوه) ئ. يۈز تارتىشىش ئاغرىقى، يۈزدىكى پالەچلىك؛ ئېغىز قىڭغىر بولۇپ قېلىش هالىتى.

**لەك** (لك) پ. يۈز مىڭ؛ قۇرۇق گەپ، سەپسەتە، داغ، چېكىم-چېكىم.

**لەكاتە** (لكاتە) پ. پاهىشە ئايال.

**لەكەد** (لكد) پ. نومۇسسىز،

ئەدەپسىز.

**لەكەن** (لگن) پ. لېگەن، ئەما، بىراق.

**لەكىنەت** (لكنت) پ. كېكەچ، كېكەچلىمەك. دۈدۈقلىماق.

**لەگەد** (لگد) پ. تېپەك؛ تەرسالىق، بويۇنتاۋلىق؛ لەگەد كوب — تېپىلگەن، ئاياق ئاستى قىلىنغان.

**لەگلەگ** (لگلگ) پ. تۇرنا (ئۇچىدىغان).

**لەگەن** (لگن) پ. تۇمۇر تەلەڭگە، جام؛ ياغاچ داس؛ شامدان.

**لەگەن بەردار** (لگن بردار) پ. تەخسىكەش، چاپانچى.

**لەڭ** (لنك) پ. ئاقساق، چولاق.

**لەئىب** (لعب) ئ. ئويۇن؛ لەئىب كۆرسەتمەك — ئويۇن كۆرسەتمەك، ئوينىماق؛ لەئىب ئەيلىمەك — ئوينىماق؛ لەئىب ئەفگەن — ئويۇن كۆرسەتكۈچى؛ نەيرەڭۋاز.

**لەئىل** (لعل) ئ. قىزىل رەڭلىك چىنتاش. كۆچ: قىپ-قىزىل لەب (كالپۇك؛ قىزىل سىيا بىلەن يېزىلغان خەت)؛ لەئىل ئەتمەك — قىزارتماق؛ لەئىل ئەھمەر — قىزىل لەئىل. كۆچ: قىزىل مەي؛ لەئىل مۇزاب — ئېرىتىلگەن لەئىل. كۆچ: قىزىل مەي؛ لەئىل ئابدار — تىنىق، پارلاق لەئىل، تازا لەئىل؛ لەئىلى ئاتەشىن — ئوتلۇق، چاقنىغان لەئىل، قىزىل لەئىل؛ لەئىلى پەيكانى — يا ئوقىنىڭ تىغىغا ئوخشىتىپ تاراشلانغان لەئىل؛ لەئىلى راۋان — ئاقىقان قان (كۆچمە مەنىدە)؛ لەئىلى رۇممانى — ئانار دانىسىگە ئوخشاش لەئىل.

**لەئلى** (لعلى) ئ. لەئىلدىن ياسالغان، لەئلى بىلەن بېزەلگەن؛ لەئلى رەڭ، قىزىل.

**لەئىل فام** (لعل فام) ئ. لەئلى رەڭلىك، قىزىل.

**لەئلگۇن** (لعل كون) ئ.پ. لەئلگە ئوخشاش.

**لەئەللە** (لعل) ئ. بەلكى، ئەگەر.

**لەئلۇ** (لـعـل) ئ. "لەئـل"گە قاراڭ: لەئلۇدۇر پاش ــ لەئلە نۇر چاچقۇچى؛ لەبى لەئلۇدۇر ئەفشانىڭ ــ ئۇنـچـە ـ مەر ـ ۋايـىـت چاچـىـدىغان ياقۇت لىۋىڭ.

**لەئن** (لعن) ئ. لەنەت ئوقۇ ـ ماق، قاغىماق.

**لەئىن** (لعىن) ئ. مەلـئۇن، قارغىش تەگـكەن، لەنىتى؛ شەيتان لەئىن.

**لەئەنەت** (لعنت) ئ. لەنەت، قارغىش.

**لەئىم** (لـئـيم) ئ. پـەس، خەسـىـس، ناكەس. بېخـىـل؛ ساراڭ، ئەخمەق، نادان

**لەيتە** (ليت) ئ. بولسا ئىدى، كاشكى (بىر ئىشنى ئارزۇ قىلغاندا ئېيتىلىدۇ).

**لەيس** (لـيـس) ئ. ئەمەس، بولماس، تۇگۇل.

**لەيك** (ليك) ئ. لـېـكـىـن، ئەمـما، بىراق، پـەقـەت، شۇنداق بولسىمۇ.

**لەيل** (ليل) ئ. كېچە، تۈن؛ نەسىق لەيل ــ تۈن يېرىمى؛ لەيلى قەدر ــ قەدىر كېچىسى.

**لەيلە** (لـيـلـە) ئ. يالـغۇز بىر كېچە.

**لەيلەن** (لـيـلا) ئ. كېچىسى، تۈندە.

**لەيىن** (لـيـن) ئ. يۇمشاق، مۇلايىم.

**لەيلۇنەھار** (ليل ونـهار) ئ. كېچە ـ كۈندۈز.

**لەمس** (لـمـس) ئ. تۇتۇپ، تەككۈزۈپ ۋە سىلاپ سېزىش، بىلىش.

**لەمئە** (لمعە) ئ. يالتىرىماق، پارلاقلـىـق، نۇر چېچـىـپ تۇرماق.

**لەمەئات** (لـمـعـات) ئ. يالـ قۇنلار، شولىلار، پارلاقلىقلار (بىرلىكى "لەمئە").

**لەم يەزەل** (لـم يـزال) ئ. "لايەزال"غا قاراڭ.

**لەنگەر**[1] (لنكر) پ. كېمىنى توختىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن سۇغا تاشلىنىدىغان ئېغىر تۆمۈر.

**لەنگەر**[2] (لنكر) پ. يولۇچىلار قونۇپ ئۆتىدىغان جاي،

ئۆتەك: كەمبەغەل، يېتىم-يېسىرلەرگە ئاش بېرىلىدى-غان جاي، غېرىبخانا.

**لەۋازىم** (لوازم) ئ. كېرەكلىك ۋە تېگىشلىك بولغان نەرسە-لەر، ئىشلار.

**لەۋايىھ** (لوايح) ئ. "لايىھە"نىڭ كۆپلۈكى.

**لەۋس** (لوث) ئ. ئىپلاسلىق، پاسكىنىلىق.

**لەۋسناك** (لوثناك) ئىپ. ئىپ-لاس، پاسكىنا.

**لەۋم** (لوم) ئ. خورلىماق، شىلتىماق، ئەيىبلىمەك ("لۇم"غا ئوخشاش).

**لەۋن** (لون) ئ. تۈس، بوياق، تۈر (كۆپلۈكى "ئەلۋان"): ئەلۋان تائاملار — تۈرلۈك-تۈرلۈك تاماقلار.

**لەۋەند** (لوند) پ. بوشاڭ، يالقاۋ؛ بىكارچى؛ بەڭباش كىشى.

**لەۋەندۋەش** (لوندوش) پ. بوشاشقان، شەلۋەرىگەن.

**لىباس** (لباس) ئ. كىيىم.

**لىباسات** (لباسات) ئ. كىيىم-لەر (بىرلىكى "لىباس").

**لىجام** (لجام) ئ. تىزگىن، يۈگەن، نوختا.

**لىززەت** (لذت) ئ. رازى بولماق؛ خۇشاللىق؛ لەززەت، مەزە.

**لىھاف** (لحاف) ئ. كىيىم؛ يېپىنچا؛ كۆرپە.

**لىھەزا** (لهزا) ئ. شۇڭا، شۇنىڭ ئۈچۈن.

**لىسان** (لسان) ئ. تىل (ئېغىز-نىڭ ئىچىدىكى تىل؛ سۆز-لەش ئەزاسى): لىسانۇت تەير — قۇش تىلى؛ لىسانۇ-ئۇد — ئۇد تىلى، ئۇد چالغۇ-سىنىڭ ئاۋازى؛ لىسانەن — ئېغىزدىن، تىلدىن.

**لىك** (ليك) ئ. لېكىن سۆزى-نىڭ قىسقارتمىسى.

**لىف** (لىف) ئ. خورما دەرىخى-نىڭ قوۋزىقى ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان يىپ.

**لىغاف** (لغاف) ئ. "لەفافە"گە قاراڭ.

**لىقائ** (لقاء) ئ. كۆرۈشمەك، يولۇقماق، تېپىشماق، قوۋۇش-

ماق: يۈز.

**لىللاھ** (لله) ئ. ئالـلا رىزالىغى ئۈچۈن، ئالـلا ئۈچۈن: ئەلـھەمـدۇلـىلـلا — ئالـلاغا شۈكۈرى.

**لىۋائ** (لواء) ئ. تۇغ، بايراق، سانجاق.

**لىۋاتە** (لواطە) ئ. لوت قوۋمى مۇپـتـىلا بولغان بۇزۇقلىق، بەچچىۋازلىق.

**لۇئاب** (لعاب) ئ. تۈكۈرۈك، شۆلگەي، ئاغىزدىـن ئاققان سۇ.

**لۇب** (لب) ئ. ئىچ، ئۆزەك، كۆڭۈل، ئەقىل، مېغىز، جان: لۇباب — ئەقىللەر، كۆڭۈللەر.

**لۇباب** (لباب) ئ. مۇھىم تەركىپ؛ ھەر نەرسـىنىڭ ياخشىسى.

**لۇتف** (لطف) ئ. يۇمشاقلىق مۇلايىملىق، ياخشى نىيەت، رەھىمدىللىق، ياخشىلىق، ئارتۇقلۇق، كەڭلىك، ياردەم، ياخشى مۇئامىلە (كۆپلىكى "ئەلتاف").

**لۇت** (لوت) پ. يالىڭاچ؛ يىمەكلىك، مەز زىلىك يىمەكلىك؛ لۇتخار —، ئاچكۆز؛ شەھۋەتپەرەس، خوتۇنپەرەس.

**لۇتارا** (لوترا) پ. قارا گەپ، يوشۇرۇن گەپ.

**لۇتى** (لوطى) ئ. لايغەزەل، ئاقانچى؛ ھىلىگەر، ئالدامچى.

**لۇھ** (لوح) ئ. ياغاچ تاختا؛ ئۈستىگە خەت يېزىلغان تاختا؛ جەدۋەل.

**لۇھە** (لوحە) ئ. لەۋھە، تاختا؛ ۋىۋىسكا: لۇھەئىفتىخار — شەرەپ تاختىسى.

**لۇھود** (لحود) ئ. لەھەدلەر، قەۋرىلەر، مازارلار (بىرلىكى "لەھەد").

**لۇھوق** (لحوق) ئ. تۇتاشماق، ئۇلاشماق.

**لۇھوم** (لحوم) ئ. ئەتلەر، لەھىملەر، گۆشلەر (بىرلىكى "لەھم").

**لۇزۇجەت** (لزوجت) ئ. يېپىشقاق، يىلىملىك.

**لۇزۇم** (لزوم) ئ. كېرەكلىك، زۆرۈرىيەت.

**لۇجە**[1] (لجه) ئ. سۈنىك

چوڭقۇر يېرى، دېڭىز ۋە دەريانىڭ چوڭقۇر جايى.

**لۇججە²** (لجه) ئ. توپلام.

**لۇغات** (لغات) ئ. "لۇغەت" نىڭ كۆپلۈكى.

**لۇغەت** (لغت) ئ. تىل، سۆز؛ يەرلىك سۆز؛ سۆزلۈك.

**لۇغەز** (لغز) ئ. چۈشىنىش ۋە بىلىش قىيىن بولغان مەسىلە، تېپىشماق.

**لۇغەۋى** (لغوى) ئ. لۇغەتكە مەنسۇپ، لۇغەتتە بولغان، لۇغەتكە قارىغاندا.

**لۇقتە** (لقطه) ئ. تېپىلغان نەرسە، تېپىلمامال، تېپىلما ئاقچا.

**لۇقمە** (لقمه) ئ. بىر يۇتۇم، بىر كاپام، بىر ئاشام.

**لۇقمەگاھ** (لقمەگاه) ئپ. قېرىن، قۇرساق.

**لۇئبەت** (لعبت) ئ. ئويۇنچۇق؛ بالا قونچاق، كۆچ؛ چىرايلىق كىشى؛ ئويۇن.

**لۇئەبىيات** (لعبيات) ئ. تۈرلۈك ئويۇنلار، كۆلكىلەر، تىياتىرلار.

**لۇئلۇئ** (لؤ لؤ) ئ. ئۈنچە، مەرۋارىت، دۇر.

**لۇل** (لل) ئ. ئۇياتسىز، شەرمىسىز.

**لۇلى** (لولى) ئ. كوچىدا ناخشا ئېيتقۇچى قىز ياكى ئايال؛ پاھىشە ئايال؛ لۇلى خانە — پاھىشخانا.

**لۇم** (لوم) پ. ئەيىبلىمەك، جىملىمەك.

**لۇمە** (لمع) ئ. كۆز تاشلىماق، بىر قارىماق: لۇمەئى بەسەر — بىر كۆز ئېچىپ قارىماق.

**لۇمھە** (لمحه) ئ. يوقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

# م

**ما** (ما) پ. بىز، بىزنىڭ: خانه
ما — بىزنىڭ ئۆيى: كىتاب
ما — بىزنىڭ كىتاپ.

**مابەقى** (مابقى) ئ. ئېشىندا،
قالدۇق: قالغانلىرى، قېپقال-
غىنى.

**مابەئد** (مابعد) ئ. داۋامى،
داۋاملىق: ئەگەشكەن؛ ئاندىن
كېيىن: مابەئد ھىكايەت —
رومانىنىڭ داۋامى: ھەۋادىس
مابەئد — كېيىن يۈز بەرگەن
ۋەقەلەر: مابەدۇتتەبىئىيە —
مېتافىزىكىلىق، مېتافىزىكىچە:
پەلسەپەئى مابەئدۇتتەبىئ-
ىيە — مېتافىزىكا.

**مابىين** (مابين) ئ. ئارىسىدا،
ئارىلىغىدا: ئىككىنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئارىلىق، ئوتتۇرد-
لىق.

**مابىھتتەفاۋۇت** (مابەالت-
فاوت) ئ. پەرق، ئايرىما،
ئوخشىماسلىق.

**مابىئھىل ئىختىلاف** (مابەالا-
ختلاف) ئ. پەرق، ئايرىما؛
تالاش - تارتىشتا قالغان.

**مات** (مات) پ. ھەيرانلىق؛
يېڭىلمەك: مات قالماق —
يېڭىلمەك؛ ھەيران قالماق.

**ماتەقەددۇم** (ماتقدم) ئ.
بولۇپ ئۆتكەن ئىش، ئۆتكەن
ۋەقە.

**ماتەم** (ماتم) ئ. ئۆلگەن كىشى
ئۈچۈن قايغۇ تۇتۇپ يىغ-
لىماق، قارا كىيىم كىيمەك؛
ئويۇن - كۆلكىنى قويۇپ
ھەسرەتلەنمەك.

**ماتەمى** (ماتمى) ئ. ماتەم
تۇتقان، قارا كىيگەن،
ھازىدار.

**ماجىد** (ماجد) ئ. "مەجىد"

نىڭ كۆپلۈكى.

**ماجەرا** (ماجرا) ئ. ماجرا، ۋەقە، ھادىسە، جېدەل، جاڭ-جال؛ قارامىلىق: ماجەراجۇ — قارام، قارام ئادەم؛ ماجەرا-جۇئىي — تەۋەككۈلچىلىك، قارامىلىق.

**ماچ** (ماچ) پ. ئۆپمەك، سۆيـ-مەك: ماچ ئالماق — ئۆپمەك، سۆيمەك.

**ماچە** (ماچە) پ. مادا، مېدە،

**ماخ** (ماخ) پ. يالغان، ساختە (ئالتۇن ياكى پۇلغا قارىتا)؛ پەس؛ قېرى؛ كونا.

**ماخور** (ماخور) پ. قاۋاقخانا، مەيخانا؛ قىمارخانا.

**ماھ** (ماه) پ. ئاي؛ يىلنىڭ بىر ئېيى؛ گۈزەل، چىرايلىق.

**ماھا** (ماها) پ. "ماھ"نىڭ كۆپلۈكى.

**ماھانە** (ماهانه) پ. ھەر ئايلىق، ئايمۇ-ئاي.

**ماھتاب** (ماهتاب) پ. ئايدىڭ، ئاي نۇرى؛ ئاي.

**ماھپارە** (ماهپاره) پ. ئايدەك گۈزەل، چىرايلىق.

**ماھتەلئەت** (ماهطلعت) ئىپ. ئاي يۈزلۈك، گۈزەل، چىرايـ-لىق.

**ماھچە** (ماهچه) پ. يېرىم ئاي شەكلى ("مەھچە"گە قاراڭ).

**ماھرو** (ماهرو) پ. ئاي يۈز-لۈك، گۈزەل، چىرايلىق.

**ماھروي** (ماهروى) پ. يۇقۇ-رىدىكىگە ئوخشاش.

**ماھ رۇخسار** (ماهرخسار) پ. ئاي يۈزلۈك، چىرايلىق.

**ماھ رەمزان** (ماهرمزان) ئىپ. رامزان ئېيى.

**ماھ گىرىفت** (ماهگرفت) پ. ئاينىڭ تۇتۇلۇشى.

**ماھى** (ماهى) پ. بېلىق: ماھى شىناسى — بېلىقشۇناسلىق؛ ماھى پەرۋەر — بېلىق باقۇ-چى مۇتەخەسسىس؛ ماھـ-ىيان — بېلىقلار؛ ماھى گىر — بېلىقچى.

**ماھى** (ماحى) ئ. يوقىتىلغان، يوقىتا چىقىرىلغان؛ بۇزغۇچى، يوقاتقۇچى.

**ماھى بەدىر** (ماهبدير) پ. تولۇن ئاي.

ماھى پەيكەرى (ماەپيكرى) پ. ئاي بەدەن.
ماھى تابان (ماەتابان) پ. پار- لاق ئاي، نۇرلۇق ئاي؛ ئايغا ئوخشاش تاۋلانغۇچى.
ماھى سىمىن (ماەسمين) پ. كۈمۈشتەك ئاي.
ماھىش (ماحش) ئ. ئاچكۆز، تويماس.
ماھىن (ماهين) پ. ئايغا ئوخ- شاش چىرايلىق.
ماھى نەۋ (ماەنو) پ. يېڭى ئاي.
ماھنۇر (ماهنور) ئپ. ئاينىڭ نۇرى.
ماھەزەر (ماحضر) ئ. بىر نەرسىنىڭ ھازىر بولۇشى، تەييار نەرسە.
ماھەسەل (ماحصل) ئ. نەتە- جە، ھاسىل، ئىشنىڭ سوڭى، ئېلىنغان نەرسە.
ماھ لىقا (ماەلقا) پ. ئاي يۈزلۈك، گۈزەل؛ يار.
ماھ نامە (ماەنامە) ئپ. ژۇر- نال، ئايلىق سان.
ماھۋار (ماهوار) پ. ئايدەك (چىرايلىق)؛ ئايلىق، ئايلىق مائاش.
ماھۋەش (ماەوش) پ. ئايغا ئوخشاش، گۈزەل؛ يار.
ماھۇسال (ماەوسال) پ. ئاي ۋە يىل، ئاي-يىل.
ماد (ماد) پ. "مادەر"، "مانەند" سۆزلىرىنىڭ قىسقارغان شەكلى.
مادار (مادار) جىن، ئالۋاستى.
مادام (مادام) ئ. ھەمىشە، دائىم، ھەممىسى، بارلىق؛ ۋاقتىنچە؛ مادامۇل ھەيات— ئۆمۈرۋايەت، ئۆمۈر بويى، ئۆمرى، ھايات چاغدا؛
مادامكى (مادام كە) پ. چۈنكى.
ماددىيات (ماديات) ئ. ماددا، ماددى، كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان نەرسىلەر.
ماددىيەت (ماديت) ئ. ماددى، ماتېرىيالىزم.
ماددىيۇن (ماديون) ئ. روھانى ئالەمگە ئىشەنمەيدىغان، جىسمانىيەتتىكىلا ئىشىنىدىغان كىشىلەر، دەھرىلەر.

**مادىھ** (مادح) ئ. مەدداھ، مەدھىيە ئوقۇغۇچى، ماختىغۇچى كىشى.

**مادە** (مادە) پ. مادا، چىشى، ئۇرغاچى.

**ماددە** (مادە) ئ. ماددا، ماتېرىيال.

**ماددەتۇل ھەيات** (مادەت الـ حيات) ئ. تىرىكلىك ماددى- لىرى؛ تىبابەتچىلىكتە بىر خىل پىشىسىق دورىنىڭ ئاتىلىشى.

**مادەر** (مادر) پ. ئانا؛ زابان مادەرى — ئاناتىلى.

**مادەربۇزرۇك** (مادربزرك) پ. ئۇلۇغ ئانا.

**مادەررىزائى** (مادرضاعى) ئې. سۈت ئانا، ئىنىگ ئانا.

**مادەرزادە** (مادرزادە) پ. ئانىدىن تۇغما.

**مادەر ئەندەر** (مادراندر) پ. ئۆگەي ئانا.

**مادەرانە** (مادرانە) پ. ئانىلارچە.

**مادىگى** (مادگى) پ. ئايالچە؛ ئايالىق تەبىئىتى؛ مادىلىق خۇسۇسىيىتى.

**مار** (مار) پ. ئىلان (يىلان).

**مار** (مار) مانى دىنىنىڭ موللىسى.

**مارد** (مارد) پ. ئالۋاستى؛ خائىنانە؛ ئىگىز.

**مارستان** (مارستان) پ. يىلانلىق.

**ماز** (ماز) پ. قاتلانغان، تۇرملەكلەنگەن، پۇرلىشىپ كەتكەن (نەرسە).

**مازاد** (مازاد) ئ. ئوشۇقچە، ئارتۇق.

**مازىي** (ماضى) ئ. ئۆتكەن، بولغان، كەچكەن.

**مازىيە** (ماضيه) ئ. "مازىي" نىڭ يېپىق تۈرى: ۋەقەئى مازىيە — بولغان ئىشلار؛ سالاتىنى مازىيە — ئۆتكەن سۇلتانلار.

**مازىھ** (مازح) پ. چاقچاقچى، ھەزىلكەش، مازاقچى.

**ماسەبەق** (ماسبق) ئ. بولۇپ ئۆتكەن، كەچكەن؛ ئۆتكەن ئىش: نەمۇنە، ئۈلگە، مىسال.

**ماسەدەق** (ماصدق) ئ. دەلىل، ئىسپات.

**ماسەزار** (ماسەزار) پ. قومluق.

**ماسۋا** (ماسوى) ئ. باشقا، غەيرى: ماسۋا ئاللا — ئاللادىن باشقا بولغان نەرسىلەر.

**ماش** (ماش) پ. ماش پۇرچاق.

**ماشا ئاللاھ** (ماشاالله) ئ. ماشا ئاللا، ئاللانىڭ تىلىگىنى؛ بەللى؛ قالتىس.

**ماشە** (ماشە) ئ. مىلتىق چاقمىغى؛ ئامبۇر، قىسقاچ.

**ماشى** (ماشى) ئ. ياياق يۈرگۈچى.

**ماشتە** (ماشطە) ئ. "مەشاتە"گە قاراڭ.

**ماشرا** (ماشرا) ئ. بەدەندە پەيدا بولىدىغان ياللۇغلىنىش، قانلىق ئىششىق.

**ماغ** (ماغ) پ. كەپتەرنىڭ بىر تۈرى؛ تۇمان، ھور، پار.

**ماقەبل** (ماقبل) ئ. ئالدىدىكى، ئاۋالقى، ئىلگىرىكى: ماقەبل تارىخ — تارىختىن ئىلگىرىكى.

**مافات** (مافات) ئ. يوتكەن، غايىب بولغان، يوقالغان نەرسە.

**مافۇق** (مافوق) ئ. ئالدىدىكى، ئۈستىدىكى، ئۆتۈپ كەتكەن؛ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان؛ يۇقۇرى، ئۈستۈن: بۇنىڭ مافۇقىدا ھېچ گۈزەل بولماس — بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان چىرايلىق نەرسە يوق.

**ماك** (ماك) پ. ئوغۇز سۈت.

**ماكان** (ماكان) ئ. ئۆتكەن، بولغان، ئۆتكەنكى، بۇرۇنقى: كەماكان — بۇرۇنقىدەك، ئاۋالقىدەك.

**ماكىر** (ماكر) ئ. مەككار، ھىيلىگەر.

**ماكىس** (ماكث) ئ. توختىغۇچى، تۇرۇپ قالغۇچى.

**ماكيان** (ماكيان) مېكىيان (توخۇ)؛ ئۆي قۇشلىرى.

**ماكۇل** (ماكل) ئ. يېمەكلىكلەر، ئوزۇقلۇقلار.

**ماڭ** (مانك) يەم، دان.

**ماڭارا** (مانكارا) ۋاقىرىماق، سۈرەن سالماق.

**ماڭراش** (مانكراش) مۆرەش،

هۆركىرەش.

**مائ** (ماء) ئ. سۇ: شىرنە: مائ جارى — ئاقار سۇ: مائ مەك-تەر — تامچىلىغان سۇ: مائۇل هەيات — هاياتلىق سۇيى (ئىنجىل ئىبارىسى).

**مائى** (مائى) ئ. سۇيۇق: جى-سىم مائى — سۇيۇق جىسىم.

**مايى** (مايى) پ. ئۆزىنى چوڭ تۇتماق.

**مايە** (مايە) پ. سەۋەپ، ئامىل، ئۇنسۇر: جەۋھەر: تۈپ: كاپىتال، دەسمايە: ئىچىتقۇ: سەرمايە — مال، بايلىق، پۇل.

**مايەدار** (مايەدار) پ. باي، باياشات، مول: بىلىمى كەڭ: قويۇق: ئىچىتىلغان: يۈزى قېلىن، نومۇسسىز.

**مايەسوز** (مايەسوز) پ. سۇنغۇ-چى، ۋەيران بولغۇچى.

**مال** (مال) ئ. مال-مۈلۈك، بايلىق: كۆلۈك مال، يۈك توشۇيدىغان مال، چارۋا: پۇل (كۆپلۈكى "ئەمۋال"): مال-دان — مال باقىقۇچى: مال قوتىنى: مال دوست — مالپە-رەس ئادەم، بېخىل ئادەم: مالەن — مال-مۈلۈك جەھەت-تە، ماددى جەھەتتە، ئىقتى-سادىي جەھەتتە.

**مالا يۇتاق** (مالايطاق) ئ. تاقەتتىن تاشقىرى.

**مالامال** (مالامال) لىق، لىپمۇ-لىپ، تولا.

**مالاكەلام** (مالاكلام) ئ. سۆزسىز، رەت قىلغىلى بولماي-دىغان.

**مالايەئنى** (مالايعنى) ئ. مەنىسىز، پايدىسىز، كېرەكسىز ئىش.

**مالىش** (ماليش) ئىشقىلماق، سۈركىمەك.

**مالىك** (مالك) پ. ئىگە، خوجە، ئەپەندى، زىمىندار، ساهىب: بۇ كىتابىنىڭ مالىكى پالانچىدۇر.

**مالىكىيەت** (مالكيت) ئ. ئىگە بولماق: مال-مۈلۈك، مۈلۈك-چىلىك.

**مالىكىن** (مالكين) ئ. "مالىك" نىڭ كۆپلۈكى.

**مالىيات** (ماليات) ئ. باج،

باج ـ سېلىق، تاموژنا بېجى.
**مالەزىم** (مالزم) ئ. كېرەك-
لىك نەرسە، ھاجەتلىك
نەرسە، كېرەكلىك ماتېرىيال.
**مام** (مام) پ. ئانا.
**ماماچە** (ماماچـه) پ. تۇغۇت
ئانىسى.
**مامەزا** (مامضى) پ. ئۆتكەنكى.
**مانچۇق** (منچق) خۇرجۇن،
تورۋا.
**ماندو** (مندو) ئ. بىر خىل
ئۈزۈم شىرنىسى.
**مانىئ** (مانـع) ئ. توسالغۇ
بولۇپ تۇرغان، توسۇپ
تۇرغان، توسقۇن، توسالغۇ.
**مانەند** (مانند) پ. ئوخشاش،
كەبى، تەگداش، ئەينى،
دەك: مانەند بەندى ـ ئاددىي
كىشلەردەك.
**ماۋقەئ** (ماۋقع) ئ. بولغان
ئىش، ۋەقە، ماجرا.
**ماۋەرائ** (ماۋراء) ئ. ئېشىپ
كەتكەن، ئۈستۈن چىققان:
ئۇ تەرەپتىكى، قىرغاقتىكى:
ماۋەرا ئۈننەھر ـ ئامۇدەريا-
سىنىڭ شىمالىدىكى جايلار؛

دەريا سىرتىدىكى جايلار.
**ماۋۇمەن** (ماومن) پ. ماختان-
چاقلىق، چوڭچىلىق.
**مەئ** (مع) ئ. بىرگە، بىرلىكتە،
بىرلىشىپ، تەڭ: ئىككىسى
مەئەن كەتتى ـ ئىككىسى
تەڭ كەتتى: مەئەلقىسسە ـ
شۇنىڭ بىلەن بىرگە.
**مەئاب** (مآب) ئ. پاناجاي،
يوشۇرۇنىدىغان جاي؛ بارار
جاي، قايتىدىغان جاي: دەك،
خۇددى، دەل.
**مەئابىر** (معابر) ئ. "مەئبەر"
نىڭ كۆپلۈكى.
**مەئاجىن** (معاجين) ئ. "مەئ-
جۇن"نىڭ كۆپلۈكى.
**مەئاد** (مەعاد) ئ. بارار جاي،
قايتىپ بارىدىغان جاي، ئۇ
دۇنيا، ئاخىر زامان.
**مەئادىن** (معادن) ئ."مەئ-
دەن" نىڭ كۆپلۈكى: ئىلىم
مەئادىن ـ مەدەنشۇناسلىق،
مەدەن ئىلمىنى ئۆگىتىدىغان
پەن.
**مەئارىج** (معاريج) ئ.
"مەئراج" نىڭ كۆپلۈكى.

**مەئارىز** (معارض) ئ. "مەئـ-
رەز" نىڭ كۆپلۈكى.
**مەئارىپ** (معارف) ئ. ئومۇمىي
يېتەكچىلىك: تەربىيە، ئاقار-
تىش؛ پەننى بىلىم.
**مەئارىپ** (معاريف) ئ.
"مەئرۇف" نىڭ كۆپلۈكى.
**مەئاز** (معاذ) ئ. پاناجاي،
ساقلىنىش جايى: يىغۇيلىش
ئورنى: پانادىماق، ساقلانماق.
**مەئازاللاھ** (معاذالله) ئ.
خۇدا ساقلىسۇن! ھەرگىز.
**مەئاسى** (مەئاصى) ئ. گۇناھلار
(بىرلىگى "مەئسىيەت").
**مەئاش** (معاش) ئ. تۇر-
مۇش، مەئىشەت، روزىگار،
تىرىكچىلىك؛ تۇرمۇش ۋاسى-
تىلىرى: مائاش، ئىش ھەققى،
ئايلىق.
**مەئاف** (معاف) ئ. كەچۈرۈل-
گەن، ئەپۇ ئېتىلگەن، بوشى-
تىلغان. م: ئازات قىلىنغان، ئاق-
لانغان: ئەسكەرلىك خىزمىتى-
دىن مەئاف ئېتىلدى؛ مەئاف
قىلۇرسىز — كەچۈرەرسىز.
**مەئايىپ** (معايب) ئ. ئەيىب-
لەر، ئەۋەنلەر، كەمچىلىكلەر.
**مەئايىر** (معاير) ئ. "مەئيار"
نىڭ كۆپلۈكى.
**مەئال** (مآل) ئ. نەتىجە،
ئاقىۋەت، ئاخىر: مەئالەن —
ئاخىرى، ئاخىردا.
**مەئان** (معان) ئ. جاي،
ئورۇن: تۇرالغۇ؛ مەرتىۋە.
**مەئانى** (معانى) ئ. مەنىلەر
(بىرلىگى "مەئنا").
**مەباھىس** (مباحث) ئ.
"مەبھەس"كە قاراڭ.
**مەباھىسە** (مباحثه) ئ. مۇزا-
كىرە، مۇھاكىمە، مۇنازىرە.
**مەباھىسات** (مباحثات) ئ.
"مەباھىسە"گە قاراڭ.
**مەباد** (مباد) ئ. "مەبادا"غا
قاراڭ.
**مەبادا** (مبادا) ئ. ھەرگىز،
زادى.
**مەبادى** (مبادى) ئ. پىرىن-
سىپ، قائىدە؛ ئاساس؛
مەنبەئە.
**مەبھەس** (مبحث) ئ. ئوبيېكت،
قاراتما، نىشان؛ باش تېما،
مۇھاكىمە، سۆھبەت؛ مۇھا-

كىمە ۋە مۇنازىرىسىنىڭ ماۋ-
زۇسى: توپلام، جىلد، باپ؛
پەن، دەرس.

**مەبھوت** (مبهوت) ئ. ئىسى
كېتىپ قالغان، ھەيران
قالغان، ھاڭ-تاڭ قالغان.

**مەبدائ** (مبدا) ئ. باشلانغۇچ،
تۈپ، ئەسلى، باشلىنىش ئور-
نى، كېلىپ چىقىشى، پەيدا
بولۇشى؛ پىرىنسىپ، قائىدە؛
سەۋەب.

**مەبرەز** (مبرز) ئ. خالاجاي؛
جەڭ مەيدانى.

**مەبرۇر** (مبرور) ئ. دىنغا
پۇختا، تەقۋىدار.

**مەبزۇل** (مبزول) ئ. تەقدىم
ئېتىلگەن، ئىنئام قىلىنغان،
بېرىلگەن.

**مەبسەم** (مبسم) ئ. كۈلۈمسى-
رىمەك.

**مەبسۇت** (مبسوط) ئ. ئېچىل-
غان، يېيىلغان، كەڭ؛ ئېنىق.

**مەبەررات** (مبرات) ئ.
"مەبەررەت"نىڭ كۆپلۈگى.

**مەبەررەت** (مبرت) ئ. خەي-
رى-ئېھسان ئىشلىرى ۋە
ئۇنىڭ فوندى.

**مەبلەغ** (مبلغ) ئ. سان، مىق-
دار (نەق پۇلنىڭ): مەبلەغ
كۆللى — ئومۇمى سوما.

**مەبنى** (مبنى) ئ. ئۇل قىلىن-
غان، ئاساس قىلىنغان....
توغرىسىدا.

**مەبئۇس** (مبعوث) ئ. ئەۋە-
تىلگەن، ۋەكىل قىلىنغان؛
ئەلچى، رەسۇل.

**مەبئۇسان** (مبعوثان) ئ. "مەب-
ئۇس"نىڭ كۆپلۈگى.

**مەتائ** (متاع) ئ. ماتا، سېتى-
لىدىغان مال، ئەشيا، تاۋار،
نەرسە؛ كۆچمە مۈلۈك؛
مەززىلىك يېمەكلىك.

**مەتابىخ** (مطابخ) ئ. "مەتبەخ"
نىڭ كۆپلۈگى.

**مەتابىئ** (مطابع) ئ. "مەتبەئە"
نىڭ كۆپلۈگى.

**مەتالىب** (مطالب) ئ. "مەت-
لەب"نىڭ كۆپلۈگى.

**مەتانەت** (متانت) ئ. قاتتىق-
لىق، پۇختىلىق، قەتئىيلىك؛
چىدام، تاقەت، تۆزۈم،
سالماقلىق؛ ئۇلۇغۋارلىق.

**مەتبەخ** (مطبخ) د. ئاشخانا، تاماقخانا.

**مەتبەئە** (مطبعه) د. باسما، باسمخانا.

**مەتبۇخ** (مطبوخ) د. قاينىتىلغان، پىشۇرۇلغان.

**مەتبۇئ** (متبوع) د. قاراشلىق، تەۋەلىك؛ پادىشا، ھۆكۈمران.

**مەتبۇئ¹** (مطبوع) د. باسمىدا بېسىلغان: مەتبۇئ ئەسەرلەر — بېسىلىپ چىققان ئەسەرلەر.

**مەتبۇئ²** (مطبوع) د. ياخشى، مەززىلىك، پۇراقلىق: بوي مەتبۇئ — پۇراقلىق.

**مەتبۇئات** (مطبوعات) د. بېسىلغان كىتابلار، ئەسەرلەر، گېزىتلەر.

**مەتبۇئىيەت** (متبوعيت) د. بويسۇنماقلىق، قاراشلىقلىق؛ ئىگىلىك ھوقۇقى.

**مەتجەر** (متجر) د. مال، تاۋار؛ سودا، تىجارەت؛ دۇكان.

**مەتجەرە** (متجره) د. دۇكان، ماگىزىن، تىجارەت قىلىنىدىغان جاي.

**مەترۇھ** (مطروح) د. تاشلانغان، چىقىرىلغان، ئىتتىلغان، قالدۇرۇلغان.

**مەترۇد** (مطرود) د. قوغلانغان، چىقىرىلغان. م: مەكتەپتىن مەترۇد ئىتىلدى.

**مەترۇك** (متروك) د. ئىستېمالدىن قالغان، تاشلانغان، تەرك قىلىنغان، ئىشتىن چىققان.

**مەترۇكات** (متروكات) د. ئۆلگەن كىشىنىڭ قالغان ماللىرى، مىراس.

**مەترۇكە** (متروكه) د. تالاق قىلىنغان خوتۇن؛ مىراس ("مەترۇك" نىڭ يېپىق تۇرى).

**مەتەب** (مطب) د. شىپاخانا.

**مەتەر** (مطر) د. يامغۇر (كۆپلۈكى "ئەمتار").

**مەتىر** (مطير) د. يامغۇرلۇق.

**مەتىن** (متين) د. بىرھالدىن ئۆزگەرمەي تۇرغان، چىدامىلىق، ساباتلىق، كۈچلۈك، توغرا، ئىشەنچلىك، مەھكەم، چىڭ. بەرك. م: مەتىن بىنا، مەتىن يىپ.

**مەتئەم** (مطعم) د. تاماقخانا.

ئاشخانا: يېيىشكە بولىدىغان.

**مەتئۇف** (مطعوف) ئ. ئىگىل-گەن، مايىل بولغان؛ قارىتىل-غان: باغلىغۇچى سۆز بىلەن باشقا سوزگە باغلانغان.

**مەتئۇم** (مطعوم) ئ. يېمەك-لىك، ئوزۇقلۇق.

**مەتئۇن** (مطعون) ئ. تىل-لانغان، تەنە قىلىنغان، قاتتىق سۆز ئىشتكەن، سۆكۈلگەن، خورلانغان، ئەيىبلەنگەن.

**مەتلەب** (مطلب) ئ. مەسىلە، ئىش؛ مەزمۇن؛ تىلەك، ئىس-تەك، مەقسەت، مۇددىئا. م: مەتلەبىگە ئېرىشتى.

**مەتلۇب** (مطلوب) ئ. تەلەپ قىلىنغان، كۈتۈلگەن، ئىستەل-گەن، سورالغان، ئىزدەنگەن، ئارزۇ قىلىنغان نەرسە؛ كۈڭۈل-دىكىدەك، تەلەپكە ئۇيغۇن. م: كېلىشىڭىز مەتلۇب ئىدى.

**مەتلۇبىيەت** (مطلوبيت) ئ. ئارزۇ، ئۈمىد.

**مەتلەئ** (مطلع) ئ. باشلانما، كۈن چىقىدىغان جاي؛ شېئىر-نىڭ باش ئىككى مىسراسى.

**مەتن** (متن) ئ. تېكىست، كىتابنىڭ ئەسلى ئىبارىسى، مەزمۇن؛ شەرھ، خاشىيەلەردىن باشقا، مۇئەللىپنىڭ ئۆز سۆزى.

**مەجار** (مجار) ئ. ۋېنگىرلەر؛ مەجارىستان — ۋېنگرىيە.

**مەجاز** (مجاز) ئ. ئەستەرلىك گەپ، تەتۈر گەپ، ئوخشە-تىش، ئېيتىلغان سۆزنىڭ تە-تۈرى، كىنايە؛ مېتافورا، ئال-لېگورىيە، ئىستىئارە: مەجاز ئەھلى — زاڭلىق قىلغۇچىلار؛ باتۇر ياكى قەھرىمانىنىڭ مەجازى ئارسلاندۇر. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئەي زەلىلى بۇ نىچۇك سۆزدۇر دىبان ئەيىب ئەتمەگىل، جىلۋە بەر-مەيدۇ ھەقىقەتىنىڭ مەجازى بولماسا.

(زەلىلى)

**مەجازات** (مجازات) ئ. "مەجاز"غا قاراڭ.

**مەجازىي** (مجازى) ئ. كۆچمە مەنىدىكى، ئوخشىتىلغان، كىنايە قىلىنغان؛ ياسىما، ئويدۇرما: ئىشق مەجازىي —

ھەقىقى بولمىغان، كۆرۈنۈشتىكى ئىشق ياكى مۇھەببەت.

**مەجازەن** (مجازاً) ئ. ماجاز ئىلەن، كىنايە بىلەن.

**مەجائەت** (مجاعت) ئ. ئاچلىق، قەھەتچىلىك.

**مەجال** (مجال) ئ. كۈچ-قۇۋۋەت، ماغدۇر، ئىمكان، پۇرسەت: قابىلىيەت، تاللانت، يارام.

**مەجالىس** (مجالس) ئ. "مەجلىس"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەجالەست** (مجالست) ئ. بىرگە ئولتۇرۇپ پاراڭدىشىش، سۆھبەتداش بولۇش.

**مەجامىر** (مجامر) ئ. "مەجمەر"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەجامىئ** (مجامع) ئ. "مەجمەئ"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەججانەن** (مجانن) ئ. ئەجىرسىز، بوش، ھەقسىز، بىكارغا.

**مەجانىن** (مجانين) ئ. "مەجنۇن"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەجبۇل** (مجبول) ئ. تۇغما، تەبىئى.

**مەجھۇد** (مجهود) ئ. تىرىشىش.

**مەجھۇل** (مجهول) ئ. نامەلۇم، چۈشىنىكسىز، تونۇلمىغان. م: مەجھۇل بىر ئادەم كېلىپ قالدى.

**مەجھۇلىيەت** (مجهوليت) ئ. ئېنىقسىزلىق: ناتونۇشلۇق.

**مەجرا** (مجرا) ئ. سۇسىز جىلغا، سۇ يولى، سۇ ئاققان يەر: يول: نو.

**مەجرۇھ** (مجروح) ئ. يارىلانغان، جاراھەتلەنگەن: يارىدار، يارىلانغۇچى.

**مەجزۇب** (مجذوب) ئ. قىزىقتۇرۇلغان، تارتىلغان، جەلپ قىلىنغان.

**مەجزۇبىيەت** (مجذوبيت) ئ. تارتىش كۈچى، قىزىقتۇرۇش كۈچى.

**مەجزۇم** (مجذوم) ئ. ماخاۋ؛ ماخاۋ كېسىلى بولغان.

**مەجزۇم** (مجزوم) ئ. كېسىلگەن؛ مۇھەققىق، قەتئى.

**مەجەلات** (مجلات) ئ. "مەجەللە"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەجەللە** (مجله) ئ. ژورنال، ئايلىق سان، قوللانما.

**مەجئۇل** (مجعول) ئ. ياسىما، توقۇلغان؛ ساختا.

**مەجىد** (مجيد) ئ. ئۇلۇغ؛ ھۆرمەتلىك، شەرەپلىك، ئىز-زەتلىك؛ مەشھۇر، داڭلىق.

**مەجلىس ئارا** (مجلس آرا) ئىپ. يىغىننى بېزەنگۈچى، قىزىتقۇچى.

**مەجلىس ئەفروز** (مجلس افروز) ئىپ. يىغىننى قىزىت-قۇچى.

**مەجمەر** (مجمر) ئ. ئىسرىق-دان، كۆجىدان: مەجمەردە ئۇد بولماق — كۆيۈپ پۇت-مەك، قاتتىق ئەلەم تارتماق.

**مەجمەئ** (مجمع) ئ. يىغىن، ھەيئەت؛ ئۇيۇشما، بىرلەشمە، جەمىيەت، ئۇمەك؛ كۆلۈپ، يىغىلىدىغان ئورۇن؛ ئارىلاشما (نەرسە): مەجمەئ ناس — كىشىلەرنىڭ يىغىلىدىغان يېرى؛ مەجمەئ تۈزمەك — توپلانماق، يىغىلىشماق.

**مەجمۇئ** (مجموع) ئ. توپلام، يىغىندا؛ ھەممە، بارچە، جەم.

**مەجمۇئى** (مجموعى) ئ. بار-لىقى، ھەممىسى، پۈتۈنىسى.

**مەجمۇئە** (مجموعه) ئ. يىغىل-غان، توپلانغان، ھەممىسى، جىممىسى: مەجمەئى فازىل — ئىلىم ئەھلىلىرى يىغىنى، مەجمەئەتۇل ئەھكام — ئەھكاملارنىڭ يىغىندىسى.

**مەجنۇن** (مجنون) ئ. ئەقلى-دىن ئاداشقان، جىن تەككەن، ساراڭ، تەلۋە، جىنى تۇتقان، دىۋانە.

**مەجنۇنىيەت** (مجنونيت ) ئ. مەجنۇنلۇق.

**مەجنۇن ۋار** (مجنون وار) ئىپ. مەجنۇندەك، دىۋانە (ساراڭ)لارچە.

**مەجۇج** (مەجوج) ئ. مەجۇج. دىنىي قاراش بويىچە، ئاخىر زاماندا چىقىپ، ئەلگە كۆپ خاراپلىق يەتكۈزىدىغان ۋە زۇلۇم سالىدىغان ئىككى قەۋم-نىڭ پاكار بويلۇق بولغانلىرى (ئۇزۇن بويلۇقلىرى يەجۇج دەپ ئاتىلىدۇ).

**مەجۇر** (مەجور) ئ. ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ساۋاپ تاپقان كىشى.

**مەجۇس** (مجوس) ئ. ئوتقا سىغىنغۇچى، بۇتقا تېۋىنغۇچى.

**مەجۇسىيەت** (مجوسيت) ئ. مەجۇسىلىك، مەجۇس دىنى.

**مەخادىم** (مخادم) ئ. مەخدۇملار، ئۇلۇغ زاتلار (بىرلىكى "مەخدۇم").

**مەخارىج** (مخارج) ئ. مەخرەجلەر (بىرلىكى "مەخرەج").

**مەخازىن** (مخازن) ئ. ماگازىن، خەزىنە مېلى قويۇلغان يەر، كۆپ ماللار قويۇلغان ئورۇن، مەخزەنلەر (بىرلىكى "مەخزەن").

**مەخافەت** (مخافت) ئ. قورقۇش، قورقۇنچ، خەۋەپ.

**مەخدۇم** (مخدوم) ئ. خىزمەت قىلىنىدىغان، مەرتىۋىلىك، ئۇلۇغ زات، ھۆرمەتلىك كىشى؛ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ باللىرىغا قارىتا قوللىنىلىدىغان ئۇنۋان: مەخدۇم زادە مەخدۇملىك ئەۋلادى.

**مەخرەج** (مخرج) ئ. تاۋۇش ۋە سۆزلەرنىڭ ئېغىزدىن چىقىدىغان يەرلىرى، چىقىش ئورنى.

**مەخرۇت** (مخروط) ئ. تاراشلانغان، قىرىپ سىلىقلانغان؛ گۈنبەزى مەخرۇت — ئاسمان، دۇنيا.

**مەخزەن** (مخزن) ئ. مال قويۇلىدىغان ئورۇن، ئامبار، خەزىنە، ئاغىلىق، ماگىزىن، دۇكان: مەخزەنۇل ئەسرار — سىرلار خەزىنىسى.

**مەخزۇن** (مخزون) ئ. خەزىنىدە ساقلانغان نەرسە.

**مەخفىيات** (مخفيات) ئ. يوشۇرۇن، سىرلىق نەرسىلەر.

**مەخفى نەما** (مخفى نما) ئ. يوشۇرۇن نەرسىلەرنى كۆرسەتكۈچى.

**مەخلۇت** (مخلوط) ئ. باشقا ماددىلار بىلەن ئارىلاشقان، ساپ بولمىغان، قېتىشقان، قوشۇلغان. م: مەخلۇت مەدەن، مەخلۇت دورا دېگەندەك.

**مەخلۇق** (مخلوق) ئ. يارال-
غۇچى، يارىتىلغان جانلىقلار؛
ياسالغان. م: ئالەم مەخلۇقدۇر.
**مەخلۇقات** (مخلوقات) ئ.
"مەخلۇق"نىڭ كۆپلۈكى.
**مەخلەس** (مخلص) ئ. قۇتۇل-
ماق، خالاس بولماق: مەخ-
لەس قىلماق — قۇتقۇزماق،
خالاس قىلماق.
**مەخمەسە** (مخمسه) ئ. "خەم-
سە"گە قاراڭ.
**مەخمەسە** (مخمصه) ئ. قاتتىق
ئاچلىق، ئاچتىن ئۆلەر ھالەت-
كە يېتىش: چوڭ قايغۇ.
**مەخمۇر** (مخمور) ئ. مەس،
مەس ھالىدىكى؛ مەسلىكى
تولۇق تارقالمىغان.
**مەھ** (مه) پ. ئاي ("ماھ"قا
ئوخشاش).
**مەھابىس** (محابس) ئ.
"مەھبەس"نىڭ كۆپلۈكى.
**مەھابەت** (مهابت) ئ. ئۇلۇغ-
ۋار، شەۋكەتلىك؛ قورقۇنچ.
**مەھابىت** (مهابط) ئ.
"مەھبىت"نىڭ كۆپلۈكى.
**مەھار** (مهار) پ. ئاغامچا،
ئارقان؛ نوختا: مەھار
ئەسەب — ئات نوختىسى.
**مەھارىب** (مهارب) ئ.
"مەھرەب"نىڭ كۆپلۈكى.
**مەھارىب** (محاريب) ئ.
"مىھراب"نىڭ كۆپلۈكى.
**مەھارىم** (محارم) ئ.
"مەھرەم"نىڭ كۆپلۈكى.
**مەھازىر** (محاضر) ئ.
"مەھزەر"نىڭ كۆپلۈكى.
**مەھاسىن** (محاسن) ئ.ئارتۇق-
لۇق، گۈزەللىك؛ چىرايلىق،
ھۆسنىلىك، يېقىملىق؛
ساقال-بۇرۇت.
**مەھافىل** (محافل) ئ.
"مەھفىل"نىڭ كۆپلۈكى.
**مەھال** (محال) ئ. "مەھەل"
نىڭ كۆپلۈكى.
**مەھالىك** (مهالك) ئ.
"مەھلەكە"نىڭ كۆپلۈكى.
**مەھام** (مهام) ئ. "مۇھىممە"
نىڭ كۆپلۈكى.
**مەھانەت** (مهانت) ئ.
نومۇس، ئۇيات، ئىززا تارتماق.
**مەھبۇب** (محبوب) ئ. سۆي-
گەن، ياخشى كۆرگەن كىشى،

يار، سۆيگىنى، مەشۇق ۋە مەشۇقە.

**مەھبۇبە** (محبوبه) ئ. "مەھبۇب"قا قاراڭ.

**مەھبۇس** (محبوس) ئ. قامالغان، زىندانغا تاشلانغان كىشى، گۇناھكار.

**مەھبەس** (محبس) ئ. قاماق، ئاۋاقتا، زىندان.

**مەھتاب** (مهتاب) پ. ئايدىڭ، ئاي نۇرى؛ ئاي؛ **يالتىراق.**

**مەھجەبىن** (مەجەبىن) پ.ئاي يۈزلۈك.

**مەھجۇ** (مهجو) ئ. مەسخىرە قىلىنغان، تۆھمەت قىلىنغان.

**مەھجۇب** (محجوب) ئ. ئۇياتلىق، ئۇياتچان؛ كىچىك پېئىل؛ ئاددىي-ساددا. كۆچ: يۈزىگە چۈمبەل تارتقان.

**مەھجۇبىيەت** (محجوبت) ئ. ئۇيالماق، ئارلانماق؛ كەمتەرلىك، ئاددىي-ساددىلىق.

**مەھجۇر** (محجور) ئ. چەكلەنگەن، قوغلانغان (دىنىدىن).

**مەھجۇر** (مهجور) ئ. ئايرىلىپ قالغان، جۇدالىققا چۈشكەن، يىراقتا قالغان، تەرك قىلىنغان.

**مەھجۇرىيەت** (محجوريت) ئ. چەكلىمەك، مەنئى قىلماق، توسماق.

**مەھچە** (مهچه) پ. ئايچە (تۇغ، بايراق ياكى مۇناردنىڭ ئۇستىگە ئورنىتىلغان كىچىكىنە ئاي شەكلى، ئاينىڭ يېرىم شەكلى).

**مەھد** (مهد) ئ. بۆشۈك؛ ئورۇن-كۆرپە.

**مەھدى** (مهدى) ئ. ھىدايەت ئىگىسى (ئىسلام دىنىدىكى ئون ئىككى ئىمامنىڭ بىرى).

**مەھدۇد** (محدود) ئ. چەكلەنگەن؛ چەكلىك، ئاز؛ بەلگىلەنگەن، مۇقىملاشتۇرۇلغان؛ ئەتراپىغا چېگرا قويۇلغان. م: ئۇنىڭ مەلۇماتى مەھدۇددۇر.

**مەھدۇدىيەت** (محدوديت) ئ. چەكلىملىك؛ چەك، بەلگىلىمە.

**مەھدۇم** (مهدوم) ئ. بۇزۇلغان، خاراپ قىلىنغان.

**مەھر** (مهر) ئ. تويلۇق، تويلۇق مال، قالىن مال (ئوغۇل

تەرىپىدىن قىز تەرەپكە تۆلە-
نىدىغان پۇل ياكى مال بولۇپ،
بىر قىسمى نەق، قالغىنى
كېيىن يەنى ئاجراشقاندا
تۆلىنىدۇ) مەھرى مەججەل —
نەق بېرىلگەن تويلۇق، قالىن؛
مەھرى مۇئەججەل — كېيىنگە
قالدۇرۇلغان تويلۇق.

**مەھرەب** (محرب) ئ. چىقىش
يولى؛ پانا جاي.

**مەھرەم** (محرم) ئ. يېقىن،
سىرداش؛ قانداشلىقى يېقىن،
ئۆز، ئۆز كىشىسى، ئۇلپەت،
دوست؛ تۇققان، قاياش.

**مەھرۇر** (محرور) ئ. قىزىغان؛
تېرىككەن، ئاچچىقلانغان.

**مەھرۇس** (محروس) ئ. قوغ-
دالغان؛ خۇدا ساقلىغان.

**مەھرۇق** (محروق) ئ. كۆيـ-
گەن، يانغان، كۆيۈپ كۈل
بولغان، كۆيۈپ تۈگىگەن.

**مەھرۇقات** (محروقات) ئ.
يېقىلغۇ، تۇتروق.

**مەھرۇم** (محروم) ئ. مەھرۇم
قىلىنغان، چەتكە قېقىلغان،...
ئايرىلغان؛ بەختسىز، جاپا
چەككەن.

**مەھرۇمىيەت** (محروميت) ئ.
مەھرۇم قىلماق، ھوقۇقىدىن
ئايرىلماق؛ كەم، يوق؛
نامراتلىق.

**مەھز** (محض) ئ. خالىس،
ساپ، تازا، نوقۇل؛ پەقەت،
يالغۇز، پۈتۈنلەي.

**مەھزە** (محضه) ئ. "مەھز"گە
قاراڭ.

**مەھزەر** (محضر) ئ. ھازىر
بولماق، بولماق، قاتناشماق؛
دەۋا خېتى، ئەرزە؛
دەۋاخانا؛ مەھزەردار —
دەۋاخانا باشلىقى.

**مەھزۇر** (محذور) ئ. قور-
قۇنچ؛ خەۋپ؛ تۇسقۇنلۇق؛
قىيىنچىلىق. م.: بۇنىڭ نېمە
مەھزۇرى بار؟

**مەھزۇر** (محظور) ئ. چەك-
لەنگەن، مەنئى قىلىنغان،
خىلاپ؛ مەنئى قىلماق، چەك-
لىمەك؛ توساق، توسقۇن
بولىدىغان نەرسە، توسقۇنلۇق.

**مەھزۇرات** (محظورات) ئ.
"محظور"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەھزۇز** (محظوظ) ئ. بىر نەرسىدىن ئۆز ئۈلۈشىنى ئالماق، بەھرە ئالماق — تەسىرلەنمەك، شادلانماق، زوقلانماق.

**مەھزوف** (محذوف) ئ. يوقىتىلغان، ئۆچۈرۈلگەن، چىقىرىۋېتىلگەن، ئېلىۋېتىلگەن.

**مەھزۇن** (محزون) ئ. غەمـلىك، قايغۇلۇق، خاپا.

**مەھزۇنىيەت** (محزونيت) ئ. غەم، قايغۇ، خاپىلىق.

**مەھسۇب** (محسوب) ئ. سانالغان، تەخمىن قىلىنغان، ھېساپقا ئېلىنغان؛ تەكشۈرۈلگەن (گۇناكار كىشى توغرىسىدا).

**مەھسۇد** (محسود) ئ. كۆنـلەشكەن، ھەسەت قىلىنغان، ھەركىم ھەسەت قىلارلىق بولغان.

**مەھسۇد** (محصود) ئ. ئورۇلغان؛ ھوسۇل؛ زىرائەت.

**مەھسۇر** (محصور) ئ. چەكلەنگەن، قورشالغان، چولغانغان، قاماپ ئېلىنغان.

**مەھسۇس** (محسوس) ئ. ھىس قىلىنغان، سېزىلگەن، تۇيۇلغان؛ ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان.

**مەھسۇسات** (محسوسات) ئ. كۆرۈنۈپ تۇرغان نەرسىلەر، كونكرېت نەرسىلەر، سېزىلگەن نەرسىلەر؛ سەزگۈ.

**مەھسۇل** (محصول) ئ. ھاسىل بولغان، نەتىجە، مېۋە، ئۈنۈم تۇغۇندا.

**مەھسۇلات** (محصولات) ئ. "مەھسۇل"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەھسۇن** (محصون) ئ. كۈچەيگەن؛ قوغدالغان.

**مەھشەر** (محشر) ئ. قىيامەتتە ھەممە كىشى يىغىلىدىغان جاي، مەھشەرگاھ؛ قالايمىقانچىلىق.

**مەھشۇر** (محشور) ئ. ئۆلۈپ تىرىلگەن؛ بادى-كەلدى بولۇپ تۇرغان.

**مەھفۇز** (محفوظ) ئ. ساقلانغان، كۆزىتىلگەن، تەمىن ئېتىلگەن، يادقا ئېلىنغان، ئېتىۋار بىلەن قارالغان، ئاسرالغان، قوغدالغان.

**مەھفەزە** (محفظە) ئ. ساندۇق، ئىشكاپ؛ قۇتا.

**مەھەففە** (محفه) ئ. ئات، تۆگىلەرگە ئارتىلىدىغان كاجۇۋا، تەختى راۋان.

**مەھفىل** (محفل) ئ. جاي، مەنزىل؛ توپلىنىش جايى، سورۇن، مەجلىس، بەزم؛ ئۆمەك، ئويۇشما، جەمئىيەت: مەھفىل ئارا — بەزمنى قىزىتقۇچى.

**مەھقۇق** (مصقوق) ئ. مۇۋاپىق، توغرا.

**مەھكۇكات** (مصكوكات) ئ. تاشقا ياكى تاختىغا ئويۇلغان خەت ياكى سۈرەت.

**مەھكۇم** (محكوم) ئ. ھۆكۈم ۋە قارار ئېتىلگەن؛ قاراشلىق، بويسۇنغۇچى؛ جاۋابكار؛ جىنايەتچى.

**مەھىن** (مهين) ئ. زىيادە، ئۇلۇغ؛ نازۇك، چىرايلىق، مۇلايىم.

**مەھل** (مهل) ئ. ھەرىكەتنى ئاستا، ئېزىلەڭگۈ.

**مەھلىقا** (مهلقا) پ. ئاي يۈزلۈك، ئاي قىياپەتلىك ("ماھلىقا"غا ئوخشاش).

**مەھلىكە** (مهلكه) ئ. قورقۇنچلۇق جاي؛ خەۋپلىك ئىش؛ قورقۇنچ، خەۋپ.

**مەھلۇل** (محلول) ئ. تارالغان؛ ئېزىلگەن.

**مەھەك** (مصك) ئ. كۈمۈش ۋە ئالتۇنغا سۈرتۈپ، ئۇلارنىڭ ساپ ياكى ساپ ئەمەسلىكىنى ئايرىيدىغان تاش.

**مەھەل** (محل) ئ. ئورۇن، يەر، جاي، ماكان؛ بوش ئورۇن، بوشلۇق؛ شەھەر ياقىسى؛ مەنبە؛ كۆڭۈل بۆلمەك، دىققەت قىلماق، قاراپ قويماق.

**مەھەللىل** (محلل) ئ. ئاجرالغان، ئېرىگەن؛ ئېرىگەك.

**مەھەللات** (محلات) ئ. "مەھەللىل"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەھەللە** (محله) ئ. شەھەر ئىچىدىكى رايون، شەھەر رايونى.

**مەھەلات** (محلات) ئ. "مەھەللە"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەھەللى** (محلى) ئ. يەرلىك، ئەل ئارىسىدىكى.

**مەھمىز** (مهمز) ئ. ئاتنى دېۋىتىش ئۈچۈن ئۆتەككە ئورنىتىلغان ھالقا، شپورا، دېۋىتكۈچ.

**مەھمىل** (محمل) ئ. تۆگە مەپىسى، تۆگىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان كاجۇۋا.

**مەھمۇد** (محمود) ئ. ياخشى كۆرۈلگۈچى، ماختالغان. م: مەھمود ئەتمەك — ياخشىلىماق، ماختىماق.

**مەھمۇل** (محمول) ئ. يۈكلەنگەن، قويۇلغان، ئارتىلغان.

**مەھۋ** (محو) ئ. يوقاتماق، تۈگەتمەك: قومۇرۇپ تاشلىماق، ئەمەلدىن قالدۇرماق؛ يوقالماق، غايىب بولماق؛ قوبۇل قىلماق.

**مەھۋىيەت** (محويت) ئ. ئۆزىنى ھېچ نەرسىگە سانىماسلىق، تۆۋەنلىك كۆرسەتمەك.

**مەھۋەش** (مهوش) پ. ئاي يۈزلۈك، چىرايلىق.

**مەدارىس** (مدارس) ئ. "مەدرىسە" نىڭ كۆپلۈكى.

**مەدايىھ** (مدايح) ئ. مەدىھ" نىڭ كۆپلۈكى.

**مەداين** (مداين) ئ. "مەدىنە" نىڭ كۆپلۈكى.

**مەدخەل** (مدخل) ئ. كىرىدىغان يەر، ئىشىك، ئېغىز؛ يول؛ كىرىم.

**مەدخەلىيەت** (مدخليت) ئ. باغلانماق، قاتناشماق، چېتىلماق.

**مەدخەن** (مدخن) ئ. تۈرخۇن.

**مەدخۇل** (مدخول) ئ. پايدا؛ كىرىم، دارامەت.

**مەدخۇلە** (مدخوله) ئ. يار، ئاشنا.

**مەدھ** (مدح) ئ. ماختىماق: مەدھ سەرا — ماختىغۇچى؛ مەدھ خۇن — ماختىغۇچى.

**مەدھىيە** (مدحيه) ئ. ماختاش سۆزى، قەسىدە.

**مەدھۇش** (مدهوش) ئ. ھۇشسىزلانماق، قورقماق؛ ھەيران بولماق.

**مەدرەج** (مدرج) ئ. دەرىجە؛ يول.

مەدرىسە (مدرسه) ئ. مەكتەپ، مەدرىسە، دىنىي مەكتەپ.

مەدرۇس (مدروس) ئ. بېكىتىلگەن، كۆرۈنمەيدىغان؛ كونىرىغان، توزغان.

مەدفەن (مدفن) ئ. قەۋرە، گۆر، مەقبەرە، باساغا.

مەدفۇن (مدفون) ئ. توپىغا كۆمۈلگەن، كۆمۈلگەن، دەپنە قىلىنغان؛ يوشۇرۇلغان.

مەدىھ (مديح) ئ. ماختىماق؛ ماختالغان.

مەددە (مديده) ئ. ئۇزاق، ئۇزۇن؛ كۆپ: مۇددەت مەددە ــ بەك كۆپ زامان.

مەدىنە (مدينه) ئ. شەھەر؛ ئەرەبىستاندىكى مەدىنە شەھىرى.

مەديۇن (مديون) ئ. قەرزدار؛ جاۋاپكار، مەسئۇلىيىتى بار.

مەدەد (مدد) ئ. مەدەت، ياردەم؛ ياردەمچى قوشۇن.

مەدەنى (مدنى) ئ. شەھەرلىك؛ پىكرى ئېچىلغان، كۆزى ئېچىلغان، مەدەنىيەتلىك؛ مەدىنە شەھىرلىك كىشى.

مەدەنىيەت (مدنيت) ئ. مەدەنىيەت، تەرەققىيات، شەھەرلىشىش.

مەر (مر) پ. سان

مەرر (مر) پ. جەريان، ئارقىلىق.

مەرابىز (مرابض) ئ. "مەربەز"نىڭ كۆپلۈكى.

مەررات (مرات) ئ. "مەررە" نىڭ كۆپلۈكى.

مەراتىب (مراتب) ئ. "مەرتەبە"نىڭ كۆپلۈكى؛ ئەھۋال؛ ئەينى ئەھۋال.

مەراھىل (مراحل) ئ. "مەرھەلە"نىڭ كۆپلۈكى.

مەراجىئ (مراجع) ئ. "مەرجەئ"نىڭ كۆپلۈكى.

مەرارە (مراره) ئ. ئۆت خالتىسى، ئۆت سۇيۇقلۇغى.

مەرارەت (مرارت) ئ. ئاچچىقلىق؛ قىيىنچىلىق، جاپا، دەرد، ئەلەم، قايغۇ.

مەراسىد (مراصد) ئ. "مەرسەد"نىڭ كۆپلۈكى.

مەراسىم (مراسم) ئ.

"مەرسۇم"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەراغە** (مراغە) ئ. ئاغنىماق،
يانپاشلىماق، ئارام ئالماق.

**مەراقىد** (مراقد) ئ. "مەرقەد"
نىڭ كۆپلۈكى.

**مەراكىب** (مراكب) ئ.
"مەركەب"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەراكىز** (مراكز) ئ.
"مەركەز"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەرال** (مرال) بۇغا، مارال،
ياۋا ئۆچكە، تىكە.

**مەرايا** (مرايا) ئ. "مەرئات"
نىڭ كۆپلۈكى:

**مەرائى** (مرائى) ئ. ساقتىپەز،
كۆز بويامچى.

**مەرام** (مرام) ئ. ئارزۇ،
تەلەپ، مەقسەت، ئىستەلگەن
نەرسە، ئۈمىد ، نىيەت،
مۇراد: پىروگىرامما.

**مەرامنامە** (مرامنامە) ئې.
پىروگىرامما.

**مەراۋىھ** (مراوح) ئ. "مەرۇ-
ھە"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەربەز** (مربض) ئ. قوتان،
قوي قوتىنى.

**مەربۇت** (مربوط) ئ. باغلان-
غان، باغلىق، قوشۇلغان،
ئەگەشتۈرۈلگەن.

**مەربۇتىيەت** (مربوطيت) ئ.
باغلىنىش، مۇناسىۋەت.

**مەرتەبە** (مرتبە) ئ. مەرتە-
ۋە، دەرىجە، مىقدار، چاما.
قېتىم: سالاھىيەت، ئەمەل،
ئورۇن، مەنسەپ.

**مەرتۇب** (مرطوب) ئ. ھۆل،
نەم.

**مەرجەئ** (مرجع) ئ. ئەسلى
جاي، كېلىپ چىقىش ئورنى،
مەنبە: ئاخىر بارىدىغان
جاي، قايتىش ئورنى
مەخسۇس ئورۇن (ئورگان).

**مەرجۇ** (مرجو) ئ. ئۈمىت
قىلىنغان، كۈتۈلگەن.

**مەرجۇھە** (مرجوحە) ئ.
بۆشۈك: گۈلەڭگۈچ.

**مەرجۇئ** (مرجوع) ئ. قايتقان،
قايتۇرۇلغان: جاۋاپ خەت.

**مەرھەبا** (مرحبا) ئ. خوش
كەپسىز! بەللى! بارىكاللا!

**مەرھەلە** (مرحلە) ئ. مەنزىل،
ئۆتەڭ، قونالغۇ، تۈرغۇچ،
بىر كۈنلۈك مۇساپە.

**مەرھەم** (مرهم) ئ. چاپلىنى-
دىغان دورا، مەلھەم.
**مەرھەمەت** (مرحمت) ئ.
رەھىم، شەپقەت، ئىلتىپات؛
ئىچىنماق، ئايىماق، كەڭچە-
لىك قىلماق.
**مەرھۇب** (مرهوب) ئ. قور-
قونچلۇق.
**مەرھۇم** (مرحوم) ئ. ئۆلۈپ
كەتكەن، ئالەمدىن ئۆتكەن
(ئۆلگەن كىشىنى ئاتاپ
ئىپتىلىدىغان سۆز).
**مەرھۇن** (مرهون) ئ. گۆرۆگە
قويۇلغان، رەنگە قويۇلغان؛
رەھمەت ئىپتىلغان، تەسىر-
لەنگەن.
**مەرھۇنىيەت** (مرهونيت) ئ.
تەشەككۇر، رەھمەت.
**مەرھۇنە** (مرهونه) ئ. گۆرۆ-
گە قويۇلغان نەرسە: "مەر-
ھۇن"نىڭ يىپىق تۈرى.
**مەرد** (مرد) پ. مەرد؛ ئەر،
ئەر كىشى؛ باتۇر؛ غەيرەتلىك
ۋە ھىممەتلىك كىشى؛ مەردا-
نە — ئەرلىك، ئەرەنلىك؛
مەردى كوجار — چوڭ ئەر
كىشى؛ مەرد ھەكىم — بىلگىر،
ئەۋلىيا؛ مەرد باز — بۇزۇق
خوتۇن، ئەرسەك.
**مەردانە** (مردان) پ. ئەرلەر-
چە، باتۇرلارچە، ئەرلىك
بىلەن، غەيرەت بىلەن؛
مەردانەدۇز — ئەرلەر كە-
يىمىنى تىكۈچى.
**مەردۇد** (مردد) ئ. رەت
قىلىنغان، ماقۇل بولمىغان،
قايتۇرۇلغان، قوغلانغان،
مەلئۇن.
**مەردۇزەن** (مردوزن) پ.
ئەركەك ۋە خوتۇن.
**مەردەك** (مردك) ئىپىق
كۆچۈكى، ئىپىق بالىسى.
**مەردۇم** (مردم) پ. كىشىلەر،
ئادەملەر، خەلق، ئەلكۈن؛
كىشىلىك، ئىنسانىيەت؛ مەر-
دۇملۇق — ئىنسانلىق؛ سەمى-
مىلىك، ئادەمگەرچىلىك.
**مەردۇمى ئابى** (مردم آبى)
پ. سۇ ئادىمى.
**مەردۇم ئازار** (مردم آزار)
پ. ئەزگۈچى، زالىم.
**مەردۇمان** (مردمان) پ.

كىشىلەر، ئادەملەر.

**مەردۇمدار** (مردمدار) پ. ئادەمگەرچىلىكى بار، ئەدەبلىك.

**مەردۇم خار** (مردم خوار) پ. ئادەمخور، ۋەھشى.

**مەردۇم خىيال** (مردم خيال) پ. ئويچى، خىيالچى.

**مەردۇمگىياھ** (مردم گياه) پ. ئادەم شەكلىدىكى ئۆسۈملۈك، سىغۇن.

**مەردۇمكەش** (مردم كش) پ. جاللات، قاتىل.

**مەردۇمى** (مردمى) پ. ئادەمەتچىلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك؛ ئادەم تەبىئىتى؛ نازاكەت.

**مەردۇمەك** (مردمك) پ. كۆز قارىچۇغى.

**مەررە** (مره) ئ. قېتىم، نۆۋەت.

**مەرز** (مرز) پ. يەر، ئېكىن تېرىسا بولىدىغان يەر، ئاۋات يەر، چېگرىدىكى يەرلەر (ۋىلايەت: مەملىكەت): مەرزۇ بوم — مەملىكەت، تېررىتورىيە.

**مەرزا** (مرضا) ئ. "مەرىز" نىڭ كۆپلۈكى.

**مەرزبان** (مرزبان) پ. چېگرا رايونلار ھۆكۈمدارى؛ چېگرا قورۇقچىسى، چېگرا جەڭچىسى.

**مەرزدار** (مرزدار) پ. چېگرا جەڭچىسى؛ چېگرا مۇداپىئە قوشۇنى.

**مەرزەن** (مرزن) پ. چاشقان.

**مەرزۇق** (مرزوق) ئ. رىزىقلانغان، تۇرمۇشى كاپالەتلەنگەن؛ بەختلىك، تەلەيلىك.

**مەرسات** (مرسات) ئ. غارغالتا، پورت، پىرىستان، كېمە توختايدىغان جاي.

**مەرسەد** (مرصد) ئ. رەسەتخانا، يۇلتۇزخانا، ھاۋا رايى ئىستانسىسى، كۈزەتخانا، كۈزىتىش ئورنى؛ مۆكۈش ئورنى، پاناجاي.

**مەرسىيە** (مرثيه) ئ. ئۆلگەن كىشىگە بېغىشلاپ يېزىلغان مۇڭلۇق كۈي، شېئىر، نەسر.

**مەرسۇل** (مرسول) ئ. ئەۋەتىل-
گەن، ئەلچى. م: مەرسۇل
مەكتۇبىڭىز تېگىلدى.

**مەرسۇم** (مرسوم) ئ. رەسىم
قىستۇرۇلغان، رەسىملىك؛
ئادەت بولۇپ قالغان؛ ئۆرپ -
ئادەت؛ مائاش؛ بۇيرۇق؛
خەت - ئالاقە.

**مەرغ** (مرغ) ئ. ئوت، چۆپ؛
ئۆيلەڭ، چىمەن.

**مەرغزار** (مرغزار) پ. ئوتلاق،
يايلاق، چىمەنزار.

**مەرغۇب** (مرغوب) ئ. خۇش
كۆرۈلگەن، مەقبۇل، ئارزۇ
قىلىنغان؛ سۆيەتلىك، ئەلا
دەرىجىلىك؛ راۋان. قىزىق،
يېقىملىق، سۆيۈملۈك. م: بەك
مەرغۇب — يېقىشلىق.

**مەرغۇبىيەت** (مرغوبيت) ئ.
ئەلا سۈپەت، خېرىدارلىق.

**مەرغۇل** (مرغول) ئ. چىرمال-
غان؛ جىڭگىلەك چاچ.

**مەرق** (مرق) ئ. سانجىماق،
تىقماق؛ يۇگۈزىلىماق.

**مەرقەد** (مرقد) ئ. ئۇخلاي-
دىغان جاي؛ ياتىدىغان جاي؛
كارۋات؛ قەۋرە، مازار، گۆر.

**مەرقۇم** (مرقوم) ئ. يېزىلغان،
رەقەملەنگەن. يۇقۇرىدا
ئېيتىلغان، بايان قىلىنغان،
سۆزلەنگەن.

**مەرفۇئ** (مرفوع) ئ. يۇقۇرى
كۆتىرىلگەن.

**مەركەب** (مركب) ئ. ئۇلاق،
مىنىلىدىغان هايۋان (ئات،
خېچىر، تۆگە).

**مەركەز** (مركز) ئ. مەركەز،
ئوتتۇرىلىق؛ بازا، باش
ئىشتاب؛ تۇرغۇچ، بېكەت؛
پايتەخت.

**مەركوز** (مركوز) ئ. قادال-
غان، تىكىلگەن، ئورنىتىلغان؛
تىكلەنگەن، تۇرغۇزۇلغان؛
پۇختا، مۇستەھكەم.

**مەرگ** (مرك) پ. ئۆلۈم،
ئەجەل.

**مەرگبار** (مركبار) پ. ئەجەل-
لىك.

**مەرى** (مرى) ئ. قىزىل
ئۆڭگەچ.

**مەرىز** (مرض) ئ. ئاغرىق،
كېسەل، چاقا، ئىللەت، دەرد؛

ئاچىز: مەرىزخانە — دوخ-
تۇرخانا؛ مەرىزە — ئاغرىق
ئايال.

**مەرىس** (مرس) ئ. تەجرىبە-
لىك كىشى.

**مەرد** (مرد) ئ. ئادەم، كىشى،
ئىنسان.

**مەرئا** (مرعا) ئ. ئوتلاق،
يايلاق، چىمەنلىك.

**مەرئات** (مرآت) ئ. ئەينەك
كۆزگۈ.

**مەرئى** (مرئى) ئ. كۆرۈنە-
دىغان، كۆزگە ئېلىنىدىغان.

**مەرئى** (مرعى) ئ. رىئايە
قىلىنغان، ئېتىۋارغا ئېلىنغان.

**مەرئىيات** (مەرئىيات) ئ. كۆز
بىلەن كۆرۈلگەن نەرسىلەر.

**مەرەز** (مرض) ئ. "مەرىز"گە
قاراڭ.

**مەرەس** (مرس) تايغان بوي-
نىغا باغلىنىدىغان تاسما.

**مەرەق** (مرق) پ. شورپا:
مەرەقى جوشان — قايناپ
تۇرغان شورپا.

**مەرەل** (مرل) غالجاق (كى-
يىكنىڭ چىشىسى).

**مەرەممەت** (مرمت) تۈزەت-
مەك، ئوڭلىماق، رېمونت.

**مەرمەر** (مرمر) ئ. مەرمەر
تاش.

**مەرمۇز** (مرموز) ئ. توپ-
توغرا ئېيتىلماي، ئىشارەت
بىلەن بىلدۈرۈلگەن، چۈشەن-
گىلى بولمايدىغان.

**مەرمۇزات** (مرموزات) ئ.
يوشۇرۇن بەلگە، مەخپى-
سان.

**مەرۋا** (مروا) ئ. خۇش-
خەۋەر، ياخشىلىق.

**مەرۋى** (مروى) ئ. كۆچۈرۈپ
سۆزلەنگەن، نەقىل، رىۋايەت.
م: بۇ سۆز پەيغەمبەردىن
مەرۋى.

**مەرۋەھە** (مروحه) ئ. يەلپۈ-
گۈچ.

**مەززاھ** (مزاح) ئ. چاقچاق-
چى، مازاقچى، ھەزىلچى.
قىزىقچى.

**مەزاھىب** (مزاهب) ئ.
"مەزھەب"نىڭ كۆپلۈگى.

**مەزاھىر** (مظاهر) ئ. "مەز-
ھەر"نىڭ كۆپلۈگى.

**مەزاد** (مزاد) ئ. كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش، بىر مالنى كىم ئارتۇق پۇل بەرسە شۇنىڭغا سېتىش.

**مەزار** (مزار) ئ. مازار، زىيارەت ئورنى، قەۋرە يەرلىك مۇقەددەس جاي.

**مەزارات** (مزارات) ئ. "مەزار"نىڭ كۆپلۈگى.

**مەزارستان** (مزارستان) ئپ. مازارلىرى بولغان يەر، زىيارەتلىك، قەبرىگاھلىق، يەۋپىشى، مەقبەرە.

**مەزارئ** (مزارع) ئ. ئېكىنزار، تېرىلغۇلۇق، تېرىلغان يەرلەر.

**مەزالىم** (مظالم) ئ. مەزلۇملار، ھەقسىزلىقلار.

**مەزامىر** (مزامر) ئ. مىزمارلار، ئويۇن قورااللىرى، قوراي ۋە قوبۇزلار (بىرلىگى "مىزمار").

**مەزبۇت** (مضبوت) ئ. يېپىشىپ، چاپلىشىپ تۇرغان، چىڭ ساقلانغان نەرسە؛ مەھكەملەنگەن، مۇستەھكەم، بېكىتىلگەن؛ ئېلىنغان، قولغا كىرگۈزۈلگەن؛ خاتىرىدە ساقلانغان.

**مەزبۇھ** (مذبوح) ئ. سويۇلغان، يېيىش ئۈچۈن سويۇلغان مال.

**مەزبۇر** (مزبور) ئ. ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، كەچكەن، زىكرى قىلىنغان، يۇقۇرىدا ئېتى يېزىلغان؛ مەزكۇر.

**مەزبەھ** (مذبح) ئ. ماللارنى بوغۇزلايدىغان ئورۇن.

**مەزبەلە** (مزبله) ئ. ھاجەتخانا؛ ئەخلەتخانا.

**مەزج** (مذج) ئ. ئارىلاشتۇرماق، ئارىلاشماق: مەزج تاپماق — ئارىلاشماق.

**مەزھەب** (مذهب) ئ. ماڭار يول، بارىدىغان يول، بارىدىغان يەر، مەسلەك، تەرىق؛ ئىشەنمەك؛ ئەقىدە قىلىنىدىغان نەرسە؛ كۆتەك، يىلتىز؛ ئىلىم ۋە پەلسەپىدە تۇتقان يول، دىن.

**مەزھەر** (مظهر) ئ. تاشقى كۆرۈنۈش، سىرت، ھادىسە؛

ئېپادە، كەۋدىلىنىش؛ كۆز قاراش.

**مەزرەئە** (مزرعه) ئ. ئېتىز، يەر، تېرىلغۇ يېرى؛ تېرىقچىلىق.

**مەزرۇئ** (مزرع) ئ. تېرىلغان؛ تېرىلغۇ يەر، زىرائەت.

**مەزرۇئات** (مزروعات) ئ. "مەزرۇئ"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەزىد** (مزيد) ئ. ئارتۇق، كۆپەيگەن، كۆپ.

**مەزىيەت** (مزيت) ئ. ئارتۇقلۇق، پەزىلەت، خاسىيەت.

**مەزە** (مزه) ئ. مەزە، تەم، تېتىق. كۆچ: زوق؛ ياپتا گەپ؛ گەزەك، زاكۇسكا.

**مەزەدار** (مزەدار) ئپ. مەززىلىك، تاتلىق؛ قىزىق، زوقلىنارلىق.

**مەزەررەت** (مضرت) ئ. زىيان، زەرەر.

**مەزەللەت** (مذلت) ئ. تۆۋەنلىك، خورلۇق، كەمسىتىلىش، خارلىنىش. ئەرزىمەس. م: ئۆزىنى ئۆزى مەزەللەتكە چۈشۈردى.

**مەزەممەت** (مذمت) ئ. ئەيىپلىمەك، جىملىمەك؛ تۆھمەت، قارا، يالا.

**مەزمۇم** (مزموم) ئ. خارلانغان، سۆكۈلگەن.

**مەزنۇن** (مظنون) ئ. شەكلەنگەن، گۇمانلىق.

**مەس** (مس) ئ. بېرىلىش، تېگىش، باغلىنىش، ۋاقى بولۇش. م: مېنى بىر ھاجەت مەس ئەتتى.

**مەسائ** (مساء) ئ. كەچ، ئاخشام: سۇبھە ۋە مەسا — ئەرتە ۋە كەچ.

**مەسابە** (مثابه) ئ. ئوخشاش، باراۋەر، دەرىجە، ھالەت.

**مەسابىھ** (مصابيح) ئ. چىراقلار، مەشئەللەر (بىرلىكى "مسباه").

**مەساجىد** (مساجد) ئ. "مەسچىد"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەسساھ** (مساح) ئ. يەر ئۆلچىگۈچى، تاناپچى.

**مەساھە** (مساحه) ئ. نەرسىنىڭ ئۈستىنىڭ كەڭلىكى ۋە شۇ كەڭلىكنى ئۆلچەش.

**مەساھىپ** (مصاحف) ئ. "سەھىپە"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەساھەت** (مساحت) ئ. يەر ئۆلچەش، تاناپلاش.

**مەسارىپ** (مصارف) ئ. "سەرپ"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەساپ** (مصاف) ئ. جەڭ، ئېلىشىش، ئۇرۇش؛ جەڭ مەيدانى؛ ئەسكەر سېپى.

**مەساپەت** (مسافت) ئ. مۇساپە. ئارىلىق؛ ئۇزاق يول، يىراقلىق.

**مەسافات** (مسافات) ئ. "مەسافە"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەساكىن** (مساكن) ئ. مىسكىنلەر، پېقىرلەر، بىچارىلەر؛ تۇرىدىغان ئورۇنلار، ھويلىلار، ئاقامەتگاھلار.

**مەسائى** (مساعى) ئ. "سەئى" نىڭ كۆپلۈكى.

**مەسائىب** (مصائب) ئ. مۇسىبەت"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەسائىل** (مسائل) ئ. "مەسىلە"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەسالىب** (مسالب) ئ. "مەسلەب"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەسالىھ** (مصالح) ئ. "مەسلىھەت"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەسالىك** (مسالك) ئ. "مەسلەك"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەسامات** (مسامات) ئ. ئۇششاق تۆشۈكلەر.

**مەسبۇق** (مسبوق) ئ. ئارقىدا قالغان.

**مەست** (مست) پ. مەس، مەس بولغان، ئەسرۈك، ئەسرىگەن، خۇدىنى يوقاتقان، ھېچ نەرسىنى بىلمەسلىك: مەستى لايەقەل — قاتتىق مەس، خۇدىنى بىلمەيدىغان مەس.

**مەستان** (مەستان) پ. مەست بولغۇچى، خۇمارى، بېرىلگۈچى.

**مەستۇر** (مستور) ئ. يوشۇرۇلغان، پەردىلەنگەن، قاپلانغان، مەخپى، كىشىگە كۆرۈنمەس، بېكىتىلگەن، يېپىق، يېپىلغۇچى: مەستۇرە خوتۇن — كىشىگە كۆرۈنمەس خوتۇن.

**مەستۇر** (مسطور) ئ. رەتكە تىزىلغان، سىزىلغان، يېزىلـ

غان، قۇرلارغا كۆچۈرۈلگەن.

**مەسھ** (مسح) ئ. قول بىلەن سىپاش، قول سۈرتۈش، تەرەت ئالغاندا باشنى يۇيۇش. قول بىلەن سىپاش.

**مەسھوب** (مصحوب) ئ. ھەمسۆھبەت، بىرگە يۈرگۈچى.

**مەسھۇر** (مسحور) ئ. سېھىرلەنگەن، جادۇ قىلىنغان، كۆزى باغلانغان.

**مەسخ** (مسخ) ئ. شەكلى ئۆزگىرىپ، خۇنۇك تۇسكە كىرىپ قالماق.

**مەسخەرە** (مسخره) ئ. زاڭلىق قىلماق، ھاقارەتلىمەك، خورلىماق.

**مەسدود** (مسدود) ئ. توسالغان، باغلانغان، چەكلەنگەن.

**مەسرور** (مسرور) ئ. سۆيۈنگەن، شاد، شادلانغان، خۇشال بولماق. م: سالامەتلىكىڭىزنى ئىشىتىپ بەك مەسرۇر بولدۇم.

**مەسرۇرىيەت** (مسروريت) ئ. خۇشاللىق، سۆيۈنۈشلۈك، شادلىق، قۇۋانچ.

**مەسرۇق** (مسروق) ئ. ئوغرىلانغان، ئوغرىلاپ ئېلىنغان.

**مەسروف** (مصروف) ئ. سەرپ قىلىنغان ئاقچا، چىقىم.

**مەسرۇئ** (مصروع) ئ. قان توختاش، ئېسىدىن كېتىش قاتارلىق زەخمەتلەرگە يولۇققان كىشى.

**مەسقۇت** (مسقوط) ئ. تاشلانغان، چىقىرىۋېتىلگەن، ساقىت قىلىنغان.

**مەسقۇل** (مصقول) ئ. يالتىرىتىلغان، سىلىقلانغان.

**مەسكۇن** (مسكون) ئ. كىشى تىرىكچىلىك قىلغان يەر، تۇرار جاي، ئولتۇراقلىشىشقا يارارلىق.

**مەسكەن** (مسكن) ئ. تۇرار جاي، ئۆي، قورو.

**مەسىھ** (مسيح) ئ. سىيلىغۇچى؛ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى.

**مەسىھا** (مسيحا) ئ. يۇقۇرددىكىگە ئوخشاش.

**مەسىر** (مسير) ئ. كۆڭۈل

ئېچىپ يۈرىدىغان يەر، كەيپ
قىلىش ئورنى، تاماشا جايى.
**مەسەررەت** (مسرت) ئ. شاتـ
لىق، سۆيۈنـچ. مەسەررەت
بەخش ــ سۆيۈندۈرگۈچ.
**مەسەل**[1] (مثل) ئ. مىسال،
ئوخشىتىش، ئوخشاش.
**مەسەل**[2] (مثل) ئ. ماقال؛
مەسەل: بىرەر مەقسەتنى
چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كەلـ
تۈرۈلگەن قىسسە، ھېكايە؛
مەسەل بولماق ــ ئاغىزغا
تۈشمەك؛ شۆھرەتلەنمەك؛
ئۆرنەك بولماق.
**مەسئەلە** (مسئله) ئ. سوئال
قويۇلۇپ جاۋابى كۈتۈلگەن
ئىش؛ ئەھمىيەتلىك ھال.
**مەسئەلەت** (مسئلت) ئ.
ئىلتىماس.
**مەسئۇد** (مسعود) ئ. بەختـ
لىك، سائادەتلىك، بەختىيار،
راھەتلىك.
**مەسئۇدىيەت** (مسعوديت) ئ.
بەختىيار، بەختلىك.
**مەسلەبە** (مسلبه) ئ.
جىملىمەك، ئەيىبلىمەك،

قارىلىماق.
**مەسلەك** (مسلک) ئ. غايىۋى
يول، رەۋىش، رەفتار.
**مەسلوب** (مسلوب) ئ. ئاجرىـ
تىپ تاشلانغان، ئاجرىتىۋېـ
تىلگەن.
**مەسلۇك** (مسلوك) ئ. قوللانـ
ماق، تۇتماق.
**مەسمۇئ** (مسوع) ئ. ئاڭلانغان،
ئېشىتىلگەن، قۇلاققا كىرگەن.
**مەسمۇم** (مسموم) ئ. ئوغلانـ
غان، زەھەرلەنگەن.
**مەسنا** (مثنا) ئ. ئىككىنچى.
**مەسنەد** (مسند) ئ. يۈكسەك
دەرىجە، ئورۇن؛ تەخت؛
ھۆكۈمرانلىق ئورۇن؛ تايانچ؛
مەسنەد نەشىن ــ يۈلەنچۈكتە
ئولتۇرغۇچى، يۇقۇرى ئورۇندا
تۇرغۇچى، ئەمەلدار.
**مەسنەۋى** (مثنوى) ئ. ئىككى،
ئىككىلىك (ھەر ئىككى
مىسراسى قاپىيداش بولغان
شېئىرىي ئەسەر).
**مەسنۇئ** (مصنوع) ئ. ئىشلەنـ
گەن، ھۈنەر بىلەن ياسالغان،
تۈزۈلگەن.

**مەسنۇئات** (مصنوعات) ئ. ياسالغان نەرسىلەر، ھۈنەر بىلەن ئىشلەنگەن نەرسىلەر.

**مەسنۇن** (مسنون) ئ. سۈننەت قىلىنغان، ئادەت بولغان.

**مەسۇن** (مصون) ئ. ساقلانغان، ساقلاش.

**مەشاھىر** (مشاهير) ئ. "مەشھۇر"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەشاغىل** (مشاغل) ئ. مەشغۇلاتلار، ئىشلار، كۈچلەر، خىزمەتلەر (بىرلىكى "مەشغەلە").

**مەشايىخ** (مشايخ) ئ. شەيخلەر، دىن ئالىملىرى، مەشھۇر ئىشانلار (بىرلىكى "شەيخ").

**مەشائىل** (مشاعل) ئ. "مەشئەل"نىڭ كۆپلۈكى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: تەفەررۇج گاھى سۈئىتۈك قىلغالى بىلدىم كەۋاكىبدىن، مەشائىل ياندۇرۇپ تۈن كىچەلەردە گۈنبەزى خەزرا. (زەلىلى)

**مەشام** (مشام) ئ. دىماغ، بۇرۇن، بىر نەرسىنى بۇراش ئورنى، بۇرۇن تۆشۈكى.

**مەششات** (مشاط) ئ. ياسىنىش، تارىنىش.

**مەششاتە** (مشاطه) ئ. چاچ تارىغۇچى، بېزىگۈچى، پەدەزلىگۈچى.

**مەشت** (مشت) ئ. تولۇق: قوپال، يىرىك.

**مەشتەھىر** (مشتهر) ئ. ئاتاقلىق، داڭلىق، مەشھۇر.

**مەشھەد** (مشهد) ئاتۇشتىكى بىر يېزا، مەيشەت. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: كاشغەر زەمىنى ئىچرە ئەيلەسەڭ سەفەر يارا، بارغالى زىھى مەشھەد، تۇرغالى تىبجەن. (زەلىلى)

**مەشھۇد**[1] (مشهود) ئ. كۆزگە كۆرۈنگەن.

**مەشھۇد**[2] (مشهود) ئ. بىرەر كىشىنىڭ شېھىت بولغان جايى ياكى ئۇنىڭ كۆمۈلگەن جايى.

**مەشھۇن** (مشحون) ئ. تولۇق، تولغان، لىق؛ تۈزۈلگەن.

**مەشرۇب** (مشروب) ئ. ئىچە-

ئىچىلىدىغان نەرسە، ئىچىملىك.
مەشرۇب خور — مەس،
ھاراقكەش.

**مەشرۇبات** (مشروبات) ئ.
ئىچىلىدىغان نەرسىلەر، ئىچىم-
لىكلەر.

**مەشرۇت** (مشروط) ئ.
شەرت قىلىنغان .م: ئىلىملىك
بولۇش ئىجتىھات بىلەن
مەشرۇتتۇر.

**مەشرۇتىيەت** (مشروطيت) ئ.
ئاساسىي قانۇن؛ بىر خىل
ھاكىمىيەت تۈزۈمى.

**مەشرۇھ** (مشروح) ئ. شەرھى-
لەنگەن، چۈشەندۈرۈلگەن،
ئىزاھلانغان، تەرىپلەنگەن.

**مەشرۇئ** (مشروع) ئ. شەرى-
ئەتكە ئۇيغۇن، مۇۋاپىق
ئىش، قانۇنىي ئىش: نامەش-
رۇئ — شەرىئەتكە دۇرۇس
بولمىغان، قانۇنىي بولمىغان
ئىش.

**مەشرىق** (مشرق) ئ. كۈنچى-
قىش، كۈنتوغار، چىقىش،
شەرق: مەشرىق زەمىن —
شەرق ئەللىرى.

**مەشرەب** (مشرب) ئ. تەبىئەت
ئادەت، خۇلق، رەۋىش:
ھال. م: گۈزەل مەشرەبلىك
كىشى.

**مەشغۇف** (مشغوف) ئ. بىرەر
ئىشقا ھەددىدىن ئارتۇق
بېرىلگەن.

**مەشغەلە** (مشغله) ئ. ئىش،
كۈچ، خىزمەت، مەشغۇلىيەت.

**مەشكۇر** (مشكور) ئ. شۈكۈر
ئېتىلگەن، شۈكۈر ۋە ھەمدۇ
ئېتىشقا لايىق.

**مەشكۇك** (مشكوك) ئ. شۈبھ-
ىلىك، شەكلىك، گۇمانلىق.

**مەشق** (مشق) ئ. يېزىق
كۆچۈرگۈچى، ھۆسنخەت
نەمۇنىسى، گۈزەل يېزىق
ئۆرنىكى؛ يېزىشقا قول
كۆندۈرمەك.

**مەشى** (مشى) ئ. يۈرۈش،
ياياق مېڭىش، ھەرىكەت
قىلىش.

**مەشىيەت** (مشيت) ئ. تىلەك،
ئىستەك، ئىرادە، ئارزۇ.

**مەشئەر** (مشعر) پ. سەزگۈ،
تۇيغۇ، ئەقىل، ئەقلىي كۈچ.

**مەشئەلە** (مشعله) ئ. ئوت- قاش، چىراق، يورۇقلۇق ("مەشئەل"گە ئوخشاش).

**مەشئۇق** (مشعوق) ئ. ھەددى- دىن ئارتۇق سۆيگەن، بېرىل- گەن؛ شاد، خوشال.

**مەشئۇم** (مشئوم) ئ. شۇم، ئوگمىغان، بەختسىز ئىش؛ ياۋۇزلۇق.

**مەشلۇل** (مشلول) ئ. پالەش، پۇت-قولى تۇتماس.

**مەشمۇل** (مشمول) ئ. ھەممە ياقتىن قورشالغان، ئوراپ ئېلىنغان، ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**مەشمۇم** (مشموم) ئ. ھىدلىق، يىقىملىق نەرسە.

**مەشمۇمات** (مشمومات) ئ. ھىدلىق نەرسىلەر.

**مەشۇرەت** (مشورت) ئ. كېڭەش، كېڭەشىش، مەسلىھەت، مەسلىھەتلىشىش.

**مەغارە** (مغاره) ئ. غار، ئورا، ئوپۇر.

**مەغاربە** (مغاربه) ئ. غەرپلىكلەر.

**مەغازە** (مغازه) ئ. دۇكان، شىركەت.

**مەغاق** (مغاق) ئ. چوڭقۇر، چوڭقۇرلۇق، قېزىلغان يەر.

**مەغبۇن** (مغبون) ئ. ئالدان- غان، زىيان تارتقان (سودىدا)؛ مەغبۇنلۇق — ئالدانغانلىق، زىيان تارتقانلىق.

**مەغرىب** (مغرب) ئ. كۈنپا- تار، كۈنپېتىش، غەرب؛ كەچقۇرۇن، ئاخشام: سالاۋە- تۇلمەغرىب—ئاخشام نامىزى؛ مەغرىب زەمىن — غەرپ ئەللىرى، غەرپ.

**مەغرۇرىيەت** (مغروريت) ئ. مەغرۇرلۇق، ئالدىنىپ يۈرۈش، ماختىنىپ يۈرۈش، كىبىرلىنىش.

**مەغرۇق** (مغروق) ئ. سۇغا چۆكۈپ ئۆلگەن، غەرق بولغان.

**مەغز** (مغز) پ. مىڭە، كۆچ؛ ئەقىل؛ ئىلىك، ئۆزەك: بى مەغز — ئەقىلسىز، مېڭىسىز.

**مەغزۇب** (مغضوب) ئ. غەزەپ ئاستىدا قالغان.

**مەغسۇب** (مغصوب) ئ. ئوغ-

رىلانـغان، ئوغرىـلاپ كېتىلـ-
گەن، بۇلاپ كېتىلگەن.

**مەغشۇش** (مغشوش) ئ. ئارىـ-
لاش، چىگىـش، قالايمىقان.

**مەغفىرەت** (مغفرت) ئ. ئەپـ-
ۋۇ قىلىـش، كەچۈرۈش،
يارىلقاش، گۇناھىدىن ئۆتۈش،
رەھىم قىلىش.

**مەغفۇر** (مغـفـور) ئ. گۇناھى
ئەپۇ قىلىنغان، مەغـفىـرەت
قىلىنغان، كەچۈرۈلگەن.

**مەغلۇت** (مغـلوط) ئ. خاتا،
يېڭىلىش.

**مەغلۇق** (مغـلوق) ئ. يېپىق،
ئېتىك.

**مەغلۇل** (مغلول) ئ. كىـشەنـ-
لەنـگەن، بويـنىغا زەنـجىر
سېلىنغان.

**مەغمۇم** (مغموم) ئ. غەملىك،
قايغۇلۇق، غەمكىن.

**مەغمۇنىيەت** (مغـمونيت) ئ.
غەم، قايغۇ، مۇڭ.

**مەقابىر** (مقابر) ئ. مەقـبەرەـ-
لەر، قەبـرىـلەر (بىرلـىگـى
"مەقبەرە").

**مەقادىر** (مقادير) ئ. ئىمـكاـ-
نىيەت؛ تەقدىر، پۈتمىش.

**مەقاسىد** (مـقاصـد) ئ. مەقـ-
ـسەتلەر، تىـلەك ۋە ئارزۇلار
(بىرلىگى "مەقسەد").

**مەقال** (مـقال) ئ. سـۆز،
نۇتۇق: گۈنگى مەقال‍ـ‍ـ‍ـكاچا،
سۆزلىيەلمەيدىغان.

**مەقالات** (مـقالات) ئ. ماقالەـ-
لەر، نۇتۇقـلار، سـۆزلەر؛
باپلار.

**مەقالە** (مقاله) ئ. سۆز، ماقالە،
يازمـا، نۇتـۇق، بىر نەرسە
توغـرىـسىدا يېزىلـغان ياكى
سۆزلەنگەن نەرسە؛ باپ.

**مەقالەت** (مقالت) ئ. سۆزلەـ-
شىش، پاراڭلىشىش، گەپلەـ-
شىش.

**مەقام** (مقام) ئ. ئورۇن، تۇرـ-
غان يەر، ماكان؛ ئىـدارە،
ئورگان؛ مەنزىل؛ دەرىـجە،
مەنـسەپ، ئۇنـۋان؛ مۇقام،
كـۈي، ئاھـاڭ، جىر: مەقام
سەلتەنەت ــ خانلىق ئورنى؛
مەقام ئەتمەك ــ بىر جايـدا
تۇرۇپ قالـماق، ياشـىماق؛
مەقام تاپماق ــ ئورناشماق؛

مەقام نەۋھە ــ ماتەم كۈيى،
يىغا كۈيى: مەقام خىل-
ۋەت ــ خىلۋەت جاي،
بىكىنىلىدىغان جاي.

**مەقامات** (مقامات) ئ. مەقام-
لار: ھۆكۈمەت دائىرىلىرى
(بىرلىكى "مەقام").

**مەقبۇز** (مقبوض) ئ. قولغا
چۈشۈرۈلگەن، ئېلىنغان؛
ئاۋلانغان؛ باغلانغان.

**مەقبۇل** (مقبول) ئ. قوبۇل
قىلىنغان، خۇش كۆرۈلگەن،
قايتۇرۇلمىغان، ماقۇل
كۆرۈلگەن، ياقتۇرۇلغان.

**مەقبەرە** (مقبره) ئ. قەبرىلىك،
قەبرىستان، مازارلىق، تۇپراق
بېشى، باساغا.

**مەقتەئ** (مقطع) ئ. شېئىرىي
ئەسەرنىڭ ئاخىرقى بېيىتى،
چۈشۈرگۈسى، تۈگەللىمە.

**مەقتەل** (مقتل) ئ. دارتېگى،
ئۆلتۈرۈلىدىغان جاي.

**مەقتۇئ** (مقطوع) ئ. كېسىل-
گەن، كېسىك؛ ئۈلچەمسىز،
ئۈلچەنمىگەن.

**مەقتۇل** (مقتول) ئ. ئۆلتۈ-
رۈلگەن، قەتل قىلىنغان، م:
يول ئۈستىدە بىر مەقتۇلنىڭ
گەۋدىسى يېتىپتۇ.

**مەقھۇر** (مقهور) ئ. يېڭىلگەن،
مەغلۇب بولغان، بويسۇندۇ-
رۇلغان، قەھرى-غەزەپكە
ئۇچرىغان.

**مەقدەم** (مقدم) ئ. بىرەر
جايدىن قايتىش؛ قەدەم
قويۇش؛ قەدەم قويغان جاي
ۋە پەيت.

**مەقدۇھ** (مقدوح) ئ. جىمە-
لەنگەن، ئەيىبلەنگەن.

**مەقدۇر** (مقدور) ئ. ئىمكانى-
يەتلىك، قولىدىن كېلىدىغان،
قۇدرەت، مۇمكىنچىلىك.

**مەقرۇز** (مقروض) ئ. قەرز-
دار بولغان، قەرزدار.

**مەقرۇن** (مقرون) ئ. يېقىن-
لاشقان، يېقىن؛ قوشۇلغان،
ياندىشقان: قوشما، بىرىككەن.

**مەقرۇنىيەت** (مقرونيت) ئ.
باغلىنىش، يېقىنلىق.

**مەقسىم** (مقسم) ئ. تەقسىمات
ئورنى.

**مەقسۇد** (مقصود) ئ. مەقسەت

قىلىنغان، قەست ئېتىلگەن،
ئارزۇ ئېتىلگەن نەرسە.

**مەقسۇر** (مقصور) ئ. قىسقا،
كالتە، قىسقارتىلغان، چەك-
لەنگەن، چېگرىلانغان.

**مەقسۇم** (مقسوم) ئ. بۆلۈن-
گەن، تەقسىم قىلىنغان: مەق-
سۇم ئەتمەك — بۆلمەك،
تەقسىم قىلماق.

**مەقىس** (مقيس) ئ. قىياس
قىلىنغان، سېلىشتۇرۇپ
قارالغان.

**مەقەت** (مقط) ئ. قات (ئاددى
سوڭەكتىن ياكى پىل چىشىدىن
ياسالغان نەرسە بولۇپ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە قومۇش قەلەم-
نى قويۇپ، ئۇچى ئۇچلىنىدۇ
ۋە كېسىلىدۇ).

**مەقئەد** (مقعد) ئ. ئولتۇرۇش
ئورنى (تىبابەتچىلىكتە چوڭ
تەرەت چىقىرىش ئورنى
شۇنداق ئاتىلىدۇ).

**مەقەر** (مقر) ئ. قارارلىنىدى-
غان يەر، قارارگاھ، ئاقامەت-
گاھ: مەقەر ھۆكۈمەت — باش
شەھەر، پايتەخت.

**مەقلۇب** (مقلوب) ئ. ئۆزگەر-
تىلگەن، باشقا ھالغا كەلتۈ-
رۈلگەن، ئاغدۇرۇلغان، ئاس-
تىن-ئۈستۈن قىلىنغان.

**مەقلۇئ** (مقلوع) ئ. قومۇرۇل-
غان، ئېلىپ تاشلانغان.

**مەقۋا** (مقوا) ئ. كۈچلەندۈ-
رۈپ تۇرغۇچى نەرسە: كى-
تاب تېشى: مۇقاۋا (قېلىن
قەغەز، كۆن، چەم، قاتارلىق-
لاردىن قىلىنىدۇ).

**مەفاھىم** (مفاهيم) ئ. "مەف-
ھۇم"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەفاسىد** (مفاسد) ئ. "مەف-
سىد"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەفاسىل** (مفاصل) ئ. "مەف-
سىل"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەفتۇھ** (مفتوح) ئ. ئۇرۇشۇپ
ئېلىنغان، بويسۇندۇرۇلغان.

**مەفتۇن** (مفتون) ئ. بېرىل-
گەن، زوقلانغان، قىزىققان:
سېھىرلەنگەن، مۇپتىلا بولغان.

**مەفخەر** (مفخر) ئ. شان،
شۆھرەت: پەخىرلىنىش.

**مەفھۇم** (مفهوم) ئ. ئۇقۇم،
پەم، مەفھۇمەن بىلىنگەن

ئەرسە، پەملەنگەن، چۈشىنىل-
گەن.
**مەفھۇمات** (مفهومات) ئ.
"مەفاھىم"غا قاراڭ.
**مەفرەش** (مفرش) ئ. يەرگە
سېلىنىدىغان گىلەم، كىگىز.
**مەفرۇز** (مفروض) ئ. پەرز
قىلىنغان، بۇيرۇلغان.
**مەفرۇز** (مفروز) ئ. ئايرى-
ۋېتىلگەن، ئاجرىتىلغان.
**مەفرۇش** (مفروش) ئ. زىننە-
ئەتلەنگەن، كۆرپە - تۆشەك-
لەر سېلىنغان؛ بەلگىلەنگەن،
كۆرسىتىلگەن؛ قىياس قىلىن-
غان.
**مەفرۇق** (مفروق) ئ. پەرق
قىلىنغان، ئايرىلغان، ئايرىم.
**مەفرۇئ** (مفروع) ئ. تۆلەن-
گەن، قايتۇرۇلغان، بېرىلگەن.
**مەفسەدە** (مفسده) ئ. چە-
رىكلىك، چىرىكلىشىش.
**مەفسىل** (مفصل) ئ. بوغۇم،
ئايرىملىق، پەسىل
**مەفسەقە** (مفسقه) ئ. بۇزۇۋ-
چىلىق قىلىنىدىغان ئۆي.
**مەفسوخ** (مفسوخ) ئ. بۇزۇل-
غان، بىكار قىلىنغان، ئەمەل-
دىن قالدۇرۇلغان.
**مەفسۇخىيەت** (مفسوخيت) ئ.
بىكار قىلماق، مەنئى قىلماق.
**مەفقۇد** (مفقود) ئ. يوقالغان،
يوق.
**مەفكۇك** (مفكوك) ئ. ئاجرى-
تىلغان، بوشىتىلغان.
**مەفئۇل** (مفعول) ئ. ئىشلەن-
گەن، قىلىنغان، ياسالغان،
ئىتىلگەن.
**مەكاتىب**[1] (مكاتب) ئ. "مەك-
تۇب"نىڭ كۆپلۈگى.
**مەكاتىب**[2] (مكاتب) ئ. "مەك-
تەب"نىڭ كۆپلۈگى.
**مەكارىم** (مكارم) ئ. شان-
شەرەپلەر، ئالىجاناپلىق،
شەخسىيەتسىزلىك، مەردلىك-
لەر، ئارتۇقلۇقلار، ياخشىلىق-
لار، گۈزەللىكلەر؛ مەكارىم
ئەخلاق — كۆركەم خۇلۇقلار
(بىرلىگى "مەكرەم").
**مەكارە** (مكاره) ئ. بازار
(يېزا بازارلىرى).
**مەكاسىب** (مكاسب) ئ. "مەك-
سەب"نىڭ كۆپلۈگى.

**مەكائىد** (مـكائد) ئ. "مەكـ-
دە"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەكانەت** (مكانت) ئ. دەرى-
جە، ئۇنۋان.

**مەكتەپدار** (مكتب دار) ئپ.
ئوقۇتقۇچى، مۇئەللىم.

**مەكتۇبات** (مـكـتـوبات) ئ.
خەتلەر، نامىلار، مەكتۇپلەر،
يېزىپ ئەۋەتىلگەن پۈتۈكلەر.

**مەكتۇم** (مـكـتـوم) ئ. سىر
تۇتۇلغان، يوشۇرۇپ، مەخپى.

**مەكر** (مكر) ئ. قارا سانىماق،
ھىلىگەرلىك، خىيانەت، ۋاپا-
سىزلىق، ئالدام، بىراۋغا
ئاستىرتىن يامانلىق ئىشلە-
تىش.

**مەككارە** (مكاره) ئ. ھىلە-
گەر، ئالدامچى، مىكرى
قىلغۇچى.

**مەكروب** (مكروب) ئ. غەم-
كىن، قايغۇلۇق، مۇڭلۇق.

**مەكرۇھ** (مكروه) ئ. يىرگە-
نىچلىك، كۆڭۈل تارتمىغان،
نەپرەتلىك.

**مەكرۇھات** (مكروهات) ئ.
مەكرولار، كۆڭۈل تارتمىغان
ئىشلار.

**مەكرۇھىيەت** (مكروهيت) ئ.
غەم، قايغۇ.

**مەكرۇمەت** (مـكـرمـت) ئ.
ھۆرمەت، شەرەپ، ئىززەت؛
سەخىلىك، ئۇلۇغلۇق.

**مەكس** (مكث) ئ. توختاتماق،
تۇرۇپ قالماق.

**مەكسەب** (مكسب) ئ. پايدا،
ئىش ھەققى.

**مەكسۇر** (مكسور) ئ. يەنچىل-
گەن، سوقۇلغان، بىستچىت
قىلىنغان.

**مەكشۇف** (مكشوف) ئ. پاش
قىلىنغان، ئاشكارا قىلىنغان،
ئېچىلغان؛ ئوچۇق، كەشپ
ئېتىلگەن، مەلۇم.

**مەكفى** (مكفى) ئ. قانائەتلە-
نەرلىك، تولۇق، يېتەرلىك.

**مەكفۇف** (مكفوف) ئ. تاش-
لانغان، تەرك ئېتىلگەن.

**مەكىد** (مـكـد؛ مكـده) ئ.
مىكرى، ھىلە، ئالدام.

**مەكىن** (مـكـيـن) ئ. ئاھالە،
ئەلكۈن، ئولـتۇراقـلاشـقان
كىشىلەر.

**مەكەننەت** (مكنت) ئ. كۈچ، قۇۋۋەت، ئىقتىدار، كۈچ يەتمەك.

**مەكنۇز** (مكنوز) ئ. كۆمۈلگەن، يوشۇرۇلغان.

**مەكنۇن** (مكنون) ئ. يوشۇرۇن، يوشۇرۇنغان، بەك دىققەت بىلەن ساقلانغان نەرسە.

**مەكنۇنات** (مكنونات) ئ. يوشۇرۇنلۇق، مەخپىلىك.

**مەگەس** (مگس) پ. چىۋىن؛ مەگەس پەرانى — چىۋىن ئۆلتۈرۈش؛ بىكار تەلەت.

**مەڭ** (منک) يەم، دان، يەمەكلىك.

**مەڭىزلىگ** (منكيزليك) چىرايلىق.

**مەڭگىلىگ** (منككلىك) خۇشال، شاد، كۆڭۈللۈك، قۇۋانچلىق.

**مەئبەد** (معبد) ئ. ئىبادەت قىلىنىدىغان ئورۇن، ئىبادەتخانا، مەسچىت.

**مەئبەر** (معبر) ئ. ئۆتىلىدىغان يەر، كېچىك؛ يول؛ لەيلىمە كۆۋرۈك.

**مەئبۇد** (معبود) ئ. ئىبادەت قىلىنغان، قۇللۇق قىلىنغان.

**مەئبۇدىيەت** (معبوديت) ئ. مەئبۇدلۇق، تەڭرىلىك، خۇدالىق؛ مەئبۇدىيەت دەۋاسى قىلماق.

**مەئتەل** (معطل) ئ. توختىتىلغان، توختاپ قالغان.

**مەئتۇف** (معطوف) ئ. مايىل بولغان، ئىگىلگەن؛ قارىتىلغان، ئائىت بولغان؛ باغلىغۇچى سۆز ئارقىلىق باشقا سۆزگە باغلانغان.

**مەئجۇن** (معجون) ئ. مەجون، تۈرلۈك دورىلارنى ئۆۋاقلاپ، ئەپيۇن ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان خېمىرغا ئوخشاش دورا؛ ئارىلاشما، ئارىلاش-قۇرلاش.

**مەئجۇناك** (معجوناك) ئىپ. مەجونخور، مەجۇن كەيىپ قىلغان.

**مەئجەر** (معجر) ئ. پەنجىرە؛ نىقاپ.

**مەئھۇد** (معهود) ئ. مەلۇم،

بەلگىلىك، مەشھۇر؛ ئادەت؛ قەدىمكى.

**مەئدۇد** (معدود) ئ. سانالـغان، ساناقـلىق، بەلـگىلىك، چەكـلىك، سانغا كىرگۈزۈلـگەن.

**مەئدۇم** (معدوم) ئ. يوق، مەۋجۇت ئەمەس، يوقىتىلغان.

**مەئدە** (معده) ئ. ئاشقازان؛ مەيدە.

**مەئدەلەت** (معدلت) ئ. ئادالـەت، ھەققانىلىق.

**مەئدەن** (معدن) ئ. مەدەن، يەردىن چىقىدىغان تۆمۈر، ئالـتۇن، كۈمۈش، قوغۇشۇن قاتارلىق نەرسىلەر.

**مەئدەنى** (معدنى) ئ. مەدەنـلىك نەرسە.

**مەئدەنىيات** (معدنيات) ئ. مەدەن جۈملىسىدىن بولغان نەرسىلەر.

**مەئراج** (معراج) ئ. شوتا، پەلەمپەي؛ مۇھەممەت پەيـغەمبەرنىڭ كۆككە چىقىشى.

**مەئرىز** (معرض) ئ. "مەئـرەز"گە قاراڭ.

**مەئرىفەت** (معرفت) ئ. مەرىپەت، بىلىش، بىلىملىك بولۇش. بىلىم. ئىلىم، ھۈنەر، ماھارەت، سەنئەت.

**مەئرەز** (معرض) ئ. كۆرـگەزمە، كۆرگەزمىخانا.

**مەئرەكە** (معركه) ئ. مەيـدان، ئۇچۇقچىلىق، ئورتىـلىق، جەڭ مەيدانى؛ يىغىن.

**مەئرەكەكىر** (معركه‌كير) ئىپ. يىغىن ئارىسىدا سۆزـلىگۈچى؛ جەڭچى.

**مەئرۇف** (معروف) ئ. بىلىنـگەن، تونۇلـغان، مەشھۇر، ئاتانغان.

**مەئرۇز** (معروض) ئ. ئەرز ئېتىلگەن، كۆز ئالدىغا قويۇلغان، كۆرسىتىلگەن؛ ئەرز.

**مەئزىرەت** (معذرت) ئ. ئۆزرە ئېيتماق، كەچۈرۈم سورىماق.

**مەئزۇر** (معزور) ئ. ئەپۇ قىلىنغان، كەچۈرۈلـگەن؛ مەئزور تۇتماق — ئۆزرىنى قوبۇل قىلماق، گۇناھىنى كەچۈرمەك.

**مەئزۇل** (معزول) ئ. خىزمەتتىن بوشىتىلغان، چۈشۈرۈلگەن، ئېلىپ تاشلانغان.

**مەئسىيەت** (معصيت) ئ. گۇنالىق، گۇنا ئىش، گۇنا؛ ئىسيان، ئىسيانكارلىق، ئاسىلىق.

**مەئسۇر** (مأثور) ئ. يېزىپ قالدۇرۇلغان: ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن؛ خاتىرىلەشكە تېگىشلىك؛ ئىلھاملانغان، تەسىرلەنگەن.

**مەئسۇم** (مأثوم) ئ. جىنايەتچى؛ جىنايەتلىك، گۇناھلىق.

**مەئسۇم** (معصوم) ئ. مەسۇم، گۇناھى ئىشلاردىن ساقلانغان، پاك، بىگۇنا، گۇناھسىز: مەسۇم بالا — گۇناھسىز، پاك بالا.

**مەئسۇمە** (معصومه) ئ. قىز، پاك قىز.

**مەئسۇمىيەت** (معصوميت) ئ. گۇناھسىزلىق، پاكلىق.

**مەئشەر** (معشر) ئ. توپ، ئەلكۈن، جامائەت، جەمئىيەت، يىغىن، خەلق.

**مەئشۇق** (معشوق) ئ. مەشۇق، يار، سۆيۈملۈك، مەھبۇب.

**مەئقۇل** (معقول) ئ. ماقۇل، ئەقىلغا مۇۋاپىق، ئەقىل قوبۇل ئەتكەن، دورۇس: سۆزىڭىز مەئقۇلدۇر: بەك مەئقۇل ئىش.

**مەئقۇلات** (معقولات) ئ. ئەقىل ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن بىلىنىدىغان مەسىلىلەر، ئەقلىي بىلىملەر.

**مەئكۇس** (معكوس) ئ. ئەكسلەنگەن، يانىغان، تەسكىرى.

**مەئكۇل** (مأكل) ئ. يېمەكلىك، ئوزۇقلۇق.

**مەئكۇلات** (مأكولات) ئ. "مەئكۇل"نىڭ كۆپلۈگى.

**مەئفۇ** (معفو) ئ. كەچۈرۈلگەن، ئەپۇ ئېتىلگەن: ئۇنىڭ پۈتۈن كەمچىلىكلىرى مەئفۇدۇر.

**مەئىشەت** (معيشت) ئ. تىرىكلىك، ئۆمۈر كۆرمەك، ياشاش؛ تىرىكچىلىك ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەر.

**مەئىن** (معىن) ئ. ئاقىدىغان، ئاقار: مائى مەئىن—ئاقار سۇ.

**مەئيار** (معيار) ئ. ئۆلچەم، بەلگە.

**مەئيوب** (معيوب) ئ. ئەيىپ-لەنگەن، كەمچىلىكلىك، گۇ-نالىق، مېيىپ، مېيىپ بولغان.

**مەئىيەت** (معيت) ئ. بىرگە ۋە بىرلىكتە بولۇش، يولداش-لىق: ئۈچ يىل ئۇنىڭ مەئىيىتىدە بولدۇم.

**مەئيۇس** (معيوس) ئ. روھى چۈشكەن، كۆڭلى سۇنۇق، ئۈمىدسىز.

**مەئلۇف** (معلوف) ئ. ئۆگەن-گەن، ئادەتلەنگەن، ئۆلپەت-لەنگەن: مەئلۇف ئولماق — ئۆلپەتلەشمەك.

**مەئلۇل**[1] (معلول) ئ. ئىللەت-لىك، ساقسىز، ئاغرىق، كېسەل.

**مەئلۇل**[2] (معلول) ئ. ئاسا-لانغان، دەلىل ۋە ھۆججەت-لەر بىلەن كەلتۈرۈلگەن.

**مەئمەن** (مامن) ئ. ئامانلىق جايى، قورقۇنچسىز جاي، تىنچ جاي.

**مەئمۇر** (معمور) ئ. باياشات، گۈللىگەن، مولچىلىق؛ ئاۋات.

**مەئمۇرە** (معموره) ئ. ئاۋاتلىق؛ ئاۋات شەھەر، مەملىكەت؛ كۆچ؛ دۇنيا.

**مەئمورىيەت** (معموريت) ئ. مەمۇرلۇق، باياشاتلىق، ئاۋاتلىق.

**مەئمۇل** (معمول) ئ. ئەمەل قىلىنغان، ئىشلەنگەن، ياسال-غان: ئالتۇندىن مەئمۇل.

**مەئمۇل** (مأمول) ئ. كۈتۈل-گەن نەرسە: ئارزۇ قىلىنغان، ئارزۇ-تىلەك.

**مەئمۇن** (مأمون) ئ. ھىمايە ئاستىدىكى، ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغان.

**مەئنى** (معنى) ئ. مەنە، مەف-ھۇم، ئۇقۇم.

**مەئنەۋى** (معنوى) ئ. ماددى ئەمەس، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرمىغان، مەنىگە مەنسۇپ.

**مەئنەۋىيات** (معنويات) ئ. مەنىۋى ئىشلار، كۆزدىن يوشۇرۇن ئىشلار.

**مەئنۇس** (مأنوس) ئ. ئۈل-
پەت، ئۈگىنىپ قالغان،
ئۈگەنگەن، ئۈگىنىلگەن.
**مەئۇنەت** (معونت) ئ. يار-
دەم، ئىئانە.
**مەئۋا** (مأوا) ئ. باشپانا،
تۇرار جاي، ئورۇن: سەككىز
جەننەتنىڭ بىرى.
**مەي** (مى) پ. هاراق، ئىچكۈ-
لۈك. شاراپ: خېمىر.
**مەي پالا** (مى پالا) پ. مەي
سۈزگۈچ.
**مەيت** (ميت) ئ. ئۆلۈك،
جىنازە (كۆپلۈكى "ئەمۋات").
**مەيخارە** (ميخوارە) پ. هاراق-
كەش، مەيخور: مەيخارى-
لىق — هاراقكەشلىك.
**مەيدان** (ميدان) پ. كەڭ،
بوش ئورۇن، بوشلۇق.
**مەيروق** (ميروق) ئ. ئەگ-
رى - بۈگرى.
**مەيسور** (ميسور) ئ. ئوڭاي،
قولاي.
**مەيكەدە** (ميكدە) پ. "مەي-
خانا"غا قاراڭ.
**مەيگۈن** (ميگون) پ. مەي
رەڭ، قىزىل رەڭلىك.
**مەيل** (ميل) ئ. ھەۋەس،
تىلەك، ئارزۇ، بېرىلىش،
ئېغىش: تۈز تۇرماي، بىر
ياققا يانداپ تۇرۇش.
**مەييال** (ميال) ئ. بىر ئىشقا
بەك بېرىلىپ كەتكۈچى: بۇ
بالا ئويۇنغا بەك مەييال.
**مەيمۇن**[1] (ميمون) ئ. قۇت-
لۇق، مۇبارەك، بەختلىك،
راھەت، بەختىيار، بەركەتلىك.
**مەيمۇن**[2] (ميمون) ئ.
مايمۇن، بىچىن.
**مەيمەنەت** (ميمنت) ئ. بەخت-
لىكلىك، پاراۋانلىق، ياخشى
ياشاش، سائادەت، بەركەت:
بۇ ئىشتا مەيمەنەت بار.
**مەلائ** (ملاء) ئ. كۆپلۈك، تو-
لىلىق، زىچلىق: توپلىنىش،
جامائەت، كۆپچىلىك: توپ،
توپلام: ئەلى مەلا ئەنناس —
خەلق كۆز ئالدىدا.
**مەللاھ** (ملاح) ئ. كېمىچى،
قېيىقچى، كېمە بىلەن دېڭىز-
لاردا يۈرۈشنى بىلگۈچى.
**مەلاھەت** (ملاحت) ئ. يېقىم-

لىق، گۈزەللىك، تاتلىقلىق.

**مەلاز** (ملاذ) ئ. سىغىنىدىغان جاي.

**مەلائىك** (ملائك) ئ. مەلەك- لەر، پەرىشتىلەر: مەلىكىل مەۋت — ئۆلۈم پەرىشتىسى، جان ئالغۇچى پەرىشتە، ئەز- رائىل (بىرلىكى "مەلىك").

**مەلائىكە** (ملائكه) ئ. "مەلا ئىك"كە قاراڭ.

**مەلائىن** (ملاعين) ئ. لەنىتىلەر، لەنەتلەنگەنلەر (بىرلىكى "مەلئۇن").

**مەلال** (ملال) ئ. مالال، ئېغىر كەلمەك، ئاۋارە قىلماق، توسالغۇ بولماق، بىر نەرسىدىن كۆڭۈل تويماق.

**مەلالەت** (ملالت) ئ. مەلال- لىق، كۆڭۈلسىزلىك، ئېغىر- چىلىق، ئاۋارىچىلىق، كاشىلا.

**مەلامەت** (ملامت) ئ. ئەيىپ- لەش، كايىش، جىمىلەش: يامانلاش، قارىلاش.

**مەللە** (مله) ئ. سىرىققا مايىل رەڭ.

**مەلبۇس** (ملبوس) ئ. كىيىن- دۈرۈلگەن، كىيىلگەن. مەل- بۇبىيات — كىيىم - كېچەك، كىيىملەر.

**مەلبۇسات** (ملبوسات) ئ. كىيىلىدىغان نەرسىلەر، ئۆس- تىباش.

**مەلجا** (ملجا) ئ. ئىلتىجا قىلىنىدىغان ئورۇن، قېچىپ پانالىنىدىغان يەر، مەئۋا.

**مەلھۇز** (ملحوظ) ئ. مۇلاھىزە قىلىنغان، پىكىر قىلىنغان.

**مەلزۇم** (ملزوم) ئ. لازىم ئېتىلگەن.

**مەلفۇز** (ملفوظ) ئ. سۆزلەن- گەن، ئوقۇلغان، تەلەپپۇز قىلىنغان.

**مەلفۇق** (ملفوق) ئ. تۇرۇل- گەن، ئورالغان.

**مەلىھ** (مليح) ئ. تاتلىق: ئوچۇق، گۈزەل، چىرايلىق، يېقىملىق، مۇلايىم.

**مەلىك** (ملك) ئ. پادىشا، ھۆكۈمدار، سۇلتان، ئەمىر، شاھ، خان، ئەلىگ.

**مەلىكە** (ملكه) ئ. پادىشا خوتۇن، خوتۇن ھۆكۈمدار

ياكى پادىشانىڭ خوتۇنى،
خاتۇن، خانىش.

**مەلىكە** (ملكە) ئ. پىشماق،
پىشلىماق، پىشقان، بىر ئىشـ
نى كۆپ قېتىم ئىشلەپ ئۇستا
بولۇپ كەتمەك.

**مەلەكۇت** (ملكوت) ئ. پادىـ
شالىق، خانلىق، سەلتەنەت.

**مەلئۇن** (ملعون) ئ. لەنەت
قىلىنغان، لەنىتى، لەنەتكە
دۇچار بولغان، ياۋۇز.

**مەلۇل** (ملول) ئ. مالاللانـ
غان، بەزگەن، زېرىككەن،
يېلىققان، ئېرىنگەن: رەنجىـ
گەن، غەمكىن، قايغۇلۇق.

**مەلەل** (ملل) ئ. "مالال"غا
قاراڭ.

**مەمات** (ممات) ئ. مامات،
تۈگەش، ئۆلۈم، ھاياتلىقنىڭ
ئەكسى.

**مەمالىك** (ممالك) ئ. مەملىـ
كەتلەر، شەھەرلەر: ھۆكۈمەتـ
لەر يەرلىرى. مەمالىك ئەجـ
نەبىيە — چەت پادىشالىقلار.

**مەمھۇر** (ممهر) ئ. تامغىلانـ
غان، مۆھۈرلەنگەن، پېچەتـ
لەنگەن.

**مەمدۇھ** (ممدوح) ئ. مەدھىيەـ
لەنگەن، ماختالغان.

**مەمدۇد** (ممدود) ئ. سوزۇلـ
غان، ئۇزارتىلغان.

**مەمەر** (ممر) يۇرۇپ ئۆتىلەـ
دىغان جاي، يول، ئۆتەر
يول.

**مەمزوج** (ممزوج) ئ. ئارىـ
لاشقان، ئارىلاش: مەي مەمـ
زوج — باشقا مەيگە ئارىلاشـ
قان مەي.

**مەملۇ** (مملو) ئ. تولغان،
تولۇق: بۇ چىلەك سۇ بىلەن
مەملۇدۇر.

**مەملۇك** (مملوك) ئ. بىراۋـ
نىڭ ئىلكىدە بولغان، ئىگەـ
لەپ ئېلىنغان: بىراۋنىڭ
مۈلكى، مىلى: قۇل، ئەسىر،
بەندە.

**مەملۇكىيەت** (مملوكيت) ئ.
قۇللۇق، ئەسىرلىك، تۇتقۇنـ
لۇق.

**مەمنۇئ** (ممنوع) ئ. ئىستىمالـ
دىن چەكلەنگەن. مەنئى
قىلىنغان، توسۇلغان، ياساق.

**مەمنۇئات** (ممنوعات) ئ. چەكلەنگەن، مەنئى قىلىنغان ئىشلار، دۇرۇست بولمىغان نەرسىلەر.

**مەمنۇئىيەت** (ممنوعيت) ئ. چەكلىمىچىلىك، مەنئى قىلىنغان نەرسىنىڭ ھالى.

**مەمنۇن** (ممنون) ئ. بىر كىشىنىڭ قىلغان ئىشىدىن رازى بولغان، خۇش بولغان، مىننەتدار، شاد، خۇرسەن، رازى: تىنغان، تىنجغان.

**مەناب** (مناب) ئ. مۇۋەققەت، ۋاقىتلىق، ئورۇنباسار، ۋاكالەت: نائىب مەناب — ئورۇنباسار، ۋاكالەت بەگ.

**مەنابىر** (منابر) ئ. مۇنبەرلەر، ئۇستىگە چىقىپ، كۆپچىلىككە سۆز قىلىدىغان ئورۇنلار (بىرلىكى "مۇنبەر").

**مەنابىئ** (منابع) ئ. مەنبەلەر، بۇلاقلار، كۆزلەر، سۇ چىقىدىغان ۋە كېلىدىغان يەرلەر (بىرلىكى "مەنبە").

**مەناھى** (مناهى) ئ. نەھى ئېتىلگەن، ھارام ئېتىلگەن، چەكلەنگەن، مەنئى قىلىنغان ئىشلار، نەرسىلەر (بىرلىكى "مەنھى").

**مەنارە** (مناره) ئ. مۇنارا، پاشتاق، ئەزان ئېيتىلىدىغان ئېگىز ئورۇن.

**مەنازىل** (منازل) ئ. مەنزىللەر، ئۆتەڭلەر، قونالغۇلار، چۇشكۈنلەر، تۇرغۇچلار، يول ئۇستىدە قونۇپ ئۆتىدىغان جايلار (بىرلىكى "مەنزىل").

**مەناسىب** (مناصب) ئ. مەنسەپلەر، دەرىجىلەر، مەرتىۋىلەر (بىرلىكى "مەنەب").

**مەناسىك** (مناسك) ئ. ھەج ئەمەللىرى، ھەج قىلغاندا، تاۋاپ ـ زىيارەت ۋاقىتلىرىدا قىلىنىدىغان ئادەتلەر: مەناسىك ھەج.

**مەناقىب** (مناقب) ئ. مەنقىبەلەر، ياخشى سۈپەتلەر، گۈزەل خىسلەتلەر؛ بىراۋنى ماختاپ ئېيتىلغان سۆزلەر، بىر كىشىنىڭ ياخشىلىقلىرى توغرىسىدىكى سۆزلەر يېزىلغان كىتاب، رىسالە (بىرلىكى

"مەنقىبەت").

**مەنافەئ** (منافع) ئ. مەنپەئەت-
لەر، پايدىلار (بىرلىكى
"مەنپەئەت").

**مەنال** (منال) ئ. مال، دۆلەت-
يا، بايلىق: ئەھلى مەنال —
مالدار، دۆلەتمەن كىشى:
مالۇمەنال — مال-مۈلۈك،
بايلىق.

**مەنبەئ** (مەنبع) ئ. سۇنىڭ
يەردىن چىقىدىغان ئورنى،
بۇلاق، سۇ باشلىمى: بىر
ئىشنىڭ چىققان، باشلانغان
ئورنى.

**مەنتىق** (منطق) ئ. سۆزنى
قائىدە ۋە ئۇسۇل بويىچە
سۆزلەشكە ئۆگىتىدىغان بىلىم:
سۆزلەنگەن سۆز، سۆزنىڭ
جەلپ قىلىش كۈچى: ئىلىم
مەنتىق — مەنتىق ئىلمى،
لوگىكا.

**مەنتۇق** (منطوق) ئ. سۆز-
لەنگەن، دېيىلگەن، ئېيتىل-
غان؛ نۇتۇق؛ سۆز؛ مەفھۇم:
مەنتۇقتەير — قۇشلار تىلى.

**مەنجەنىق** (مەنجنىق) ئ. تاش
ئېتىش قورالى (بۇرۇنقى
زامان ئۇرۇشلىرىدا ئىشلە-
تىلگەن سوقۇش قورالى)؛
مەنچاناق.

**مەنھى** (منهى) ئ. چەكلەش،
مەنئى قىلىش.

**مەنھىيات** (منهيات) ئ. مەنا-
ھى"غا قاراڭ.

**مەندىل** (مندل) ئ. ياغلىق،
قول ياغلىق، رومال.

**مەنزەر** (منظر) ئ. كۆرۈ-
نۈش، سۈرەت، شەكىل
لياقەتەي، بالكون، ئايۋار
سەگۈندىلىك: كۆزىتىش
ئورنى، كۆزەتچاي، قارايدى-
غان يەر. شېئىردا مۇنداق
كەلگەن: سەراۋۇ باغۇ ئايۋان
بىرلە مەنزەر، ئىماراتىكى
جەننەتكە بەرابەر.
(زەلىلى)

**مەنزەلە** (منزله) ئ. "مەنزە-
لەت"كە قاراڭ.

**مەنزەلەت** (منزلت) ئ. دەرى-
جە، مەرتىۋە، قەدىر-قىم-
مەت.

**مەنزىل** (منزل) ئ. قونالغۇ،

بېكەت، ئۆتەڭ، تۇرار جاي: ئىككى جاي ئارىسىدىكى ئارىلىق.

**مەنزىلگاھ** (منزل گاه) ئىپ. تۇراق جاي، ئۆي، ماكان.

**مەنزۇر** (منظور) ئ. قارالغان، كۆزگە ئېلىنغان، ئېتىۋارغا ئېلىنغان، نەزەرگە ئېلىنغان: دېلىللانغان: مەنزۇر بولماق — كۆرۈنمەك، مەقۇل بولماق: مەنزۇر قىلماق — نەزەر تاشلىماق.

**مەنزۇم** (منظوم) ئ. تىزىلغان، نەزم قىلىنغان، شېئىر بىلەن سۆزلەنگەن، ئۆلچەملىك سۆز، تىزما: مەنزوم ئەيلەمەك — نەزم قىلماق.

**مەنزۇمە** (منظومه) ئ. شېئىر توپلىمى.

**مەنسى** (منسى) ئ. ئەستىن چىققان، ئۇنتۇپ كەتكەن.

**مەنسەب** (منصب) ئ. خىزمەت ئورنى، دەرىجە.

**مەنسۇب** (منسوب) ئ. قاراشلىق، تېگىشلىك.

**مەنسۇبە** (منصوبه) ئ. قۇرۇلغان، بەرپا قىلىنغان ئىش، تەدبىر: ئويۇن.

**مەنسۇج** (منسوج) ئ. توقۇلغان، توقۇپ ئىشلەنگەن

**مەنسۇجات** (منسوجات) ئ. "مەنسۇج"نىڭ كۆپلۈكى.

**مەنسۇخ** (منسوخ) ئ. تاشلانغان، بىكار بولغان، رەت قىلىنغان.

**مەنسۇر** (منصور) ئ. يەڭگۈچى، غالىپ، نۇسرەت بېرىلگۈچى، ئۈستۈنلۈك قازانغۇچى.

**مەنسۇر** (منثور) ئ. چېچىلغان، تارالغان، چېچىلاڭغۇ: شېئىر قېلىپ ئېيتىلغان، ئەمما ئۆلچەمگە سېلىنمىغان سۆزلەر.

**مەنشائ** (منشاء) ئ. چىققان يەر، پەيدا بولغان ئورۇن، ئەسلى، تۈپ.

**مەنشۇر** (منشور) ئ. نەشر قىلىنغان، ئېلان قىلىنغان، يېيىلغان، تارقالغان: دۆلەت پەرمانى.

**مەنقۇش** (منقوش) ئ. نەقىشلەنگەن، بېزەكلەنگەن، تۈرلۈك بوياقلار بىلەن بويالغان.

**مەنقۇل** (منقول) ئ. كۆچۈ-

رۇلسكەن، نەقىل قىلىنغان.
بىراۋدىن ئىشىتىپ سۆزلەن-
گەن.

**مەنقۇلات** (منقولات) ئ. كۆچمە مۈلۈك، كۆچۈرۈلگەن نەرسىلەر: ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن سۆزلەر، رىۋايەتلەر، خەۋەرلەر، رىۋايەت قىلىنغان مەلۇمات.

**مەنفى** (منفى) ئ. مۇسبەتنىڭ تەتۈرسى: چەتكە ھەيدەلگەن، سۈرگۈن قىلىنغان: رەت قىلىنغان، يوق (بىر ئىشنىڭ بولماسلىغىنى بىلدۈرىدىغان سۆز).

**مەنفىيە** (منفيه) ئ. يوقۇرىدىدىكىگە ئوخشاش.

**مەنفىيەت** (منفيت) ئ. ئىنكار، يوقلۇق.

**مەنفەز** (منفذ) ئ. تۆشۈك: يول: ئېغىز، بىر نەرسىنىڭ ئۆتىدىغان ئورنى. ئۆيىنىڭ ھاۋاسىنى يېڭىلاپ تۇرۇش ئۈچۈن ئېچىلغان تۆشۈك: مەنفەزدىن ھاۋا كىردى: مەنفەزنى ئېچىپ قويدۇم.

**مەنفۇر** (منفور) ئ. يىرگىنىدچىلىك، يارىماس، نەپرەتلىك، قاباھەت.

**مەنكۇپ** (مەنكوب) ئ. بەختسىز، ئازاپتا قالغان، قىيىنچىلىقتا يولۇققان.

**مەنكۇھە** (منكوحه) ئ. نىكاھلىق خوتۇن، نىكاھ بىلەن رەسمىيلەشكەن خوتۇن.

**مەنى** (منى) ئ. ئېرەنلىك، ئۇرۇغلۇق، شەھۋەت.

**مەنئى** (منع) ئ. مەنئى قىلماق، توختاتماق، چەكلىمەك بولدۇرماسلىق، يول قويمالىق.

**مەنىئ** (منيع) ئ. قولغا ئېلىنىشى قىيىن، مۇستەھكەم (قەلئە).

**مەنۇت** (منوط) ئ. باغلانغان، باغلىق: كىشىنىڭ ئالىم بولۇشى ئىجتىھات قىلىشقا مەنۇتتۇر.

**مەۋاتىن** (مواطن) ئ. ۋەتەنلەر، تۇرىدىغان يەرلەر، تۇرۇپ ئۆسكەن جايلار، ئاقامەتگاھلار (بىرلىگى

"ۋەتەن").

**مەۋۋاج** (مواج) ئ. كۈچلۈك
تولقۇنلانغۇچى، مەۋج ئۇر-
غۇچى (بىرلىگى "مەۋج").

**مەۋاجىب** (مواجب) ئ. بەلگە-
لەنگەن، مۇقەررەرلەنگەن
(مائاش، ئىش ھەققى).

**مەۋاھىب** (مواهب) ئ.
بېرىلگەن، بېغىشلانغان نەر-
سىلەر، تۆھپىلەر (بىرلىگى
"مەۋھىبە").

**مەۋاد** (مواد) ئ. ماددىلار،
نەرسىلەر، مەسىلىلەر، ئىشلار،
نەرسىنىڭ ئەسلى، تۈۋى:
مەۋاد جىسمانىيە — جىسمگە،
بەدەنگە تېگىشلىك نەرسىلەر.

**مەۋارىس** (مواريث) ئ. مى-
راسلار، ئۆلگەن كىشىدىن
قالغان ماللار (بىرلىگى "مى-
راث").

**مەۋازى** (مواضع) ئ. ئورۇن-
لار، جايلار، يەرلەر، ماكانلار.

**مەۋاشى** (مواشى) ئ. يۈك
توشۇيدىغان ھايۋانلار، كۆلۈك-
لەر.

**مەۋاقىئ** (مواقع) ئ. مەۋقە-
لەر، ئورۇنلار، بىر ئىش يۈز
بەرگەن ئورۇنلار، يەرلەر
(بىرلىگى "مەۋقەئ").

**مەۋاكىب** (مواكب) ئ. بىرەر
ئۇلۇغ كىشىنىڭ يېنىدا ئەگە-
شىپ ماڭغۇچى كىشىلەر
(بىرلىگى "مەۋكىب").

**مەۋائىد** (مواعد) ئ. ۋەدىلەر،
سۆز بېرىشلەر، ۋەدە قىلىن-
غان ئىشلار (بىرلىگى "مەۋ-
ئۇد").

**مەۋائىز** (مواعظ) ئ.
ئۆگۈت - نەسىھەتلەر، پەند-
نەسىھەتلەر (بىرلىگى "مەۋ-
ئىزە").

**مەۋالىد** (مواليد) ئ. مولۇد-
لەر، تۇغۇلغان نەرسىلەر:
مەۋالىد سەلسە — ھايۋانات،
ئۆسۈملۈك ۋە مەدەنلەر
سۆزلىنىدىغان ئىلىم.

**مەۋانىئ** (موانع) ئ. "مانىئ"
نىڭ كۆپلۈكى.

**مەۋانەسەت** (موانست) ئ.
بىر بىرىگە ئىجىللىشىپ بىرگە
تۇرماق، ئىلپەتلەشمەك.

**مەۋت** (موت) ئ. ئۆلۈش،

تۈگەش، ۋاپات بولۇش.

**مەۋج** (موج) ئ. دولقۇن، كۆتۈرۈلمەك: مەۋج-مەۋج — تۈركۈم-تۈركۈم، توپ-توپ: مەۋج ۋەر — مەۋج ئۇرغۇچى، تولقۇنلانغۇچى.

**مەۋجى** (موجى) ئ. دولقۇنلۇق تومۇر.

**مەۋجىزەن** (موجزەن) ئپ. مەۋجلەنگۈچى، دولقۇنلۇق.

**مۇزهىك** (مضحك) ئ. كۈلدۈرگۈچى، قىزىقچى؛ مەسخىرىۋاز.

**مۇزد** (مزد) ئ. ئىش هەققى؛ تۆلەم.

**مۇزدۇر** (مزدور) ئ. مەدىكار، ياللانما.

**مۇزىر** (مضر) ئ. زىيانلىق، زەرەرلىك نەرسە.

**مۇزىف** (مضيف) ئ. مېهمان قىلغۇچى، قوناق ئىگىسى، زىياپەت قىلغۇچى.

**مۇزىل** (مضل) ئ. ئازدۇرغۇچى، ئاداشتۇرغۇچى، توغرا يولدىن چىقارغۇچى.

**مۇزلىم** (مضلم) ئ. قاراڭغۇ، قاراڭغۇلۇق.

**مۇزمەهىل** (مضمحل) ئ. تارىلىپ كەتكەن، يوقالغان، ئىز-تىزى قالماي هالاك بولغان، ئېرىپ يوق بولۇپ كەتكەن، ئۆچكەن.

**مۇزمەر** (مضمر) ئ. يوشۇرۇپ قويۇلغان، يوشۇرۇن، بېكىك.

**مۇزەخرەف** (مزخرف) ئ. ساختا، يالغان؛ ئۈستى يالتىراق؛ تېگى بوش، مەنىسىز سۆز.

**مۇزەهەپ** (مذهب) ئ. ئالتۇنلانغان، زەرهەل قىلىنغان.

**مۇزەهەب** (مزهب) ئ. زەرهەل بەرگۈچى ئۇستا.

**مۇزەخرەفات** (مزخرفات) ئ. ساختىلىقلار؛ بىهۇدە گەپلەر.

**مۇزەففەر** (مظفر) ئ. غەلىبىلىك، غالىبانە، يېڭىلمەس؛ غەلىبە قىلغۇچى.

**مۇزەككا** (مزكى) ئ. تازىلانغان، تازا، پاك.

**مۇزەككەر** (مزكر) ئ. ئەرەپ گىراماتىكىسىدا ئەركەك جىنسىدىكى (رادى) سۆز مۇزەككەر دېيىلىدۇ.

**مۇزەككىر** (مذكر) ئ. ئەسلەتكۈچى، يادىغا چۈشۈرگۈچى؛ ۋائىز.

**مۇزەييەن** (مزين) ئ. زىننەتـ

لەنگەن، بېزەكلەنگەن،
ياسانغان، چىرايلىق.
**مۇزەييەن** (مزين) ئ. ساتراچ،
بېزەكچى، پەدەزلىگۈچى،
گىرىمچىك.
**مۇزەئپەر** (مزعفر) ئ.
زەپەرلىك، زەپەر قوشۇلغان،
سېرىق.
**مۇسابەقە** (مسابقه) ئ.
ئۇززۇشماق، ئۇززۇشۇش،
بەسلەشمەك.
**مۇساھىب** (مصاحب) ئ. ھەم-
سۆھبەت، بىللە مۇڭداشقۇچى،
سۆھبەتداش.
**مۇساھەبە** (مصاحبه) ئ.
سۆھبەتلەشمەك، قونۇشماق،
سۆزلىشىپ ئولتۇرماق.
**مۇساھەرەت** (مصاهرت) ئ.
قۇدىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن
بولغان يېقىنلىق، تۇققانلىق.
**مۇساھەلە** (مساهله) ئ. قىزىق-
ماسلىق، بىپەرۋا قاراش،
بوشاڭلىق، ساڭقىماسلىق.
**مۇسادىق** (مصادق) ئ. توغرا
كەلگەن، ئۇچرىغان، يولۇققان.
**مۇسادەمە** (مصادمه) ئ.
دوقۇرۇشماق، ئۇسسۇشۇپ
قالماق، بىر بىرىگە سوقۇلۇپ
كەتمەك.
**مۇسادەقەت** (مصادقت) ئ.
سەمىمىيەت؛ سەمىمى دوستلۇق،
سادىقلىق.
**مۇسارەئەت** (مسارعت) ئ.
ئۇشۇقماق، ئالدىراش،
ئاسقىماق.
**مۇسافىر** (مسافر) ئ. سەپەرگە
چىققان؛ يولۇچى، ساياھەتچى.
**مۇسافىرەت** (مسافرت) ئ.
مۇساپىرلىق، سەپەرچىلىك،
يول يۈرۈچىلىك، ساياھەت.
**مۇسافە** (مسافه) ئ. ئىككى
جاي ئارىسىدىكى ئارىلىق،
يىراقلىق.
**مۇسافەت** (مسافت) ئ. يۇقۇ-
رىدىكىگە ئوخشاش.
**مۇسافەھە** (مصافحه) ئ. قول
ئېلىشىپ كۆرۈشمەك.
**مۇسائىد** (مساعد) ئ. ياردەم
قىلغۇچى، ياردەمچى، ئوڭاي-
لىق بەرگۈچى، كەڭچىلىك
بەرگۈچى، مۇمكىنلىك
بەرگۈچى، رۇخسەت قىلغۇچى؛

ئورۇنباسار، مۇئاۋىن.

**مۇسائەد** (مساعد) ئ. ياردەم، رۇخسەت، ئەركىنلىك بېرىش.

**مۇسالەھە** (مصالحه) ئ. سۇلھ تۈزمەك، كېلىشمەك، ياراشماق.

**مۇسالەمەت** (مسالمت) ئ. ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىش بىلەن تېچ ئۆتۈشى، تېچلىق.

**مۇسامەھە** (مسامحه) ئ. بوش قالدۇرماق، ئەھمىيەت بەرمەسلىك.

**مۇساۋات** (مساوات) ئ. تەڭلىك، باراۋەرلىك.

**مۇساۋى** (مساوى) ئ. تەڭ، باراۋەر، پەرقسىز.

**مۇساۋىيات تەرەپەيىن** (مساويات ترپين) ئ. بۇ ئىككى تەرىپى ئوخشاش دىگەن سۆز بولۇپ، ئوڭدىن سولغا ئوقۇسىمۇ، يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە ئوقۇسىمۇ ئوخشاش مەنە چىقىدىغان بىر خىل شېئىر شەكلى شۇنداق دەپ ئاتالغان. مىسال:

| | | | |
|---|---|---|---|
| قىزىل گۈل | ئىشقىدا | بۇلبۇل | ناۋاسى |
| ئىشقىدا | نالان قىلۇر | ئاشىق | نىداسى |
| بۇلبۇل | ئاشىق | لېكىن | ئەمەس مەندەك |
| ناۋاسى. | نىداسى | ئەمەس مەندەك | ساداسى. |

**مۇساۋەدە** (مساوده) ئ. يېزىش، خەت.

**مۇسبەت** (مثبت) ئ. (مەنفىنىڭ تەتۈرى) بار، ھەقلەنگەن، ئىسپات قىلىنغان، دەلىل بىلەن كۆرسىتىلگەن.

**مۇستەبان** (مستبان) ئ. كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئوچۇق، زاھىر.

**مۇستەتاب** (مستطاب) ئ. خۇش كۆرۈلگەن، گۈزەل، ھۆرمەتلىك، مەقبۇل، ئەلا، يېقىملىق.

**مۇستەبىد** (مستبد) ئ. ھاكىممۇتلەق، زالىم، شەخسى خاھىشى بويىچە ئىش كۆرگۈچى، ئۆز خاھىشىنى باشقىلارغا مەجبۇرى قوبۇل قىلدۇرغۇچى، باشقىلارنىڭ

ئەركىنلىكىنى باسقۇچى.

**مۇستەتىل** (مستطل) ئ.

سوزۇنچاق، سوزۇق.

**مۇستەجاب** (مستجاب) ئ.

قوبۇل ئېتىلگەن، تىلىگەن نەرسىسى مەقبۇل بولغان.

**مۇستەھاسە** (مستحاثه) ئ.

بەك قەدىمكى زاماندا يەر ئاستىدا قېلىپ تاشقا ئايلانـ غان ھايۋان سۆڭەكلىرى ياكى باشقا نەرسىلەر.

**مۇستەھزاد** (مستهزاد) ئ.

مىسراسى ئۇن ئالتە بوغۇمدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىغى ئۈچۈن، بىر ئۆزۈن، بىر قىسقا مىسـ رادىن تۈزۈلىدىغان بىر خىل شېئىر شەكلى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئادەتتىن تاشقىرى دېگەنلىك بولىدۇ.

**مۇستەھزى** (مستهزى) ئ.

مازاق قىلغۇچى، مەسخىرە قىلغۇچى.

**مۇستەھسەن** (مستحسن) ئ.

ياخشى دەپ ھېساپلانغان، مەقبۇل، قوبۇل قىلىنىدىغان، ھەركىم ياراتقان، كۆركەم، چىرايلىق.

**مۇستەھىل** (مستحيل) ئ.

مۇمكىن بولمىغان، مەھال، بولماسلىق، ئىمكانسىز.

**مۇستەھەب** (مستحب) ئ.

دوست تۇتۇلغان. ياخشى كۆرۈلگەن ئىش، ساۋابلىق ئەمەل.

**مۇستەھەق** (مستحق) ئ. ھەقـ لىق، تېگىشلىك، لايىق، مۇناسىپ، ئەرزىيدىغان.

**مۇستەدام** (مستدام) ئ. دائىـ مى، ئۈزلۈكسىز، ھەمىشە بولغۇچى.

**مۇستەدىل** (مستدل) ئ.

دەلىل تەلەپ قىلغۇچى.

**مۇستەراھ** (مستراح) ئ.

ھاجەتخانا.

**مۇستەرىھ** (متريح) ئ. ئاغـ رىقتىن قۇتۇلۇپ، كۆڭلى راھەتلەنگەن، تېچلانغان، ئارام تاپقان.

**مۇستەسنا** (مستثنا) ئ. تاشقىـ رى، خالى، سىرتىدا.

**مۇستەشار** (مستشار) ئ.

كېڭەشچى، مۇئاۋىن،

مەسلىھەتچى.

**مۇستەقىر** (مستقر) ئ. قارارلانغان، ئورۇنلاشقان، يەرلەشكەن.

**مۇستەقىم** (مستقيم) ئ. توغرا، قىيسايمىغان، قىيىق بولمىغان، تۈز، تۈزۈك؛ بىر جايدا تۇرغۇچى، تۇرغۇن.

**مۇستەغرەق** (مستغرق) ئ. غەرق بولغان، چۆككەن.

**مۇستەقبەل** (مستقبل) ئ. كېلەچەك زامان، كەلگۈسى، ئالدىدىكى.

**مۇستەفا** (مصطفى) ئ. ئىلغانغان، سايلانغان، ئىختىيار قىلىنغان.

**مۇستەفاد** (مستفاد) ئ. پايدا كۆرۈلگەن، ئاڭلانغان، بىلىنگەن.

**مۇستەفىد** (مستفيد) ئ. پايدا كۆرگۈچى، پايدا قازانغۇچى، بەھرى ئالغۇچى.

**مۇستەكرە** (مستكره) ئ. مەكرو سانالغان، كۆڭۈل ياراتمىغان، يېقىمسىز، خۇنۇك.

**مۇستەئجىر** (مستأجر) ئ. ئىجارىگە ئالغۇچى، ھەق تۆلەپ تۇرغۇچى.

**مۇستەئىد** (مستعد) ئ. يارارلىق، قابىلىيەتلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان.

**مۇستەئىن** (مستعين) ئ. ياردەم سورىغۇچى، مەدەت تىلىگۈچى.

**مۇستەئمەل** (مستعمل) ئ. ئىستىمال قىلىنغان، قوللىنىلغان، يۈرۈتۈلگەن، ئىشلىتىلگەن.

**مۇستەمىر** (مستمر) ئ. دائىمى، داۋاملىق، توختاۋسىز.

**مۇستەمە** (مستمع) ئ. قۇلاق سالغۇچى، تىڭلىغۇچى.

**مۇستەمەد** (مستمد) ئ. ئېھتىياجلىق، مۇھتاج، ياردەم ئىستىگۈچى.

**مۇستەنەد** (مستند) ئ. تايانغان، سۆيەلگەن.

**مۇستەۋلى** (مستولى) ئ. مەپتۇن قىلغۇچى، ئەسىر قىلغۇچى، ئىگە بولغان، ئۆز ئىلكىگە ئالغان، ئىستىلا

قىلغان، ئۆزگە قاراتقان.

**مۇسھەف** (مصحف) ئ. كىتاب، كىتابچىلار توپلىمى؛ قۇرئان.

**مۇسرىف** (مسرف) ئ. ئىسراپ قىلغۇچى، ئىسراپخور، زايا قىلغۇچى.

**مۇسكىر** (مسكر) ئ. مەس قىلىدىغان نەرسە، مەس قىلغۇچ.

**مۇسكىرات** (مسكرات) ئ. مەس قىلىدىغان نەرسىلەر.

**مۇسقار** (موسيقار) ئ. بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى؛ ئاۋازى مۇزىكا ئاۋازىغا ئوخشايدۇ دەپ ئويلانغان ئەپسانىۋى قۇش.

**مۇسقى** (موسيقى) ئ. مۇزىكا، ساز، چالغۇ.

**مۇسلىھ** (مصلح) ئ. ئىسلاھات ئېلىپ بارغۇچى، ئىسلاھ قىلغۇچى، تۈزەتكۈچى.

**مۇسەببەب** (مسبب) ئ. سەۋەپچى.

**مۇسەببەئ** (مسبع) ئ. يەتتەلىك، يەتتى بۇرجەكلىك؛ يەتتى قات، يەتتى كەررە.

**مۇسەتتەھ** (مستتح) ئ. تەكشى، تۈز، سىلىق.

**مۇسەخخەر** (مسخر) ئ. بويسۇندۇرۇلغان بېقىندۇرۇلغان، كۆندۈرۈلگەن؛ ئۆزگە قاراتتۇرۇلغان. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئەي زەلىلى كېچەۋۇ كۈندۈز ئىشىم دۇئانەلىك، تاجۇنۇن ئىقلىمىدىن مۇلكى مۇسەخخەر بولماسا. (زەلىلى)

**مۇسەھھەر** (مسهر) ئ. سېھىرلانغان، جەلىپ قىلىنغان، تارتىلغان.

**مۇسەھھەھ** (مصحح) ئ. تۈزەتكۈچى، دۇرۇسلىغۇچى.

**مۇسەددەس** (مسدس) ئ. ئالتىلىك، ئالتە قىرلىق، ئالتە بۇلۇڭلۇق؛ شېئىرىيەتتە ئالتە مىسراسى بىر كۇپلېت ھېساپلىنىدىغان شېئىرلار. ئادەتتىكى تۆت مىسراغا ئىككى مىسرا بېيىت قوشۇپ يېزىلىدۇ.

**مۇسەددىق** (مصدق) ئ. تەستىق ئەتكۈچى، توغرىلىغۇچى.

**مۇسەففا** (مصفى) ئ. تازا، سۈزۈك، پاكىز؛ يېقىملىق، ساپلانغان، تازارتىلغان، ناچار نەرسىلەردىن ئايرىلغان.

**مۇسەللا** (مصلا، مصلى) ئ. جەينەماز؛ ئىبادەت ئورنى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئابى رۇكناباد گۈلكەشتى مۇسەللا سەھىل ئېرور، خۇلدىدىن ئەفزۇن تۇمەن مىڭ لالەزارى كاشغەر. (گۇمنام)

**مۇسەللەت** (مسلط) ئ. ئۈستۈن كەلگەن، بېسىپ چۈشكەن، چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرغان، ئىگەللىۋالغان، تىزگىنلەپ تۇرغان، سىزىقىغا كىرگۈزۈۋالغان، ئىلكىگە ئېلىۋالغان. باشقۇرۇۋاتقان.

**مۇسەللەھ** (مسلح) ئ. قوراللانغان، سوقۇش قوراللىرى ئاسقان.

**مۇسەللەس¹** (مثلث) ئ. مەي، شاراپ.

**مۇسەللەس²** (مثلث) ئ. ئۈچلىك، ئۈچ بۇلۇڭ، ئۈچ مىسرالىق شېئىرىي شەكىل.

**مۇسەللەم** (مسلم) ئ. تەسلىم قىلىنغان، بويسۇندۇرۇلغان، قايىل قىلىنغان؛ ئىشەندۈرۈلگەن، شۈبھىسىز، تالاشسىز شېئىردا مۇنداق كەلگەن: كىشۋەرى ۋەسلى ئىچرە ھەر كىم ئەيش قىلار بولسۇن ھالال، چۈن ماڭا ئەۋارىلىق مۈلكىن مۇسەللەم قىلدىڭىز، (ناۋايى)

**مۇسەلسەل** (مسلسل) ئ. بىر بىرىگە زەنجىردەك باغلانغان.

**مۇسەمما** (مسما) ئ. ئىسمى، نامى، ئاتالغان. مۇسەممى — ئىسىم بېرىلگەن، ئاتالغان.

**مۇسەممەم** (مصمم) ئ. زەھەر ئارىلىشىپ قالغان تائام؛ بۇزغۇچى ئارىلاشقان ئىش ياكى نەرسە؛ قەتئىيلەشتۈرۈلگەن، جەزمى قىلىنغان.

**مۇسەممەن** (مثمن) ئ. سەككىز قىرلىق، سەككىز بۇرجەكلىك؛ شېئىرىيەتتە سەككىز مىسراسى بىر كۆپلېت ھېساپلىنىدىغان شېئىر، سەككىزلىك.

**مۇسەننىف** (مصنف) ئ. تەسنىپ ئەتكۈچى، كىتاب يازغۇچى، مۇئەللىپ، ئاپتور.

**مۇسەننەفات** (مصنفات) ئ. يېزىلغان كىتابلار، ئەسەرلەر.

**مۇسەۋۋەدە** (مسودە) ئ. يازغان ئەرسىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى، قارا نۇسخىسى، ئارگىنال.

**مۇسەۋۋەر** (مصور) ئ. سۈرەتلەنگەن، تەسۋىرلەنگەن، نەقىشلەنگەن، سۈرەتلىك، رەسىملىك.

**مۇسەۋۋىر** (مصور) ئ. سۈرەتچى.

**مۇسەۋۋى** (موسوى) ئ. مۇسا دىنىدىكى كىشى.

**مۇسمىر** (مثمر) ئ. يېمىش بەرگۈچى، مۇۋەددار، چىقىشلىق، پايدىلىق.

**مۇشابىھ** (مشابه) ئ. ئوخشاش، ئوخشىغان.

**مۇشابەھەت** (مشابهت) ئ. بىر بىرىگە ئوخشىشىش، بىر تۇستە بولۇش.م: ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا مۇشابەھەت بار.

**مۇشاھەدە** (مشاهدە) ئ. كۆرۈش، كۆرۈپ تۇرۇش.

**مۇشاھىد** (مشاهد) ئ. كۆرگۈچى، كۆزەتكۈچى، قاراپ تۇرغۇچى. گۇۋاھلىق بەرگۈچى.

**مۇشاھىر** (مشاهير) ئ. ئاتاقلىق كىشىلەر، ئۇلۇغلار.

**مۇشارىك** (مشارك) ئ. شېرىك بولۇشقان، بىرلەشكەن، قوشۇلغان.

**مۇشارەكەت** (مشاركت) ئ. شېرىكلىك، ئورتاقلىق، كومپانىيە.

**مۇشاكىل** (مشاكل) ئ. ئوخشاش، شەكىلداش.

**مۇشائىرە** (مشاعره) ئ شېئىر ئېيتىشىش، ئىككى ياكى بىرنەچچە شائىرنىڭ بىر بىرىگە جاۋابەن شېئىر ئېيتىشىشلىرى.

**مۇشاۋەرە** (مشاوره) ئ. كېڭىشىش، پىكىرلىشىش، ئويلىشىش، مەسلىھەتلىشىش.

**مۇشاۋەرەت** (مشاورت) ئ. كېڭىشىش، مەسلىھەت.

**مۇشت** (مشت) پ. مۇشت،

بىرمۇشت ئۇرماق: ئازراق، بىرئاز.

**مۇشتاق** (مشتاق) د. ياخشى كۆرگۈچى، قىزىققۇچى، ئارزۇ-ھەۋەس قىلغۇچى، ئىشتىياق باغلىغان، تەلىنگۈچى، جېنىنى ئېتىپ تۇرغان.

**مۇشتەھى** (مشتهى) د. ئىشتىھا قوزغىغۇچى، نەپسى تارتقان، ئارزۇ قىلغان، يىگۈسى كەلگەن.

**مۇشتەھىر** (مشتهر) د. شۆھرەتلىك، ئاتاقلىق، مەشھۇر، داڭلىق.

**مۇشتەرى** (مشترى) د. سېتىپ ئالغۇچى، خېرىدار، ئالىدىغان كىشى: گېزىت مۇشتەرىسى — گېزىت ئېلىپ ئوقۇغۇچى؛ بىر يۇلتۇزنىڭ ئېتى (يۇپىتېر). شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ناگىھان چىقتى ھەرەمدىن جىلۋە ئەيلەپ دىلبىرى، شۇئىلىسى چۈشتى جاھانغا شەمس دەريا مۇشتەرى.

(نۆبىتى)

**مۇشتەرەك** (مشترك) د. ئىككى ياكى بىرقانچە كىشىنىڭ ئارىسىدىكى نەرسە، ئورتاق بولغان نەرسە.

**مۇشتەغەل** (مشتغل) د. بىر ئىش بىلەن شۇغۇل بولغۇچى، ئىشلىگۈچى.

**مۇشتەق** (مشتق) د. ئىككىنچى بىر سۆزدىن ئېلىنغان، چىقىرىلغان، يېزىپ ئېلىنغان.

**مۇشتەمىل** (مشتمل) د. ئىچىگە ئالغان، كۆپ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**مۇشرىك** (مشرك) د. ئاللا تائالاغا شېرىك قوشقۇچى، ئاللانىڭ تەڭدىشى بار دېگۈچى، دىنسىز.

**مۇشرىكىن** (مشركين) د. مۇشرىكلەر.

**مۇشفىق** (مشفق) د. شەپقەتلىك، مۇلايىم، مېھرىبان، شەپقەت قىلغۇچى، مەرھەمەتلىك.

**مۇشك** (مشك) قارا رەڭلىك ۋە خۇشپۇراقلىق نەرسە؛ كۆچ: چاچنىڭ قارىلىقى

ۋە ھىدى: كۆزنىڭ گۆھىرى
(قارىچۇغى): مشك سارا ــ
ساپ مۇشك، تازا مۇشك؛
مۇشك تەر ــ يېڭى، تازا
مۇشك.

**مۇشكبار** (مشك بار) پ.
مۇشك ياغدۇرغۇچى.

**مۇشكبو** (مشكبو) پ. مۇشك
ھىدى، خۇشبۇي.

**مۇشكرىز** (مشك ريز) ئ.
مۇشك چاچقۇچى.

**مۇشكىل** (مشكل) ئ. قىيىن،
چىگىش، مۇرەككەپ، ئېغىر،
تەس.

**مۇشكىلات** (مشكلات) ئ.
قىيىنچىلىقلار، ئېغىرلىقلار.

**مۇشئىر** (مشعر) ئ. بىلدۈر-
گەن، ئاگلاتقان، خەۋەر
بەرگەن.

**مۇشىير** (مشير) ئ. بۇيرۇ-
غۇچى، ئىشارە قىلغۇچى.

**مۇشەببەھ** (مشبه) ئ. ئوخشى-
تىلغان.

**مۇشەددەت** (مشدد) ئ. شىد-
دەتلىك، قاتتىق قىلىنغان.

**مۇشەررىھ** (مشريح) ئ. شەر-
ھىلگۈچى.

**مۇشەررەف** (مشرف) ئ.
شەرەپلەنگەن، شەرەپ
تاپقان، ئۇلۇغلانغۇچى،
شاراپەتلىك بولغان.

**مۇشەررەھ** (مشرح) ئ. شەر-
ھىلەنگەن، چۈشەندۈرۈلگەن.

**مۇشەۋۋەش** (مشوش) ئ.
پەرىشان، تەشۋىشلەنگەن،
ئارىلاشتۇرۇلغان، بىسەرەم-
جان، دىلىغۇلدا قىلىنغان.

**مۇشەككەل** (مشكل) ئ.
مەلۇم بىر شەكىلگە كىرگەن،
سۈرەتلەنگەن، گەۋدىلەنگەن.

**مۇشەئبەد** (مشعبد) ئ. نەي-
راڭۋاز، كۆز باغلىغۇچى.

**مۇشەممەئ** (مشمع) ئ. ياغلىق
ۋە سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان
پەردە.

**مۇغ** (مغ) پ. مەجۇسى،
ئاتەشپەرەست، ئوتقا چوقۇن-
غۇچى. كۆچ: مەيپۇرۇش.
م: مۇغ دەيرى ــ مەيخانا؛
پىرى مۇغان ــ مەيخانىچى.

**مۇغالىبە** (مغالبه) ئ. بەسلى-
شىش، مۇنازىرىلىشىش،

تالاش ـ تارتىش قىلىشىش، ئۈستۈنلۈك.

**مۇغايەرەت** (مغايرت) ئ. قارىمۇ ـ قارشىلىق، زىددىيەت، باشقىلىق، ئىختىلاپ، ئايرىملىق، پەرق، ئۆزگىچىلىك.

**مۇغان** (مغان) پ. مۇغلار (بىرلىكى "مۇغ").

**مۇغبەچە** (مغبجه) پ. مەي توشۇغۇچى، مەيخانا خىزمەتكارى؛ ئاتەشپەرەسنىڭ بالىسى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: مۇغبەچە دىلخەستە خەت كەلگەن بۇگۈن پەيمانە تۇت، تولدۇرۇپ پەيمانەنى ھەم بادەئى جانانە تۇت. (موللا بىلال)

**مۇغتەنەم** (مغتنم) ئ. غەنىمەتلىك، قولايلىق، پايدىلىق پەيت، پۇرسەت، ئوزاي؛ مۇۋەپپەقىيەتلىك.

**مۇغەييەر** (مغير) ئ. ئۆزگەرتىلگەن، ئالماشتۇرۇلغان.

**مۇغەييىر** (مغير) ئ. ئۆزگەرتىلگۈچى.

**مۇغەييىن** (مغين) ئ. بەلگىلەنگەن.

**مۇغەمبىر** (مغبر) ئ. ھىلىگەر، قۇۋ، سىر ئېيتماس.

**مۇغەننى** (مغنى) ئ. سازەندە، قوشاقچى، مۇزىكانت: يېتۈك مۇغەننى ـ يېتىشكەن مۇزىكانت.

**مۇغىلان** (موغىلان) چۆلدە ئۆسىدىغان تىكەنلىك ئوت.

**مۇقابىل** (مقابل) ئ. قارشى، قارشى تۇرغۇچى، زىت.

**مۇقابەلە** (مقابله) ئ. بىر بىرىگە قارشى كەلمەك، ئۇدۇل، دەلمۇ ـ دەل تۇرماق، قارشىلاشماق، ئىككى نەرسىنى سېلىشتۇرۇپ قارىماق.

**مۇقاتەلە** (مقاتله) ئ. جەڭ، ئۇرۇش، سوقۇش، غوۋغا، ئۇرۇشماق.

**مۇقارىب** (مقارب) ئ. بىر بىرىگە يېقىنلاشقان، يېقىن.

**مۇقارەبە** (مقاربه) ئ. يېقىن كەلمەك.

**مۇقارىن** (مقارن) ئ. يېقىن تۇرغان، يانمۇ ـ يان تۇرغان.

**مۇقاسەمە** (مقاسمە) ئ. ئۈلۈش-
مەك، تەقسىم قىلىشماق.
**مۇقايەسە** (مقايسە) ئ. بىر
نەرسىنى ئىككىنچى نەرسە
بىلەن چېقىشتۇرۇپ قارىماق،
چامىلىماق، تەڭلەشتۇرمەك.
**مۇقايەلە** (مقايلە) . باراۋەر
كۆرمەك، تەڭ مۇئامىلە
قىلماق.
**مۇقام** (مقام) ئ. تۇرالغۇ،
ئورۇن، تۇرغان يەر. مۇقىم —
بىر ئورۇندا تۇرغۇچى،
ئورۇنلاشقان. تۇراقلىق.
**مۇقامىر** (مقامر) ئ. قىمارۋاز.
**مۇقاۋەلە** (مقاولە) ئ. سۆز-
لەشمەك، ئىككى ئوتتۇرىدا
تۈزۈلگەن قارار، كېلىشىم. م:
مۇقاۋەلە تۈزۈشتۇق؛ مۇقاۋەلە
نامە — كېلىشىمنامە.
**مۇقاۋىمەت** (مقاومت) ئ.
قارشى تۇرماق، قارشى-
لاشماق، توغرا تۇرماق. م:
بىر ئۆزى ئۈچ كىشىگە
مۇقاۋىمەت تۇرى.
**مۇقتەبەس** (مقتبس) ئ.
تېرىپ ئېلىنغان، تاللاپ
ياكى خىللاپ ئېلىنغان.
**مۇقتەدا** (مقتدا) ئ. ئىقتىدا
قىلغۇچى، ئەگەشكۈچى،
بويسۇنغۇچى.
**مۇقتەدىر** (مقتدر) ئ. قول-
دىن ئىش كېلىدىغان، ئىقتى-
دارلىق، كۈچلۈك. م: ئۇ ھەممە
پەنگە مۇقتەدىر ئالىم ئادەم.
**مۇقتەزا** (مقظا) ئ. مەقسەت
قىلىنغان، ئىستەلگەن، كېرەك
ۋە لازىم ئېتىلگەن.
**مۇقتەزىيات** (مقتظيات) ئ.
لازىم ئېتىلگەن ئىشلار،
كېرەكلىك نەرسىلەر.
**مۇقتەسىد** (مقتصد) ئ. ئىقتى-
سات قىلىنغان، تېجەپ قىلىنى-
غان.
**مۇقىر** (مقر) ئ. ئىقرار، ئىشى-
نىش.
**مۇقتەسىر** (مقتصر) ئ. چەك-
لەنگەن.
**مۇقىل** (مقل) ئ. پېقىر،
ئازايتقۇچى.
**مۇقەتتەئات** (مقطعات) پارچە-
لار، قىتئەلەر، قىسقا شېئىر-
لار، رۇبائىلار.

**مۇقەتتەر** (مقطر) ئ. تامچىلانغان.

**مۇقەددەر** (مقدر) ئ. تەقدىرگە پۈتۈلگەن، تەقدىردىكى.

**مۇقەددەس** (مقدس) ئ. تازا، پاك، ھۆرمەتلىك، مۇبارەك، قۇتلۇق.

**مۇقەررەب** (مقرب) ئ. يېقىن، سىرداش، دوست، سۆھبەتداش؛ ئۇلۇغ كىشىنىڭ يېقىن كۆرگەن خىزمەتچىسى.

**مۇقەرنەس** (مقرنس) ئ. تۈۋرۈكلىرى قات-قات، ئويمىلىق ۋە ئۈستى قۇببىلىق ئېگىز بىنا.

**مۇقەسسىر** (مقصر) ئ. ئەيىپلىك، ئەيىپدار، گۇناكار؛ كەمچىلىك، نۇقسانلىق، ئەۋەنلىك.

**مۇقەسسەم** (مقسم) ئ. ئايرىلغۇچى، بۆلگۈچى، ئۈلەشتۈرگۈچى.

**مۇقەففا** (مقفا) ئ. قاپىيىلىك، قاپىيىداش، ئۇيقاشلىق.

**مۇقەييەد** (مقيد) ئ. باغلانغان، ئۇلانغان، چېتىلغان، كىشەنلەنگەن، چېتىپ باغلاش.

**مۇقەللەد** (مقلد) ئ. تەقلىت قىلغۇچى: تەقلىت قىلىنغان، ئوخشىتىلغان: دورىغۇچى.

**مۇقەۋۋى** (مۇقەۋۋى) ئ. كۈچلەندۈرگۈچى، قۇۋۋەت بەرگۈچى، مەدەت بەرگۈچى.

**مۇقەۋۋەس** (مقوس) ئ. قەۋسكە ئوخشاش، قايرىلغان، ئېگىلگەن.

**مۇفاد** (مفاد) ئ. مەنە، ئۇقۇم، سۆزدىن ئاڭلىشىلغان نەرسە.

**مۇفارىق** (مفارق) ئ. ئايرىلغۇچى، ئايرىم-ئايرىم بولغۇچى: غەيرى مۇفارىق — بىر بىرىسىدىن ئايرىلمىغان.

**مۇفارەقەت** (مفارقت) ئ. ئايرىلىشماق، بىر بىرىدىن يىراقلاشماق، بىر بىرسىنى تاشلىماق، جۇدالاشماق. م: ۋەتىنىمدىن مۇفارەقەت ئەتتىم؛ تۇققانلار بىر بىرسىدىن

مۇفارەقەت ئەتتى.

**مۇفتى** (مفتى) ئ. شەرىئەت مەسىلىلىرىدە پەتىۋا بەرگۈچى، شەرئىي ئىشلارنىڭ باشلىقى، قانۇنشۇناس.

**مۇفتەخىر** (مفتخر) ئ. ئىفتىخار ئەتكۈچى، ماختانغۇچى.

**مۇفتەرى** (مفترى) ئ. بوھتانچى، توھمەتچى، يالچى، قارا چاپلىغۇچى، چېقىمچى.

**مۇفرىت** (مفرط) ئ. ئۇزۇپ كەتكۈچى، ئارتىپ كەتكۈچى، ئاشۇرۇۋەتكۈچى.

**مۇفرەدات** (مفردات) ئ. يالغۇز نەرسىلەر، قوشۇلمىغان نەرسىلەر.

**مۇفزى** (مفضى) ئ. ئېرىشتۈرگۈچى، تۇتاشتۇرغۇچى، ئۇلاشتۇرغۇچى.

**مۇفسىد** (مفسد) ئ. نىيىتى يامان، ئىغۋاگەر، پىتنە-پاساتچى، بۇزغۇچى، ئەپقاچتى گەپلەرنى تارقاتقۇچى.

**مۇفلىس** (مفلس) ئ. يوقسۇل، كەمبەغەل، خاراپلاش-

قان.

**مۇفەتتىش** (مفتش) ئ. تەكشۈرگۈچى، تەپتىش قىلغۇچى، تەرگەۋچى.

**مۇفەخخەر** (مفخر) ئ. شان-شاۋكەتلىك.

**مۇفەسسىر** (مفسر) ئ. تەپسىرچى، بىر نەرسىنى شەرھى ۋە بايان قىلغۇچى: مۇفەسسىرىن — مۇفەسسىرلەر، تەپسىرچىلەر.

**مۇفەسسەر** (مفسر) ئ. تەپسىر قىلىنغان، ئوچۇق بايان قىلىنغان.

**مۇفەسسەل** (مفصل) ئ. ئايرىم-ئېچىم، ئېنىق، ئۇزۇن ئېيتىپ چۈشەندۈرۈلگەن.

**مۇكاتەبە** (مكاتبه) ئ. بىر بىرىگە خەت يېزىشماق، خەتلەشمەك.

**مۇكاشەفە** (مكاشفه) ئ. كەشپ قىلىنماق.

**مۇكافات** (مكافات) ئ. بىر خىزمەت ياكى ياخشىلىققا قىلىنغان ياخشىلىق،

**مۇكالىمە** (مكالمه) ئ. ئىككى

كىشى ئارىسىدا بولغان سۆز، سۆزلىشىش: مۇكالىمە ئەرەبىيە — ئەرەپچە سۆزلىشىش.

**مۇكەددەر** (مكدر) ذ. كىرلەنگەن، بولغانچۇق، لاي، خىرە، تۇتۇق؛ غەملىك، قايغۇلۇق، كۆڭلى خىرە.

**مۇكەررەر** (مكرر) ذ. تەكرارلانغان، يېنىپ-يېنىپ، قايتا-قايتا، يېنىشلاپ، قايتىلاپ.

**مۇكەررەم** (مكرم) ذ. ئىززەتلىك، ئابرويلۇق، ھۆرمەتلىك، مۇقەددەس، تەزىم ۋە تەكرىم قىلىنغان، قەدىرلىك، ھۆرمەتكە لايىق؛ م: مەككە مۇكەررەمە — ھۆرمەتكە لايىق شەھەر.

**مۇكەييەفات** (مكيفات) ذ. كىشىنى كەيپىلەندۈرىدىغان نەرسىلەر. م: چاي ۋە تاماكا مۇكەييفاتدىندۇر.

**مۇكەللەف** (مكلف) ذ. بۇيرۇلغان، تەكلىپ ئېتىلگەن، يۈكلەنگەن.

**مۇكەئئەب** (مكعب) ذ. ئىنى، بويى ۋە قىلىنىشى تەڭ بولغان.

**مۇكەۋۋەن** (مكون) ذ. ياسالغان، ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن، ھاسىل بولغان، بار بولغان.

**مۇئتاد** (معتاد) ذ. ئادەت، ئادەتلەنگەن، ئۆگەنگەن.

**مۇئتى** (معطى) ذ. ئاتا قىلغۇچى، بەرگۈچى.

**مۇئتەرىز** (معترض) ذ. قارشى، تەنقىتچى، ئوبزورچى، بەھس قىلغۇچى، سىنچى.

**مۇئتەقىد** (معتقد) ذ. ئېتىقاتلىق، ئىشەنگەن، ئىشەنگۈچى.

**مۇئتەكىف** (معتكف) ذ. كىشىلەردىن چېكىنگەن، ئىبادەت ئۈچۈن خىلۋەت جايغا چېكىنگەن.

**مۇئتەلىفە** (مؤتلفه) ذ. قوشۇلغان، ئۇيغۇنلاشقان.

**مۇئتەمەر** (مؤتمر) ذ. جەمئىيەت، زور يىغىلىش، يىغىن، ۋەكىللەر يىغىنى.

**مۇئتەمەن** (مؤتمن) ذ.

ئىشەنچلىك، ئىشىنىلگەن.

**مۇئەببىر** (مؤبر) ئ. چۈش ئۆرۈدىغان، چۈشكە تەبىر بەرگۈچى.

**مۇئەببەد** (مؤبد) ئ. مەڭگۈ-لۈك بولغان.

**مۇئەتتەر** (معطر) ئ. پۇراق-لىق، خۇشبۇي، ئەتىرلەنگەن.

**مۇئەتتەل** (معطل) ئ. ئىش-سىز، بوش.

**مۇئەججەل** (معجل) ئ. نەق، مۆھلەتسىز بولغان، ھازىر ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بولغان، تېزلىتىلگەن.

**مۇئەججەل** (مؤجل) ئ. كېچىكتۈرۈلگەن، كېيىنگە قالدۇرۇلغان، نىسى.

**مۇئەخخەر** (مؤخر) ئ. ئارقىغا قالدۇرۇلغان، تەخىر قىلىنغان ئاياقتىكى.

**مۇئەخخىر** (مؤخير) ئ. ئار-قىغا سۈرگۈچى.

**مۇئەخخەرا** (مؤخرا) ئ. ئارقىدىن، سوڭىدىن، ئايىغى-دىن.

**مۇئەددى** (مؤدى) ئ. بىر

ئىشقا سەۋەب بولغۇچى.

**مۇئەددەب** (مؤدب) ئ. ئە-لىم ۋە ئەدەب ئۆگەتكۈچى، ئوقۇتقۇچى، مۇئەللىم.

**مۇئەددەلەت** (معدلت) ئ. ھەققانى، توغرا، ئادىل.

**مۇئەررا** (معرا) ئ. خالى، يالىڭغاچ، بوش، ئازات.

**مۇئەررىخ** (مؤرخ) ئ. تارىخچى، تارىخشۇناس.

**مۇئەررەف** (معرف) ئ. تەرىپ قىلىنغان، تونۇتۇلغان، بىلدۈرۈلگەن.

**مۇئەززەب** (معذب) ئ. ئازابلانغان، رەنجى كۆرگەن.

**مۇئەززەز** (معزز) ئ. قەدىر-لەنگۈچى، ئەزز قىلىنغۇچى.

**مۇئەززىن** (مؤذن) ئ. مەزىن، ئەزان ئوقۇغۇچى.

**مۇئەززەم** (معظم) ئ. مۇھىم؛ ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ.

**مۇئەسسىر** (مؤثر) ئ. ئىز قالدۇرغۇچى، يۈرەككە تەسىر قىلغۇچى، يېقىملىق، تەسىر-لىك.

**مۇئەسكەر** (معسكر) ئ. ئەس-

كەر تۇرىدىغان جاي.

**مۇئەسسەس** (مؤسس) ئ. قۇرۇلغان، بىنا قىلىنغان، ئۇستىگە قويۇلغان.

**مۇئەسسىيات** (مؤسسيات) ئ. قۇرۇلغان بىنالار، قۇرۇلغان نەرسىلەر.

**مۇئەسسىس** (مؤسس) ئ. قۇرغۇچى تەسىس قىلغۇچى، ياسىغۇچى.

**مۇئەسسىن** (مؤسن) ئ. قايغۇلاندۇرغۇچى، ئەپسۇسلەندۇرگۈچى.

**مۇئەككەد** (مؤكد) ئ. تەكىت ئېتىلگەن، تازا، مەھكەم، بېكىتىلگەن، قات-قات ئىشلەنگەن.

**مۇئەككەل** (مؤكل) ئ. ۋەكىل ئېتىلگەن، ئۆز ئورنىغا ئىشىنى يۈرگۈزۈشكە قويۇلغان.

**مۇئەييبات** (معيبات) ئ. ئەيىبلىك ئىشلار، يىرگىنىشلىك ئىشلار.

**مۇئەيين** (معين) ئ. ياردەم قىلغۇچى، ئىئانە قىلغۇچى.

**مۇئەييەن** (معين) ئ. بەلگىلەنگەن، تەيىن قىلىنغان.

**مۇئەللا** (معلى) ئ. يۈكسەك، ئېگىز، يۇقۇرى، ئالى.

**مۇئەللىم** (معلم) ئ. تەربىيە كۆرگەن، ئوقۇغان.

**مۇئەللىف** (مؤلف) ئ. يازغۇچى، ئاپتور.

**مۇئەللىفات** (مؤلفات) ئ. يېزىلىپ قالغان ئەسەرلەر.

**مۇئەمما** (معمى) ئ. تېپىشماق، ئەدەبىياتتا شېئىرى يول بىلەن يېزىلغان تېپىشماقلار. مىسال: ئول نىمەدۇر دۇنيادا ئەكمەي-تىكمەي باغ بولغان؟ ئول نىمەدۇر باياۋانغا مال بولغان؟ ئول نىمەدۇر دۇنيادا سىنەلەرى داغ بولغان؟ ئوغلۇم ئاشىق بولساڭ ماڭا جاۋاپ بەر.

**مۇئەنبەر** (معنبر) ئ. ئەنبەردەك پۇراقلىق، ۋە باشقا خۇشپۇراق نەرسىلەر بىلەن پۇراقلىق قىلىنغان.

**مۇئەننەس** (مؤنث) ئ. خوتۇن جىنسى.

**مۇئەۋۋەل** (موءول) ئ. ئەسلى مەنىسىدىن باشقا بىر مەنە بىلەن ئاڭلىتىلغان.

**مۇيە** (موءيە) يىغى-زارە، ئاھۇ-نالە، ھازا — مۇيە تارتماق — يىغلىماق.

**مۇيەسسەر** (ميسر) ئ. ئاسان-چىلىق، ئوڭايلىق، ئېرىد-شىش، مۇمكىنلىك، يېتىشىش.

**مۇللا** (ملا) ئ. زور ئالىم كىشى، ھەزرەت.

**مۇلاتەفە** (ملاطفە) ئ. كۆڭۈل-كىلىك سۆزلەر بىلەن سۆزلە-شىش، چاقچاق قىلىشىش، لەتىپ ۋە مەرھەمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش.

**مۇلازىم** (ملازم) ئ. خىزمەت-كار، خىزمەت قىلغۇچى، بىر يەرگە ياكى بىر نەرسىگە يېپىشىپ ئايرىلماي تۇر-غۇچى، داۋام قىلغۇچى، بىر ئىشقا يېپىشقۇچى.

**مۇلازىمەت** (ملازمت) ئ. لازىم بولماق، داۋام قىلماق، بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئايرىلماسلىق.

**مۇلاسىق** (ملاصق) ئ. يېپىش-قان، تۇتاشقان، قوشۇلغان.

**مۇلاقات** (ملاقت) ئ. ئۇچ-راشماق، كۆرۈشمەك، يولۇقۇش.

**مۇلاقى** (ملاقى) ئ. ئۇچراش-قان، يولۇققۇچى.

**مۇلائەبە** (ملاعبە) ئ. ئويناش-ماق، كۈلۈشمەك، ئويۇن-كۈلكە.

**مۇلايەمەت** (ملايمت) ئ. مۇلايىملىق، يۇمشاقلىق يېقىملىق، يۇۋاشلىق.

**مۇلتەبىس** (ملتبس) ئ. ئاي-رىغىلى بولماسلىق، بىلىنمەس-لىك، شۇبھىلىك.

**مۇلتەفىت** (مۇلتەفت) ئ. ئىلتىپات قىلغۇچى، ئېگىلىپ، قايرىلىپ قارىغۇچى.

**مۇلتەمەس** (ملتمس) ئ. ئىلتىماس، سوراش، سورال-غان، ئۆتۈنۈلگەن.

**مۇلھىد** (ملحد) ئ. دىنسىز، دەھرى، مۇنكىر، توغرا يولدىن چىققان.

**مۇلھەقات** (ملحقات) ئ.

قوشۇمچىلار، ئىلاۋىلار.

**مۇلزەم** (ملزم) ئ. تالاش-تارتىشتا يېڭىلگەن، مات بولغان.

**مۇلكىيە** (ملكيه) ئ. ھۆكۈمەتكە تەئەللۇق بولغان.

**مۇلكى** (ملكى) ئ. خۇسۇسى.

**مۇلك** (ملك) ئ. بىراۋنىڭ ئىگەللىگەن نەرسىلىرى، ماللىرى.

**مۇلك** (ملك) ئ. پادىشا، خان، شاھ.

**مۇلۇك** (ملوك) ئ. پادىشالار، ھۆكۈمدارلار، شاھلار، خانلار.

**مۇلۇكانە** (ملوكانه) ئ. پادىشالارنىڭ، پادىشالارچە.

**مۇلەققەب** (ملقب) ئ. لەقەملىك، لەقىمى بار، ئېتىغا لەقىمى قوشۇلۇپ ئېيتىلىدىغان.

**مۇلەۋۋەس** (ملوث) ئ. نىجىسلىنىپ كەتكەن، پاسكىنىلاشقان.

**مۇلەۋۋەن** (ملون) ئ. بىر تۈستە بويالغان، بوياقلىق.

**مۇماسىل** (مماثل) ئ. ئىككىنچى بىر نەرسىگە ئوخشىغان نەرسە، ئوخشىغان، تەڭداش.

**مۇماسەلەت** (مماثلت) ئ. ئوخشاشلىق، تەڭداشلىق.

**مۇماشات** (مماشات) ئ. يۈز قاراش، خۇشامەت قىلىش.

**مۇمانەئەت** (ممانعت) ئ. توسقۇنلۇق.

**مۇمتاز** (ممتاز) ئ. تاللانغان، كۆزگە يېقىن، ئايرىم تۇتۇلغان، باشقىلاردىن ئۈستۈن بولغان، ئىمتىيازلانغان، پەرقلەنگەن.

**مۇمتازىيەت** (ممتازيت) ئ. ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش؛ ئىمتىياز؛ ئۈستۈنلۈك.

**مۇمتالاق** (ممتلاق) ئېمىلداش، قانداش (نىكاھ راۋا بولمايدىغان).

**مۇمتەددە** (ممتد) ئ. سوزۇلغان، ئۇزاققا تارتىلغان، داۋام قىلغان.

**مۇمتەنەئ** (ممتنع) ئ. مۇمكىن بولمىغان، ئەمەلگە

ئاشمايدىغان، چەكلەنگەن.
مەنئى قىلىنغان.

**مۇمسىك** (ممسك) ئ. مۇم-
سۇق، پىششىق، چىڭ تۇتۇپ،
چىقارماي تۇرغۇچى، بېخىل،
قاتتىق كىشى، ساران.

**مۇمسىل** (ممثل) ئ. تەمسىل
قىلغۇچى، ئوخشاتقۇچى.

**مۇمكىنات** (مكنات) ئ.
بولۇشى مۇمكىن نەرسىلەر،
بولۇرلۇق نەرسىلەر، دۇنيا-
دىكى بارلىق نەرسىلەر، مەۋ-
جۇدات، كائىنات.

**مۇمەييىز** (مميز) ئ. توغرا
ھۆكۈم قىلغۇچى، ياخشى-
يامانىنى ئايرىشنى بىلگۈچى.

**مۇناجات** (مناجات) ئ. يالۋۇ-
رىش، يېلىنىش، قۇتۇلۇشنى
تەلەپ قىلىش، تەڭرىگە
زارلىنىپ دۇئا قىلىش، تەڭ-
رىنىڭ نامىغا ئاتاپ ئېيتىلغان
شېئىرلار.

**مۇنادا** (منادا) ئ. ندا
قىلىنغان، چاقىرىلغان.

**مۇنادى** (منادى) ئ. جاكاچى،
جارچى، ئېلان قىلغۇچى، ندا
قىلغۇچى. مۇنادا — جارلان-
غان، جاكالانغان.

**مۇنازىئ** (منازع) ئ. تالاش-
قۇچى، نىزالاشقۇچى.

**مۇنازىئە** (منازعه) ئ. نىزا-
لىشىش، تالىشىش.

**مۇناقەشە** (مناقشه) ئ. بىر
مەسىلىنى ئۇششاقلاپ تەك-
شۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا مىسال
ۋە بەھسلەر كەلتۈرۈش،
تالاش-تارتىش.

**مۇنافات** (منافات) ئ. ئۇيۇ-
غۇن ئەمەسلىك، يېقىمسىز-
لىق، كېلىشسىزلىك.

**مۇنافى** (منافى) ئ. بىر بىرىگە
تەتۈر كېلىدىغان، قېيىق
كېلىدىغان، بىر بىرىگە ئۇيۇ-
قاشمايدىغان، مۇخالىپ
نەرسە.

**مۇنافەرەت** (منافرت) ئ.
بىر بىرىگە نەپرەت بىلدۈ-
رۈش.

**مۇناكەھە** (مناكحه) ئ. نىكاھ-
لىشىش.

**مۇناۋەبە** (مناوبه) ئ. نۆۋەت
بىلەن ئىشلەش.

**مۇنبەت** (منبت) ئ. ھوسۇل-
دار، ئۆسەرلىك يەر، چىقىش-
لىق يەر.
**مۇنبەئەس** (منبعث) ئ. بىر
ئىش ياكى بىر سەۋەبتىن
تۇغۇلغان، كېلىپ چىققان.
**مۇنتەخەپ** (منتخب) ئ. باش-
قىلارنىڭ ئىچىدىن تاللاپ
ئېلىنغان، ياخشىلىرى.
**مۇنتەھا** (منتها) ئ. ئاخىرقى
چەك، بېرىپ توختىلىدىغان
تۇرغۇچ، ئاقىۋەت، ئۇچ.
**مۇنتەزىر** (منتظر) ئ. ئىنتى-
زار بولغۇچى، تەلمۈرگۈچى،
ساقلاپ تۇرغۇچى.
**مۇنتەزىم** (منتظم) ئ. تىزىل-
غان، كۆچلۈك، مۇستەھكەم،
رەتلىك، قۇدرەتلىك.
**مۇنتەسىب** (منتصب) ئ. تىك
تۇرغۇزۇلغان، قاراپ قويۇل-
غان، رەتلىك.
**مۇنتەسىف** (منتصف) ئ.
بۆلۈنگەن، يارتىلانغان، نەق
ئوتتۇرىدىن.
**مۇنتەشىر** (منتشر) ئ. يېيىل-
غان، تارقالغان، ھەممىگە
مەلۇم بولغان: ھاۋادىس
مۇنتەشىر — تارالغان خەۋەر-
لەر.
**مۇنتەفىئ** (منتفع) ئ. پايدى-
لانغۇچى، پايدا كۆرگۈچى.
**مۇنتەقىل** (منتقل) ئ. مىراس
بولغان، بىراۋدىن بىراۋغا
كۆچكەن.
**مۇنتەفى** (منطفى) ئ. سۆن-
دۈرۈلگەن، بېسىلغان.
**مۇنتەقىم** (منتقم) ئىنتىقام
ئالغۇچى.
**مۇنتەۋى** (منطوى) ئ. ئورال-
غان، ئورۇلگەن.
**مۇنجەر** (منجر) ئ. تارتىلغان،
تارتىپ كېتىلگەن. م: نادانلىق
پېقىرلىققا مۇنجەر بولۇر.
**مۇنجەمىد** (مۇنجەمد) ئ.
توڭغان، مۇزلىغان، قاتقان.
**مونچۇق** (منجق) مونچاق.
**مۇنھەدىم** (منهدم) ئ. يىمى-
رىلگەن، ۋەيران بولغان،
ھالاك ۋە خاراب بولغان.
**مۇنھەرىف** (منحرف) ئ. توغ-
رىلىقتىن چىققان، قايتقان.
**مۇنھەزىم** (منهزم) ئ. سو-

قۇشتا يېڭىلىپ ۋەيران بولغان، تارمار، مەغلۇپ بولغان.

**مۇنھەسىر** (منحصر) ئ. ھەر تەرەپتىن چولغاپ ئېلىنغان، قامالغان.

**مۇنھەنى** (منحنى) ئ. ئەگرى، پۈكۈلگەن، ئېگىلگەن.

**مۇنخەسىف** (منخسف) ئ. ئاينىڭ تۇتۇلغان ھالى، قارايغان ئاي.

**مۇنخەنىق** (منخنق) ئ. بوغۇلغان، بوغۇلۇپ ئۆلگەن.

**مۇندەرىج** (مندرج) ئ. قىستىرىلغان، ئارىغا كىرگۈزۈلگەن.

**مۇندەرىجات** (مندرجات) ئ. كىتاپنىڭ ئىچىدىكى باپلار، ماددىلار.

**مۇندەرىس** (مندرس) ئ. كونىراپ تۈگىگەن، يوقالغان، ئىزىمۇ قالمىغان.

**مۇندەفىئ** (مندفع) ئ. دەپئى قىلىنغان، تۈگىگەن، پۈتكەن، كەتكەن.

**مۇندۇز** (مندز) ئەخمەق، دۆت؛ سەل، كەلگۈن.

**مۇنزىر** (منزر) ئ. خەلقنى توغرا يولغا ئۈندىگۈچى.

**مۇنزەم** (منضم) ئ. قوشۇلغان، بىرىكتۈرۈلگەن.

**مۇنسەب** (منصب) ئ. جىلغىنىڭ دېڭىزغا قوشۇلغان يېرى.

**مۇنسىف** (منصف) ئ. ئىنساپلىق، توغرىلىق ۋە ھەقلىق ئىگىسى، ئادىل كىشى.

**مۇنسەرىف** (منصرف) ئ. چېكىنىپ كەتكەن، ئايلىنىپ كەتكەن، قايتقان.

**مۇنسەرىھ** (منصرح) ئ. كۆڭلى ئېچىلغان، شاد، كۆڭلى خۇش.

**مۇنشات** (منشات) ئ. يېزىلغان نەرسىلەر، بىرەر يازغۇچىنىڭ يازمىشلىرى، خەتلەر.

**مۇنشى** (منشى) ئ. كۆڭلىدىن چىقىرىپ يېزىشقا ئۇستا كىشى، كاتىپ، خەتتات.

**مۇنشەئەب** (منشعب) ئ. تارماقلانغان، پۈتاقلانغان، شاخلانغان.

**مۇنقاد** (منقاد) ئ. ئىتائەت قىلغۇچى، بويسۇنغۇچى، سۆزگە كىرگۈچى.

**مۇنقەبىز** (منقبض) ئ. قىسىلغان، تارايغان.

**مۇنقەتىئ** (منقطع) ئ. كېسىلگەن، ئۈزۈلگەن، پۈتكەن، مۇنقەرز بولغان.

**مۇنقەسىم** (منقسم) ئ. ئايرىلغان، بۆلۈنگەن، ئۈلۈشۈلگەن.

**مۇنقەلىپ** (منقلب) ئ. ئۆزگىرىۋچان، زاتى ئۆزگەرگەن، ئالماشقان. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئېھتىيات بول بولمىغاي ناگا مۇزاجىڭ مۇنقەلىپ، ئەزمى ئەۋۋانۇ ئەنسار ئەيلىگەي شەيتان سېنى. (فۇزۇلى)

**مۇنفەرىج** (منفرج) ئ. ئارىسى بىر بىرىگە يىراق.

**مۇنفەرىد** ئ. (منفرد) يالغۇز، ئۆزى، ھېچكىمگە قوشۇلمىغان، ئايرىم ياشىغان.

**مۇنفەسىل** (منفصل) ئ. ئايرىلغان، بىر بىرىگە قوشۇلمىغان، ئارىلىرى ئايرىم.

**مۇنفەئىل** (منفعل) ئ. بىر ئىشتىن ياكى سۆزدىن كۆڭلى ئاغرىنغان.

**مۇنكىر** (منكر) ئ. تانغۇچى، تانغان، ئىنكار قىلغۇچى.

**مۇنكەسىر** (منكسر) ئ. سۇنغان، ئۈۋۈتۈلگەن، قىرىلغان: مۇنكەسىر ۋۇلقەلب — كۆڭلى سۇنۇق.

**مۇنكەشىف** (منكشف) ئ. كەشپ قىلىنغان، ئېچىلغان.

**مۇنىر** (منير) ئ. نۇرلانغان، پارقىراق، يالتىراق، پارلاق: مۇنىر ئەختەر — يورۇق يۇلتۇز.

**مۇنئىم** (منعم) ئ. ئىنئام قىلغۇچى، يارىلىقىغۇچى، نىمەت بەرگۈچى.

**مۇنەججىم** (منجم) ئ. يۇلتۇزچى، يۇلتۇزشۇناس، ئاسترونوم (ئاسمان جىسىملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ھەرىكىتىنى ئۆگەنگۈچى).

**مۇنەززەل** (منزل) ئ. كەلتۈرۈلگەن، چۈشۈرۈلگەن.

**مۇنەققەش** (منقش) ئ.
چىرايلىق قىلىنغان، گۈل
چېكىلگەن، زىننەتلىك،
بېزەكلىك، نەقىشلەن-
گەن.

**مۇنەۋۋەر** (منور) ئ. نۇرلۇق،
روشەن، پارلاق، يورۇق،
نۇرلانغان. م: قۇياش چىقىپ
يەر يۈزىنى مۇنەۋۋەر
ئەيلىدى.

**مۇۋاجەھە** (مواجهه) ئ. يۈز-
مۇ-يۈز كەلمەك، قارىمۇ-
قارشى كەلمەك، مۇقابىل
كەلمەك، يۈزلەشمەك.

**مۇۋازى** (موازى) ئ. ياند-
داش، پاراللېل.

**مۇۋازىنەت** (موازنت) ئ.
تەڭ-باراۋەرلىك، تەڭپۇڭ-
لۇق: مۇۋازەنە — ئىككى
نەرسىنى تەڭلەشتۈرۈپ
كۆرمەك.

**مۇۋازەبەت** (مواظبت) ئ.
دائىملىق، بىر ئىشنى ھەر
چاغ ئىشلەپ تۇرماق.

**مۇۋازەنە** (موازنه) ئ. ئىككى
نەرسىنى تەڭلەشتۈرۈپ
قارىماق.

**مۇۋاسەلەت** (مواصلت) ئ.
ئېرىشمەك، يېتىشمەك،
تۇتاشماق.

**مۇۋاپەقەت** (موافقت) ئ.
كېلىشمەك (بىر ئىش توغرى-
سىدا).

**مۇۋەھھەش** (مۇحش) ئ.
ۋەھشەتكە سالغۇچى،
قورقۇنچلۇق.

**مۇۋەججەھ** (موجه) ئ.
مەقۇل، يېقىملىق، ياخشى.

**مۇۋەجھەھ** (موجهه) ئ. توغرا
سەۋەب.

**مۇۋەششەھ** (موشه) ئ. مىس-
رالار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان
سۆز؛ شېئىرنىڭ بىر خىل
شەكلى. شائىر ئۆزىنىڭ
پىكرى ياكى بېغىشلىغۇچىسى-
نىڭ ئىسمىنى شېئىرىغا قاتى-
دىغان شەكىل. ھەربىر تاق
مىسرانىڭ باش ھەرپىنى
قوشۇپ ئوقۇسا شۇ مەنە
كېلىپ چىقىدۇ.

**مۇۋەپپەق** (موفق) ئ. تەربى-
يىلىگۈچى، ئېرىشتۈرگۈچى.

**مۇۋەللىھ** (موله) ئ. ھەيـران قالدۇرغۇچى.

**مۇۋەللەد** (مولـد) ئ. تۇغۇلـ

غان، يۇزەگە چىققان؛ كېيىن كېلىپ چىققان.

# ن

**نا** (نا) پ. سۆزنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، شۇ سۆزنىڭ تەتۈر مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە: نارازى — رازى ئەمەس؛ نامەلۇم — مەلۇملۇق ئەمەس؛ نائۈمىد — ئۈمىدسىز؛ ناھەق — ھەقسىز، توغرا ئەمەس.

**نائاباد** (ناآباد) پ. چۆل، جەزىرە؛ ئىچىلمىغان، تەرەققى قىلمىغان.

**نائادەم** (ناآدم) پ. بىلىمسىز (ئادەم)؛ قوپال (ئادەم)؛ پەسكەش (ئادەم).

**نائاراست** (نا آراست) پ. چىچىلاڭغۇ، رەتسىز، تەييارلىقسىز.

**ناب** (ناب) پ. ساپ، تازا، تىنىق، ئوچۇق، خالىس: ئاب ناب — تازا سۇ.

**ناباب** (ناباب) پ. لايىق ئەمەس، مۇۋاپىق ئەمەس.

**نابالىغ** (نابالغ) ئەپ. يېتىلمىگەن، بالاغەت بولمىغان.

**نابىت** (نابت) ئ. يەردىن ئۈنۈپ چىققىدىغان، ئۈنگۈچى، ئۆسكۈچى؛ يېڭى ئۈت.

**نابىكار** (نابكار) پ. يارىماس، مۇتىھەم، ئاقىنانچى، ھارامزادە، بىكار تەلەپ.

**نابىنا** (نابينا) پ. كور؛ قارغۇ، كۆرمەس.

**نابۇد** (نابود) پ. يوقىتىلغان، يوقلۇق، يوقالغان.

**ناپايدار** (ناپايدار) پ. بەك ئەمەس، چىڭ ئەمەس؛ ئۆزگىرىشچان، ۋاقىتلىق.

**ناپىدا** (ناپيدا) پ. كۆرگىلى بولمايدىغان، ئاڭقىرغىلى بولمايدىغان، ئېنىق ئەمەس.

**ناپەسەند** (ناپسند) پ. ناموۋاپىق، لايىقسىز، ياقمىغان.

**ناپەدىد** (ناپديد) پ. كۆرۈنمەيدىغان، يوقىلىپ كەتكەن، دېرەكسىز؛ يوشۇرۇنغان، مەخپىي.

**ناپەرھىز** (ناپرهز) پ. ئاۋايلىمىغان، ئارتۇقچە، تەقۋا ئەمەس؛ پەرھىز تۇتمىغان.

**ناتاب** (ناتاب) پ. ئىگىرىلمەگەن (تالا)؛ چىدامسىز، بوش.

**ناتىق** (ناطق) ئ. سۆزلىگۈچى، سۆزمەن، سۆزگە ئۇستا.

**ناتەۋان** (ناتوان) پ. ئاجىز، كۈچسىز، زەئىپ، بوش، تاقەتسىز.

**ناجايىز** (ناجايز) پ. رۇخسەت قىلىنمىغان؛ قانۇنسىز.

**ناجى** (ناجى) ئ. قۇتقۇزغۇچى، نىجات يۇلتۇز؛ باشلىق، يولباشچى: ناجى ئالەم — قۇتقۇزغۇچ خۇدا، ئالەمنى قۇتقۇزغۇچى ئىگە؛ ناجى مىللەت — مىللەتنىڭ نىجات يۇلتۇزى.

**ناجىھ** (ناجح) ئ. نەتىجىلىك، ئوڭۇشلۇق.

**ناچار** (ناچار) پ. چارىسىز، يار-يۆلەكسىز؛ مەجبۇرى، ئامالسىز؛ يامان، يارامسىز.

**ناچاق** (ناچاق) پ. ساغلامسىز؛ ئىچى يامان.

**ناچىز** (ناچىز) پ. مۇھىم ئەمەس، قىممىتى يوق، ئەرزىمەس، ئاجىز: ناچىزانە — ئاجىزانە، ئەرزىمەس.

**ناخاھ** (ناخواه) پ. زورمۇزور، مەجبۇرەن، تىلىمىگەن: خاھ ناخاھ — تىلەر-تىلىمەس.

**ناخۇدا** (ناخدا) پ. خۇداسىز، دېڭىزدا ئىشەنمەيدىغان كىشى؛ كېمە باشلىقى.

**ناخۇن** (ناخن) پ. تىرناق.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن: بۇغەم بىرلە ئىدىم مەن زارى غەمناك، بۇ ھەسرەت ناخۇنى كۆكسۈم قىلىپ چاك.
(خىرقىتى)

**ناخەستو** (ناخستو) پ. بويىنغا ئالمىغان، ئىقرار قىلمىغان.

**ناھ** (ناه) پ. كۆكۈرۈپ قالماق،

نىخسىپ قالماق.

**ناھار** (نــھـار) پ. چۈشلۈك تاماق: ئاچ.

**ناھى** (ناحى) ئ. تىلشۇناس.

**ناھساب** (ناحـساب) ئپ. ئەملىي ئەھۋالغا خىلاپلىق قىلغان، مەنـتـىقـىغە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان: ياخشى ھېساپ- لانمىغان: تولۇق بولمىغان.

**ناھىيە** (ناحيه) ئ. ۋىلايەت، ئايماق، ئوبلاست: رايون، جاي: يۆنۈلۈش، تەرەپ.

**نادار** (نادار) پ. ھېچنېمىسى يوق، ۋەيران بولغان، كەمبەغەل، قاششاق.

**نادىدە** (ناديده) پ. كۆرۈل- مىگەن، تېپىلمىغان، مىسلە- سىز، قىممەتلىك: ئەسەر نادىدە — قىممەتلىك ئەسەر.

**نادىر** (نادر) ئ. مىسلىسىز، تەڭدىشى يوق، كۆرۈلمىگەن، تاڭسۇق، ئاز ئۇچرايدىغان، يالغۇز، تەنها.

**نادىرات** (نادرات) ئ. "نادىرە"نىڭ كۆپلۈكى.

**نادىرە** (نادره) ئ. تاڭسۇق، قىزىق: كۆلكىلىك سۆز، تەنە گەپ.

**نادىم** (نادم) ئ. نادامەت قىل- غۇچى، ئۆكۈنگۈچى، پۇشايمان قىلغۇچى: پۇشايمان يېگەن.

**نار** (نار) ئ. ئوت. يالقۇن، غۇلا، گۈلخان: جەھەننەم، تومۇغ: كۆچ: جاپا چەكمەك، دەرد تارتماق: نار ئىشىق — ئىشىق ئوتى: نارى پىراق — ئايرىلىش ئوتى، پىراق ئوتى: نارى سەقەر — دوزاخ ئوتى.

**نار** (نار) پ. "ئانار"نىڭ قىس- قارغان شەكلى: قانلىق ياش: ئەمچەك: نارىستان — ئانار- لىق باغ.

**نارىس** (نارس) پ. پىشمىغان، خام: نارەسىدە — پىشمىغان، يېتىلمىگەن.

**نارەسا** (نارسا) پ. يەتمىگەن، كەمچىل.

**نارىنجى** (نارنجى) پ. قىبنىق سېرىق.

**نارەنج** (نارەنج) پ. ئاچچىق ئەپلىسىن.

**نارەۋا** (ناروا) پ. يول قويۇلمىغان، رۇخسەت قىلىنمىغان، دۇرۇس ئەمەس، لايىق ۋە مۇناسىپ ئەمەس.

**ناز** (ناز) پ. ئەركىلىمەك، نايناقلىماق؛ گۈزەللىك، نەپىسلىك؛ مەغرۇرلۇق؛ ساختىلىق؛ مول.

**نازىبا** (نازىبا) پ. سەت؛ چىرايلىق ئەمەس.

**نازىر** (ناظر) ئ. قارىغۇچى، كۆزەتكۈچى، بايىقىغۇچى، نازارەت قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى.

**نازىش** (نازش) پ. مەغرۇرلۇق: تېرە تاراقشىتماق؛ نازلانماق، غىلجىڭلىماق.

**نازىل** (نازل) ئ. يۇقۇرىدىن چۈشمەك، تۆۋەنلىمەك، ئازلىماق.

**نازىلەت** (نازلت) ئ. ئاپەت، بالا، كەلگۈلۈك (كۆپلۈگى "نازلات").

**نازىم** (ناظم) ئ. تەرتىپكە سالغۇچى، نىزامىغا، رەتكە قويغۇچى، بىر نەرسىنى شېئىرغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلىگۈچى، شائىر؛ تەرتىپ مۇدىرى.

**نازىنىن** (نازنين) پ. نازلىق، ئەركىلىگۈچى، چىرايلىق، جىلۋەگەر، نازۇك-مۇلايىم، جانان، سۆيۈملۈك.

**نازۇك** (نازك) پ. ئىنچكە؛ يۇپقا؛ مۇلايىم، يۇمشاق؛ گۈزەل.

**ناس** (ناس) ئ. ئادەم، ئادەملەر، كىشىلەر، ئىنسانلار، ئەل، خەلق.

**ناسابىر** (ناصابر) ئېپ. سەۋرسىز، چىدامسىز.

**ناساز** (ناساز) پ. چېچىلاڭغۇ، ئارۋاڭ-سارۋاڭ، رەتسىز، قالايمىقان، قاملاشمىغان، چىقىشمايدىغان.

**ناسىخ** (ناسخ) ئ. نۇسخا ئالغۇچى: بىر كىتابنى كۆچۈرۈپ ئالغۇچى؛ بىكار قىلغۇچى، تۈگەتكۈچى، باتىل قىلغۇچى، يوققا چىقارغۇچى، ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى.

**ناسىب** (ناصب) ئ. قۇرغۇچى،

تىكلىنگۈچى.

**ناسىھ** (ناصح) ئ. نەسىھەت قىلغۇچى، تەسەللى بەرگۈچى؛ مەسلىھەت بەرگۈچى، مەس-لىھەتچى.

**ناسىر** (ناصر) ئ. ياردەم بەرگۈچى، قۇتقۇزغۇچى، قوغدىغۇچى: ئاللا؛ دوست، ھەمرا.

**ناس-ناس** (ناس ناس) پ. گېلىغا ئامراق كىشى، ھەمىشە ئاغزى بىكار تۇرمايدىغان.

**ناسىك** (ناسك) ئ. زاھىت، تەقۋادار (كىشى).

**ناسەبۇر** (ناصبور) ئپ. چە-داپ تۇرالمايدىغان، سەۋر قىلالمايدىغان، بىتاقەت.

**ناسەۋاب** (ناصواب) ئپ. ناتوغرا، خاتا، يول قويۇل-مايدىغان، ئادىل ئەمەس.

**ناسۇت** (ناسوت) ئ. كىشىلىك، ئىنسانىيەت، ئادەملىك: ئالەم ناسۇت — كىشىلىك ئالىمى، كىشىلەر ئارىسى.

**ناسۇتى** (ناسوتى) ئ. ئادىمى، ئادەملەرچە.

**ناسۇدمەند** (ناسودمند) پ. پايدىسىز، پايدىسى يوق.

**ناسۇر** (ناسور) ئ. بىر خىل يىرىڭلىق سۇ ئاقىدىغان يارا (تىبابەتچىلىكتە).

**ناشان** (ناشان) پ. خاپا، كۆڭۈلسىز.

**ناشى** (ناشى) ئ. كەلگەن، چىققان: سەۋەبلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن؛ تەجرىبىسىز.

**ناشىر** (ناشر) ئ. كىتاب باس-تۇرۇپ تارقاتقۇچى، نەشىر قىلغۇچى؛ تەھرىر، ئېلان قىلغۇچى؛ تەشۋىق قىلغۇچى.

**ناشىرىن** (ناشرين) ئ. "ناشىر"نىڭ كۆپلۈكى.

**ناشىز** (ناشز) پ. جاھىل، قاتتىق؛ گەپ ئاڭلىماس.

**ناشىناس** (ناشناس) پ. نامىسىز، ئاتىسىز، ئاتاقسىز.

**ناغافىل** (ناغافل) ئپ. تۇيۇقسىز، كۈتمىگەندە (بۇ سۆزلەرنىڭ تەتۈر مەنىسىنىمۇ ئاڭلىتىدۇ).

**ناغۇ** (ناغو) قانداق، نىمىشقا.

**ناقاچۇ** (نقاچو) تاغا، كىچىك

ئاتا.

**ناقىز** (ناقض) ئ. بۇزۇلغان؛ بىكار قىلىنغان؛ خىلاپ، زىت؛ بۇزغۇچى؛ بىكار قىلغۇچى؛ خىلاپلىق قىلغۇچى.

**ناقىس** (ناقص) ئ. نۇقسانلىق، كەمچىلىكى بار، ئەۋەنلىك، مېيىپ؛ شاخ-شېخىدىن ئايرىلغان: ناقىسە-تۇلئەقىل — ئەقلى قىسقا.

**ناقىل** (ناقل) ئ. يەتكۈزگۈچى؛ نەقىل كەلتۈرگۈچى، توشۇغۇچى، داستانچى، چۆچەكچى؛ كۆچۈرگۈچى.

**ناقۇلا** (ناقلا) ئ. ھىلىگەر، قۇۋ، تۆھمەتخور.

**ناف** (ناف) پ. ئارىلىق، ئوتتۇرا؛ كىندىك: ناف شەھەر — شەھەر ئوتتۇرىسى.

**نافىز** (نافذ) ئ. سۆزى ئۆتىدىغان، ئېتىبارلىق، نوپۇزلۇق؛ ئۈنۈملۈك، تەسىرلىك، كۈچلۈك؛ تىشىپ ئۆتىدىغان، ئىچىگە كىرىدىغان.

**نافىئ** (نافع) ئ. پايدىلىق، تېپىشلىق، يارارلىق، ئۈنۈملۈك.

**نافىلە** (نافله) ئ. تۆھپە؛ سوغا؛ نەۋرە.

**نافە** (نافه) پ. كىندىك، كىيىك كىندىكى، كىز.

**نافەرجام** (نافرجام) پ. بەختسىزلىك، مەقسىتىگە يېتەلمەسلىك؛ ئاقىۋىتى ياخشى ئەمەس.

**نافەرمان** (نافرمان) پ. گەپ ئۆتمەس: ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان.

**ناك** (ناك) نامرات، جاپالىق: ساپ ئەمەس: يالغان نەرسە ئارىلاشقان.

**ناكەس** (ناكس) پ. پەسكەشلىك، ئىنسابسىزلىق، پىششىقلىق، ئادەم ئەمەس، ئادەم سىياقىنى بۇزغان، پەس، قارا يۈز، ھىممەتسىز.

**ناكام** (ناكام) پ. بەختسىزلىككە ئۇچرىغان، پالاكەت باسقان: ناكاملىق — بەختسىزلىك.

**ناگاھ** (ناگاه) پ. قاچانكى، تاسادىپى، تۇيۇقسىز، كۈتۈل-

مىگەندە، بىردىنلا.

**ناگهان** (ناگهان) پ. بەزىدە، بەزى، شۇ ۋاقىت، شۇ چاغ؛ ئۇشتۇمتۇت، كۈتۈلمىگەندە.

**ناگۇزىر** (ناگزىر) پ. ئىختىيارسىز، نائىلاج؛ مۇقەررەر، قۇتۇلغۇسىز.

**ناي** (ناى) پ. قومۇش؛ نەي؛ نەپەس يولى؛ شۆھرەت؛ تەكەببۇرلۇق.

**نایاب** (ناياب) پ. تاپقۇسىز، باھاسىز، تەڭدىشى يوق، ئاز ئۇچرايدىغان.

**نايىب** (نايب) ئ. "نائىب"گە ئوخشاش.

**نائىب** (نائب) ئ. كاتىپ، يار-دەمچى، ۋەكىل، ۋاكالەتچى، ئورۇنباسار، ئورنىنى باسقۇچى.

**نائىم** (ناعم) ئ. يۇمشاق، سۆڭەكسىز.

**نائىم** (نائم) ئ. ئۇخلاۋاتقان، ئۇيقۇدىكى.

**نائىل** (نائل) ئ. ئىگە بولۇش، ئېرىشكەن.

**نال**[1] (نال) پ. "نالىش"قا ئوخشاش.

**نال**[2] (نال) پ. قومۇش؛ شېكەر قومۇشى.

**نالان** (نالان) پ. ئىڭرىغان، يىغلىغان.

**ناله** (ناله) پ. ئىڭرىماق، ھەسرەت چەكمەك؛ ئۆكۈنمەك؛ نالەسۇز — نالەقىلغۇچى.

**نالىش** (نالش) پ. ئىڭرىماق، يىغلىماق.

**نام** (نام) پ. ئات، ئىسىم، ئاتاق؛ شۆھرەت، ئابروي.

**ناماردى** (ناماردى) پ. ئۆگەي ئانا.

**نامئاۋار** (نام آور) پ. مەشھۇر، ئاتاقلىق، ئابرويلۇق؛ ئاتانغان كىشى، مەشھۇر شەخس.

**نامايەندە** (نامايندە) پ. كۆزگە كۆرۈنگەن، ۋەكىل.

**نامە** (نامه). ئ. خەت، مۇراجىئەت؛ كىتاب، ئەسەر؛ ھۆججەت؛ ئالاقە؛ توختام؛ گېزىت.

**نامە ئاۋەر** (نامەآور) ئپ. خەت توشۇغۇچى، پوچتالىيون.

**نامەبەر** (نامەبر) ئ. خەت

توشۇغۇچى.

**نامەتلوب** (نامطلوب) ئپ. رازى بولمىغان، قوبۇل كۆرمىگەن.

**نامەھدۇد** (نامحدود) ئپ. چەكسىز، ئايىغى يوق.

**نامەھرەم** (نامحرم) ئپ. يات، غەيرى كىشى، نىكاھلىنىشقا بولىدىغان.

**نامەدان** (نامەدان) ئپ. ئالاقە خالتىسى، يوللانما، (خەت) خالتىسى.

**نامەرسان** (نامەرسان) ئپ. پوچتاليون. خەت توشۇغۇچى.

**نامەسئۇد** (نامسعود) ئپ. بەختسىز.

**نامەسمۇئ** (نامسموع) ئپ. كەچۈرلىك قىلىپ بولمايدىغان.

**نامەشرۇئ** (نامشروع) ئپ. قانۇنسىز.

**نامەئدۇد** (نامعدود) ئپ. كۆپ. چەكسىز كۆپ.

**نامۇتناھى** (نامتناهى) ئ. چېكى ۋە ئايىغى بولمىغان، چەكسىز.

**نامۇراد** (نامراد) پ. نامۇراد، بەختسىز، ئۈمىدسىز، مۇرادىغا يېتەلمىگەن.

**نامۇسائد** (نامساعد) ئپ. قولايسىز، ئەپسىز.

**نامۇنەلىك** (نامونىك) پ. ئار-نومۇس.

**نان** (نان) پ. نان، بىراۋ-دىن كۆرگەن ئېھسان ۋە ھۆرمەت: نان تەپكۈلۈك — نانكورلۇق، تۇزكورلۇق.

**نانۋا** (نانوا) پ. ناۋاي، نان پىشۇرغۇچى ئىشچى.

**نانۋاخانە** (نانواخانه) پ. ناۋايخانا، نان دۇكىنى.

**ناۋاجىپ** (ناواجب) ئپ. ۋاجىپ بولمىغان، زۆرۈر بولمىغان، ئىختىيارىي بولغان.

**ناۋەردگاھ** (ناوردگاه) پ. ئۇرۇش مەيدانى.

**نەبات** (نبات) ئ. ئۆسۈملۈك، مايسا، ئوت؛ ناۋات.

**نەباتات** (نباتات) ئ. ئۆسۈم-لۈكلەر.

**نەباھەت** (نباهت) ئ. ئېسىل، ئىززەتلىك، ئالىجاناپ؛ نام،

ئابروي، شۆھرەت.

**نەباش** (نباش) پ. كۆركار، گۆر قازغۇچى، ئۆلۈك ئوغرىسى.

**نەبائ** (نبا') ئ. خەۋەر، سۆز، مەلۇمات، سىرتىق.

**نەبت** (نبت) ئ. ئۆسمەك، ئۈنمەك.

**نەبز** (نبض) ئ. تومۇر، قان تومۇرى.

**نەبزە** (نبذە) ئ. ئازغىنا نەرسە، قىسقا، بىر بۆلۈك، جۈزئى نەرسە.م: تارىختىن، پەلسەپىدىن بىر نەبزە.

**نەبش** (نبش) پ. قازماق، كولىماق؛ بۇلۇڭ، بۇرجەك.

**نەبى** (نبى) ئ. پەيغەمبەر، يالۋاچ، ئەۋلىيا، ئەلچى، ئالدىن بىلگۈچى: نەبىيۇللا — خۇدانىڭ پەيغەمبىرى، تەڭرىنىڭ ئەلچىسى: نەبەۋى — پەيغەمبەرگە مەنسۇپ؛ نەبۇۋەت — ئالدىن بىلەرلىك، دانىشمەنلىك.

**نەبىيە** (نبيە) ئ. ئالىجاناپ، مېھرىبان، رەھىملىك.

**نەبىل** (نبيل) ئ. ئۇلۇغ، ئالى، يۈكسەك، ئېسىل.

**نەبەرد** (نبرد) پ. جەڭ، ئۇرۇش.

**نەبەردگاھ** (نبردگاە) پ. جەڭ مەيدانى.

**نەتائىج** (نتائج) ئ. "نەتىجە" نىڭ كۆپلۈكى.

**نەتىجە** (نتيجە) ئ. نەتىجە: مۇۋەپپەقىيەت، ئۇتۇق؛ يەكۈن، خۇلاسە؛ ئاساسىي مەقسەت؛ ئەۋرە.

**نەتىن** (نتين) ئ. سېسىق: نەتىنۇلئەنىق — بۇرۇندىن سېسىق پۇراق كېلىش ئاغرىقى.

**نەجابەت** (نجابت) ئ. ياخشى تەربىيىلىك نەسلىدىن بولغان، ئېسىل، ئالىجانات، قەدىرلىك ۋە ھۆرمەتلىك.

**نەجات** (نجات) ئ. قۇتۇلۇش، نىجات؛ ئىلاج، چارە.

**نەجاھ** (نجاح) ئ. نەتىجە، مۇۋەپپەقىيەت؛ قۇتۇلماق، ئازات بولماق.

**نەجاد** (نجاد) ئ. نەسىل، نەسەب، كېلىپ چىقىش؛

زات، جىنس.

**نەججار** (نجار) ئ. ياغاچچى، قۇرۇلۇش ئۇستىسى: نەججارلىق — ياغاچچىلىق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: بىراۋ ئىختىيار ئەتتى نەججارلىق، قىلىپ چۈن ئىمارەت مۇئەممارلىق (غېرىبى).

**نەجائىب** (نجائب) ئ. "نەجىب"نىڭ كۆپلۈكى.

**نەجىب**[1] (نجب) ئ. ئۇلۇغ، پاك، تەربىيىلىك نەسلىدىن بولغان كىشى، مەشھۇر، ھۆرمەتلىك، ئەدەپلىك، تەربىيىلىك: نەجىبە ("نەجىب" نىڭ يېپىق تۈرى).

**نەجىب**[2] (نجب) ئ. جەۋھەر، مېغىز، ئۆزەك.

**نەجىم** (نجم) ئ. يۇلتۇز، كېچىدە كۆكتە پارلىداپ كۆرۈنىدىغان نەرسىلەر.

**نەچە** (نچە) قانداقمۇ، قانداق قىلىپ.

**نەخ** (نخ) پ. ئىنچىكە يىپ.

**نەختاب** (نختاب) پ. يىپ ئىگىرىش ئىشچىسى.

**نەخچىر** (نخچير) پ. ياۋا مال، ياۋايى ئۇچار قانات؛ ئوۋ ھايۋىنى، ئوۋلاق، ئوۋلاش؛ قولان.

**نەخچىرۋان** (نخچيروان) پ. ئوۋچى.

**نەخشمەنگاھ** (نخشمنگاه) پ. ئولتۇرىدىغان جاي، بارىدىغان جاي.

**نەخى** (نخى) پ. پاختىدىن ئىشلەنگەن.

**نەخىز** (نخيز) پ. مۆكۈنگەن.

**نەخل** (نخل) ئ. خورما دەرىخى، كۆچەت: نەخلىستان — خورمىزار؛ نەخلى ھايات — ھاياتلىق دەرىخى.

**نەخۋەت** (نخوت) پ. غۇرۇر، كىبىر، تەكەببۇرلۇق؛ مەردلىك، جاسارەت.

**نەھار** (نهار) ئ. ناھار، كۈندۈز، چۈش ۋاقتى: لەيلۇ نەھار — كېچە-كۈندۈز.

**نەھارا** (نهارا) ئ. كۈندۈزدە.

**نەھارى** (نهارى) ئ. كۈندۈزگە تېگىشلىك، كۈندۈزدە بولىدىغان.

**نەھب** (نھب) ئ. تۇشتۇپ، سۇندۇرۇپ تۇگەتمەك، بۇلاپ ـ تالاپ خاراب قىلماق، بۇلىماق.

**نەھج** (نھج) ئ. تەرىق، تەرز، يوسۇن، يول، ئۇسۇل.

**نەھر** (نھر) ئ. دەريا، غول؛ جىلغا، ئېقىن سۇ: نەھرى ئەزىم ـ ئۇلۇغ دەريا، ئۇلۇغ غول؛ نەھرۇل ھايات ـ ھايات دەرياسى.

**نەھس** (نحص) ئ. كېلىشمەسلىك، نەسلىك. سائادەتنىڭ تەتۇرى، پالاكەت، شۇملۇق، ئۇڭماسلىق: يەم نەھس ـ شۇملۇق كۈن.

**نەھى** (نهى) ئ. چەكلىمەك، مەنئى قىلماق، رۇخسەت قىلىنمىغان.

**نەھىب** (نهيب) ئ. قورقماق؛ قورقۇتماق، ئالايماق.

**نەھىب** (نحيب) ئ. يىغا، يىغلاش.

**نەھىف** (نحيف) ئ. ئورۇق، ئورۇقلاش، نىم جان، نازۇك، ئاجىز. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: قىلىپ غەم سىپاھى تەنىمنى زەئىپ، خەسۇ خارلاردەك بولۇپمەن نەھىف. (ئا. نىزارى).

**نەھلە** (نحيله) ئ. مەزھەپ، ئېقىم.

**نەھل** (نەھل) ئ. ھەسەل، بال: ھەسەل ھەرىسى.

**نەھۋە** (نحوه) ئ. ئۇسۇل؛ سىنتاكسىس. نەھۋە ئەرەبى ـ ئەرەب تىلى سىنتاكسىسى.

**نەدار** (ندار) ئ. نامرات، كەمبەغەل، قاششاق.

**نەدارى** (ندارى) ئ. نامراتلىق، قاششاقلىق.

**نەدامەت** (ندامت) ئ. نادامەت، پۇشايمان، ھەسرەت، ئۆكۈنچ.

**نەدرەت** (ندرت) ئ. كام ئۇچرايدىغان، تاڭسۇق نەرسە.

**نەدىدە** (نديده) ئ. بىردىن كۆترىلىپ كەتكەن ئائىلە، داڭ چىقارغان ئائىلە.

**نەدۋە** (ندوه) ئ. يىغىن، مەجلىس، كېڭەش، مەسلى-

ھەت، قۇرۇلتاي.

**نەر** (نر) پ. ئەركەك، ئەر.

**نەرخ** (نرخ) ئ. باھا، نەرق: نەرخ رەسمى — ھۆكۈمەت باھاسى؛ نەرخ روز — نەق باھاسى؛ نەرخ گۇزار — باھالىغۇچى، بىكىتكۈچى.

**نەرد** (نرد) ئ. سەترەنجى ياكى قاتارغا ئوخشاش بىر خىل ئويۇنچاق ئويۇنى.

**نەردۇبان** (نردبان) پ. شوتا، باسقۇچ، پەلەمپەي.

**نەرم** (نرم) پ. يۇمشاق، مۇلايىم: نەرم دىل — شەپ-قەتلىك، ئىچكۆيەر.

**نەرمەك** (نرمك) پ. يۇمشاق، مۇلايىم، ئاستا.

**نەرە** (نره) نە، قەيەر: نەرەدە — قايدا، قەيەردە؛ نەرەدىن — قەيەردىن، قايدىن.

**نەرەكس** (نركس) پ. چىرايلىق بىر خىل سېرىق چېچەك؛ نەغەز؛ چىرايلىق، گۈزەل.

**نەزاھەت** (نزاھت) ئ. پاك، ساپ، تازا.

**نەزارە** (نظاره) ئ. قارىغۇچى، كۆرگۈچى، تاماشىچى.

**نەزارەت** (نظارت) ئ. نازا-رەت، قاراش، بېقىش، كۈزىتىش، تەپتىش، ئىدارە قىلىش، باشقۇرۇش.

**نەزافەت** (نظافت) ئ. تازى-لىق، پاكلىق، ساپلىق.

**نەزاكەت** (نزاكت) ئىپ. نازاكەت، نازۇكلۇق، نەپىس-لىك، خۇشمۇئامىلە، لەتىپە-لىك، تەنىنىڭ گۈزەللىگى، قوپال ئەمەس، كۆركەملىك؛ تەربىيە، ئەدەب؛ ياخشىلىق.

**نەزد** (نزد) پ. يان، قاش، يېقىن، ئالدى: نەزدرەب — خۇدا ئالدىدا.

**نەزدگان** (نزديكان) پ. تۇققان، ئۇرۇق-تۇققان.

**نەزر** (نذر) ئ. ۋەدە، ئەھ-دە، قەسەم

**نەزرى** (نذرى) ئ. ھەقسىز، رۇخسەت قىلىنغان.

**نەزف** (نزف) ئ. قان ئېقىش، قاناش: نەز ئەنى — بۇرۇن

قاناش.

**نەزىر** (نذير) ئ. خەلقنى توغرا يولغا كۆندۈرۈش ئۈچۈن قورقۇتۇپ سۆزلىگۈچى، قورقۇتقۇچى.

**نەزىر** (نظير) ئ. "نەزىرە"گە قاراڭ.

**نەزىرە** (نظيره) ئ. ئوخشاش، ئوخشىتىش. تەڭ قىلىش؛ شېئىرلاردا قاپىيە، مىسرالارنىڭ تەرتىپى، ۋەزنىلەرنى تەقلىد قىلماق؛ بىر نەرسىگە ئوخشىتىش ئۈچۈن ياسالغان نەرسە: بى نەزىر — مىسلىسىز، تەڭسىز.

**نەزىق** (نظيف) ئ. پاك، تازا.

**نەزئ** (نزع) ئ. ئېلىش، يۇلۇۋېلىش، تارتىپ ۋە سويۇپ ئېلىش؛ جان بېرىش؛ تاللاۋېلىش، ئاجرىتىش: نەزئى جان — جان تالىشىش.

**نەزەر بەند** (نظربند) ئ. كۆزدىن قاچۇرماي تۇتۇش.

**نەزەرىيات** (نظريات) ئ. ئىلمىي ۋە پەننى مەلۇمات.

**نەزلە** (نزله) ئ. تۇمو، زۇ-

كام.

**نەزم** (نظم) ئ. تىزىق، تەرتىپ، تۆلچەملىك تىزىلغان سۆز، شېئىر: نەزمى تۈركى — تۈركى تىلدا يېزىلغان شېئىر. نەزم گۇفتار — نەسھەت سۆز.

**نەزۇل** (نزول) ئ. تۆۋەن چۈشمەك. چۈشمەك.م: كۆكتىن نەزۇل ئەتكەن — كۆكتىن چۈشكەن، ئاسماندىن چۈشكەن.

**نەساجى** (نساجى) ئ. توقۇلما، توقۇلغان.

**نەسارا** (نصارا) ئ. نەسرانىلار، خىرىستىيانلار.

**نەسائىھ** (نصائح) ئ. نەسھەتلەر، ئۈگۈتلەر: نەسائىھ نافىئە — پايدىلىق نەسىھەتلەر.

**نەسساج** (نساج) پ. توقۇمچى، باپكار.

**نەسساجەت** (نساجت) ئ. ئەگىرىش، ئېگىرىش - توقۇش.

**نەسساخ** (نساخ) ئ. كۆچۈرگۈچى، كۆچۈرمىچى.

**نەسج** (نسج) ئە. توقۇش، ئىگىرىش.

**نەسر** (نثر) ئە. چاچما، شېئىرىيەتنىڭ ئەكسى، قاپىيەسىز ئەسەر، ئۆلچەپ تىزىلمىغان سۆز؛ چېچىش.

**نەسر** (نصر) ئە. ياردەم؛ يېڭىش، قولى ئۈستۈنلۈك، غالىبلىق.

**نەسرانى** (نصرانى) ئە. خرىستىيان دىنىغا ئىشەنگۈچىلەر، خرىستىيانلار، ئەيسا ۋە ئىنجىل تەلىماتىغا ئىشەنگۈچىلەر.

**نەسىب** (نصيب) ئە. ئۈلۈش، ھەسسە، تېگىشلىك، نېسىۋە.

**نەسج** (نسيج) ئە. توقۇما، توقۇلغان نەرسە.

**نەسىم** (نسيم) پ. تاڭ شامىلى، مەيىن شامال، يۇمشاق شامال، سالقىن شامال: نەسىم سابا — تاڭ شامىلى.

**نەسەب** (نسب) ئە. ئۇرۇغ، نەسىل، كېلىپ چىقىشى؛ بوۋايلار، ئاتىلار: نەسەب تارىخى — ئۇرۇغ تارىخى.

**نەسەبەت** (نسبت) ئە. نەسىل ۋە نەسەب جەھەتتىن.

**نەسل** (نسل) ئە. نەسەپ، ئەۋلات، ئۇرۇغ؛ قەبىلە، سۇلالە؛ تومۇر، تۇپ.

**نەشات** (نشاط) ئە. خۇشاللىق، شادلىق، سۆيۈنچ، روھلۇق: نەشات ئاۋەر — جۇشقۇن، روھلۇق؛ نەشات مەند — خۇشال، شاد.

**نەشائەت** (نشائت) ئە. ھاسىل بولۇش، ۋۇجۇتقا كېلىش.

**نەشتەر** (نشتر) پ. زەھەرلىك ھاشارەتلارنىڭ چاقىدىغان ئەزاسى، يىڭنىسى.

**نەشر** (نشر) ئە. تارقىتىش، يېيىش؛ تىرىلدۈرۈش.

**نەشرىيات** (نشريات) ئە. بېسىپ تارقىتىلغان كىتاب، قەغەزلەر.

**نەشىت** (نشيط) ئە. خۇشال، سۆيۈنگەن.

**نەشىن** (نشين) پ. ئولتۇرغۇچى، تۇرغۇچى: سەدىر نەشىن — باشتا ئولتۇرغۇچى چوڭ كىشى، رەئىس.

**نەشئە** (نشئە) ئ. خۇشاللىق، زوق، شادلىق پەيدا قىلماق: ھۇزۇر، كەيىپ، سۆيۈنچ؛ مەس بولماق.

**نەشۋ** (نشو) ئ. ئۆسمەك، زورايماق (ئوت-چۆپ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ).

**نەغمە** (نغمە) ئ. كۈي، ئاھاڭ، مۇقام، ناۋۇش؛ سايراش، قۇش-تورغايلارنىڭ نەغمىلىرى، سايراشلىرى.

